زوردۇن سابىر

# ئانا يۇرت

3



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



زوردۇن سابىر

ئانا يۇرت

3


شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

زوردۇن سابىر ئەسەرلىرى

ئانا يۇرت (1)
ئانا يۇرت (2)
ئانا يۇرت (3)
ئىزدىنىش (1)
ئىزدىنىش (2)
يازغۇچى بولماق تەس
ئاۋرال شاماللىرى
گۈلەمخان
قەرزدار
ئانا

ISBN 978-7-228-12820-4

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

زوردۇن سابىر

# ئانا يۇرت

(تارىخىي رومان)

3

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

故乡母亲. 3: 维吾尔文 / 祖尔东·沙比尔著. — 乌鲁木齐: 新疆人民出版社, 2009.8（2016.1 重印）
ISBN 978-7-228-12820-4

Ⅰ. 故… Ⅱ. 祖… Ⅲ. 长篇小说 — 中国 — 当代 — 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2009) 第147868号

责任编辑　阿不都热合曼·艾白, 麦苏提·哈力提, 阿不都克依木·沙依木
责任校对　热娜古丽·阿布力米提
封面设计　艾克拜尔·沙力
作者像摄影　阿迪力·司马义
出版发行　新疆人民出版社
电　　话　0991-2827472
地　　址　乌鲁木齐市解放南路348号
邮　　编　830001
印　　刷　北京顺诚彩色印刷有限公司
经　　销　新疆维吾尔自治区新华书店
开　　本　880×1230毫米 32开本
印　　张　18.5
版　　次　2009年8月第1版
印　　次　2016年1月第8次印刷
印　　数　36001-46000
定　　价　46.00 元

www.uyghurkitap.com

## 44

غۇلجا شەھىرى ئاۋغۇست ئېيىدا ئۆز گۈزەللىكىنى تولۇق كۆرسىتىدۇ : كوچىلارنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى سۇۋادان تېرەكلەر ئەتىگەنكى ئىللىق قۇياش ، سالقىن شامالدا يوپۇرماقلىرىنى كۈمۈش تەڭگىلەردەك يالتىرىتىپ ئاستا ئىرغاڭلايدۇ . تېرەك ئاستىدىكى ئېرىقلاردا ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇ گۈللەر ۋە ئالمىلار بىلەن ھۆسن كۆرسەتكەن خۇش پۇراقلىق ھويلىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە شىۋىرلاپ رەھمەت ئېيتىدۇ . سۇ چېچىلغان كوچىلار ، قورۇلارنىڭ ئالدىلىرىدا دۇنيادىن غەمسىز قارا كۆز بالىلار پىخىلداپ كۈلۈشۈپ بىر - بىرىنى قوغلىشىدۇ ، ھايات لەززىتىدىن بەھرىمەن بوۋاي - مومايلار كۈلۈشۈپ يۈزلىرىدىكى قورۇقلىرىنى كۆپەيتىشىپ ، بىر - بىرىگە قارىشىپ قويۇپ ئۈنسىز سۆزلىشىپ ئىچ - ئىچىدىن شادلىنىدۇ . ئىسسىق نان ، سۈت - قايماق ساتقۇچىلار بۆك - باراقسان ، سالقىن كوچىلاردا رىتىملىق ۋارقىرىشىپ ئالدىرىماي مېڭىشىدۇ . بازارغا ، دۇكان ئېچىشقا كېتىۋاتقان تىجارەتچىلەر بىر - بىرىگە ئالدىراپ سالام بېرىشىدۇ - دە ، ئاياغلىرىدىن مودا تۇسىدە غاچ - غاچ چىقىرىپ ، قىزىل مانچىستىر بۆكلىرىنى بىردە كۆزىگە ، بىردە گەجگە تەرەپكە سۈرۈپ قويۇپ نېمىلەرنىدۇر ھېسابلاپ مېڭىشىدۇ . بالىلار توپ - توپ بولۇشۇپ ۋارقىرىشىپ ، نېمىلەرنىدۇر تالىشىپ مەكتەپلەرگە ماڭىدۇ . كالاسكىدا مەكتەپكە بارىدىغان باي بالىلىرى ھارۋىدا ئارغىماق ئاتلىرىدەك غادىيىپ ئولتۇرۇپ ، زوقلانغۇچىلارنى ئىزدەپ ئىككى تەرەپكە پات - پات قاراپ قويۇشىدۇ .

— يەنە مىزگان ، — دېدى مۇتائالى خەلپىتىم تەسۋى سىيرىپ يازلىق چايخانىسىدا كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ، — بۇنىسى ئەتىگەنلىك چېيىمۇ ، ئىشقا ماڭغىنىمۇ ؟

— ئــشـقا بولسا كىرەك خەلپىتىم، — يىغلا سەپەردىن قـايـتىپ كەلگەن قەشقەرلىك يىگىت ئورنىدىن مىدىرلاپ قويۇپ جـاۋاب بـەردى. خـەلـپـىتىم ھويلىسىدىكى قىپقىزىل مېۋىلىرى شـاخـلىرىنى ئېگىپ يەرگە يەتكۈزگەن ئالما دەرەخلىرىگە قاراپ قويۇپ:

— بۇ ئېلىخان تۆرەممۇ ئاشۇرۇۋەتتى. ھەركۈنى بەش ۋاخ نامىزىغا، ئىشقا ماڭغان - چۈشكىنىگە مىزگان چالغىلى تۇرسا، ئـۇنى ئاز دەپ بىر يەرگە ماڭسا ئالدىدا ئون ئاتلىق چاپارمەن، كەينىدە يەنە شۇنچىلىك، بۇ قانداق بولغىنى!

— ھەزرەتلىرى، بۇ گەپنى سىلى دېيەلەيلا، ھېكىمبەگ غوجام دېيەلەيدۇ، باشقا كىم، ھە راست، غېنى باتۇر دېيەلەيدۇ. يەنە ئاۋۇ كۆك ئاسماننى يىپىنچا، قارا يەرنى چۈشەك قىلىپ ئۈچ - تۆت ئـايـدىـن بېـرى چـۆلـلـەردە يېتىۋاتقان ئەسكەرلەرمۇ دېيەلەيدۇ جۇمۇسىلا!

— ھە، گەپ قىل ساۋۇتۇم، راست ئەمەسمۇ؟ جەڭ مەيدانىدا نامـرات دېـھـقان باللىرى سوقۇش قىلىدۇيۇ، راھەتنى بايلار كـۆرىـدۇ. نـوغايگورد، ئۇچەدرۋازا، توغرىكۆۋرۈك كوچىلىرىدا ئـاخشاملىرى نوغاي، ئورۇس ياشلىرى گارمون تارتىپ جىر - جىرلىشىپ ئوينىشىۋاتقان، ئۇيغۇر بايلىرىنىڭ باللىرى ئۇلارنىڭ ئـىچىگە كىرىۋالغان. ئالدىنقى سەپتە يۈز جەڭچى قۇربان بولسا ئۇنىڭ توقسان توققۇزى نامراتنىڭ بالىسى، شەھەردىكى ئىدارىلەردە ئـۇنـىـڭ تـەتـۈرى، يۈز خىزمەتچىنىڭ توقسان توققۇزى شەھەر بـايـلـىرىنىڭ باللىرى. نورمەھەممەتمۇ ئوقۇغانغۇ، تازا ياخشى ئوقۇغان بالا. ئۇ جەڭ قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئوقۇغان باي باللىرىنىڭ ھەممىسى ئىدارىلەردە، ئولتۇرۇشى كالاسكا، يېتىشى سـىـم كـارىـۋات، يـېـيـىـشى بـەتـتـە پـولـۇ. بىز شۇنى دەپ سوقۇشىۋاتىمىزمَا؟

— ياشاپ كەتسىلە ھەزرىتىم، سىلىنىڭ ھەربىر گەپلىرى...

— بولدى، بولدى ماختىما. ماڭ ھارۋىنى قات، چۆلۈقايغا

چىقىپ باغنى كۆرۈپ كېلىمىز .

ئاپئاق ساقال ، قاڭشارلىق ، گەۋدىلىك بوۋاي تىرىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇردى .

ئىككى ئات قوشۇلغان ، سايىۋەنلىك خادىك شەھەر ئىچى — ئوردا مەھەللىسىگە كەلدى ، غوجام ئېلىخان تۆرەمنىڭ يېنىغا كەتكەنىكەن ، خادىك مەدرىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ ، توغرىكۆۋرۈككە قاراپ ماڭدى .

«ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ئۆز ۋاقتىدىكى گومىنداڭ ھەربىي شتابى جايلاشقان چوڭ باغدىكى قاڭالتىردا يېپىلغان ، بىر قەۋەتلىك ئۆيلەردە ئىدى . دەرۋازىدا قوراللىق ئەسكەرلەر تۇراتتى .

قاراۋۇللار دىن نازارىتىنىڭ نازىرى ، ھۆرمەتلىك خەلپەم ھەزرەتكە تىك تۇرۇپ چاس بېرىشتى . ھارۋا رەئىسلەر خىزمەت بىناسى — ئىشكى ئۈستىدە قاڭالتىردىن قىلىنغان چېدىرچە لەمپىسى ، تاختاي پەلەمپەيلىرىنىڭ ئىككى يېقىدا كۆك سىرلانغان رېشاتكىسى بار ئۆينىڭ ئالدىدا توختىدى . ئۇ يەردىمۇ ئەسكەر ، قاراۋۇللار خەلپىتىمگە چاس بېرىشتى . خەلپىتىم پەلەمپەي بىلەن ئۆرلەپ زالغا كىردى . نېرىقى ئۆيدىن غوجامنىڭ :

— لەۋەي ، خوۇرجاغا ۋابال ، بايلارغا سالايلى بۇ سېلىقنى ! — دېگەن سۆزى ئاڭلاندى . ئېلىخان تۆرەمنىڭ ساپ ئۆزبېك تىلىدا :

— بولمايدىلەر ، شۇ نەقە ، شۇ نەقە ! — دېگەن سۆزى ھەم ئاڭلاندى . ئىككى رەئىس بىر ئىشنى تالىشۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى .

ئوتتۇرىدىكى ئۆيدىن ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى ئابدۇرۇپ مەخسۇم ، ھەربىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئەخمەتجان قاسىمى ، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى قارا بۇرۇت ، ئاق يۇزلۇك رەخمجان سابىر ھاجى چىقىپ مۇتائالى خەلپىتىمگە سالام بېرىشتى .

— مالىيە قىيىنچىلىقى ! — دېدى يەنە بىر ئۆيدىن ئاق يۈزلۈك بىر كىشى چىقىپ ، كۆپچىلىككە سالام بېرىپ ئالدىراپ سۆزلەپ . بۇ كىشى ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە نازىرى ئەنۋەر مۇسابايوف

ئىدى . ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئېگىز ، قارا بۇرۇت ، قاڭشارلىق ئادەممۇ بىللە چىقىپ :

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، ئابدۇمۇتائالى خەلىپىتىم ھەزرەتلىرى ! — دەپ سالام بەردى . بۇ كىشى ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى مۇھەممەتجان مەخسۇم ئىدى .

«ئازادلىق تەشكىلاتى»نىڭ غول ئەزالىرى ، قۇرغۇچىلىرىنىڭ تولىسى ھازىر ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىرى ئىدى . ئۇلار كېچە - كۈندۈز ئۆيلىرىگە قايتىشماي ئىشلەپ ، ئالدىنقى سەپ ، ئوتتۇرا ، شىمالىي ۋە جەنۇبىي يۆنىلىشتىكى بىرنەچچە ئون مىڭ ئەسكەر ، ئىدارە - ئاپپاراتلار ، شىركەت ، زاۋۇت ، كان ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ۋە مەكتەپلەر ، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىدىكى قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىشلىمەكتە ئىدى . «ھەممە ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن» دېگەن گەپ ھەممىلا جايدا تەكرارلىناتتى ، ھەممە ئىش مالىيىگە تاقىلاتتى . ئوزۇق - تۈلۈك ، قورال - ياراغ ، قاتناش ئۈچۈن ماشىنا ، ئات - ئۇلاغ ، كىيىم - كېچەك ، دورا ۋە ماتېرىياللار ، گېزىت - ژۇرناللار ... ھەممىلا ئىش پۇل بىلەن پۈتەتتى . غۇلجا بايلىرى قورۇ - قويلىرىنى ، مال - دۇنياسىنى ، زاۋۇتلىرىنىڭ كىرىملىرىنى تەقدىم قىلىشماقتا . دېھقان - چارۋىچىلار ئۆزلىرى ئاچ قالسىمۇ قولىدا بارلىرىنى ئالدىنقى سەپكە بەرمەكتە ، لېكىن يەنىلا مالىيە قىيىنچىلىقى ئېغىر ئىدى .

— قېنى ، قېنى ! — دەپ يىغىن زالىنى كۆرسەتتى ئابدۇرۇپ مەخسۇم ئوتتۇرىدىكى چوڭ قوش ئىشىكلىك ئۆينى ئىككى قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ . رەھبەرلەر ئابدۇمۇتائالى خەلپىتىمگە ئەگىشىپ نەقىشلىك فرانسۇز ئورۇندۇقلىرى بىلەن بېزەلگەن خانىغا كىرىشتى . دۇئادىن كېيىن خەلپەم ھەزرەت كۈلۈپ قويۇپ :

— ئەنۋەر ئەپەندىم بار يەردە قىيىنچىلىق بولماس . ھەر كۈنى زاۋۇتىڭىز تۆت قېتىم «پۇل» دەپ ۋارقىرايدىغۇ ! — دەپ چاقچاق قىلدى . كۆپچىلىك كۈلۈشتى .

— ھەر كۈنى تەرەپ - تەرەپتىن ئادەملەر كېلىۋاتىدۇ. ئۈرۈمچىدىن، قەشقەر، خوتەن، تۇرپان، قۇمۇللاردىن كېلىۋاتىدۇ. ھەربىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ كۆپىيىۋاتىدۇ! — دېدى ئەنۋەر مۇساباييوفمۇ لايىقىدا چاقچاق قىلىپ، — زاۋۇتىمىز ھەر كۈنى «كېلىۋاتىدۇ، كېلىۋاتىدۇ!» دەپ خەۋەر بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ!

كۆپچىلىك يەنە كۈلۈشتى.

— پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئېزىلىۋاتقان مىللەتلەرنىڭ كۆزى غۇلجىدا، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى، — ئاپرېلنىڭ ئاخىرىدا سوپاخۇن پولكوۋنىك سەكسەن يەتتە نەپەر پىدائىي بىلەن كېلىپ بىزنىڭ سېپىمىزگە قوشۇلدى. بورتالادىن، شىخودىن يەنە قاراشەھەر، ئاقسۇ، كۇچالاردىن كېلىپ قوشۇلۇۋاتقانلارمۇ بار. لېكىن، مالىيىدە قىيىنچىلىق چوڭ بولسىمۇ، بىزنىڭ ئەمگەكچى خەلقىمىز يۆلەنچۈكىمىز، خەلقپەرۋەر بايلىرىمىزمۇ كۆپ، تارباغاتاي ۋالىيسى باسباي بىزگە مىڭ تۇياق قوي ياردەم قىلدى!

— ھە، ۋاھ! — دېدى رەخىمجان قىزىقىپ، — قازاق بايلىرى مىڭ قوي بەرگەن يەردە ئۇيغۇر بايلىرى قالاتتىمۇ؟

شۇ چاغدا زالغا ئىككى رەئىس — ئالدىدا ۋىجىك، كەكە ساقال، ئاق خالات، بېشىغا تاشكەنت دوپپىسى كىيگەن ئېلىخان تۆرەم، كەينىدە ئېگىز، ئاپئاق بۇرۇتلىرى ئىككى ياققا قايرىلغان، چاققان ئاق ساقىلى ئۆزىگە ياراشقان، ئاق يۈزلۈك، قاڭشارلىق، سارغۇچ خالات ۋە يېشىل دۇخاۋا گۈللۈك بۆك كىيگەن ھېكىمبەگ غوجام كىرىپ كەلدى. كۆپچىلىك ئورۇنلىرىدىن دۈررىدە تۇرۇشتى. رەئىسلەر مۇتائالى خەلپىتىم بىلەن ئاۋۋال كۆرۈشتى. خەلپىتىم ئاپئاق ساقال، ئاپئاق سەللە ۋە ئاق خالات بىلەن ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى.

— قەرز ۋەرەقى تارقىتىشنىڭ گېپى! — دېدى ھېكىمبەگ غوجام سالاملىشىشلاردىن كېيىن دۇئا قىلىپ ئولتۇرۇپ بولۇپ، — خۇرجاغا سېلىق سالمىغان ياخشى دەۋاتىمەن تۆرەمگە.

— ئىستىقلال ھەممە ئۈچۈن ! — دېدى تۆرەم ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ ، — ئەسكەرلىرىمىز ۋاللاھىلئەزىم ، بىللاھىلئەزىم دەپ قۇرئاننى سۆيۈپ قەسەم ئىچىپ غازاتقا ماڭدى . ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلماسلىق جىنايەت ، زۇلۇمغا قارشى تۇرماسلىق خىيانەت ! ... مانا بۇ «ئويغان» گېزىتىنىڭ چاقىرىقى . باي ، گاداي ئايرىلمايدۇ . پۇلى بارلار پۇلىنى ، پۇلى يوقلار جېنىنى ئۇرۇشقا ئاتىماق لازىم !

تۆرەمنىڭ ھەربىر سۆزى بۇيرۇق ، ھۆكۈم بولۇۋاتقان كۈنلەردە ، ئۇنىڭ گېپىنى يىرىدىغان ئادەملەر يوقنىڭ ئورنىدا .

— لەۋەي ، — دېدى ھېكىمبەگ غوجام يەنە گېپىنى تەكرارلاپ ، — خوجانىڭ غېمىنى يەپ ئىنقىلابنى باشلىغان بىز . مەقسىتىمىز خۇرجانى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇشقۇ تەقسىر ؟ شۇنداق . ئۆلۈۋاتقانمۇ خوجا ، جېنىنى ئالىقىنىغا ئالغانمۇ خوجا . ئۇرۇشتىمۇ شۇلار ، بۇ يەردە يەنە زۇلۇم شۇلارغا ئارتىلسا ئادىللىق بولماس !

— ھەق راست ، — دېدى ئابدۇمۇئتائالى خەلپىتىم دەرھاللا ، — قەرز ۋەرەقى قول - ئىلكىدە بارلارغا تارقىتىلغاي . ئۈچ ۋاخ تامىقىغا ئامالى يوق ئادەم ھەج قىلسىمۇ راۋا ئەمەس . مانا مەن يۈز مىڭ دوللارلىق قەرز ۋەرەقى ئالىمەن !

— مەن بىر مىليون دوللارلىق ئالاي ! — دېدى ئەنۋەر موسابايوف .

— ھە ، مەنمۇ تۆت يۈز مىڭ دوللارلىق ! — دېدى ھېكىمبەگ غوجاممۇ دەرھاللا ، — مىلىمىز تۈگىسە ، ساندۇقتا ئالتۇنلىرىمىز بار ، ئۇمۇ تۈگىسە يەر - زېمىنىمىز بار . خۇرجادا بىر ئات ، بىر كالا ، ئىككى - ئۈچ خو يەردىن باشقا نېمە بار ؟ لەۋەي ، خۇرجا قاقشىمىغاي ئەمدى !

ئېلىخان تۆرەم دەرھال گەپنىڭ ماۋزۇسىنى يۆتكىدى :

— مەن ئەخمەتجاننى ئېلىپ بۇگۇنلا بورتالاغا ماڭىمەن ، سۇيدۇڭ 1 - ئاتقۇچى پولك ھازىر بورتالادا . ئۇلار شىخوغا ھۇجۇمغا

www.uyghurkitap.com

مىڭشىنىڭ ئالدىدا بىز بىرىپ ئەسكەرلەردىن ھال سورايمىز !

— بىزمۇ بارايلى ! — دېيىشتى كۆپچىلىك خۇشال بولۇپ ، — خۇدايىم نۇسرەت ئاتا قىلغاي !

— بۇ يەردە ھېكىمبەگ غوجام تۇرۇپ بەرسۇن ! — دېدى ئېلىخان تۆرەم بۇيرۇق بەرگەندەك سۆزلەپ ، — بىز ھازىرلا يولغا چىقىمىز . شىخونى ئالساق ئۈرۈمچىنىڭ يولى ئېچىلىدۇ . مۇشۇ ئورۇسلار كاشىلا قىلمىسىلا بۇ يىل بىزنىڭ ئىسلام بايرىقىمىز شىڭشىڭشياغا قادىلىپ بولىدۇ ، خۇدايىم بۇيرۇسا !

— ئامىن ! — دېدى مۇتائالى خەلپىتىم قوللىرىنى كۆتۈرۈپ . ئۇلار ئېلىخان تۆرەمنىڭ دېگىنىدەك بولۇشنى تىلەپ ، چىن كۆڭۈللىرىدىن ئاللاتائالادىن شاپائەت تىلەشتى . خەلپەم ھەزرەت سۈرە ئوقۇپ ھەربىر «ئامىن» دېگەندە ، تىترىگەن ئاۋازلارمۇ تەڭلا «ئامىن» دېيىشتى . ھەممىنىڭ كۆزلىرى ياش ، لەۋلىرى تىترىمەكتە ئىدى .

— زۇلۇم ، ھاقارەت سۆڭەك ـ سۆڭەكتىن ئۆتكەچكە ، بىز جېنىمىزنى ئالقىنىمىزغا ئالغان . بىزگە لازىمى ئادىمي ھايات . بىز باشقىنىڭ رىزقىغا قول سوزمىدۇق . باشقىنى قول قىلماقچى ئەمەسمىز ، ئۆزىمىزنى قۇتقۇزماقچى . مۇشۇ ئورۇندۇقلارنىڭ ، مۇشۇ ئۆيلەرنىڭ تىلى بولسا سۆزلەر ئىدى : ياۋ سىلىك بېشىمىزغا دەسسەپ تۇرۇپ نېمىلەرنى قىلمىدى؟ نى ـ نى ئوغلانلىرىمىزنىڭ كۆزىنى ئويدى ، تېرىسىنى سويدى ، بەدىنىگە يىڭنە سانجىپ قىيناپ جېنىنى ئالدى . بايلىقىمىزنى خالىغىنىچە بۇلاپ ـ تالىدى ، مەردلىكىمىزنى ئاجىزلىقىمىز ھېسابلىدى ، كەڭ قورساقلىقىمىزنى دۆتلۈكىمىز دەپ چۈشەندى ، بىز ئۇلارنىڭ ئالدىدا 16 ـ ، 17 ـ ئەسىرلەردىكى نېگىرلار ، ئىندىئانلار بولۇپ قالدۇق . ھەتتا ئۇلار بىزنى مىللەت سۈپىتىدە يوق قىلىۋەتمەكچىمۇ بولۇشتى . مەن ئۆز قۇلىقىم بىلەن : «بۇ خەق مۇنبەت يەردە ئۆسكەن ياۋا ئوت ، يۇلۇپ تاشلاپ يەرنى ئىشلىتىش كېرەك !» دېگەنلىرىنى ئاڭلىغانمەن !

— راست ، راست ، ھاقارەتلەنمىگەن ، ئازابلانمىغان كىم

قالدى؟ بۇنداق زالىم ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرمىساق ئەۋلادلىرىمىز قارغىمامدۇ بىزنى!
— ۋاللاھىلئەزىم، بىللاھىلئەزىم!
— قانغا قان، جانغا جان!
— ئەلقىساسۇل مىنەلھەق!
دۇئا قەسەمگە، خەلق ۋە ئۆزى ئالدىدىكى ئەھدىنامىگە ئايلاندى. ئۇلار ھاياجانلانغان، روھلانغاندى. گويا ناپولېئون 1811 ـ يىلى موسكۋادىن چېكىنمەك بولغاندا، كوتۇزوف ئەيسانىڭ تامغا مىخلانغان سۈرىتى ئالدىدا يىغلاپ تۇرۇپ ھاياجان بىلەن سۆزلىگەندەك، گويا گېرمانىيە 1941 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت تۆتتە سوۋېتقا ھوجۇم قىلغاندىن كېيىن، 1941 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ستالىن پۈتۈن سوۋېت خەلقىگە رادىئودا قەسەم مەنىسىدە سۆزلىگەندەك، يەنە گويا 1937 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ياپونىيە جۇڭگوغا بېسىپ كىرىپ لۇگوچياۋ ۋەقەسىنى پەيدا قىلغاندىن كېيىن، 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ماۋ زېدۇڭ يەنئەندە قەسەممىسمان نۇتۇق سۆزلىگەندەك ۋە يەنە گويا شۇ چاغدا جياڭ جيېشىمۇ ئوخشاش مەنىدە، شۇ ئىش توغرىسىدا بايانات ئېلان قىلغانغا ئوخشاش...
ئۇلار خەلقى ئالدىدا ئۆزلۈكىدىنلا قەسەم بېرىشتى...
— بۇ بىر ئۇلۇغ سەپەركەن! — دېدى ئەنۋەر مۇسابايوف كۆپچىلىك جىمىغاندىن كېيىن، — مەن بىر تەكلىپ بەرمەكچىمەن.
— خوش قېنى!
— تۆرەم ئاتىمىز بىلەن ئەخمەت ئەپەندىمنى ئۇزىتىپ قويۇش يۈزىسىدىن گۈللۈك قورۇدا بىر نەزىر ـ چاي بېرەي دەيمەن. يۇرت كاتتىلىرىمىز ئاتىمىز بىلەن ئەپەندىمنى دۇئا بىلەن ئۇزىتىپ قويسا.
— چۈشلۈك تاماقتا لوسىگۈڭدىكى شاكىرجان باينىڭ ئۆيىگە خەۋەر بېرىۋەتكەنىدۇق.

— ئىككى سائەتتە چېيىمىز تەييار بولىدۇ. ئۆيىمىز مانا يولنىڭ ئۇ چېتىدىلا. شاكىرجان بايغا مەن تېلېفون بېرىپ دەپ قويىمەن.

— شۇنداق بولسۇن، تۆرەم جانابلىرى.

— رەئىس جۇمھۇرىمىز ئېلىخان تۆرەم جانابلىرى بىلەن ھەمداستىخان بولۇۋالايلى!

— شۇنداق قىلسىلا تۆرەم!

كۆپچىلىك تەرەپ - تەرەپتىن چۇرقىراشتى.

— ماقۇل! — دېدى تۆرەم كۈلۈپ قويۇپ، — بۇ ئىشنىمۇ ئورۇس باشلىقلارغا دوكلات قىلماسمىز - ھە؟

كۆپچىلىك كۈلۈشتى. ھەرقانداق ئىش سوۋېت كونسۇلى ياكى 2 - دومىغا دوكلات قىلىنىدىغان بولغاچقا، بۇ ئىشتىن نارازى باشلىقلار تۆرەمنىڭ تەنىسىدىن كۈلۈشتى.

— دېمىسىمۇ ھەممىلا ئىش ئۇلارنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن بولۇۋاتىدۇ، ئەپەندىم! — دېدى مۇھەممەتجان مەخسۇم ئەخمەت ئەپەندىمگە قاراپ، نارازىلىقىنى ئوچۇق ئاشكارىلاپ، — بىز قانداق ھۆكۈمەت ئۆزى؟ رەئىس جۇمھۇرىمىز چېغىدا نەگە بارىدۇ، نېمە قىلىدۇ ھەممىنى سوراپ ئولتۇرسا، مەن سوتنىڭ باشلىقى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىمەنۇ، 2 - دومىنىڭ تەستىقىنى ئالىمەن. مايتاغدىن توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، سوپاخۇن دېگەن يىگىت مىڭ مۇشەققەتتە ئەسكەرلىرىنى باشلاپ غۇلجىغا كەلدى، خەۋىرىڭىز بار، ئەپەندىم. ئورۇسلار ئاشۇ سەكسەن نەچچە يىگىتنى قورالسىزلاندۇردى. تۆرەم ئاتىمىز ئارىغا كىرىپ مىڭ تەسلىكتە قوراللىرىنى ئېلىپ بەردى. مانا ھازىر سوپاخۇن نۇرغۇن ئادەم بىلەن ئاقسۇغا چۈشۈپ ئۇ يەرنى تىترەتمەكتە!

ئەخمەتجان — ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مەسئۇلى قارىقۇمچاق، قارا بۇرۇت يىگىت كۈلۈپلا قويدى، ئىپادە بىلدۈرمىدى.

— خىتايدىن قۇتۇلۇپ ئورۇسقا تۇتۇلغان ئوخشايمىز، —

دېدى مۇھەممەتجان مەخسۇم خاپا بولۇپ، — ھەربىيدە كوماندىر، روتىدىن يۇقىرى كوماندىرلار تاماملا ئورۇس.

— قانداق قىلىمىز، بىز خەقتىن ھەربىي تاكتىكا بىلىدىغان، كوماندىر بولالىغۇدەكلەر راستتىنلا يوقكەن، — دېدى رەخىمجان سابىر ھاجىيوف، — ھەممىمىز قورالالارنىڭ تىلىنى ئورۇسلاردىن ئــەمدىلا ئۆگەندۇق. ئورۇش مەيدانىدىكى ھەرىكەتلەرنىمۇ شۇلار ئۆگەتتى.

— مۇستاپا كامالدەك بىر ئەزىمەت بولسىدى ھەي! — دېدى ئېلىخان تۆرەم ئەلەم بىلەن، — ئامال يوق، جىڭغا ئىساقبېك، شىخوغا پالىنوف ئۇرۇش قوماندانى بولۇپ ماڭدى. بىزدىن بۇ ئىشقا لايــىق بــىرى چىقمىدى. شېڭ شىسەي سوپاخۇننى تەربىيىلەپ قويغانىكەن، مانا ئۇيغۇردىن ھەربىي بىلىمى بار ئادەم شۇ!

تــۆرەمــىنــىــڭ گېپىنى ئۇيغۇرلارغا قىلىنغان مەسخىرە دەپ چۈشەنگەن مۇتائالى خەلپىتىم:

— قوماندانىنىڭ كاتتىسى ئەنجانلىقتىن چىقىدۇ. مەزەمزات زامانىدىكى مانجۇلارغا قارشى غازاتتا «مەھمۇد پوچى» دېگەن بىرى چىقىپتۇدى، ياغاچتىن زەمبىرەك ياساپ غۇلجىنى تىترەتتى. بىراق، زەمبىرىكى دۈشمەنگە تەگمەي تاس قالدى ئۆزىنى يوقاتقىلى. مانا ئەنجانلىق ھەربىي ئالىم!

— ھا ـ ھا ـ ھا!...

ھــېكىمبەگ غوجام ھەممىدىن قاتتىق كۈلدى. بۇ بىر توپ غــۇلــجا يۇقىرى قاتلاملىرىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق، ئىناۋەتلىك، ئەل سۆيەر كاتتىلىرى ئارىسىدا بىرلا ئەخمەتجان كەم سۆز، خىيالچان ۋە ھــەمــمــىگىلا ئىللىق چىراي بىلەن قاراپ كۈلۈپ قويىدىغان يىگىت. قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز ھېسابى، مۇددىئاسى بار ئىدى. لېكىن، ئۇلار ھېچ نەدە بۇ مۇددىئالىرىنى ئوچۇق ـ يورۇق دېيەلمەيتتى، سىرداشلار جەم بولۇپ قېلىشقانلىرىدىلا پىچىرلىشىپ دېــيــىــشــەلــەيــتــتــى. لېكىن، بىرلا ئىش ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ياقمايتتى: بۇ «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» چوڭ ـ كىچىك ئىشلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

ھەممىسىدىلا سوۋېت كونسۇلىنىڭ ياكى 2 ـ دومىنىڭ يولىيورۇقىنى ئالاتتى . بۇ ئىشتىن ھېچكىم رازى ئەمەس ئىدى .

تۇرمۇش ھېچكىمنى رازى قىلغان ئەمەس . گەرچە چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولۇپ ، بىرلىرىگە تاج ، بىرلىرىگە كىشەن ـ كويزا ھەدىيە بولۇپ تۇرسىمۇ ، ھايات ھامان قېلىپىدىن چىقالمايدۇ . بۇ زېمىندا قانچە قانلار تۆكۈلدى ، كۆز يېشىنىڭ ۋە كۆلكە ـ ناخشىنىڭ ھېسابى يوق ، شۇنداقتىمۇ ھاياتتىن رازى بولۇپ دۇنيادىن ئۆتكەن بىرمۇ ئادەم يوق . 1732 ـ يىلى مەنچىڭ خانلىقىغا تەۋەلىك بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن يۆگىېك خانىنىڭ «جاساقبەگ» يارلىقىغا ، كېيىن چىيەنلۇڭ خانغا ساداقەت كۆرسەتكەنلىكى ۋە ئىلىنى گۇللەندۈرۈشتە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن «ۋاڭ»لىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ئىمىن ۋاڭنىڭ 9 ـ مىراسخورى ھاكىم ئاغىچىنىڭ ھېسابىدا ھېكىمبەگ ئاتالغان غىياسىدىن بەگ غوجام بولسۇن ياكى مۇنۇ ساھىبخانا — شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ باي ھۇسەنبايىنىڭ ئەۋلادى ئەنۋەر مۇسابايوف بولسۇن ياكى «ئۇسۇلى جەدىت»نى غۇلجىغا ئەكىرىپ ، تاپقان ـ تەرگىنىنى مائارىپ ئۈچۈن سەرپ قىلىپ ، خەلقپەرۋەرلىكى ۋە يۈكسەك پەزىلىتى بىلەن ھۆرمەت تاپقان ئابدۇمۇتائالى خەلپىتىم ھەزرەتلىرى بولسۇن ، ياكى ئاتۇشتىن ھەۋەس بىلەن ئىلىغا كېلىپ بۇ يەرنى گۈللەتكەن سابىر ھاجىلار ئەۋلادىدىن بولغان رەخىمجان سابىر ھاجىيوف بولسۇن ، ياكى باشقىلار بولسۇن ، ھاياتتىن ھېچكىم رازى بولغان ئەمەس . ئەلۋەتتە ، رۇسلارنىڭ تاجاۋۇزى بىلەن گۇمران بولغان قوقەن خانلىقىنىڭ ھەسرەتلىك پۇشتى ئېلىخان تۆرەم ھەممىدىنمۇ بەتتەر نارازى ئىدى . ھايات ھېچكىمنى رازى قىلمىدى . ئۇلارنىڭ ھەممىسى خەلقىگە ، شۇ قاتاردا ئۆزلىرىگە بەخت ئىزدىگۈچىلەر ، بۇ ئۇلارنىڭ ئورتاقلىقى . لېكىن ، بۇ ئورتاقلىق ئىچىدە نۇرغۇن كۈرەشلەر ، زىددىيەتلەر مەۋجۇت . بۇنى ھەممىسى چۈشىنىدۇ . تۆكۈلگەن ۋە تۆكۈلىدىغان قانلار كىملەرنى رازى قىلىدۇ ، كىملەرنىڭ پايدىسىغا بولىدۇ ؟ بۇ

تېخى ھېچكىمگە مەلۇم ئەمەس. خۇددى ئالدىنقى سەپتە ئۆلۈمنى ئۇنتۇپ، دۈشمەننى يوقىتىشنىلا ئويلاپ سوقۇشۇۋاتقان جەڭچى كىم ۋە نېمە ئۈچۈن قۇربان بېرىشنى ئويلاپ ئولتۇرمىغاندەك، بۇ ھوقۇق - ئىناۋەت ئىگىلىرىمۇ كېچە - كۈندۈز تىرىشىپ - تىرمىشىپ كىمگە ئىشلەۋاتقىنىنى بىلمەيدۇ. بىرلا ئەخمەتجان ئۇلار بىلمىگەننى بىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ كۆپ ۋە ئەتراپلىق ئويلايدۇ، ئۆگىنىدۇ ۋە خۇلاسىلەيدۇ. ھازىر ۋە كەلگۈسى توغرىسىدا توغرا ۋە ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، دۇنيادا، جۇڭگودا، مۇنۇ شىنجاڭدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى ئۇجۇر - بۇجۇرلىرىغىچە بىلىۋېلىشقا تىرىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇنۇ ھۆكۈمەت كاتىۋاشلىرىنىڭ مۇددىئا - مەقسەتلىرى ئۇنىڭغا ئايدىڭ. لېكىن، ئۇ ھېچكىمگە ھېچنېمە دېمەيدۇ. ئۇ ھەممىلا ئادەمنىڭ گېپىنى مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ بېرىلىپ ئاڭلايدۇ. سوئاللارغا ئاددىيلا جاۋاب بېرىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ئۇنىڭ گېزىتلەرگە ئە. ئىلىنىق دېگەن تەخەللۇس بىلەن ئۇيغۇر، رۇس تىللىرىدا يازغان ماقالىلىرى ئۇنىڭ راۋان، مەنىلىك جۈملىلەردىن تۈزۈلىدىغان ئاغزاكى نۇتۇقلىرىدا زادىلا تەكرارلانمايدۇ. ئۇ گويا ھېچنەدە، ھېچ نەرسە يازمىغاندەك، ئۈچىسىغا پودپولكوۋنىك بەلگىسى بار ھەربىي كىيىم، پۇتىغا ئۆتۈك كىيىپ بىردە خادىك بىلەن، بىردە ئۆزى ھەيدىگەن «قارا» ماشىنىدا ئالدىراپ يۈرۈپ ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن تەمىنات، ئادەم ۋە قوراللارنى تەييارلاش بىلەن بولغان كۈنلەرنى ئۆزىمۇ تۈيماي ئۆتكۈزمەكتە. شۇڭا، ئۇ ھەم سىرلىق، ھەم ھۆرمەتلىك.

يالغۇز ھېكىمبەگ غوجاملا ئالدىراش ئەمەس. ئۇ ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپمۇ يارەنلىرىنى يىغىۋېلىپ چاقچاق - كۈلكە بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ رەئىسنىڭ چىشىغا تېگىدۇ. بەش ۋاخ نامىزىنى شەھەر ئىچىدىكى مەدرىسىگە بېرىپ جامائەت بىلەن ئالدىرىماي ئوقۇيدۇ، كالاسكىغا ئولتۇرۇۋېلىپ نەزىر - چىراغ، توي - تۆكۈنلەرگە بېرىپ تۇرىدۇ. باغ، دەريا بويلىرىدا ئۆز ھەمسۆھبەتلىرى بىلەن

ساز ـ نەغمە تىڭشاپ چاقچاقلىشىپ كۆڭۈل ئېچىشنىمۇ قولدىن بەرمەيدۇ . مۇئاۋىن رەئىس جۇمھۇرلۇق نامى ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى قىلچە ئۆزگەرتمىگەن . ئۇنىڭ ئۇچۇن تۇرمۇش بىر قېلىپتا، گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك . ئۇ باشقىلاردەك كەلگۈسى توغرىسىدا ئويلاپمۇ ئولتۇرمايدۇ ، ئۇنىڭ ھېچنېمىدىن تەمەسىمۇ يوق . ئۇنىڭ باشقىلاردىن پەرقى بىرلا : ھۆكۈمەتكە كېلىدىغان ئەرز ـ شىكايەتچىلەرنىڭ تولىسى ئۇنى ئىزدەيدۇ . ئۇ ناھەقچىلىكلەرنى ئاڭلىغاندىلا خاپا بولۇپ :

— لەۋەي ، خۇرجانى بۆزەك ئەتكىنى نېمىسى ! — دەپ قويىدۇ ۋە بۇ ئىشنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا شۇ كۈنىلا يەتكۈزىدۇ ، جاۋاب ئالىدۇ . ئۇ ھەممىگە مۇشۇ بىرلا ئىشنى — دېھقانلارغا زۇلۇم بولۇۋاتامدۇ ـ يوق ، دېگەننىلا ئۆلچەم قىلىدۇ . يەرگە ئىشلەيدىغان بىچارىلەرنىڭ دىلى ئازار يېمىسىلا ، خەلق ھۆكۈمەتتىن زارلىمىسىلا ، باشقا ئىشلارنىڭ كارى چاغلىق . مانا بۇ ئۇنىڭ ھاياتتىن تىلەيدىغىنى . لېكىن ، دىنىي نازارەتنىڭ نازىرى جىق ئىشلارغا باش قاتۇرىدۇ . ئۇنىڭ غەم ـ ئەندىشىلىرىمۇ كۆپ . ئۇ ھەممە ئىشقا ھەقىقەت ۋە ساۋابنى ئۆلچەم قىلىشقا ئادەتلەنگەن ئادەم . ئۇ تۇرمۇشتا ناھەقچىلىق ، ۋابالچىلىق بولماسلىقىنى تىلەيدۇ . ھەر ۋاخ نامىزىدىن كېيىن جايناماز دا ئۇزاق ئولتۇرۇپ ، ئىگىسىدىن خەلققە ياخشىلىق ، ھۆكۈمەتكە ئىنساپ ـ دىيانەت تىلەيدۇ . ئۇنىڭ ئۆلپەتلىرى :

— خەلپىتىم ، ئەمدى قانداقراق ھۆكۈمەت سورارسىز ؟ — دەپ سورىغاندا ، ئۇ :

— ئادىل ھۆكۈمەت بولسىلا بولدى . ئورۇس بولامدۇ ، خىتاي بولامدۇ ، ئۇيغۇر بولامدۇ ، ئادىل بولسىلا بولدى ، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ . ھەر قېتىم ئېلىخان تۆرەم :

— مۇسۇلمان دۆلىتى قىلىمىز . شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇپ ، سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقىدەك ، ئىراق ، تۈركىيىلەردەك دۇنيا سەھنىسىدىن ئورۇن

ئىگىلەيمىز ، — دېگىنىدە ، خەلپىتىم :

— پادىشاھ بار يەردە ئادىللىق قانچىلىك ئۆمۈر سۈرەركىن تۆرەم جانابلىرى؟ — دەپ سوراپمۇ قويىدۇ. بۇ گېپى بىلەن تۆرەمگە پادىشاھلىق ياراشمايدۇ ، دېگەن مەنىنى ئەسكەرتمەكچى بولىدۇ.

— ئەڭ چوڭ ئادىللىق بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجايىن بولالىشى!

— ياق ، بۇلا كۇپايە ئەمەس ، باشقا مىللەتتىن چىققان جاللاتلاردىن ئۆز مىللىتىدىن چىققان جاللاتلار ئېشىپمۇ كېتىدۇ. دۇنيادا بۇنىڭغا مىسال كۆپ. ئادىللىق پۇقرالارنىڭ بەخت - سائادىتىدە كۆرۈلسە بولىدۇ.

بۇ خىل تالاش - تارتىش دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. تۆرەمگە گەپ ياندۇرالايدىغان ئىككىلا ئادەم بارلىقى مانا مۇشۇنداق شەكىللەنگەن.

بۇ ئىش تۆرەمگە ھەرقانچە ئار تۇيۇلسىمۇ ، يۈزمۇيۈز چىش يېرىپ بىرنېمە دېيەلمەيدۇ. ساپ ئۆزبېك تىلىدا باشقىلارغا :

— خەلق نېمە كويدا ، بۇلار نېمە كويدا. بىز بۇ يەردە غەم بىلەنۇ ، ئۇلار ئەتىدىن - كەچ كىرگۈچە ۋا - خا - خا - خا بىلەن ، — دەيدۇ غەزىپىنى ئىپادىلەپ.

ھېكىمبەگ غوجام بىلەن ئابدۇمۇتائالى خەلپىتىم بىللە بولغاندىمۇ ، تۆرەم توغرىسىدا ئاڭلىغان - كۆرگەنلىرىنى بىر - بىرىگە دېيىشىپ تۆرەمنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشىدۇ. ئۇيغۇرچىلىقى كۈچلۈك تارانچى بايلىرى بىلەن ئاتۇش بايلىرى بولسا ھەتتا تۆرەمنى ئاشكارىلا تىللىشىدۇ. بۇ تىللاشلارنى ئاڭلىغان غوجام قاقاقلاپ كۈلۈپ :

— لەۋەي ، ئۆزىنى مەلىك ئابدۇلئەزىزخانغا تەڭلەشتۈرىدۇ دەڭا! — دەپ قويىدۇ.

باغ قورۇ بۇ يىل تېخىمۇ گۈزەللەشكەن. ئەڭ چوڭ ئۇيغۇر بېيىنىڭ بۇ قورۇسىنىڭ ياپيېشىل ئالما ، سىدە ، تېرەكلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرىمۇ ئالاھىدە مايلاشقان ، پاكىز ھاۋادا نازۇك شاخلارنىڭ

تولغىنىشلىرى يۇمران بەدەن، غۇبارسىز قىزلارنىڭ ئۇسسۇللىرىدەك جىلۋىلىك، شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا ئاققان سۇزۇك ئۆستەڭ سۇيىنىڭ بېتىگە دەرەخ، ئاسمان ۋە قۇش كۆلەڭگىلىرى ئاجايىپ سىرلىق، گۈزەل رەسىملەرنى سىزغان، كىشى ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا تەلپۈنىدۇ. ئەتىرگۈللەر ئەتراپىدا ئۇيىنىشىپ يۈرگەن خىلمۇخىل رەڭدار كېپىنەكلەر گۈزەل يازنىڭ تەشۋىقاتچىلىرى. ئۇلار ئادەملەرگە هايات قەدرىنى تەشۋىرلەيدۇ: ئادەممۇ بىزگە ئوخشاش قىسقا ئۆمۈرلۈك، پەرقىمىز ئىنسان ئۆز هاياتىنى قەدىرلەشنى بىلمەيدۇ، سوقۇشىدۇ، تىللىشىدۇ، بىز ئەكسىچە، مۇهەببەتتىن باشقىنى بىلمەيمىز… مانا بۇ ئۇلارنىڭ كۈيى.

باغ قورۇغا كىرگەن مەرتىۋىلىكلەر سالقىن يوللاردا كېتىۋېتىپ، يېڭىدىن هاۋا رەڭدە سىرلانغان رېشاتكا، كۆۋرۈك، ئىشىك ـ دېرىزە ۋە راۋاقلارنى كۆرۈپ ياز گۈزەللىكىدىن زوق ئېلىشتى. غۇلجا باغلىرى كىشىگە شېئىرىي هېسسىيات ۋە ياشلىق ئەسلىمىلەردىن باشقا هېچنېمە تەقدىم قىلمايدۇ، هەرقانداق بىر باغرى تاش ئادەممۇ هاياتتىن شۇ ئىككى نەرسىنى تىلەيدۇ.

— قېنى، قول چايقايلى!

ئايئاق، كەشتىلىك لۆڭگىلەرنى مۈرىلىرىگە سېلىشقان، ئوخشاش كىيىنگەن چىرايلىق باللار مىس چىلاپچىلارنى هەربىر مېهماننىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ، ئاۋۋال ئېگىلىپ سالام بېرىپ ئاندىن قوللىرىغا سۇ قۇيۇشماقتا. بۇ باللار مۇسابايوف ئائىلىسىنىڭ خۇسۇسىي مەكتەپلىرىدە تەربىيىلەنگەن نامرات باللار. غوجام بىلەن خەلپىتىم هەممىدىنمۇ باللاردىن كۆپرەك لەززەت ئالدى.

نەزىر ـ چاي تولىمۇ داغدۇغىلىق، كۆڭۈللۈك ئۆتتى. ياپيېشىل چىمەنلىككە قىپقىزىل گىلەملەر، يېپەك كۆرپىلەر سېلىنغان، ئايئاق ماموق ياستۇقلار تاشلانغان. سالقىن شامال گۈللەر هىدى بىلەن هەربىر مېهماننى تەبرىكلەپ يۈزلىرىنى سىيلاپ، ئادەملەرنى راهەت ـ پاراغەتكە، ئىنسانلارغىلا مەنسۇپ

بولغان شېرىن ھېسسىياتقا ئۆندىمەكتە، لېكىن تۆرەم خۇشاللىق ئورنىغا قايغۇ ياغدۇرۇپ:

— شىخودا دۇشمەنىنىڭ نەچچە مىڭ چېرىكى ئامېرىكا قۇراللىرىنى بەتلەپ پوتەي، ئاكوپ، بېلىنداژلىرىدا بىزنىڭ باللىرىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا. قۇرئان سۆيۈپ قەسەم ئىچىشكەن يىگىتلىرىمىز چېكىنمەيدۇ، يانمايدۇ، جەسىتى شۇ يەردە قالغان باتۇرلىرىمىزنىڭ روھلىرى جەننەتتە بولىدۇ. ئامان قېلىپ ئىسلام بايرىقىنى شىخو ئاسمىنىدا لەپىلدىتىدىغان قەيسەر ئوغلانلىرىمىز غازىلىق مۇقامىغا يېتىپ، ناملىرى ھەربىر دىلدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالىدۇ. قېنى، ئابدۇمۇتائالى خەلپىتىم ھەزرەتلىرى، ياۋنى دەسسەشكە ئاتلانغان شىر يۈرەك ئەزىمەتلەر ئۈچۈن قۇرئان كەرىمدىن بىر سوۋغا ھەدىيە قىلغايلا!

خەلپىتىم دىللارنى ئېزىدىغان بوم، يېقىملىق ئاۋاز بىلەن قۇرئان ئوقۇدى.

مىزگان چېلىندى، پېشانىسىگە ئىسلام بايرىقى قادالغان ماشىنىلار گۈللۈك قورۇدىن چىقىپ كۈنپېتىشقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئىككى يېرىم تونىلىق يۈك ماشىنىسىنىڭ كوزۇپى ئۈستىگە پىلىموت ئورنىتىلغان. ماشىنىغا ئون بەش قوراللىق ئەسكەر چۈشكەن. ئۇلار ئاپتوماتلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئىككى تەرەپكە قاراپ تىك تۇراتتى. ئېلىخان تۆرەم بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى كابىنكىدا شوپۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشقان. شەھەرنىڭ ئۈچدەرۋازا، نوۋگورد كوچىلىرىنىڭ ئېغىزلىرىدا توپ - توپ ئادەملەر ھۆرمەت بىلەن تۇرۇشۇپ، جۇمھۇرىيەت رەئىسىنى ئۇزىتىشماقتا ئىدى. ماشىنا يولدا توپا توزۇتۇپ باياندايغا بارغاندىلا تۆرەم:

— خوش ئەخمەتجان، دەپ بېقىڭا، باياندايى سېپىلىنى سادىر پالۋانلار نەچچە ۋاقىت قورشاپ تۇرغان بولغىيدى؟

— ئىككى يىل ئۈچ ئاي.

— ئاخىر سادىر پالۋان لەخمە كولاپ، دورا كۆمۈپ پارتلىتىپ

سېپىلنى بۇزغان ـ ھە ؟

— شۇنداق ، تەقسىر .

— بىز سۇيدۇڭ سېپىلىنى بىر كۈندىلا پارتلىتىپ ئالدۇق ، دۇشمەننىڭ ئىككى روتا ئەسكىرى يوقىتىلدى ، ناھىيىنىڭ ھاكىم ، مۇئاۋىن ھاكىملىرى ئەسىر ئېلىندى . ئىككى يۈز نەچچە يىلدىن بېرى مانجۇ ، خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۇۋىسى بولۇپ كەلگەن يەر ، بىزنىڭ دەۋرىمىزدە ئىشغال قىلىندى . سىزچە ، شىخو راستىنلا گومىنداڭ چالۋاقىغاندەك پولات قورغانمىدۇ ـ ھە ؟

— جۇ شاۋلىياڭ ، ۋۇ جۇڭشىنلەرنىڭ نەزىرىدە شۇنداق . لېكىن ، يىمىرىلمەيدىغان قورغان يوق !

— توغرا ئېيتتىڭىز ، ئەپەندىم ، سىزچە ئۇلار نەچچە كۈن قارشىلىق قىلار ـ ھە ؟

— مۆلچەرلىمەك تەس . لېكىن ، ئۇ يەرگە ھۇجۇم قىلماقمۇ تەس : جەنۇبىي ، غەربىي تۈزلەڭ ، دۇشمەننىڭ ئاكوپ ، دوت ، دزوتلىرى كۆپ . شەرق دۇشمەن تەرەپ . پەقەتلا شىمالدىن ھۇجۇم قىلغىلى بولىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، پالىنوف ، موگوتنوفلار بورتالادىن ئايلىنىپ ، چۆچەك ئارقىلىق شەرقىي شىمالغا ئۆتتى . دۇشمەن بۇنى بىلىپ ئۇياقتا كۈچلۈك ئۇچ لىنىيىلىك مۇداپىئە توسۇقلىرى قۇردى . تانكا ، زەمبىرەك ، ئايروپىلانلىرى بار ، ئامېرىكا قوراللىرى بىلەن قوراللانغان ئاتمىش مىڭدەك تەربىيە كۆرگەن ئەسكەر شىخونى ساقلاپ تۇرماقتا . بىزدە زەمبىرەك ، تانكىلار يوق . ئەڭ كاتتا قورالىمىز مىناميوت . بىزنىڭ چوڭ قورالىمىز باتۇرلۇق .

— بارىكاللا !

— دۇشمەن بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىزنى تەربىيە كۆرمىگەن ، قارام باندىتلار دەپ كۆزگە ئىلمايدۇ . بىزنىڭ ھەربىر ئەسكىرىمىز قورال ئىشلىتىش ، ھەرىكەت ، تاكتىكا تەرەپلەردە ياخشى تەربىيىلەندى . مۇھىمى ، ئۇلار ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ ، ناھايىتى قەيسەر !

— دۈشمەننى يېڭىدىغان كۈچ مانا مۇشۇ، قورال ئەمەس!

ئەخمەتجان 1945 - يىلى 4 - ئايدا ئارمىيە قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئەھۋالىنى تۆرەمگە سۆزلەپ بەردى:

— موگوتنوفنىڭ بۇ سۇيدۇڭ 1 - ئاتقۇچىلار پولكى ياخشى تەربىيىلەنگەن پولك. ئىككى باتاليون، بىر ئاتلىق دىۋىزىيون، بىر ئاپتومات ئىزۋوتى بار تۆت مىڭ ئەزىمەتلىك پولك بولغىنى بىلەن، دۈشمەننىڭ ئۆزىدىن ئىككى ھەسسە كۆپ ئەسكىرىگە تېتالايدۇ.

— پالىنوف دېگەن ئورۇس ئەسكىلىك قىلماس - ھە؟

— ئۇ ئەسلى چاررۇسىيىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى بولسىمۇ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلدى[1]. ئەمدى بۇ ئىنقىلابقا جەزمەن ئىجابىي تۆھپە قوشىدۇ.

— كاپىرنىڭ قاياشى كاپىر، يەنە مۇشۇ خەققە يان باسارمۇ، دەپ قورقىمەن.

— ياق، بولشېۋىكلار مىللەت، دىن ئايرىمايدۇ. ھەققانىيەتنى ھەممىگە ئۆلچەم قىلىدۇ، تۆرەم جانابلىرى. گېرمانىيە كوممۇنىستلىرى گىتلېرغا ئوق ئاتتى. ئىتالىيە كوممۇنىستلىرى مۇسسولىنىنى دارغا ئاستى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرىمۇ جياڭ جيېشى بىلەن سوقۇشۇپ كەلدى. ئۇلار ئۆز مىللىتى ئۈچۈنلا ئەمەس، ھەققانىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچىلار.

— ھەققانىيەت دەپ نېمىنى كۆزدە تۇتۇۋاتىسىز، ئەپەندىم؟

— مىللىي زۇلۇم، سىنىپىي زۇلۇمنى يوقىتىش ئەڭ چوڭ ھەققانىيەت!

— كۇپپارلارنىچۇ؟ بىزنىڭ دىنىمىز غەيرىي دىندىكىلەرنى يوقىتىشنى ئەڭ چوڭ ھەققانىيەت دەپ كۆرسەتكەن.

---

① ئىۋان ياكوۋلېۋىچ پالىنوف — چاررۇسىيىنىڭ ئوفىتسېرى. رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى مەزگىلىدە شىنجاڭغا كەلگەن. 1938 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن بۇيرۇققا بىنائەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىلىغا كەلگەن.

— ياق ، بىر مىڭ نەچچە يۈز يىلنىڭ ئالدىدىكى قانۇن ھازىرقى دەۋرگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ . ئىنسانىيەت تىنىمسىز ھەقىقەت ئىزدىدى ، ھازىرمۇ ئىزدەۋاتىدۇ . ھازىرقى ئەڭ چوڭ ھەقىقەت ماركسىزم ـ لېنىنىزم .

— بۇ ئىزىملىرىڭىز قۇرئان كەرىمدىنمۇ كاتتىمۇ ؟

— مەن قۇرئان كەرىمگە ئېتىقاد قىلىمەن . قۇرئاندا دېيىلگەن ھەقىقەتلەر ماركسىزم ـ لېنىنىزمدا بار . دېيىلمىگەنلىرىمۇ بار .

— مۇنداق دەڭ . ئۇنداقتا ، لېنىن ، ستالىنلار ھەقىقەتنى يورۇتقۇچىلارمۇ ؟

— شۇنداق . ئىزدىگۈچى ، ئىجرا قىلغۇچى ، رېئاللىققا ئايلاندۇرغۇچىلار .

— ئۇنداق بولسا ئۆزبېك ، قازاق ، تاجىك ، قىرغىز ، تۈركمەن ، ئەزەربەيجانلار ئورۇس ئەمەس . ئۇلارنىڭمۇ دۆلەتلىرى بولغان . قېنى ئۇ دۆلەتلەر ؟

— تارىخ ، تۆرەم ئاتا ، تارىخ دۆلەتنى پەيدا قىلالايدۇ ھەم يوقىتالايدۇ .

— سىزچە ئۇلار بۆلۈنۈپ چىقىپ دۆلەت بولۇشنى خالىمامدۇ ئەمىسە ؟

— كۆپچىلىكى ، ئەمگەكچى خەلقى سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ياقلايدۇ .

— ئۇنداقتا ئورۇسلار شەرقىي تۈركىستاننىمۇ سوتسىيالىزم قىلىپ قوشۇۋالماقچىمۇ ؟

— قوشۇۋېلىش باشقا گەپ ، ئەمما بىز سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ياقلايمىز . بۇ تۈزۈم ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ياقلايدۇ .

— سىزمۇ ئابدۇكېرىمدەك ئەمگەكچى خەلق ، ئەزگۈچى دېگەن سۆزلەرنى دەيدىغان بولۇۋاپسىز . دۇنيادا ئۆزىنىڭ دۆلىتى بولمىغان مىللەتتىنمۇ بىچارە خەلق بولامدۇ ؟ بىر مىللەتنىڭ ئەڭ كاتتا مەنپەئىتى ئۇنىڭ دۆلىتىنىڭ بولغانلىقىدا . ئاندىن قالسا ئەزگۈچى ، ئەمگەكچى دېگەن سۆزلەرگە نۆۋەت كېلىدۇ . سوۋېت ئىتتىپاقىدا

ئۆزبېكلەر بىر ـ بىرىنى ئەزمىگەن بىلەن، ھەممىسىنىڭ كۆڭلى سۇنۇق. ئاغزىدا ياشىسۇن ستالىن دېگەنلەرنىڭ يۈرىكى قان. بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق زۇلۇم ـ ئېزىلىش بولامدۇ، بالام؟ بىلىمەن، سىلەرمۇ ماڭا ئوخشاش ئويلايسىلەر. لېكىن، قورقىسىلەر. شۇڭا، سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن ستالىن چۈشمەيدۇ، ئابدۇكېرىمنىڭ ئاغزىدىن ماۋ زېدۇڭ!

ئەخمەتجان گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ مۇنۇ ھۆكۈمەت رەئىسىگە سەت كۆرۈنگۈسى كەلمىدى. تۆرەم ئۆزى بىلەن گەپ تالاشقان ئادەمنى يامان كۆرەتتى. ئۇ ئابدۇكېرىم ئابباسوف، ھېكىمبەگ غوجا، ئابدۇمۇتائالى خەلپەتلەرنى يامان كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىسمى چىقسىلا بۇ دۆلەت رەئىسىنىڭ كىچىككىنە يۇزلىرى قورۇلۇپ، ئاپئاق كەكە ساقىلى تىترەپ كېتىدۇ ـ دە:

— بولمىغۇر ئادەم! — دەپ قويىدۇ.

ماشىنا سۈيدۇڭدىن ئۆتۈپ شىمالغا بۇرۇلدى.

يىراقتا قارلىق چوققىلار، قارامتۇل يېشىل تاغ قاپتاللىرى كۆرۈندى.

— ئاببىاسوف مۇشۇ سۈيدۇڭ، ساربۇلاقلاردا يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىپ پارتىزان ئەترىتىنى قۇرۇشتا چوڭ خىزمەت كۆرسەتتى. ئۇنىڭ دۈشمەنگە نەپرىتى تولىمۇ كۈچلۈك! — دېدى ئەخمەتجان پارتىزان ئەترىتىنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولۇپ ئاقسۇغا كەتكەن ئاببىاسوفنى سېغىنىپ، — نەدە مۇشكۈلچىلىك بولسا ئۇ شۇ يەردە تەييار!

— باتۇرلۇق بولسىلا يېتەرلىك بولمايدۇ. نەپرەت يېتەرلىك بولۇشى كېرەك. ئابدۇكېرىم خىتايغا رەھىمدىل. كۆرەگە ئالتە شەھەردىن يۆتكەپ كېلىنگەن گومىنداڭنىڭ ئوفىتسېرلىرى ھەربىرى ئىككى ـ ئۈچتىن ئۇيغۇر قىزلىرىنى مەجبۇرلاپ خوتۇنلۇققا ئاچىققان. بىچارە قىزلار ئون تۆت ـ ئون بەش ياشلاردا، چىرايلىرى سېرىق، كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان. ئەپيۇنكەشلەر خالىغانچە خوتۇن قىلغان، ئۆلتۈرگەن. مەجبۇرىي

ئەسكەرلىككە ئاچىققان بەش يۈز ئۇيغۇر بالىسىنىڭمۇ بىرىمىدىن كۆپىنى قىيناپ ئۆلتۈرۈپ بولغان. شۇ ئوفىتسېرلار بىزگە ئەسىر چۈشتى. ئابدۇكېرىمنى ئەۋەتسەم ئۇلارنى تەلتۆكۈس قىرىۋەتمەيلا كەچۈرۈم قىپتۇ. شۇمۇ نەپرەتما؟

— ئۇلار قىلغاننى تەكرارلىمايلى دېگەندۇر ھەرقاچان!

— ياق، مەن قىرىۋېتىشنى ئېيتقان، بۇ بۇيرۇق ئىدى! ئۇ مەن بىلەن قارشىلاشتى!

— ئۇنىڭمۇ ئۆيلىغىنى باردۇر، رەئىس جانابلىرى.

ئۇلار يەنە جىمىپ قېلىشتى.

ئۇلار لوسىگۇڭدا دەم ئېلىپ يەنە يولغا چىقتى. ئەخمەتجان تۆرەمگە يول بويى ستالىن بىلەن جياڭ جيېشىنىڭ موسكۋا كېلىشىمى توغرىسىدىكى ئەڭ يېڭى خەۋەرلەرنى دەپ بەردى.

— قاراڭ، قالماقلارنىڭ دۆلىتىنى ئېتىراپ قىپتۇ. بىزنى بولسا ئېتىراپ قىلار ئەمەس. سىز مۇسۇلمان - كاپىر دېمىگەن بىلەن ستالىن دەيدۇ. ئۇ كاپىرلىرىنى يۆلەيدۇ. كۆرۈپ قالىسىز، مانجۇرىيىسىنىمۇ دۆلەت قىلىپ، يوقالغان مانجۇلارنى تىرىلدۈرىدۇ. بىزنى يالغان يۆلەيدۇ. ئۇ بىزنىڭ قولىمىز بىلەن جياڭ جيېشىنى ئۆزىگە تىز پۈكتۈرمەكچى، — دېدى ئېلىخان تۆرەم.

ئەخمەتجان يەنە گەپنىڭ تېمىسىنى ئۆزگەرتتى.

ئۇلار كەڭسايدىن ئۆتۈپ، گۈزەل سايرام بويلىرىغا كەلگەندە، ئاپئاق چېدىر تىكىپ يولغا قاراپ تۇرغان بايلارنىڭ سالاملىرىنى قوبۇل قىلدى. بوك قارىغايلىق تاغ، ياپيېشىل يايلاق، كۆپكۆك، داۋالغۇپ، سوزۇلۇپ تۇرغان سايرام كۆلى تۆرەمنىڭ ھارغان بەدىنىدە خۇددى پەپىلىگەندەك، مېھرىبان ئانا بولۇپ يەلپۈگەندەك سەزگۈ پەيدا قىلدى. ئۇ مۇھاپىزەتچىگە:

— شام ئوقۇۋالاي، تەرەت سۈيى! — دەپ بۇيرۇدى.

كەرگىلەردىن گۈركىرەپ سالقىن شامال كىرەتتى. قازاندا پاقلان گۆشى پىشماقتا. چىمەن ئۈستىگە قىلىنغان تاختاي سۇپىغا

قات ـ قات گىلەم، كۆرپىلەر سېلىنغان، داستىخان يايلاق يېمەكلىكلىرى ۋە شەھەر مەھسۇلاتلىرى بىلەن تولغان. غۇلجىنىڭ كاتتا بېيى ئابلا باي — ئاپئاق كۆڭلەك، قارا پىنجەك كىيگەن، يانچۇق سائىتىنىڭ زەنجىرىنى مەيدە يانچۇقىدىن ئازراق ساڭگىلىتىپ قويغان، چىرايلىق، ئاق يۈز، مەڭزى قىزىل، قارا كۆز، قاراقاش، قارا بۇرۇت ئادەم تۆرەمگە قول باغلاپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تىك تۇراتتى. داۋاندىن چۈشكەندىن كېيىنلا سولغا بۇرۇلغاندا كۆلگە يېقىن ئەڭ مەنزىرىلىك جايغا ئورۇنلىشىۋالغان بۇ دۆلەتمەن ئادەم ياۋروپانى كېزىپ يۈرىدىغان، نۇرغۇن دۆلەتلەردە سودا شىركەتلىرى بار، ئىنقىلاب ئۈچۈنمۇ نۇرغۇن ئىقتىسادىي ياردەم بەرگەن، لېكىن ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغان، سىياسەت توغرىسىدا زادىلا گەپ قىلمايدىغان كاتتا باي. تۆرەم بۇ ئادەمنى ھۆرمەت قىلاتتى.

— سودا ئىشلىرى قانداق؟

— ئىنشائاللا، ياخشى كېتىۋاتىدۇ.

— چارۋىلىرىمۇ خېلى بار ئوخشايدۇ ـ دە.

— ئەل قاتارى، تۆرەم جانابلىرى.

— ھە، ھېلىقى قىزلىرىچۇ؟

— قىزىم زەيتۇنەممۇ كەلگەن، ئۇ باش ھەربىي دوختۇرخانىدا ئىدى. ئىككى كۈندىن بېرى ئالدىنقى سەپكە بارىدىغىنى مەن دەپ غەلۋە قىلىۋاتىدۇ.

— زەيتۇنەممۇ؟ — دېدى ئەخمەتجان كۈلۈپ، — بىزنىڭ خانىم بىلەن ئىزدىشىدۇ، جىگىرى بار، ئەقىللىق قىز.

— راست، راست، ماھىنۇر قىز بىلەن ئارىلىشاتتى. ماھىنۇر قىزمۇ ئەقىللىق بالا.

— ھە، ئەقىللىق بولغاچقا ئەپەندىمنى تاللىغان ـ دە!

يايلاق ھاياتى تولىمۇ كۆڭۈللۈك، غۇلجا بايلىرى يازنىڭ بۇ ئايلىرىنى يايلاقتا ئۆتكۈزۈۋالمىسا ئۆزلىرىنى ھەرگىزمۇ كەچۈرمەيدۇ. ئېپار ھىدلىق ھاۋا، قىمىز بىلەن قوزا ئۆمۈرنى

ئۇزارتىدۇ ، بەدەننى ، روھنى ياشارتىدۇ ، بۇ ئىسپاتى بار ھەقىقەت . شۇڭا ، بايلارنىڭ تېنى ساغلام ، روھى ئۇستۇن ، كەيپى خوش .

— قىــزىم زەيتۇنە ئالدىنقى سەپكە بارىمەن دەپ بېشىمنى ئاغرىتىۋاتىدۇ ، تۆرەم . سىلى نەسىھەت قىلىپ قويسىلا ، يالغۇز قىزىم خېيىمخەتەردىن يىراقراق تۇرسۇنمىكىن دەيمىنا .

— ھە ، ئارقا سەپمۇ مۇھىم . ئۇنى چۈشەندۈرىمىز . ئۇنىمىسا بۇيرۇق بېرىمىز .

شۇ چاغدا ئات تۇيىقىنىڭ توكۇرلىغان ئاۋازى ، ئاندىن ئاجايىپ جاراڭلىق ، يېقىملىق كۈلكە ئاڭلاندى ـ دە ، ئىشىك تۈۋىدە ئاجايىپ چىرايلىق قىز پەيدا بولدى . ئۇ ئەسكەرلەرگە خاس چەبدەسلىك بىــلەن ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ ھۆكۈمەت رەئىسى بىلەن ھەربىي كومىتېتىنىڭ باشلىقىغا چاس بەردى :

— سالام ، رەئىس جۇمھۇر ئېلىخان تۆرەم ئاتىمىز ! سالام پولكوۋنىك ئەخمەتجان قاسىمى جانابلىرى .

رەھبەرلەر قول ئىشارىتى قىلىشىپ ئۇنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلىشتى .

ئېلىخان تۆرەم ئەخمەتجاننىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى :

— خــۇدايــىم ســاقلىسۇن ، غېنى باتۇر بۇ قىزنى كۆرۈپ قالمىغاي .

قىز نە قورۇنۇش ، تارتىنىشنى ، نە قىزلارغا خاس سۇنئىي نازاكەتنى بىلمەيتتى . ئۇ شۇنچە ئەركىن ، شۇنچە تەبىئىي ئىدى !

— دۆلــەت رەھــبــەرلــىــرىــمىز بىلەن بۇ چىرايلىق يايلاقتا ئۇچــراشــقــىنىمىزغا خۇشال بىز . دادام مېنىڭ ئالدىنقى سەپكە بېرىشىمغا قارشى . تۆرەم ئاتا ، ئەخمەتجان ئاكا ، دادامغا نەسىھەت قىلىپ قويۇڭلار ، ماڭا توسقۇن بولمىسۇن .

— يالغۇز قىز . دادىڭىز ئەنسىرەيدۇ قىزىم ، — دېدى تۆرەم قــىــزغــا قــاراپ قــويــۇپ ، — نەسىھەتنى سىزگە قىلىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ ، دادىڭىزنىڭ گېپىگە كىرىڭ .

— ۋەتەن ئۈچۈن باشقىلار جانلىرىنى تەقدىم قىلىۋاتسۇنۇ ،

مەن ئۇۋامدىن چىقماي . بۇنداق ھاياتنىڭ نېمە مەنىسى بولسۇن ؟

— يارايسىز سىڭلىم ! — دېدى ئەخمەتجان ئىچ ـ ئىچىدىن زوقلىنىپ ، — ھەممىلا ياشلىرىمىز سىزدەك بولسىدى ، خەلقىمىز مەڭگۈ زۇلۇم كۆرمەيتتى . مەن سىزگە ئاپىرىن ئېيتىمەن . ئەمما ، دادىڭىزنىڭ گېپىنى ئاڭلاشقا مەسلىھەت بېرىمەن .

— مەسلىھەتلىرىنى قوبۇل قىلالمىسامچۇ ؟

— قوبۇل قىلىشقا بۇيرۇق بېرىمەن !

قىز سولتىيىپ جىم بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى ...

قازاق ، موڭغۇل بايلىرى نە ـ نەلەردىن كېلىشىپ سالام بېرىشتى . قاراڭغۇ چۈشۈۋىدى ، ئابلا باي مەخسۇس دېۋىزۇك بىلەن نەچچە يۈز ۋاتلىق لامپۇچكىلارنى يورۇتۇپ كۆل بويىنى كۈندۈزدەك قىلىۋەتتى . خالىي قالغاندا ئابلا باي تۆرەمگە :

— بولشېۋىك تەربىيىسى ياشلارنى ئويغىتىدىكەن . بۇ ئويغىنىش چېكىدىن ئاشسا بىزگە ئازاب كەلتۈرىدىكەن ، تۆرەم . قىزىم نۇرى ئىسمىلىك بىر يىگىتكە قىزىقىپتۇ . نامراتنىڭ بالىسى بولسىمۇ بوپتۇ دېدىم . يىگىت يارامىلىق ئىكەن . ئۇنى قالدۇرۇپ قالاي دەپ جىق تىرىشتىم ، لېكىن ئۇ ئۇنىمىدى . ئۇنىڭ باشلىقلىرىدىن پاتىخ نىلقىغا ھاكىم بولۇپ تىنچىدى ، غېنى باتۇر پولكوۋنىك ئۇنۋانى ، ھەربىي سوتنىڭ باشلىقى مەنسىپى بىلەن ھازىر غۇلجىدا ئويناپ يۈرىدۇ . بىرلا شۇ نۇرىلا ئالدىنقى سەپتە . ئۇ شەھەردە قېلىشقا زادىلا ئۇنىمىدى . مانا ئەمدى ئۇنى دەپ قىزىممۇ شىخو ، جىڭلارغا بارىمەن دەپ غەلۋە قىلىۋاتىدۇ . شۇ نۇرنىمۇ بۇيرۇق بىلەن ئارقا سەپكە يۆتكەپ كېلىشكە بولارمۇ ؟

ئۇ تۆرەمگە قارىدى . تۆرەم خىيال بىلەن جىم بولۇپ قالدى . بىر ئازدىن كېيىن :

— مەن ئەخمەتجان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرەي ، — دەپ جاۋاب بەردى .

— تۆرەم جانابلىرى ، — دېدى باي بىر ئاز جىملىقتىن كېيىن

www.uyghurkitap.com

رەئىسكە قاراپ قويۇپ ، — ناۋادا باشقىچە ئويلاپ قالمىسىلىرى بىر ئىشنى دېمەكچىدىم .

— خوش ، قورۇنمىسىلا ، باي .

— دېمەكچى ، سىلىگە ئاتاپ بىر قورۇ - جاي قىلىپ قويۇۋىدىم . ئۆي خېتىنى سىلىگە دېمەيلا ئۆيلىرىگە ئەۋەتىپ بەرگەنمەن .

— مەن سوۋغا - سالام ، ئىنئام دېگەنلەرگە قارشى ئادەم . جايىنى جايىغا ئىشلىتەرمەن !

— رەھمەت ، سىلى رەسۇلىللانىڭ يولىنى تۇتقان ، ھەممىنى غازات ئۈچۈن ئاتىۋەتكەن بىر ئۇلۇغ زات . خەق غېنى باتۇرنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاشماقتا ، قورۇ - قورۇ قوي ، ئۈيۈر - ئۈيۈر يىلقا ، باغۋاران ، ئالتۇن - كۈمۈش ، ھەتتا قىزلىرىنى تەقدىم قىلىشىپ ئۇنى ئۆزلىرىگە تارتىشماقتا ، ئۇ بولسا قاراملىقتىن باشقىنى بىلمەيدىغان تەلۋە . خەلقىمىز نادان ، ئالتۇننى يەرگە تاشلاپ ، چاۋارنى دۇردۇنغا ئوراشقا ئادەتلەنگەن . ئويلىسامىلا ئىچىم پۇشىدۇ . مىسالى قېيۇمبەگ ئېلىپنى تاياق دەيدىغانلاردىن . ئۇ دۈشمەنگە بىر پاي ئوق ئاتقىنى يوق . غوجامنىڭ يالىسى بولغىنى ئۈچۈنلا ھازىر بىر پولكنىڭ كوماندىرى . يەتتە - سەككىز يىل دۈم يېتىپ - دۈم قوپۇپ پارتىزان بولغان ، ھەم بىلىملىك ، ھەم ئەقىللىق ، ھەم باتۇر يىگىتىمىز نۇرمۇھەممەت زىياۋۇدۇنوف بولسا ئۇنىڭدىن تۆۋەن . مانا شۇ بالىنى بىر پولكقا كوماندىر قىلسا تازا لايىق ئىدى . بۇ خىل ئادالەتسىزلىك ئادەمنى قىينايدىكەن .

— غېنى باتۇر ھەربىي سوتنىڭ باشلىقى ، پولكوۋنىك ، خەلق قەھرىمانى ! ئۇنىڭ دېگىنى دېگەن ، قىلغىنى قىلغان . يامىنىغا كەلسە ئۇ مېنىمۇ ئېتىۋېتەلەيدۇ ! ھېكىمبەگ غوجا ، باسباي ، ئوسمان دېگەنلەرمۇ شۇ . كاللا دېسە پاچاق دەيدىغانلاردىن . بۇ ئىشلار مېنىڭ رايىم بىلەن پۈتكەن ئەمەس ، باي . ئورۇسلارنىڭ بۇيرۇقىسىز بىز بىر تەخسىنى مۇنداق يۆتكىيەلمەيمىز . شۇڭا ،

بولغۇسى كۈيئوغلىڭىزنىڭ ئىشىنى ئەخمەتجان ئەپەندى پالىنوف بىلەن سۆزلىشىپ ھەل قىلالايدۇ، مەن چارىسىز.

— چۈشەندىم، چۈشەندىم تەقسىر، قىممىز ئىچسىلە!

بۇ چاغدا سىرتتا ئەخمەتجان زەيتۇنە بىلەن گۈزەل كۆل بويىنىڭ كىچە مەنزىرىسىدىن ھۇزۇرلانغاچ نۇرى توغرىسىدا پاراڭلاشماقتا ئىدى:

— بۇ رومانتىك ھېكايىكەن، سىڭلىم، تارتىنماي گەپ قىلغىنىڭىزدىن خۇشالمەن. سىزنىڭ ئەس ـ خىيالىڭىز شۇنىڭدا. ئۇنىڭ ھايات تۇرۇشى سىزنىڭ بەختىڭىز. بىر مىنۇتمۇ خىيالىڭىزدىن كەتمەيدۇ ئۇ يىگىت. مانا بۇ ھەقىقىي مۇھەببەت، «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»، «تىنچ دون»، «ئاننا كارىنىنا» رومانلىرىدا يېزىلغان مۇھەببەت ھېكايىلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىكەن. دادىڭىزغا ئىچىم ئاغرىيدۇ، سىڭلىم. ئۇ سىزنىڭ بەختىڭىز ئۈچۈن ھەممە بايلىقى، ھەتتا ئۆز جېنىنى بېرىشكىمۇ تەيياركەن. نۇرىنى ئالدىنقى سەپتىن قايتۇرۇپ كېلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ يىگىت ۋەتەننى ئازاد قىلىپ، خەلقىمنى بەختكە ئېرىشتۈرمىگۈچە يولۇمدىن قايتمايمەن دەپ قەسەم بەرگەن، ئۇ قايتمايدۇ!

— شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنىڭ باتاليونىدا سانىتاركا بولۇپ، ئۇنىڭ بىللە بولسام دەيمەن!

— سىز ئۇنداق دېسىڭىز، دادىڭىز مەنمۇ شۇ باتاليوندا ئاشپەزلىك قىلاي دەيدىكەن ئەمەسمۇ؟ ياخشىسى، كۈتۈڭ!

مېنى كۈتكىن ۋە مەن قايتىمەن،
كۈتكىن پەقەت بولۇپ ئىنتىزار.
سېرىق يامغۇر زېرىكتۈرسىمۇ،
مېنى كۈتكىن ياغقاندىمۇ قار!

مانا بۇ سوۋېت شائىرى سىمونوفنىڭ شېئىرى. رۇسچىسى ئاجايىپ ياخشى، مەن ياخشى تەرجىمە قىلالمىدىم!

قىز ھاياجان ياشلىرى لىغىرلاپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئەخمەتجاننىڭ كۆزلىرىگە «لاپ» قىلىپ قارىدى ۋە ئۇنىڭ جەينىكىدىن قولتۇقلىۋالدى . ئۇلار چىمەنلىك ئۈستىدە بىرلىك قەدەم تاشلاپ ، داۋالغۇپ قىرغاقلارغا ئۇرۇلۇپ ئاپئاق بۇژغۇن چاچرىتىپ تۇرغان كۆل بويىغا قاراپ ماڭدى . ئۇلارنىڭ كەينىدىن تۆت نەپەر قوراللىق ئەسكەر مۇھاپىزەت قىلىپ كېلىۋاتاتتى .

ئايدىڭ كېچە تولىمۇ گۈزەل ، تەبىئەت گويا مۇنۇ ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ نامايەندىسى بولغان قىز بىلەن بەسلەشكەندەك ، قارىغايلارنىڭ كۆلەڭگىسى ، يېشىل دۇنيانىڭ چېچەك ـ غۇنچىلىرى ، سۈزۈك كۆلنىڭ كۆيلىرى ۋە كۆك ئاسمان ، نۇرلۇق يۇلتۇزلارنىڭ سىرلىق سېھرىي كۈچىنى بىراقلا ئادەملەرگە كۆرسەتمەكتە ئىدى .

... باغ گۈزەللىكى يايلاقنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ . بولۇپمۇ تاغ باغرىدىكى مېۋىلىرى داڭلىق چۆلۈقاي باغلىرى كىشىنى مەست قىلالايدۇ : قۇشلار تاغ شامىلى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ سايرىشىدۇ ، مېۋىلەر شاخلىرىدىن پىدائىيلاردەك سەكرىشىپ چۈشىدۇ . تاغ سۈيى قورام تاشلارغا ئۇرۇلۇپ مەرۋايىت چېچىپ ھاياتنى كۈيلىشىدۇ ، گۈللەر كېپىنەكلەرنى چىللىشىدۇ ، ئادەملەر ھايات لەززىتىنى چۈشلىرىدىمۇ كۆرۈشىدۇ .

... گازۋاي چىراغلار يورۇتقان چوڭ باغدا بەزمە ، زىياپەت ، چاقچاق ئەۋجىگە چىققان . ھېكىمبەگ غوجام ، مۇتائالى خەلپىتىم ، غېنى باتۇرلار كىگىز ، گىلەم ، كۆرپىلەر ئۈستىدە مامۇق ياستۇقلارنى جەينەكلەپ راھەتلىنىپ ئولتۇرۇشۇپ ناخشا تىڭشىماقتا . داڭلىق ئېلى ناخشىچىلىرىدىن زىكرى ئەلپەتتا ، ئابدۇۋەلى جارۇللا ، جانى بوغاز ، غوپۇر دىڭخۇلۇ ، تۇرسۇن خور ـ خور دېگەن ئادەملەر بەس ـ بەس بىلەن ھۈنەر كۆرسەتمەكتە .

دۇتار ـ تەمبۇر ، ئىسكىرىپكا يۈرەكلەرنى تىترىتىدۇ ،

ناخشىلار يۈرەكنى ئېزىدۇ . ئىنسان روھىنىڭ نازۇك سىرلىرىنى تىل چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىگىنى بىلەن ، مۇزىكا بىلەن ناخشا چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىكەن . سېغىنىش ، ئېچىنىش ، كۆيۈش ، پۇشايمان ، تەقەززالىق دېگەنلەر ھەممىنىڭ بېشىغا كەلگەن . لېكىن ، ئۇلارنى ناخشا بىلەن ساز تېخىمۇ سىرلىق ئىپادىلەيدىكەن . يارىنى ، بالىسىنى ، يۇرتىنى ، قېرىنداشلىرىنى ، دوستلىرىنى سېغىنمايدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك . لېكىن ، ئۇنى ئىنسان تىلىغا قارىغاندا كۆز يېشى بىلەن تىنىقى تەسىرلىك ئىپادىلەيدۇ . ئۇ ئاخىر چىدىيالماي بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى .

— نېمە بولدۇڭ ئۇكام زىياۋۇدۇن ؟ — خەلپىتىم بېغىنىڭ باغۋىنىدىن ھەيران بولۇپ سورىدى .

— نېمە بولدى ، زىيەك ھوي ! — غېنى باتۇر يوغان گەۋدىسىنى ئۆرە قىلىپ كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى . ساز ، ناخشا توختىدى ، ھەممىنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا قادالدى . بۈگۈنكى خەۋەرنى ئاڭلاپ ، يىراق بايتوقاي يېزىسىدىن ئات بىلەن يېتىپ كەلگەن ، كەلگەندىن بېرى تىنىمسىز خىزمەت قىلىپ ، ئەمدىلا ئالما تۈۋىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ساز ـ ناخشا تىڭشاۋاتقان زىياۋۇدۇننىڭ يىغلىغىنى نېمىسى؟ ئۇ كۆز يېشىنى كۆرسەتمەيدىغان يىگىت ئىدىغۇ ، تۈرمىدە ، قاچاقلىقتا ، كىچىك ئوغلىنى زالىم ھۆكۈمەت بىكاردىنلا ئېتىۋەتكەندە ، دەرا ئىسىملىك ئوغلى ئاچال سوقۇشىدا قۇربان بولغاندا ، بەرا ئىسىملىك ئوغلىنى سۈيدۈڭلۈك ھارۋىكەشلەر كارۋان بېشى غوجا ھوشۇرغا ئۆز قولى بىلەن تاپشۇرۇپ ئالدىنقى سەپكە ئۇزاتقاندا ، چوڭ ئوغلى نۇرى ئاخىرقى قېتىم كۆكچىلىكتىكى ئۆيىدە قۇچاقلىشىپ خوشلاشقاندىمۇ ئۇ بۇنچىلىك يىغلىمىغانىدىغۇ ؟

— ئوغۇللىرى يادىغا يېتىپ كۆڭلى بۇزۇلدى . ئىككىسى قۇربان بولدى . ھازىر ئىككىسى فرونتتا ئەمەسمۇ !

— شۇنىڭغىمۇ يىغلامدىكەن ! — دېدى غېنى باتۇر قاقاقلاپ كۈلۈپ ، — شەھەرلىك خوتۇنۇڭنى يامانلىتىپ قويدۇڭمۇ يا ؟

— ياق ، — دېدى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان تولىمۇ ئېگىز چوقۇر دېھقان يەرگە قاراپ ، — ئۇ سەپەر ئاخۇنغا يىغلىدى.

— كىم ئۇ سەپەر ئاخۇن دېگەن ، قاشقالىق ئوخشىمامدۇ؟

— ھەئە ، — دېدى مۇتائالى خەلپىتىم يەرگە قاراپ ، — قەشقەردىن پۈتۈن ئائىلىسىنى ماخۇسەن قىرىۋېتىپ جان ساقلاپ ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە چىققان يېتىمچى ئىدى . مۇشۇ باغنى زىياۋۇدۇن بىلەن سەپەر ئاخۇن بىللە ئىشلەپ بىنا قىلغانىدى . سەپەر ئاخۇننىڭ بىر ئارمىنى يادىغا يەتكەن بولسا ، ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان بولۇشى ئېھتىمال .

— ئۇ ... ئۇ ، — دېدى زىياۋۇدۇن ئېسەدەپ تۇرۇپ ، — مۇشۇ باغدا يەنە بىر بەزمە ئاڭلىۋالسام ئارمىنىم يوق ئىدى دېگەن ، نەق مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇش نېسىپ بولمىدى . ئۇ ھەرەمباغ سوقۇشىدا قۇربان بولدى !

— بۇ دۇنيادا كىم ئارمىنىغا يەتكەن؟

— رەھمىتى بىر يىگىت ئىدى ... قىساسىنى ئوغۇللىرىڭ ئالىدۇ زىياۋۇدۇن . سىنىڭ نۇرى بالاڭ ھەممىمىز ئۈچۈن قىساس ئالىدۇ ، راستىمۇ باتۇرۇم؟

— ئۇ ئالىدۇ . ئۇ قالتىس مەرگەن ، پالۋان ، ئۇ مانا ھەقىقىي باتۇر ! — دېدى غېنى باتۇر بىردىنلا چاقچىقىنى توختىتىپ ، — مەن ھېچكىمگە تەن بەرگەن ئەمەس . ئەمما ، نۇرىغا مەن قايىل . ئۇ ھەربىي مەشقتە پۈتۈن ئارمىيىدە بىرىنچى . ھېلىقى ئورۇس پىلىموتتا پەنەركىگە ئۆزىنىڭ ئىسمىنى يازالايدىكەن . بىزنىڭ نۇرى دۈشمەن تۇرغان تاغنىڭ قاپتاللىرىغا دېكتار پىلىموت بىلەن «ئاناڭنى مىڭ !...» دەپ يېزىپ قويغان !

— ھا ـ ھا ـ ھا ! ... يەنە كۈلكە باشلاندى .

— ھە ، قېنى چالايلى .

— تۇرسۇن خىرىلداپ قاپسىنا؟

— پەلەپ قويساڭ ئوڭشىلىمەن !

— ھى ـ ھى ـ ھى... ھا ـ ھا ـ ھا !...

خور ـ خور بىلەن دىڭخۇلۇنىڭ چاقچىقى باشلىنىپ كەتتى. ئىلى ئەزىمەتلىرى كۆز يېشىنىمۇ، يەلكىسىدىكى تاغدەك غەم ـ قايغۇنىمۇ چاقچاق، كۈلكە بىلەن ئىپادىلەشكە ئادەتلەنگەن.

— نى ـ نى باللىرىڭغا چىقمىغان يېشىڭ قاشقالىققا چىققىنىنى قارا!

— ئۇنداق دېمە هوي غېنىكا، مۇنۇ غوپۇرمۇ شۇ پى ـ پىلاردىن جۇمۇ، خۇيى تۇتۇپ ئۆچۈپ قالسا چاتاق!

— ۋاييەي، بۇ يەردە جۇۋاز دېگەن سامانىنىڭ نەرخى!

— دىڭخۇلۇ ئۆچۈپ قالسا ئىبراهىم بار، مالخىيىنى ئېلىۋەتسىلا چۇلۇقاي يورۇيدۇ!

يەنە چاقچاق، يەنە ساز، ناخشا، چۇلۇقاي غولىدىن چىققان تاغ سۈيىنىڭ شاۋقۇنىمۇ توختىغان، مەهەللە ئىتلىرى تولا هاۋشىپ چارچىغان، مەهەللىنىڭ چىراغلىرى تامام ئۆچكەن، تاغ شامىلىمۇ باغلار ئارا شىۋىرلاشنى توختاتقان، مەهەللىنىڭ خورازلىرىلا يېڭى بىر كۈنىنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن بەس ـ بەس بىلەن چىللاشماقتا.

غوجام بىلەن خەلپىتىم چارچىغان، ئۇلار شۇ يەردىلا كۆز يۇمۇۋېلىشماق بولۇشۇپ ئۆيلەرگە كىرىشنى رەت قىلىشتى. تاغ شامىلى، تاڭ شامىلى ئۇلارنى پەپىلەپ هايات لەززىتىنىڭ شېرىن ئۇيقۇسىغا چىللىماقتا ئىدى.

لەززەت بىر خىل بەھوشلۇقنىڭ بەلگىسى. ئۇ ئەقىل ۋە جاسارەتنى رەت قىلغۇچى ئاپەت، ئۇنىڭغا مەستانە بولغۇچىلار يارانقۇچىلار قاتارىدىن ئۆزىنى قاچۇرغۇچىلار. بىر ئىنسان لەززەت بىلەن مەست بولۇۋاتقان شۇ پەيتتە، يەنە بىر ئىنسان قەلبىدە نەپرەت يالقۇنى ئۆرلىگەن بولىدۇ. بۇ ھەقىقەتنى بالا ۋاقتىدىلا بىلىۋالغان ئابدۇمۇتەئالى خەلپىتىم چۈشىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ ساقىلىنى سىيپاپ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى:

— سەپەر ئاخۇن ئۈچۈن زىياۋۇدۇن ياش تۆكىدۇيۇ، مەن بىغەم. پاھ، كۆرگەن چۈشۈمنى قارا، سەپەر ئاخۇننىڭ قىپيالىڭاچ

www.uyghurkitap.com

جەستىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈۋاتقۇدەكمەن . قېنى كېپەن ، قېنى تاختىپۇش ؟ رەھمىتى بەلكى ئاخىرقى تىنىقىدا مېنى يادىغا ئالغاندۇر ، قەشقەر شەھىرىنىڭ بىر ھۈنەرۋىنى ، قىساسى ھەق ئىدى ، بىراق شىددەتلىك ھەرەمباغ سوقۇشىدا ھاياتىدىن ئايرىلدى . ئەل غېمىدە جان بەرگەنلەر ئۆلۈپ تۆگىدى ، بىر چېۋىنىنىڭ جاجىسىنى بەرمىگەن بىزدەكلەر لەززەت كويىدا . غېنى باتۇرنىڭ خوتۇن دېسە ئىنساپنى چۆرۈۋېتىدىغىنىزە . يەنە بىر يۇزبېگى كۈيئوغۇل قىلىۋالغان ئوخشايدۇ . پاھ ، غوجام ، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلايلى !

ئۇنىڭ گېپى ئاخىر غوجامغا ئاڭلاندى . غوجام چالا ئۇيقۇدا :

— ئەزان ئېيتتى دەمسىزا ، لەۋەي ، بامدات ۋاقتى بولۇپ قالدى ، — دېدى .

— غېنى باتۇرغا قايسىبىر يۈزنىڭ يۈزبېگى ئۆز قىزىنى سۇنۇپتەك . قىز ئون بەشتىن ئون ئالتىگە ئەمدىلا ماڭغان ، ئاغزىدىن ئانا سۈتى تېمىپ تۇرغان بالىكەن .

— نېمەت ! — دېدى غوجام تەنە بىلەن ، — بۇ باتۇر ئەجەب رىزقىلىقكىنا . ئوق مۇرىسىدىن كىرىپ يۈرىكىنى ئەگىپ ئۆتۈپتۇ . ئالمۇتىدا داۋالىنىپ ساقىيىپ كەلدى . قىز ، قوزا ، قىمىز ئۇنىڭ ئايىغىدا تۆكمە . لەۋەي ، خۇرجا بالىلىرى ئالدىنقى سەپتە ئايلاپ ـ ئايلاپ مىلتىقىنى قۇچاقلاپ تاشتا يېتىپ ، سوخار غاجاپ ، سوغۇق سۇ ئىچىپ دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇۋاتىدۇ ، ئۆلۈۋاتىدۇ ، يارىلىنىپ قان ـ يىغلاۋاتىدۇ ، ئەل نېمە كويىدا ، بىز نېمە كويىدا ـ ھە ؟

— غوجام ، مەنمۇ شۇنى دېمەكچىدىم . ئويلىسام ، بىر زىياۋۇدۇننىڭ تەقدىر قىلغىنى مېنىڭكىدىن يۈز ھەسسە كۆپكەن . ئېرىشكىنى يۈز ھەسسە ئازكەن .

— لەۋەي ، بۇ راست شۇنداق .

— زىيان پۇقراغاكەنۇ ، پايدىسى بىزگىكەن .

— پايدىنىڭ چوڭى ئورۇس ئاكىلىرىمىزغا .

— لەۋەي ، ئۇلار گېرماندىن تارتقان زىيىنىنى بىزدىن ئۇندۇرۇۋالىدىغان ئوخشايدۇ !

ئۇلار شۇ خىل پاراڭ بىلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ پوپۇچلىرىنى پۇتلىرىغا سىپىپ تاھارەت ئالغىلى مېڭىشتى . نېرىدا سازچىلار بىلەن ئويۇنچىلار ئۇ يەردە ـ بۇ يەردە ئوڭدا ـ دۈمدە يېتىپ خورەك تارتىشماقتا . يالغۇز زىياۋۇدۇنلا ئاتلارنى سۇغىرىپ ، نەلەردىندۇر قاشقا بىدە ئۇرۇپ ئەكىلىپ سېلىپ بېرىپ ، مېھمانلارنىڭ خىزمىتىنى قىلماقتا .

خەلپىتىم ئۇنىڭغا يىراقتىن قارىدى : ئاق كۆڭلىكىنىڭ دولىسىغا كۆك ماتادىن ياماق چۈشكەن . ئاق ماتا ئىشتىنى تىزىغىچە تۈرۈلگەن ، پۇتى يالاڭ ئاياغ ، ساقال ـ بۇرۇتى ئۆسكەن ، روھى تولىمۇ چۈشكۈن ، شۇ تاپتا ئۇ بىر ئاتنىڭ يايلىدىن قېرىقىزنى چىقارماقتا ئىدى . ئۇ قىرىق نەچچە يىللىق ھاياتىدا تەقدىم قىلىشتىن باشقا نېمىلەرگە ئېرىشتى . دېھقان تەقدىم قىلىدۇ ، ھۆكۈمەتكە ، بايلارغا ، تەبىئەتكە ، ھەر گىياھ ، ھەر دەرەخكە بېرىدۇ . ئۇنىڭ قوللىرى ، پۇتلىرى شۇنىڭ ئۈچۈن تىنىمسىز . لېكىن ، ئۇ ھەق ، مۇكاپات ۋە ياخشى جاۋاب تەلەپ قىلمايدۇ ، ئۇنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ ، ئويلاشنى نومۇس بىلىدۇ ، ئىنسان ئەخلاقى مانا مۇشۇلارنىڭ بەدىنىدە كۆكلەيدۇ . ئېچىنارلىقى شۇكى ، ئۇلار شۇ مەردلىكى ۋە ساداقىتىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ . نامرات دېھقانلارنىڭ تىلىكى ئۆز ئارامى ئەمەس ، باللىرىنىڭ ياخشى كۈنى ، باللىرى ئۇلارنىڭ يۈرىكى ، ھاياتى . ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىنىڭ مېغىزى . زىياۋۇدۇنىڭ نۇرى ، بەرا ئىسىملىك ئوغۇللىرى سالامەت قايتىپ كېلەلمىسە ، تۆت ئوغلىدىن ئايرىلغان ئاتا ئۈچۈن بۇ دۇنيادا خۇشاللىق ، لەززەت دېگەنلەرنىڭ سايىسىمۇ ، ئۇۋۇقىمۇ ، ئىزناسىمۇ قالمايدۇ . بۇ كۈرەش دېھقانغا مانا مۇشۇ خىل پاجىئەنى تەقدىم قىلىدۇ . بۇ خىل پاجىئە ھېسابىغا پۇل ۋە ھوقۇق ئىگىلىرى كېرىلىپ يۈرىدىغان بولىدۇ . «مىللەت» ، «دۆلەت» ، «ھاكىمىيەت» دېگەندەك گەپلەرنى دېھقان بىچارە شۇنىڭ ئۈچۈن

چۈشىنىشنى خالىمايدۇ . ئۇ زۇلۇم بولمىسا ، ئەمگەك مېۋىمىزنى تارتىۋالمىسا ، بىزنى خورلىمىسا ، گۇناھسىز بولسىمۇ تۈرمىلەرگە سالمىسا ، زەنجىر بىلەن باغلاپ قىينىمىسا ، بىزنى ئەمگەك قىلىپ كۈن ئېلىشقا قويسىلا بولاتتى ، دەپ ئويلايدۇ . بىچارە دېھقانىنىڭ تىلىكىمۇ كىيىمىدەك ئاددىي . تۆكۈلگەن قانلار ئۈزلىرىنىڭ گېلىدىن بوغمىسىلا ، ئۇلار ھەممىدىن رازى بولىدۇ ، دېھقانىنىڭ كۈننى قانچە ئەمەلدار ئويلايدىكىن ؟ ! ئەمەل تۇتقانلىكى ئادەم دېھقانىنى ئويلىسىدى ، بۇ دۇنيادا ئادالەت ، پاراغەت راۋاج تاپالىغان بولاتتى !…

لېكىن ، خەلپىتىممۇ نۇرغۇن ئىشلارنى چۈشەنمەيتتى . غوجام بىلەن قىلىشقان گەپلەرنى باشقا يەرلەردە ھەرگىز ئېغىزىدىن چىقىرالمايتتى…

ناشتىدىن كېيىن غېنى باتۇر پەيدا بولدى . ئۇ ئالا ئات مىنگەن ، ئاق كۆڭلەك ، ئاق قالپاق كىيگەن ، بىر توپ كانۋوي ، چېلىشچى ، ناخشىچى ، سازچى ۋە ئۇسسۇلچى ، قىزىقچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كىرىپ كەلدى . زىياۋۇدۇنلار ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنى ئېلىشتى .

غېنى باتۇر روھلانغان ، خۇشخۇي ئىدى . بۇ ھال خەلپىتىمگە يات ۋە ھەتتا يىرگىنچلىك تۇيۇلدى .

— ھە ، لەۋەي ، — دېدى غوجام تەنە قىلىپ ، — تاۋۇز قىزىل چىققان ئوخشىمامدۇ ـ ھە ؟

كۆپچىلىك قىيقاس سېلىپ كۈلۈشتى . ئەتىگەنلىك خۇشخۇي قۇياش شەھەرلىك مېھمانلارغا كۈلۈپ ، دەرەخلەر ئارىسىدىن ئاستا باش كۆتۈردى . يوپۇرماقلار شىلدىرلىشىپ قۇياش نۇرىدا يالتىرىدى . قىزارغان ئالمىلار قويۇق شاخلار ئارىسىدىن نومۇسچان قىزلاردەك سىڭار يان قاراشتى . چۈلۈقاي سەھرى تولىمۇ سالقىن ، پۇراقلىق ، بۇنداق ھاۋا شەھەردە يوق . تاغ گۈللىرى ۋە نەچچە يۈز يىللىق قارىغايلارنىڭ يىلتىزلىرىنى سۆيۈپ كەلگەن شوخ تاغ سۇلىرى گوياكى شەربەت . ئادەمنىڭ ئىچكۈسى كېلىدۇ .

خام قايماق، ھەسەل ـ شەربەتلىك مېۋىلەر ئىشتىھا ئاچقۇچى ئاچقۇچ. ئادەمنىڭ يېسە يېگۈسى، كۈلسە كۈلگۈسى كېلىدۇ. خەلپىتىمنىڭ تېنى ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك راھەتلەنمىگەن. «بىزگە تەۋە نېمەتنى ئىلاھىم زالىم ھۆكۈمرانلارغا تارتقۇزما، ئەزىز تۇپرىقىمىزغا زالىم ھۆكۈمرانلارنىڭ ئايىغى تەگمىگەي، ئەۋلاد ـ ئەۋلادىمىز ئانا تۇپرىقىمىزنىڭ لەززىتىنى كۆرگەي، ئىلاھىم يىگىتلىرىمىزنىڭ ئاققان قانلىرى خەيرلىك بولغاي...» ئۇ دۇئادا چىن يۈرىكىدىن ئىگىسىگە ئىلتىجا قىلدى.

— تېخىچە جىڭ بىلەن شىخونى ئالالمايدۇ، بۇ ئۆلۈكلەر! — دېدى غېنى باتۇر قايماقلىق چاينى سۇمۇرۇپ قويۇپ، — بەش ئاي بولدى جېڭنى قورشاپ ياتقىلى. شىخونىڭ بىر تال خىش ـ كېسەكى ئۆپرىغىنى يوق، بۇنداق ماڭساق ھېلىقى شىڭشىڭشىياغا بارغۇچە چاچلار ئاقىرىپ بولىدىغان ئوخشايدۇ!

— ئۆزۈڭ بارمىساڭ ئىش ئوڭشالمايدۇ!

— غېنىكا، سېنى كۆرمىسە دۈشمەننىڭ يۈرىكى مۇجۇلمايدۇ زادى.

— 1943 ـ يىلى كۆكتوقايدا ئوسمان، ئۆلۈغچاتتا ئىسھاقبېك، جىمىنەيدە موللائىسلام ئىسمايىلوف، ئىلىقىدا پاتىخ بىراقلا شىڭ شىسەيگە ئوق ئاتقان. بىرلا ئوسمان باتۇردىن باشقا قالغان ئۈچى مەغلۇپ بولدى. بىر يىلدىن كېيىن غېنىكام پاتىخقا قوشۇلۇۋىدى، بىز مانا غەلىبە قىلىپ مۇستەقىل ھۆكۈمەت قۇرۇۋالدۇق. قاراڭلار، تۆت مىللەت: ئىسھاقبېك قىرغىز، ئوسمان قازاق، پاتىخ تاتار، موللا ئىسلام ئۇيغۇر. تۆت مىللەتنىڭ ئىچىدە قازاق ئوسمانلا مەغلۇپ بولمىدى. غېنىكام ھەقىقىي خەلق قەھرىمانى، ئۇ قېتىلىۋىدى، مانا بۇ يەردە گومىنداڭ يوقالدى، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. غېنىكام بولمىسا غەلىبە بولمايدۇ. غېنىكام خۇدايىم بىزگە ئەۋەتكەن خۇدانىڭ شىرى ھەزرىتى ئەلى، شىخوغا غېنىكام بارمىسا راست گەپ، ئىسلام بايرىقى قادالمايدۇ. مۇشۇ خەلق قەھرىمانى غېنىكام ئۆزى بىر

www.uyghurkitap.com

بايراق . ئۇ بارغانلا يەردە نۇسرەت بار زادى!

— ها ـ ها ـ ها ··· پاھ ، گېزىتنىڭ ئادىمى سەندەك گەپدان بولىدىكەن ـ دە ! نەدىن كېلىدىكەن شۇنچە گەپ دەپ ھەيران بولاتتىم ، ساڭا ئوخشاش گەپ خالتىلىرى باركەن ئەمەسمۇ ، ئېتىڭ نېمىدا ؟

— تەخەللۇسۇم قەيسىرى !

— نېمانداق ئۇزۇن ئىسىم بۇ ، ئاتقا بوجا بولغۇدەكلا !

— ها ـ ها ـ ها !···

كۆپچىلىك يەنە چاقچاقنى باشلىۋەتتى :

— تۇرسۇنجاننى باغلاپ قويسا !

— غوپۇرغا پىلىك قىلغۇدەكلا !

— ها ـ ها ـ ها !···

— ھى ـ ھى ـ ھى !···

— مەن غېنىكامغا خۇشامەت قىلماقچى ئەمەسمەن ! — دەپ سۆزىنى يەنە باشلىدى ئاخشام نەدىندۇر مەست بولۇۋېلىپ بۇ يەرگە كەلگەن ، كاستۇم كىيىپ گالستۇك باغلىۋالغان ، بېشىغا كەپكە كىيىۋالغان ئورۇق ، قارىقۇمچاق يىگىت ، — بىز گېزىت خادىملىرى !···

— بولدى ھوي ، بۇيۇنچاقلىرىڭ قىڭغىر چىقىپ كېتىپتۇ تولا سۆزلەپ ! — دېدى غېنى باتۇر ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ ، — بولدى ، ساڭا بىر غونان مۇكاپات ، بولدىمۇ ئەمدى ؟

يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى .

— مەن شىخوغا ئاتلىنىمەن ، ھەربىي سوتنىڭ باشلىقى زالىم گومىنداڭلارنى سوتلىماي پۇقرانى سوتلامدا ؟ دۇتار ـ تەمبۇر ، ناخشا ـ پاخشا ، خوتۇن ـ پوتۇن دېگەن بىر تىيىن ، گومىنداڭنى يەر چىشلىتىش ھەممىدىن مۇھىم !

— ئوغۇل ، ياشاپ كەت غېنى !

— بارىكاللا باتۇرىمىز !

— خۇدا نۇسرەت ئاتا قىلغان !

ئاپىرىن ـ رەھمەتلەرگە قېرىلارنىڭ كۆز يېشى، ياشلارنىڭ قىيقاس ـ چۇقانلىرى قوشۇلدى:
— تەمبۇر تۇتقان قول مىلتىقمۇ تۇتالايدۇ!
— ھېچبولمىسا بىرىنىڭ پاچىقىنى چىشلىۋالىمىز دېگىنە!
— پىلتا بىلەن پارتلىتىپ! ...
يەنە كۈلكە!...
چاقچاق ئىچىگىمۇ قەيسەرلىك، قەسەم سىڭگەنىدى.
— سادىر پالۋاننىڭ ھېلىقى پىلتىسىدەك!
— كىمكەن مېنى توسۇيالايدىغان، پالىنوف دېگەن ئورۇستى بىلىمەن. مەن ئېمىشقا قوماندان بولالمايدىكەنمەن!
غېنى باتۇر گەپ قىلغاندا ھېچكىم ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋېتەلمەيدۇ. «راست»، «شۇنداق بولماي!» دېگەن گەپلەر ئۇنىڭغا مەدەت بولۇپ تۇرىدۇ.
— موسكۋادا ستالىن بىلەن كۆرۈشتىڭىزمۇ باتۇرۇم؟
— ھە، ۋاھ، پىكاپ بېرىپتەك ستالىن!
— ئورۇس قىزدىن بىرنى بېرىپتەك دېيىشىدىغۇ؟
— غېنىكامنى كۆرگەن ھەرقانداق ئورۇس قىزى كەينىگە كىرىۋالار!
— قايسى ھەزىلەك ئۇ، پىكاپ بېرىپتۇ دېگەن! — غېنى باتۇرنىڭ توم، سۈرلۈك ئاۋازى گۈركىرىدى. ئۇ ئۈچ ماڭۇق ياستۇقنى قولتۇقىغا قىسىپ يېنىچە يېتىپ تاپانچىسىنى چىقىرىۋىدى، ھەممە ئادەم غالىلداپ تىترىدى.
— لەۋەي، باتۇر، بۇ ئىشىڭىز!...
— ھاي، ھاي، باتۇر، سەۋر قىلىڭ!
غوجام بىلەن خەلپىتىممۇ ئۇنىڭغا يېلىندى. غېنى تاقىر بېشىنى سىلاپ قويۇپ تاپانچىسىنى تېرەكنىڭ بېشىغا توغرىلىدى. «ۋاڭ» قىلىۋىدى، ئادەملەر يېتىۋالدى، قاچتى، ۋارقىرىدى، بىرىمۇ كۈلمىدى. تېرەك بېشىدىن بىر قاغا پۇلاڭلاپ ئۇچۇپ چۈشتى.

— پوكىنىغا ! — دەپ ۋارقىرىدى غېنىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى پاكار ، كەمشۆكرەك قوۋان شاڭخو ئۆياققا قاراپ يۈگۈرۈپ.

— پاھ ، باتۇرنىڭ بىر تال ئوقى زايە بولمايدىكەن دېگەن گەپلەر راستىكەندە ، مانا كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق !

— غېنى باتۇرنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان مەرگەن يوق !

— باتۇر بارمىسا شىخو ، جىڭ ، ئاقسۇلىرىنىڭ ئۆيۈپ قالغان سۈتتەك تۇرۋېرىدۇ !

— ئېلىخان تۆرەم نېمە قىلىپ بېرەلەيتتى ، ئەسكەرلەرگە قۇرئان سۆيگۈزۈپ قەسەم ئىچۈرىدۇ شۇ !

— قەسەمنىڭ كۈچىمۇ قالتىس جۇمۇ ؟ !

— سوۋېت ئەسكەرلىرى ياپونىيىگە ھۇجۇم قىلغان كۈنى بىزنىڭكىلەر شىخوغا ھۇجۇم باشلايدىغان ئوخشىمامدۇ ؟

— ھەي مۇخبىر ئېيتقىنا : سوۋېت ياپونىيىگە قاچان ھۇجۇم باشلىدى ؟

— 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى .

— 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى سەھەردە مارشال ۋاسىلېۋسكى بىر مىليون يەتتە يۈز ئەللىك مىڭ قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى ، ئۈچ مىڭ تۆت يۈز ئايروپىلان ، بەش مىڭ بەش يۈز تانكا بىلەن تۆت تەرەپتىن ھۇجۇمنى باشلىۋەتتى . ياپونىيە يەتتە يۈز ئەللىك مىڭ ياپون ئەسكەر ، ئىككى يۈز ئەللىك مىڭ موڭغۇل ، مانجۇ قورچاق ئەسكەرلىرى بىلەن بىر مىليون كىشىلىك مۇداپىئە پىلانى تۈزۈۋىدى ، بىتچىت بولدى . ۋەتتۆەرىكى چىقىپ ئۆلۈشكە ئازلا قالدى .

— ئېيتقىنا مۇخبىر ، ياپونلارنىڭ نېمانچە جېنى چىڭ ، خىتايلاردەك ؟

— جېنى ئاز قالدى . مۇشۇ 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئامېرىكا ياپونلارنىڭ خىروسىما ئارىلىغا ئاتوم بومبا تاشلىدى . 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ناگاساكى دېگەن يېرىگە ئىككىنچى قېتىم ئاتوم بومبىسى تاشلىدى .

— پاھ ، سەنمۇ بىزنىڭ نۇرىدەك بىر كىتابكەنسەنغۇ ھۇي ، نېمە بومبا دېدىڭا ، ھە ئاتوم ، قانچىلىك كۇچى بار ، ئۇ ھېلىقى گېرمانكا گراناتتىنمۇ كۇچلۇكمۇ ؟

— بىر ئاتوم بومبىسىدا ئىككى يۇز مىڭ ئادەم ئۆلگەن !

— پاھھۇي ، پۈتۈن غۇلجا خەلقىدىن جىقكەن ـ ھە ، گرانات دېگىنىڭ كۆپ بولسا ، ئۇن ، بولمىسا بەش ـ ئالتە ئادەمنى ئۆلتۈرەلەيدۇ . ياپونىيىنىڭ ئانىسىنى قويۇپتۇ ـ دە ؟ !

— ياپونلار گۆرگە مېڭىشتىن بۇرۇن شىنجاڭدىن گومىنداڭنى سۇرۇپ چىقىرىدىغان گەپ ئىدى ـ دە !

— نېمىشقا ئالدىراتمايسىلەر ، غوجام ھۇي ؟

— غېنىكا ، سىز بارمىسىڭىز زادى تۇزەلمىگۇدەك ! — گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە ئۇلار جىم بولۇپ قېلىشتى . ھەممىلا ئادەم غەلىبىگە ئالدىرايتتى .

مانا خۇددى ئۇرۇشقا ماڭغاندەك ھەيۋەت بىلەن ئاتلىق ، خادىك ھارۋىلىق ئادەملەر تاغ باغرىدىكى گۇزەل يېزىدىن غۇلجا شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقتى . ئالدىدا قىرغىز قالپىقى ، قىڭغىر ياقىلىق ئاق كۆڭلەك كىيگەن غېنى باتۇر يوغان ئالا ئېتىنى قاتىرىتىپ ماڭماقتا . ئۇنىڭ يېنىدا ، كەينىدە ماڭغانلارنىڭ ئاتلىرى ئۆكىرەڭ تاشلاپ چاپاتتى . خادىكلەردىكىلەر بولسا دۇتار ـ تەمبۇر بىلەن ناخشا باشلىغۇەتكەن ، مەھەللە ئۆيلىرىدىن توپ ـ توپ ئايالLAR ، بالىلار چىقىشىپ ئۇلاردىن زوق ئېلىشاتتى . باش كۈزدىكى يېزا يوللىرى توپىلىق ، ئېرىق سۇلىرى يامرىغان ، ئەرلەر ئورمىدا ، چۇجە ـ خورازلار بەس ـ بەستە چىللىشىدىغان مەزگىل . بۇ چاغنىڭ ھاۋاسى تولىمۇ جانغا ئارام ، توپىلىرىنى دېمىسە !...

دەرۋەقە شۇنداق ، بەزىلەر ئويۇن ـ تاماشا بىلەن ئاۋارە بولسا ، بەزىلەر جەڭگاھنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلانماقتا . غېنى باتۇر ھۇجۇمغا تەقەززا بولۇپ ھەرقانچە چىچىلغىنى بىلەن ئۇرۇش ۋەزىيىتى ئۆز يولىدا داۋام قىلماقتا . چۆچەكتە كومپارتىيە بىلەن گومىنداڭنىڭ سۆھبىتى باشلاندى ؛ جەنۇبتىكى ئېگىز قەلئە — تاشقورغاندىمۇ

www.uyghurkitap.com

تۆرۈپ ـ تۆرۈپلا ئۇق ئاۋازى ئاڭلىنىدىغان بولدى؛ ئالتاي، تارباغاتايدىن ئاڭلىنىۋاتقان ھۆررا سادالىرى ئەلى ئۇغلانلىرىنىڭ غەيرىتىگە غەيرەت قوشماقتا. شۇغىنىسى، ئۇتەينىڭ ئېرىنسىدىكى تۆزلەڭلىككە جايلاشقان جىلغا بىلەن گومىنداڭ يىمىرىلمەس قورغان دەپ ئاتىغان شىخو ناھىيىسى باھادىرلارنىڭ يولىنى خۇددى بەھەيۋەت قورام تاشتەك توسۇپ تۇرۇپتۇ. ئاشۇ قورام تاشنى بىتچىت قىلىپ غەلىبىگە يول ئېچىش ئۇلۇغ ئىستەكلەرنى قەلبىگە پۈككەن شىر يۈرەك ئەزىمەتلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن. بولغۇسى شىددەتلىك جەڭلەردە كىملەر ھاياتىدىن ئايرىلىپ چۆل ـ باياۋانلاردا تۇپراققا ئايلىنىدۇ؟ كىملەر رەھىمسىز ئەجەلنىڭ چاڭگىلىدىن ئامان قىلىپ غەلىبە ۋىسالىغا يېتەلەيدۇ؟ بۇنىڭغا ھېچكىممۇ ئالدىن بىرنەرسە دېيەلمەيدۇ. لېكىن، شۇنىسى ئېنىق، ھېلىقى قورام تاش ھەرقانچە مۇستەھكەم بولسىمۇ، ئۇنى پارچىلاپ بىتچىت قىلىۋېتىش كېرەك! مانا بۇ يۈزمىڭلىغان خەلقنىڭ جەڭچىلەردىن كۈتكەن ئۈمىدى.

## 45

غوجا ھوشۇروف قالتىس كوماندىر ئىكەن. بەرا ئۇنى بارغانسېرى ياخشى كۆرمەكتە، خۇددى ئاكىسى نۇرىغا ئېتىقاد قىلغاندەك ئۇنىڭغىمۇ ئېتىقاد قىلىدىغان بولۇپ قالدى. دادىسى زىياۋۇدۇن ئەتىيازدىلا غوجا ھوشۇرغا ئوغلىنىڭ قولىنى تۇتقۇزۇپ:

— ئاڭلىسام قالتىس كوماندىر بوپسەن. كارۋان بېشى چېغىڭدا ماڭا جىق ياخشىلىق قىلىۋىدىڭ. مانا مۇنۇ ئوغلۇم بەرانى ساڭا بەردىم، ئات بېقىشقا ئۇستا، ئاشپەزلىككىمۇ ئۇستا. ئىككى ئىنىسىنىڭ قان قەرزىنى ئالمىسا بولمىغۇدەك! — دەپ تاپشۇرۇپ بەرگەندە، بۇ ئوتتۇرا بوي، قارا بۇرۇت، قارا قاش، قارا كۆز، ئاق يۈزلۈك ئادەم بەرانىڭ يىرىك، قوپال قوللىرىنى چىڭ تۇتۇپ:

— نەچچە ياش؟ — دەپ سورىۋىدى، بەرا ئەيمىنىپ:
— ئون سەككىز يېرىم! — دېگەنىدە، ئۇ:
— مېنىڭ چوڭ ئوغلۇممۇ ئون سەككىز ياش. ئۇمۇ ئەسكەر، بىر جۇپ ئوغلۇم بولسۇن، يىغلىما ـ هە! — دېگەنىدى.
مانا شۇنىڭدىن بېرى بەرا ئۇنىڭ كەينىدە، هازىر ئۇ غوجا هوشۇرغا شۇنچە ئېجىل، بىردەم كۆرمىسە چىدىيالمايدۇ، ئۇنىڭ ئــۆچۈن بۇ دۇنيادا غوجا هوشۇردىنمۇ بىلىملىك، قورقۇمسىز، كــۆيۈمچان ئادەم يوق. غوجا هوشۇر ئۇنىڭ ئۇچۇن پەيغەمبەر، ھەممىدە تۇگەل، ھەممىگە يارايدىغان باتۇر. غوجا هوشۇر ئاكىسى نۇرىدىن ئىككى دەرىجە تۆۋەن ئىنزۋوت كوماندىرى. ئاكىسى نۇرى باتاليون كوماندىرى. بەرا بۇ تەڭسىزلىككە نارازى. غوجا هوشۇر پولك كوماندىرى بولۇپ، مۇشۇ سۇيدۇڭ 1 ـ ئاتقۇچىلار پولكىغا مۇنۇ ئورۇق موگوتنوفنىڭ ئورنىغا چىققان بولسا توغرا بولاتتى. لــېكــىــن، تــۆت مــىڭ كىشىلىك پولكتا ئۇيغۇرلاردىن ئىنزۋوت كوماندىرى مۇشۇ هوشۇروفلا بار، شاۋكەت ئاپتومات ئىنزۋوتىنىڭ كوماندىرى. شاۋكەت ئىسىملىك يىگىرمە ئالتە ياشلىق تاتار يىگىت هــوشــۇروڧــقــا تەڭ كېلەلمەيدۇ. بەرا غوجا هوشۇروفنى قورال ئــىــشــلــىــتــىــشــتــا شاۋكەتتىنمۇ ئۇستۇن هېسابلايدۇ. ئۇ تاتار تۇرۇپ رۇســچــىــنــى غــوجــا هــوشــۇروفتەك سۆزلىيەلمەيدۇ. تانكىئاتار ملتىقنى ھېچكىم غوجا هوشۇروفتەك توچكىسىغا تەگكۈزەلمەيدۇ. هــېــچكىم ئۇنىڭ بىلەن تەڭ كېلەلمەيدۇ، نۇرى ئاكىسىمۇ تەڭ كېلەلمەس تېخى...
ئــۇ مــۇشــۇ هــوشــۇروف ئــىــنــزۋوتــىــدىــكــى جــەڭچىلەرنىڭ كىچىكلىرىنىڭ بىرى، يەنە بىرى هوشۇروفنىڭ ئوغلى ماهمۇت. ماهمۇت بەرادىن پاكار، لېكىن ئۇ سىپپىلغا چىقىشتا بەرادىن تېز. بىر تال پىچاق بىلەن هەر ـ هەر سىپىل تاملىرىغا پەلەمپەي ياساپ يامىشىپ چىقىپ كېتىۋېرىدۇ. ئەمما، ئېتىشتا بەراغا يەتمەيدۇ. بــەرا تــانــكــىــئــاتــاردىن گېرمانكا ملتىقىچە ھەممىنى توچكىغا تەگكۈزەلەيدۇ، بۇزۇپ ـ قۇراشتۇرالايدۇ، گراناتنىمۇ ماهمۇتتىن

كىتاب تورى پىتىكى
www.uyghurkitap.com

يىراققا ئاتالايدۇ ، ماھمۇت دادىسىدەك ئوتتۇرا بوي ، ئاپىسىدەك ئاق سېرىق بالا . بەراچۇ ؟ ھەممىلا ئادەم ئۇنى ئاپىسىغا ئوخشايدۇ ، دېيىشىدۇ . بەرانىڭ ئاپىسى چىرايلىق ئىدى ، بەرامۇ چىرايلىق بولسا كېرەك . بىر قېتىم سۇزۇك سۇدا ئۆزىنى كۆردى ؛ قاش – كۆز ، ئېغىز – بۇرۇن ، بوغداي ئۆڭلۈكى راستىنلا ئاپىسىنىڭكىدەك ، ئىككى مەڭزىدىكى زىنخلىرىچۇ تېخى ، خۇددى قويۇپ قويغاندەكلا ئاپىسىنىڭ ئۆزى ، بىرلا بويىنىڭ ئېگىزلىكى دادىسىنىڭكىدەك ، تىنىمسىزلىقمۇ شۇ .

مانا غوجا ھوشۇروف پولك كوماندىرى موگوتنوف بىلەن خېلى ئۇزاق سۆزلىشىپ ئالدىراپ باغقا كىردى . بۇ يەر شىخو شەھىرىدىن يەتمىش كىلومېتىر شەرقىي شىمالدىكى سەي – كۆكتات ، ئاشلىق تېرىلغان باسىخۇ دېگەن بىر يېزا . ھەممە يەرنى يۈز مېتىر يەردىن تۇخۇم كۆرۈنگۈدەك تۇپتۇز قىلىۋېتىپتۇ . ئۇلارنىڭ ئالدىدا چەيپەيزى دېگەن يەر بار . ئۇ يەردىن جەنۇبتىن ئېقىپ كەلگەن چەيپەيزى دەرياسى ئۆتىدۇ . دۇشمەن شۇ يەرنى بىرىنچى مۇداپىئە لىنىيىسى قىلىپ ، دەريانىڭ شىمالىغا چوڭقۇرلۇقى ئىككى مېتىر ، كەڭلىكى تۆت مېتىر خەندەك كولاپ سۇ بىلەن تولدۇرۇپ قويۇپتۇ . ئۇ يەردە دۈشمەننىڭ ئاشكارا ، يوشۇرۇن ئاكوپ ، دوت ، دزوتلىرى كۆپ . نەچچە ئايدىن بېرى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تەييارلىق قىلىپ بوگۇنكى كۈننى كۈتۈشكەن . بەرالارمۇ 5 – ئايدا چۆل ئېدىردا تاغقا چىقىش ، قورال ئېتىش ، ئۆمىلەش ، يوشۇرۇنۇش ، تاغقا يامىشىشقا ئوخشاش مەشقلەرنى كۈنىگە سەككىز – ئون سائەتتىن قىلىش جەريانىدا ، غوجا ھوشۇروف بۇ يەرنىڭ ئۇجۇر – بۇجۇرىنى قايتا – قايتىلاپ سۆزلەپ بەرگەن . كېيىن ئۇلار پىيادە كۈنىگە قىرىق كىلومېتىردىن يول مېڭىپ ، قۇدۇقتېرەك يولى بىلەن بورتالاغا ماڭغۇچە ھەربىر يەرنى چۈشەندۈرۈپ ماڭغانىدى . بورتالانىڭ تاشكۆۋرۈك دېگەن يېرىدە نەچچە مىڭ ئادەم يول بويىغا چىقىپ ئۇلارنى كۈتۈۋالدى . ھارۋا – ھارۋىدا قوغۇن – تاۋۇز ، مېۋە – چېۋە ، قېتىق – سۇزمە ، نان – توقاچ ،

داشقازاتلاردا گۆش - شورپا . ئۇلار تۆت ئايدىن بېرى بۇنداق تۆكمىچىلىكنى كۆرمىگەن . دۇئا - تىلاۋەت ، ناخشا - مەدھىيىلەر جەڭچىلەرنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ جانلاندۇرۇۋەتكەنىدى :

— ئۆلسەك شېھىت ، قالساق غازى ، ئۆلۈمۇ شان - شەرەپ ! — دېگەنىدى ماھمۇت ھاياجانلىنىپ . بەرامۇ شۇ كېچە ئۇخلىيالماي ، ھاياجاندا مۇشۇ بۇگۈنكى ھۇجۇم كۈنىنىڭ پاتراق كېلىشىنى خۇدادىن تىلىگەنىدى . شۇڭا ، بورتالادىن شەرققە ماڭغاندا سۇ تېپىلمايدىغان قىرىق كىلومېتىرلىق يولدىمۇ جەڭچىلەر زارلىمىغانىدى . ئۇزۇنبۇلاق دېگەن يەر تولى ناھىيىسىگە قارايدىكەن ، ياماتۇ ، تىيمىنگۇەن ، ئۇلانبۇلاق دېگەن يەرلەردە ئاجايىپ مەنىلىك ئۇچرىشىشلار بولغان . موڭغۇل ، قازاق دېگەن خەقلەرنىڭ مېھماندوستلۇقىغا بەرا شۇ يەرلەردە ھەيران قالغان . تولىلىقلار ئۆيۈر - ئۆيۈر يىلقىلارنى ھەيدەپ كېلىپ جەڭچىلەرگە تەقدىم قىلدى . ئۇلار ياۋىداق ئاتلارغا مىنىشتى . تويغۇچە گۆش يەپ ، ئوغلاق تارتىشىپ ئويناشتى . ئۇ بىر كۆڭۈللۈك سەپەر ئىدى . چۆل ئېدىردىن پىيادە ، ئاتلىق ئايلىنىپ بۇ چەيپەيزىگە كەلگۈچە ، توختىغانلا يەردە ئىزۋوت كوماندىرى غوجا ھوشۇرۇف جەڭچىلىرىگە كەلگەن يېرى ، بولىدىغان سوقۇش توغرىسىدا سۆزلەپ كەلدى . ئۇ زادى بىر سۆزنى ئىككى تەكرارلىمايتتى . ئۇنىڭ سۆزلىرى ئوچۇق ، ئاۋازى ياڭراق ، ئۆزى كۆيۈمچان ئىدى . ياتقاندا ھەربىر جەڭچىنىڭ پۈتنى ئېگىز يەرگە قويۇپ ياتقان - ياتمىغانلىقى ، مىلتىقىنى قائىدە بويىچە تۇتقان - تۇتمىغانلىقى دېگەندەك ئىشلارنى تەكشۈرۈپ چىقاتتى...

مانا ئۇ ئالدىراپ ئۆزىنىڭ ئىزۋوتىغا قاراپ كۆكرەك كېرىپ ، يەرنى چىڭ دەسسەپ ، تېز قەدەم ئېلىپ مېڭىپ كەلمەكتە .

— جەڭچىلەر دىققەت !

پۈتۈن ئەسكەرلەر مىلتىقلىرىنى يانلىرىدا تۇتۇپ تىك تۇرۇشتى .

— بۈگۈن 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى . بىز كۈتكەن كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى . بىز 1 ـ باتالىيون ھۇجۇم باشلايمىز . ۋاقتى كەلگەندە سىگنال بېرىلىدۇ . ئالدىمىزدا دۈشمەننىڭ قورالى خىل بىر پولك ئاتلىق ئەسكىرى بار . بىز پىيادە 1 ـ ئاتقۇچىلار پولكىنىڭ 1 ـ باتالىيونى بىرىنچى ھۇجۇمنى باشلايمىز !

سىنتەبىرنىڭ ھاۋاسى جانغا راھەت ، تەبىئىي ئورمانلىقتا ھۇۋقۇش ھۇۋلايدۇ ، نەلەردىدۇر ئىتلار ھاۋشىيدۇ ، ئەمما جاھان جىمجىت ، ھاۋا ئوچۇق ، ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلايدۇ ، ئايسىز ئاسماندا ۋەھىمىدىن دېرەك يوق ، ۋەھىمە يەردە ، مۇنۇ چەيپەيزىنىڭ چېتىدىكى ئورمانلىقتا . ئۇخلاشقا بۇيرۇق بېرىلگەن بولسىمۇ ھېچكىم ئۇخلىمىغانىدى .

— سۈيدۈك سىيىلگە دورا كۆمۈلگەن ، بىلەمسەن بەرا ، نەچچە تونا ؟ مىناميوتنى توقسان توققۇز قېتىم دورا بار يەرگە ئاتسىمۇ دورا پارتلىمىغان ، يۈزىنچى مىناميوت ئوقىدا پارتلىغان ، قانداق پارتلىغان بىلەمسەن ؟ پۈتۈن سۈيدۈك ، ياق ، پۈتۈن جاھان تىترەپ كەتكەن !

— سەن قورقمىغانما ؟

— دادامنىڭ قولتۇقىغا بېشىمنى تىقىپ ••• دادام بار يەردە ھەرگىز قورقمايمەن !

— مەنمۇ شۇ ، ھوشۇروف دادام ساڭا كېلىۋاتقان ئوقنىمۇ تورىۋالامدىكىن دەيمەن !

— قوچاقلاشما جەڭ بولۇپ قالسا قانداق قىلىسەن ؟

— ئۇنىمۇ بىلمەمدىمەن ! ھەرىكەت تېز ، بولۇپمۇ قول ـ پۇت ھەرىكىتى تېز بولۇش كېرەك . دۈشمەن ئاۋۋال نەيزە ئۇرىدۇ ، سەن مىلتىق نەيزىسى بىلەن كۆكرىكىڭگە كېلىۋاتقان نەيزىنى كۆچەپ ئۇرۇپ سىڭار يان كەتكۈزىسەن ، دۈشمەن قىيسىيىدۇ . سەن سول پۇتۇڭنى تېز يۆتكەپ غۇلاچلاپ تۇرۇپ دۈشمەننىڭ قۇلاق تۈۋىگە مىلتىق پاينىكى بىلەن ئۇرىسەن ، دۈشمەن يىقىلىشى بىلەن مەيدىسىگە نەيزە ئۇرىسەن .

— يىقىلمىسا ياكى سىگار يان كەتمىسىچۇ؟
— چاققانلىق بىلەن مانا مۇنداق، كۆكرىكىڭنى قوغدايسەن!
— هە، توغرا، بومبىنى قانداق چاغلاردا ئاتىسەن؟
— دۈشمەن پوتەي، دوت، دزوتلىرىنىڭ ئوق چىقىۋاتقان تۆشۈكىگە، ئۆيلەرگە كىرگەندە ئۆچرىغان دېرىزىگە، ئىشىكلەرگە، دۈشمەن ئوقى قويۇق بولۇپ كەتسە ئىس - تۈتەك پەيدا قىلىپ ئىلگىرىلەش ئۈچۈن ئالدىڭغا ئاتىسەن!
— ئۇنتۇما بەرا، تېزلىك ھەممىدىن مۇھىم.
— چاققانلىقمۇ مۇھىم!
— باتۇرلۇقچۇ؟
چىغ تۆۋىدە ئوڭدا ياتقان ئېگىز، قاۋۇل گەۋدىلىك تۇرغان ئۇلارنىڭ گېپىگە قوشۇلدى:
— بىلىپ قويۇڭلار، باتۇرلۇق ھەممىدىن مۇھىم. باتۇرلۇق قورقۇشنى بىلمەسلىك، ئۆلۈمنى ئويلاپمۇ قويماسلىق!
يىگىرمە بەش - يىگىرمە ئالتە ياشلاردىكى ئېغىر - بېسىق، كۆلۈپلا تۇرىدىغان بۇ يىگىت داڭلىق چېلىشچى ئىدى. بەرا ئۇنى دادىسى زىياۋۇدۇن بىلەن چېلىشقا چۈشسە قايسىسى يېڭەركىن دېگەننى كۆپ ئويلايتتى.
ئۇنىڭ بويى بىر مېتىر توقسان سانتىمېتىر كەلگىنى بىلەن كۆكرىكى دادىسىنىڭكىدىن كەڭ ئىدى.
— تۇرغانكا، توختى شاپ بۇرۇت بىلەن چېلىشالامسەن؟ — دەپ سورىدى ماھمۇت.
— قورقىمدۇ، — دېدى غوجا ھوشۇروفنىڭ مۇئاۋىنى، بويىمۇ، يېشىمۇ تۇرغان بىلەن تەڭ، تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى بىلەن داڭق چىقارغان تۇرسۇن ئىسمىلىك تۆمۈرچى گەپكە ئارىلىشىپ، — توختىكام چامباشچى، ئۇ دېگەن ھوشۇر دىۋانىنىڭ شاگىرتى. بىلەمسىلەر، ھوشۇر دىۋانە دېگەن ئاسماندا ئۇچالايدىغان چامباشچى ئىدى.
— ماگەۋاي! — دېدى بىرى بوم ئاۋاز بىلەن، — ئادەممۇ

www.uyghurkitap.com

ئۇچامدۇ؟ سەن تۇرسۇن خوتەك پاخپاق گەپنى تولا قىلىدىكەنسەن!

— نېمىگە چېچىلىسەنۇي توختىكا؟ — دېدى تۇرسۇن، — بوپتۇ، ئۇچمىسا سەكرەيدىغاندۇ؟

— مەنمۇ سەكرەيمەن، كالىنىڭ دۈمبىسىدىن قولۇمنى تەگكۈزمەي سەكرەلەيمەن. قانداق، خوتەك، گېپىڭ بارما؟

— ئۇنىڭ ئەڭ سىلىق گېپى مۇشۇ، — دېدى تۇرغان كۈلۈپ، — سەن تۇرسۇن زام ئىزۋوت، توختىكام ھۆرمەت قىلىپ شۇنچىلىك دېدى. بولمىسا ھېلىقى كۆت، ھېجىقىزدىن ئۇنى دەۋېتەتتى!

— سىلىق گەپ قىلىدىغان خېنىممىدىكاي، تۇرغان چىلىشچى دەپ قويسا كېرىلىپ كەتكىنىنى ماۋۇ ھېجىقىزنىڭ! — ئوتتۇز بەش ياشلاردىكى، مىجەزى چۇس، قويال توختى بازغاندىن ھەممە ئادەم ئەيمىنەتتى. بىرلا تۇرغان ئۇنى كۆزگە ئىلمايتتى. تۇرسۇن بىكار بولسىلا ئۇنىڭ ئاغزىنى تاتىلاپ قوپال گەپلىرىنى ئاڭلاپ خىرىلداپ كۈلەتتى. كۆزلىرى يالت ـ يۇلت قىلىپ تۇرىدىغان، دوغىلاق، گاڭگۇك چىراي، شاپ بۇرۇت توختى ئۇستا پىلىموتچى ئىدى. ئۇ بىلىلىكوف نامىلىق باتالىيون كوماندىرىدەك، بەش يۈز تال ئوقى بار ئىستانكىۋاي پىلىموتنىڭ پلاشاتكىسىنى چاققان پىرقىرىتىپ پەنەركىگە «توختى» دېگەن ئىسمىنى يېزىپ چىقىشنى مەشىق قىلماقتا ئىدى.

— خاخۇل قىلالايدۇ، مەن نېمىشقا قىلالمايمەن؟ — دەيتتى ئۇ تېرىكىپ ـ چېچىلىپ غوجا ھوشۇروفقا، — ئورۇستىن قالغان جاننى ئىتقا تاشلاپ بېرىمەن!

توختى ئاغزىنى بۇزۇپ تۇرغاننى تىللاۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ يېنىغا غوجا ھوشۇروف كەلدى:

— ئۇخلاڭلار، يىگىتلەر، بىر سائەت بولسىمۇ كۆز يۇمۇۋېلىڭلار!

— بىرەر يۈزنى دوملىتىپ كۆز يۇمارمىز! — دېدى توختى چاقچاق قىلىپ، — بۇ پالىنوف دېگەنمۇ تازا توخۇ يۈرەك نېمىكەن.

نېمىشقا شىخوغا ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلماي نە ـ نەلەرنى ئايلىنىپ بۇ يەرگە كەلدۇق ؟

— سەۋەبى كۆپ قېتىم دېيىلدىغۇ ، توختاخۇن ، — دېدى غوجا ھوشۇروق دانە ـ دانە قىلىپ سۆزلەپ ، — شىخوتىڭ غەربى تىك يارلىق ، تۇزلەڭ ؛ جەنۇبى تاكى تاغقا بارغۇچە چۆل ، دالدا بولغۇدەك گىياھمۇ يوق . شەرقى كۇيتۇن دەرياسى ، قىيىن . پەقەتلا مۇشۇ شىمال تەرىپىلا ھۇجۇمىغا ئەپلىك ، تەبىئىي ئورمان ، يېزىلار ، دەريا ـ ئۆستەڭلەر بار . دالدا قىلغۇدەك جايلار كۆپ !

— جان تاتلىق دەڭە ، كوماندىر ئىززۆوت ؟ — دەپ چاقچاق قىلدى توختى باشلىقىغا ، — جانغا چىدىمىغان ئوغۇل بالا بۇ يەرگە كېلىپ نېمە قىلغۇلۇق !

— سىلەردەك بازغانچىلار جاندىن بىرنەچچىنى زاپاس سوقۇۋالىسىلەر ـ دە ! — دېدى تۇرغان كولۇپ ، — بىزگە خۇدايىم بىرلا جان بەرگەن ، جايىغا ئىشلەتمىسەك بولمايدۇ ـ دە !

— ئىبىشەك ئۆلسە تەخىيى بار ، — دېدى توختى قوپال ۋارقىراپ .

— ۋايىەي ، ئايىساڭمۇ ، ئايىمىساڭمۇ خۇدانىڭ ئالغۇسى كەلسە سەندىن سوراپ ئولتۇرمايدۇ ! ئاكوپ ، پوتەي دېگەنلەر كۆڭلەكتەك بىرنېمىلەر ، كۆڭلەك بىلەن قەھرىتاننىڭ سوغۇقىنى توسۇيالمايسەن ، رىزقىڭ بولسا قوماچ قورۇغاندەك پاراسلاپ تۇرغان ئوق ئارىسىدىمۇ ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك ساق ئوق تەگمەيدۇ !

— قېنى كۆرىمىز ، بۇگۇنكى سوقۇشتا ئۆردەك بولامسەن ، بېلىق بولامسەن كۆرىمىز !

— ئوقنى تۇتۇۋالدۇ توختاخۇن ، راستمۇ ھەي ؟

— تۇتۇۋېلىپ قايتۇرۇپ ئاتالايدۇ دېگىنە !

— ھا ـ ھا ـ ھا !

— ھى ـ ھى ـ ھى !

ئەجەل قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدا ، ئۇلاردىن قايسىلىرى قۇربان بولۇپ قايسىلىرى قالىدۇ ، بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ .

ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىدە ئاتا ـ ئانا، خوتۇن ـ باللىرى، ئۇلارنىڭ بىردىنبىر تىلىكى بۇ پىدائىيلار بىلەن تىرىك دىدارلىشىش. لېكىن، مۇنۇ پىدائىيلار خۇددى ئۆلۈمنى ئۇنتۇپ قېلىشقاندەك ئاتا ـ ئانا، بالا ـ چاقىلىرىنىمۇ ئۇنتۇشقان. ئۇلار گويا بۇ يىراق سەھراغا ساياھەتكە كەلگەندەك، گويا ئەتە ھەربىرىنىڭ تويى بولىدىغاندەك، گويا ئۇلارنى بىر خۇشاللىق كۈتۈۋاتقاندەك ياكى گويا ئۇلار ھەممە باتۇرلۇقلىرىنى ۋايىگە يەتكۈزۈپ بىرىنچى دەرىجىلىك ئىستىقلالىيەت ئوردېنلىرىنى ئېلىپ بولۇشقاندەك، دۇنيادىن بىغەم، روھلۇق، خۇشال، بىپەرۋا.

— بىردەمدىن كېيىن جەڭگە كىرىمىز ـ ھە! — كىمدۇر بىر چوڭ ياشلىق ئادەم ۋارقىرىدى، — ئىككى رەكەتتىن ناماز ئوقۇپ بىر ـ بىرىمىز بىلەن خوشلىشىۋالايلى!

— كۆتە يوق، بۇ پەتىۋايىڭنى! — دەپ ۋارقىرىدى توختى، — ئۆلۈمگە ماڭغانلارنىڭ ئىشى ئۇ. بىز دېگەن ئۆلتۈرگىلى كېتىۋاتىمىز!

— جان بار يەردە قازا بار توختەم، دۈشمەنمۇ مەرگەن، ئۇنىڭ ئوقىمۇ جان ئالىدۇ جۇمۇ!

— ئۆلۈمدىن قورقىساڭ ھازىرلا قايت، مەن ئالدىراپ كېتىۋاتىمەن، موگوتنوف ئۇخلاپ قالمىغاندۇر ـ ھە، غوجا ھوشۇروف؟

بەرا بىرىنچى قېتىم سوقۇشقا كىرىدۇ، ئۇ ئادەمگە قارىتىپ مىلتىق ئاتىدۇ، گراناتا تاشلايدۇ، ئۇ ئادەم ئولتۇرىدۇ. بۇ يېزىسىدىن چىقمىغان، ئېتىزدا بۇيا چېپىپ، بۇغداي ئوتىغاندىن باشقا جانغا ئازار بەرمىگەن بالا ئەمدى ئادەم ئۆلتۈرىدۇ. تۆت ئايدىن بېرى ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈشنى ئۆگەندىمۇ ياكى جان ساقلاش — ئۆزىنى قوغداشنىمۇ؟ ئۇنىڭ زادىلا ئۆلگۈسى يوق. مۇنۇ سۆيۈملۈك ئادەملەرنىڭمۇ ئۆلۈشىنى خالىمايدۇ. ئۇ مېھرىبان دادىسىنىڭ سولغۇن چىرايىنى، ئۇنىڭ غۇرۇرى بولغان نۇرى ئاكىسىنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدىكى خۇشاللىق ئۇچقۇنلىرىنى، كىچىك

سىڭلىسىنىڭ ئوماق بۇدرۇق مەڭزىگە سۆيۈپ قويۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇلارنى كۆرمىگىلى مانا بەش ئاي بولدى. چۆل ئىچىدىن ئۇرى بىر قېتىم ئۇنى كۆرگىلى كەلدى. ئاكىسىغا ھەربىي كىيىم - ئوردېنلار ئەجەب يارىشىپتۇ. ئاكىسىنىڭ چىرايلىق قارا بۇرۇتى ئۇنىڭغا تولىمۇ ياققانىدى.

— كوماندىرىڭ سېنى ماختىدى بەرا، يارايسەن، دەرانىڭ قىساسى ساڭا ۋەزىپە، بىرگە ئون! — دەپ ئىنىسىنىڭ مۇرىسىگە قولىنى قويدى ئۇرى كۈلۈمسىرەپ، — سالامەت كۆرۈشەيلى!

ئۇ بەرانى چىڭ قۇچاقلىدى ۋە ئالدىراپ ئېتىغا مىنىپ قايرىلىپ قارىمايلا كەتتى. بۇ خوشلىشىش ئاخىرقى بولۇپ قالمىسۇن، بەرا قۇربان بولۇشىمۇ، شېھىت بولۇشىمۇ، جەننەتتە كۆرۈشۈشىمۇ خالىمايدۇ. ئۇ ھايات قېلىشنىلا خالايدۇ!

ئەتراپ جىمىدى، تەرەپ - تەرەپتىن خورەك ئاڭلاندى. ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلىماقتا، ئىللىق شامال يۇزلەرنى سىيپىماقتا، گۈزەل تەبىئەت قۇچىقىدىكى باللىرىنى مېھرىبان ئانىدەك پەپىلەپ ئۇخلاتماقتا. بەرا قېرى قارىياغاچلار بىلەن تولغان بېغىنى، كېچىلىرى شارقىراپ مەھەللىنى ئۇخلاتمىدىغان شوخ ئۆستەڭنى، ئىشىكى ئالدىدىكى چىغىرتماقلىق، توپا ئېلىپ پەيدا بولغان ئازگاللارغا تولغان سۇ، پاقىلار، قۇمچاقلارنى، ئۆيىدىكى سېغىزغان ئۇۋىسىدا ئانىسىغا ئىنتىلىپ تىللىرىنى چىقىرىپ چىرىلداشقان قارلىغاچ باللىرىنى، قېلىن قارىياغاچلىق ئارىسىدا تۇخۇمىدىن چىقىشقان، كىچىككىنە تۈرۈپلا ياۋىلىشىپ كەتكەن چۈجىلەرنىڭ سادىر قورقۇپ چۆپلەر ئارىسىغا شۇڭغۇشلىرىنى ... ھاياتلىق ئۇچۇن بولۇۋاتقان ئىنتىلىشلەرنىڭ ئۆزى بىلىدىغان مەنزىرىلىرىنى بىرمۇبىر ئەسلىدى. ئۇنى تۈرۈپلا سۇر باستى.

— ماھمۇت! — دېدى ئۇ يېنىدا ياتقان دوستىغا ئاستا پىچىرلاپ، — مەن ئۆلۈپ كەتسەم كىيىملىرىمنى دادامغا تاپشۇرۇپ بەرگىن. ئىچ كىيىملىرىمنىمۇ ئۇنتۇما جۇمۇ!

— سارالڭ! — دېدى ماھمۇت ئاستا، — دادام دېدىغۇ،

www.uyghurkitap.com

ئۆلۈمنى زادى ئويلىما دەپ . قورققاقلار ئۆلۈمنى ئويلايدۇ .

— مەن قورقۇۋاتىمەن ، ماھمۇت ! — بەرانىڭ ئاۋازى ئىترەپ چىقتى .

نەق شۇ چاغدا ھۇجۇم بەلگىسى — جەڭ سىگنالى چېلىندى .

1945 - يىلى 2 - سىنتەبىر تاڭ سەھەردە مىنامىيوتلار ، ئۆچ پۇتلۇق ستانكىۋاي ، ماكسىمكا ، كروگلى كالىبىرغا ئوخشاش ئېغىر قوراللار ، مىلتىق ، ئاپتوماتلار بىراقلا ئېتىلدى . بۇ چاغدا بەرا ھەممىنى ئۇنتۇدى . ئۇ مىلتىقىنى ئۆگەنگىنى بويىچە ئۆمىلەپ ، ئالدىغا مېڭىپ تۇرۇپ ئېتىۋەردى . ھېچكىمنى كۆرمەي تۇرۇپلا چەيپەيزە دەرياسى تەرەپكە ئىلگىرىلەپ ئوق ئاتتى . ئەمدى ئۇنىڭ قۇلىقىغا ھېچ ئاۋاز كىرمىدى . ئۇنىڭ ئەس - خىيالى كۆل رەڭ ماتادىن ئىشتان - چاپان كىيگەن ، پۇتىغا گوجەي ئوراپ خەي كىيىۋالغان سوغۇق تەلەت دۈشمەن كۆرۈنسىدى دېگەن ئىشقىلا مەركەزلەشتى .

ئىككى تەرەپتىن ئېتىلىۋاتقان ئوقلار ۋىژ - ۋىژ ، چىۋ - چىۋ قىلىپ ئۇچماقتا . قارشى تەرىپىدىكىلەرنى ئۆلتۈرۈشتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان بىر نەچچە مىڭ ئادەم ۋارقىرىماقتا ، ئىلگىرىلىمەكتە ، ئاتماقتا . مانا بۇ سوقۇش !

... دۇنيادا نەق مۇشۇ كۆن سوقۇش تۈگىگەنىدى .

ئامېرىكا ترومىن ھۆكۈمىتى قانچە نارازى بولسىمۇ ، ستالىن ئاخىر جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال رايونىغا مارشال ۋاسىلىۋسكىي قوماندانلىقىدا بىر يېرىم مىليوندىن كۆپ ئەسكەر (يەنى سەكسەن دىۋىزىيە ) ، ئۆچ مىڭ تۆت يۈز ئايروپىلان ، بەش مىڭ بەش يۈزدىن كۆپ تانكا بىلەن ياپونىيىنىڭ كانتون ئارمىيىسىنى يوقىتىش ئۈچۈن تۆت تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ كىردى . ئامېرىكا ئىككى قېتىم ئاتوم بومبىسى تاشلاپ ، ياپونىيىگە زەربە بېرىپ ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھەيۋە قىلغان بولسىمۇ ستالىن ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمىدى ، ھودۇقۇپمۇ ، قورقۇپمۇ قالمىدى . ئۇ ئاسىيادىمۇ ئۆز ئۈستۈنلۈكىنى ساقلاش ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقتى .

ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشۇپ ماۋ زېدۇڭ شەرقىي شىمال، شىمالىي جۇڭگو تۈزلەڭلىكى ۋە باشقا جايلاردا ياپونلارغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى. 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بىر يۈز نەچچە مىڭ دۈشمەننى يوقىتىپ، يۈز مىڭغا يېقىن مىلتىق، بىر مىڭ بەش يۈزدىن ئارتۇق مىناميوت، پىلىموت، ئۈچ يۈزدىن كۆپ زەمبىرەك غەنىيمەت ئېلىپ، يۈزدىن جىق شەھەرنى ئازاد قىلدى. ئۇلارنىڭ قايتۇرۇۋالغان يېرى ئىككى يۈز مىڭ كۋادرات كىلومېتىرغا يېتەي دېدى.

جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى ئوكامۇرا نېيجى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولماقتا. ئۇ جۇڭگودىكى سەككىز يىللىق ئۇرۇشتا بىر مىليون ئۈچ يۈز ئوتتۇز مىڭ ئەسكىرىدىن ئايرىلدى.

گىتلېرچۇ؟ مۇسسولىنىچۇ؟

شىخونى يىمىرىلمەس قورغان دەپ كۆرەڭلىگەن گومىنداڭ گېنېرالى شيې يېفېڭ 2 - كورپۇسىنىڭ قوماندانلىق شتابىدا ھازىر نېمە ھالدىكىن؟ ئۇ ئۆزىگە بىۋاستە قاراشلىق قىسىملاردىن باشقا 7 - دىۋىزىيىنىڭ بىر پولكى، ئالاھىدە پولكنىڭ بىر باتالىيونى، بىرونېۋۈك روتىسى، ئېغىر پىلىموت روتىسى، زېنىت ئەترىتى، ماشىنا پولكىنىڭ بىر قىسىمدىن كەلگەن ھەربىي كۈچى بىلەن ئاشۇ سۇ تولدۇرۇلغان ئاكوپلار، پوتەيلەر، مىنالار، يەر ئاستى بىنادازلىرى، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇلۇشلىرىنى «پولات قورغان» ھېسابلاپ، گىتلېر، ئوكامۇرالارنىڭ ئاقىۋىتىگە قېلىشنى ئويلاپمۇ قويمىغانمىدۇ؟

1945 - يىلى ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرىدا شىخوغا ھۇجۇم قىلغۇچى قىسىملارنىڭ باش قوماندانى، يۇقىرىقى مۇلاھىزىلەرنىڭ ئىگىسى گېنېرال پالىنوف ئۇلانبۇلاقتا سۇيدۇڭ 1 - ئاتقۇچى پولكى، تارباغاتاي 6 - ئاتلىق پولكى، موڭغۇل دىۋىزىيونى، كامىندانتىسكىي دىۋىزىيونى ۋە مىناميوت روتىسىنىڭ باشلىقلىرى

بىلەن يېغىن ئېچىپ، ئومۇمىي ھۇجۇمنىڭ ۋاقتى، پىلان - قەدەملىرىنى كېلىشىپ بولغان. ئۇلار 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن باشلاپ شىخوغا يۈرۈش قىلغانىدى. مانا بۇ تۆت مىڭ كىشىلىك جەڭگىۋار قوشۇن بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرماقتا. تارباغاتاي ئاتلىق پولكى بىلەن موڭغۇل دىۋىزىيونى بۇرناكۇن دۈشمەن ئايروپىلانلىرىنىڭ ئۈزۈلدۈرمەي ئوققا تۇتۇپ، بومباردىمان قىلىشلىرىغا ئۇچرىدى، لېكىن ئۇلار كەينىگە يانمىدى. رازۋېدكا ئىنزۇوتى چەيپەيزىگە ئون بەش كىلومېتىر قالغاندا، دۈشمەن بۆكتۈرمىسىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالدى. ئىككى جەڭچى قۇربان بولدى، ئون بىر نەپىرى يارىدار بولدى. لېكىن، ئۇلار بىر قەدەممۇ چېكىنمەي جەڭ قىلدى. ئاخىر كەينىدىن كەلگەن قازىقان پولكىنىڭ ئالدىن يۈرەر ئىسكادرونىنىڭ ياردىمى بىلەن دۈشمەننى تارمار قىلالىدى. دۈشمەننىڭ يۈز ئەسكىرى ئۆلۈپ، قىرىق يەتتە نەپىرى ئەسىرگە چۈشتى.

مانا ھازىر تارباغاتاي 6 - ئاتلىق پولكىمۇ، موڭغۇل دىۋىزىيونىمۇ شىخودىن قىرىق كىلومېتىرچە شىمالغا جايلاشقان دۈشمەننىڭ ئالدىنقى ئىستىھكامى چەيپەيزىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرماقتا.

چەيپەيزى شىخودىن دۆربىلجىن ھەم ئالتايغا بارىدىغان تاشيول ئۈستىگە جايلاشقان. بۇ يەردىكى گومىنداڭ ئاتلىق پولكى پۈتەي ۋە يەر ئاستى بېلىنداژلارغا نۇرغۇن ئىشلىگەن، ئاكوپلار تۇتاشتۇرۇلغان. خەندەكلەر سۇ بىلەن تولدۇرۇلغان. بۇ يەرنىڭ ھەربىر ماڭدىمىدا مىنا بار. ھۇجۇم قىلماق قىيىن. لېكىن، بۇ يەرگە چوقۇم ھۇجۇم قىلىش كېرەك. گومىنداڭ خەلقنىڭ كۈچىنى مۇشۇ يەردە سىناپ باقماقچى. 31 - ئاۋغۇست چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ھەربىي بۇيرۇق بۆلۈمى، ھەربىي تەلىم - تەربىيە بۆلۈمى، ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى نەنجىڭ شەھىرىدە مەخسۇس شىنجاڭ باندىتلىرىنى تازىلاش مەسىلىسى توغرىسىدا

بىرلەشمە يىغىن ئۆتكۈزدى. يىغىن مۇنۇلارنى قارار قىلدى: باندىتلارنى چوقۇم، ئۈزۈل - كېسىل تازىلاش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن: ① باندىتلارنى تازىلاشتا مۇكەممەل پىلان، پروگرامما تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنى ھەممە ئىشتا مىزان قىلىش؛ ② تەمىنات ۋە دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىشتا ئېتىبار بېرىش؛ ③ لەنجۇدىكى ئون مىڭ نەپەر يېڭى ئەسكەرنى خېشى ۋە قۇمۇلغا ئاپىرىپ نۇقتىلىق تەربىيىلەپ مەشىق قىلدۇرۇش، ئۇلارنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى قوماندان جۇ شاۋلياڭغا بېرىش؛ ④ ھاۋا ئارمىيىسىنى كۈچەيتىش ئىشىنى كومىتېت باشلىقى جانابلىرىنىڭ قارار قىلىشىغا سۇنۇش؛ ⑤ ئىلىغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىشنى ۋاقتىنچە كېچىكتۈرۈش؛ ⑥ كۆپەيتىپ ئەۋەتىلگەن 12D ۋە K7D قىسىملىرىنى شىنجاڭدىكى ھەربىي قىسىملارنىڭ تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىنكى ھەربىي نومۇرى ئورنىغا دەسسىتىش؛ ⑦ شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى سابىق قىسىملاردىن بولغان ئالتە پىيادە دىۋىزىيە، تۆت ئاتلىق دىۋىزىيىنى رايونلارنى بىرلىك قىلىپ سەككىز دىۋىزىيىگە ئايرىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا كۇچا - ئاقسۇ رايونى، شىخو رايونى، سارسۇمبە رايونى، يەتتىقۇدۇق رايونى (بوغدا تېغى بىلەن بارىكۆل تېغى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بىر يەر، لەنجۇ - شىنجاڭ تاشيولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى)، جىڭ رايونى، قەشقەر رايونى، گۇچۇڭ رايونى، تۇرپان - قاراشەھەر رايونلىرىدا تۇرغۇزۇش؛ ⑧ ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئوزۇق - تۈلۈك، ئوق - دورىلىرىنى تاشلىشى ئۈچۈن لازىم بولىدىغان پاراشوتلىرىنى ھەربىي بۇيرۇق بۆلۈمى 1 - نازارەت 3 - باشقارمىسى مەسئۇل بولۇپ بېجىرىشى كېرەك[1]!

چەيپەيزىدىن باشلىنىدىغان بۇ ئۇرۇش بىر قېتىملىق كۈچ سىنىشىش، كەلگۈسىنىڭ زور قەدەملىرىگە مۇناسىۋەتلىك، تىركەشكەن ئىككى قارىمۇقارشى كۈچنىڭ غورۇرى ۋە ئىستىقبالىغا

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» 134 - ، 135 - بەتلەرگە قارالسۇن.

www.uyghurkitap.com

تاقىلىدىغان ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش ئىدى .

بۇ مەيداننىڭ باش قوماندانى — سېمىز ، يېشى ئەللىكتىن ئاشقان بولسىمۇ ھەربىيلەرگە خاس چەبدەسلىكى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدىغان ، سارغۇچ ھەربىيچە كىيىم كىيگەن پالىنوف بۇيرۇق بېرىشتىن بۇرۇن ئۆز كۈچىنى دۈشمەن كۈچىگە سېلىشتۇردى ، ئۆز ئىشەنچىنى سىناپ كۆردى . ئۇ مېنىڭ ئۇلاردىن ئۇستۇن يېرىم شۇ ، مەن ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان ، بەلكى ھەققانىيەت يولىدا ئۆلسە شەرەپ ھېس قىلىدىغانلارنىڭ قوماندانى ، دېگەننى ئويلىدى ـ دە ، سائىتىگە قارىدى .

ئاچچىق كۆز شاملى ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇردى . ئۇ ئوتتۇرا يۆنىلىشنىڭ باش قوماندانى ، غۇلجا 2 ـ ، 4 ـ پولكلىرى ، سۈيدۈڭ 1 ـ پولك ، تېكەس 1 ـ ئاتلىق پولك ، موڭغۇل دىۋىزىيون ، خۇيزۇ دىۋىزىيون ، كامىندانتىسكىي دىۋىزىيون ، تارباغاتاي 6 ـ ئاتلىق پولك ، ئارتىمىن دىۋىزىيونلار قوشۇلۇپ سەككىز مىڭ ئەتراپىدىكى ئادىمى بىلەن بىرىنچى قەدەمدە (بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا ) جىڭنى ئېلىشى ، ئىككىنچى قەدەمدە ماناس ، ئۈرۈمچىنى ، ئۈچىنچى قەدەمدە ئىككى قانات ھاسىل قىلىپ ئوڭ قانىتى تۇرپان ، توقسۇن ، قاراشەھەرلەرنى ئىشغال قىلىپ ، جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتۈپ ئاقسۇ ، تاشقورغان پارتىزانلىرى بىلەن ماسلىشىپ ، پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىشغال قىلىشى ؛ سول قانىتى قۇمۇلغا يۈرۈش قىلىپ ئالتاي ئاتلىق پولكى ، ئالتاي پارتىزانلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن گۇچۇڭ ، باركۆللەرنى ئىگىلىشى لازىم . ئۇنىڭ قوشۇنى ئۇرۇشتا زورىيىشى ، ئۇنىڭ ھۆرمەت ، ئىناۋىتىمۇ ئۇرۇشتا كامالەت تېپىشى كېرەك . ئۇنىڭ بۇ يۈرۈشلىرىگە موسكۋا قانداق ئىنكاس بىلدۈرەركىن ؟ ھازىر موسكۋا ياپونىيىنى تەسلىم قىلدۇرۇش ھەلەكچىلىكىدە . پالىنوفنىڭ دۈشمىنى شىنجاڭ خەلقىنىڭ دۈشمىنى بولغىنى بىلەن ، ھازىر سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ دۈشمىنى بولماي قېلىۋاتىدۇ ، جياڭ جيېشى ھەدەپ ئامېرىكىنى سالاچىلىققا سېلىپ ، ستالىننى ئۆزىگە تارتىشقا تىرىشىۋاتىدۇ . لېكىن ، ستالىن

ئاسىيادا ئۆز ئۇستۇنلۇكىنى ساقلاپ قېلىشنى تولىمۇ مۇھىم ھېسابلايدۇ . چۈنكى ، ئامېرىكا جياڭ جيېشىنىڭ قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇشىغا ياردەم قىلىپ ، پۈتۈن ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا مۇشۇ دۆلەتكە تايانماقچى . ئامېرىكا بىلەن جياڭ جيېشى ستالىننى ، ئۇنىڭ سوتسىيالىزم دۆلىتىنى بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ دۈشمىنى ھېسابلىغانىكەن ، ستالىنمۇ ترومىن ، جياڭ جيېشى ئىتتىپاقىغا ھەرگىز سەل قارىمايدۇ . ئۇ ھېچبولمىغاندا مۇنۇ شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى ، مانجۇرىيە ھۆكۈمىتى ، تاشقى موڭغۇلىيە ھۆكۈمەتلىرىنى پەيدا قىلىپ ، كۈچەيتىپ ، ئۇنى ئاسىيادا دۈشمەنلىرىگە تاقابىل تۇرىدىغان ئالدىنقى قاراۋۇل قىلىدۇ . پالىنوف ستالىنغا سادىق بولسىلا زىيان تارتمايدۇ ، شان ـ شەرەپ ، ئالىي ھۆرمەت ، بۈيۈك نام ئۇنىڭ ئالدىدا ، ئۇ بۇ جەڭلەردە مەيلى قانچىلىك قۇربان بېرىشلەر بولسىمۇ غەلىبە قازىنىشى كېرەك !

تىنچ ئاسماندا ئۈچ پاي ئوق — راكېتا كۆرۈندى . بۇ ھۇجۇم بەلگىسى . ھۇجۇم بەلگىسى بىلەن جىمجىت دالا جانلاندى .

جىمجىت جاھان گۈمبۈرلىگەن ، ۋىژىلدىغان ، چىۋىلدىغان ، گۈركىرىگەن ، ۋاڭ ـ چۇڭ ، تاراق ـ تۇرۇق ، گۈمباڭ ـ گۈم… ئەڭ قورقۇنچلۇق ، ئەڭ ھەيۋەتلىك ئاۋازلار بىلەن تولدى . ئاسماندا ئۇچقۇنلار ۋىژىلداپ ئۇچماقتا . بۇ ئوتلار ئەجەل . ھەممە ئاۋاز ، ھەممە ئۇچار ئوتلار ئادەملەرگە قارىتىلغان ، قوماندان نېرىدا بولغىنى بىلەن ، ئەسكەرلەر ئاشۇ ئەجەل ئوقلىرىنىڭ ئىچىدە . ئۇلار دوملاپ ، يەرگە چاپلىشىپ ، سېكۇنتمۇ بىخۇدلۇق قىلماي ، پۈتۈن زېھنى ، كۈچى بىلەن ئۆز جېنىنى قوغداپ ، قورالىدىن ئوق چىقىرىشقا تىرىشماقتا . جەڭ مانا شۇنداق سېكۇنتلۇق خاتا ھەرىكەت ھېسابىغا بىر جان ھاياتلىق بابىدىن مەڭگۈ ئۆچۈپ كېتىدىغان ، بىر مىنۇتلۇق خاتا بۇيرۇق بىلەن نەچچە يۈزلىگەن ئەزىز جانلار مەڭگۈلۈك تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىدىغان ، جان بىلەن ئوينىلىدىغان بىر خىل تەلەي سىناش پائالىيىتى . ھازىر ئوق ئېتىۋاتقان ، ئالغا

قاراپ سېكونتسېرى ئىلگىرىلەۋاتقان تۆت ـ بەش مىڭ جاننىڭ تەقدىرى مۇشۇ پالىنوفنىڭ قولىدا . ئۇ تۈنۈگۈن ئون سەككىز ياشلىق ، ئەمدىلا بۇرۇتلىرى خەت تارتقان ئىككى چىرايلىق ئويغۇر بالىسىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ سورىغانىدى :

— قورقامسىلەر ؟

— ياق ، قوماندان !

— ئېمىشقا سوقۇش قىلىمىز ؟

— قىساس ئۈچۈن !

توغرا ، ئۇلار قىساس ئالغۇچىلار . تۈنۈگۈن كوماندىرلار دەھشەتلىك مەنزىرىلەرنى ئەسكەرلىرىنىڭ يادىغا سالدى :

بۇلتۇر 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرى باش ساقچىخانا ئىلىنغاندا ، قۇدۇق ، ھاجەتخانا ، ئورىلاردىن ئىككى يۈز سەكسەن يەتتە جەسەت قېزىۋېلىندى . ھەربىر تەنىنىڭ يۈرىكى ئويۇلغان ، قارنى يېرىلغان ، جان يېرى كېسىلىپ ئېغىزلىرىغا تىقىلغان ، تىرناقلىرىغا مىخلار قېقىلغان ، تاپانلىرى تىلىنىپ مىخ سانجىلىپ ، تۇزلار قۇيۇلغان . ئۇلارنىڭ تولىسى ئاددەملەر بىلىدىغان قول ھۈنەرۋەن ، ھارۋىكەش ، ئوقەتچى ، دېھقان ، ئوقۇتقۇچى ، ئوقۇغۇچى ، ئىمام ـ مەزىن ياكى كىچىك ئەمەلدارلار . ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان ، ئاتا ـ ئانا ، قېرىنداش ، بالىلىرى جەسەتلەرنى تونۇپ قىيا ـ چىيا يىغلاشتى . ئۇلارنىڭ تولىسى چۈمۈلىگە ئازار بەرمەيدىغان ياۋاش مۆمىنلەر ئىدى . ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ، ئەسكەر ـ ساقچىلىرى ئۇلارنى چېرىكلەرگە ئالايدىكى ، ئەسكەرلەر ئۆتۈۋاتسا توختىمىدىكى ، دۇكىنىدىن مال ئالسا پۇل سورىدىكى ، گۇمانلىق ئاددەمگە سالام قىلدىكى ، باندىتلارغا يېقىن يۈردۈكى ، تەشۋىقات ۋەرەقىسىنى ئوقۇدۇكى ، كۈلدۈكى ، ناخشا ئېيتتىكى ، پاتقاق چاچراتتىكى ... دېگەندەك «گۇناھ»لار بىلەن تۇتۇپ سولىغان ، قىينىغان ، ئاخىر چانىغان ، توغرىغان ، ئاتقان ، بوغقان ، كالتەكلىگەنىدى . مۇنداق ھۆكۈمەتنى يوقىتىش خەلقنىڭ ئارزۇسى ، مۇنداق خورلۇقتىن قۇتۇلۇش خەلقنىڭ ئىنساني ھوقۇقى ... كۆرە سېپىلى ئىچىدىنمۇ

قىرىق يەتتە نەپەر قىزنىڭ جەسىتى تېپىلدى، ئۇلارنىڭ كىچىكى ئون تۆت ـ ئون بەش ياش ئىدى. ئۇلارنى گومىنداڭ ئوفىتسېرلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىن مەجبۇرىي ئاچىقىپ خوتۇن قىلغان، كۇتكۇچى قىلغان، ئاخىر ھالىدىن كەتكەندە چاناپ، بوغۇپ، دەسسەپ ئۆلتۈرگەن...

بۇنداق كۆرۈنۈشلەرنى كۆرگەن ھەرقانداق ۋىجدان ئىگىسىنىڭ غەزىپى تاشىدۇ، شۇڭا ئۇلار ياشاش ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن ھۆكۈمەتنى دۈشمەن ھېسابلاپ قوراللىنىپ، جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ كۈرەشكە ئاتلىنىدۇ. مۇنۇ تۆت ـ بەش مىڭ ئەسكەرنىڭ قايسىبىرىنىڭ يۈرەك يارىسى يوق، قايسىبىرىنىڭ قىساس ئارزۇسى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار ھەرگىز، ھېچقانداق يەردە ئۆز جېنى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ.

— ئالغا! — دېدى پالىنوف ئۆزىچىلا ۋارقىراپ، — بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن چەپەيزىنى چوقۇم ئالىمىز!

— ئالغا! — دەيتتى كوماندىرلار ئۆمىلەپ، يەر بېغىرلاپ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ.

— ئالغا! — دەيتتى ھەربىر ئەسكەر ئەتراپىغا چۈشۈۋاتقان بومبا، توپ ئوقلىرىنىڭ زەربىسىدىن چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى ھىمايە قىلىپ ئازگال، دالدىلارغا ئۆزىنى ئېتىپ، يەرگە يېپىشىپ ئىلگىرىلەپ، — ئالغا!

— نەگە؟ — دېدى بەرانىڭ يېنىغا دومىلاپ كەلگەن، يېنىك پىلىموتنى كۆكرىكىگە تېڭىۋالغان توختى، — بايتوقايغا ئەمەستۇر؟

— شىخوغا ئالغا!

— يارايسەن، شۇمتەك! قارا، يېنىمغا!

ئۇلارنىڭ يېنىغىلا مىناميوت ئوقى چۈشتى. ئۇلار ئېرىققا ئۆزلىرىنى ئاتتى. ئاسمانغا توپا ـ چاڭ كۆتۈرۈلدى، ھېچكىم ھېچكىمنى كۆرەلمىدى.

— دۈشمەن كۆرۈنمەيدۇغۇ؟

— دۈشمەن تۇرماق دادامنىمۇ كۆرەلمەيۋاتىمەن!

www.uyghurkitap.com

— ئەنە ، غوجا هوشۇرۇوف دادام مىناميوت ئېتىۋاتىدۇ !

غوجا هوشۇرۇوف ئەللىك مىللىمېتىرلىق مىناميوتقا ئاغزىدىن ئوق سېلىشقا هازىرلىنىپ :

— بەش يۈز مېتىرغا توغرىلا ، — دەپ ۋارقىرىدى . مىناميوت ئوقى ئاسمانغا تىك چىقىپ ، پارابولا سىزىقى پەيدا قىلىپ يېقىنلا يەرگە چۈشۈپ ، يەردىن توپا - چاڭ كۆتۈردى . مىلتىق - پىلىموتلار ، سەكسەن ئۈچ مىللىمېتىرلىق مىناميوتلار توختىماي ئېتىلماقتا ئىدى . ئاپتوماتچىلار هېلىدىن - هېلىغا ئۆرە تۇرۇپ تاتاتلىتىپ ئېتىپ ئىلگىرىلىمەكتە . لېكىن ، ئۇلار هېچنېمىنى كۆرەلمىدى ، نە دۈشمەن ئاكوپلىرى ، نە دۈشمەننىڭ ئۆزى كۆرۈنمىدى ! ئۇلارنىڭ ئەتراپى ، ئالدى تەرىپى چاڭ - توزان ، ئىس - تۈتەك ، هېلىلا يەر يېرىلىپ كېتىدىغاندەك سۈرلۈك ، ۋەهىمىلىك ئىدى . بەرا بىردەمدىلا قورقۇشنى ئۇنتۇپ قالدى . ئۇ ئالدىدىكى غوجا هوشۇرۇوفتىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى . كوماندىر ئىزۋوت هەممىلا يەردە ئالدىدا ماڭاتتى ، ئۇ كەمدىن - كەم بۇيرۇق بېرەتتى . ئۇ باشلامچى ئىدى . ئۇنىڭ هەرىكىتى بۇيرۇق ، ئىشى ئۈلگە ئىدى . ئۇ تولىمۇ سەزگۈر ، تولىمۇ چاققان ئىدى . هازىرلا قوزغالغان ئورنىغا مىناميوت ئوقى كېلىپ چۈشەتتى . ئۇ گويا هەممىنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ، هەممە هەرىكىتى ئوڭۇشلۇق ، جايىدا ئىدى . بەرا ئۇنىڭ هەرىكەتلىرىنى دوراپ ئۇنىڭ ئىزىدىن قالماي ماڭدى . ئۇ قانچە قېتىم دومىلىدى ، قانچىلىك ماڭدى ، بۇنى بىلمەيدۇ ! بىر چاغدا سىگنال چېلىندى ، هەممە ئەسكەرلەر «هۇررا !» دەپ قوراللىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئالغا يۈگۈردى . ئۇلار مانا دۈشمەننىڭ ۋەيران بولغان پوتەيلىرى ، پاچاقلانغان ئاكوپلىرىنى كۆردى . كەڭلىكى ئۈچ مېتىر ، چوڭقۇرلۇقى ئىككى مېتىر كېلىدىغان خەندەكتىن قازىقان ئاتلىق پولكىنىڭ ئاتلىرى سەكرەپ ئۆتمەكتە ، پىيادە ئەسكەرلەرمۇ سەكرەپ ئۆتمەكتە ، دۈشمەن قاچقان ، چەيپەيزە دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكى ئىس - تۈتەك ، يالقۇن كۆتۈرۈپ كۆيمەكتە ئىدى .

بىرىنچى سوقۇش چوش بىلەن ئاخىرلاشتى. چاڭ - توزان ۋە لايغا مىلىەنگەن ئەسكەرلەر چەيپەيزە دەرياسىدا يۈزلىرىنى يۇيۇشۇپ، سۇخار نان ۋە گۆش بىلەن غىزالىنىشقا ئولتۇردى.

گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك، يەنە شۇ ئەسكىرىي تۇرمۇش ئەسلىگە كەلدى.

— بىرەرىنى قول بىلەن تۇتۇۋېلىپ كانىيىدىن بوغمىغاندىكىن ئادەم پۇخادىن چىقمايدىكەن! — دېدى تۇرغان نېرىدا تۇرغان توختى بازغاننىڭ ئاغزىنى تاتىلاپ، — توختاخۇنكا، سەن چامباشچى بولغاندىكىن بىرەرىنى ئاتتىن تارتىپ چۈشۈرۈۋالمىدىڭ يا!

— ئاۋۇ لايدا ياتقان مېنىڭ بازغىنىمدا ئۆلگەن، ۋاي خوتەك، ئۆلۈك بىلەن تىرىكنى ئايرىۋالالمىغاندىكىن سوقۇش قىلىپ نېمە قىلارسەن!

ئۇ باكالاشكىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ سۇ ئىچتى.

— ئىككى سائەت دەم ئېلىپ، كەچقۇرۇن شىخوغا قاراپ يولغا چىقىمىز! — دېدى غوجا ھوشۇروف ئالدىراپ پولك شتابىغا مېڭىپ.

— ئەمدىكى نىشان قارىدۆڭ!

بۇ دۈشمەننىڭ بىرىنچى مۇداپىئە لىنىيىسى. چەيپەيزىدىن قاچقان دۈشمەن ئاتلىق پولكى شۇ يەرگە بېرىۋالغانىدى. دۈشمەننىڭ بىرىنچى مۇداپىئە لىنىيىسى مانا شۇ قارىدۆڭ يېزىسى. ئۇ يەردە بولىدىغان جەڭ ھەربىر ئەسكەر ئۈچۈن ھايات سىنىقى، غەلىبە كاپالىتى. بۇنى ھەربىر ئەسكەر ئوبدان بىلىدۇ.

لېكىن، ئەسكەر دېگەن ئادەم. ئۇ ھامان زۇلمەت ئىچىدىن يورۇقلۇق ئىزدىگۈچى، خېيىمخەتەر ئارىسىدىن راھەت - پاراغەت ئاپقۇچى.

— بۇرنىغىنا، دوزاخ شوتىسى!

— كېلە، راسا بىر چېكىنۋالايلى، شاپ بۇرۇت ئاكا!

خېلىدىن بېرى نوچىلىق تەمەسىدە بىر - بىرىگە خىرىس قىلىپ كېلىۋاتقان ئىككى نوچى — ئېگىز، كەڭ يەلكىلىك قاراقاش

يىگىت تۇرغان بىلەن دوغىلاق ، كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان ئۆز ۋاقتىدىكى بازغانچى ، هازىرقى پىلىموتچىك توختى كۈللۈك تاماكا خالتىسىدىن ئاچچىق موخوركىنى چىمدىپ ئېلىپ گېزىتكە قەغىزىدە بۇراپ ، ياندۇرۇپ چېكىشتى .

— كىم بىلىدۇ ، ئەته كىم بار ـ كىم يوق !

— ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار جۇمۇ !

بـەرا — ئېگىز ، ئۇرۇق دېهقان بالىسى ئۇلارغا زوقلىنىپ يېنىدىكى ماهمۇتتىن :

— چېـلـىشىپ قالسا قايسىسى باسار ؟ — دەپ سورىدى ، ماهمۇت كۈلۈپ :

— توختىكام ! نېمىشقا دەمسىنا ، ئۇ دېگەن چامباشچى ! — دېدى .

— تۇرغىنكامچۇ ، يانپاشچى ! — ئۇلارمۇ كۈلۈشتى .

ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە ئاشۇلاردەك ھەممە ئادەم ئەيمىنىدىغان بۆكە بولۇش ئىستىكى پەيدا بولدى . ئۇلارنىڭ يېنىغا ئېغىر ـ بېسىق ، كەم سۆز ، بەستلىك يىگىت تۇرسۇن ، ئاپتوماتچىلار ئىزۋوتىنىڭ باشلىقى ، سېرىق چاچ ، ئىنچىكە ، ئېگىز يىگىت شاۋكەت ، يەنە باشقا ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر توپلاشتى . ئۇلار كۈلكە ـ چاقچاق بىـلـەن مـوخـوركـا چېكىشتى . بىردىنلا بەرانىڭ يادىغا دادىسى زىياۋۇدۇن ، ئاكىسى نۇرىلار كەلدى . ئۇنىڭ بالىلارغا خاس يۈرىكى بىردىنلا سېغىنىش ئىستىكى بىلەن «چىم» قىلىپ قالدى : «ماڭا ئوق تېگىپ قالسىچۇ ، ئۇلارنى كۆرەلمىسەمچۇ ؟ » دەپ ئويلىدى ئۇ . شۇ چاغدا يادىغا كىچىك ئىنىسى ۋە دەرانىڭ ئۆلۈمى كەلدى ـ دە ، بايىقى چىم قىلغان يۈرەكتە غەزەپ ـ نەپرەت يالقۇنى پەيدا بولدى . يـۈرۈش بـۇيرۇقى بېرىلدى ، جەڭچىلەر چەپپەيزىدىن جەنۇبقا — قارىدۆڭ يېزىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى .

ئـۇلار شۇنداق تېز ماڭدى : هېچقاچان بۇنداق تېز يۈرۈش بولمىغانىدى .

قارىدۆڭ 1 ـ لىنىيىسى . دۈشمەن ئارىلىقتا باسىخۇ دېگەن

يېزىدا مۇداپىئە لىنىيىسى پەيدا قىلغانىدى . ئۇ يەرگە تۇيۇقسىزلا ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقى بېرىلدى . ۋاڭجياجۇاڭ يېزىسى ھۇجۇمنىڭ بىرىنچى نىشانى بولدى . دۈشمەن پۈتۈن قوراللىرى بىلەن ئوققا تۇتتى . دۈشمەن ئاكوپ ، پوتەيلىرىدە كۆرۈنمەي ئاتماقتا . جەڭچىلەر ئوق ، ئوت ، ئىس - تۈتەك ئىچىدە قەدەممۇقەدەم ئىلگىرىلىمەكتە . ھەربىر جەڭچى بىلىدۇ : دۈشمەن ئاكوپلىرىغا ئوتتۇز - ئەللىك مېتىر يېقىنلاپ بېرىپ گرانات تاشلاش كېرەك . نېمىلا بولمىسۇن ئۆزىنى زەمبىرەك ، پىلىموت ، مىلتىق ئوقلىرىدىن ساقلاپ ئىلگىرىلەش كېرەك . لېكىن ، ساقلىماق تەس ، مانا بايىلا كۈلۈشكەن جەڭچىلەر يىقىلدى ، مەڭگۈلۈك كۆز يۇمدى . ھېلىدىن - ھېلىغا جەڭچىلەر يىقىلماقتا . ۋىژ - ۋىژ قىلغان ، گۈمباڭ ، تات - تات قىلغان ئاۋازلارنىڭ ھەممىسى جان ئېلىش سىگنالى . بەرا دومىلاپ ، يەرگە چاپلىشىپ ئۆمىلەپ خۇددى ئات باقاندا سانسىز پاشىلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ئۆزىنى مۇداپىئە قىلغاندەك ، پۈتۈن زېھنى ، كۈچى بىلەن ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىپ ئىلگىرىلىمەكتە . غوجا ھوشۇرۇف بىردە دومىلاپ ، بىردە يۈگۈرۈپ ، قۇربان بولغان ، يارىدار بولغانلارنى بىردە يۆلەپ ، ئىڭرىغان ، نالە قىلغانلارنىڭ باشلىرىنى سىلاپ قويۇپ ، ھايات يۈرۈۋاتقانلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ :

— ئوق چىقارما ! ئالغا ! — دەپ بۇيرۇق بەرمەكتە . مانا دۈشمەن ئايروپىلانلىرى پەيدا بولدى . جەڭچىلەر يالت قىلغان چاقماقتەك تېز تارقىلىپ بومبىدىن پاناھلاندى . زەمبىرەك ئوقلىرى بىردە بېشىدىن ھۇۋلاپ ئۆتىدۇ ، بىردە ئۇلارنىڭ ئۈستىگىلا كېلىدۇ ، يەنە بەزىدە يېنىغىلا چۈشۈپ ۋىژىلداپ پىرقىراپ ، ئاندىن دەھشەتلىك پارتلايدۇ…

… ئىلگىرىلىمەك قىيىن ، چىقىم كۆپ بولدى . جەڭچىلەر گويا ھودۇقۇش ، قورقۇشنى ئۇنتۇغان ، ئۆلۈم ئۇلار ئۈچۈن ئادەتتىكى ئىشقا ئايلانغان ، مانا دۈشمەن ئاكوپ - پوتەيلىرى كۆرۈندى ، نەچچە يۈزلىگەن گرانات ، ئاپتومات ، ئۇنىڭ ئۈستىگە

مىنامىيوتلار پوتەي ـ ئاكوپلارغا ئوق ئاتماقتا . بەرا چېغىدا ئوتتۇز ـ قىرىق مېتىر يەرگە ئالتە گراناتنى ئاتتى . نەچچە يۈز ئادەم ئالتىدىن ئاتسا نەچچە مىڭ بولىدۇ . بىر گراناتتا ئون كۋادرات مېتىر يەرنى ۋەيران قىلالايدۇ . دۈشمەننىڭ «يىمىرىلمەس قورغان» ، پولات ئىستىھكاملىرى ئوت ۋە ئىس ـ تۈتەككە كۆمۈلدى . نەدىندۇر «دۈشمەن قاچتى !» دەپ ۋارقىرىدى بىرى .

«ھۇررا !» بىلەن جەڭچىلەر ئالدىغا تاكى قارىدۆڭ يېزىسى كۆرۈنگۈچە يۈگۈرۈشتى . دۈشمەن قارىدۆڭ يېزىسىغا چېكىنگەنىدى . شىمالدىن ھۇجۇم قىلغان سۇيدۇڭ 1 ـ ئاتقۇچىلار پولكىنىڭ 1 ـ ، 2 ـ باتالىيونلىرى ، غەربىي شىمالدىن ھۇجۇم قىلغان موڭغۇل دىۋىزيونى ، شەرقىي شىمالدىن ھۇجۇم قىلغان تارباغاتاي 6 ـ ئاتلىق پولكى تەرەپ ـ تەرەپتىن چىقىپ كەلگەندە كۈن چۈش بولغانىدى . جەڭچىلەر قۇياشنى كۆردى . ئەسكەرلەر سۇخار نان بىلەن گۆش يەپ دەم ئالماقتا . غوجا ھوشۇروف سۆزلىمەكتە :

— دۈشمەننىڭ 1 ـ لىنىيىسىگە ھۇجۇم باشلايمىز . قارىدۆڭ يېزىسى ئاشۇ دەرەخلىك مەھەللە شۇ . ئۇ يەردە يوشۇرۇن ۋە ئوچۇق پوتەيلەر تولا ، ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن تۇتىشىپ كىرەلىشىپ كەتكەن . تاملارنى تېشىپ ئوق تۆشۈكلىرى ياسىغان ، ئۆيلەرنى ئۆرۈپ ، دەل ـ دەرەخلەرنى كېسىپ بۇ تەرەپنى تاپتاقىر قىلىۋەتكەن . بىز شۇ تاپتاقىردىن ھۇجۇم قىلىمىز . دۈشمەن يەر تېگىدە ، بىردىنبىر ئىشلىنىدىغان قورال مىنامىيوت ، قول بومبىسى . بىلىسىلەر ، بومبا تاشلاش ئۈچۈن ئوتتۇز ـ قىرىق مېتىر يېقىنلاپ بېرىش كېرەك . دۈشمەن بىزنى كۆرۈپ تۇرىدۇ ، بىز دۈشمەننى كۆرەلمەيمىز... بىرلا ئامال بار ، ئۈزلۈكسىز قول بومبىسى ئېتىپ ئىس ـ تۈتەك پەيدا قىلىپ ، ئىس ـ تۈتەك ئىچىدە ئىلگىرىلەش !...

— دۈشمەن !

ئايروپىلانلار پەيدا بولدى . ئەسكەرلەر دەرھال تارقالدى .

ئايروپىلانلار بومباردىمان قىلىپ قايتىشتى . ئالدى تەرەپتىن بوران گــۈركــــىرىگەندەك «سا» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى . ھەممە جەڭچى كۆردى : دۈشــمــەن مــىــلــتــىــقلىرىنىڭ نەيزىلىرىنى چىقىرىپ ، ئـاپـتـومـاتـلىرىنى كۆكسىگە تېڭىپ يۈگۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى . دۈشمەن تولىمۇ جىق ، ئالدىدا ئىككى تانكا باشلاپ كەلمەكتە ئىدى .

— كېلە ، ئىتنىڭ بالىلىرى !

— بۈگۈن كۆردۈق بۇ خۇمسىلارنى !

— قىرىۋېتەيلى !

ئەسكەرلەر پىلىموت ، مىلتىق ، گرانات ، ھەتتا نەيزىلىرىنى تەييارلاشتى . دۈشمەن ئۈچ يۈز مېتىردەك يېقىنلاشتى .

— تـانـكــىـئاتار ! — دەپ ۋارقىرىدى باتالىيون كوماندىرى ساقاللىق رۇس چالا ئۇيغۇرچە سۆزلەپ .

— ئــات ! «ئــات !» — دېگەن بۇيرۇقنى ئاڭلاپلا ، توختى پىلىموتچى ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ پىلىموتىدىن ئوق ياغدۇرۇپ دۈشمىنىگە قاراپ يۈگۈردى . تۇرغان :

— توختىكا ! — دەپ ۋارقىراپ تۇرۇۋىدى ، غوجا ھوشۇرۇوف ئۇنى سىلكىپ ياتقۇزۇۋالدى .

تـوخـتـى پـىـلـىموتچى : «ۋۇي خاۋارىشلار ، كۆردۈم - ھە سەنلەرنى !» دەپ ۋارقىرىغىنىچە قىرغىن قىلىپ ئالغا يۈگۈردى . ئۇنىڭ پىلىموتىدىن چىققان ئوقتا بىردەمدىلا يەتمىش - سەكسەندەك دۈشمەن يىقىلدى . بۇنى دۈشمەننى كۆتۈپ ياتقان جەڭچىلەر كۆرۈپ تـۇردى . ئـۇ مـەزمـۇت قـەدەم بىلەن يۈگۈرگىنىچە «سا» دەپ كېلىۋاتقان دۈشمەننى راسا ئوقتا تۇتۇۋاتقاندا ، بىردىنلا سىلكىنىپ تــوختــاپ قالدى . ئۇ كەينىگە — ھەمراھلىرىغا قايرىلىپ بىرلا قارىدى - دە ، ئوڭدىسىغا ئۈچۈپ كەتتى .

— ئىسىت ، توختى !

— بىرگە يۈز دەيتتى ، دېگىنىنى قىلدى !

قەيسەر جەڭچى ، باتۇر پىلىموتچى قۇربان بولدى !

— ئات ! — دېدى ھوشۇرۇوف غەزەپ بىلەن .

www.uyghurkitap.com

ئىبراھىم بىلەن غوجا ھوشۇرووف ئۆزى بىر پىرىم مېتىر ، ئۇـوقنىڭ دىئامېتىرى ئىككى سانتىمېتىر كېلىدىغان تانكىئاتارنى ئالدىدىكى تانكىغا توغرىلىدى ـ دە ، ئاتتى . ئوق تانكىنىڭ پوكىنىغا تەگدى . تانكا ئىس چىقىرىپ پىرقىراپ توختاپ قالدى . يەنە بىرى قــورقۇپ چېكىندى ـ دە ، ئۆزىنىڭ خەندىكىگە چۈشۈپ كېتىش چىقالماي توختاپ قالدى . جېنىدىن تويغان پىيادە ئەسكەرلەر «سا» دەپ ۋارقــىرىشــىپ يــۈز مېتــىردەك يېقىنلىــغاندا ، ئېتىشقا بۇيرۇق بېرىلدى . دۈشمەنلەر يىقىلماقتا ، يىقىلىپ تۇرسىمۇ ئالغا يۈگۈرۈپ قول بومبىلىرىدا ئۇچۇشقا باشلىدى . دۈشمەن بەرداشلىق بېرەلمەي نۇرغۇن ئۆلۈكلىرىنى تاشلاپ قاچتى . خەلقنىڭ قەيسەر جەڭچىلــىرى «ھۇررا» بىلەن قوغلاپ ماڭدى . تۇيۇقسىزلا دۈشمەننىڭ يەنە بىر سېپى پەيدا بولدى . قۇچاقلاشما جەڭ باشلىنىپ كــەتتــى . كــۆل رەڭ مــاتادىن كــيىم كــيگەن ، پۇتىغا گوجەي ئــورىغان ، تەرىدىن مۇز ياغىدىغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى سول پــۇتــىنى ئالدىغا چىقىرىپ نەيزە ئۇرماقتا . ئۇچىسىغا ماش رەڭ تىرىكىدىن چىرايلىق ھەربىيچە كىيىم ، پۇتىغا ئۆتۈك كىيگەن خەلق جەڭچىسى چاققانلىق بىلەن دۈشمەن نەيزىسىنى ئۆز نەيزىسى بىلەن قېقىۋېتىپ ، سول پۇتىنى بىر چوڭ چامدام بىلەن چاققان يۆتكەپ ، مىلتىق پاينىكى بىلەن دۈشمىنىنىڭ قۇلاق تۈۋىگە قاتتىق ئۇردى . دۈشــمــەن «ۋايــجــان !» دەپ ئــىڭــراپ يىقىلدى . جەڭچى تېز ، چــەبدەسلىك بىلەن دۈشمەن كۆكسىگە نەيزە ئۇردى . قۇچاقلاشما جەڭ قانچىلىك داۋاملاشقىنىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ . بەدەن قۇۋۋىتى ، چاققانلىق ئەسقاتتى . ئاخىر دۈشمەن قاچتى . جەڭچىلەر ئۇلارنى قوغلاپ ماڭدى . ماڭدام ـ ماڭدامدا جەسەت ، قان . جەڭچىلەر قانغا بويالغان يەرنى دەسسەپ ، ئەسەبىيلەشكەن پېتى دۈشمىنىنى قوغلاپ قــارىــدۆڭ يېزىسىغا كىرىپ كەلدى . ئۇ يەردە قۇچاقلاشما جەڭ تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى . گويا ھەممە جەڭچى بىر تەن ـ بىر جانغا ئــايــلانــغان . ئۆلگەنلەرنىڭ سانى كــۆپــىيــىپ ، ســۇيــدۇڭ 1 ـ ئاتقۇچىلار پولكىنىڭ 1 ـ ، 2 ـ باتاليونىنىڭ نۇرغۇن جەڭچىلىرى

ئـۆلۈپ كـەتتى . خەۋپ ئېغىرلاشماقتا ئىدى . نەق شۇ چاغدا ، شىخونىڭ شەرقىي شىمالىدا ئېھتىيات ئۈچۈن زاپاستا تۇرۇۋاتقان كامىندانتىسكىي دىۋىزىيون يېتىپ كەلدى . دۈشمەن يەنە بەرداشلىق بېرەلمىدى . نۇرغۇنى ئۆلۈپ ، ئاز قىسمى قارىدۆڭنى تاشلاپ شىخو سازلىقى بىلەن بۇتخانا تەرەپكە قېچىپ كەتتى . بۇ يەر دۈشمەننىڭ 2 - لىنىيىسى ئىدى .

هـارغـان ، ئـوزۇق - تۈلۈك ، ئوق - دورىسى تۈگىگەن ، نـۇرغـۇن قـۇربـان بـەرگـەن سـۈيدۈڭ 1 - ئاتقۇچى پولكىنىڭ جـەڭـچـىـلـىـرى قـارىدۆڭ يېزىسىنىڭ باغلىرىدا بىر - بىرىنى يۆلىشىپ :

— بارمۇ سەن هوي ! — دېيىشىپ يەنە جەم بولۇشـتى . بـۇ چاغـدا كـۈن ئولـتۇرۇشـقـا ئاز قالـغانىدى .

غالىب پولك 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى دەم ئالماقچى بولدى . ئـۇ يـېزىدا بىر مەسچىت بار ئىكەن ، جەڭچىلەر قۇربان بولغان هەمراهلىرىنىڭ روهىغا ئاتاپ پولك ئىمامىغا قۇرئان ئوقۇتۇپ ، ناماز ئوقۇپ دۇئا قىلىشتى .

كـەچـتـە غـوجـا هـوشـۇروف ئـەسـىر چۈشكەن گومىنداڭ ئەسكىرىدىن :

— سىلەرنى بەك ئۆلۈمتۈك هېسابلايتتۇق . باتۇركەنسىلەر ، سىلەرگە بۇ كۈچ نەدىن كەلدى ؟ — دەپ سورىۋىدى ، ئەسكەر يەرگە قاراپ ، يىغلاپ تۇرۇپ :

— هاراقـتـىـن كەلـدى ، هۇجۇمـغا ئۆتۈشـتـىـن بۇرۇن هەر بـىـرىـمـىـز ئـۈچ يۈز گرامـدىن گۈچۈڭ هارىقىنى قۇرۇق ئىچىۋەتكەن ! — دېدى .

— بـىـزنـىـڭ كـۈچـىـمىز ئىماندىن ، ۋىجداندىن كېلىدۇ ، سـەنـلـەرنىڭ هاراقتىن كېلىدۇ ! — دېدى توختىنىڭ ئۆلۈمىگە چـىـدىـمىغان تۇرغان گومىنداڭ ئەسكىرىنى تېپىپ قويۇپ ، — شـۇڭـا ، سـەنـلەرنىڭ قەدىمىڭ تەگكەنلا يەر پوق پۇرايدۇ ، بىز دەسسىگەن يەر ئىپار پۇرايدۇ !

چېرىك بىر ئېغىزمۇ ئۇيغۇرچە بىلمەيدىكەن، غوجا ھوشۇروف تەرجىمانلىق قىلدى . چېرىكنىڭ قاسماق يۈزىدە كۈلكە پەيدا بولدى :

— گومىنداڭ ! — چىمەلتەك بارمىقىنى كۆرسەتتى ئۇ.

— گومىنداڭ ، تۇفىي ! — يەرگە تۈكۈردى بەرا .

بۇ چاغدا قوماندانلىق شتابتا شىخونىڭ 2 - ، 3 - لىنىيىلىرىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئىستراتېگىيە ، تاكتىكىلىرى مۇزاكىرە قىلىنىۋاتاتتى . باش قوماندان پالىنوف ئاخىرىدا شىمالىي تاغلىق رايوننى بازا قىلىپ ھەرىكەت قىلىۋاتقان بايچۇرىن ، قالىبەك ، نازاروف تۇرسۇنلارنىڭ پارتىزانلىرىغا شىخوغا قىلىنىدىغان ھۇجۇمغا ماسلىشىپ ، ئۈرۈمچى - غۇلجا تاشيولىنى قاتتىق كونترول قىلىپ ، ئۈرۈمچىدىن كېلىش ئېھتىمالى بولغان دۈشمەن ياردەمچى قىسىملىرىغا توسۇپ زەربە بېرىش ، ماناس ، ساۋەن ئەتراپىدا پارتىزانلىق ھەرىكەتنى كۈچەيتىپ ، دۈشمەننىڭ چېكىنىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلاش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى ، ئاندىن كېيىن :

— دۈشمەن مۇشۇ لىنىيىسىگە ئىشىنىدۇ . بۇ لىنىيە بىزدىن ئۈچ يۈز مېتىر نېرىدا ، ئالدىمىز سازلىق ، تۇپتۇز چىملىق . دۈشمەن ئاۋۇ بۇتخانىغا ئېغىر پىلىموتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغان . ئۇنىڭدىن سىرت ، يار باشلىرى ، گىرۋەكلەردە يەردىن پەرقلەنمەيدىغان بېلىنداژلىرى كۆپ . كۈندۈزى ھۇجۇم قىلماق قىيىن . تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ . ئەسكەرلەر دەم ئالسۇن ، بۇيرۇق بېرىلگەن ھامان ئاۋۋال بۇتخانىغا ھۇجۇم باشلىنىدۇ ! — دېدى .

ئىنزۋوتلار بويىچە جەڭ پىلانى يەتكۈزۈلدى . بىر ئىنزۋوتتا قىرىق ئىككى جەڭچى بار . بىر روتىدا تۆت ئىنزۋوت بار ، بىر باتالىيون ئۈچ روتا . بۇتخانىنى ئېلىش ئىككى ئىنزۋوتقا تاپشۇرۇلدى . ئۇنىڭ بىرى غوجا ھوشۇروف ئىنزۋوتى (1 - باتالىيون 3 - روتا 1 - ئىنزۋوت) ، يەنە بىرى 2 - ئىنزۋوت ، يەنى ئاپتوماتچىلار

ئىنزۋوتى. غوجا هوشۇرووف بىلەن شاۋكەت بۇتخاننى ئېلىشى كېرەك. ئىككى ئىنزۋوتنىڭ سەكسەن تۆت نەپەر جەڭچىسى ئۇيغۇر، قازاق، تاتار يىگىتلىرى، تولىسى سۇيدۇڭ، كۇرە، غۇلجا هەرەمباغ جەڭلىرىدە سىنالغان باتۇرلار، ئۇلار هەرەمباغ جېڭىدە دۇشمەن بىلەن بىر تامنىڭ نېرى - بېرىسىدا تۇرۇشۇپ تىللىشىپ جەڭ قىلىشقان، نۇرغۇن قۇچاقلاشما جەڭلەرنى كۆرگەن، تاكتىكا ۋە قورال مەشىقىدە پىشقان يىگىتلەر. ئۇلار بىلىدۇ: بۇتخانا ئېلىنسا شىخو ئېلىندى دېگەن سۆز. بۇتخانا تولىمۇ مۇھىم، ھەل قىلغۇچ ئورۇن. غولجا شەھىرىدىمۇ لياڭشاڭ بۇتخانىسى شۇنداق بولغانىدى. مانا هازىرمۇ شىخو بۇتخانىسى دۇشمەنگە قالغان بولماقتا.

غوجا هوشۇرووف بىلەن شاۋكەت ئۇزاق پىكىرلەشتى. ئۇلار خېلىدىن بېرى يېقىن دوست. شاۋكەت غۇلجىدا سوقۇش باشلانماستىلا ئابباسوف پارتىزانلىرىغا قوشۇلۇپ تەلكە ئېغىزى، سۇيدۇڭلەرگە پارتىزانلىق قىلىشقا چىقىپ كەتكەن، گىمنازىيىنى يېڭىلا تۈگەتكەن، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە مۇئەللىمى ئىدى. ئۇ غولجىغا هۇجۇم قىلىپ كىرىپ، غۇلجا ئازاد بولغاندا ئۆيىگە يالغۇز ئانىسى بىلەن ئون ئىككى ياشلىق ئىنىسىنى كۆرگىلى كىردى. ئۇ دەھشەتلىك مەنزىرىنى كۆردى. ئانىسىنىڭ قارنىنى يېرىپ ئۈچەيلىرىنى سىم كارىۋاتنىڭ رېشاتكىسىغا ئارتىپ قويغان. ئانىسىنىڭ ئېگەكلىرى چۈشكەن، سېرىق چاچلىرى چۇۋۇلغان، كۆپكۆك كۆزلىرى خۇددى هاياتتەك ئوچۇق پېتى قېتىپ قالغان، ئىنىسىنىڭ مېڭىسىگە ئىككى مىخ قېقىلغان، ئاغزى - بۇرنىدىن چىققان قان مەيدىسىدە ئۇيۇپ قالغان، ئۇنىڭ چاتىرىسىنى يىرىپ - چاناپ ئانىسىنىڭ بېقىنىغا ياتقۇزۇپ قويغان...

شاۋكەت يىغلىدى، قاقشىدى، ئۇ كېيىن بىلدى: گومىنداڭ ساقچىلىرى شاۋكەتنى تۇتۇش ئۈچۈن ئىشىكنى قاققان، بىچارە ئانا ئىشىكنى ۋاقتىدا ئاچمىغان. نەتىجىدە ئاشۇ قورقۇنچلۇق،

ئۇنتۇلغۇسىز مەنزىرە پەيدا بولغان .

— ھـۇجۇم سەندىن ، مۇداپىئە مەندىن ! — دېدى شاۋكەت ئاخىرىدا غوجا ھوشۇروفنى قۇچاقلاپ ، — چوقۇم ئالىمىز !

— چوقۇم !

8 ـ سىنتەبىر تاڭ قاراڭغۇسىدا ھۇجۇمغا سالىيوت بېرىلدى . ھـەربىـر ئىزۋوت تەرتىپ بويىچە كالون بولۇپ بۇتخانىغا قاراپ دۈشمەنگە شەپە بەرمەي بىردە ئۆمىلەپ ، بىردە ئېڭىشىپ يۈگۈرۈپ سـازلـىـقـنىڭ غەربىگە يېتىپ باردى . بۇتخانىغا يېقىنلا قالغاندا دۈشـمەن سېزىپ قالدى ـ دە ، تەرەپ ـ تەرەپتىن ئوق ئېتىپ جەڭچىلەرنى مىدىرلاتقۇزمىدى . ئارىلىق ئەللىك ـ سەكسەن مېتىر قـالـغـانـدا ، ئەسكەرلەر سۇدىن ئۆتۈپلا يەرگە چاپلىشىپ يېتىپ قـېلـىـشـتى . ئـۇلارنـىڭ پۇتلىرى سۇغا چىلاقلىق ياتاتتى ، نە ئـىـلـگـىرىلەشكە ، نە چېكىنىشكە يول قالمىدى . ئىككى قەۋەت بىنادەك ئېگىز يار بېشىدا دۈشمەن پوتەيلىرىدىن ئۇلارغا قاراپ ئوق ياغماقتا . ھەربىر جەڭچى ئۆز جېنى بىلەن ، ھېلىدىن ـ ھېلىغا تونۇش ، قېرىنداش بولۇشقان ياش يىگىتلەر ئىڭراپ جان بەرمەكتە . پىژ ـ پىژ قىلغان ئوقلار ئۇلارنىڭ ئەتراپىنىلا ئەگمەكتە ، چىقىم كۆپەيدى ، چېكىنىسىمۇ ئۆلۈپ تۈگەيدىغان گەپ . غوجا ھوشۇروف ئەسكەرلىرىگە چىدىمىدى . ئۇ ئالتە ـ يەتتە گراناتنى ئېلىپ ئالدىغا يۈگۈردى . شاۋكەت جەڭچىلىرى بىلەن ئۆرە تۇرۇۋېلىپ دۈشمەن تـوچـكـىـلـىرىغا ئاپتوماتتىن ئوق ئاتتى . قويۇق ئوق دۈشمەننى مەڭدەتتى . غوجا ھوشۇروف ئالدىدىكى ئاكوپقا كەينى ـ كەينىدىن گراناتە ئاتتى . ئاكوپ گۈمبۈرلەپ پارتلاپ ئادەملەر توپا ـ چاڭ بـىـلـەن ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى . شاۋكەتنىڭ ئاپتوماتچىلىرى ئۆرە بـولـۇۋېـلىپ دۈشمەننى راسا قىرىۋاتقاندا ، يەر ئاستى يوشۇرۇن مۇداپىئەدىكى پىلىموتچىلار شاۋكەتلەرنى ئوققا تۇتتى . ئاپتوماتچىلار كەينى ـ كەينىدىن يىقىلدى . شاۋكەت : «ئېنەڭنى !» دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى ـ دە ، ئاپتوماتنى قۇچاقلىغان پېتى يىراققا ئۇچىدىسىغا يـىـقـىـلـدى . «شاۋ !» غوجا ھوشۇروف ئۇنىڭ ئىسمىنى تولۇق



www.uyghurkitap.com

چاقىرىشقىمۇ ئۇلگۇرەلمىدى . دۈشمەن ئوقلىرى ئۇنىڭ قاۋۇل بەدىنىنى ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋەتكەنىدى ، بۇ ئوقنىڭ بۇتخانىنىڭ جەنۇبىدىكى پوتەيدىن چىققىنىنى يەرگە چاپلىشىپ ياتقان جەڭچىلەر روشەن كۆردى . تۇرغان چىدىيالمىدى ، ئۇ «غوجىكا !» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئالدىغا يۈگۈردى . دۈشمەنىنىڭ بۇتخانا شىمالىدىكى پوتىيىدىن بىر گرانات ئۇنىڭغا قاراپ ئۇچۇپ كەلدى . ئۇ كېلىۋاتقان گراناتنى تۇتۇۋېلىپ شۇنداق تېزلىك بىلەن پوتەينىڭ يېنىغىلا بېرىپ تۆشۈكتىن قايتۇرۇپ ئاتتى . پوتەي گۈمبۈرلەپ پارتلىدى . هوشۇروفنىڭ يىقىلغىنىنى كۆرگەن تۇرسۇن ئېغىر - بېسىقلىقىنى چۆرۈۋەتتى . ئۇ خامانىنىڭ يېنىدىكى ئۇلارنى ئىلگىرىلەتمەيۋاتقان پوتەيگە قاراپ تۆت گراناتنى تۇتۇپ جەڭچىلىرىگە ئاخىرقى قېتىم : «ئېتىڭلار !» دەپ بۇيرۇق بەردى . جەڭچىلەر پوتەيگە توختىماي ئوق ئاتتى . ئۇ تۆت گراناتنى ئېلىپ پوتەي تۆشۈكىگىلا باردى - دە ، تۆشۈكتىن كەينى - كەينىدىن گرانات تاشلىدى . پوتەي گۈمبۈرلەپ پارتلىدى . تۇرسۇنمۇ پوتەي بىلەن بىللىلا پارتلاپ كەتتى . ئۇ مۇئاۋىن ئىنزۋوت كوماندىرى دېگەن نام بىلەن هاياتى بەدىلىگە جەڭچىلىرىگە چېكىنىش يولى ئېچىپ بەردى .

سەكسەن تۆت جەڭچىدىن ئاران يىگىرمە ئالتە جەڭچى سالامەت چېكىنىپ چىقالىدى . ماهمۇت بىلەن بەرا شۇلارنىڭ ئىچىدە ، ئۇلار قۇچاقلىشىپ يىغلاشتى . قوماندان پالىنوفمۇ ئۇلارنى قۇچاقلاپ بۇقۇلداپ يىغلىدى .

قوماندانلىق شتاب پىلاننى ئۆزگەرتتى . مىناميوتلارنى ئىشقا سېلىپ بۇتخانىنى بومباردىمان قىلدى . يېڭىدىن تەشكىللەنگەن زەربىدار ئەترەت مىناميوتلارنىڭ هىمايىسىدە بۇتخانىنىڭ غەربىگە ئۆتتى . بەرا بىلەن ماهمۇت بۇ ئەترەتكە قاتناشتى . ئۇلار كېچە قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ تۇگمەن بىلەن بۇتخانا ئارىلىقىدىكى كۆنچىلەرنىڭ كۆن ئىسلايدىغان ئوچاقلىرىغا كىرىۋالدى . يېڭىدىن قوراشتۇرۇلغان 1 - ئىنزۋوت بىلەن پىلىموتچىلار ئىنزۋوتى مۇداپىئە

ئورنىغا ئىگە بولدى . مىناميوتلار توختىماي بۇتخانىنى توپقا تۇتۇۋەردى . دۈشمەنىنىڭ پۈتۈن دىققىتى ئالدى تەرەپكە مەركەزلەشتى . زەربىدار ئەترەت قاراڭغۇدا ئۆمىلەپ ئايلىنىپ ، بۇتخانىنىڭ ھويلىسىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولدى ـ دە ، ئۇ يەردىكى خاتىرجەم ئەسكەرلەرنى قىرىپ تاشلاپ بۇتخانىغا كىردى ۋە ئۆز ئەسكەرلىرىنى ئىلگىرىلەتكىلى قويماۋاتقان ئىككى ئېغىر پىلىموتنى تارمار قىلدى . بۇتخانا قولدىن كېتىش بىلەن دۈشمەننىڭ شەرقىي شىمالدىكى چوڭ پوتىيمۇ قولدىن كەتتى . سۈيدۈك ئاتقۇچى 1 ـ پولكنىڭ 2 ـ باتالىيونى بىلەن تارباغاتاي 6 ـ ئاتلىق پولكنىڭ بىر ئىسكادرونى شىپ يېفېڭنىڭ ئىككىنچى لىنىيىسىگە بۆسۈپ كىردى . «ھۇررا !» ساداسى شىخو ئاسمانلىرىدا گۈركىرەپ يەر ـ جاھاننى تىترەتتى . 6 ـ سېنتەبىر سەھەردە دۈشمەننىڭ 2 ـ لىنىيىسى تەلتۆكۈس تارمار بولدى . جەڭچىلەر قۇربان بولغانلارنى يىغماقتا ، ئەسىرلەرنى ، غەنىيمەت ئېلىنغان قوراللارنى توپلىماقتا ئىدى . ماھمۇت بىلەن بەرا غوجا ھوشۇرروف ، تۇرسۇن ، توختىلارنى ئېگىزلىككە قاتار ياتقۇزۇپ يۈزلىرىگە ئىسپانكىلىرىنى يېپىپ قويدى . نەق شۇ چاغدا ئۇرۇمچى تەرەپتىن ئىككى بومباردىمانچى ئايروپىلان ئۇچۇپ كەلدى . قاناتلىرىدا گومىنداڭ بەلگىسى بار ئايروپىلانلار پەيدا بولۇش بىلەن ئەسكەرلەر تارقىلىشتى . لېكىن ، ماھمۇت بىلەن بەرا غوجا ھوشۇروفلارنىڭ قانغا بويالغان جەسەتلىرىنى كۆكرەكلىرى بىلەن توسۇپ دۈم يېتىۋالدى . ئايروپىلانلار ئۇلارنى بومباردىمان قىلماستىن ، دۈشمەننىڭ بىرىنچى لىنىيىسى — شىخو بازىرىنى بومباردىمان قىلىپ قايتىپ كەتتى .

ئۆز دادىسى بىلەن بىللە قۇربان بولۇشقا بەل باغلىغان ياش جەڭچىلەر تەلەيلىك ئىكەن . بۇ ئايروپىلانلار غۇلجا ئايرودرومىدا گومىنداڭدىن غەنىيمەت ئېلىنغان ئايروپىلانلار ئىدى . ئۇچقۇچى خۇرمەت بىلەن خەمىت تېخنىكىدا يېتىشەلمىگەچكە ، سوۋېت ئۇچقۇچىلىرى مىللىي ئارمىيىنىڭ فورمىسىنى كىيىپ ھەيدىگەنىدى .

سۈيدۈك ئاتقۇچىلار پولكى سەپكە تىزىلدى . قۇربان بولغان تۆت يۈزدىن كۆپ سەپدىشى ئۈچۈن ئۇلار ئاسمانغا ساليوت ئېتىپ تەزىيە بىلدۈردى . ئامان قالغانلارنىڭ قەلبىدىكى قىساس ئوتى تېخىمۇ ئەۋج ئالدى . تېخى تونۇگۈنلا چاقچاقلىشىپ ، ھەتتا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ يۈرۈشكەن سەپداشلىرىنىڭ بىر كۈندىلا مۇردىغا ئايلىنىپ قېلىشىنى كۆرۈش ھەرقانچە قورقۇنچلۇق بولسىمۇ ، ئۇلار بۇ رېئاللىقنى قوبۇل قىلدى : ئۇرۇشمۇ بىر خىل تۇرمۇش . ئۆلۈم ، قان تۆكۈش بۇ تۇرمۇشنىڭ بىر مەزمۇنى ، ئۇ خۇددى تىنچ ھاياتتا دېھقان ئېتىزىغا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ بېرىپ كەچتە ھېرىپ ، ئېتىزغا سامان ياكى چۆپ ئارتىپ كەلگەندەكلا ياكى كاسىپلار دۇكانلىرىنى يىغىپ بالىلىرىغا بازارلىق ئېلىپ قايتقاندەكلا بىر ئىش . جەڭچى ھايات يۈرىدىغان مۇردا ، ئۇ ھەرقاچان ئۆز ئەكسىگە قايتىدۇ ، جەڭچى ئۆلگۈچى ، ھايات بىلەن مەڭگۈلۈككە خوشلاشقۇچى . ھەربىر قورال تۇتقۇچى بۇ قانۇنىيەتنى بىلىدۇ ، شۇڭا ئۆلۈمنى مەقسەت ھېسابلىمايدۇ ، لېكىن ئۆلۈم ئۆزىنىڭ ئاقىۋىتى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ . بىلىپ تۇرۇپ خەتەرگە ئۆزىنى ئاتىدۇ .

شۇڭا ، ماھمۇت دادىسىغا قاتتىق ھازا ئېچىپ يىغلىمىدى . لېكىن ، بەرا گويا ھايات ياشاشنىڭ مەنىسى قالمىغاندەك ، ئەجەل ياخشىلارنىڭ بېشىدا ئەگىيدىغان يىرتقۇچ قۇش ئىكەنلىكىنى ئەمدىلا چۈشەنگەندەك پەرىشان ـ چۈشكۈن ئىدى .

— ئەتە دادامنىڭ قىساسىنى ئالىمەن ! — دېدى ماھمۇت ئېغىر ئۇھ تارتىپ .

— توختىكامدەك بىرگە يۈز ! — دېدى بەرامۇ ئۇھ تارتىپ .

7 ـ سېنتەبىر سەھەردە دۈشمەننىڭ 3 ـ لىنىيىسىگە ھۇجۇم باشلاندى . 2 ـ لىنىيىنىڭ ۋەيران بولۇشى شىپ يىقىپك ئۈچۈن تولىمۇ قاتتىق زەربە بولدى . ئۇ بۇ لىنىيىگە مەسئۇل بولغان دۇ تۇەنجاڭ ھودۇقۇپ ، چاچلىرى چۇۋۇلغان ، كىيىملىرى قانغا مىلەنگەن ھالدا ئالدىغا كىرگەندە ، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاشقىمۇ تاقەت

قىلالماي ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى ، ئۇ رادىئو تېلېگراممىغا : «گوچى تېز ياردەمگە كەلسۇن ، شىخو قولدىن كەتسە جىڭ قورشاۋدا قالىدۇ !» دېگەن سۆزنى يېزىپ بەردى ـ دە ، كەينى ـ كەينىدىن كىرىپ كېلىۋاتقان كوماندىرلىرىنىڭ «بولمىدى !» دېگەن سۆزنى تەكرار ـ تەكرار ئېيتىشىدىن ئەسەبىيلىشىپ :

— تانكا تەييارلانسۇن ! — دەپ بۇيرۇق بەردى . يېشى ئەللىكتىن ئاشقان ، نەچچە قېتىم كوممۇنىستىك پارتىيە قىسىملىرىنى قورشاپ يوقىتىشقا قاتناشقان ، كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن تېز ئۆسۈپ گېنېرال بولۇپ ، شىنجاڭغا ئۆزى تەلەپ قىلىپ كەلگەن ، ئېگىز ، جياڭ جيېشىنى دوراپ بۇرۇت قويغان بۇ گېنېرال نۇرغۇن قېتىم جۇ شاۋلياڭ ، ۋۇ جۇڭشىنلەرگە بۇ جاينى : «يېڭىلمەس ئىستىھكام !» ، «خەۋپتىن خالىي جاي !» ، «جىڭ فرونتىنىڭ مۇستەھكەم ئارقا بازىسى» دەپ تەرىپلىگەن ، نەچچە ئاي تەييارلىق قىلىپ ئۆزى ۋە باشلىقلىرىنى خاتىرجەم قىلغان بۇ جاي بۈگۈن خەۋپ ئاستىدا . ئىككى لىنيىنىڭ ، بولۇپمۇ 2 ـ لىنيىنىڭ قولدىن كېتىشى ئۇنىڭ ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرىنى ئۈمىدسىزلەندۈرگەن ، ئۇلار قېچىشنىڭ ، جان ساقلاشنىڭ كويىدا . مانا شىخو ـ جىڭ ئۇرۇش مەيدانىنىڭ باش قوماندانى بولغان شىي يىفېڭ ئۆزىمۇ ئىختىيارسىز «تانكا تەييارلانسۇن !» دەپ بۇيرۇق بەردى . ئۇ فرونتتا ئاتلانغاندەك قاتتىق ۋارقىراپ بۇيرۇق بەردى . لېكىن ، بۇ تانكا بىلەن قېچىش — خالىي يەرگە بېرىپ ماشىنا بىلەن ئۈرۈمچىگە قېچىش ئۈچۈن بېرىلگەن بۇيرۇق ئىدى . ئۇنىڭ ئۈچۈن لازىمى جان .

— جياڭجۈن ، ئىش چاتاق ! — دېدى شتاب باشلىقى يۈگۈرۈپ كىرىپ .

— جياڭ جيېشىغا دە ! — دېدى شىي يىفېڭ ئەسەبىيلىشىپ ، — مۇشۇنداق يارامسىز ئەسكەر تەربىيلىگەندىكىن !...

سۈيدۈك 1 ـ ئاتقۇچىلار پولكى سوقۇشۇپ باش ـ كۆزى قانغا مىلەنگەن ، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن نوچى خورازغا ئوخشاپ قالغانىدى . ئۇنىڭ ھەربىر كوماندىر ـ جەڭچىسى «ئالغا»دىن باشقا گەپنى بىلمەيتتى . ئۇلار شۇنچىلىك ئەسەبىيلەشكەن ، شۇنچىلىك ئىرادىگە كەلگەن : ئۆلۈم ئۇلار ئۈچۈن ئېرىقتىن سەكرەپ ئۆتۈپ پۈتلىشىپ كەتكەندەكلا بىر ئىش ئىدى . ئۇلار شىخو شەھىرىگە بېسىپ كىردى . ئۇلار كىرگەنلا كوچىدا توپ ـ توپ دۈشمەن ئەسكەرلىرى قوراللىرىنى تاشلاپ توپا ـ چاڭغا مىلەنگەن ، ئادەم سىياقى قالمىغان چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ يىغلاپ تەسلىم بولۇشماقتا ، بەزى كوچىلاردا ئېتىشىش ، قۇچاقلاشما جەڭلەرمۇ بولدى . مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى بۇ زېمىن ئۈچۈن ئاخىرقى تىنىقى قالغۇچە كۈرەش قىلغان دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىمۇ ئۆلتۈردى . ئەمما ، قارشىلىق قىلغۇچىلار ئاز ، تەسلىم بولغۇچىلار كۆپ بولدى .

چۈشتىن كېيىن ئوق ئاۋازلىرى توختىدى . شەھەر ئاسمىنىدا قۇياش كۈلدى . ئۇنىڭ ئىللىق ـ ئوتلۇق نۇرى ھارغان جەڭچىلەرنى تەبرىكلىگەندەك يۈزلىرىنى سىيپىدى .

شىيې يىفېڭ قېچىش بىلەنلا ئەسكەرلىرى پىتىراشقا باشلىغانىدى . كەچقۇرۇن تىنچلانغان شىخو شەھىرىنىڭ مەسچىتلىرىدىن ئەزان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى . كوچىلار تازىلانغان ؛ شەھەر خەلقى قانلارنى تازىلاپ ، كوچىلاردا ياتقان دۈشمەن ئۆلۈكلىرىنى يىغىشتى .

بەرانىڭ بېشى قاتتىق ئاغرىدى . ماھمۇت كۆڭلىكىنى يىرتىپ ئۇنىڭ قانلىرى قېتىشقان بېشىنى قايتىدىن تېڭىپ قويدى .

بۇ ئۇرۇشتا دۈشمەنىنىڭ سەككىز يۈز ئاتمىش نەپەر ئەسكىرى ئۆلتۈرۈلگەن ، مىڭدىن ئارتۇقى ئەسىرگە چۈشكەن . بىر مىڭ بەش يۈزدىن ئارتۇق مىلتىق ، ئون بەش دانە زەمبىرەك ، ئون ئىككى دانە مىناميوت ، ئىككى تانكا ، ئۈچ برونېۋىك ماشىنا ۋە

سانسىزلىغان گراناتى ، ئوزۇق ـ تۈلۈك ، ئوق ـ دورىلار غەنىيمەت ئېلىنغانىدى .

يۈزگە ئىسپانكىلىرى يېپىلغان سەككىز يۈز ئون ئۈچ نەپەر قۇربانىنىڭ يېرىمىدىن كۆپى سۇيدۇڭ 1 ـ ئاتقۇچىلار پولكىدىن . جاھان تىنىچىغاندىن كېيىنلا ئادەملەر ئۆز تەبئەتلىرىگە قايتىشتى . ئۇلار ھېسسىيات ۋە پىكىر ئىگىسى ئىكەن : ھەربىر جەڭچىنىڭ يۈرىكى ئېچىشماقتا ، كۆزلىرى ياش ، ئالدىدا ئوڭدا ياتقان يىگىتلەرنىڭ ئەڭ چوڭى ئوتتۇز سەككىز ياش ، كىچىكى ئون يەتتە ياش . ئۇلارنىڭ كۆكرەكلىرىگە قويۇلغان يىرىك قوللىرى كەتمەن ، ئورغاق ، بازغان ، بوجا ياكى قەلەم بىلەن ھاياتنىڭ لەززەت ئىزدىگەن قوللار ئىدى . ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى توخۇ بوغۇزلاشتىنمۇ قورقۇشاتتى . ھازىر بۇ قوللار نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ جېنىنى ئالغان ، قان بىلەن بويالغان قوللارغا ئايلانغان . ئۇلارنى قاتىللىق قىلىشقا كىم ۋە قانداق بىر كۈچ مەجبۇرلىدى ؟ مانا ئۇلار ئۆزلىرىمۇ ھازىر جەسەتكە ئايلاندى . ئۇلار جەسەتكە ئايلىنىش ئۈچۈن كۈرەش قىلغانمىدى ؟ ئۇلار نېمىشقا ئۇرۇشتى ، نېمىشقا قۇربان بولدى ، ئۇلار نېمىگە ئېرىشتى ؟ بۇ سوئاللارغا ھېچكىم جاۋاب بېرەلمەيتتى .

ئاق سەللە ، ئاق خالات كىيگەن ، كىچىككىنە ئاق ساقىلى تىترەپ تۇرىدىغان ھەممىگە تونۇش بوۋاي قۇربانلارنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن ئۆزبېك تىلىدا يىغلاپ تۇرۇپ سۆز قىلدى :

— باللىرىم ، مەن سىلەردىن قۇرئان تۇتقۇزۇپ قەسەم ئالغان . سىلەر قەسەملىرىڭلارغا ئەمەل قىلدىڭلار . مۇرادىمىز ھاسىل بولسا جەننەتتە دىدارلىشىمىز . ناۋادا تۆككەن قانلار ، ئەزىز جانلار بىكارغا كەتسىچۇ ؟ قەسەملىرىڭلار مېنىڭ كانىيىمغا سىرتماق بولمامدۇ ؟ باللىرىم ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەزىز ئوغلانلىرى ، مەن ئېلىشان تۆرە سىلەر ئۈچۈن ياراتقۇچى ئىگەم ئالدىدا جاۋابكارمەن !

تۆرەم بۇقۇلداپ يىغلىۋىدى ، پۈتۈن ئەسكەرلەر ، پۈتۈن شىخو خەلقى ، پۈتۈن شىخو ھۆكۈرەپ يىغلىدى .

ماھمۇت بىلەن بەرا ھەممىدىن قاتتىق يىغلىدى . ئۇلار ئۆز دادىسى غوجا ھوشۇروفنىڭ جەسىتىنى تەييارلانغان يەرلىككە ئۆز قوللىرى بىلەن كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ ، ئۆز قوللىرى بىلەن توپا تاشلاپ كۆمدى .

ھايات شۇنداق . ئىنسان كۆمۈلىدۇ ، ئۇلۇغ غايىسىنى مەھكەم قۇچاقلاپ توپا ئاستىدا ياتىدۇ . ئۇ غايىسىنى ئەكېتىدۇ ، غەم - قايغۇسىنىمۇ ئەكېتىدۇ . ئۇنىڭ جىسمى توپىغا ئايلىنىدۇ . لېكىن ، غايىسى ، قىساسى ۋە غەم - قايغۇسىنى تۇپراق سىغدۇرمايدۇ . ئۇ يەر ئاستىدىن چىقىۋېلىپ ، يوقالغان جىسمىنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ باشلىرىغا كېلىپ قونۇۋالىدۇ .

قــەھرىمانلارغا ئوردېن بېرىش يىغىنىدا ، پوتەي پارتىلىتىشتا خــىـزمــەت كــۆرسەتكەن پىلىموتچى دادايوف ئۆمەر (شاۋكەتنىڭ ئورنىغا ئىنژۇوت كوماندىرى بولغان يىگىت ) ، تانكا ئېتىپ ۋەزىيەت تۈزىگەن غوجا ھوشۇروف ، ساۋۇت ، ئالاھىدە قەھرىمان شاۋكەت ، تۇرسۇنلارغا 1 - دەرىجىلىك ئىستىقلالىيەت ئوردېنى ۋە باتۇرلۇق مېدالى تەقدىم قىلىنغاندا ، ماھمۇت بىلەن بەرانىڭ قەلبىدە بىردىنلا پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ئوت بولۇپ يانغاندەك بولدى . ئۇلار ئاشۇ قەھرىمانلاردەك بولۇشنى چىن قەلبىدىن ئارزۇ قىلىشتى .

— ساڭىمۇ باتۇرلۇق مېدالى بەرسە بولاتتى ! — دېدى ماھمۇت بەرانىڭ بېشىدىكى كىر ، قانغا مىلەنگەن لاتىنى كۆرسىتىپ ، — سەنمۇ بىر قېتىم باتۇرلۇق قىلدىڭغۇ !

— ئـۇمـۇ بـاتـۇرلـۇقمۇ ؟ — دېدى بەرا ئىششىپ كەتكەن قاپاقلىرىنى ئۇۋۇلاپ ، — مەن قاچمىدىم ، پاناھلاندىم .

ھــوشــۇرووف قۇربان بولۇپ ئەسكەرلىرىگە چېكىنىشكە يول ئېچىپ بەرگەن كۈن ئۇلارنىڭ يادىدا . ئۇ تۇنۇگۈنكى ئىش .

ئۇلار تۈگمەندىن كېلىۋاتقان سۇنىڭ ئىچى بىلەن ئۆمىلەپ ،

يېكەن ئۆسكەن يەرگە كېتىۋاتسا تۆپىسىدىنلا ئوق ئېتىلدى . ئەسكەرلەر سوغا يېتىۋالدى . بەرا بېشىدىنلا چىقىۋاتقان ئوق تۆشۈكىگە ئەپچىللىك بىلەن گرانات تاشلىدى ـ دە، ئۆزىنى يېكەنلىككە ئاتتى . گومباك قىلىپ ھېلىقى بېلىنداژ پارتلىدى ، ئون تۆت ئەسكەر ساق قالدى . بەرانىڭ بېشىنى شۇ چاغدا پىلىموت ئوقى خېلىلا سۈرۈپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى . ئوق ئادەم مۇشتۇمى ئەمەس ئىكەن ، ئوق تەگكەندە بىرى يەردىن كۆتۈرۈپ ئاتقاندەك بىلىنىدى ـ دە ، ئۇ بىردىن قىرغاققا ئۆرۈلدى . ئۇ ئاچچىقىدا تۆشۈككە بومبا تاشلىغانىدى .

— بۇ ئىشنى ھېچكىم دوكلات قىلمىغان گەپ ! — دېدى پەنجىملىك مەسئۇد ئىسمىلىك پىلىموتچى ھاياجان بىلەن ۋارقىراپ ، — توغرا ، بەرا زىياۋۇدۇنوفمۇ بىر باتۇر !

بەرانىڭ بېشى لوقۇلداپ قاتتىق ئاغرىشقا باشلىدى . تارباغاتاي 6 ـ ئاتلىق پولكى موڭغۇل دىۋىزىيونىدىن ئىسمايىل ، سىمونىسكىي ، ئوجا دېگەن رۇس ، ئۇيغۇر ، موڭغۇللارمۇ ، يەنە تارباغاتاي 6 ـ ئاتلىق پولكىنىڭ مىنامىيوت روتىسىدىن توپئاتار جەڭچى جى فېڭفۇ ئىسىملىك خەنزۇ يىگىتمۇ قۇربان بولغانىدى .

— خىتاينى خىتاي ئاتىدىكەنا ! — دېدى بەرا ھەيران بولۇپ .

— ھەممىلا خىتاي دۈشمەنمىدى ، — دېدى ماھمۇت دەرھال ، — بىزگە ئوق ئېتىۋاتقان ئۇيغۇرلارمۇ بارغۇ ، دادام گېزىتتىكى بىر خەۋەرنى ئوقۇپ تاشقورغاندىكى پارتىزانلىرىمىزنى ئۇيغۇرلار تۇتۇپ بېرىپتۇ دېگەن . گومىنداڭ تەرەپتىمۇ ئۇيغۇرلار بار . ئۇنداق بولغاندىكىن ، بىز تەرەپتىمۇ خىتايلار بولىدۇ ـ دە !

قاراڭغۇ چۈشكەندە بەرانىڭ بېشى قاتتىق ئاغرىدى . ئۇ ھازىرلا يىقىلىپ كېتىدىغاندەك دەلدۈگۈنۈپ ماڭالمايتتى .

بىردەمدىن كېيىن چىرايلىق كىيىنگەن ئوفىتسېر بىلەن تولىمۇ چىرايلىق بىر سانىتاركا كىرىپ كەلدى .

— مانا بۇ بەرا زىياۋۇدۇنوف ! — دېدى ماھمۇت ، — ئۇ ئېغىر

ياربدار .

— زىياۋۇدۇنوف ! — دېدى قىز قىزىققان هالدا بەراغا سەپسېلىپ ، ئۇرى زىياۋۇدۇنوف ئاكىڭىزمۇ ؟

— هەئە ، ئاكىسى ، ئىنىسى دەرا زىياۋۇدۇنوف قۇربان بولغان .

— ئۇكام ، — دېدى قىز دەرهال سومكىسىدىن ئىسپىرتلانغان پاختا چىقىرىپ يىگىتىنىڭ پېشانىلىرىدىكى قان داغلىرىنى سۈرتۈپ ، — هازىرلا بالنىتسىغا ئاپىرىمىز ، ياربلىنىپسىز .

— ياق ، ياق ، كىچىككىنە بىر يەرغۇ ، ئوق تېرەمنى شىلىپ كەتتى شۇ .

— ياق ، ياق ، سىز ياربدار ، — دېدى قىز كۇلۇپ تۇرۇپ ، ئۇنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق ، تولىمۇ يېقىملىق ئىدى ، — سىزمۇ ئاكىڭىزدەك تەرسا مىجەزكەنسىز !

— ئۇنىڭ ئاكىسى نۇرى زىياۋۇدۇنوفنىڭ مىجەزىنىمۇ بىلىدىكەنسىز - هە ، زەيتۇنەم ؟ — دېدى چىرايلىق كىيىنگەن ئوفىتسىر چاقچاق قىلىپ ، — هەممىلا قىزلار ئۇنىڭ هەممە تەرىپىگە قىزىقىدىكەنا !

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ، شتاب باشلىقى سۇلايمانوف ؟

— موڭغۇلكۇرەدىمۇ پەرىخە ئىسىملىك بىر نوغاي قىز نۇرىنىڭ ئىسمىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ .

— ها - ها - ها !... — قىز قاقاقلاپ كۇلدى . ئۇ بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى ، — نېمىشقا هەيران قالىسىز ؟ بىرنەچچە قىزنىڭ ئىسمىنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان يىگىتلەرمۇ كۆپقۇ ها - ها - ها... بەرا زىياۋۇدۇنوف دەرهال بالنىتسىغا ماڭدۇرۇلسۇن !

قىز تاقىلداپ چاققان مېڭىپ چىقىپ كەتتى .

— ياق ، بارمايمەن ! — دېدى بەرا جۆيلۈگەندەك

ۋارقىراپ ، — يالىنىس ـ پالىنىس دېگەنلەرگە دارىمايمەن . ئالغا ، ئالغا !...

— شىخو ئۇرۇشى ئەڭ قاتتىق ئۇرۇش ، قۇربان بېرىشىمۇ غەلىبە ئۈچۈن يارىتقان تۆھپىسىمۇ ئەڭ چوڭ ئۇرۇش بولدى بۇ ئۇرۇش بىزنى ئۈمىدلەندۈردى ، دۈشمەننى ئۈمىدسىزلەندۈردى . ئۇ پۈتۈن ۋەتەننى ئازاد قىلىشنىڭ سىگنالى بولدى ! — ئەخمەتجان ھاياجان بىلەن ئېلىخان تۆرەمگە ئۆز تەسىراتىنى سۆزلىدى ، — قاچقان گومىنداڭنى بىزنىڭ ئاتلىق قىسىملار قوغلىماقتا . موڭغۇل دىۋىزيونى بىلەن تارباغاتاي ئاتلىق پولكىدىن بىر ئىسكادروننى ئاجرىتىپ ، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ جىڭدىن قېچىپ ئۆتەر يولى بولغان شىخونىڭ يىگىرمە كىلومېتىر غەربىدىكى پورتاجى قاتارلىق بىرقانچە جايلارغا بۆكتۈرمە قويۇلدى . بۇ ئىشقا نىلقا پارتىزانلىرىدىن بايچۈرىنمۇ قاتناشتى . جىڭ ناھىيىسى قورشاۋ ئىچىدە قالدى . گېنېرال ئىسھاقبېك ھازىر جىڭغا ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ ، غەلىبە يېقىن !

— ئەتە ھېيت ! — دېدى ئېلىخان تۆرەم تەنتەنىلىك قىلىپ ، — شىخو ، جىڭ پۇقرالىرى خاتىرجەم ، خۇشال ـ خۇرام ھېيت قىلسۇن !

پۈتۈن جۇڭغار ئويمانلىقىدا يالغۇز جىڭ ناھىيىسىدە شىددەتلىك ئوق ئېتىلماقتا . غۇلجا ، سۈيدۈڭ ، بورتالا ، چۆچەك ، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ ھەممە ناھىيىلىرىدە ئادەملەر ھېيت شادلىقى بىلەن . گويا بۇ زېمىندا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ، گويا جاھان يارىلىشتا قانداق بولغان بولسا ھازىرمۇ شۇ پېتى تۇرۇۋاتقاندەك ...

ھايات قانۇنىيىتى تەستە ئۆزگەرسە كېرەك : ھايات ئۈچ ۋاخ تاماق ، ئۇيقۇ ، يىغا ، كۈلكە ۋە غەم ـ قايغۇ ، پۈتمەس ـ تۈگىمەس پىلان ، ئارزۇ ـ ھەۋەسلەرنىڭ يىغىندىسى بولغاچقا ، بۇ ئېغىر يۈكنى يۈدۈۋالغان ھايات كارۋىنى ئاستا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىسە كېرەك !

# 46

ساقال - بۇرۇتى ئۆسكەن ، كىيىملىرى رەتلىك ، سۆڭىكى قاملاشقان بىر يىگىت گېنېرال ئىسھاقبېكنىڭ ئالدىغا كىرىپ تىك تۇرۇپ چاس بەردى :

— نۇرى زىياۋۇدۇنوف ، سىزگە سالام بېرىدۇ ، ھۆرمەتلىك گېنېرال !

— رۇخسەت ، — دېدى گېنېرال ياغاچ ئورۇندۇقتىن تۇرۇپ . گەۋدىلىك ، بۇرۇتلۇق ، كەڭ يۈزلۈك ئادەم نۇرىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى ۋە كۈلۈپ قويۇپ ، — سېنى ئارقا سەپكە يۆتكىمەكچى ، سەن بۇنىڭغا نېمە دەيسەن ؟ — دېدى سىناق نەزىرىدە تىكىلىپ .

— گېنېرال ، پىكرىمنى بىلمەكچىمۇسىز ؟

— قېنى ، ئېيتىۋەر ئويلىغىنىڭنى .

— مەن چېكىنمەيمەن ، يانمايمەن دەپ قەسەم بەرگەن . قەسىمىمگە ئەمەل قىلىمەن !

— بۇيرۇق قىلساقچۇ ؟

— ئېتىۋېتىڭلار ، بۇنداق بۇيرۇقنى قوبۇل قىلمايمەن !

— مۇنداق دېگىن . ئانداق بولسا بۇ پىكرىڭنى ئېلىخان تۆرەمگە يەتكۈزىمەن . ئۇ كىشى سېنى ھۆكۈمەت كاتىپى ياردەمچىسى قىلماقچىكەن .

— گېنېرال ، ياخشى نىيەتلىك ئاتىنىڭ تەلىپىنى خەلقنىڭ تەلىپىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويالمايمەن . مەن بۇ تەكلىپىنىمۇ ، ھەتتا بۇيرۇقنىمۇ قوبۇل قىلالمايمەن !

— ھەممىنى بىلىدىكەنسەن ، يوشۇرۇن سۆزلىرىڭ يوقتۇر - ھە ؟

— يۈرىكىم ماڭا سۈەزلىك[1] قىلىدۇ ، گېنېرال .
— مەن سىنىڭ بۇيرۇققا بويسۇنمىغىنىڭنى تۈرەمگە ئېيتىمەن . رەئىس جۇمھۇر جازالىسا مەندىن كۆرمىگىن ـ ھە؟
— مۇنداق جازا سىزنىڭ ماڭا بەرگەن مۇكاپاتىڭىز بولىدۇ ، گېنېرال !
ھەممىگە ، ھەتتا چاقچاقچىمۇ چاقىقان بۇ يىگىت ئىسھاقبېككە ياقاتتى . ئۇ پارتىزان بولۇپ ئۇزۇن يىل قېقىندى ـ سوقۇندى تۇرمۇش بىلەن پىشقان ، قورقماس ، قەيسەر ؛ ھەربىي ماھارەتتىمۇ پىشقان ، ھەتتا كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشتىمۇ پىتىلگەن بۇ يىگىت بىلەن بىرنەچچە قېتىم پاراڭلاشقان ، تەسىراتىغا بۇ يىگىت توغرىسىدا ئاڭلىغان دوكلات ، گەپ ـ سۆزلەر قوشۇلۇپ گېنېرالنىڭ قەلبىدە پىتىلىۋاتقان بىر يارامىلىق رەھبەرنىڭ ئوبرازى شەكىللەنگەنىدى . ئۇ ئۇرنىنىڭ تولغان ، چىرايلىق يۈزگە تىكىلىپ قارىدى .
— شىبە ئىسكادرونى ئېغىر خەتەردە قالغاندا سەن كېلىپ ئۇلارنى قۇتقۇزدۇڭ ، — دېدى ئۇ ئاخىرىدا ، — شۇ كۈنكى خەتەرنىمۇ يۈرىكىڭ سۈەزلىك قىلىپ يەتكۈزگەنىدى ، زىياۋۇدۇنوف ؟
— شۇنداق ، گېنېرال !
ئۇلارنىڭ بۇ يەردە تۇرۇۋاتقىنىغا بەش ئايدىن ئاشتى . مانا ھازىر سېنتەبىر ئېيىمۇ كەلدى . يازنىڭ ئىسسىقلىرىنى قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا بىردە قانلىق جەڭلەر بىلەن ، بىردە تەرگە پىشىپ ھەربىي مەشىق قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن قەيسەرلەرنىڭ كۆڭلىرى ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدكە باي يۈرەكلىرىگە ئۆچمەس ، ئۇنتۇلماس خاتىرىلەرنى پۈتۈپ قالدۇردى . بۇ خاتىرىلەر قۇملارغا چۈشكەن ئىزلاردەك تېزلا يوقىلىپ كەتمىسۇن . بۇ خاتىرىلەر ھېچنېمە دېيەلمەي مەڭگۈلۈككە كۆز

① سۈەزلىك — خەۋەرچىلىك .

يۇمغان جەڭچىنىڭ ئارمانلىرىدەك ئۆلمىسۇن ، يۇلغۇن دالىسىدا قەبرىسى قالغان بۈيۈك ئىرادە ئىگىسىنىڭ جەسىتىدەك دېرەكسىز يوقالمىسۇن ! يۈرەكلەر توختايدۇ ، توختىمايدىغان يۈرەك يوق ، لېكىن بەزى يۈرەكلەر توختاپ قالسىمۇ سۆزلەپ تۇرىدۇ ، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرىنى بولسا چۆل شاماللىرىلا ئاڭلايدۇ . چۆلدە ماڭغان مۈگدەك ھارۋىكەش ياكى ئېشەكچى ، تۆگىچى كارۋانلار قوم بارخانلىرى يېنىدىن ئۆتۈپ توغراق ، يۇلغۇن شاخلىرىغا باغلانغان ئاق لاتىلارنى كۆرۈپ قالغاندا ، تولىمۇ يىراقتىن ئاڭلانغان ئاجايىپ جەڭلەر توغرىسىدا ھېكايە ئاڭلايدۇ ، بۇ ھېكايىلەرنى قەھرىمانلار ، قاچقۇنلار ، خائىنلار ياراتقان…

مىللىي ئارمىيىنىڭ جىڭ ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلغۇچى ئارمىيىسىنىڭ غۇلجا 2 - پولك ئارتىللېرىيە دىۋىزىيونى ، غۇلجا 4 - پولكىنىڭ 1 - باتالىيونى مۇشۇ قوماندانلىق شتاب جايلاشقان داخىيەنزىدە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ، تېكەس 1 - ئاتلىق پولك ئاچال داۋىنىنىڭ شەرقىي تاغ ئېتىكىدە ، غۇلجا 4 - پولك بىۋاسىتە قىسىملىرى بىلەن 2 - ، 3 - باتالىيونلىرى ئېھتىيات كۈچ بولۇپ ، ئۇتەي ، سىتەيلەردە تۇراتتى . خۇيزۇ دىۋىزىيونى ، شىبە ئىسكادرونى ، غۇلجا 2 - پولكىنىڭ بىر ئىسكادرونى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ 1 - سەپ لىنىيىسى بولغان باجياخۇ ، يۈگجىخۇلارغا نەيزىدەك قادىلىپ تۇراتتى . بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان تۆت مىڭدىن كۆپرەك ئادەمگە ئىگە بۇ قىسىمغا ماسلىشىپ ، مىڭمارال غوللىرىدا مەخپىر تۆرە ئەترىتى ، قوشئەمچەك ، ئاچالغا ئوخشاش جايلاردا چاغانىبېك ئەترىتى ھەرىكەت قىلماقتا ؛ تىك غار ۋە سارغاندار داۋانلىرىنىڭ شىمال ئېتەكلىرىدە بايچۈرىن ، بارات ، ئىمىن پەرەڭ پارتىزانلىرى ھەرىكەت قىلماقتا ئىدى .

1945 - يىلى 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى بايچۈرىننىڭ ئاتمىش بەش كىشىلىك ئەترىتى چاغاداي داۋىنىدىكى گومىنداڭنىڭ ئىككى ئىزۋوتىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ، ئون تۆت ئەسكىرىنى يوقىتىپ داۋاننى ئىگىلىدى . ئۇلار خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ ،

كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ چېكىنىشۇر كۆۋرۈكلەرگە ئوت قويدى، تېلېفون سىملىرىنى ئۈزۈپ، ستولبىلارنى ئۆرۈۋەتتى. ترانسپورت كالونلىرىغا ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىپ، گومىنداڭنىڭ جىڭ بىلەن شىخو ئارىلىقىدىكى ئالاقىسىنى پالەچ قىلىپ قويدى. غۇلجا شەھىرىدىن ئىككى يۈز يەتمىش ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان جىڭ ناھىيىسى مانا ھازىر قامال ئىچىدە. شىخونى ئالمىغۇچە بۇ يەرگە ھۇجۇم قىلماسلىق — ئومۇمىي ئىستراتېگىيە.

گومىنداڭ جىڭ مۇداپىئەسىگە 45 - دىۋىزىيىنىڭ قوماندانلىق شتابىنى، بۇ دىۋىزىيىنىڭ بىۋاسىتە قاراشلىق قىسىملىرىدىن باشقا 1 -، 3 - پولكلىرى، 191 - دىۋىزىيىنىڭ 571 - پولكى، 7 - دىۋىزىيىنىڭ 21 - پولكى ھەم تاغ زەمبىرەك قىسىملىرى بولۇپ، ئالتە مىڭدىن كۆپ خىل قوراللار بىلەن قوراللانغان ئەسكىرىنى ئورۇنلاشتۇرغان. جۇ شاۋلياڭ گېنېرالنىڭ غۇلجا يولىغا قويغان 1 - توسۇقى مانا مۇشۇ جىڭ لىنىيىسى. مىللىي ئارمىيە بەش ئايدىن بېرى نۇرغۇن ھۇجۇم قىلدى، نۇرغۇن چېكىندى، بۇ جەڭلەردە گېنېرالنىڭ قەلبىدە خاتىرە بولۇپ قالغىنى مۇشۇ يىل 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى بولغان ۋەقە.

ھۇجۇم، قايتۇرما ھۇجۇم بىلەن ئىككى تەرەپ تىركىشىپ تۇرغاندا، خۇيزۇ دىۋىزىيونىنىڭ ئىسكادىرون كوماندىرى گاما گومىنداڭنىڭ مەغلۇبىيىتىگە زادىلا چىديالماستىن، ئەسكەرلىرىدىن لەي مىخۋا، پەيشەر، يۇجاڭيۇلارنى مىللىي ئارمىيىنىڭ ھۇجۇمچى قىسىملىرى توغرىسىدىكى ماتېرىياللار بىلەن كېچىلەپ قاچۇرۇۋەتتى. ھەرەمباغ سوقۇشىدا تەسلىم بولۇپ، قۇرئان تۇتۇپ قەسەم بېرىپ ئىنقىلابچىلار تەرىپىگە ئۆتكەن بۇ خۇيزۇ يىگىت «باندىتلارنىڭ ئىسكادىرون كوماندىرى» بولۇشتىن خائىنلىقنى ئەۋزەل بىلدى. 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تۇيۇقسىزلا گومىنداڭ ئايروپىلانى 1 - سەپ لىنىيىدىكى خۇيزۇ دىۋىزىيونى، غۇلجا 2 - پولكىنىڭ بىر روتىسى ۋە شىبە ئىسكادىرونىنى قاتتىق بومباردىمان قىلدى. يۇڭجىخۇدىكى گومىنداڭ قىسىملىرىمۇ

ماسلىشىپ زەمبىرەك ، مىناميوتلار بىلەن ھۇجۇم قىلدى . جىڭ بازىرىدىن بىر پولك ئەسكەر ھۇجۇم قىلىپ چىقتى . تۇيۇقسىز ، شىددەتلىك ھۇجۇم خۇيزۇ دىۋىزىيونىنىڭ بىر ئىسكادىرونى بىلەن غۇلجا 2 - پولكىنىڭ بىر ئىسكادىرونىنى چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى . شىبە ئىسكادىرونى 2 - لىنىيىگە چېكىنمەي دۈشمەننىڭ كەينى - كەينىدىن قىلغان ئۈچ قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۈردى . لېكىن ، شىبە ئىسكادىرونىنىڭ يارىدارلار ياتقى مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالدى . يارىدارلار جان تىكىپ جەڭ قىلدى . گراناتلار توختىماي پارتلاپ قومۇشلۇقتا ئوت كەتتى . ئىس - تۈتەك ئىچىدە قاتتىق جەڭ بولدى . شىبە ئىسكادىرونىنىڭ ئوقلىرى تۈگەي دېدى . ئۇلار ئاتاكىغا ئۆتۈپ قۇچاقلاشما جەڭ باشلاندى . نەق شۇ خەتەرلىك چاغدا نۇرىنىڭ 1 - باتالىيونى جەڭ مەيدانىغا يېتىپ كەلدى . ئۇ كۈنى نۇرى ھەممە ماھارىتىنى كۆرسەتتى . قۇچاقلاشما جەڭدە ئۇ قانچە دۈشمەنگە نەيزە ئۇرغىنىنى سانىمىدى . چېكىنگەن قىسىملارمۇ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى ، گو چىنىڭ ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولۇپ پاتىپاراق بولۇپ قاچتى . بۇ ئۇرۇشتا شىبە ئىسكادىروندىن ساغدا ئاجاجى قاتارلىق يەتتە نەپەر جەڭچى ئەسىرگە چۈشتى . قىرىق نەپەر جەڭچى قۇربان بولدى . قىرىق نەچچە ئادەم يارىدار بولدى . ئاتمىش بەش تۇياق ئات ئۆلدى . ئۇنىڭ بەدىلىگە گېنېرال گو چىنىڭ بەش يۈزدىن كۆپ ئەسكىرى يوقىتىلدى . چونەن ، ئەدلىنىيە كوماندىرى شاڭ جىڭلار شۇ ئۇرۇشنىڭ قەھرىمانلىرى ، ئىسكادىرون كوماندىرى ناربايانتۇ ، مۇئاۋىنى فۇ جاشىڭسەن ، ئىنژۇوت كوماندىرى شاشىيا ، جەڭچى خالىق ، گورۇي ، كەيباۋ ، لېگىن ، خېيىڭلار ئۆز تۆھپىلىرى بىلەن مۇكاپاتلاندى .

— شۇ چاغدا سەن كەلمىگەن بولساڭ زىيان تولىمۇ چوڭ بولاتتى ! — دېدى ئىسھاقبېك نۇرىنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ ، — مەن ساڭا ئوخشاش تۆھپىسىنى كۆز - كۆز قىلمايدىغان ئادەملەرنى ياخشى كۆرىمەن . يادىڭدا بارمۇ ؟ 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى بىزنىڭ تېكەس 1 - ئاتلىق پولكىنىڭ رازۋېدكا كوماندىرى كاشكاروفنىڭ

بىخۇدلۇقى بىلەن پۈتۈن بىر ئىزۋوت قورشاۋدا قالدى . ناسىروف پىلموت بىلەن قانچە ھىمايە قىلغان بولسىمۇ ، قەيسەر يىگىتلەردىن ئون بەشى قۇربان بولدى ، ئالتىسى ئەسىرگە چۈشتى . ناسىروف دەرياغا ئۆزىنى تاشلاپ ئارانلا قۇتۇلالىدى . خائىنلىق ، بىخۇدلۇق ، مەسئۇلىيەتسىزلىك بىزگە نۇرغۇن زىيان سالدى . بالام ، مەن ساڭا رەھمەت ئېيتىمەن . ئوفىتسېرلىرىمىزنىڭ ياخشى ئۈلگىسىسەن . سەزگۈرلۈك ، قەيسەرلىك ، چاققانلىق ، ماھىرلىق بىرلەشكەن ئوفىتسېرلىرىمىز كۆپ ئەمەس . خەير ، بالام ، پىكرىڭنى رەئىسكە ئېيتىمەن . دۈشمەنگە ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم باشلاش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز ، بۇ بىر ھەل قىلغۇچ جەڭ ، غەلىبە تىلەيمەن ، ئەمىسە خەير - خوش !

نۇرى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، ئىسھاقبېك ئالدىغا ئۇرۇش خەرىتىسىنى يېيىپ ، ئەتە ، 5 - سېنتەبىر بولىدىغان ھۇجۇمنىڭ مەيدان ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالىغا يەنە بىر قېتىم قاراپ چىقتى : بىرىنچى ھۇجۇم يۈڭجىخۇغا بولاتتى ، غۇلجا 2 - پولك بىلەن غۇلجا 4 - پولك 1 - باتالىيون يۈڭجىخۇنىڭ غەربىدىن ، تېكەس 1 - ئاتلىق پولكى باجىياخۇنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ يۈڭجىخۇنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن ، خۇيزۇ دىۋىزىيونى غەربىي شىمالدىن ، شىبە ئىسكادىرونى شىمال تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشى كېرەك . ھۇجۇم قىلىش ئۈنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ كۆڭۈللۈك . ئون ئالتە يېشىدا قولىغا قورال ئېلىپ ئەسكەر بولغىنىدىن تارتىپ ، قىرىق ئۈچ ياشلىق گېنېرال بولغۇچە ئۇ قانچە قېتىم ھۇجۇم قىلدى ، قانچىلىك دۈشمەننى يوقاتتى ؟ بۇ سانلار ئۇنىڭ يادىدا قالغىنى يوق . ئۇنىڭ يادىدا قالغىنى ھەر قېتىمقى ھۇجۇمدىن كېيىنكى غەلىبە خۇشاللىقى . ئۇ بۇ خۇشاللىقلار ئۈچۈن تولىمۇ جىق بەدەل تۆلىدى . ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ جىغىن يېزىسى سىمخانىدىن باشلانغان ھايات سەپىرى ئۇنى ئون ئالتە يېشىدا چوڭبىغىش قەبىلىسىگە بەگ ، چېگرا ئەترىتىگە باشلىق قىلىپ ، زالىم ھۆكۈمەت ياڭ زېڭشىن ئۈچۈن چېگرا ساقلاتقۇزدى . ئۇ نۇرغۇن باندىتلارنى تۇتۇپ بەردى ،

كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇنىڭغا هاياتىنىڭ باشقا يوللىرىنى كۆرسەتتى . ئۇ هاياتىنىڭ توغرا ، يېڭى يوللىرىنى چۈشەندى . ئۇنىڭ قەلب تۆرىدىن زۇلۇم تارتقانلارغا بولغان هېسداشلىق ، غەمخورلۇق ئورۇن ئالدى . ئۇ هاياتىنىڭ ئۇلۇغلۇقىمۇ مانا شۇلارنىڭ هالىغا يېتىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندى . بۇ چۈشەنچىسىنى هەممە ئىشقا ئۆلچەم قىلدى . لېكىن ، مىڭلىغان هالال نىيەت ئادەملەرنىڭ ئالدانغىنىدەك ئۇمۇ ئالداندى . زالىم شېڭ شىسەيگە لۇيجاڭ بولۇپ سادىقلىق بىلەن جەڭ قىلىپ ، ئۇنىڭ خەتەرلىك دۈشمەنلىرىنى يوقىتىپ بەردى . بۇنىڭ هېسابىغا ئۇ شېڭ دۇبەندىن مۇكاپات ، مەرتىۋە تەلەپ قىلمىغانىدى . ئۇ جاپاكەش خەلقىم مەندىن رازى بولدى دەپ ئويلىدى . نەتىجە تەتۈرىچە بولدى . ئۇ بىر قانخورنىڭ قاتىللىقىغا ياردەم بەرگەن ئادەم بولۇپ قالدى . ئاخىر ئۇ قاتىل ئۇنىڭ ئائىلىسىنى ، ئۆزىنى يوقىتىش كويىغا چۈشكەندىلا ، خەلقىگە قايتىدىن ياخشىلىق قىلىش نىيىتىگە كېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتتى . ئۇ دۈشمەن شېڭ شىسەي ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ، ئۆزىگە ئوخشاش نەپرىتى زورلار بىلەن بىللە مۇشۇ دۈشمەننى يوقىتىپ ، جاپاكەش خەلقىگە بەخت يارىتىشقا قەسەم ئىچتى . شېڭ شىسەي تاشقورغان ، پامىر ئېگىزلىكىدىمۇ تاجىك ، قىرغىزلارغا كۈن بەرمىدى . بۇلاپ - تالىدى . ئون توققۇز مىڭدىن سەل ئارتۇق خەلقى بار چارۋىچىلارنىڭ 1940 - يىلىدىكى بىر يۈز سەكسەن مىڭ توياق قويى 1942 - يىلىغا كەلگەندە ئوتتۇز مىڭغا چۈشۈپ قالدى . خەلق جېنىدىن تويدى ، هايات ئىزدىگەن ئەزىمەتلەر ئىسھاقبېككە تېزلا ئەگەشتى . ئۇ 1943 - يىلىنىڭ بېشىدا سوۋېت يېرىگە قېچىپ بارغان يەتتە يۈزدەك سەرگەردانىنى ئۇيۇشتۇرۇپ هەربىي تەلىم - تەربىيە ئېلىپ باردى . شۇ يىلى 5 - ئايلاردا ئاقچى ، قۇلانئاغ ئەتراپلىرىغا كىرىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش تەييارلىقىنى قىلدى . لېكىن ، قانات ئىسملىك خائىن چېقىپ قويۇپ بىر قېتىم زەربىگە ئۇچرىدى .

ئۇ 1943 ـ يىلىنىڭ 9 ـ ئېيىدا تاشقورغانغا يەنە كىردى . كارۋانشاھ ، غوپۇر قاسىم ، شېرىنبېك ، مەھەممەت ئىمىن قاتارلىق ئەزىمەتلەر بىلەن تاشقورغان «ئازادلىق تەشكىلاتى»نى قۇردى . 1944 ـ يىلى 5 ـ ئايدا بىر يۈز يىگىرمە كىشىلىك تاجىك پارتىزانلىرىنى تەشكىللىدى . ئۇلار گومىنداڭ ماشىنىلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ ، ئون تاغار ئاشلىق ، ئالتە دانە مىلتىق غەنىيمەت ئالدى . 1944 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئۇ بۇ يەردىكى ئىشلارنى ھەمراھلىرىغا قالدۇرۇپ ، سەكسەندەك پارتىزاننى باشلاپ ئۆزى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتكەن جاي غۇلجا شەھىرىدە قوزغالغان ئىنقىلابقا قاتنىشىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدى .

شۇنىڭدىن بېرى ئۇ نۇرغۇن جەڭلەرنى كۆردى ، نۇرغۇن دۈشمەننى يوقاتتى . ئۇ خەلقنىڭ خۇشاللىقىنى كۆرۈپ چەكسىز خۇشال بولدى . ئۇنى ئەڭ خۇشال قىلغان ئىش ئۆزىنى ئىنقىلابقا بېغىشلىغان ، ئىستىقبال مەنزىرىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدىغان نۇرىدەك ياشلارنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقى ئىدى .

مانا ھازىر شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىدە بۇ خىل ياشلار چۇقان كۆتۈرمەكتە . ئۇ بايىلا قولىغا تەگكەن خەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى ، خەت تاجىك يىگىت كارۋانشاھتىن كەلگەنىدى :

«... شۇنداق ، بىز قەسەملىرىمىزگە ئەمەل قىلماقتىمىز . 8 ـ ئاينىڭ بېشىدا قۇربانوف بىر ئىززۋوت ئەسكەر بىلەن غۇلجىدىن كېلىپ بىزگە قوشۇلدى . پارتىزانلىرىمىز ئىككى يۈزدىن ئېشىپ كەتتى . بىزنىڭ تاغدىن چۈشۈپ شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلىدىغان ۋاقتىمىز كەلدى . گومىنداڭنىڭ ھەممىلا يەردە ئەسكىرى بولغىنى بىلەن يۈرىكى پوك ـ پوك ، تۇشقاندىنمۇ قورقۇنچاق . غۇلجا ، ئالتاي ، چۆچەكلەردىكى مەغلۇبىيىتى ئۇنى تېخىمۇ يۈرەكئالدى قىلىپ قويۇپتۇ ، بىزدىن تولىمۇ قورقىدۇ . ئۇغرىنىڭ يۈرىكى پوك ـ پوك بولىدۇ ئەمەسمۇ . ھايتلا دېسەك پۈتۈن خەلق قوزغىلىدىغاندەك قىلىدۇ . شۇڭا بىز يۈرۈش قىلىشنى باشلىۋەتتۇق . سوۋېتتىن كەلگەن مەسلىھەتچى

غولامخان تۆرە، بىز نىڭ شېرىنبېك، لەشكەر، زاھىرزالار سەكسەن نەپەر پارتىزاننى باشلاپ تاشقورغانغا، مەن — كارۋانشاھ، ئىنايىتۇللا، غەرىبشاھ ئۈچىمىز يىگىرمە بەش نەپەر پارتىزان بىلەن تاغارمىغا، مەھەممەت ئەيسا، ئابدۇلمەلىكلەر ئوتتۇز نەپەر پارتىزان بىلەن سۈبېشى داۋىنىغا، تاشتۆمۈر، ئوسمانلارمۇ ئوتتۇز نەپەر پارتىزان بىلەن بۇلۇڭكۆلگە ھۇجۇمغا ئۆتكەندۇق، ئوبۇلقاسىم يىگىرمە يەتتە نەپەر پارتىزان بىلەن يەكەن، يېڭىسار يولىنى توسۇشقا ماڭغاندى. مۇشۇ 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى بىز ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتتۇق. تاشقورغاندىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئىشتانبېغىنى چىگىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي ھەممىنى تاشلاپ چېچەكلىك داۋىنىغا قاچتى. بىز نۇرغۇن قورال، ئوق ـ دورىغا ئىگە بولدۇق. دەپتەر پونكىتىدىكى قىرىق نەپىرى پاكىستانغا، قالغانلىرى يەكەن، قەشقەر تەرەپلەرگە قېچىپ كەتتى. سۈبېشى داۋىنىدىن باشقا زاستاپلار شۇ كۈنىلا ئىشغال قىلىندى. 16 ـ چېسلا سۈبېشى زاستاپتىكىلەرمۇ ئوپالنىڭ ئەللىك كىلومېتىر نېرىسىدىكى بوستانتېرەككە قاچتى، گومىنداڭ دېگەن قېچىشتىن باشقىنى بىلمەيدىكەن ئاكا! چېچەكلىك داۋىنىدىلا ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز جەڭ بولدى. تۆتىنچى كۈنى ئۈلارمۇ قاچتى. نەگە دېمەمسىز، شىمالدا ئوپالغا، شەرقىي شىمالدا ئاقدالاغا قەدەر چېكىنىپ قاچتى. دۈشمەنىنىڭ يىگىرمە ئۈچ نەپىرى ئۆلدى، توققۇز نەپىرى يارىدار قىلىندى. ئىككى يۈز يىگىرمە يەتتە دانە مىلتىق، بىر دانە ئېغىر پىلىموت، ئۈچ دانە قول پىلىموت، بىر يۈز يىگىرمە بەشىك ئوق قولغا چۈشتى. يەنە بۇلاپ ماڭغان قويىدىن ئۈچ يۈز نەچچە تۇياق، تۆگىدىن ئوتتۇز ئالتىنى قايتۇرۇۋالدۇق. بىزدىن ئۈچ يىگىت قۇربان بولدى. 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى بىز تاشقورغاندا ۋالىي مەھكىمە، ھاكىم ئىدارە، ساقچى ئىدارىلىرىنى قۇردۇق. پارتىزانلار قوماندانلىق شتابىنىمۇ تولۇقلاپ قايتىدىن قۇردۇق. غولامخان تۆرە قوماندان، پېقىر كارۋانشاھ ئورۇنباسار قوماندان بولدۇم. مادايوف سىياسىي ئورۇنباسار، سوۋېتلىك

www.uyghurkitap.com

ئەبەيدۇللا مەخسۇم مەسلىھەتچى بولدى . تاجىك ئاتلىق پولكى ، قىرغىز ئاتلىق پولكى قۇردۇق . تاجىك ئاتلىق پولكىنىڭ كوماندىرى لەشكەر ، ئورۇنباسارى ئابدۇراخمان ، كومىسسارى ئابدۇرۇسۇل . قىرغىز پولكىنىڭ نامىنى «ئىسھاقبېك غالىبىيەت پولكى» دەپ قويدۇق . كوماندىرى ھاكىم ، مۇئاۋىنى ئوبۇلقاسىم ، كومىسسارى ئەيسا ، ھەر پولكتا ئىككىدىن ئىسكادىرون بار . بىر پولكتا ھازىرچە ئىككى يۈزدىن كۆپرەك جەڭچى بار ، تاشقورغاندا ئىككى يۈزدىن كۆپ ياشلارغا ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىۋاتىمىز . قەشقەر ، يېڭىسار ، يەكەن ، قاغىلىق بىزنىڭ ئەمدىكى ھۇجۇم نىشانىمىز . لېكىن ، دۈشمەنمۇ ئۇخلاپ ياتقىنى يوق . دۈشمەن مۇداپىئەدە ، لېكىن كۈچلۈك . ۋەزىپىمىز تولىمۇ ئېغىر . دۈشمەن ئەسكەرلىرى ھەممىلا يەردە بىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا : قەشقەر ، يېڭىشەھەردە 12 ـ دىۋىزىيە قوماندانلىق شتابى بىلەن 34 ـ پولكى بار ، ئاتلىق 1 ـ دىۋىزىيىنىڭ 3 ـ ئاتلىق پولكىمۇ شۇ يەردە . خوتەندە 12 ـ دىۋىزىيىنىڭ 35 ـ پولكى ، يەكەندە 12 ـ دىۋىزىيىنىڭ 36 ـ پولكى ، ئاتلىق 1 ـ دىۋىزىيىنىڭ 2 ـ پولكى ، چەرچەندە 2 ـ دىۋىزىيىنىڭ 6 ـ پولكى بار . ئۇنىڭدىن باشقا قەشقەر ، يەكەن ، خوتەنلەردە ئۈچ يۈز ئاتمىش نەپەردىن كۆپ تىنچلىق ساقلىغۇچى قوراللىق ئەسكىرى بار (جاسۇسلىرى بۇنىڭ سىرتىدا) . ئاقسۇدىكى پارتىزانلار باي ، كونىشەھەرلەرنى ئىگىلىگەندىن كېيىن دۈشمەن پاراكەندە بولۇپ قېچىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتەك . ئاكا ، سىلەر قاچانمۇ كېلەرسىلەر ؟ مەن سىز بىلەن قەشقەردە ، ھېيتگاھنىڭ ئالدىدا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىمەن . بىز ھۇجۇمغا ماڭدۇق ، ئامان قالسام ، پېقىر كارۋانشاھ ئاكىسى گېنېرال ئىسھاقبېك بىلەن ئۆز بايرىقىمىز لەپىلدەپ تۇرغان سۈزۈك ئاسمان ئاستىدا قۇچاقلىشىدۇ . ئاللاتائالا بىزنى شۇ كۈنلەرگە يەتكۈزگەي… »

— يارايسەن ، ئەزىمەت كارۋانشاھ ! — دېدى گېنېرال خەتنى ئوقۇپ بولۇپ ، — بىز چوقۇم كۆرۈشىمىز ، سەن ئارزۇ قىلغاندەك

كۆرۈشىمىز !

داخىيەنزىدىكى قوماندانلىق شتاب بىلىنداژغا ئورۇنلاشقان ، ئۈچ قەۋەت ياغاچ ، تاش - توپا بىلەن يېپىلغان يەر ئاستى ئۆيىگە ئايروپىلان تاشلىغان بومبا ، مىناميوت ، زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ زىيان - زەخمەت يەتكۈزەلمەيتتى . شتابقا پولكوۋنىك قىيۇمبەگ غوجام كىرىپ چاس بەردى .

— كېلىڭ ، يىگىت ! — دېدى ئىسھاقبېك تولىمۇ گۈزەل ، ھەربىي كىيىملىرىنى قالتىس ياراشقان يىگىرمە نەچچە ياشلىق پولك كوماندىرىغا زوق بىلەن قاراپ ، — ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ چىرايلىقلىرى جەڭگە توپلانغان ئوخشىمامسىلەر . بايىقى نۇرىمۇ ، سىزمۇ بىر - بىرىڭلاردىن قېلىشمايدىغان چىرايلىق يىگىتلەردىن . خۇدايىم چىرايلىققا ئامراق بولسا سىلەرنى ئوقتىن ئاسرايدۇ !

— گېنېرال ، خۇدايىم سىزنى ئاسرىسۇن ، بىز ئۇيغۇرلاردىن گۈزەللەر جىق بولغىنى بىلەن ، سىزدەك ھەربىي بىلىمى بار قوماندانلار يوق ئەمەسمۇ ؟ ! بىزگە لازىمى چاپايوفلا ئەمەس ، سوۋۇروف ، كوتۇزوفلاردەك ، ژۇكوف ، ۋاسىلىۋسكىيلاردەك ، جۇ دې ، پېڭ دېخۇەيلەردەك قوماندانلار !

— غوجام ، بىرىدىن رەنجىگەن ئوخشىمامسىز ؟

— بەزىلەر جىڭ سوقۇشقا غىنى باتۇر قوماندانلىق قىلىشى كېرەك ، دەپ چۇقان كۆتۈرمەكتە ، گېنېرال !

— چۈشەندىم ، چۈشەندىم ! — دېدى ئىسھاقبېك كۈلۈپ قويۇپ ، — ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن مەن ھەممە ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن ، مەن چويبالسان[1] بولاي دېمەيمەن ! خەلق زۇلۇم كۆرمىسە ، ھەممە مىللەت ئەمگەكچىلىرى ئادەمدەك ياشىسا ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكىدەك تۇرمۇش پاراۋان ، مىللەتلەر باراۋەر ، ئىلىم - پەن تەرەققىي قىلغان جەمئىيەت بولسا دېگەننىلا ئارزۇ قىلىمەن ، غوجام !

① چويبالسان — (1895 — 1952) موڭغولىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مارشالى .

— بىـزمـۇ شۇ ، — دېدى غوجام ئۈلۈغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ ، — مەن بىر باي بالىسى . سىزمۇ شۇ . ئەمما ، بىز زۇلۇمغا قـارشى . گومىنداڭ بىزنى ئادەم قاتارى كۆرمىدى ، ئېلىمۇزنىڭ تىرنىقىغا ئىلمىدى ، ئەمگەكچىلەرنى بۇلاپ ـ تالىدى ، زار ـ زار قاقشاتتى . بىز شۇ ئېزىلگەنلەرنىڭ مەنپەئىتىنى دەپ قولىمىزغا قورال ئالدۇق . سىزمۇ ، مەنمۇ ياشاشنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىمىز . ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجايىن بولۇشى ئۈچۈن كۆرەش قىـلغاندىلا ھايات مەنىلىك بولالايدۇ . ئەمگەكچى دېگەن ئۇيغۇر ، قـازاق ، قىـرغىـز ، تۇڭگان ، قالماق ، شىبە ، ئۆزبېك ، تاتار ، خىتايلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . شۇنداقمۇ ، گېنېرال ؟

— توغرا ، توغرا ئېيتتىڭىز ، غوجام . گومىنداڭدىن ئەسىر چۈشكەن خەنزۇ ياشلارمۇ بىز تەرەپتە تۇرۇپ گومىنداڭغا ئوق ئـاتـمـاقـتـا . نـۇرغـۇنـلىرى قۇربان بولدىغۇ . ئىنقىلاب مىللەت ئايرىمايدۇ . گېرمانىيە كوممۇنىستلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتە تـۇرۇپ ، ئـۆز مىللىتى گېرمانىيە فاشىستلىرىغا ئوق ئاتتىغۇ ! ئىتالىيىدىمۇ شۇنداق بولدى . مىللەتچىلىك ئىنتايىن يامان ئەيىب ، ھەتـتـا جىـنايەت . مۇنۇ شىڭ شىسەي ، گومىنداڭ ھەممىگىلا ئۆز مىللىتىنىڭ پايدىسىنى ئۆلچەم قىلىدۇ . شۇڭا ، خەلقنىڭ نەپرىتىگە يـولۇقتى . غېنى باتۇرمۇ ھەقىقىي باتۇر . لېكىن ، ئۇ قوماندان بولۇشقا لايىق ئەمەس . بۇنى ئۆزىمۇ نەچچە قېتىم ئېيتقان .

ئـۇلار ئـۇزاق مۇڭداشتى . ئىسھاقبېك ئاخىرىدا قېيۇمبەگ غوجامنى ئۇزىتىپ چىقىپ :

— زادىـلا ئۇيـقۇم كەلمـىدى ، ھۇجـۇم باشـلاشـقا تېخى يەنە ئالتە ـ يەتتە سائەت بار ، ئۇخلىۋېلىڭ ، سىزنىڭ 1 ـ باتالىيونىڭىزنىڭ ۋەزىپىسى ئېغىر ، قارا پوتەي ئېلىنمىسا جىڭغا كىرمەك قىـيىن . قارا پوتەينى پارتلىتىش نۇرىنىڭ ئۈستىگە چۈشتى . ئۇ ھـەرگـىـز ئۆزى گرانات ئېلىپ پارتلاتقىلى بارمىسۇن . ئۇنىڭغا بۇيـرۇق بـېـرىـڭ ، ئـۇ قـومـانـدانلـىـق مـاھـارىـتـىنى ئـۆسـتۈرۈشى كېرەك ! — دەپ ئالاھىدە تاپشۇردى .

ئىسھاقبېكنىڭ ئۇيقۇسى قاچقان ، ئۇ يېتىپ باقتى ، ئۇيقۇسى كېلىدىغاندەك ئەمەس ، ئۇ كىتاب ئوقۇسا ئۇخلاپ قېلىشقا ئادەتلەنگەن . ئۇ «بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ تارىخى» ناملىق كىتابنى يېنىدىن ئايرىمايدۇ ، مانا ئۇ شۇ كىتابنىڭ قاتلانغان بېتىنى ئاچتى ، ئوقۇدى ، كىتابنىڭ ئېغىر جۈملىلىرى ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئېغىر بولۇپ تۇيۇلدى . ئۇنىڭ خىيالىنى ئالدىدا بولىدىغان جەڭ ئۆزىگە قارىتىۋالغانىدى . ئۇ خىيال ئېكرانىدا بولغۇسى جەڭنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسىنى ، ھەربىر لىنىيىسىنىڭ يىمىرىلىشى ، دۈشمەن جەسەتلىرى ، ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ قۇربان بولۇشلىرىنىمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى . قارا پوتەي ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدا دائىم پەيدا بولاتتى . ئۇ يەر دۈشمەن گېنېرالى گو چىننىڭ بىرىنچى مۇشتۇمى ، ئۇنىڭ نەزىرىدە «باندىت»لار بۇ باجياخۇ لىنىيىسىدىن ھەرگىزمۇ بۆسۈپ ئۆتەلمەيدۇ . ئۇلار 1944 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپلا مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى قۇرۇشقا كىرىشكەن ، جىڭ دەرياسىنىڭ غەربى ، داخىيەنزىنىڭ شەرقى ئارىلىقىدىكى ساسەنزى ، يۈگجىخۇ ، باجياخۇلارنى ئاساس قىلىپ 1 - سەپ لىنىيىسىنى ، جىڭ دەرياسىنىڭ تەبىئىي توسۇقلۇق شارائىتىدىن پايدىلىنىپ 2 - لىنىيىسىنى ، جىڭ بازىرىنى چۆرىدەپ 3 - لىنىيىسىنى قۇرۇپ چىققانىدى . ھەرقايىسى مۇداپىئە لىنىيىلىرى يەر ئاستى بىلىنداژلار ۋە پوتەيلەر بىر - بىرىگە گىرەلەشكەن ، ئاكوپلار بىر - بىرىگە تۇتاشقان ، ئوق ئېتىشقا توسقۇن بولىدىغان ئۆيلەر تۈزلەنگەن ، دەرەخلەر كېسىلگەن ، كۆچلۈك ئوق تورى شەكىللەنگەن ، جىڭ بازىرىنىڭ ئەتراپىنى كەڭلىكى ئىككى مېتىر ، ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر تام بىلەن قورشاپ ، ئۇنىڭ سىرتىدىن كەڭلىكى تۆت مېتىر ، چوڭقۇرلۇقى ئىككى مېتىر خەندەك ئايلاندۇرۇپ خەندەكنى سۇ بىلەن تولدۇرۇۋەتكەن ، خەندەك سىرتىغا مىنا كۆمگەن . بۇنىڭدىن باشقا ، جىڭنىڭ شەرقىدىكى تاشيول ، ھارۋا يوللىرى بويلىرىدىكى قاراتۇمشۇق ، قومبۇلاق ، كۆلئۆتەڭ ، توغراقچارىغا ئوخشاش

جايلارغىمۇ قوشۇن ئورۇنلاشتۇرۇپ، قورغان ياساپ، تېلېفون تورى پەيدا قىلىپ مۇداپىئە دائىرىسىنى كېڭەيتكەنىدى. گېنېرال گو چى «ئىلى ئوغرىلىرى جىڭدىن ئۆتەلمەيدۇ!» دەپ نۇرغۇن جار سالغان. گېنېرال جۇ شاۋلياڭ بىلەن رەئىس ۋۇ جۇڭشىن بۇنىڭغا تولۇق ئىشەنگەن. ئۇلار نەنجىڭغا: «ئوغرىلار غۇلجىدىن ئىككى يۈز يەتمىش ئۈچ كىلومېتىر شەرقتىكى جىڭ دەرياسىدىن ھەرگىز ئۆتەلمەيدۇ، جياڭ ۋېييۈەنجاڭ خاتىرجەم بولسۇن!» دەپ تېلېگراممىمۇ بەرگەن. يۇقىرىقى ئىشلارنى بىچارە پۇقراغا قىلدۇرغان. بىر يىلدىن بېرى ئالۋان – ھاشارنىڭ كۆپلۈكى، سېلىقنىڭ ئېغىرلىقىدىن پۇقرانىڭ ئۇھ دېگۈدەك ھالى قالمىغان. پۇقرا جان ساقلاش ئۈچۈن ئۆي – ۋاراندىن ۋاز كېچىپ چۆللەرگە، تاغلارغا، نۇرغۇنلىرى ئازاد رايون تەرەپكە قېچىپ كەتكەن. پۇقرادىن ئىگىلىگەن ئەھۋاللار، رازۋېدكىچىلارنىڭ ئىگىلىگەنلىرى قوشۇلۇپ گېنېرالنىڭ ئالدىدا جىڭ مۇداپىئەسى توغرىسىدا ئېنىق، توغرا ۋە ئىشەنچلىك ماتېرىيال پەيدا قىلغان. دۈشمەن ئەھۋالىنى ئېنىق بىلگەندىن كېيىن، قوماندانلىق شتاب ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئېنىق ۋە ئىشەنچلىك پىلانىنى تۈزۈپ چىققان. ئالتە مىڭ كىشىلىك مۇداپىئەنى تۆت مىڭ كىشىلىك ھۇجۇمچى قوشۇن ۋەيران قىلىشى كېرەك، تەلتۆكۈس ۋەيران قىلغاندىلا بۇ غالىب ئارمىيە مۇشۇ بەرىكەتلىك 1945 – يىلى ئۆز بايرىقىنى شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىغا قادىيالايدۇ. گەرچە بۇ غەلىبە 2 – دۇنيا ئۇرۇشىدا ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ئوكيانىيە قىتئەلىرىدە بولغان زور ئۇرۇش غەلىبىلىرىگە سېلىشتۇرغاندا يالقۇننىڭ ئۇچقۇنى، دەريانىڭ بىر ئېرىقىدەك كىچىك بولسىمۇ، ئەركىنلىك ۋە ھۆررىيەتكە تەشنا مىللەتلەر ئۈچۈن ئۆز تارىخلىرىدىكى تەڭداشسىز چوڭ ۋەقە. ئۇلار مۇشۇنداق بىر كۈن ئۈچۈن نەچچە ئون يىل، ھەتتا ئەسىرلەپ قان تۆكۈپ، قۇربان بېرىپ كەلگەن...

ئۇ سائەتكە قارىدى. نۇرغۇن خىيال، مۇلاھىزىلەر ئۇنى چارچاتقانىدى. ئۇ يېرىم سائەت ئۇخلىۋاپتۇ. ئۇ يېنىدا تىك تۇرغان

ئادىيۇتانتقا :

— شتاب باشلىقى كىرسۇن ! — دېدى .

رۇس يىگىت ئىشىكتە پەيدا بولدى . ئىسھاقبېك سائىتىگە قاراپ قويۇپ :

— يۇڭجىخۇغا ھۇجۇم سىگنالى بېرىلسۇن ! — دەپ بۇيرۇق بەردى .

سەگەك ، قۇراللىرىنى بەتلەپ يېتىشقان جەڭچىلەر ئاسماندا ئۈچ دانە ئوت ئوق پەيدا بولۇشى بىلەنلا دۈشمەن ئىستىھكاملىرىغا ئوق ئاتتى ، بۇ پەيتنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشكەن جەڭچىلەر «ھۇررا» توۋلىشىپ تاڭ - تۇڭ ، گۇمباڭ - گۇلدۇر ئاۋاز چىقىرىپ جۇڭغار دالاسىنىڭ يۇلغۇنلۇقلىرى ئارىسىدا ئۇخلاپ ياتقان ياۋايى ھايۋانلارنى ئۈركۈتۈپ ھۇجۇم باشلىۋەتتى . مىناميوتلار دۈشمەن پوتەيلىرىنى چاڭ - توزانغا ئايلاندۇرۇپ ، سەھەر ئاسمىنىدا قويۇق بۇلۇتتەك تۇمان پەيدا قىلدى ، دۈشمەن ئاكوپلىرىغا يېقىنلاپ بارغان غۇلجا 4 - پولك 1 - باتالىيونىنىڭ يىگىتلىرى بەس - بەس بىلەن دۈشمەن ئاكوپلىرىغا گرانات تاشلاپ ، دۈشمەنلىرىنىڭ قىيا - چىيالىرىنى ئاڭلاپ شادلىنىشتى . ئۈچ تەرەپتىن ئېتىلىۋاتقان مىناميوت ، پىلىموت ، مىلتىق ئوقلىرى يۇڭجىخۇ مۇداپىئەسىنى بىتچىت قىلىۋەتتى . چۈشكە يېقىن دۈشمەن مۇداپىئە لىنىيىسىنى تاشلاپ باجىياخۇغا چېكىندى . نۇرى بىرىنچى بولۇپ دۈشمەن ئاكوپلىرىغا كىردى ، توپىغا مىلىنىپ ياتقان جەسەتلەر ، كۆيۈۋاتقان بېلىنداژ ياغاچلىرى ، پاچاقلانغان پىلىموتنى قۇچاقلاپ دۈم ياتقان ، قانغا بويالغان كۆل رەڭ ماتا كىيىم كىيگەن دۈشمەن ئاتقۇچىلىرىنى بىرىنچى بولۇپ ئۇ كۆردى . ئۇنىڭ يېنىدا يۈرتلۇقى زىخرۇللا ئىسىملىك يىگىت پەيدا بولدى - دە ، جان ئۈزمىگەن بىر ئەسكەرگە مىلتىقىنى تەڭلىۋىدى :

— ئوق زايە قىلما ! — دېدى نۇرى قولىنى كۆتۈرۈپ . بىر ئەسكەر ئۇنىغا يېقىن ھالى قالمىغان ، تىترەپ تۇرغان دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى ھەيدەپ كەلدى .

www.uyghurkitap.com

— قىرىۋېتىمىزمۇ ، كوماندىر باتالىيون!

— ياق ، سېنىڭ ئاتىدىغىنىڭ بۇلار ئەمەس ! ئاۋۇ ياقتا ! — ئۇ باجىياخۇنى كۆرسەتتى .

يۇڭجىخۇدا بولغان جەڭ خۇددى ئويۇنچۇقتەكلا ، جەڭچىلەر پۇخادىن چىقمىغانىدى . ئۇلار قاچقان دۇشمەنلەرنى قوغلاپ يوقىتىۋاتقان تېكەس 1 - ئاتلىق پولكىغا ھەۋەس قىلىشتى .

— ئۆز قولۇم بىلەن بىرىنىڭ يۈرىكىگە نەيزە سانجىيالمىدىم !

— مۇشۇ ئۆلۈمتەكلەر بىلەن جەڭ قىلدۇقما ؟

— پوتەيلىرى قەغەزدىن ياسالغانمۇ نېمە ، ئوق تەگسىلا ئوت كېتىدىكەنا !

— يۇڭجىخۇنى مىناميوتلار پاچاقلىدى . باجىياخۇنى بىز ئالىمىز ! — ئۆملەپ ، توپىغا مىلىنىپ يۇڭجىخۇ يېزىسىغا كىرىپ كېلىشكەن 1 - باتالىيون جەڭچىلىرى غەلىبىدىن كېيىنكى چاقچاقلىرىنى باشلىۋەتكەنىدى .

— 1 - لىنىيە يىمىرىلمىدى تېخى ! — دېدى نۇرى روتا باشلىقلىرىغا كەچقۇرۇن ، — بۈگۈن مۇشۇ يەردە دەم ئالىمىز . 6 - چىسلا سەھەر باجىياخۇغا ھۇجۇم قىلىمىز . ئۇ يەر دۇشمەننىڭ ئەڭ مۇستەھكەم قورغىنى ، ئۇ يەرنى ئېلىش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز . ھازىر قىلىدىغان ئىش ئىككى : بىرىنچىسى ، ھوشيار تۇرۇش ، ئىككىنچىسى ، ئوبدان دەم ئېلىش ! — ئۇ ھامان ئاشۇنداق قىسقا ، يۇمۇرلۇق سۆز قىلاتتى .

ياغاچلار كۆيۈۋاتقان بىر دېھقان ھويلىسىدا يارىدار ئەسكەر ياتاتتى . نۇرى ئۇنى سوراق قىلدى :

— سەن نەدىن ؟

— گۇچۇڭلۇق ! — دېدى ئۇ ئۇيغۇر تىلىدا .

— يالغان سۆزلىمە ، كۆلىنىڭ نەرىدىن دەيمەن ؟

— بوۋام سەندۇڭلۇق . مەن شىنجاڭلىق !

— سەندۇڭغا كېتەمسەن ؟

— ياق ، مەن ساڭا ئەسكەر بولاي ، مېنى ئۆلتۈرمىدىڭلار .

بىزنىڭ گومىنداڭ ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرىدۇ !

تاڭ ئالدىدا باجياخۇغا ھۇجۇم باشلاندى : باجياخۇنىڭ ئەتراپى يۇلغۇن ، چاتقال ۋە قۇم بارخانلىرى بىلەن قاپلانغان چۆللۈك . ئۇ غۇلجا - ئۈرۈمچى تاشيولىنىڭ جەنۇبىدا ، جىڭ مۇداپىئەسىنىڭ ئالدىنقى سېپى . شۇڭا ، گېنېرال گو چى بۇ يەرنىڭ مۇداپىئە تەييارلىقىنى پۇختا ئىشلىگەن . يۇلغۇنلار ئارىلىرى مىنالانغان ، قۇم بارخانلىرى بىلەن پوتەيلەر ئوپمۇئوخشاش ئىدى . نۇرى تۇنۇگۈن چارلاش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ ، ئۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى يىپىدىن - يىڭنىسىغىچە ئىگىلىگەن . ھۇجۇم قىلماق قىيىن ، تولىمۇ ئېھتىيات ، جەسۇرلۇق ، پەم ۋە تۇيۇقسىز ھۇجۇم بولمىسا بولمايتتى . نۇرى كومىسسار ، شتاب باشلىقى ۋە روتىلارنىڭ كوماندىرلىرى بىلەن خەرىتە ئالدىدا ھۇجۇم پىلانىنى تۈزدى . ئالدىنقى سەپكە ھۇجۇمغا ئۆتۈشنى روتىلار تالاشتى ، ئاخىر بۇ ۋەزىپە 4 - پولك 1 - باتاليوننىڭ 3 - روتىسىغا تاپشۇرۇلدى . روتا كوماندىرلىرى بىردەك يوشۇرۇنچە يۈگۈرۈپ ئېلىش ئۇچۇن دۈشمەننىڭ ئالدىنقى ئۈچ پوتىيىنى يوقىتىش كېرەك ، بۇ پوتەيلەرگە ئورۇنلاشقان پىلىموتلار تولىمۇ كۈچلۈك ، شۇ پوتەيلەر يوقالسىلا ، دۈشمەن ھودۇقىدۇ دەپ قاراشتى ، ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم ھالىتى شەكىللەندۈرۈپ ، دۈشمەن ئوت كۈچىنى ئۆزىگە قارىتىپ ، بەش كىشىلىك جەڭگىۋار ئەترەت ئەۋەتىپ پوتەيلەرنى بومبا بىلەن تۇيۇقسىز پارتلىتىش ئۇسۇلى تاللىۋېلىندى .

ئۇلار يەر تۈزۈلۈشىنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان يوللارنى بېكىتتى . يېرىم كېچىدە ئۇلار جەڭچىلەرنى سەپكە تىزىپ سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئۆتكۈزدى . مىلتىق ، پىلىموت ، گراناتلار بىلەن قوراللانغان ، چىرايلىق ، رەتلىك كىيىنگەن ، كۆزلىرى چاقناپ تۇرغان روھلۇق يىگىتلەر باتاليون كوماندىرى نۇرىنىڭ روقىنى قوزغىدى . ئۇنىڭ يادىغا ئوقۇغان كىتابلىرىدىكى ناپولېئون ، سوۋۇروف ، كۇتۇزوف ، ستالىنلار كەلدى . ئۇ ئۆزىنى تولىمۇ چوڭ ئىشقا — ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ

ئىشقا بېغىشلىغان ئۇلۇغ ئادەملەر قاتارىدا ھېسابلىنىدۇ . زۇلۇم ۋە بالايىئاپەت مەنبەسىنى يوقىتىش ، ئۆز يېرىنى زالىملارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۇلۇغ ئىش بولماي نېمە؟ ئۇ گەرچە كىچىككىنە بىر يېزىغا ھۇجۇم قىلىش بولسىمۇ ، بۇ ئىش دۇنيادىكى تەڭسىزلىككە قارشى كۈرەشنىڭ مەزمۇنى بولغاچقا ، نۇرى ئۈچۈن ئۇلۇغ ئىش ئىدى .

— خەلق ، ۋەتەن بىزنىڭ قەھرىمانلىقىمىزغا موھتاج ! — دېدى ئۇ دۆڭگە چىقىپ ۋارقىراپ ، — قۇربان بېرىشكە ئۆزىنى ئاتىغان مىڭلىغان ئوغلانى بولمىغان مىللەت مەڭگۈلۈك قۇل . خەلقىمىزنى قۇللۇقتىن خوجايىنلىققا كۆتۈرۈش ئۈچۈن جېنىمىز پىدا !

— جېنىمىز پىدا ! — ئۆتەيىنىڭ جەنۇبىدىكى چەكسىز قۇملۇق بىر ئاجايىپ ئاۋاز بىلەن ئويغاندى . بۇ ئاۋاز قەسەم ، روھ ۋە پىداكارلار سىگنالى ئىدى .

— باجىياخۇنى ئېگىلەش ئۈچۈن دۈشمەننىڭ ئالدىنقى ئۆچ پوتىيىنى ۋەيران قىلىشىمىز كېرەك . بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا كىم تەييار ، ئالدىغا چىقسۇن !

— مەن تەييار ! — بىرىنچى بولۇپ زىخرۇللام نادىروف مىلتىقىنى چىڭ تۇتقان ، بېلىگە قاتار گرانات باغلىغان ھالدا سەپتىن ئۆچ قەدەم ئالدىغا چىقتى .

— مەن !

— مەن !

كەينى - كەينىدىن ۋارقىرىشىپ جەڭچىلەر ئالدىغا چىقىشتى . ئۆزۈلمەي چىققىلى تۇرۇۋىدى ، نۇرى ئوك قولىنى كۆتۈردى :

— بولدى ! بەشلا جەڭچى بولسا يېتىدۇ !

— مەن !

— مەن !

ئالدىغا چىققانلا ۋەزىپە تالاشتى . نۇرى ئۇلارغا زوق بىلەن بىر - بىرلەپ قاراپ چىقىپ :

— ئازادلىق ئۈچۈن بىر تامچە قېنىمىز قالغۇچە ! — دېيىشتى ، جەڭچىلەر بىردەك :

— ئاخىرقى بىر تامچە قېنىمىز ، ئاخىرقى تىنىقىمىز ئازادلىق ئۈچۈن ! — دەپ ۋارقىراشتى .

نۇرى نادىروفنىڭ ئالدىغا كەلدى :

— سىز كېيىن ، باشقا ۋەزىپىگە ...

— ماڭا ھاقارەت ، مەن بىرىنچى بولۇپ ئالدىغا چىققانمەن !

نۇرى كىچىك ۋاقىتلىرىدا قىشلاقتامغا — بوۋىسىنىڭ ئۆيىگە چۈشكەندە بوۋىسىنىڭ بۇ قويچىسى بىلەن بىللە ئويناپتتى . زىخرۇللامنىڭ دادىسى نۇرنىڭ بوۋىسىنىڭ تاشقىرىقى ھويلىسىدا جۇۋاز ھەيدەيتتى . نۇرنىڭ ھېلىمۇ يادىدا : زىخرۇللام ئەڭ يامان كاللارنىمۇ مىنەلەيتتى . ئۆزىدىن ئىككى - ئۈچ ياشلا چوڭ قويچىنىڭ قورقماسلىقى شۇ چاغلاردىلا نۇرنى ھەيران قالدۇراتتى .

مانا ھازىر نۇرى كوماندىر ، زىخرۇللام ئۇنىڭ جەڭچىسى !

— ماقۇل ئەمىسە ، بىرىگە نادىروف !

بەش يىگىت تاللاندى .

جەڭ بۇيرۇقى بېرىلدى . پۈتۈن باتالىيون جەڭگىۋار ھالەتتە ، 3 - روتا ئالدىنقى سەپكە ماڭدى . بەش يىگىت مىلتىقلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ، بەللىرىگە گراناتلىرىنى باغلاپ ، يەر بېغىرلاپ يىلان ئىزى قالدۇرۇپ دۈشمەن پوتىيى تەرەپكە ئۆمىلەپ كەتتى . تاللانغان يىگىتلەرنىڭ ئۈچى زىخرۇللامدەك قويچى دېھقان يىگىتلەر ، بىرى نىلقىلىق قازاق مالچىلاردىن ، يەنە بىرى گىمنازىيىدە ئازراق ئوقۇپ مۇسابايوفلار تېرە زاۋۇتىدا ئىشچى بولۇپ ئىشلەيدىغان شەھەرلىك مۇزدۇزنىڭ ئالتىنچى ئوغلى . ھەممىسىلا دەرد تارتقان ، غەزىپى كۆچلۈك نامرات بالىلىرى ئىدى . نۇرنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆزىگە ياش ئەگىشىدى ، ئۇ ئۆزىگە : «سەن كوماندىر ، يېشىڭنى كىشىگە كۆرسەتمە !» دېدى ۋە قاملاشقان قەددىنى رۇسلاپ :

— ئېتىڭلار ! — دەپ بۇيرۇق بەردى .

جىمجىت كېچە ئاسمىنى چاك - چۇك ، قاراس - قۇرۇس ،

www.uyghurkitap.com

گـۇمباڭ ، تات ـ تات ـ تات قىلغان ئاۋازلار بىلەن تىنەردى . گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ ئوقلىرى ئاسماندا ۋىژىلداپ ئۇچماقتا . ئاي ئولتۇرغان ، قاراڭغۇ كېچە ئاسمىنىدا ھەر خىل ئاۋازلار بىلەن ئۇچۇپ يۈرگەن ئوتلار ئادەملەرگە ئەجەل سىگنالى بېرىپ ، بىردە بېشىدىن ، بىردە يېنىدىن ئۆتەتتى . بىردە بولسا ھەتتا ھېرىپ كېلىپ يېنىدىكى قۇملۇققا «ۋىژ» قىلىپ چۈشۈپ توپا توزۇتاتتى ... جەڭ دېگەندە ئىنسان خاھىشى ئەسقاتمايدۇ ، پەم ـ پاراسەت ، تەلەي ئىگىلىرىلا ئامان قالالايدۇ . ئوقنىڭ كۆزى يوق ، ئۇ ساڭا ھېچنېمىنى ئەسكەرتىپ ئولتۇرمايدۇ .

دۈشمەن ئۆز ھەيۋىسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن پۈتۈن قوراللىرىنى ئىشقا سېلىپ راسا ئېتىۋاتقان شۇ پەيتتە ، بەش پىدائىي دۈشمەننىڭ 1 ـ پوتەيگە يىگىرمە مېتىردەك قالغانىدى . دۈشمەن زەربىدار ئەترەتنى بايقىغان ، پوتەيلەردىن ۋىژىلداپ پىلىموت ئوقى چىقماقتا . «ئاناڭنى !» دېدى موزدۇزنىڭ ئوغلى غوپۇرجان گراناتنىڭ يىپىنى چىشلەپ ئۈزۈپ ، نەق شۇ چاغدا ئۇنىڭ پېشانىسىگە ئوق تەگدى . گرانات ئۇنىڭ دومىلىغان گەۋدىسىدىن ئۈچ ـ تۆت مېتىر نېرىدا پىرقىراپ ۋىژىلداپ «گۇم» قىلىپ پارتلىدى . غوپۇرجان قۇربان بولدى . قالغان تۆت پىدائىي قۇم دۆڭلىرىنى دالدا قىلىپ ئىلگىرىلىدى . «ۋاي !» دېدى يەنە بىر يىگىت ، «ئويباي !» دېدى قازاق يىگىت .

— بولمىدى ، زىخرۇل ! — دېدى ساۋۇت ئىسىملىك دېھقان يىگىت ئېغىر ئىنجىقلاپ ، — مەن بولالمىدىم !...

زىخرۇللام يالغۇز قالغانىدى . ئۇنىڭ غەزىپى ، نەپرىتى قەسەمگە ئايلاندى .

— تۆتكە ئون ! ئونىڭنى ئۆلتۈرمىسەم ! — ئۇ ئالدىدىكى يولغۇن دالدىسىغا قاراپ ئۆمىلىدى ، ئەتراپىدا ئوقلار ۋىژىلدىماقتا ، ئۇ بىردە دومىلاپ ، بىردە ئېغىناپ دۈشمەن پوتەيگە يېقىنلاشتى ـ دە ، ئوق چىقىۋاتقان قارا تۆشۈكنى چەنلەپ تۇرۇپ گرانات ئاتتى . «گۇم !» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ پوتەي ئاسمانغا

چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈپ يوقالدى . ئىس ـ تۈتەك ، چاڭ ـ توزان ئۇنىڭغا دالدا بولدى . ئۇ ئىككىنچى پوتەينىڭ يىنىغىلا باردى ـ دە ، گراناتنى غەزەپ بىلەن پوتەينىڭ ئوت چىقىۋاتقان تۆشۈكىگە ئاتتى . بۇ پوتەيمۇ «گۇم !» قىلغان ئاۋاز بىلەن يەردىن كۆتۈرۈلۈپ ، چاڭ ـ توزان ، ئىس ـ تۈتەك ئارىسىدا يەر يۈزىدىن يوقالدى . ئاخىرقى پوتەيدىكى پىلىموتچىلار ھودۇقۇپ پوتەيدىن چىقىپ قاچتى . زىخرۇللام ئاخىرقى گراناتنى ئاتتى ، دۈشمەنلەردىن ئىككىسى يىقىلدى ، قالغانلىرى قېچىپ يەنە پوتەيگە كىرىۋالدى . ئۇلار زىخرۇللامغا يامغۇردەك ئوق ياغدۇردى . ئوقلار ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى يالاپ ، كىيىملىرىنى تىتىپ ئۆتمەكتە . ئۇ ئالدىدىكى يۇلغۇننى نىشانلاپ سىكۇنتىسىرى يول ئوزگەرتىپ ئۆمىلىدى . ئۇنىڭ سول پۇتى سەزمەس بولۇپ قالدى . جۇڭغار قۇملىرى ئۇيغۇر يىگىتىنىڭ قېنى بىلەن بويالدى ، ئۇ بارغانسېرى ماغدۇرسىزلىنىشقا باشلىدى . ئۇ يۇلغۇن دالدىسىدا سۇنايلىنىپ يېتىۋالدى . پوتەيدىن ئىككى دۈشمەن چىقتى ، ئۇلار يەر بېغىرلاپ زىخرۇللام تەرەپكە كەلمەكتە ، ئۇلار زىخرۇللامنى تىرىك تۇتماقچى . ئۇلار زىخرۇللامغا يىگىرمە مېتىردەك قالغاندا زىخرۇللام مىلتىقىنى ئۇلارغا توغرىلىدى . «ۋاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن بىر دۈشمەن يەردىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ دۈم چۈشتى . يەنە بىرى قاچماق بولۇۋىدى ، زىخرۇللامنىڭ ئوقى ئۇنىمۇ يەر چىشلەتتى .

غەربتىن كەلگەن توپ ئوقلىرى زىخرۇللامنىڭ بېشىدىن ئۆتۈپ قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا پارتلىماقتا . چاڭ ـ توزان ، ئىس ـ تۈتەك ئەتراپنى قاپلىدى . دۈشمەن پىلىموتى يەنە سايراپ كەتتى . زىخرۇللام ئۆمىلەپ پوتەينىڭ ئىچىگە كىردى . پۈتۈن زېھنى بىلەن پىلىموت ئېتىۋاتقان ئىككى گومىنداڭ ئەسكىرى ئۇنىڭ كىرگىنىنى سەزمىدى . ئۇ بىر پۇتىغا تايىنىپ چەبدەسلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، مىلتىق پايىنىكى بىلەن بىرىنىڭ بېشىغا ئۇردى . دۈشمەن دۈم چۈشتى . يەنە بىرى زىخرۇللامغا تاشلاندى . ئۇلار تۇتۇشتى ، زىخرۇللام كۆل رەڭ كىيىملىك ياش ئەسكەرنى

بېسىۋالدى ـ دە، كۈچلۈك قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ كانىيىدىن بوغدى ...

پىلموت ئوقى توختاش بىلەنلا پوتەيگە بىرىنچى بولۇپ نۇرى يېتىپ كىردى. نۇرى دۈشمەننى گېلىدىن بوغۇپ ھوشسىز ياتقان، قان، چاڭ ـ توزانغا مىلەنگەن زىخرۇللامنى يۆلىدى ئۇنىڭ قوللىرىنى ئۆلۈكنىڭ گېلىدىن تەستە بوشاتتى:

— يارايسەن باتۇرۇم! ساڭا ئوخشاش جەڭچىلىرى بار كوماندىر ھېچقاچان يېڭىلمەيدۇ!

بۇ ئۇنىڭ كوماندىر بولۇپ قىلغان تۇنجى سوقۇشى. بۇنداق جەڭلەر تېخى ئالدىدا، بەلكى بۇنىڭدىنمۇ كاتتىلىرى ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقاندۇر. ئۇلار بىر قەدەم بولسىمۇ شەرققە ئىلگىرىلىدى. باجىياخۇ ئۇلارنىڭ، لېكىن دۈشمەن ئايروپىلانلىرى تىنىمسىز بومباردىمان قىلىپ ئۇلارغا ئارام بەرمىدى. دۈشمەن غەزەپلەنگەن، ئۇلار ھېلىدىن ـ ھېلىغا نېرىدىكى پوتەيلەردىن پىلموت، زەمبىرەك ئاتاتتى. باجياخۇنى ئىگىلەپ تۇرۇش قىيىن ئىدى. نۇرى قۇربان بولغان تۆت جەڭچىنى بۇك يۇلغۇنلۇق دۆڭگە دەپنە قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارمىيە بايرىقىنى قاداپ قويدى. جەڭچىلەر چۆل گۈللىرىنى ئەكېلىپ سەپداشلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى چۈمكىدى، زىخرۇللام داخىيەنزىگە داۋالىنىشقا ئەۋەتىلدى. نۇرى كەچتە پولك شتابىغا دوكلات بەرگەندە:

— نادىروف زىخرۇللام قەھرىمان، ئۇ بىزنىڭ جىڭغا ھۇجۇم قىلىشىمىزغا يول ئېچىشتا مۇھىم رول ئوينىدى، قارا پوتەينى پاچاقلاپ چوڭ خىزمەت كۆرسەتتى! — دېدى.

— ئۇنىڭ قەھرىمانلىقى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىنىدۇ، ئۇ قەھرىمان، سىزنىڭ باتاليونىڭىزدىن بىر قەھرىمان چىقتى، مۇبارەك بولسۇن! — دېدى پولك كوماندىرى قېيۇمبەگ غوجا نۇرنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ.

نۇرى 7 ـ سېنتەبىرنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايدۇ. ئۇ ئەڭ خەتەرلىك قورغان قارا پوتەينى كۆل قىلغۇچى قەھرىماننىڭ

باشلىقى. قارا پوتەينى ئىلىش جىنگى ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ ئىش. بىر كوماندىر ئۇچۇن ئۆز پىلانىنىڭ غەلىبىسىنى كۆرۈشتىنمۇ كاتتا بەخت بولامدۇ؟ ئۇ خۇشاللىقىدا جەڭچىلىرىنى بىرمۇبىر قۇچاقلاپ چىقتى. شۇ چاغدا ئۇ يېقىنلىرىنى يادىغا ئالدى. ئۇلارنى قۇچاقلىغۇسى كەلدى. دادىسى، ئىككىنچى بولۇپ باي قىزى زەيتۇنە، ئاندىن كېيىن بەرا، ئاخىرىدا پەرىخە يادىغا كەلدى. «زەيتۇنە مېنىڭ ئۇچۇن شۇنچە مۇھىممۇ؟» دەپ سورىدى ئۇ ئۆز - ئۆزىدىن، لېكىن بۇنىڭغا جاۋاب بېرەلمىدى. ئۇ پەرىخەنى ئويلىدى. ئۇ يېقىندا، ئۇنىڭ ئاقسۇغا ماڭغان ياردەمچى پارتىزانلارغا سانىتاركا بولۇپ كەتكىنىنى ئاڭلىدى. ئۆزىگە ئوخشاشلا پاجىئە، جەبىر - جاپادىن باشقىنى كۆرمىگەن قىزغا ئۇنىڭ ئىچى ئاغرىدى. ئۇنىڭ دادىسى، ئانىسى، ھەدىسى ئىنسانىيەتكە زادى نېمە زىيان سالدى؟ نېمە ئۇچۇن رەھىمسىز تەقدىرنىڭ جازالىرى شۇ بىچارە قىزغىلا كېلىدۇ - ھە؟... بىردىنلا پەرىخەنىڭ چىرايىنىڭ ئورنىنى يەنە زەيتۇنەمنىڭ يوغان، قاپقارا كۆزلىرى، ئاپئاق يۈزى، يېقىملىق ئاۋازى، سىلىق گەپلىرى ئىگىلىدى. زەيتۇنە ھەرقانچە خاپا بولسىمۇ كۆلۈمسىرەلەيدۇ، سىلىق گەپ بىلەن كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئەپۇ سورىيالايدۇ. ئۇ گويا ياۋروپا كىتابلىرىدىكى ھېسسىياتلىق، رومانتىك قىزلارنىڭ ئۆزى، پەرىخەچۇ؟ ئۇنى ھايات زەربىلىرى تېرىككەك قىلىپ ئۆستۈرگەن. ئۇ تىللاشقا، گەپ قىلغاندا قوپال — ئېشەك، ئىت، مۇناپىق دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە ئامراق. بۇ ئۇنىڭ جەمئىيەتتىن قوبۇل قىلغان مىجەزى بولۇپ ۋۇجۇدىدا يېتىلىۋاتقان ئەيىبى. لېكىن، بۇ ئەيىبى يىرگىنىچلىك ئەمەس. ئۇ زەيتۇنەگە سېلىشتۇرۇلغاندىلا بايقىلىدىغان ئەيىب. بىچارە ئاسىيە ئابىستەي نېمىلەرنى كۆرمىدى. بالىلىرى ئۇچۇن قىلچە كۆڭلى يوق ئابدۇمەر مىڭبېگىدەك قوپال، رەھىمسىز ئادەمگە توقال بولدى. قىزى ئۇچۇن ئۇرۇمچىدە سەرسان بولدى. نىلقا، دۆربىلجىن كوچىسىدا خورلاندى، خورلۇق بىلەن دۇنيادىن مەڭگۈلۈككە كەتتى...

بۇ قىسمەت، قانلىق تارىخ پەرىخەنىڭ قەلبىنى قانچىلىك پارە قىلدى، ئۇ قوپال سۆزلىمەي كىم سۆزلىسۇن؟ زەيتۇنەچۇ؟ تۇغۇلغىنىدىن تارتىپ ھازىرغىچە خورلۇق، دىل يارىسى دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا تىل ـ ئاھانەت تۇگۇل، قوپال گەپمۇ كىرىپ باقمىدى. ئۇ زۇلۇم، ئازاب دېگەنلەرنى كىتابلاردىنلا كۆرگەن. ئۇنىڭ دادىسى قىزىنىڭ خۇشلۇقى ئۇچۇن ھەممە بايلىقىنى تەقدىم قىلىشقا تەييار، يالغۇز قىزى باينىڭ نەچچە مىليون، نەچچە مىليون دوللارلىق بايلىقىدىن ئۇستۇن. بۇ خىل ھايات زەيتۇنەگە سىلىق سۆز، تەبەسسۇمدىن باشقا نېمىمۇ تەقدىم قىلسۇن؟ … ئۇ زەيتۇنە بىلەن پەرىخەنى سېلىشتۇرۇپ پەرىخەگە يان بېسىپ خېلى پىكىر قىلدى. لېكىن، ھېسسىيات دېگەن ياۋايى ئاتتەك بىرنېمە ئىكەن، ئۇ كىشىنىڭ مەيلىگە باقمايدىكەن، ئۇنىڭ سېغىنغانلىرىنىڭ تىزىملىكىدە يەنىلا زەيتۇنە يۇقىرى ئورۇندىن چۈشمىدى …

نۇرى مىلتىقىنى چىڭ تۇتۇپ باياتىن تاشتا ئوڭدا ياتقان يېرىدىن سۇرۇلۇپ، خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان ئاخىرقى ساۋاقدىشى ھەببۇلنىڭ يېنىغا يانچە بولۇپ قىيسايدى.

7 ـ سېنتەبىر ئاجايىپ جەڭلەر بولدى. شۇ كۈنى 1 ـ لىنىيىنى تاشلاپ باجياخۇدىن جىڭ بازىرىغا چېكىنگەن گومىنداڭ قىسىملىرى پۈتۈن سەپ بويىچە ئېغىر ـ يېنىك قوراللىرىنى ئىشقا سېلىپ كۈچىنىڭ بارىچە ھۇجۇم قىلدى، ئايروپىلانلىرى ئۈزۈلدۈرمەي بومباردىمان قىلدى. نۇرىلار جىڭ دەرياسىنىڭ غەربىي گىرۋىكىدە ۋاقىتلىق ئاكوپلارنى قېزىپ مۇداپىئەلەندى، دۈشمەن توپ ـ زەمبىرەك، ئايروپىلانلىرىنىڭ چاڭ ـ توزانلىرى ئىچىدە ئاكوپلىرىدا مۇداپىئەدە تۇرۇش 4 ـ پولك قەيسەرلىرىگە زېرىكىشلىك بىلىندى. لېكىن، بۇيرۇق شۇنداق ـ دە! مانا ھازىر مۇشۇ 7 ـ سېنتەبىردىن 8 ـ سېنتەبىرگە ئۆتەر كېچىسى غۇلجا 2 ـ پولكىنىڭ ئىككى ئىسكادىرونى جىڭ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىن ئۆتۈپ، بازارنىڭ شىمالىي بىقىنىدىن ھۇجۇم

باشلىۋەتتى . تېكەس 1 - ئاتلىق پولكىنىڭ توققۇز نەپەر جەڭچىسى جىڭ دەرياسىنىڭ شەرقىي گىرۋىكىدىكى 6 - ، 8 - نومۇرلۇق پوتەيلەرنى پارتلىتىپ دۈشمەننى ئالاقزادە قىلىۋەتتى . تېكەس 1 - ئاتلىق پولكىنىڭ ئاساسىي قىسمىغا جىڭ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن ئۆتۈپ ، بازارنىڭ شەرقىدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈش بۇيرۇقى بېرىلدى . جەڭ تۇلپارلىرى شۇ تاپتا جىڭ دەرياسىنىڭ سۈيىنى چاچرىتىپ ، دەريادىن ئويناقلاپ ئۆتمەكتە . بىرلا قېيۇمبەگ غوجامنىڭ پولكىغا ھۇجۇم بۇيرۇقى يوق . ئىسھاقبېك جىڭ سوقۇشىنىڭ غەلىبىسىنى 4 - پىيادىلەر پولكىدىن قىزغىنىۋاتمايدىغاندۇر - ھە ؟

جىددىيلىشىپ ، نېرۋىلىرى ئاجىزلاپ ئاكوپتا جىم يېتىش ئازابىدا قىيىنىلىۋاتقان نۇرى بىردىنلا خىيالىنى غەلىبە خۇشاللىقىدىن بولغۇسى جەڭلەرگە يۆتكىدى . ئۇ يېنىدىكى ھەبىبۇلنىڭ جۆيلۈشلىرىنى ئاڭلىدى : «نېغمەت ئۆلدى . ئەمدى مەن ئۆلمەن ، ئات ، مانا كۆكرىكىم !»

ئۇنىڭ خىيالى بىردىنلا تۇنۇگۈن دەپنە قىلىنغان ئون نەچچە ئاغىنىسىگە يۆتكەلدى : سالاھىدىن ئاجايىپ چاقچاقچى ، ناخشىچى ئىدى ، ئەخمەت قىزلار توغرىسىدا پىچىرلىشىشقا تولىمۇ خۇمار ئىدى ، ئىدرىس كۈلۈشتىن باشقىنى بىلمەيتتى ، كېرىم قورسىقىغا بەكمۇ ئامراق ئىدى ، سەلىمنىڭ چېچىلاڭغۇلۇقى - ھە ؟ ئابدەش مىلتىقىنى دومبىرا قىلىپ ئۆلەڭ ئېيتىپلا يۈرەتتى ... ئۇنىڭ مۇرادىغا يېتەلمىگەن دوستلىرىغا يۈرىكى ئېچىشتى ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلدى . ئۇ چىدىماي يېنىدىكى ھەبىبۇلنىڭ بېشىنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى .

— ئوق تەگدىما ! — دېدى ھەبىبۇل چۆچۈپ ئويغىنىپ .

— ياق ، بولدى ئۇخلىما ، قارا ، شەرقتە سۈبھى كۆتۈرۈلدى . ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان چاغ بولۇپ قالدى .

— بۈگۈن نەچچىمىز ئۆلەرمىز ، نۇرى ؟

— ئۆلمەيمىز ، ئۆلتۈرىمىز ، جىڭنى ئازاد قىلىمىز !

— تانكىلىرى كەلگۈدەكقۇ ؟

— پۈتۈن گومىنداڭنىڭ يۈز مىڭ ئەسكىرى كەلسىمۇ ، جياڭ جيېشىنىڭ ئۆزى كەلسىمۇ مەيلى ، جىڭنى ئالغىنىمىز ئالغان !

— قالتىس كوماندىر جۇمۇسەن ، پۈتۈن ئارمىيىگە قوماندان بولساڭ بولاتتى !

ھەببۇل ئورنىدىن دەس تۇردى . بىلگەندەكلا ھۇجۇم بەلگىسى — ئۈچ دانە ئوت ئوق سۇزۇك ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى .

— 8 ـ سېنتەبىر ئەڭ چوڭ غەلىبە كۈنى بولسۇن ، ھۇررا !

ھۇجۇم باشلاندى . جەڭچىلەر ئاكوپلاردىن چىقىپ ئالغا قاراپ يۈگۈرۈشتى .

پىيادىلەرنىڭ سۈرئىتى ئاتلىقلاردىن قېلىشمىدى . ئۇلار يۈگۈرۈشتى ، ئاتتى ، توختىماي يۈگۈرۈشتى ، توختىماي ئاتتى ، لېكىن ئۇلار ئۇ يەر ـ بۇ يەردە ئۇچراتقان جەسەتلەردىن باشقا ئۆزلىرىگە قارىتىپ ئوق ئېتىۋاتقان بىرمۇ دۈشمەن ئەسكىرىنى كۆرمىدى . ھاۋادا دۈشمەننىڭ ھارغان ئوقلىرى ئىسقىرتقاندەك چىۋىلداپ ئۇلارنىڭ يانلىرىغا چۈشەتتى ، ئۇلار بىرمۇ دۈشمەننى كۆرمىدى . ئاخىر جىڭ بازىرىنىڭ چۆرىسىدىكى مۇداپىئە سېپىللىرى ، ئاكوپلىرىنى كۆردى . دۈشمەن بازار ئىچىدە قارشىلىق قىلماقتا ئىدى . ئاتلىق قىسىملار شەھەرگە كىرىپ بولغان چېغى ، «دۈشمەن قاچتى !» دېگەن چۇقان كۆتۈرۈلدى . شۇنچە كاتتا روھىي تەييارلىق بىكارغا كەتتى . دۈشمەن ئانچە ئۇرۇشمايلا جىڭ بازىرىنى تاشلاپ قېچىپتۇ . ئەتىگەنلىكى سائەت ئونلاردا جىڭ بازىرىدا ئوق ئاۋازى توختىدى . ئاكوپ ، كوچىلاردا دۈشمەن جەسەتلىرى ئۇچرىغاندىن باشقا ، دۈشمەننىڭ ئەسىر ئېلىنغان ئازغىنىلا ئەسكىرىنى تېكەس ئاتلىق پولكىنىڭ جەڭچىلىرى ھەيدەپ كەلمەكتە ئىدى .

گېنېرال گو چىغا 6 ـ سېنتەبىر كېچىسىلا شىخودىكى قوماندان شيې يىفېڭدىن : «شىخوغا چېكىن !» دېگەن بۇيرۇق كەلگەن . گېنېرال گو چى جىڭنى مۇداپىئە قىلىشقا ئاز بىر قىسىم

ئەسكىرىنى قالدۇرۇپ، ئاساسىي كۈچىنى باشلاپ چېكىنگەن. ئۇ كېتىشتىن بۇرۇن بار كۈچى بىلەن بومباردىمان قىلىپ ھەيۋە كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ ئەسىرگە چۈشكەن ئوفىتسېرلىرى مانا شۇلارنى مەلۇم قىلىشتى. بۇ چاغدا شىخومۇ قولدىن كەتكەن بولغاچقا، گېنېرال گو چى چۆل - جەزىرە ئارىلاپ ماناسقا قاراپ قېچىشتىن باشقا ئامال تاپالمىغان. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بىر تۇتاش قوماندانلىقتىن ئايرىلغان. ئۇنى قوغلاپ ماڭغان تېكەس 1 - ئاتلىق پولك، غۇلجا 2 - پولكىنىڭ بىر دىۋىزىيونى، خۇيزۇ دىۋىزىيونىنىڭ بىر ئىسكادرونى، بايچۈرىن، بارات، ئىمىن پەرەڭ پارتىزانلىرى ئىككى ياندىن، ئالدىدىن زەربە بېرىپ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى ھالىدىن كەتكۈزدى. دۈشمەن تىرىپىرەن بولۇپ قۇملۇق، توغراقلىق چۆللەردە قىيىنىلىپ شەرققە قاچماقتا ئىدى. غۇلجا 4 - پولك — پىيادىلەر پولكى جەڭنى ئىگىلىدى. «ھەي ئىست، قوغلاشقا قاتنىشالمىدۇق!» دەپ قاقشىدى نۇرى.

شىخونى ئىشغال قىلغان قىسىملاردىن موڭغۇل دىۋىزىيونى بىلەن تارباغاتاي 6 - ئاتلىق پولكىنىڭ بىر قىسىم كۈچى شىخونىڭ غەربىدىكى پورتاجى ئەتراپىدا جەڭدىن قاچقان گو چى ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇيۇقسىز زەربە بەردى. گو چى يۈزدىن ئارتۇقراق ئاتلىق ئەسكىرىنى باشلاپ مۇھاسىرىنى يېرىپ چىقىپ، شىخونىڭ شىمالىنى ئايلىنىپ شەرققە قاچتى.

شىخونى ئىشغال قىلغان ئاتلىق قىسىملار كونا شىخو، كۈيتۈن، كىگەن، چىپى، يەنسىخەي، قىرىققۇدۇق ئەتراپلىرىدا قاچقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قارشىلىق قىلغانلىرىنى يوقاتتى، تەسلىم بولغانلىرىنى ئەسىرگە ئالدى. تاشيولنىڭ جەنۇبىدىكى يولنى ياقىلاپ قاچقان 45 - دىۋىزىيىنىڭ 1 - پولكى موڭغۇل دىۋىزىيونىنىڭ بىر ئىسكادرونى، قازىقان قىسىملىرى ۋە بايچۈرىن پارتىزانلىرىنىڭ تەرەپ - تەرەپتىن زەربىسىگە ئۇچراپ قىرىلىپ تولىمۇ ئاز قالدى. پولك كوماندىرى ئازراقلا كۈچ بىلەن ماناسقا قېچىپ كېتەلىدى. جىڭ مۇداپىئەسىنىڭ قوماندانى

گېنېرال گو چى يەنسخەي يۇلغۇنلۇقىدا ئەسىرگە چۈشتى .
جىڭ ئۇرۇشى مانا شۇنداق ئاخىرلاشتى . ھۆركىرىگەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى سۇغا چۈشكەن چاشقانغا ئايلاندى . ئۇنىڭ 45 - دىۋىزىيىسىنىڭ بىۋاسىتە قىسىملىرى بىلەن 3 - پولكى ، 191 - دىۋىزىيىسىنىڭ 571 - پولكى ، 7 - دىۋىزىيىسىنىڭ 21 - پولكى ، تاغ ۋە زەمبىرەك قىسىملىرى تامامەن يوقىتىلدى : مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى ، ئىككى يۈز ئون توققۇز نەپەر ئوفىتسېرى ئەسىرگە چۈشتى . ئون ئىككى دانە مىنامىيوت ، توققۇز دانە زەمبىرەك ، ئوتتۇز سەككىز دانە ئېغىر - يېنىك پىلىموت ، ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق مىلتىق ، نۇرغۇنلىغان گرانات ، ئوق ۋە باشقا ھەربىي ئەسلىھەلەر غەنىيمەت ئېلىندى .
جىڭ يۇقرالىرى غۇلجا پىيادىلەر 4 - پولكىنىڭ جەڭچىلىرىنى ئۆي - ئۆيلىرىدە مېھمان قىلىشتى . ئەسىرلەر بازارغا ھەيدەپ كېلىندى . غەلىبە تەنتەنىسى ئازادلىققا تەشنا قەلبلەرنى تولىمۇ خۇش قىلدى .
خۇشاللىق بار يەردە قايغۇ — كۆز يېشى ھەم بىللە بولىدۇ . قەبرىستانغا جىڭ ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان بىر يۈز ئەللىكتىن كۆپ جەڭچىنىڭ جەستى ئاپئاق يوپۇق يېپىلغان ھالدا پەيدا بولغاندا ، ھازا ، كۆز يېشى يۈرەكلەرنى ئەزدى .
— قۇربان بولغان قېرىنداشلىرىمىز جەننەتتى بولغاي ! — دېدى پولكوۋنىك قېيۇمبەگ غوجام سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ، — دۈشمەن قولىغا ئون توققۇز نەپەر جەڭچىمىز ئەسىر چۈشتى ، خۇدايىم ئۇلارغا ئۆزى باشپاناھ بولغاي !
جىڭ بازىرىدا 8 - سېنتەبىر داغدۇغىلىق يىغىن بولدى . ئىسھاقبېك قىسقا ، مەزمۇنلۇق سۆزلىدى :
— بىزنىڭ بايرىقىمىز ھەممىلا جايدا لەپىلدىمەكتە . 9 - ئايدا ئاقسۇ كونىشەھەردە ، تاشقورغاندا ، يۇلتۇزدا يېڭى ھاكىمىيەت قۇرۇلدى . ئۇلار پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىپ نۇرغۇن دۈشمەننى

يوقاتتى، نۇرغۇن قورال - ياراغ، ئاشلىق، مال - ۋاراننى قولغا چۈشۈردى. ھازىر غۇلجا - ئۈرۈمچى، ئۈرۈمچى - ئاقسۇ تاشيولى بىزنىڭ كونتروللۇقىمىزغا ئۆتتى. دۈشمەن ساراسىمىگە چۈشتى. ئاخىرقى ئۈمىدىنى ئۈرۈمچىنى مۇداپىئە قىلىشقا بېغىشلىماقتا. ئەمما، بىز ئۈرۈمچىنى چوقۇم ئالالايمىز. يىل ئاخىرىغىچە گومىنداڭنى قوغلاپ چىقىرالايمىز!

خەلق بىلەن ئارمىيە شوئار توۋلىشىپ تەنتەنە قىلىشتى. جىڭ ناھىيىسى ئاسمىنىدا غەلبە بايرىقى لەپىلدىدى.

بۇ چاغدا ئۈرۈمچىدە 8 - ئۇرۇش رايونىغا مۇئاۋىن قوماندان بولۇپ يۆتكىلىپ كەلگەن، قوشۇمچە باش شتاب باشلىقى گو جىچياۋ جۇ شاۋلياڭ، ۋۇ جۇڭشىنلەر قاتناشقان جىددىي يىغىندا جياڭ جيېشىنىڭ تېلېگراممىسىنى ئوقۇپ بېرىپ، تۆۋەندىكى تۆت ماددىلىق جىددىي ئورۇنلاشتۇرۇشنى بۇيرۇق ئاھاڭىدا ئوتتۇرىغا قويدى: ① دەرھال 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ شىنجاڭ گازارمىسىنى قۇرۇش كېرەك؛ ② ئاتلىق 5 - كورپۇسنىڭ ما چېڭشياڭ قوشۇنى ۋە سۇ رۇچېڭ دىۋىزىيىسىنى ئالدىنقى سەپتىكى تولۇق بولمىغان قىسىملار بىلەن بىللە ماناس دەرياسى بويىغا توپلاش، ئاندىن شىمالىي شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشنى ئويلىشىش كېرەك؛ ③ ئۈرۈمچىدىن ماناسقىچە، ئۈرۈمچىدىن قۇمۇلغىچە، ئۈرۈمچىدىن قاراشەھەرگىچە بولغان قاتناشنىڭ راۋانلىقىنى قەتئىي قوغداش كېرەك؛ ④ ئۈرۈمچىنى قاتتىق ساقلاش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن: 1) 46 - دىۋىزىيىنى شەرقىي شىنجاڭدىن ئۈرۈمچىگە يۆتكەش، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بارلىق ساقچىلار ۋە مەركىزىي ھەربىي مەكتەپنىڭ 9 - شۆبىسى، مەركىزىي ساقچى مەكتەپنىڭ 3 - شۆبىسىدىكى شىنجاڭ ھەربىي تەلىم - تەربىيە پولكىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى مۇداپىئە سېپىگە كىرگۈزۈش. 2) ئۈرۈمچى، فۇكاڭ، سانجى، قۇتۇبى ناھىيىلىرىدە تۆت چوڭ قوغدىنىش ئەترىتى قۇرۇش. 3) ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئارمىيە - خەلققە كېچە - كۈندۈز مۇداپىئە ئىستىھكامى ياساشنى بۇيرۇق قىلىش.

4 ) ئۈرۈمچىدىكى غەيرىي ھەربىي ئورگان ۋە زۆرۈر بولمىغان ھۆكۈمەت خادىملىرى، ئائىلىلەرنى پۈتۈنلەي جەنۇبتىكى قاراشەھەرگە يۆتكەش كېرەك[1].

رەئىس ۋۇ جۇڭشىن تىترەپ تۇرغان ئاۋازى بىلەن سۆزلىدى:

— 9 - سېنتەبىر قۇتلۇق كۈن ئىدى. بىز بولساق نەق بۇ كۈنى قايغۇدا، توققۇز رەقەملىك خەيرلىك رەقەم ئىدى. 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى پۈتۈن جۇڭگو ئۈچۈن خەيرلىك، تەنتەنە كۈنى، بىز ئۈچۈن ماتەم كۈنى بولدى! — ئۇ كۆز يېشىنى ياغلىقى بىلەن سۈرتۈپ، بۇرنىنى يەڭگىللىتىپ بولۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — قۇرۇقلۇق ئارمىيىمىزنىڭ باش قوماندانى گېنېرال خې يىڭچىن جانابلىرى مانا مۇشۇ خەيرلىك كۈندە جۇڭچىڭدىن ئايروپىلان بىلەن نەنجىڭغا كېلىپ، ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى ئوكامۇرا نىيجىنىڭ تەسلىمنامىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇ نەقەدەر خەيرلىك كۈن - ھە! ھەي، ئىسىت، بىز بۇ كۈندە باندىتلارنى تازىلاش غەلىبىسىنى تەنتەنە قىلىپ، جىياڭ جۇشىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشىمىز كېرەك ئىدى... ئەكسىچە...

ئۇ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى.

— بۇيرۇق! — دېدى گېنېرال جۇ شاۋلىياڭ ۋارقىراپ، — ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن شىخو، جىڭ مۇداپىئەسىدىن چېكىنگەنلەر كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسى ئېتىلسۇن! كەچۈرۈم قىلىنىشقا قەتئىي رۇخسەت يوق! شىي يىفېڭ، گو چىلارنىڭ بولۇمسىزلىقىدىن دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ شەنىگە داغ چۈشتى. خەلق پاراكەندە، پاتىپاراقچىلىق پەيدا بولدى. بۇنىڭ سەۋەبچىسى ئاشۇ بولۇمسىز، توخۇ يۈرەك ئىككى گېنېرال!

— شۇنداق، شۇنداق! — دېدى ۋۇ جۇڭشىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، — بىز خەلققە كاپالەت بېرەيلى: شىنجاڭنىڭ بىر سىقىم تۇپرىقىنىمۇ باندىتلارنىڭ قولىدا قالدۇرمايمىز. بىز ئاتا -

---

① «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، 142 - بەتكە قاراڭ.

يوۋىلارنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرىنى قېنىمىز ، جېنىمىز بىلەن قوغدايمىز ، راۋاجلاندۇرىمىز !

سېنتەبىرنىڭ 10 ـ كۈنى گومىنداڭ ئاتلىق 5 ـ كورپۇسىنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرى قومۇلغا كېلىپ ، ئۇرۇمچىگە شۇ كۈنىلا ماشىنا بىلەن يۈرۈش قىلدى . 11 ـ سېنتەبىر گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ماناس دەرياسى كۆۋرۈكىگە ئوت قويۇۋەتتى .

— پۈتۈن شىمالىي شىنجاڭ بىزنىڭ ! — دېدى يېڭىلا شىخودىن ياردارلارنى داۋالاش ئىشىغا مەسئۇل بولۇپ كەلگەن سولايمانوف نۇرىنىڭ ۋاقىتلىق ئىشخانىسى — باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرى بۆلۈمىگە كىرىپ ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ ، — يارايسەن ، نۇرى ئاداش ، سېنىڭ باتاليونىڭدىن زىخرۇللام نادىرروفتەك كۆرەش قەھرىمانى چىقتى . بىرىنچى دەرىجىلىك ئىستىقلالىيەت ئالتۇن ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلاندىڭ ، تەبرىكلەيمەن !

— رەھمەت ، ئەيسا ، — دېدى نۇرى بۇرۇندىنلا ئانچە ئېقى كېلىشمەيدىغان بۇ يىگىتكە ئېغىزى ئۇچىدىلا ئىپادە بىلدۇرۇپ ، — قاچان كەلدىڭ ؟

— هازىرلا ، ساڭا خۇشاللىق ئۈستىگە خۇشاللىق بولسۇن دەپ ، بىر ئاجايىپ سوۋغا ئەكەلدىم . تاپقىنا ، ئۇ نېمىدۇر ؟

— پەرىخەنىڭ خېتىمۇ ؟

— ياق ، ئۇنىڭدىنمۇ كاتتىسى !

— دادام ، ياق ، بەرانىڭ خۇش خەۋىرىمۇ ؟

— ئۇمۇ بار . بۇدوقىسى ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم ، يۈرىكىڭ يېرىلىپ كەتمىسۇن جۇمۇ !

— خۇشاللىقتا يېرىلىدىغان يۈرەك مېنىڭ بۇ گەۋدەمدە تۇرالمايدۇ . ئاداش ، قېنى ئېيتە ، خۇش خەۋىرىڭنى .

— سانىتاركا زەيتۈنە ئابلايېۋا بىز بىلەن كەلدى !

ئۇ نۇرىنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قارىدى . لېكىن ، يىگىتنىڭ

چىرايىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى ئۇ گويا ھېچ گەپ ئاڭلىمىغاندەك ، بۇرۇنقىدەكلا تۇراتتى .

— ھە ، مۇنداق دېگىن . باي قىزنىڭ سانىتارگا بولۇشى دەۋرىمىز خەلقىنىڭ روھىي گۈزەللىكى !

— ياق ، ئۇ خەلقنى دەپ ئەمەس ، سېنى دەپ شۇنداق قىلدى بۇنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ .

— مەن بۇنچە چوڭ مەرتىۋىگە لايىق ئەمەسمەن ، ئەيساجان .

— دادىسى ھەتتا ئېلىخان تۆرەمنىمۇ ئارىغا تىقىپ قىزىنىڭ كۆڭلى ئۇچۇن ساداقەت بىلدۈردى . بۇنىمۇ ھەممە خەق بىلىدۇ . سەن داڭگال تولىمۇ ئامەتلىك جۇمۇ . مەنمەن دېگەن ئون نەچچە يىگىت ئۇ قىز ئۇچۇن پەرۋانە ، لېكىن ئۇ قىز داڭگال ئۇچۇن سەدىپارە . بۇ نېمىدېگەن قالتىس مۇھەببەت داستانى ـ ھە ؟ !

— لېكىن مېنىڭ قەلبىمدە بىرلا ئىش بار : ئاخىرغىچە جەڭ قىلىش .

— بۇ ئىش ھەممىمىزگە ئورتاق . مۇھەببەت ، نىكاھ بۇ ئىشقا توسقۇن ئەمەس . توسقۇن بولغان بولسا ئەخمەتجان ئەپەندىم ماھىنۇر بىلەن ، ئابدۇكېرىم ئابباسوف خىتاي قىزى بىلەن توي قىلمىغان بولاتتى .

— ھەممە ئادەمنىڭ ئۆز خاسلىقى بولىدۇ . ئەيساجان ، سەنمۇ جىق كىتاب ئوقۇغان . ھەممىلا ئادەم قوبۇل قىلالايدىغان تۇرمۇش مىزانى تېخى پەيدا بولمىدى . زەيتۇنە ياخشى قىز ، مەن ئۇ قىزغا چىن قەلبىمدىن بەخت تىلەيمەن .

— ئۇ بەختنى قۇرۇق تىلىمەستىن ئۇنىڭغا تەقدىم قىل .

— بۇ ئىشنى كەلگۈسى بەلگىلىسۇن . مېنىڭ قەلبىم ھازىر پارە ـ پارە . ئۆز قولۇم بىلەن يېقىن دوستلىرىمدىن ئون ئۇچنى دەپنە قىلدىم . مەنمۇ تەۋەككۇل دەرياسىدا . بەختلىك قىلىمەن دەپ بەختسىز قىلىپ قويارمەنمىكىن . ھە ، ئېيتقىنا پەرىخەننىڭ ئەھۋالى قانداق ؟

— ئۇ قىز ، — دېدى سۇلايمانوف موخوركىسىنى ئىچكە

تارتىپ ، — مۇشۇ ياققا يۆتكىلىشكە جىق ئۇرۇندى . مەن ياردەم قىلالمىدىم . ئىمىر ھاجىنىڭ ئىسكادىرونى بىلەن ئاقسۇ تەرەپكە سانىتاركا بولۇپ كېتىپ قالدى .

— مانا ، بەخت ئۇ بىچارىگە تولىمۇ زۆرۈر . ھېچكىمى قالمىدى . ئۇنىڭمۇ كۆڭلى پارە - پارە !

سۇلايىمانوف تامدەك تاتىرىپ نۇرىغا قارىدى . قىز ئۇنىڭغا ھېلىقى ئىشلارنى يازغان بولسىچۇ ؟…

نۇرى گەپنىڭ ماۋزۇسىنى يۆتكىدى :

— ئىنىم بەرانىڭ يارىسى ئېغىر ئەمەستۇر - ھە ؟

— ياق ، ياق . ئۇ تامامەن ياخشى بولۇپ كەتتى .

ئەمدى قىلىشقۇدەك گەپ قالمىغاندەك ، نۇرى كەينى - كەينىدىن كىرىپ تۇرغان روتا كوماندىرلىرىغا قىسقا - قىسقا بۇيرۇق ئاھاڭىدىلا گەپ قىلاتتى . سۇلايىمانوف بولسا بۈگۈنكى گېزىتتىكى «مارشال ئېلىخان تۆرەم ئوتتۇرا يۈنىلىشنىڭ ئالدىنقى سەپلىرىدە» ماۋزۇلۇق ماقالىسىنى ئىككىنچى قېتىم ئوقۇماقتا ئىدى . نۇرى ئەتىلا ماناسقا قاراپ يۈرۈش قىلىش ، ئۇرۇمچىگە قىلىنىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا ئويلىماقتا ، سۇلايىمانوف بولسا كەلگۈسى ھۆكۈمەت ، ئۇنىڭ ئۆزىگە بېرىدىغان ئەمەلى توغرىسىدا ئويلىماقتا ئىدى . ئۇنىڭغا شۇنداق بىر ئادەت سىڭگەن : ئۇ ھېچكىمنى ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلاردىن ھېچبىر ئادەمنى ئۆزىگە تەڭ قىلمايتتى . ئۇ رۇسچىنى سۆزلىيەلەيدۇ ، لېكىن كىتاب ئوقۇيالمايدۇ ، ئوقۇغان كىتابلىرى خېلى كۆپ ، لېكىن ئۆزلەشتۈرۈۋالغىنى تولىمۇ ئاز ، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ، بىلىم ، ئەقىل ۋە پەزىلەتتە ئۆزىنى ھەممىدىن ، ھەتتا شۇ چاغدا خەلق ئاغزىغا چىققان ئابدۇكېرىم ئاباسوف ، زۇنۇن تېيىپ ، قېيۇمبەگ غوجا ، سەيپۇللايوف ۋە باشقا ئۇيغۇر ، تاتار ، قازاق يىگىتلىرىنىڭ ھەممىسىدىن ئۈستۈن ھېسابلايدۇ . شۇڭا ، ئۇ ئەسكەر بولغىنىغا نارازى ، بولۇپمۇ بىر نامى بار ، ھۆرمىتى ، كۈچى يوق پولكنىڭ شتاب باشلىقى بولۇپ ئارانلا كاپىتان ئۇنۋانى

بىرلىگىنىگە نارازى ئىدى . ئۇ دادىسىنى ئىتتقا سېلىپ ، ئاقسۇغا پارتىزان بولۇپ مېڭىشتىن قۇتۇلۇۋالدى ، مانا ھازىر ئۇ باش دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى دېگەن نامغا ئېرىشتى . ئۇنىڭ نارازىلىقى تېخىمۇ كۈچەيدى ، ئۇ نېمىشقا رەئىس جۇمھۇرنىڭ مەخسۇس كاتىپى بولالمايدىكەن ؟ ھېچبولمىسا نېمىشقا ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ياكى ئەخمەتجاننىڭ ئورنىغا ھەربىي تەييارلىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولالمايدىكەن؟ بىر تال ئوق ئاتمايلا كومىسسار ، شتاب باشلىقى ، پولك كوماندىرى بولۇۋالغانلار ئازمۇ؟ ئۆرلەش ئۈچۈن نۇرىدەك جەڭ قىلىش ، جاننى ئالىقىنىغا ئېلىپ يەر بېغىرلاپ مېڭىپ ، خەتەر نەدە سەن دەپ يۈرۈش كېرەكمۇ؟ ئۇنىڭچە ، بۇ نۇرى تولىمۇ ئەخمەق ، بېشىغا قونغىلى كەلگەن دۆلەت قۇشىنى پاشا قورۇغاندەك ھەيدەيدۇ ، ئۇ شۇنچە بىلىمى ، ئەخلاق ـ پەزىلىتى ، پىداكارلىقى بىلەن مازاروفنىڭ ئورنىغا باش شتاب باشلىقى ، ھەتتا مۇنۇ ئىسھاقبېكنىڭ ئورنىغا جىڭ ئۇرۇش مەيدانىنىڭ باش قوماندانى بولۇشى لازىم ئىدىغۇ؟ لېكىن ، ئۇ جاپانى تاللايدىكەن ، نەدە جەڭ قاتتىق بولسا ئۇ شۇ يەردە ، ھېچبولمىسا ئابلا باينى قېيناتا قىلىۋالسىلا قالغان ئىشنى قېيناتىسى تۈزەيتتىغۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ غېنى باتۇردەك ، مۇتائالى خەلپىتىمدەك ئادەملەرگە يېقىن ، ھەتتا ھېكىمبەگ غوجام ، ئەخمەتجان ، رەخىمجانلار بىلەنمۇ يېقىن ئىكەن ، يەنە نېمىشقا جېنىنى ئالىقىنىغا ئالىدۇ ـ ھە؟ ساراڭ بولمىسا زەيتۇنەنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ ئاۋۇ غىچىرلاپ تۇرىدىغان ئەسكى ئورۇندۇقىدا مىدىرلىماي ئولتۇرۇۋېرەمدۇ ـ ھە؟ ئۇنىڭ ئورنىدا سۇلايمانوف بولغان بولسا ، بۇ چاغقىچە مۇنۇ جىڭ بازىرىنى نەچچە ئايلىنىپ چىققان بولار ئىدى .

— زەيتۇنەنى كۆرگىلى بارمامسەن ، ئاداش ـ ھە؟

— كۆرمىدىڭمۇ ئالدىراشچىلىقنى ، ئەتە سەھەر ماناسقا يۈرۈش قىلىمىز .

— يۈرۈش پۇرسىتى ساماندەك جىق . زەيتۇنە بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتى غەنىيمەت جۇمۇ . بۇگۈن كەچقۇرۇن ئېغىر

ياردارلارنى ئېلىپ غۇلجىغا ماڭىدۇ دېگىنە!
— شۇنداق، ھەممە ئادەم ئالدىراش، بىر سەنلا ئالدىرىمايسەن، ئەيساجان ئاداش!
— مېنىڭمۇ ئىشىم چىچىمدىن تولا. سېنى خۇش قىلاي دەپ ھەممىنى قايرىپ قويدۇم.
— رەھمەت ئاداش. قىزلار بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزىدىغان چاغلار ئالدىمىزدا، زەيتۇنە كېلەلمىسە خاپا بولمايمەن. خۇدايىم بۇيرۇسا 1946 - يىلى پۈتۈن دۇنيادىكى قىز - يىگىتلەرنىڭ مۇھەببەت يىلى بولىدۇ. شۇ كۈنلەردە مۇڭدىشىمىز تېخى، ئۇ كۈنلەرمۇ يېقىن!
— قىز سېنى كۆرۈشكە تولىمۇ تەقەززا دوستۇم، قىز كۆڭلى يىپەك ياغلىق، داغ چۈشمىكى تولىمۇ ئاسان!
— ئاسان چۈشكەن داغ ئاسان چىقىپ كېتىدۇ. بىزگە جىڭدىن قىرىق سەككىز يىگىت ئەسكەر بولۇپ كىردى. ھازىردىن باشلاپ ئۇلارغا ماھارەت ئۆگەتمىسەك بولمايدۇ. مەن بۇ ئىشنى ئىلتىماس قىلىپ يۈرۈپ باشلىقلارنى ئارانلا قايىل قىلىپ ئۈستۈمگە ئالدىم. مانا ھازىرلا ماڭىمەن!
نۇرى ئورنىدىن تۇردى. سۇلايمانوفمۇ ئورنىدىن تۇردى.
— خەير ئەمىسە، كاپىتان زىياۋۇدۇنوف!
— خەير، كاپىتان سۇلايمانوف!
ئۇلار قول ئېلىشىپ، بىر - بىرىگە چاس بېرىشىپ خوشلاشتى. سۇلايمانوف كەتكەندىن كېيىن نۇرىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى، يۈرىكى ئېچىشتى. ئۇنىڭ زەيتۇنەنى تولىمۇ كۆرگۈسى، باغرىغا باسقۇسى، ھېلىقى تاتلىق لەۋلىرىدىن خاتىرە قالدۇرغۇسى كەلدى. لېكىن، ئۇ قىزدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش قارارىغا كەلگەنىدى. سەۋەبى ئۆزىگىمۇ ئېنىق ئەمەس، شۇ باشقىلارنىڭ، بولۇپمۇ ئۆزىدەك نامرات بالىلىرىنىڭ «ئايىنىدى» دېيىشىدىن قورقتىمۇ، ياكى غېنى باتۇرنىڭ ئىزىدىن ماڭمايمەن دەپ ئويلىدىمۇ، ياكى پەرىخەگە ئۆزىنى مەجبۇري تەقدىم قىلىپ، شۇ

بەختسىز قىزنى بەختلىك قىلىش قارارىغا كەلدىمۇ، ياكى مال ـ دۇنيا، كاتتا مەنسەپ، نام ـ ئاتاققا ئىگە بولۇپ، روھسىك چوڭقۇر يېرىدە سەلبىي ئۆزگىرىشلەر بولۇشىدىن ئەنسىرىدىمۇ؟ ياكى زەيتۇنەنى يەنە بىر قېتىم سىناپ باقماقچىمۇ؟ ياكى مۇھەببەت يالقۇنىنىڭ كۈچىيىشىدىن قورقتىمۇ؟...

ئۇ ھويلىغا چىققاندا كۆڭلى تېخىمۇ بۇزۇلدى. ھېچبولمىسا كۆرۈشۈپ خوشلىشىپ قويۇشى لازىم ئىدىغۇ؟ تولىمۇ رەھىمسىزلىك، سۇنئىي ئەستايىدىللىق قىلغانلىقى ئۆزىگە تولىمۇ ئايان، ئۇ بۇ خىل قىلمىشلارنى تولىمۇ يامان كۆرەتتى، لېكىن ئۇ قىلغان قارارىنى بۇزۇشنى ئۇنىڭدىنمۇ يامان كۆرىدۇ. گەرچە ئۇ قارارى خاتا بولسىمۇ!...

ئۇ كانۋۇيىنى ئەگەشتۇرۇپ ئالدىراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ چىقىپ كېتىش بىلەن قارا پىكاپ ھويلىغا كىردى. پىكاپتىن ھەربىيچە كىيىنگەن، تولىمۇ چىرايلىق قىز ئالدىراپ چۈشتى.

— نۇرى، نۇرى زىياۋۇدۇنوف! — دەپ ۋارقىرىدى قىز تولىمۇ جاراڭلىق، تولىمۇ تەبىئىي، جۇشقۇن ئاۋازدا، — بارمۇسىز نۇرى!

ئۆي ـ ئۆيلەردىن يىگىتلەر چىقىپ ئۆمرىدە كۆرمىگەن چىراينى كۆرۈپ قېتىپلا قېلىشتى.

— پاھۇي!

— ئادەممۇ، جەننەتنىڭ ھۆر ـ پەرىسىمۇ؟

— ۋاي، ۋاي، ۋاي!

— ئۆلەي، ئۆلەي!

— بىرلا قاراپ قويسا ئەزرائىل قانچە تىغ ئۇرسىمۇ رازىدىم!

— كاپىتاننىڭ جانانىكەن!

— قانچىسى بار زادى كاپىتاننىڭ جانانىدىن؟

— تاتار، ئۇيغۇر!

— ئۆزبېك، قىرغىز، قازاقتىن بىردىن چىقسا!

— غېنى باتۇرغا يېتەيلا دېدىمۇ نېمە؟



www.uyghurkitap.com

— ياق ، غېنىكامغا ئاتا ـ ئانىلار سۆيىدۇ ، بىزنىڭ كاپىتانغا قىزلار ئۆزىنى ئۆزى سۆيىدۇ .

— ئەڭ گۈزەللىرى دېگىنە؟

— ئەڭ جان ئالارلىرى !

— ئەڭ ئوت ياقارلىرى !

— ئاھ خۇدا ، بىزگىمۇ ئاتىغىنىڭ باردۇ؟

زىياۋۇدۇنوفنىڭ ئورۇنباسارى نىلقىلىق رۇس يىگىت ئىۋان زەيتۇنەنى باشلاپ چىقتى .

— داسۋىدانى[1] ! — دېدى قىز بايىقى خۇشاللىقىدىن قىلچىمۇ ئەسەر قالمىغان ، روھى چۈشكۈن ، ئاۋازى تىترەڭگۈ ھالدا ماشىنىغا ئالدىراپ چىقىپ .

قىز تاكى سايرام كۆلى بويىغا بارغۇچە ھېچكىمگە گەپ قىلمىدى . قىزنى باشتىن ـ ئاخىر كۆزىتىپ ئولتۇرغان سۇلايمانوف ئاخىر ئېغىز ئاچتى :

— ئۇ نېمىشقا ئەتەي ئۆزىنى قاچۇردى ـ ھە؟

— نېمىشقا؟ — دېدى قىز يىغلامسىراپ . — ئىككىلىك قەغەز قالدۇرۇپ قويسىمىغۇ ھېچبولمىغاندا ، بۇ نېمە ئۈچۈن زادى؟

— مېنىڭچە ، ئۇ ھېلىقى بىچارە پەرىخە ئۈچۈن شۇنداق قىلدىمىكىن .

— پەرىخە؟ ئۇ قىز سۆيئىي مۇھەببەتنى قوبۇل قىلارمىدى؟

— بىلمەن ، نۇرىنىڭ ئۇ قىزغا كۆڭلى يوق . ئىچ ئاغرىتىش مۇھەببەتنىڭ ئورنىنى ئىگىلىيەلەمدۇ؟

— مۇھەببەتسىز نىكاھمۇ بولىدۇ . بەزىدە نىكاھ مۇھەببەت ئۆستۈرىدىغان مۇنبەت تۇپراق بولۇپ قالىدۇ .

— بولدى ، سۆزلىمىسىڭىز ، نۇرى ئۆز قەلبىگە ئىشەنمەيدىغان يىگىتلەردىن ئەمەس . ئۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ قىلىدۇ ! — قىز بۇقۇلداپ يىغلىدى . سۇلايمانوف ئۇنىڭغا ھەرىكەت بىلەن تەسەللى بەردى : قىزنىڭ بېشىنى ئۆز كۆكسىگە قويدى . قىز قارشىلىق

---

[1] داسۋىدانى — خەير ـ خوش (رۇسچە) .

قىلمىدى . ئۇ ئۆكسۈپ يىغلىدى···

قۇرغۇيۇم كەتتى ئۇزاقلاپ ، تەلمۈرۈپ قالدىم قاراپ ،
دىل يارا ، كۆزۈم تۇمان ، نەئىلاج ، قەلبىم كاۋاپ .
سۈپسۈزۈك ئاسمان بىلەن ياپيېشىل تاغلار بىلەر ،
ساپ يۈرەك سالغان جۇدالىق ئەيلىمەس بىزنى خاراب .

نۇرى هارغىنىغا قارىماي زادىلا ئۇخلىيالمىدى . تۈن يېرىمىدا ئورنىدىن تۇرۇپ ، شام ياندۇرۇپ هېسسىياتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن يۇقىرىقى مىسرالارنى يازدى .

## 47

سېنتەبىرنىڭ ئاخىرىدا غۇلجا شەهىرى تېخىمۇ گۈزەل ، ئاۋاتلىشىپ كېتىدۇ . شەهەر خەلقى هەر سەهەر كوچىلارغا چىقىپ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ سۇ چاچىدۇ ، يېڭىدىن مودىغا ئايلانغان كاستۇم - بۇرۇلكا يىگىتلەر ئارزۇسى ، قىزلار بولسا چىلان رەڭ تىرىكە ياكى لەستىكلەردىن ئۆرە ياقا ، بەل پۈرۈم كۆڭلەك كىيىپ ، چاچلىرىغا ئاق بانتىك تاقاپ كوچا ئايلىنىشقا ئامراق . مېۋە - چېۋە ، قوغۇن - تاۋۇزلار تۆكمە ، پاك - پاك ئېتىلىدىغان پىۋىلار تولىمۇ خېرىدارلىق . ئاشپۇزۇللار باس - باس ، دېهقان هارۋىلىرى كوچا - كوچىلاردا تۇرۇشقان ، قازاقلارنىڭ مال بىلەن تولغان خۇرجۇنلىرى ئارتىلغان ئاتلىرىمۇ كوچا - كوچىلاردا باغلاقلىق . خادىكلاردا مەست يىگىتلەر ۋارقىرىشىپ ئاتلارنى ئۆكرەك تاشلىتىپ ، كۆرۈنگەن قىز - چوكانلارغا تاشئالما بىلەن «هۇجۇم» قىلىپ ۋارقىرىشىدۇ . لەڭزىبېشىدا خوراز سوقۇش سالدۇرۇۋاتقان ، يالىڭاچ بولۇپ مۇشتلىشىۋاتقان ، چىمەنلىكتە توپ بولۇشۇپ دۇتا - تەمبۇر بىلەن ۋارقىرىشىپ ناخشا ئېيتىشىۋاتقانلارنىڭ ۋاڭ - چۇڭلىرى بىلەن خېرىدار چاقىرىشتا

بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىشىۋاتقان ئاشخانا خىزمەتچىلىرىنىڭ سورەنلىرى قوشۇلۇپ، باش ـ ئاخىرى يوق توگىمەس خور پەيدا قىلغان...

غۇلجا بىر غەمسىز بايۋەچچىگە ئوخشايدۇ. گويا ئۇ دۇنيادا نېمىلەر بولغىنىدىن خەۋەرسىز، گويا بۇ كوچىلاردا كۆز يېشى ۋە قان ئاقمىغان، گويا بۇ شەھەر مەڭگۈ مۇشۇنداق باياشات، غەمسىز، ۋاڭ ـ چۇڭ بىلەن ياشايدىغاندەك...

زىياۋۇدۇن گىر بازىرىدا ئاشلىقنى سېتىپ بولۇپ، ئىككى ئات قوشقان كۆتەك ھارۋىسىدا توخۇ بازىرىدىن چىقىپ، خىتاي بازىرىغا بارغۇچە قىستا ـ قىستاڭچىلىقتا يول تاپالماي، ھارۋىسىدا تاغارلار ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، غۇلجا ئاۋاتچىلىقىنى ھەۋەس بىلەن كۆزىتىپ، كۆزىگە چۈشۈرۈپ كېتىۋالغان، كىرلىشىپ كەتكەن قىزىل مانچىستىر بۆكىنى كەينىگە سۈرۈپ قويۇپ: «دۇنيادا بۇنداق بەرىكەتلىك شەھەر يوق جۇمۇ!» دەپ پىچىرلاپ، زوق بىلەن كۈلۈپ قويىدى.

شۇ چاغدا قارىدۆڭ مەھەللىسى تەرەپتىن ئات چاپتۇرۇپ غېنى باتۇر پەيدا بولدى. ئۇنىڭ كەينىدە چاپارمەن ـ باقارمەنلىرى بولۇپ ئون نەچچە ئاتلىق بار ئىدى. غېنى باتۇر مارجان ـ چۇچا بېكىتىلگەن قىرغىز قالپىقىنى كۆزىگە چۈشۈرۈپ كېيىۋالغان، ئويناقلاپ تۇرغان جىرەن ئات ئۈستىدە بىردە ئوڭغا، بىردە سولغا ئۆزىنى تاشلاپ، شۇنچە قىستاڭ يولنى ھەيۋىسى بىلەن كېڭەيتىپ، يول بېرىش ئۈچۈن چەتكە قېچىشىپ يىقىلغان ئادەملەر، ئۆرۈلگەن ھارۋا، چېچىلغان مېۋىلەرگە قاراپمۇ قويماي، ئادەملەرنى تىرىپىرەن قىلدۇرۇپ، ۋارقىرىتىپ ـ قاقشىتىپ ئات ئويىنىتىپ كەلمەكتە.

— پاھ، مەستكەن ـ دە، باتۇرۇم! — دېدى زىياۋۇدۇن زوقلىنىپ ۋە ھارۋىسىدا ئۆرە تۇرۇۋېلىپ ئاۋازىنىڭ بارىچە، — غېنىكا، ھەي باتۇرۇم! — دەپ ۋارقىرىدى.

پۈتۈن خەق ئۇنىڭغا قاراشتى. غېنى باتۇرنى چاقىرماق كىچىك

www.uyghurkitap.com

ئشمۇ ، قانداق يولۋاس يۈرەك ئادەم بۇ !
زىياۋۇدۇن تىخىمۇ ئەدىدى : باتۇر پەرۋا قىلمىۋىدى ، ئۇنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن ئاتلىرىنى قامچىلاپ باتۇرنىڭ يولىنى هارۋا بىلەن توغرىسىغا توستى ۋە :
— يارايسەن ، غىنىكا ! — دەپ مەستلەردەك بىردىنلا خۇدىنى يوقىتىپ ۋارقىرىدى . ئۇ ۋارقىراپ سۆزلەپ ، سۆزىنىڭ ئاخىرى تۇگىمەيلا گەجگىسىگە قامچا تەگدى . ئۇ تولغىنىپ كەينىگە بۇرۇلۇشىغىلا مىلتىقىنىڭ پاينىكى چىكىسىگە تەگدى . زىياۋۇدۇن سەنتۇرۇلۇپ هارۋىنىڭ كەينىگە داجىدى :
— بۇ مەن ، زىيەك ، هوي ، غىنىكا !
— ئاناڭنى مىڭ ! — دىدى يوغان كۆزلىرى قىزارغان ، مەست ئادەم ئاتقا سىڭار يان ئولتۇرغان هالدا تاپانچىسىنى چىقىرىپ . بۇ ئادەم غىنى باتۇرنىڭ يول باشلايدىغان ئادىمى ئىدى . «زىيەك» دىگەن ئىسمنى ئاڭلاپ غىنى باتۇر ئىتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى .
— زىيەك ، ۋۇي ساراڭ باخشى ها ـ ها ـ ها ! ... — باتۇر قاقاقلاپ كۈلۈپ ئۇنىڭ هارۋىسىنىڭ يىنىغا كەلدى ، — زىيەك دىمىگەن بولساڭ ئىتلاتىڭ جالاپىنىڭ بالىسى ، نىمانچە جۇلجۇلسەن ؟ هەي قۇۋان شاڭخو ، ماۋۇ زىيەككە پۇلىنىڭ هەممىسىنى بەرگىن . بىلەمسەن ، ئۇنىڭ بالىسى جىڭنى ئالغان باتۇر نۇرى ! ها ـ ها ـ ها ! ...
پاكار ، كەمشۈك قۇۋان شاڭخو بىر سىقىم پۇلنى زىياۋۇدۇننىڭ هارۋىسىغا تاشلىدى :
— هە ، زىيەك باخشى ، ئەمدى يولنى بوشات ، باتۇر هەربىي شتابقا — نوۋگوردقا ماڭدى !
— ياق ، زىيەك باخشىنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلايمەن بۈگۈن ، هايدا ، زىيەك ، كۆتۈرمە ئاشپۇزۇلغا !
ئۇنىڭ هەربىر گىپى هۆكۈم ، ئۇ هىچكىمگە بويسۇنمايدۇ ، هەممە ئادەم ئۇنىڭ گىپىگە كىرىشى كىرەك ، هەتتا مارشال ئىلىخان تۆرە ، پالىنوف ، ئىسھاقبىك دىگەنلىرىمۇ ئۇنىڭ گىپىنى

يىرالمايدۇ . ئۇنىڭ دېگىنى دېگەن ، قىلغىنى قىلغان . ئۇ دېگەن يايلاۋدىكى يوگەنسىز ، ئاساۋ ئات .

ئۇ دەپ بولغۇچە ، ئۇنىڭ خىزمىتىگە تەشنا غۇلجا بايۋەچچىلىرى ئاشپۇزۇلغا بېرىپ ئۇنىڭ بىر كۆڭلۈكىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ھەممىنى تەق قىلىپ بولۇشتى .

كۆتۈرمە ئاشپۇزۇل بىردەمدىلا شەھەر بايلىرىنىڭ ئويۇن خۇمار باللىرى ، سازەندىلەر ، چاقچاقچىلار بىلەن تولدى . زىياۋۇدۇن ئىپتىخا بىدە تاشلاپ بېرىپ ، باتۇرغا ئەگىشىپ ئاشپۇزۇلغا كىردى .

چوڭ ئۆيگە گىلەم ، كۆرپىلەر سېلىنغان ، ماموق ياستۇقلار قويۇلغان . زىياۋۇدۇن بۇنداق ئاشپۇزۇلنى كۆرمىگەن . داستىخانغا ھەدېگەندىلا نەچچە خىل كاۋاپ ، پىشۇرۇلغان قورا گۆشى ، ھەتتا كەكلىك ، بۆدۈنە گۆشلىرى ، زىياۋۇدۇن زادىلا كۆرمىگەن بوتۇلكىلاردا ھەر خىل هاراقلار كەلتۈرۈلدى . بۇ خىل زىياپەتنى زىياۋۇدۇن زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدى . يېيىش ، ئىچىش ، ھەزىل ـ چاقچاق باشلىنىپ كەتتى . غېنى باتۇرغا بولغان مەدھىيە ـ خۇشامەت ئەۋجىگە چىقتى . بۇنداق ماختاشلارنىمۇ زىياۋۇدۇن ئاڭلاپ باقمىغانىدى . ئاخىر ئۇنىڭ ئالدىغا ئاپقۇر چىنىدە بىر نېمىنى قويۇشتى :

— قېنى ئاكا ، كۆتۈرۈۋەت !

— بۇ نېمە ، ئۇكام ؟

— نېمە بولاتتى ، جۇن !

— نېمە ، نېمە قىلىدىغان نەرسە بۇ ؟

— ئاڭلىمىغانمۇ ، جۇن ! جۇن دېگەن خىتايچە ئارمىيە دېگەن سۆز . بۇنى ئىچكەن ئادەم گومىنداڭ ئارمىيىسىنى سۇ ئىچكەندەك ئىچىپ يوق قىلىۋېتىدۇ ، خۇددى غېنىكامدەك !

— ئىچە ، زىيەك ، تولا ئىنجىقلىماي .

— لېكىن مەن هاراق ـ شاراب دېگەننى ئىچىپ كۆرمىگەن ـ دە !

www.uyghurkitap.com

— ھا ـ ھا ـ ھا ... ھەي زىيەك باخشى ، مەن ئىچ دېگەندىكىن قانجۇقلۇق قىلما . بولمىسا ھايتلا دېسەم بۆرىلىرىڭدىن قويىدۇ بۇ باتۇرلار !

— غېنىكا ، مەن ، مەن خەلپەم ھەزرەتنىڭ ئۆيىگە بارالتىم .

— ئىچ دەيمەن ، زىيەك باخشى ، — دېدى غېنى باتۇر ئۆپكىدەك قىزىرىپ ، كەڭ پېشانىسىدىن ئالىقىنى بىلەن بىر سىقىم تەرنى سىيرىپ تاشلاپ ، — ئىچمىسەڭ نۇرىنىڭ دادىسى بولالمايسەن !

— بالامنىڭ نامىنى ئاتاپ قالدىڭ . ماقۇل ئەمىسە !

ئۇ ئاچچىق ئىچىملىكنى خۇددى بولاق سۈيىنى ئىچكەندەك غورتۇلدىتىپ ئىچىۋېتىپ ، ئۇزۇن بۇرۇتىنى سىلاپ قويدى . بىردىنلا ئۇنىڭ بەدىنى قىزىپ ، ھەممە يېرى ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ كۆلگۈسى ، ناخشا ئېيتقۇسى كېلىپ ئۆزىگە ئوخشىمايلا قالدى . بۇنداق بولارىنىمۇ ئۇ ئىلگىرى ئاڭلىمىغان ، كۆرمىگەنىدى . ئۇنىڭ قۇلىقىغا ھېچكىمنىڭ گېپى كىرمەيتتى ، كۆزىگە ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى . ئۇ ئۆزىچىلا بىقىلداپ تېلىقىپ ـ تېلىقىپ كۈلەتتى . غېنى باتۇر ئۇنىڭ مەست بولۇپ قالغىنىنى بىلدى :

— ناخشا ئېيت ، زىيەك !

— ئېيتىمەن ، ۋادەرىخانىمۇ ، ئېلاخۇن كۆك كۆزنىڭ ناخشىسىنىمۇ ، لويلۇتىنىمۇ ! ھەممىنى ئېيتىمەن ! — ئۇ دوپپىسىنى قولىغا ئېلىپ داپ قىلىۋېلىپ ، بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى . ئۇنىڭ ئاۋازى تولىمۇ يۇقىرى ، قوشاقلىرى تەسىرلىك ئىدى . ئولتۇرغانلار جىمجىت تۇرۇپ «مۇڭ» ئالدى . بىر دۇتارچى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چالماقتا . غېنى باتۇر پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلىماقتا ئىدى . بىر «سەھرالىق» نىڭ ناخشىسى باتۇرنىڭ دىققىتىنى تارتتى . بۇنىڭغا شەھەر سازەندىسىنىڭ غەزىپى كەلدى .

— بۇزدى ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ تەمبۇرنى ئاچچىق بىلەن بولۇڭغا تىكلەپ ، — ئەۋجى خاتا !

باتۇر ئۇنىڭغا ئالىيىپ قارىدى . ئۇ كۆرمىدى :

— ياق ، ئۇنداق ئەمەس !... بۇ ... — ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈرەلمىدى . باتۇرنىڭ شاپىلىقى ئۇنى ئوڭدىسىغا ئۇچۇرۇۋەتتى .

— نېمىشقا ئۇرىسەن ! — زىياۋۇدۇن غىڭشىپ باتۇرغا ئالايدى ، — يامان بولساڭ ماناسقا بېرىپ گومىنداڭنى ئۇر ، ئاقسۇغا بېرىپ دۈشمەننى ئۇر ! ئىككى ئوغلۇم فرونتتا ، ئاكام بىلەن كېلىنىم ئاقسۇدا جەڭ قىلىۋاتىدۇ . مانا شۇلار باتۇر ! سەن غىڭشىپ كا ، خورجانى ئۇرسەڭا ! سەن قانداق باتۇر ! ئېلىخان تۆرەم مارشال ، بىر پاي ئوق ئاتماي ـ ھە ؟ سەن خەلق باتۇرى ، ھاراق بىلەن خوتۇنغىمۇ ؟

كۆپچىلىك ئالاقزادە بولۇپ ، ئەمدى ئۆلۈم ۋەقەسى بولىدىغان بولدى دەپ بىرلىرى زىياۋۇدۇننى سىلكىدى ، بىرلىرى ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇتتى ، بىرلىرى مۇشتۇملىرىنى ئۇنىڭغا توغرىلىدى ، ئاشخانا خوجايىنى يۇسۇپ تاز دېۋەيلەپ ئېتىلىپ كەلدى . غىنى باتۇر ئۇچۇن ياقا يىرتىپ باتۇرنىڭ يېقىنىغا ئايلىنىش پۇرستى كەلدى . ھەممىلا ئادەم بۇ پۇرسەتنى تالاشتى ، لېكىن غىنى ماموق ياستۇقلارغا يۆلىنىپ ، ئۆپكىدەك قىزىرىپ ، چىلىقلاپ تەرلەپ ، يوغان كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ سۇنايلىنىپ ياتاتتى . ئېگىز ، قارا بۇرۇت يىگىت باتۇرنىڭ ئىپادىسىنى كۈتمەيلا ، زىياۋۇدۇننىڭ مەيدىسىگە مۇشت بىلەن بىرنى ئۇردى . زىياۋۇدۇن ھېچ ئىش بولمىغاندەك :

— نېمە بولدى ھوي ؟ — دېدى كۈلۈپ قويۇپ ، — ئۇرغىنىڭ نېمىسى ؟

يىگىت غۇلاچ يېيىپ ئىككىنچى مۇشتقا تەييارلىنىۋىدى ، غىنى باتۇر ئۇنىڭ پۇتىغا بىرنى تېپىپ ئۇنى يىقىتىۋەتتى .

— ھېچقىز شەلىكلەر ، — دەپ تىللىدى ئۇ ئۆزى ئۇچۇن پىدائىي بولۇشقانلارنى ، — يارايسەن ، زىيەك ، ئېيتە ، مەن باتۇر ئەمەس ، ئوغرى ، ئېلىخان تۆرە مارشال ئەمەس ، بىر موللا ! موللا دېگەن نان قېپى ھەزىلەك !

www.uyghurkitap.com

ھەممە ئادەم ئۆرنىتۆپە، ھەممىسى ھەيران: غېنى باتۇرمۇ ئۆزىنى تىللىغانغا يان باسىدىكەن، ئۇنىڭمۇ يامان گېپىنى قىلىدىغان ئادەم بولىدىكەن - ھە؟

— غېنىكام ئوغرى! — دېدى زىياۋۇدۇن سەنتۈرۈلۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئۇ مېنى ھۆكۈمەتنىڭ تۈرمىسىدىن ئوغرىلاپ قاچقان!

— ھا - ھا - ھا!...

— ۋاھھاي، ياشاپ كەت!

بىردەمدىلا جىددىيلىك كۈلكە - چاقچاققا ئايلاندى:

— يۈر، زىيەك، كوچىغا چىقىمىز. سەن ناخشا ئېيتىپ ماڭىسەن، مۇشۇ يەردىن ئۈچدەرۋازىغىچە ناخشا ئېيتىسەن!

— ئېيتىمەن، شەھەرنى بېشىمغا كىيىمەن!

ئۇلار چۇۋۇلىشىپ ئاشخانىدىن غەرق مەست بولۇشۇپ چىقىشقاندا گۇگۇم ۋاقتى بولغانىدى. زىياۋۇدۇن ھارۋىسىنىمۇ، پەشمەت چاپىنىنىمۇ، يانچۇقىدىكى كاللەك - كاللەك پۇللارنىمۇ «ئۇنتۇدى». ئۇ كوچىغا چىقىپ كۆڭلەكچان، يالاڭ ئاياغ، مەيدىسى ئوچۇق، ئىشتانبېغى تىزىدىن ئېشىپ ساڭگىلىغان كۆرۈنۈشتە بار ئاۋازى بىلەن ناخشا ئېيتىپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ماڭماقتا. ئۇنىڭدىن ئون نەچچە قەدەم نېرىدا يالاڭۋاش، ئۆتۈك ۋە گەلەپى شىم كىيىپ، قىڭغىر ياقا كۆڭلىكىنىڭ مەيدىسىنى ئېچىۋەتكەن، يېنىدا تاپانچىسى پۇلاڭلاپ تۇرغان ئېگىز، گەۋدىلىك غېنى باتۇر قاقاقلاپ كۈلۈپ، پىيادە ئاستا مېڭىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ ئەتراپىدا، كەينىدە ئادەملەر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كۈلۈشۈپ كېلىشمەكتە، كوچا ئازادە، ئىككى قاسناق تاماشىچىلار توپى بىلەن تولغان، خادىكچىلارمۇ ھارۋىلىرىنى چەتكە تارتىپ بۇ ئاجايىپ ناخشىچىغا يول بەرگەن، چىرايلىق كىيىنىپ، كالپۇكلىرىنى قىزىل بوياشقان رۇس، تاتار قىزلىرى بۇ ئاجايىپ مەنزىرىگە قاراپ قاقاقلىشىپ كۈلۈشمەكتە:

مەن ئۆزۈم بورۇسۇنلۇق ،
كۆڭلۈم تارتىدۇ قاشنى .
ئۆلتۈرسەڭمۇ ئىچمەيمەن
يارىم ئەتمىگەن ئاشنى !

زىياۋۇدۇننىڭ ئاۋازى ئە ـ نەلەردىن «ياشاپ كەت !» دېگەن سادا بىلەن قايتىماقتا ، بولۇپمۇ شەھەرنىڭ مەركىزىي كوچىسى توغرىكۆۋرۈككە كەلگەندە ، ئۇنىڭ تاماشىچىلىرى تېخىمۇ كۆپەيدى : چىرايلىق كىيىنگەن ئەسكەرلەر ، توپ ـ توپ تۇرۇۋشقان قىز ـ يىگىتلەر قىيقاس ـ چۇقان بىلەن ئۇنى ئوراپ بىللە مېڭىشتى . غېنى باتۇر بىلەن بىللە مېڭىش بىر چوڭ مەرىكە ، غېنى باتۇرنىڭ گېپى ، كۈلكىسىنى ئاڭلاشمۇ كاتتا كۆڭۈل ئېچىش . دوغاپچىلار زىياۋۇدۇنغا دوغاپ سۇنۇشتى ، پىۋا ساتقۇچىلارمۇ ماغزاپ قايناپ تۇرغان ئاپقۇرلارنى ئۇنىڭ ئاغزىغا تەڭلەشتى . زىياۋۇدۇن كەلگەنلا سوۋغىنى قايتۇرمىدى ، ئۇ ھاياتىدا بۇنداق بولۇپ باقمىغان ، بۇ ئۇنىڭ خۇشاللىقىمۇ ، قورساق بوشىتىشىمۇ ، بۇنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ .

ئۇلار ئوڭغا بۇرۇلۇپ گېزىتخانا ئالدىغا كەلگەندە ، گېزىتخانا دەرۋازىسىدىن ئىككى مەست — بىرى مۇخبىر زۇنۇن قادىرى ، يەنە بىرى شائىر ئەلقەم ئەختەملەر چىقىپ كېلىشتى . ئۇلار قاقاقلىشىپ كۈلۈشتى :

— تازا يېتىلىپتۇ ـ دە !

— سەھرالىقلار شەھەرنى ئاپتۇغۇي ! — دېيىشتى ئۇلار .

بىردىنلا ئىككى ئات قوشۇلغان پەيتۇن زىياۋۇدۇننىڭ ئالدىدا توختىدى . پەيتۇندىن بىر قىز چۈشتى ، قىز ئەمەس پەرىزات !

— زىياۋۇدۇن ئاكا ، پەيتۇنغا چىقىڭ ! — دېدى قىز .

ھارۋىكەش زىياۋۇدۇننىڭ قولتۇقىدىن يۆلىدى . ئۇ كەلگەنلا پىۋىنى ئىچمۇېرىپ ، تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ ماڭالماس بولۇپ قالغانىدى .

— سىز… سىزمۇ قىزىم … بالام نۇرى …

www.uyghurkitap.com

زىياۋۇدۇن پەيتۇنغا چىقتى ـ دە ، سوزنايلىنىپ ياتتى .

— سەن كىمنىڭ قىزىسەن ؟ — غېنى باتۇر زەيتۇنەگە تىكىلىپ قېتىپلا قالدى ، — نېمانچە چىرايلىقسەن ، نەچچە ۋاقتتىن نەدىدىڭ ؟

— مەن مۇشۇ زىياۋۇدۇنكامنىڭ قىزى ، جىڭ فرونتىدىن بۈرناكۇن كەلدىم .

— پەيتۇنتى بىزنىڭكىگە تارت ! — دېدى غېنى باتۇر ھارۋىكەشكە .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، خەلق قەھرىمانى ! — ھارۋىنىڭ يېنىدا ئەنۋەر مۇسابايوف پەيدا بولدى ، — بىزنىڭ قورۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپسىز ، مەن خىزمىتىڭىزنى قىلسام دەيمەن ! — باي ، ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە مىنىستىرى ھويلىسىغا قولىرىنى ئېچىپ شەرەت قىلدى ، — بۇ مېنىڭ ئارزۇيۇم .

— بۇ قىز ... — غېنى باتۇرنىڭ كۆزى قىزدا ئىدى ، — نېمانچە چىرايلىق ـ ھە ، كىمنىڭ قىزىسەن ؟

— ئابلا باينىڭ يالغۇز قىزى ، سىزنىڭ ھېلىقى قەھرىمان يىگىتىڭىز نۇرى زىياۋۇدۇننىڭ ...

— ھە ، مۇنداق دە . ھەي ئىسىت ، ھەيدە ئەمىسە پەيتۇنىڭنى ھەي شەيتان ، داداڭنى ياخشى كۆت !

بىر يىگىت يۈگۈرۈپ كېلىپ زەيتۇنەگە ئالدىراپ بىر تېمىلەرنى دېدى ۋە پۈرلىشىپ كەتكەن ، ياماق ، كىر پەشمەتنى پەيتۇنغا تاشلىدى .

زىياۋۇدۇن ئەتىگەنلىكى سىم كارىۋاتتا ھوشىغا كەلدى . مىدىرلىسىلا ئادەم تەۋرىنىدىغان بۇنداق كارىۋاتنىمۇ ، مۇنداق يىپەك ـ تاۋار تاشلىق يوتقان ، ئاپئاق ماموق ياستۇقلارنى ، تاختايلىق ، تاملىرى نەقىشلىك ، دېرىزىلىرى ئاجايىپ يوغان ، تاملىرى ئىشكاپ ، گىلەم ۋە ھەر خىل گۇل ، مەنزىرە رەسىملىرى بىلەن تولغان چىرايلىق ، يوغان ـ ئازادە ئۆيىنىمۇ ھاياتىدا كۆرمىگەن . ئۇ نەگە ، قاچان ، قانداق قىلىپ كېلىپ قالدى ؟ كىر

كىيىم ، قاپقارا قېتىشقان پۇتلىرى ئاپئاق ـ سۇتتەك پاكىز كىرلىك ئۇستىدە تۇرغىنى نېمىسى ؟

— ئاۋۇ كىيىملەرنى يۆتكەپ كىيىۋالسىلا ! — دېرىزىدىن جاراڭلىق ، سىلىق ، نازۇك ئاۋاز ئاڭلاندى : «هە ، هېلىقى باي قىزنىڭ بالام ئۇچۇن قىلىۋاتقان خۇشامىتى ئىكەن ـ دە ؟ » دېدى ئۇ ئىچىدە ئاستا پىچىرلاپ ، «بالام شۇ تۇرقىدا نەدىدۇر ؟ قوغلا مىلىنىپ ياتامدىغاندۇ ياكى پاتقاققا مىلىنىپمۇ ؟ بەراچۇ ؟ »

— نۇرىمۇ ، بەرامۇ تىنچلىق ! — دېدى قىز دېرىزىنىڭ سىرتىدا كۆرۈنمەي تۇرۇپ ، خۇددى ئۇنىڭ خىيالىنى بىلىۋالغاندەك ، — مەن ئۇلارنى كۆرۈپ كەلدىم .

— نېمە ، كۆرۈپ كەلدىڭىزما قىزىم ؟ — زىياۋۇدۇن كىردىن قېتىشقان كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ ، كۆك تېرىكىدىن تىكىلگەن كۆڭلەك ، ئىشتان ۋە ئاپئاق ئىچ كىيىملەرنى تۇتۇپ كۆرۈپ كىيىشكىمۇ ئۇلگۇرمەي ، كارىۋاتتىن يالىڭاچ پېتى سەكرەپ چۈشۈپ ، دېدى ، — باللىرىمنى كۆردۈم دېدىڭىزما ، قىزىم ؟

— بالا قايغۇسىدىكى ئاتا ۋەسۋەسىسى ئۇنىڭ يالىڭاچلىقىنىمۇ ئېسىدىن چىقارغانىدى . شۇ چاغدا ئىشىك قىيا ئېچىلدى ـ دە ، يەنە يېپىلىپ زالدا قاتتىق كۈلكە ۋە هەيرانلىق بەلگىسى بىلەن پەرقلىنىدىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى :

— ئىشاك !

— مالادىس ، مالادىس !

خىزمەتچى رۇس خوتۇن زىياۋۇدۇننىڭ يالىڭاچ بەدىنىدىن قورقۇپ كەتكەنىدى .

نومۇس زىياۋۇدۇننى سەگىتتى . ئۇ ئالدىراپ يېڭى كىيىملەرنى كىيدى . ئەسكى چاپاننىڭ يانچۇقلىرىنى ئاختۇردى :

— نېمانچە جىق ، ساتقىنىم سەككىز خو بۇغداي ، يانچۇقتىكىسى يۈز خو بۇغداينىڭ پۇلىغۇ ، هە راست ، قوۋان شاڭخو بىر سىقىم پۇل بەرگەنىدى ، ئەمما مۇنۇسى ئون سىقىم . مېنى پۇل بىلەن قارىتىۋالاي دەمدىكىنە ، خەمىت بىلەن پەرىخە بولمىغان بولسا

مەيلى دەيتتىم . بالامنىڭ ئامىتى بىلەن باي بولۇۋالاتتىم ، لېكىن پەرىخە ... ئىنساپىنى پۇلغا ساتقىلى بولماس . ھە راست ، ئاتلىرىمچۇ ، ھارۋىدىكى تاغارلارچۇ ؟ ئاپلا ، غېنىمكامنىڭ كۆڭلىنى دەپ ئىككى ئات بىلەن ھارۋىدىن ئايرىلىپ قالدىم ـ دە ، بوپتۇ ، مۇنۇ پۇلغا نەچچە ئات ـ ھارۋا كېلىدۇغۇ . مۇتائالى خەلپىتىمگە دەپ ئەكىرگەن مايلىق توقاچلارچۇ ، قايماقلار ئېچىپ قالىدىغان بولدى ـ دە ، بىر مىشكاپتا ئالما ، قوغۇن ـ تاۋۇزلارمۇ بار ئىدى ، تېخى !

رۇس ئايال ئۇنى مۇنچىغا ئەكىردى . پاھ ، بايلارنىڭ ئۆيلىرىدە مۇنچا بارلىقىنىمۇ ئۇ تۇنجى قېتىم كۆرمەكتە . رۇس ئايال ئۇنىڭ دۈمبىلىرىنى سوپۇن سۈركەپ يۇيۇپمۇ قويدى . بۇ خىل راپاۋەتنى ئۇ قەدىردان خوتۇنى مەرھۇم رەيھانگۈلدىنمۇ كۆرمىگەنىدى .

— قېنى بېقىڭ ، — دېدى كىرپىكلىرى قىزغۇچ مەڭزىگە شولا تاشلاپ تۇرىدىغان ، پىنجەك يانچۇقىدىن ئالتۇن سائىتىنىڭ زەنجىرى مەيدىسىدە ساڭگىلاپ تۇرغان تولىمۇ چىرايلىق ، ئېغىر ـ بېسىق ، مۇئامىلىسى سىلىق ئابلا باي زىياۋۇدۇنغا رىشالە ، بال ، سېرىق ياغ ، خام قايماقلارنى شەرەت قىلىپ ، — جىق ـ جىق يەڭ ، ئۆز ئۆيىڭىز ، تارتىنىدىغان ئىش بولمىسۇن ، نېمە دېيىشنى بىلمەيمەن ، يە ئاكا ، يە ئۇكا دېيەلمەي دۇدۇقلاپ قالدىم . نەچچىگە كىردىڭىز كىن ، ھۆرمەتسىزلىك قىلدىم ، كەچۈرۈڭ .

— خۇدايىم بۇيرۇسا قىرىق يەتتىگە ماڭدىم ، مەن ئىت يىللىق .

— ھا ـ ھا ... توۋا ، ئۇختا كەلگىنىنى ، تەڭ ياشلىق ئىكەنمىز .

— بىراق ، كۆرگەن كىشى سىزنى مېنىڭ بالام دەيدۇ . چاچ ـ ساقاللىرىڭىزدا ئاق يوق . چىرايىڭىز ئەينەكتەك ، بىر تالمۇ قورۇق يوق . مېنىڭ چاچ ، ساقال ـ بۇرۇتۇم ئاقىرىپ بولدى . قورۇق دېگەن ئۈمۈچۈك تورى !

— ھا ـ ھا ! ... — باي زىياۋۇدۇننىڭ پېشانە ، كۆز

قۇيرۇقلىرى، گەدەنلىرىدىكى قويۇق قورۇقلارغا قاراپ قويدى، — لېكىن، سىز مەندىن مەزمۇت. سىزگە قارىسا كىشىنىڭ زوقى كېلىدۇ، غېنى باتۇردەك سۆڭەكلىك، قاۋۇل. ئوخشىتىشقا توغرا كەلسە شۇنداق دېيىشكە بولىدۇ: سىز شىر ـ ئارسلان، مەن بىر پاقلان، سىز بىر پارچە پولات، مەن بىر پارچە قەغەز، بېشىمدىن قۇش ئۇچۇپ ئۆتسە زۇكامداپ قالىمەن!

— ھا ـ ھا ـ ھا ... بۇ تەرىپى راست. مەن ئۆمرۈمدە زۇكامداپ باقمىدىم. سەنجۇسەندە ھارۋام مۇزغا چۈشۈپ كېتىۋىدى، يالىڭاچ بولۇپ بەلگىچە سۇغا كىرىپ چاقنى كۆتۈردۈم.

— يا پىرەي، مەن ئاڭلاپ تىترەۋاتىمەن. مانا بايلىق دېگەن شۇ!

— ئاكام مۇختەرباي ئاتمىشقا يېقىنلاپ قالدى. قارىمامسىز، ھېلىقى ئاقسۇغا جەڭگە ماڭغانلارغا ئات باقار بولۇپ بىر ئوغلىنى ئېلىپ شۇ ياققا كەتتى. ھازىر ئۇلار ئاقسۇ كونىشەھەرنى ئېلىپ بوپتەك، ھى ـ ھى ـ ھى!...

— مۇختەرباينى ئاڭلىغانمەن. سىلەر بىر نەۋرە كېلەمسىلەر؟ قىزىم سىلەرنىڭ ئائىلە تارىخىڭلارنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەن. نۇرى ئاجايىپ، كىشىنىڭ ھەۋىسى كېلىدىغان يىگىت بولدى. ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلمايدىغان ئادەم يوق. غېنى باتۇر چېغىدا ئۇنىڭغا ئاپىرىن دەيدىكەن. مۇنداق كەم ئۇچرايدىغان يىگىتلەرنى ئاسرايدىغان گەپ ئىدى. مەن ئۇ بالىنى ئالدىنقى سەپتىن ئەكېلىۋالاي دەپ جىق ئۇرۇندۇم. ھۆكۈمەت ئۇنىدى، ئۆزى ئۇنىمىدى.

— بالامنىڭ مىجەزى غەلىتە. ھەممە ئادەم ئىنتىلگەندىن ئۇ قاچىدۇ. خەق قاچقانغا ئۇ ئىنتىلىدۇ.

— ئۇ بالىنى قىزىم بىلەن قوشۇپ چەت ئەلگە ئەۋەتىپ ئوقۇتاي دېگەن، ئۇيغۇردىن بىر ھەربىي گېنېرال چىققاندىن بىر كاتتا ئالىم چىققىنى ياخشى ئىدى. ياۋروپادا كۆپ ئايلاندىم. بىزنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، كۆزىگە ئىلمايدۇ.

— غېنىكامنىمۇ كۆزگە ئىلماسمۇ؟

— ئىلمايدۇ – دە . غېنى باتۇردەكلەر تولا لېكىن ، ئۇيغۇرنى تونۇتىدىغانلار ئىلىم ئەھلى . يەھۇدىيلاردىن ئاجايىپ – ئاجايىپ ئادەملەر چىقىۋاتىدۇ . ماركس دېگىنىمۇ ، ئاتوم بومبىسىنى ياسىغان ئېينىشتېيىن دېگىنىمۇ شۇ . ئۇلارنى دۇنيا بىلىدۇ . بىزنى پەقەت خىتاي بىلەن ئورۇس بىلىدۇ . بىلگىنى بىلەن بوزەك قىلىدۇ ، كۆزگە ئىلمايدۇ . مانا مۇشۇنىڭغا مېنىڭ ئىچىم قاينايدۇ . نۇرنى ئوقۇتاي دېۋىدىم ، ئۇ ئوقۇسىلا دۇنياغا داڭلىق ئادەم بولالايتتى . قانچە چىقىم كەتسىمۇ مەن غىڭ قىلمايتتىم . بىلەمسىز ، زىياۋۇدۇن ، ئادەملەر مېنىڭ نىيىتىمنى خاتا چۈشىنىپ كۈيئوغۇل قىلىش كويىدا دېيىشتى . ئۇ مېنىڭ قىزىم بىلەن سىزنىڭ ئوغلىڭىزنىڭ ئىشى . مېنىڭ نىيىتىم نۇرنى ئاسراپ قېلىش . ئۇنىڭ ھاياتى تولىمۇ مۇھىم . مەن ئاشۇنداق بىلىمگە بېرىلىدىغان ، ئەقىللىق ، تالانتلىق بالىلارنى ئىزدەپ يۈرگەن بىر ئادەم ، قىزىم مېنىڭ ياردەمچىم . مېنىڭ ئارزۇيۇم مىللىتىمنى دۇنياغا تونۇتۇش . ئەركىنلىك ، ھۆررىيەت بىزگە زۆرۈر ، ئەمما ئۇ چەكلىك ، دۇنياغا تونۇلغان بىر ئادىمىمىزدىن كېلىدىغان شان – شەرەپ چەكسىز !

زىياۋۇدۇن بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىمىغان . ئۇ ئابلا بايغا قايتىدىن سىنچىلاپ قارىدى : بەدىنىدە ئارتۇق گۆشى يوق ، خىيالچان ، مۆمىن كۆرۈنىدىغان مۇنۇ ئادەمنىڭ قىرلىق يېشىل كۆللۈك دوخاۋا بۆكى ئاستىدىكى مېڭىسىگە نېمانداق چوڭ ئىشلارنىڭ پىلانلىرى كىرىۋالغاندۇر – ھە؟ زىياۋۇدۇن بۇنداق ئادەمنىمۇ بۇرۇن كۆرمىگەن .

— بىز بۇ ئىشلارنى بىلمەيمىز – دە ، بېگىم ! — دېدى زىياۋۇدۇن گەدىنىنى سىلاپ ، — ئەس – خىيالىمىز بالىلىرىمىز ، مېلىمىز ، بۇغداي – زىغىرلىرىمىزدا ، ئۆمۈر بويى ئويلايدىغىنىمىز شۇ بىزنىڭ . دېگەنلىرىڭىزنىڭ يېرىمىنى چۈشەندىم . مىللەت روناق تاپسا ، باشقا مىللەتلەر قاتارىدا باش كۆتۈرۈپ تىك تۇرسا دەيسىز – دە . نۇرىمۇ مۇشۇنداق گەپلەرنى كۆپ دەيدۇ . ئاكام مۇختەرباي ئۈرۈمچىدە سولاقتا يېتىپ ، ئەخمەتجان دېگەن ئادەم

بىلەن تونۇشۇپ دوست بوپتىكەن . ئاكامنۇ شۇ ئادەمدىن ئەڭ كاتتا بايلىق مىللەت غۇرۇرى دېگەن گەپنى ئۆگىنىۋاپتىكەن . مەسچىتلەردە دەپ يۈردى . ئاكامنىڭ شۇ سۆزىنىڭ كۈچى بىلەن بىزنىڭ مەھەللىدىن ئالتە يىگىت قولىغا چوماق ئېلىپ ، ھەرەمباغ سوقۇشىغا كىرىپ كەتكەن . قارىمامسىز ، بىتەلەيلىكنى ، ئىككىسى ئوق تېگىپ قازا تاپتى . تۆتى قالغان ، تۆتىنىڭ ئىككىسى جىڭ سوقۇشىغا كەتكەندى ، ئۇ يەردە بىرى قازا بولدى . يالغۇز ھاشىم پوچى دېگەن بىرىلا ھازىر ھايات !

— مەھەللەڭلار چوڭمىدى ؟

— ياق ، يىگىرمە توققۇز ئۆيلۈك ئادەم بار . ئۇنىڭ ئون توققۇز ئۆيلۈكى تارانچى ، سەككىزى قاشقالىق ، ئىككىسى قازاق ، بېگىم .

— ھا - ھا - ھا ... مۇنداق دەڭ . تارانچى ، قاشقالىق دەپ جېدەل - غوۋغا قىلمايدىكەنسىلەر - ھە ؟

— بۇرۇن قىلاتتۇق . مۇختەرباي قاشقالىققا يامان ئۆچ ئىدى . ھازىر ئايرىماس بولدۇق . دۈشمەننىڭ كىملىكىنى بىلىۋالدۇق - دە . قۇربان ئىمام چېغىدا ھازىر دۈشمەنگە ئۆلۈم تىلەپ دۇئا قىلىدىغان بولۇپ قالدى !

ئابلا باي قاقاقلاپ كۈلدى . ئۇ زىياۋۇدۇننىڭ ئالدىغا ئېسىل نېمەتلەرنى ئىتتىرىپ :

— ئېلىڭ ، زىياۋۇدۇن ، گېپىڭىز قىزىقكەن ، ئېلىڭ ! — دەپ مېھماندوستلۇق بىلدۈردى .

زىياۋۇدۇن بايغا ئامراق بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ چىرايلىق ئىكەن ، باغ بىلەن كەڭرى ھويلا سالاسۇن بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىكەن ، قۇدۇق بېشىغا تولىمۇ چوڭ دۇب دەرىخى سايە تاشلاپ تۇرىدىكەن . كۈنگەيگە قارىغاندا ، كۈنچىقىشقا قارىغان ئۆي دېرىزىلىرىنىڭ قاپقىلىرى ئېچىلغان ، پېشايۋانغا تامام گىلەم سېلىنغان ، يىپەك كىيىم ، بويۇن - قوللىرى ئالتۇن بىلەن تولغان زىلۋا ، سۇتتەك ئاق ، تالدەك ئەۋرىشىم خوتۇن گىلەم ئۈستىدە

زىياۋۇدۇنغا ئېگىلىپ سالام بېرىپ ، ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى لەپ قىلىپ كۆتۈرۈپ ، ئۇنچىدەك ئاپئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپ :

— خانىمىڭىزغا ئاز بولسىمۇ ، — دەپ بىر كىيىملىك يىپەك رەخت سۇنۇۋىدى ، زىياۋۇدۇن چىرايلىق ئايالنىڭ سۇتتەك ئاق قوللىرى ئۆزىنىڭ ئۇتلەنگەن كالا پاچىقىدەك قوللىرىغا تېگىپ كەتمىگىيدى دەپ ئەنسىرەپ ئەندىكتى ، ئۇ ئۆمرىدە بۇنداق ئەندىكىپ باقمىغانىدى .

— پات - پات كېلىپ تۇرۇڭ ! — دېدى باي ئەر - خوتۇن .

— خەمتكە سالام ! — دېدى زەيتۇنە بىر بولاق كەمپۈت - پىرەنىك سۇنۇپ .

ئۇ چىرايلىق كىيىنىپ ، پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ نوۋگورودتىن قازانچى تەرەپكە ماڭدى . ئۇ ئۆمرىدە بۈگۈنكىدەك لۆم - لۆم هارۋىدا كېرىلىپ ئولتۇرۇپ ، كىملەر زوق بىلەن قاراۋاتىدىكىن دەپ ئەتراپقا كۈلۈمسىرەپ قاراپ سەپەر قىلىپ باققان ئەمەس .

بۇلارنىڭ هەممىسى ئوغلىنىڭ دۆلىتى ، تونۇگۈنكى غېنى باتۇرنىڭ بەرگەن پۇلى ، بۈگۈنكى هۆرمەت - راپاۋەت هەممىسى نۇرىنىڭ . ئۇ هارۋىدا غادىيىپ ئولتۇرۇپ ، جىڭ ۋە شىخو سوقۇشلىرىغا قاتنىشىپ ئامان قالغان ئوغۇللىرىنى ، شۇ كۈنلەردە ئاقسۇ يېڭىشەهەرنى قورشاپ ياتقان ئەزىمەتلەر قاتارىدىكى ئاكىسى مۇختەربايىنى سېغىنىدى . ئۇلار هازىر نېمە قىلىۋاتىدىكىن؟ ئىلى ئاسمىنى كۆپكۆك ، سۈپسۈزۈك ، ئۇياقلار قانداقكىن؟ غۇلجا كوچىلىرى سالقىن ، يوپۇرماقلىرى شوخ ، گۈللىرى پۇراقلىق ، ئۇ يەرلەر قانداقكىن؟ مۇنۇ كىشىنىڭ يۈزىنى سۆيۈپ جانىنى راهەتلەندۈرىدىغان ئىللىق شامال ئۇ يەرلەردە بارمىكىن؟ باغلاردىن كېلىۋاتقان چىرايلىق كۈلكە ، ئەتىگەندىلا باشلانغان ئاجايىپ ناخشا ، شاخلاردىكى دۇنيا غېمىدىن خالاس قۇشلار ئۇياقلاردا بارمىكىن؟...

ئۇ خىيال ، شادلىق ، هېسسىيات بىلەن كوچا ئارىلاپ سىلىق

لــىغــلــداپ ، تــېرەكمازارغا كەلدى ۋە مۇتائالى خەلپىتىمنىڭ دەرۋازىــسـى ئـالــدىـدا پەيتۇندىن چۈشۈپ ، هارۋىكەشكە رەھمەت ئېيتىپ قىيا ئوچۇق دەرۋازىدىن قارىدى .

خــەلپىتىم هويلىدىكى ئالما دەرىخىگە ئېسىلغان قەپەستىكى تورغايلىرىغا دان بېرىۋاتاتتى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، خەلپەم ھەزرەتلىرى !

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، زىياۋۇدۇن ، كەل ، كەل بالام . ھە ، هارۋاڭ كەلگىلى نەۋاخ ، ئۆزۈڭ نەلەردە يۈرسەنوي ؟

— ھا ـ ھا ـ ھا ··· غېــنىــكــامــنــىــڭ ئــىشى ، هارۋامدىن ئەنسىرىۋىدىم ···

— بــىر ناتونۇش ئادەم ئەكىردى ، ئاتلىرىڭغا بېدە بەردى . قارا ، ئاتلىرىڭ ساڭا ئوخشاش خۇشال !

— ھا ـ ھا ـ ھا··· ھى ـ ھى ـ ھى··· قــارىــمــامــســىز ھەزرەتلىرى ··· — دېدى زىياۋۇدۇن كۈلۈپ تۇرۇپ ، — ئامەتلىك كۈن بولدى . ماڭا خىزىر يولۇقتى···

ئـۇ تـۈنـۈگۈنكى ئىشلارنى زىر ـ زەۋىرىگىچە قويماي دەپ بەردى .

— راســت خــىزىر يولۇقۇپتۇ ، — دېدى خەلپىتىم كۈلۈپ قويۇپ ، — ئابلا باي تولا ياخشى ئادەم . ساخاۋەتلىك ، ئەل سۆيەر ، مــەرىــپەتــپەرۋەر باي . ئۇنىڭ دارىلئاجىز ، دارىلئېتاملارغا بەرگەن پــۇلــى هــەممە بايلارنىڭكىدىن كۆپ . ئىنقىلابقا بېرىۋاتقان پۇلى هــۆسەنبايلارنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ . مېنىڭ «قۋائىدۇل ئىئلال» دېگەن كىتابىمنى ئەرەبىستانغا ئاپىرىپ باستۇرۇپ ئەكېلىپ بەردى . نەسۇھا داموللىنىڭ شېئىرلىرىنى يىغقۇزۇپ نەشر قىلدۇرىمەن دەپ يۈرىدۇ . تولىمۇ ياخشى ئادەم .

— خــوتۇنى ئەجەب چىرايلىقكىنا ، بىزنىڭ رەيھاندەك ! — زىــياۋۇدۇن بولمىغۇر گەپ قىلىپ قويۇپ ، ئالدىدىكى زاتقا يەر ئـاســتــىدىن قاراپ قويدى . خەلپىتىمنىڭ قاپىقى تۈرۈلگەندى . لېكىن ھەزرەت :

— رابىخان ئابىستەيىنى يوقلاپ قوي، ئەمما ئۇنىڭ يالغۇز ئوغلى توغرۇلۇق گەپ قىلما. ئۇ بالىنىڭ ئىمام دېگەن ئىسمىنى مەن ئەزان قىچقىرىپ قويغانىدىم، — دېدى.

— ئىمام مېنىڭ بەرارىم بىلەن غوجا ھوشۇرنىڭ قولىدا ئەسكەرلىككە ماڭغان، ھە يامان خەۋەر بارمۇيا؟

— شۇنداق. شىخو سوقۇشى غۇلجىدىكى سوقۇشلاردىنمۇ يامان بوپتۇ. سەككىز يۈزدىن جىق يىگىت قۇربان بوپتۇ. غوجا ھوشۇروفمۇ، ئىمامىمۇ شېھىت بوپتۇ!

— ئامىن! — زىياۋۇدۇن ئىككى قولىنى كۆتۈردى ۋە يۇقۇلداپ يىغلىدى، — پاھ - پاھ، ئۇ بىر قارا كۈن بوپتىكەن - دە! مېنىڭ بەرارىممۇ غوجا ھوشۇرنىڭ بالىسى بىلەن بىللە ئىدى، ھەي ئىسىت!

— رابىخان ئابىستەي ئېرىدىن، ئۈچ ئوغلىدىن ئايرىلدى. تىكەندەك يالغۇز قالدى. ھۆرىيەت بىزگە تولىمۇ قىممەتكە توختايدىغان ئوخشايدۇ، نى - نى شىر يۈرەك ئەرلىرىمىزدىن ئايرىلدۇق!

— غېنىكامغا نەرىڭ باتۇر سىنىڭ دەپتىمەن قارىماسىز!

— بوپتۇ، مەدھىيىنىلا ئاڭلىماي تەنە - تەنقىدىنىمۇ ئاڭلىسۇن ئۇ خەلق باھادىرى!

زىياۋۇدۇن كۆكچىلىكتىكى ھېلىقى ئابدۇمەر مىڭبېگىدىن قالغان قورۇغا ھارۋىسىنى ھەيدەپ كەلگۈچە رابىخان ئابىستەي توغرىسىدىلا ئويلاپ كەلدى. ئاق سېرىق، ئورۇق، قاتاڭغۇر، ئېگىز، دورداي كالپۇك، كالاچ ئېغىز، چىشلىرى شالاڭ، ساپسېرىق ئايالنىڭ چىرايى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى! بىر - بىرىدىن كۆركەم ئۈچ ئوغلى ئاتا قىساسىنى دەپ شېھىت بولدى، بىچارە ئانا پۈتۈن ئۆمرىنى كەنجىسىگە بېغىشلىغان بولغىيدى. ئۇ بالىسىنىڭ سالامەت كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتقاندۇر ھەرقاچان، ئانا بولماق دادا بولماقتىنمۇ تەس. رەيھان بالا ئۈچۈن جان بەردى. ئاسىيە ھەم قىزلىرىغا بەخت ئىزدەپ جېنىدىن

ئايرىلدى. رابىخان ئابستەيمۇ شۇ. زىياۋۇدۇن شۇكۇر قىلسا بولغۇدەك. ئۇنىڭ كەنجىسى بىلەن دەرارى دۇشمەن قولىدا ئۆلگەن بولسىمۇ، ئۇلار پەيدا قىلغان يۈرەك يارىسىنى ساقايتىدىغان نۇرىسى بىلەن بەرارى بارغۇ! ئۇ ئۆزى بىر قىش ئولتۇرغان تونۇش دەرۋازا ئالدىغا كەلدى. ھويلىدىن چۇرقىرىشىپ باللار يۈگۈرۈپ چىقىشتى. قارا كۆز، قارا قاش، ئوماق باللار ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراشتى. ئۇلارنىڭ تولىسىنىڭ دادىلىرى ئۇرۇشتا، تۈرمىدە ئۆلگەن، ئۇلار ئاتا - ئانا مېھرىگە نەقەدەر تەشنا - ھە؟

ئۇ ھارۋىدىن چۈشتى. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا رابىخان ئابستەي كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سېرىق چاچلىرى تامامەن ئاقارغان، يۈزىنى قورۇق قاپلىغان. يوغان ئاغزىلا ئۇنىڭ رابىخان ئابستەي ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ تۇراتتى. شۇ ئېغىزىدىن نەچچە مىڭ، بەلكى نەچچە يۈز مىڭلاپ ياخشى گەپلەر چىققان، بۇ گەپلەر باللارنىڭ قېنىغا سىڭىپ روھىغا ئايلانغان:

— ھە، زىياۋۇدۇن ئۇكام، كەلدىڭىزمۇ؟ باللار، بۇ كىشى كىم، بىلەمسىلەر؟

باللار ئۇلارنى ئورىۋېلىشتى. ئەتىگەنلىك قۇياش سەبىيلەرنىڭ ھەممىگە ئىنتىلىدىغان ۋۇجۇدىنى سۆيمەكتە. ئۇلارنىڭ يۈزلىرى پۇرۇشكەن، كۆزلىرى قىسىلغان، بۇ كۆزلەر زىياۋۇدۇنغا تىكىلگەنىدى.

— بۇ كىشى ھېلىقى مەن سىلەرگە ھېكايە قىلىپ بەرگەن قەھرىمان نۇرىنىڭ دادىسى. ئېيتىڭلارا، ئۇ دۈشمەننىڭ قانچە پوتىيىنى پارتلاتتى؟

— ئالتە! — باللار چۇرقىراشتى.

زىياۋۇدۇن ئىختىيارسىز ئىككى قولىنى ئىككى يانچۇقىغا سالدى ۋە ئىككى تۇتام پۇلنى ئېلىپ ئاسمانغا چاچتى. باللار چۇرقىراشتى، كۈلۈشتى، پۇللارنى يىغىشىپ ئابستەينىڭ ئېتىكىگە تاشلاشتى.

— رەھمەت زىياۋۇدۇن، تولىمۇ كاتتا خەير - ساخاۋەت

www.uyghurkitap.com

بولدى !

— بۇ مېنىڭ چاچقۇم . سوۋغامنى بۇ قېتىم ھارۋا بىلەن ئەكىرىمەن تېخى !

رابىخان ئابىستەي ئۇنى ئۆزىگە تونۇش ئۆي — ئاشخانا ئۆيگە باشلاپ كىردى . بۇ ئۆي ئۆز ۋاقتىدا سەبىخە بىلەن پەرىخەنىڭ ياتاق ئۆيى ، كېيىنچە زىياۋۇدۇننىڭ ئۆيى بولغانىدى . تاختايلىق سۇپا ، كونا گىلەم ، تام سائىتى ، ئۈستەل ، سىم كارىۋاتلار شۇ پېتى تۇرۇپتۇ . ھازىر بۇ ئۆي رابىيە ئابىستەيىنىڭ خانىسى ئىكەن . رابىيە زىياۋۇدۇنغا چاي تەييارلىغاچ توختىماي سۆزلىدى :

— پەرىخە قىزىم خەت يېزىپتۇ ، خەت ئەمەس ، ئۇ بىر ئەسەر ! — دېدى رابىيە «ئەسەر» دېگەن سۆزنى زىياۋۇدۇن چۈشەنمىسىمۇ ئالاھىدە تەكىتلەپ ، — ئەسەر بولغاندىمۇ بىر ئاجايىپ ئەسەر . بۇ خەت زۇنۇن قادىرنىڭ ياكى نۇربوساقوفنىڭ ، يە بولمىسا ئەنۋەر ناسىرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا بىر كىتاب بولۇپ چىقىدۇ . بىچارە قىز ، شەپقەت ھەمشىرىسى بولىمەن دەپ سوۋۇروفنىڭ ئەسكەرلىرىدەك قار - مۇزلۇق چوققا - تاغلاردىن ، شىۋىرغانلىق داۋانلاردىن ئېشىپ باي ناھىيىسىگە بارغۇچە نۇزۇگۇمنىڭ جاپاسىنى تارتىپتۇ . خېتىنى تۆت قېتىم ئوقۇدۇم ، كۆزلىرىمدىن ياش قۇرۇمىدى . بىچار قىز سىزنىڭ ئوغلىڭىزنىڭ ئوتىدا پۇچىلىنىپ ، ھەر مىنۇت - ھەر سېكۇنتنى سېغىنىش بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ . نەدە قالدى ئۇ خەت ، چاي ئىچكەچ ئاڭلاپ باقسىڭىزا ، ئوقۇپ بېرەي...

رابىيە ئابىستەي ئىشكاپنى ئاختۇرۇپ ، قەلەي قۇتىنىڭ ئىچىدىن قېلىن خەتنى ئالدى - دە ، كۆزەينەكنى تاقىۋېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى .

زىياۋۇدۇن ھەدېگەندە ئەسنەپ ئاڭلىدى . ئاستا - ئاستا ئۇ خەتكە بېرىلىپ كېتىپ ، چىپىنىڭ سوۋۇپ قالغىنىنى سەزمەي قالدى . خەت ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ۋېژىلداپ تۇرغان بوران ، تىك قىيا تاشلار ئارىسىدىكى قېلىن قار بىلەن قاپلانغان تار يول ، ئۇ يەردە

ئاتلىرىنىڭ قۇيرۇقلىرىغا ئېسىلىپ كېتىۋاتقان، قارىغا مىلەنگەن، ناچار كىيىنگەن، مۇرىسىگە مىلتىق ئاسقان ئادەملەر، ئۇلارنىڭ بىردە ئۈمىلەپ، بىردە يىقىلىپ كۆزىنى ئاچالماي مېڭىشلىرى، تىنىق قىيادىن تېگى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقان ئاتلار، توڭلاپ كۆكىرىپ كەتكەن، كالپۇكلىرى يېرىلىپ كەتكەن چىرايلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى. ئۇ ھېلىدىن ــ ھېلىغا:

— ۋاي، بىچارە قىزىمەي، پاھ ــ پاھ ــ پاھ! — دەپ قوياتتى. ئۇ خەتنى يادلىۋالىدىغاندەك يەنە بىر قېتىم ئوقۇتتى، ئۇنىمۇ چالا ئىش دەپ قاراپ ئاخىر ئايالىغا يالۋۇرۇپ خەتنىمۇ ئېلىۋالدى.

ئۇ چۈشتىن كېيىن، ئۆيىگە، مۇختەربايىنىڭ ئۆيىگە بازارلىق ئېلىپ، يېزىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ قالغان پۇلنى ساندى، ئالىدىغان ــ بەرمىگەن بوپتۇ. غېنى ئاكىسى بەرگەن پۇل تامام تۈگەپ، ئاشلىق سانقان پۇلى يانچۇقىدا قاپتۇ.

— ئون خو ئۇن، يۈز كىلو ياغ، ئىككى تاغار ئالما بېسىپ باللىرىنى يوقلايمەن. باللار بولمىسا دۇنيانىڭ ئەتىسى نېمىش قىلسۇن!

ئىككى ئات قاتراپ ئۆيىگە ئالدىرىدى، زىياۋۇدۇن ئۇلاردىن بەتتەر. ھايات شۇنداق، سەن كۆرمەيدىغان، چۈشەنمەيدىغان بىر كۈچ سېنى ھەيدەپلا يۈرىدۇ. سەن نېمىگە، نەگە ئالدىرايدىغىنىڭنى بىلمەيسەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتنىڭ لەززىتى چەكسىز، شۇڭا ئادەملەر قايغۇ ــ ئەلەملىرىنى تېز ئۇنتۇپ، كەلگۈسى ئۈچۈن ئىنتىلىۋېرىدۇ. بۇ ئىنتىلىشنىڭ چېكى يوق، ھەممىلا ئادەمنى كۈتۈپ تۇرغىنى پاجىئە بولسىمۇ گەرچە...

زىياۋۇدۇن يۈز قېتىملاپ ماڭغان كارۋان يولىدا يەنە ناخشىسىنى باشلىدى.

ئۇ ئۆيىگە كەچ كەلدى. ئىككى ئۆيدىكىلەر يازلىق چايخانىغا توپلاندى. جامائەتمۇ بۇ يەرنىڭ ئادىتى بويىچە بىرلەپ ــ ئىككىلەپ شەھەر خەۋىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن كىرىپ كېلىشتى. چوڭ ئۆي

بىلەن دالان لىقمۇلىق ئادەمگە تولدى. زىياۋۇدۇن كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى قويماستىن سۆزلەشكە باشلىدى ۋە ئىككى گەپنىڭ بىرىدە غېنى باتۇر، ئابلا باي، نۇرى، بەرا، پەرىخەلەرنى تىلغا ئېلىپ ماختاندى.

— بىزنىڭ مەھەللىدىنمۇ كاتتا ئادەملەر چىقتى - ھە! — دېدى مىراقازى، — ئاللاھازەل نۇرى غېنى باتۇردىن قېلىشمايدۇ جۇمۇ!

— كۈللۈھۇم ئوغۇل بالىنىڭ ئوغۇل بالىسى زادى مۇشۇ مەھەللىدىن چىقىدۇ. مۇختەربايمۇ، نۇرىمۇ، زىياۋۇدۇنمۇ ئەركەك سۇ ئىچكەن - دە، تاغ سۈيى!

— تۇغنى نەگىچە قادايدىكەن دېدىڭا زىيەك؟

— شىڭشىڭشيا!

— پاھ، ئىسمىنىڭ تەسلىكىنى. تىلىڭمۇ كەلمەيدىغان يەرلەر جىق دېسەڭا - ھە؟

— مۇختەرباي بارغان يەرلەر ئۇ! — دېدى مىراقازى بىلەرمەنلىك قىلىپ، — سۇمۇ، گىياھمۇ يوق قۇملۇق دەيدۇ ئۇ يەرلەرنى!

— ئەمما لېكىن، مۇز داۋاننىڭ يولى يامان - دە. مۇختەرباي مۇشۇنىڭ بىلەن ئىككى قېتىم ئۆتتى - دە، ئۇ داۋاندىن!

— مۇز داۋان دېگەننى مانا بىز ئېشەكچىلەر بەش قولدەك بىلىمىز. بۇ يەردە تومۇز بولغاندا، ئۇ يەر قار - شىۋىرغان. ئۇلار كاك - كاك قىلىش بىلەنلا بوران كېلىدۇ. بوران كەلسىلا جاھاننى قار قاپلايدۇ. ھېچنېمىنى كۆرمەيسەن. بىر بولسا جايىڭدا مىدىرلىيالماي ياتىسەن، بىر بولسا ئۇلاغنىڭ قۇيرۇقىغا چاپلىشىپ، بىر قەدەمدە يۈز سۇبھاناللانى ئوقۇپ سىلجىيسەن. بىر قەدەمنى خاتا باسساڭ تېگى يوق ھاڭغا قاراپ ئۇچىسەن. شىپالىق، ئاغرالدى، قىرىق ئىككى پەلەك، يائاللا ئىگەكىم!...

— ياق، مۇختەركاملا بۇ قېتىم تېكەس بىلەن مېڭىپتۇ! — دېدى زىياۋۇدۇن يانچۇقىنى كولاپ، — ئۆمەر تەمبۇر ماۋۇ خەتنى

ئوقۇپ بەرگىنە ، پەرىخەنىڭ خېتى !

— كېلىنىڭنىڭ خېتىكەن ـ دە ! مۇختەربايلارغا دوختۇر بولۇپ مېڭىپتۇ دېدىڭما ؟ نوغاي كېلىنىڭ قاچان كېلىپ ئاش ئېتىپ بېرەركىنتاڭ ؟

— ئابدۇمەر مىڭبېگىنىڭ نوغاي خوتۇن ئالغىنى ساڭا ياراشتى جۇمۇ زىيەك !

— تەلەيلىك باخشى بۇ !

— خەپشۇك ! — دېدى ئۆمەر تەمبۇر قېلىن ، كىرلىشىپ كەتكەن خەتنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، — چىراغنى يېقىنراق ئەكەلگىنە هوي تۇرسۇن كاۋا !

لامپا دېرىزىگە قويۇلدى . ئۆمەر تەمبۇرچى ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى .

«… رابىيە ئابىستەي ، مەن سىزنى ئاپا دەيمەن . ئاپا ، مانا سىزگە كۆندىلىك خاتىرەمدىن ئون بەتنى كۆچۈرۈپ ئەۋەتتىم . قالغانلىرىنى يەنە ئەۋەتىمەن ، خاتىرەم بىزنىڭ هاياتىمىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . هەربىي يۈرۈشمۇ بىر خىل تۇرمۇش ئىكەن . ئاپا ، مەن رومان ئوقۇشقا ئامراق ، مەندىكى خىيالغا بېرىلىش ، هېسسىياتچانلىق شۇ رومانلار پەيدا قىلغان كېسەل ، خاتىرەمنى رومانداك يېزىشقا تىرىشتىم . كۈنلەرنىڭ بىرىدە كىم بىلىدۇ ، بۇ خاتىرىلىرىم رومان بولۇپ قالامدۇ تېخى . مەن نۇرى ئاكامنىڭ بۇ خاتىرىلىرىمنى قىزىقىپ ئوقۇيدىغىنىغا ئىشىنىمەن . ئۇ كەلگۈسىدە (ئامان بولسىلا ) چوقۇم رومان يازالايدۇ . مەن ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قۇربان بولۇپ كەتسەم ، بۇ خاتىرىلىرىم مېنىڭ دۇنيادا ياشىغانلىقىمغا ئىسپات بولۇپ قالار .

بىز تېكەس ناهىيىسىدە جەم بولدۇق . تېكەس دەرياسى كېمە بېشىدا ئېلىخان تۆرەم بىزنى ئۈزىتىپ قويدى . بىز بىر يۈز ئەللىك كىشىلىك پارتىزان ئەترىتى تاغ ئېشىپ ئاقسۇغا بېرىپ جەڭ قىلىمىز . ۋەزىپىمىز ئاقسۇنى ئېلىش ، خوتەندىن ئاقسۇغىچە بولغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى ئۇرۇمچىگە ياردەمگە ماڭدۇرماسلىق .

www.uyghurkitap.com

نۇرلار ئۇرۇمچىنى ئېلىپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلدۇ. بىز ئاقسۇدا ئۇچرىشىمىز . خۇدايىم بۇيرۇسا قەشقەر ، يەكەن ، خوتەنلەرگە بىللە بارىمىز . بىزنىڭ رەھبەرلىرىمىز ھۆكۈمەت ۋەكىلى قاسىمجان قەمبىرى ، سىياسىي رەھبەر ئابدۇكېرىم ئابباسوف ، پارتىزان ئەترەت باشلىقى سوپاخۇن ئاكا ، مۇئاۋىن باشلىق ئىمىر ھاجى ، ئارقا سەپكە مەسئۇل باشلىق قۇربانجان ئاكا . دىنىي باشلىق داموللا رازىيوفلار بىزگە يوقىرىقى ۋەزىپىنى قايتا - قايتا جېكىلىدى . بىز بىلەن بىللە سودا ۋەكىللىرىمۇ مال ئېلىپ ماڭدى . يەنە ئۆزلىرىگە زاكىر تۆرە ، ئىسكەندەر (ئەسلىي ئىسمى نېمىكىن ، ئىككى ئورۇس ) دەپ ئات قويۇۋالغان سوۋېت ئادەملىرىمۇ بىز بىلەن بىللە ماڭدى . بىزنى تېكەستە خەلق قالتىس كۈتتى . بىزگە ئېلىخان تۆرەم قورغان تۇتقۇزۇپ قەسەم ئىچۈردى ، خەلق سەپ - سەپ بولۇپ بىزنى تاكى دەريادىن ئۆتكۈچە ئۇزىتىپ كەلدى . بىز كېمە بىلەن دەريادىن ئۆتۈپ ئاتلىنىپ ، جەنۇبقا — ئاپئاق چوققىلىق تاغلارغا قاراپ ماڭدۇق . يېشىل بايراق ئالدىمىزدا لەپىلدىمەكتە . خۇدايىم بۇ بايرىقىمىز ھەممە يەردە لەپىلدىسۇن . يېشىل يايلاق ، يېشىل بايراق ، كۆپكۆك ئاسمان ، سالقىن ھاۋا ، ئەجەب جانغا راھەت - ھە ! مەن بۈگۈنكىدەك خۇش بولمىغان... مانا بۈگۈن قۇشتاي يايلىقىدا قوندۇق . رازۋېدكىچىلار ئالدىمىزدا كەتتى . بىز ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى ، سودىگەرلەر بىلەن ئارقا سەپ بولۇپ ئارقىدا ماڭدۇق . كۆكتېرەك ، چولاقتېرەك يايلاقلىرى ئەجەب گۈزەلكىنە ، كۆز يەتكۈسىز تۈپتۈز ئوتلاق ، ھەممىلا يەر گۈل . نۇرلار توپا ، قوم ئىچىدە ، بىز گۈل ئىچىدە (ئۇ مۇشۇ يەردە بولسىمىغۇ ! ) . سارتۇر يايلىقى تېخىمۇ چوك ئىكەن ، نېمىدېگەن چىرايلىق يەر بۇ ، ياپيېشىل يايلاقتا سانسىزلىغان مال ، جەنۇبتا تېگى يېشىل قارىغاي ، تۆپىسى قارلىق چوققىلار بىلەن ھەيۋەت كۆرۈنىدىغان تاغ . ئاپئاق كىگىز ئۆيلەردىن ئاق قالپاق كىيگەن قازاق يىگىتلىرى چىقىپ ئادەمگە تىكىلىپ تۇرۇۋالىدۇ ۋە : «نى دەگەن سولۇۋ - ھاھ ! » دېيىشىدۇ . گۈللۈك تەقىلىرىگە ئۆكە

قادىغان ، چاپانلىرىنىڭ مەيدىلىرىگە قاتار ـ قاتار ھەر خىل تەڭگىلەرنى تىكىۋالغان ، مەڭزىلىرىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان قىزلىرى ئەيمەنمەستىن كاكارلىرىمىزنى تالىشىپ : «ماغان بېرشى» ، دېيىشىدۇ تېخى . كۇمۇش ئېگەرلىك ئاتلىرىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ھەممىمىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدىغان مالچىلارنىڭ قولۇمنى سىقىشلىرىچۇ؟ … كاللارغا مىنىشكەن بالىلارنىڭ ئوماقلىقى … گويا بۇ يەرلەر ھېچنېمىنى ئارزۇ قىلمايدىغاندەك ، ئادەملىرى ساددا ، خاتىرجەم . ئۇلارنىڭ يىراقتىن ۋارقىراپ «ئەسسالامۇئەلەيكۇم !» دېيىشلىرىمۇ بىر ناخشا . بىزنىڭ يىگىتلىرىمىزگە بۆلەكچىلا يېقىنچىلىق قىلىشىدىغان قىز ـ كېلىنچەكلىرى كۇلگۇمنى كەلتۈرىدۇ . «ئېيت جە ، قىمىز ئىچ !» دەپ يالۇۋۇرۇشلىرىچۇ تېخى ! ئەجەب مېھماندوست ، تەبىئىي ، ئادەمخۇمار . مەن مۇنداق تۇرمۇش كۆرۈنۈشىنى نىلقىدىمۇ كۆرمىگەن . ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىدىكى كىگىز ، شىرداق ، پەردە ، داستىخانلىرىمۇ گۈزەل . خوتۇنلار زېرىكمەي ئەتكەنچاي سۇنىدۇ ، قىمىز سورۇپ ، قىمىز قۇيىدۇ ، ئەرلىرى گۆش توغراشقا ئەجەب ئامراق . مايتاغچىلار «پاھ ، قازاق دېگەن بەلەن ياشايدىكەن» دېيىشتى . بىز قالتىس مېھمان بولدۇق . بىراق ، ھەممىمىزنىڭ كۆزى نىنا (رۇس ، سانىتار قىز) ئىككىمىزدە . ھەتتا قاسىمجان قەمبىرىمۇ ، قۇربانجان ، ئىمىر ھاجى ئاكىلارمۇ ئادەمگە ئارتۇقچە مېھرىبانلىق بىلدۈرىدۇ . ئەرلەر گۈزەل يەرلەرنى كۆرسىلا چىرايلىق قىزلارنى ئىزدەيدىغان ئوخشايدۇ ، خۇددى ئادەمنى يەۋېتىدىغاندەك . يايلاقتا سەپەر قىلىش ئەجەب راھەتكىنە ، تاغ سۇلىرىنىڭ سۈزۈكلۈكى ، يېقىملىق ئاۋازى ، گۈللەرنىڭ پۇراقلىرى بولىدىغان قانلىق جەڭلەرنىڭ ۋەھىملىرىنى مېنىڭ خىيالىمدىن قوغلىۋەتتى . ھايات گۈزەل ، ئىنسان شۇڭا ھاياتقا تويمايدۇ . ئەمما ، ئوق ، بولۇپمۇ دۈشمەننىڭ ئوقى ساڭا رەھىم قىلمايدۇ ، ئۇ كۆزسىز ، سەن خالىساڭمۇ ـ خالىمىساڭمۇ تېگىۋېرىدۇ ، ئۇ تەگسىلا ، سەن بۇ دۇنيادا يوق . نۇرى ئاكام شۇ

تاپتا نېمە قىلىۋاتىدىكىن ؟ مېھرىبان تەبىئەت ئۇنى قوغدا ، خۇدايىم ئۇنى ساقلا . ئۇ ھايات قالسۇن ، ماڭا ئوق تەگسە تەگسۇن ، ئۇنىڭغا تەگمىسۇن !

تاغلاردىن چۇشۇۋاتقان ئاپئاق ، سۇزۇك شارقىراتمىلار ، قاتار - قاتار ، خۇددى تىزىلغان ئەسكەرلەردەك تۇرۇشقان قارىغايلار ، يۇپيۇمىلاق كۆرۇنىدىغان مەڭگۇ يېشىل ئارچىلار ، بىزنى ئۇزىتىپ مەرىشىۋاتقان قويلار ، قىيغىتىپ يۇرۇشكەن قوزا ، ئوغلاق ، تايچاقلار ئادەمگە ھايات قەدرىنى تەكرار - تەكرار ئەسكەرتمەكتە . تاغ قۇشلىرىمۇ ياشاشنىڭ قىممىتىنى يېڭىدىن - يېڭى كۇيلىرى بىلەن چۇشەندۇرمەكتە . كېچىچە ئىسكىرىپكا ، داپ ، راۋابلارنى چېلىشىپ ناخشا ئېيتىشقان يىگىتلەرنىڭ شادلىقىمۇ تەبىئەتنىڭ تىلىكىنى تەكرارلىدى ... گۇزەل تەبىئەت قوينىدا سەيلە قىلىپ مانا بۇگۇن قارىغايتاش دېگەن يەردە قوندۇق . تىك تاش چوققىلار قارىغايلاردەك جىق . تەبىئەتنىڭ ھەممە كارامىتى بۇ تاغلاردا ئوخشايدۇ . نېمانچە جىق ، ئېگىز تاش چوققىلار بۇ - ھە ؟ بۇ يول سۇرلۇك ، ئالدىمىز ئېچىلىدۇ ، كەينىمىز يېپىلىدۇ . ھەيۋەتلىك تاغ جىرالىرى سۇرلۇك ، مەن يايلاقنى سېغىنىماقتىمەن . ئەمما ، ھاۋا بەك راھەت ، كىشى سۇمۇرۇپ قانمايدۇ . بۇ يەر مۇز داۋان دەپ ئاتىلىدىكەن . مانا راھەت بىلەن خوشلاشتۇق . جاپالىق كۇنلەر باشلاندى . رازۋېدكىچىلار ئالدىمىز تۇيۇق ، يول يوق ئىكەن دەپ كېلىشتى . يول باشلىغان ئالۋان مەمەت ، قادىر قازاق دېگەن ئادەملەرنى باشلىقلىرىمىز ئاتىمىز دەپ قاتتىق سوراق قىپتۇ . ئۇلار ئوغرىلار ئىكەن ، پايدا تېپىش ئۇچۇن بىزنى تۇيۇق يوللارغا باشلىغانىكەن . ئۇلار موڭغۇلكۇرەگە ئەۋەتىلدى . ئەمما ، بىز تاغ ئىچىدە كۆرمىگەننى كۆردۇق...

... نۇرغۇن قىينالدۇق . ئاخىر بۇگۇن بۇ يەردىن چوڭ قۇشتاي يايلىقىغا قايتىپ كەلدۇق . ئالدىنىپ بىر ھەپتە جەبىر تارتتۇق . مانا بۇگۇن چوڭ قۇشتايدا قونۇپ ، ئاقداۋانغا كەلدۇق . قار قېلىن ، قاتتىق شىۋىرغان ، تۇتەك بىزنى قىينىدى . نىنا

ئىككىمىز ئالدىمىزدىكى ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا مەھكەم ئېسىلىۋالدۇق. پاھ، نېمانچە تىترەيمەن، قورقۇپمۇ، مۇزلاپمۇ؟ چەكمەن چاپانلار ئەسقاتتى. ئۇلاغ ترانسپورتتىن بىرى غۇلاپ ئۆلۈپتۇ، بۇ خەۋەر مېنى جالاق ـ جالاق تىترەتتى. مىناميوت ئوقى ئارتىلغان ئىككى ئات بىر ـ بىرىگە سۈركىلىپ مۇدۇرۇپ كېتىپ تىك ھاڭدىن تۆۋەنگە ئۇچتى. نىنا ماڭا: «ياغلىق بىلەن قۇلاق ـ بۇرنۇڭنى يۆگىۋال، ئۇششۇپ قالمىسۇن!»، دېدى. قىزلار ئۈچۈن بۇ خىل ئۇششۇك بىر ئۆلۈم. مەن چىرايلىق بۇرنۇم بىلەن قۇلىقىمنى جېنىمدەك كۆرىمەن. بىزنىڭ بىرىنچى جېڭىمىز باشلاندى. بۇ تەبىئەت بىلەن بولىدىغان جەڭ. تاغ يولى، شىۋىرغان، قېلىن قار بىزگە ھۇجۇم قىلماقتا. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز جاننى ساقلاش. ھەربىر قەدەم، ھەربىر نەپەس ھايات ئۈچۈن كۈرەش! مەن تاغدىن بەك قورقاتتىم. لېكىن، ئامال بولمىغاندا ئادەم باتۇر بولۇپ قالىدىكەن. مەن سوۋۇروف ئەسكەرلىرىنىڭ ئالپ ـ كارپات تاغلىرىدىن مۇشۇنداق ئاشقانلىقىنى ئوقۇغان. لېكىن، بىز مېڭىۋاتقان تاغ ئالپ تاغلىرىدىن ئېگىز. قارلىرىمۇ ئۇنىڭدىن قېلىن، شىۋىرغانلىرىمۇ قەھرلىك. يول بۇ يەردە زادىلا يوق. ئالدىمىزدا بىر ئات ئىزىلا بار. قار بەلگە كېلىدۇ. ئەسكەرلەر ئالدىمىزدا، ئۇلار نەلەردىكىن؟ كۆكسۈ كۆۋرۈكىدە دەم ئالدۇق. بۇ يەر دېڭىز يۈزىدىن بەش مىڭ مېتىر ئېگىز ئىكەن. مانا ئەمدى ئۇ يەردىن ئۆرلەپ قاراداۋان تۈۋىگە باردۇق. سەھەر، سوغۇق زەھەردەك ئاچچىق. ھېلىقى ئىللىق يايلاق، قازاق ئۆيلىرى يادىمغا يېتىپ ئۆپكەم ئۆرۈلدى. يىل بويى قار، تۈتەك كەتمىگەچكە بۇ يەرنى قاراداۋان دېگەنىكەن. داۋان چوققىسى پىچاق بىسىدەك، ئىككى ياقا قارىغىلى، سېكۇنت توختىغىلى بولمايدۇ. ھاۋا شالاڭ، دەم ئالماقمۇ تەس. ئاتنىڭ قۇيرۇقىلا بىزگە پاناھ. ئۆمىلەپ، ھەربىر قەدەمنى مىڭ سۇبھانالللا بىلەن بېسىپ، بىر چاغدا تاغ قاپتىلىغا چىقتۇق. تۆۋەنگە قاراپ بېشىم قېيىپ ئولتۇرۇۋالدىم. «تۇر، ماڭ!» دېدى نىنا مېنى يۆلەپ. چۈشمەك

www.uyghurkitap.com

چىقماقتىنمۇ تەس ئىكەن. تۇتەك، قېلىن قار، بىر قەدەم خاتا بېسىلسىلا جاندىن ئايرىلىدىغان گەپ. بىچارە ئاتلارمۇ دىرىلداپ تىترەشمەكتە، تۆت پۇتىنى بىر يەرگە قىلىپ بىزگە مۆلدۈرلەپ قارايدۇ تېخى. ئات بىلەن ئادەم سۆزسىز پىكىرلىشىدۇ. ھەربىر قەدەمنى مەسلىھەت بىلەن باسىمىز. ئۆمىلەپ، سىيرىلىپ، ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا چىڭ يامىشىپ تۆۋەنگە ماڭدۇق. قانچىلىك ماڭغىنىمىزنى بىلمەيمىز. ئاخىر داۋاندىن ئاشتۇق. تاغ تاپىنىغا چۈشكەن ئەسكەرلەر گۈلخان يېقىپ بەلگە بەردى. گۈلخان شۇنچىلىك چوڭقۇردا كۆرۈندى، گويا بىز ئاسماندا، يۇلتۇزلار يەردە تۇرغاندەك. قورققانسېرى خۇداغا يالۋۇرىدىغان گەپ ئىكەن. ھەر قەدەمدە خۇدانىڭ نامىنى نەچچە يادلايمەن. نىنامۇ مېنى ئەگىشىپ «خۇدا ساقلا!» دەپ يىغلايدۇ. يېرىم كېچىدە ئاخىر داۋاننىڭ تاپىنىغا چۈشتۇق.

— بىز ئاقسۇ زېمىنىدا! — دېدى ئابباسوف كۆپچىلىكنى روھلاندۇرۇپ، — بىز ياخشى بىر سىناقتىن ئۆتتۇق. جەڭچىلەرنىڭ بۇرۇن، قۇلاقلىرى ئۇششۇپ قالدى. ئاز ـ تولا چىقىم تارتتۇق. لېكىن، غەلىبىمىز چوڭ. بىز ھېچقاچان ئادەم ئۆتمىگەن داۋانلاردىن ئۆتتۇق. 1770 ـ يىللىرى ئاقسۇ قۇمباشتىكى جاھانگىر غوجىلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن مانجۇ قوماندانى سوشى دېگەن كىشى بۇ يەرلەردىن ئۆتەلمەي، غۇلجىدىن كۆنەس ـ يۇلتۇز ئارقىلىق قاراشەھەرگە ئۆتكەن، 1937 ـ يىلى سوۋېت ئارمىيىسىمۇ ماخۇسەننى باستۇرۇش ئۈچۈن جەنۇبقا ئۆتكەندە بۇ يول بىلەن ماڭمىغان. مۇزات داۋىنى بىلەن ئۆتكەن. بۇ يولدا قوشۇن تارتىپ تاغ ئاشقان تۇنجى باتۇرلار مانا بىز! بىز مۇشۇ ئاقداۋان، قاراداۋانلاردىن ئۆتۈپ، ئالدىمىزدا بىزگە قورال بەتلەپ تۇرغان قىرىق ـ ئەللىك مىڭ دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىمىز. دۈشمەننىمۇ قارىماققا تاغ ـ داۋانلاردەك قورقۇنچلۇق كۆرۈنىدۇ. لېكىن، بىز ئۇنىمۇ يېڭەلەيمىز!

سوخارنان بىلەن ئاچ قورساقلىرىمىزنى ئالدىدۇق.

ئاتلىرىمىزغا ئاز ـ تولىدىن يەم بەردۇق . ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى چىڭ تۇتۇپ ئىككى سائەتتەك كۆز يۇمدۇق . چۆچۈپ ئويغاندىم ، يىرىك ساقاللىق بىرى مېنى سۆيگەنىكەن ، ئەرلەر دېگەن چىلبۆرىگە ئوخشايدىكەن ، بىز جان غېمىدە ، ئۇ ھايۋان بولسا شۇنداق ... »

— پاھ ! — دېدى مەھەللە ئىمامى ساقىلىنى سىيپاپ قويۇپ ، — قار ـ مۇزدا يېتىپمۇ يەنە شۇ شەھۋانىي نەپسىنى باسالمىغان قانداق لەنتىدۇر بۇ ـ ھە ؟

— بىزنىڭ مۇختەرباي بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە ، خوتۇن خەقنى كۆرسە ئۆزىنى تۇتالمايدىغان !

ئۆيدىكىلەر قاقاقلىشىپ كۈلۈشتى .

— ئوقۇ ئۆمەرجان ، قاراداۋان دېگىنىدىن ئۆتمەك سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتمەكتىنمۇ تەس ئوخشىمامدۇ ، پاھ ، پىچاقنىڭ بىسىدا ماڭىدىغان گەپ دېگىنە !

«... كۆلدە قونۇپ جىلغا بىلەن يەنە بىر كۈن ماڭدۇق . ئەتىسى يەنە بىر داۋانغا بېرىپ قوندۇق . داۋانلار قىشنى ئەسلىتىدۇ ، لېكىن جىلغىلار ياپيېشىل ، خۇددى بىزنىڭ باغلاردەك . بىز ئاخىر تەگرىتاغنىڭ جەنۇبىغا ئۆتتۇق . بۇ يەر باي ناھىيىسىگە قارايدىكەن . ئالدىمىزدا گومىنداڭنىڭ ئۈچ ئىسكادىرون ئەسكىرى بارئىكەن . بىز سۇپسوزۇك تاغ سۈيىنىڭ غەربىدە ، يەنى بېشىدا . بىز راھەتكە چىقتۇق . سوپاخۇن ئاكا سەھەردىن بۇرۇن دۈشمەن مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈشنى ئۈستىگە ئالدى . مانا ئەمدى قانلىق جەڭلەر بولىدىغان بولدى . رابىخان ئاپا ، بىز ئىنىا ئىككىمىز چاتقال دالدىسىدا قۇچاقلىشىپ بىر كېچە ياتتۇق . نېمىشقىدۇر قورقۇۋاتىمەن ، بىز ئاز ، دۈشمەن كۆپ ، ھايات قايتالىسام بولاتتى . قالغان ئىشلارنى يەنە يازىمەن . بۇ خەتنى غۇلجىغا مۇھىم ئىش بىلەن قايتقان سوۋېتلىكلەردىن ئەۋەتتىم ، خېتىمنى چىڭ ساقلاڭ ، مېنىڭ ئامانلىقىمغا دۇئا قىلىپ قويۇڭ !... »

— بىزمۇ دۇئا قىلىپ قويايلى ، ئامىن ! — كۆپچىلىك

www.uyghurkitap.com

قوللىرىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىشتى.

زىياۋۇدۇن ئەتىسى بىر قوي سويۇپ نەزىر قىلدى. خەتمىقۇرئان ئوقۇتۇپ بالىلىرى ۋە ئاكىسىنىڭ سالامەت قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن يۇرت كاتتىلىرىدىن دۇئا ئالدى.

بىراق، نەزىر جىبدەلگە ئايلاندى. قىشلاقتامدىن چىققان باي تۇغقانلىرى يۈزبېگىلىك تالىششتا بۇ مەھەللىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمەي رەنجىشكەنىكەن.

— نەچچە ۋاقىتتىن يۇرتنى قاشقالىق سورىدى! — دەپ ۋارقىرىدى زىياۋۇدۇننىڭ باي تاغىسى پولۇنى كاپاملاپ تۇرۇپ، — ئەمدى چىلەكلىكلەر يۈزبېشى بولماقچى. يەر تارانچىنىڭ، سۇ تارانچىنىڭ، قان تۆكۈۋاتقانمۇ تارانچى بالىلىرى، ھۆكۈمەت بېشىغا چىلەكلىك چىققۇدەك ـ ھە! ئۆلۈكتەك ياتماي سىلەرمۇ قاسىم مىرابقا ئات چېپىڭلار ـ دە!

— تالاشقۇدەك نېمە بار دەيسىز، ھەممىمىز بىر خەققۇ! ئاۋۋال گومىنداڭنى يوقىتىپ بولايلى ـ دە!

— سىنىڭمۇ تېگىڭ قاشقالىق، شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە ئۆز ئەمەسسەن ـ دە!

— ۋاي ـ ۋۇي، قاشقا دېگەننى مەن تۇرماق بوۋامىمۇ بىلمەيدىكەن، كونا خاماننى سورۇپ نېمە قىلارسىزكىنتاڭ!

— چىلەكلىكمۇ تارانچىغۇ، ئۇلار يۇرت سورىسا بىزگە نېمە زىيان. ئۇلار قاملاشتۇرىدۇ. بىز تارانچى خەقزە!

— تارانچىنى قارغايسەنغۇ، ھەي تۈزكور!

— تارانچىدا ئەسكى يوقمىدى؟

— ئەسكىسىمۇ قاشقالىق بىلەن چىلەكلىكنىڭ ياخشىسىدىن ياخشى!

— ھاي ـ ھاي!...

— بولدى جامائەت، شۇنداقلىقىمىزدىن بېشىمىزدا تاج تۇختىمايدۇ بىز خەقنىڭ!

زىياۋۇدۇن تاغىسىدىن، باي تۇغقانلىرىدىن نارازى بولدى.

ئۇلارنى چاقىرغىنىغا پۇشايمان قىلدى.

دېھقان خۇشاللىقى بىلەن خاپىلىقى چولنىڭ قويۇنىغا ئوخشايدۇ، گۇرلا قىلىپ كېلىدۇ - دە، كېتىدۇ.

زىياۋۇدۇن ئادىتى بويىچە يەرگە يورۇق چۈشمەستە ئورنىدىن تۇرۇپ، بامداتتىن بۇرۇن ئاتلىرىنى بۇغداي ئېگىزىغا چۈشەپ قويۇپ، تېخى چېپىلمىغان زىغىرلىققا باردى. زىغىرنىڭ توپىسىگە بوكىنى تاشلىۋىدى، يەرگە چۈشمىدى. زىغىر قالتىس ئوخشىغانىدى. ئۇ ھەربىر خو يەردىن سەككىز خودىن ھوسۇل ئېلىشنى مولچەرلىدى. بۇگۇنلا چېپىش كېرەك، زىغىر دانلىرى ئەجەب تولۇق مايلىشىپ تۇرىدۇ. توت خو يەرنى ئورغاق بىلەن زىغىرچىلاپ چاپسا سەككىز - ئون كۈندە چېپىپ بولىدۇ. چالغا داننى قېقىۋېتىدۇ - دە، بولمىسا توت كۈندە يىقىتىۋالاتتى. پاھ، قىرلاردىكى چوپلۇك ئېگىزلىرىدا ئوشۇق چوككىدەك يۇمران چوپ پەيدا بوپتۇ. بودۇنلەرنىڭ سايراشلىرىنى، راسا سەمرىپتۇ - دە، شەبنەم چۈشكىنى نېمىسى، ياز ئاخىرلاشتىمۇ - ھە؟ قىلىدىغان ئىشنىڭ كوپلۇكى، ئورما، تېپىن، توشۇش، كومۇش، سېتىش، ياغيۇ كولاشمۇ ئۇنىڭغا قاراشلىق. ئۇنىڭ قولىسىز ھېچ ئىش پۇتمەيدۇ. باش تاتىلىغۇدەك چولىسى يوق ئادەمدىن يۇزبېشىلىق ئۇچۇن قاترىمىدىڭ دەپ رەنجىگەنلىرىنى قانداق قىلسۇنەي!

ئۇ ماشكىدەك ئىتتىك قاتراپ، سەكسەن خو يېرىنى ئايلىنىپ چىقتى. ئۇچ يىل ياتقان بوزلىرىدا دوغداق، تۇرنىلار يۇگۇرۇشۇپ يۇرۇپتۇ. قامقاق باسقان يېرىنىڭ توپىسىنى ئالىقىنىدا ئۇۋۇلاپ پۇراپمۇ كوردى. كېلەر يىلى بەرا قايتىپ كەلسە، ئۇ بىر ئادەم ياللاپ ئوتتۇز خو يەرگە ئاشلىق تېرىيدۇ. نۇرى كېلەلمەيدۇ. ئۇ قايسى قىزنى ئالاركىن؟ ھەر ئىككىلا قىز بىر - بىرىدىن چىرايلىق، ياخشى. ئىككىلىسىنى ئالسىمىكىن. غېنى باتۇرنىڭمۇ ئون نەچچە خوتۇنى بارغۇ، نۇرىنىڭ ئارانلا ئىككى بولىدۇ شۇ. لېكىنزە، ئۇ بالىسى ھېچكىمگە ئوخشىمايدۇ. باي بولۇشنىمۇ، ئەمەل تۇتۇشنىمۇ ئويلاپ قويمايدۇ. ئۇ ھازىر نەدىكىن؟ شىخو

بىلەن جىلىك ئېلىنىپ بوپتۇ ، ئەمدى ئۇرۇمچىگە ھۇجۇم قىلىدىغان گەپ . بالىلىرىم سالامەت قايتىپ كەلسە بولاتتى . دەرانىڭ ئۆلۈمى يۈرىكىمگە بىر قاداق سالدى . قالغان ئىككىسى سالامەت بولسا بولاتتى . ئۇنىڭغا شۇنىڭدىن باشقا دۆلەتنىڭ كېرىكى يوق . ئەللىكبېشى بول دېيىشىدۇ تېخى ، ياق ، زىياۋۇدۇن سەكسەن خو يېرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىسىلا مىڭبېگى بولغىنىمۇ شۇ . يىگىرمە خو يەرگە چېچىلغان دان ئۇنىڭغا قانچىلىك ئېغىر يۈك ـ ھە ، دانلىرىدىن سامان ـ پاخاللىرىغىچە ھويلىسىغا ئۆز قولى بىلەن توشۇشى كېرەك ، دېگەنبىلەن شەھەرلىك خوتۇنى باغ باغلاشنى ئۆگىنىۋالدى ، يازچە كەيىدىن پوسۇرلاپ باغ باغلىدى . ئىككى قىز شەھەردە ئوقۇيمىز دەپ قولاق ـ مېڭىسىنى يەپ كەتتى . ئۇلار كەتسە خەمىتكە كىم قارايدۇ ، ھەي خەمىت ، تىلىڭ نېمانچە تاتلىق ، نېمانچە ئوماقسەن ، «بوۋا» دېيىشلىرىڭ يۈرەكنى ئېرىتىدۇ !...

ئۇ خىيال بىلەن ئېتىز ئارىلاپ خېلى ماڭدى . ئاخىر ئاۋرال تەرەپتىن شامال چىقىۋىدى ، تېپىپ قويغان چاربۇغداينى سورۇشقا باشلىدى .

دېھقان خۇشلۇقى ئېتىزدا ، ئۇنىڭ قاۋۇل بىلەكلىرى بايلىق بىلەن بىللە خۇشاللىقنىمۇ يارىتىدۇ . ئۇنىڭ شېرىن خىياللىرىمۇ شۇ قىرلاردا ئېتىز گۈل ـ گىياھلىرىدەك ئۆسۈپ يېتىلىدۇ . ئۇ شەھەردە ئاڭلىغانلىرىنى ئەسلىدى : بايلار ، ئوقۇمۇشلۇقلار ئەمەل تەمەسىدە ، دۇنيادا ئۇيغۇر ھۆكۈمىتى پەيدا بوپتەك . بۇ ھۆكۈمەتنى ئۇيغۇرلار سورىشى كېرەك ئىكەن . ھازىر ئورۇسلار ، ئەنجانلىقلار ، نوغاي ، قازاق ، قىرغىزلار سوراۋاتقۇدەك . ئېلىخان تۆرىنى يوقىتىپ ھېكىمبەگنى تەختكە چىقىرىش كېرەك ئىكەن . رەخىمجان ، ئەخمەتجان ، ئابدۇكېرىم ئابباس دېگەن بىلەرمەن يىگىتلەر قالتىس ئوخشايدۇ . ھەممىنىڭ ئاغزىدا شۇلارنىڭ نامى . ئەخمەتجان بولمىسا ئېلىخان تۆرەم ئىش ئەپلەشتۈرەلمىگۈدەك تېخى . ئەخمەتجان مۇختەرباي بىلەن ئۇرۇمچى تۈرمىسىدە بىللە



www.uyghurkitap.com

ياتقان يىگىت شۇغۇ ، راست ، مۇختەربايمۇ ئۇنى پەيغەمبەر بىلىدۇ . ھەممە مىللەتنىڭ تىلىنى بىلگۈدەك ، سىياسەت ، بىلىم دېگەنگە تولۇقمىش ، ئەڭ قالتىس يېرى ئۇ بىر يېتىم ، تىنىمسىز ئىشلەپ چوڭ بولغان باتراقمىش . بۇنداقلار يۇرت سورىسا نامراتلارنىڭ ھالىغا يېتىدۇ : ئورۇشتا ئۆلۈۋاتقانمۇ ، شۇنچە جىق ئەسكەرنى ، ھۆكۈمەتنى بېقىۋاتقانمۇ بىچارە پۇقرالار . تاج كىيگەنلەر بىر پاي ئوق ئاتمىغان ، ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ چوڭ گەپ قىلىدىغان بايۋەچچە ، پۇلدارلار . مۇتائالى خەلپىتىم ھەق سۆز قىلىدىغان زات . ئۇ كىشى شۇنداق دېدىغۇ . نۇرى سوقۇش تۈگىسە نېمە قىلاركىن ؟ ئۇ «ئوقۇيمەن»دىن باشقا گەپ قىلمايدۇ . ئوقۇيمەن دېگىنى نېمىسى ئۇنىڭ ؟ ياق ، ئەمدى ئۇ ئابلا باينىڭ دېگىنىدەك قىلالمايدۇ . ئۇ ھۆكۈمەتتە چوڭ ئورۇندا ئولتۇرۇپ يۇرت سورىشى كېرەك . ئەسكەر باشلىقى بولسىمۇ مەيلى . مۇختەربايىنى مىڭبېگى قىلىمىز دېيىشكىنى دۇرۇس گەپ . ئۇمۇ جاھاننىڭ راھىتىنى كۆرسۇن ـ دە ! بەرا تېززەك قايتىپ كەلسە بولاتتى . بۇرۇنقى زىيەك باخشى ھازىر يوق . ئۇ كەلسە زىياۋۇدۇن يۈز قوي ، ئون كالا قىلاتتى . قاما قازاق ئۇنىڭ مالچىسى بولاتتى . ئىككى يىلدىلا مەھەللىنىڭ بېيىغا ئايلىناتتى . زىيەك باخشى زىياۋۇدۇن باي بولاتتى . ياخشى ئاتتىن بىرنى قىلىپ شەھەردىمۇ ، سەھرادىمۇ قورۇ ـ جاي قىلىپ ئات ئۈستىدە راھەت كۆرىدىغان ۋاقتىمۇ كەلدى . ھەي رەيھان ، كەنجى قىزىم ھازىرمۇ سېنىڭ نامىڭنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ . ئانا سۈتىگە قانمىغان بالا مومىلىرىدىن سېنىڭ نامىڭنى بىلىۋالغانىكەن . ھايات بولساڭ ، ئوغۇللىرىمىز قان تۆكۈپ قۇرغان ھۆكۈمەتنىڭ دۆلىتىنى بىللە كۆرەتتۇق ئەمەسمۇ ؟...

ئۇنىڭ بىردىنلا كۆڭلى بۇزۇلدى . رەيھاننىڭ قاپقارا كۆزلىرى ، ئاجايىپ لەۋلىرى بىلەن كۈلۈمسىرەشلىرى ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدا پەيدا بولدى ـ دە ، ۋۇجۇدىنى تىترەك باستى :

— رەيھان ، ھەي ئىسىت . ۋاقىتسىز توزىدىڭغۇ گۈلۈم !

www.uyghurkitap.com

بامدات نامىزىدا قۇربان ئىمام نېمىشقىدۇر يىغلاپ تۇرۇپ مۇختەربايىنىڭ سالامەتلىكىنى تىلەپ دۇئا قىلدى :

— چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ . مۇختەرباي ئۆز قولى بىلەن ھېيتگاھ جامائەسىنىڭ پەشتىقىغا چىقىپ ئىسلام بايرىقىنى قاداپتىمىش . تىلى ئاچچىق بولغىنى بىلەن ئۇ كىشىنىڭ كۆڭلى بىر دەريا ئىدى . قاشقالىق دەپ تىللاپ تۇرۇپ ، تاغ ئاتلاپ چىققان يېتىمەكلىنىڭ بېشىنى سىلايتتى . قولى ئوچۇق ، يۈرىكى تازا ئادەم ئىدى . خۇدايىم ، ياراتقان ئىگەم ، شۇ كىشى بىلەن قايتا كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىلغايسەن !

مەھەللە ئىمامىنىڭ سۆزى جامائەتنىڭ كۆڭلىنى بۇزدى .

— مەھەللىنىڭ سەركىسى ئىدى ! — دېدى مېرا «قازى»مۇ يىغا ئارىلاش ، — مېنىڭمۇ ھەركۈنى چۈشۈمگە كىرىدۇ . ئاقسۇدا قاتتىق سوقۇش بولۇۋاتقۇدەك ، مۇختەربايىنى ياراتقان ئىگەم پاناھىدا ساقلىغاي !

— بىزنىڭ يېگىرمە توققۇز ئۆيلۈك مەھەللىدىنلا توققۇز ئادەم جەڭگە مېڭىپتۇ . ئىككىسى شېھىت بوپتۇ . بۇ سوقۇش بىزگە ئاسانغا چۈشمىدى جامائەت ، ئۆشرە - زاكاتنى جىق - جىق بېرەيلى !

مەھەللە خەلقى نېمىشقىدۇر بىردىنلا جانلاندى . ئالدى بەش - ئالتە خو ، ئاخىرى بىر - ئىككى خودىن ئۆشرە - زاكات مەلۇم قىلىنىشتى . بۇ يىللىقى ئۆشرە - زاكات ئالدىنقى سەپكە — ئەسكەرلەرگە ئەۋەتىلىدىغان بولدى .

ئۇرۇش ھەممىنى ئۆزگەرتتى ، زېمىنىنىمۇ ، ئادەملەرنىمۇ ، ئۇلارنىڭ روھىنىمۇ ئۆزگەرتىۋەتتى .

ئۇلار نېمىگە ئېرىشىدىغانلىقلىرى توغرىسىدا ئويلاپمۇ قويۇشمىدى .

ھەممىنىڭ ئۈمىدى كۈنچىقىشتا ، گويا قۇياشمۇ يېڭىلىنىدىغاندەك !

گېنېرال جۇ شاۋلياڭ بىلەن رەئىس ۋۇ جۇڭشىن بىرىنچى قېتىم بىر پىكىرگە كېلەلمىدى . شىخو بىلەن جىڭ مۇداپىئەسىنىڭ يىمىرىلىشى پۈتۈن گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنى تەمتىرىتىپ قويدى . ئۇلار بۇ ئىشنى ھەربىي ئىستراتېگىيىدىكى يارامسىزلىق دېيىشتى . لېكىن ، جۇ شاۋلياڭ ئۆلكە رەئىسىگە مەسئۇلىيەتنى ئىتتىرىپ :

— شىنجاڭغا شىڭ شىسەي دورىكەن . مەن بۇ باندىتلارنى ئىلىقىدا مىدىرلاشقا باشلىغاندا ، بىر دىۋىزىيە ئەسكەر ئەۋەتىپ تۇخۇمىنى قويماي قىرىۋېتىشنى ئوتتۇرىغا قويغان . ۋۇ جۇشى نەسىھەتچىلەر ئۆمىكىگە ئىشىنىپ كەتتى ! — دېدى ۋە تەنىسىدىن مەمنۇن بولۇپ سىمىز گەۋدىسىنى مىدىرلىتىپ قويدى .

— ياق ، بۇ ئىش نېمە قىلساقمۇ مۇشۇنداق بولاتتى زادى ، شىڭ دۇبەن خەلقنى قاقشىتىپ قىساس ئالمىسا بولمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان ! — دېدى ۋۇ جۇڭشىنمۇ قاتاڭغۇر گەۋدىسىنى مىدىرلىتىپ قويۇپ .

ئۈرۈمچى پاتىپاراقچىلىق ئىچىدە : خەنزۇ پۇقرالار ئىچكىرىگە قاچماقتا ، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە خادىملىرى ئىچىدىمۇ قېچىش دولقۇنى پەيدا بولدى ، سودىگەرلەر بانكىدىكى پۇللىرىنى يۆتكىمەكتە ، ئەسكەر باشلىقلىرىنىڭ سەپراسى ئۆرلىگەن ، ئەسكەرلەر پۇقراچە كىيىنىپ دوقمۇش - دوقمۇشتا قوراللىرىنى ساتماقتا ، بازارلاردا مال باھاسى كۈنسېرى ئۆرلەپ ، پۇقرالارنىڭ قىيىنچىلىقى كۆپەيدى . شەھەر ئاھالىسى ھەر كۈنى پوتەي ياساش ، ئاكوپ كولاش بىلەن ھېرىپ ھالىدىن كەتتى . يىمەك - ئىچمەك قىس ، شەھەر كوچىلىرى نە - نەلەردىن كېلىپ قالغان تىلەمچىلەر ، يانچۇقچى ، بۇلاڭچىلار بىلەن تولغان ، ساقچى ماشىنىلىرى ، ئاتلىق قوراللىق قوغدىغۇچىلار تولىمۇ ئالدىراش . قىسچىلىق ، ۋەھىمە ئۈرۈمچى پۇقرالىرىنى قىيىنماقتا ئىدى . كۆك

خىش تام ، قارا دەرۋازىلىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت (ھازىرقى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابى ) بىناسىنى قوغدايدىغان كۆك ماتادىن كىيىم كىيگەن ھەربىيلەر تېخىمۇ كۆپەيگەن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈندە تۈت ـ تۈت !

ئۈرۈمچىدە ياشىماق تولىمۇ كۆڭۈلسىز ، ھەتتا ئازابلىق . ۋۇ جۇڭشىن بۈگۈن ئەتىگەندىلا لىۋ زىرۇڭنى ئېلىپ ئامېرىكا كونسۇلخانىسىغا بېرىپ كەلدى . ئەنلىيائىدىكى تار كوچىغا جايلاشقان بىر قەۋەتلىك بىنادا ئۇ ئامېرىكا كونسۇلى باكستون ۋە مۇئاۋىنى ماكنان بىلەن شىنجاڭ ۋەزىيىتى توغرىسىدا سۆزلەشتى .

— ۋاقىتلىق ھادىسە ، كىچىك ئىش ! — دېدى ئۇ گومىنداڭ دىپلوماتلىرىغا خاس چوڭچىلىق بىلەن پۈتۈن قولىدىن كەتكەن شىمالىي شىنجاڭ ۋە كېتىش خەۋپى بار جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى قىسقىچە بايان قىلىپ بولۇپ ، — قورققۇچىلىكى يوق . ھازىر كومپارتىيىمۇ بىر مىليون ئىككى يۈز مىڭ ئەسكەر ، ئىككى مىليون ئالتە يۈز مىڭ خەلق ئەسكىرىگە تايىنىپ يېڭى جۇڭگو قۇرىمىز دەپ ۋارقىراۋاتامدۇ ؟ بىزنىڭ جياڭ ۋېييۈەنجاڭ ماۋ زېدۇڭنى كۆزگە ئىلمايدۇ . گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ ئۇلى چىڭ ، ئوڭايلىقچە تەۋرەتكىلى بولمايدۇ . سەككىز يىل ھۇجۇم قىلىپ ياپونلار ھېچنېمە قىلالمىدى ، ئاخىر ئۆزى يەر چىشلىدى . ئۈچ چوڭ مەسىلەك خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئالدى ، بۇ سۈن جۇڭشەننىڭ نامى بىلەن مەھكەم باغلانغان !

كۆپ دېيىلىپ كۈچى قالمىغان سۆزلەر ۋاقتى ئۆتكەن دورىغا ئوخشايدۇ . گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ، ئۇنىڭ سىياسىتى توغرىسىدا ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۆز قارىشى بار . يېقىندا ترومىن ھۆكۈمىتى جياڭ جيېشىنى يۆلەپ ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى يوقىتىش توغرىسىدا ئوچۇق يوليورۇقمۇ بەردى . مۇشۇ 9 ـ ئايدىن باشلاپ جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگراسىدىكى ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ 13 ـ ۋە 14 ـ قىسىملىرىنى ئىشقا سېلىپ ، گومىنداڭنىڭ خۇنەن ، گۇاڭشىلاردىكى ئارمىيىسىنى نەنجىڭ ، تيەنجىن ، بېيپىڭلارغا

توشۇشنى باشلىۋەتتى . ئالتە يۈز مىليون دوللارلىق خىراجەت بىلەن گـومـىـنـداڭـنـىـڭ بەش يۈز قىرىق مىڭ ئەسكىرىنى يۆتكەپ ، «تارىختىكى ئەڭ زور ھاۋا ، دېڭىز قاتنىشى» يارىتىپ ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن جۇڭگونى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى تارتىۋالماقچى بولدى . لېكىن ، نۇرغۇن ئامېرىكىلىق سىياسەتچىلەر بۇ يۆلەشنى ئەخمەقلىق دەپ قارىماقتا . ھەتتا ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودىكى باش ئەلچىسى ھېرلىمۇ جياڭ جيېشىنى يۆلەشكە قارشى . ئۇلار جياڭ جيېشى ئەسكەرلىرىنىڭ پىداكارلىق روھى تۆۋەن ، ھاكىمىيەت ، دۆلەت قارىشى ناچار ، چۈنكى بۇ ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك نامراتلارنىڭ بالىلىرى ، ئۇلار كومپارتىيىگە ھېسداشلىق قىلىدۇ . جـيـاڭ جـيـېشى ئۆز ئەسكەرلىرىگە ئالىي دۆلەت كۆزقارىشىنى سـىـڭـدۈرمـىـگـەن ، ئـۇلار يـاپـون ئەسـكەرلـىـرىـدەك ئۆز پادىشاھـىـنـىـڭ شان ـ شەرىپىنى جېنىدىن ئۈستۈن كـۆرىدىغان روھقا ئىگە ئەمەس دەپ قارىشىدۇ . شۇڭا ، ئىككى كونسۇل شىنجاڭ ھـۆكـۈمـەت رەئـىـسـىـنـىـڭ ئـۆزىگە ۋەكىللىك قىلالمايدىغان ، چـۈشـىـنىكسىز ئەۋەتىلگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى :

— بـىـراق ، بۇ يەردىكى توپىلاڭ غوجانىياز ھاجىنىڭ ياكى سابىت داموللىنىڭ توپىلاڭلىرىغا ئوخشاشمايدۇ . سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆز قولى بىلەن قىلىۋاتقان ئىش بۇ ، دۇنيادىكى ئەڭ كاتتا بىر دۆلەتنىڭ پىلانلىق ، مەقسەتلىك قىلىۋاتقان ئىشى بۇ . بۇ ئىشنى ۋاقىتلىق ھادىسە ، كىچىك ئىش دېسەك خاتالىشىپ قالىمىز .

مـۇئـاۋىـن كـونسۇل ماكىنان ئاخىر چىدىماي ئوچۇق گەپ قـىـلـىـۋەتـتـى . ۋۇ جـۇڭـشـىـن گـالستۇكىنى تۈزىگەن بولۇپ ئوڭايسىزلانغىنىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇندى .

ئۇ ئامېرىكا كونسۇلخانىسىدىن خاپا ، چۈشكۈن ھالدا قايتىپ چىقتى . ئۇ سوۋېت كونسۇلخانىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ، بۇك دەرەخلىك ئارىسىدىكى ئىككى قەۋەتلىك چىرايلىق ئۆيلەرگە قاراپ قويدى : «بۇلارغا يېڭىلىش كېرەكمۇ؟ ھازىر موسكۋادا ۋاڭ

شىجيې مولوتوف بىلەن سۆزلىشىۋاتىدۇ، جياڭ جىڭگومۇ مۇشۇ يەرگە كېلىپ ئەھۋالنى كۆرۈپ موسكۋاغا كەتتىغۇ، پايدىلىق سودا بولۇپمۇ قالار!» ئۇ ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بەردى.

ئۇ ئىشخانىسىدا يەنە ئۇزۇن كۆك تاۋار چاپان، پوسما كىيگەن هالدا پەيدا بولغاندا، كاتىپ ئالدىغا كىرىپ:

— گېنېرال جۇ شاۋلياڭ بىلەن گېنېرال گو جىچياۋ جانابلىرى كەلدى! — دەپ خەۋەر قىلدى.

ۋۇ جۇڭشىن ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ ئىشىككە ماڭدى.

ناسۋال رەڭ ھەربىيچە كىيىم كىيگەن، ھەربىي فورمىلىرىمۇ تولۇق گېنېراللار دىپلوماتلاردەك سالاپەت بىلەن كىرىپ كەلدى.

— قانداق! — دېدى جۇ شاۋلياڭ سائىتىگە قاراپ قويۇپ، — ئامېرىكىلىقلاردا قانداق يېڭىلىق بار؟

— ماۋ زېدۇڭ نەنجىڭ 3-نومۇرلۇق بىناغا كېلىپ جياڭ ۋېيۋەنجاڭنىڭ قوبۇل قىلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان يەردە، ئىلى باندىتلىرى بۇ كۆك خىشلىق بىناغا كەلمەي قويارمىدى. سىلەر نەنجىڭغا راست گەپنى مەلۇم قىلىڭلار، دەيدۇ ئۇلار.

— قايسى راست گەپنى، ئون ئىككى مىڭ ئەسكەر باندىتلارنىڭ تاياق-توقماق بىلەن قوراللانغان بەش-ئالتە مىڭ ئادىمىدىن يېڭىلدى. بىر فرونت قوماندانى گو چى دۈشمەنگە ئەسىر چۈشتى، شيې يىفېڭ جازاغا تارتىلدى، پۈتۈن شىمالىي شىنجاڭ قولدىن كەتتى دەيمىزما؟ بۇ مەغلۇبىيەت 8-ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانىغا تەئەللۇق دېگەن گەپنىمۇ قوشۇپ قويىمىزما؟

— لاۋ جۇ، چېچىلماڭ، بولغۇلۇق بولدى. مەغلۇبىيەت غەلىبىنىڭ ئانىسى. 1860-يىللىرى ئىلى جياڭجۈنى چاڭ چىڭمۇ ئالتايدىن باشقا ھەممە شىمالىي شىنجاڭنى تارتقۇزۇپ قويغان، ئاخىر تارتىۋالغانغۇ؟ سىز نۇرغۇن ئىش كۆرگەن، پىشقان قوماندان، يېتىلگەن سىياسەتچى. ئىتتىكى ئۆتمىگەن گۆشكە قاشىقى ئۆتۈپ قالىدۇ. گەپ پىچاقنى ئىشلىتىشتە. سىز بۇنى بىلىسىز!

— خاتا ئىشلەتكەننىڭ كاساپىتى مۇشۇ . ئۆز ۋاقتىدا نىلقىغا بىر دېۋىزىيە ئەسكەر ئەۋەتكەن بولساق ، پۈتۈن غۇلجىنى تۈپتۈز قىلىۋېتەتتۇق !

— خەلق رايى مۇھىم . شىڭ شىسەي خەلقنى ھۆكۈمەتتىن بىــزار قــىلىۋەتكەن ، گومىنداڭنىڭ ئۇلۇغ پارتىيە ئىكەنلىكىنى خەلققە بىلدۈرۈش مۇھىم ئىدى . جياڭ ۋېييۈەنجاڭنىڭ ئوبرازىنى قوغداش ئۈچۈن شۇنداق قىلدۇق ، يۇمشاق سىياسەت ، قاشاڭ پىچاق زۆرۈر بولۇپ قالغانىدى .

— مەن بۇ خەقنى مىللەت سۈپىتىدە يوقىتىش تەرەپدارى . بۇ خەق مۇشۇ زېمىندىلا بولىدىكەن ، توپىلاڭ تىنچىمايدۇ !

— يـاق ، يـاق . بـۇنـداق قـىلـساق گومىنداڭ پارتىيىسى گىتلېرنىڭ سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىگە ئوخشاپ قالامدۇ ؟

— شىنجاڭدا ئوخشاپ قالسىمۇ مەيلى . يەھۇدىيلارغا قاراتقان سىياسەت بۇلارغا دورا . شىڭ شىسەي قوماندان بولۇپ بارمىغان بـولـسـا ، غـوجـانىياز جىن شۇرېننى ئاكا دېگۈزەتتى . بۇ يەردە ئـاقىـدىغـىنـى كۆكزىنىڭ تەلىماتى ، رەھىمدىللىك ، ئىنساپ دېگەن نـەرسـىـلـەر ئەمەس ، نەق قانلىق قىلىچ . ئەخمەتجان دېگىنىنى تۈرمىدىلا يوقىتىدىغان گەپ ئىدى . ئوسمان دېگەننى ئۆز يېغىدا قـورۇغـىـلـى ، جـانـىمقان ، ئەلەن ، خادىۋاڭلارنىڭ قولى بىلەن جايلىغىلى ، ئىسھاقبېك ، ئابدۇكېرىم دېگەنلەرنىمۇ شۇنداق قىلغىلى بولاتتى . ھېلىھەم بولسىمۇ ما چىڭشياڭ ئاتلىق كورپۇسى بىلەن سـۇ رۇچـىـڭ دىـۋىـزىـيـىـسـىـنـى ئـامېرىكا قوراللىرى بىلەن قــورالــلانــدۇرۇپ ، نـەنـجـىـڭدىن ئامــېرىــكا بومباردىمان ئـايـروپـىـلانـىدىن يىگىرمىنى ، تانكا ، برونېۋىكلاردىن ئەللىكنى ئالدۇرۇپ ، ئوتتۇز مىڭ ئەسكەر بىلەن زامانىۋى قوراللارنى ئىشقا سېلىپ ، تۈيۈقسىز ھۇجۇم قىلىپ شىخو ، جىڭدىكى باندىتلارنى مۇشۇنچىلىك چېغىدىلا يوقىتىشنى تەكلىپ قىلىمەن ! بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا ئۆزۈم قوماندانلىق قىلىمەن !

— ياق ، ياق ، ئەمدى تەس ! — دېدى گېنېرال گو جىچياۋ

دەرھال سۆز قوشۇپ ، — مەركەزنىڭ زور ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشى بار . شىنجاڭدا ھازىرقى ۋەزىيەتنى ساقلاپ تۇرۇش مۇھىم . بۇ ياقتا ئەسكەر يۆتكەش ، قورال ياردەم قىلىش مۇمكىن ئەمەس . شىنجاڭدا يۈز مىڭدەك ئەسكىرىمىز بار . بۇمۇ چوڭ كۈچ !

— بۇ قانداق گەپ ، سەككىز مىليون ئەسكەر ، شۇنچە خىل قورال تۇرۇپ ، تۆت تال باندىتنى تازىلىيالماستىن ھەدىسىلا سۆھبەت ، كېلىشىم دەپ ۋارقىرىساق سەت ئەمەسمۇ !

— دۇنياۋى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپى شۇنداق . يالتا يىغىنىدا ، پوتسدام يىغىنىدا دۇنيا تىنچلىقى بارلىق دۆلەتلەرنىڭ 1 - نومۇرلۇق چوڭ ئىشى دەپ بېكىتىلگەن . شۇڭا ، جياڭ ۋېيىۋەنجاڭ ئىچكى ئۇرۇش دېگەننى ئېتىراپ قىلمايدۇ ئەمەسمۇ !

1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى جياڭ جيېشى ماۋ زېدۇڭ بىلەن كۆرۈشكەندە ، ماۋ زېدۇڭ :

— جياڭ ئەپەندىم ، بىز بۇ قېتىمقى كېلىشىم ئارقىلىق ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ھەقىقىي ئاخىرلىشىشى ، مەڭگۈلۈك تىنچلىقنىڭ ئىشقا ئېشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز ! — دېگەندە ، جياڭ جيېشىنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم يوقىلىپ ئۆز رەقىبى ئالدىدا بىزارلىقنى ئىپادىلەپ :

— جۇڭگودا ئىچكى ئۇرۇش يوق ! — دەۋەتكەنىدى . بۇ كىشى ئۆزىنىڭ بىر دۆلەت ، بىر مەسىلەك ، بىر داھىي نەزەرىيىسىنىڭ كۈچى بىلەن شۇ گەپنى دەۋەتتى . ئۇنىڭ نەزىرىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىر باندىت . لېكىن ، ماۋ زېدۇڭ بوش كەلمىدى . ئۇ ئورنىدىن دەس تۇردى ، جياڭ جيېشىغا سوغۇق نەزەر بىلەن قاراپ :

ۋىجدانلىق ھەرقانداق بىر جۇڭگولۇق «ئىچكى ئۇرۇش يوق» دېگەن سۆز بىلەن ئۆزىنى ، خەلقنى ئالدىمايدۇ . خەلق ئەخمەقمۇ ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قارىغۇمۇ ؟ ئۇلار بەزىلەرنىڭ ئىچكى ئۇرۇش قىلماقچى بولۇۋاتقىنىنى ، بۇ ئۇرۇش ئارقىلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ، خەلق قوراللىق

كۆچلىرىنى يوقاتماقچى بولۇۋاتقىنىنى كۆرمەيۋاتامدۇ؟ ئىچكى ئۇرۇش يوق دېيىش ئۇزۇل - كېسىل ئالدامچىلىق، پاكىتقا مۇتلەق ئۇيغۇن ئەمەس. بۇ گەپكە ئۇچ ياشلىق بالىمۇ ئىشەنمەيدۇ! — دېدى.

بۇ داڭلىق مۇنازىرە ھەممىنىڭ يادىدا. ئۇلار بىر - بىرگە قارىشىپ قويىدى:

— توغرا، گومىنداڭغا قارشى ھەرقانداق كۈچ باندىت، توپىلاڭچى. ھېچكىمدە بۇنداق ھۆكۈمەتكە قارشى ھوقۇق يوق!

— جياڭ ۋېيىۋەنجاڭ ئەڭ ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر!

— ماۋ زېدۇڭ بىر مىليون ئىككى يۈز مىڭ ئەسكىرى بىلەن توقسان يەردىكى يەرلىك ھۆكۈمەتكە تايىنىپ كۆرەڭلىدى: ئۇ سەككىز ماددىلىق پرىنسىپلىق پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئارمىيىسىنى قىرىق سەككىز دىۋىزىيە قىلىپ رەتلەپ، بېيجىڭدا مەمۇرىي ۋە سىياسىي كومىتېت قۇرۇش، بۇ ئارمىيىگە كومپارتىيە گېنېراللىرى قوماندانلىق قىلىش، بۇ قوماندانلار شەندۇڭ، جياڭسۇ، خېبېي، چاخار، رېخې، سۈيىۋەن قاتارلىق جايلاردىكى ھەربىيلەرگە قوماندانلىق قىلىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، جياڭ جيېشى ئاڭلاپ بولۇشقا ئارانلا تەخىر قىلىپ كۈلۈپ قويۇپ:

— ئون يىل كۆرۈشمەپتىمىز، سىز ماۋ ئەپەندىنىڭ ئىشتىھاسى بارغانسېرى يوغىناپ كەتكىنىنى ئويلىماپتىمەن! ئەپسۇس، مېنىڭ بۇ يېرىمدە ئۇنچە كۆپ نەرسە يوق. نەپسىڭىزنى قاندۇرالمايمەنمىكىن - ھە! — دېدى.

مۇشۇ يىل، مۇشۇ سېنتەبىرنىڭ 2 - كۈنى بولۇنغان بۇ سۆزلەرمۇ ئولتۇرغانلارغا يادا!

— كىچىك ئىش، قورققۇچىلىكى يوق دېگەن سۆزلەر ئەجەبا ئامېرىكىلىقلارنىڭ قۇلىقىغا ياقمايدۇغۇ؟

— ئۇ خەق توغما ئەستايىدىل. بۇ ئۇلارنىڭ سىياسىي قارىشى ئەمەس، مىجەزى!

www.uyghurkitap.com

29 ـ كورپۇسنىڭ قوماندانى لى تيېجون كىرىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئۇلار ئەھۋاللار توغرىسىدىكى مەسلىھەتكە رەسمىي كىرىشتى .

— باندىتلار ئايروپىلان ، زەمبىرەكلەرگە ئىگە . ئۇلارنىڭ ئۇرۇمچىگە ھۇجۇم قىلىشى تۇرغانلا گەپ . بىز ئۈرۈمچىدە پۇت تىرەپ تۇرالايمىزمۇ ؟ — جۇ شاۋلياڭ يېنىدىكى گو جىچياۋغا قاراپ قويدى ، — 46 ـ دىۋىزىيە تېز بولغاندىمۇ سەككىز ـ ئون كۈنلەردە يېتىپ كېلەلەيدۇ . ھازىر ئاشلىق ، ئوق ـ دورا كەمچىل . خەلق پاراكەندىچىلىكتە !

— ئاساسلىقى دىن ، مىللەت ، تۇرمە مەسىلىلىرى ، — دېدى ۋۇ جۇڭشىن قوشۇمچىلاپ ، — سىياسىي مەسىلىلەر !

— ياق ، زۆرۈرى ھەربىي كۈچ ! — دېدى جۇ شاۋلياڭ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ ، — مەركىزىي ھەربىي مەكتەپنىڭ ئۈچ يۈز سەكسەن نەپەر ئوقۇغۇچىسىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندىمۇ ، پەقەتلا ئالتە باتاليون ئەسكىرىي كۈچىمىز بار . ئوتتۇز مىڭدەك باندىت بىزدىن بىر يۈز قىرىق كىلومېتىر نېرىدا — ماناس دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىزنى نىشانغا ئېلىپ تۇرماقتا . شىڭ يىڭبىڭنىڭ چوڭ تۆھپىسى ماناس دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىگە ئوت قويىۋېتىش بولدى . ئەخمەق ـ كالۋا ! ماناس دەرياسىنى چاڭجياڭ ، خۇاڭخې دەپ قالغان ئوخشايدۇ ئۇ ئېشەك ! كېچىپ ئۆتەلمەمدىكەن ئۇ باندىتلار ؟ تەڭرىتاغدىن ئۆتۈپ ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىپ باي ناھىيىسى بىلەن كونىشەھەرنى ئىگىلەپ بولغان باندىتلار ماناس دەرياسىدىن ئۆتەلمەسمۇ ؟ ئەھۋال چاتاق . ھۇجۇم قىلىپ كەلسە ئۈرۈمچىدە ئىككى سائەت تىركىشەلەيمىزمۇ ، يوق ! بىزگە ھەربىي ياردەم كەلمىسە بولمايدۇ . ئامېرىكا ھەربىي ئايروپىلانلىرى جەنۇبتىن نەنجىڭغا ئەسكەر توشۇماي بىزگە توشۇسۇن ، ئەللىك ئايروپىلان ئۈچ كۈن ، كۈنىگە ئۈچ قېتىمدىن توشۇسىلا باندىتلارغا تېتىغۇدەك ئەسكەر يۆتكىلىدۇ . جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يوللىرىنى باندىتلار قامال قىلىپ بولدى . بايىنبۇلاق باندىتلىرى بىلەن كۈنەس باندىتلىرى

بىرلىشىپ بىزنىڭ نەچچە يۈزلىگەن ئەسكەرلىرىمىزنى يوقىتىپ ، قاراشەھەر ، توقسۇنلارغا تەھدىت سالماقتا . قەشقەر ، يەكەن ، قاغىلىق ، يېڭىسارلاردا تاشقورغاندىن چۈشكەن تاجىك ، قىرغىز باندىتلىرى ئارام بەرمەيۋاتىدۇ . ئېيتماققا يۈز مىڭدەك ئەسكەر . ئەمەلىيەتتە ساپ نان قېپىلار ! — گېنېرال جۇ شاۋلياڭ تىرىك قولغا چۈشكەن جىڭ مۇداپىئەسىنىڭ قوماندانى گو چىنى ، قېچىپ كەلگەن باش قوماندان شېي يىفېڭنى ، چۆچەكنىڭ قاچقۇن ۋالىيسىنى ، ئاقسۇنىڭ باندىتلارغا ئاق بايراق كۆتۈرۈپ چىقىپ تەسلىم بولغان ۋالىيسىنى ، يەنە ئالLىكىملەرنى بىر - بىردىن تىللاپ چىققاندىن كېيىن ، يېنىدىكى غەمكىن ئولتۇرغان ئۆلكە رەئىسىگە بۇرۇلۇپ قاراپ :

— ئار - نومۇسنى بىز ئىككىمىز ئۈستىمىزگە ئالىمىز . يىگىرمە مىڭدەك ئەسكىرىمىز ، يەنە بىرنەچچە مىڭ خەنزۇ پۇقرالىرىمىزدىن ئايرىلدۇق . دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىقى ياخشى ئىلى ، ئالتاي ، چۆچەك ، بىردىنبىر نېفىت كانىمىز مايتاغ قولدىن كەتتى . زىيان تولىمۇ چوڭ ، تولىمۇ چوڭ بولدى . بۇ زىيان بىزنىڭ يارامسىزلىقىمىزدىن ئەمەس ، بىخەستەلىكىمىز ، ئۆز كۈچىمىزگە ھەددىدىن زىيادە ئىشەنگەنلىكىمىزدىن بولدى ! — دېدى .

— تەجرىبە - ساۋاقلىرىمىز تولىمۇ ئاچچىق ، ھەممىسى شېڭ شىسەينىڭ زالىملىقى تۈپەيلىدىن ، خەلق نەپرىتىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن بولغان . خەلقتىن ئايرىلىپ قالغان ھۆكۈمەت تەنزىسى بىزگە قالغانىكەن ، ئوڭشاشقا ئۈلگۈرەلمىدۇق . ھازىر بولسىمۇ خەلققە ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ، قازاق مىللەتلىرىنىڭ بىزگە سادىق يۇقىرى قاتلاملىرىغا چۈشەندۈرۈشىمىز ، گومىنداڭ پارتىيىسى خەلقنى باي ، دۆلەتنى كۈچلۈك قىلىدىغان جۇڭگودىكى بىردىنبىر پارتىيە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشىمىز ، باندىتلارنى قولىدىكى قورالنى تاشلاپ ھۆكۈمەتكە ماسلاشسىلا ، قىلمىشلىرىنى سۈرۈشتۈرمەيدىغانلىقىمىزغا ئىشەندۈرۈشىنىڭ يوللىرىنى

تېپىشىمىز ، بۇنىڭ ئۈچۈن سوۋېت ھۆكۈمىتىگە دوستانىلىك بىلدۈرۈشىمىز زۆرۈر .

— يەنە شۇ يۇمشاق سىياسەت — سۇ بولۇۋېلىپ تاشنى يېشىش نەزەرىيىسىمۇ ؟

— مېنىڭچە ، بىز مەركەزدىن يۇقىرى دەرىجىلىك بىر رەھبەر تەلەپ قىلايلى . ئۇ كىشى مەركەزگە ۋاكالىتەن بۇ يەردىكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا تولۇق ھوقۇقلۇق بولسۇن . بولمىسا بىز قاتتىق سىياسەت بىلەن يۇمشاق سىياسەتنى تالىشىۋېرىدىغان ئوخشايمىز !

— راستىنى ئېيتساق ، بىز ھەربىي كۈچكە تايىنىپلا غەلىبە قىلالمايدىغان ئوخشايمىز ، — دېدى باتايىن خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان ئورۇق ، ئېگىز قوماندان لى تېيجۇن سۆز قىستۇرۇپ ، — مەنمۇ بۇ باندىتلارنى ھەربىي كۈچ بىلەن يوقىتىش ، شىنجاڭ تۇپرىقىنى بىر قېتىم قانغا بوياپ ، يەرلىك باندىتلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىمۇ مەڭگۈلۈككە باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىش ، ئۇلارنى بىزنى كۆرگەندە تىزلىنىپ باش قويىدىغان بولۇشى كېرەك دەپ ئويلايمەن . قورال كۆتۈرۈپ قارشى چىقىش تۈگۈل ، تىكىلىپ قارىيالمايدىغان بولۇشى كېرەك دەپ قارايمەن . ئاخىر شۇنداق بولىدۇ . بۇ بىر تارىخىي مۇقەررەرلىك ! لېكىن ھازىر بىز قىيىن ئەھۋالدا . شېڭ شىسەيمۇ 1933 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا ئۈستىلىق بىلەن غوجانىيازنى ئۆزىگە تارتىپ ، ما جۇڭيىڭنى يېتىم قالدۇرغانىدى . ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش ئەڭ ياخشى چارە . تاشقورغان باندىتلىرىنى باستۇرۇشتا بۇ ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈمى بولدىغۇ . ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرلارنى بىر - بىرىگە تىغ كۆتۈرىدىغان قىلىشقا ئاساسىمىز يوق ئەمەس . ئوسمان سوۋېتقا ناھايىتى ئۆچ . ئۇنى دەلىلقانغا قارشى تىغ كۆتۈرىدىغان قىلغىلى بولىدۇ . مەنمۇ شېڭ شىسەينىڭ ئۇسۇلىنى قوللىنىشنى توغرا ھېسابلايمەن : ھەم قورال ، ھەم دىپلوماتىيە ئۇسۇلىنى تەڭ قوللانغىنىمىز تۈزۈك !

— موسكۋادا ۋاڭ شىجيېمۇ نەتىجىگە ئېرىشىپتۇ . سوۋېت



www.uyghurkitap.com

ئىتتىپاقىمىز جىاڭ ۋېيىۋەنجاڭغا دوستانىلىك ئىپادىسىنى بىلدۈردى . مولوتوف ستالىنغا ۋاكالىتەن موسكۋا سۆھبىتىدە يېڭى چۈشىنىش ھاسىل قىلغىنىنى ئېيتتى !

ئۇلار چۈشتىن كېيىن باشلانغان مۇلاھىزىسىنى يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشتۇردى . بۇ چاغدا ئاقسۇ يېڭىشەھەر قورشاۋدا قالغان ، كونىشەھەردە يېڭى ھاكىمىيەت قۇرۇلغان . ئاقسۇ مۇداپىئەسىنىڭ قوماندانلىق شتابىدىن ھېلىدىن - ھېلىغا تېلېگرامما ، تېلېفون كېلىپ يولىيورۇق ، ياردەم تەلەپ قىلىشماقتا . گومىنداڭ ماناس دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى مۇداپىئە لىنىيىسىدە ماناس ناھىيە بازىرىنى ئاساس قىلىپ ، پۈتۈن كۈچى بىلەن خۇددى شىخودىكىدەك ئاكوپ پوتەي - بېلىنداز ياساپ ، ئايروپىلان ، تانكا ، ئېغىر پىلىموت ، زەمبىرەكلەرنى ئىشقا سېلىپ ، جىددىي ھالدا قاتتىق تىركىشىش تەييارلىقىنى قىلماقتا ئىدى . سانجى - ئۈرۈمچى لىنىيىلىرىدە كېچە - كۈندۈز مۇداپىئە تەييارلىقى بولۇۋاتماقتا ئىدى . گومىنداڭ ساقچى ئىدارىسى ئۈرۈمچىدىكى گۇمانلىق ئادەم ۋە كۈچلەرنى تىنىمسىز ئاختۇرۇپ تېپىپ ، ئۆي بېسىپ ئادەم تۇتۇش دولقۇنى قوزغىغانىدى . ئېھتىماللىق ئۇچۇن چېكىنىشنىڭ تەييارلىقمۇ جىددىي كېتىۋاتماقتا ئىدى . مەخسۇس ھۆكۈمەت ئىدارىلىرى ۋە مۇھىم ئاپپاراتلارنى يۆتكەش ئىشىغا قوماندانلىق قىلىش شتابى قۇرۇلغان . نەچچە يۈز ماشىنا ، تۆگە ، ھەتتا ئېشەكچىلەر كارۋانلىرى قوراللىق ساقچىلارنىڭ مۇھاپىزىتىدە نېمىلىكىنى ئۆزلىرى بىلمەيدىغان يەشىك - ساندۇقلارنى قۇمۇلغا توشۇماقتا . كوچىلاردا نە كۆكتات ساتىدىغان ، نە مىلىچمال ساتىدىغان ئادەملەر يوق . خەنزۇ پۇقرالار بىلەن ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت پۇقرالىرى دوقۇرۇشۇپ قالسا ھومىيىشىپ ، ھەتتا بىر - بىرىگە تۈكۈرۈشۈپ ئۆتىدىغان ، ئاشكارا تىللىشىدىغان ، ئۇرۇشىدىغان بولۇپ قېلىشقان . ئۈرۈمچىنىڭ مەركىزىي كوچىلىرىدا ئەسكەرلەر مىلتىقلىرىنى ساتماق بولۇپ يايما يېيىپ ئولتۇرۇشاتتى ، بايلار

جايلىرىنى سېتىپ پۇل غەملەشنىڭ كويىغا چۈشكەن. پۈتۈن شىنجاڭدا بولۇۋاتقان گومىنداڭغا قارشى ئىنقىلاب بورىنى بۇ ئۆلكە مەركىزىدە ئىپادە تاپماسلىقى مۇمكىنمۇ؟

قوماندانلىق شتابىنىڭ قورۇسىغىمۇ بىر ئايروپىلان تەييارلانغان، ئايرودرومدىمۇ بىرنەچچە ئايروپىلان ھەرقاچان ئۇچۇشقا تەييار تۇراتتى.

— ليۇ زېرۇڭنى سوۋېت كونسۇلى يېۋسېيېفقا كىرگۈزۈپ بىزنىڭ پىكرىمىزنى يەتكۈزەيلى!

— مەن ئۈرۈمچىدىكى دىنىي زاتلار، يۇقىرى تەبىقىلەر، چوڭ زىيالىيلارنى يىغىپ زىياپەت بېرىپ، ھۆكۈمىتىمىزنىڭ شىنجاڭ خەلقىگە قىلىدىغان غەمخورلۇقلىرىنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندۈرەي!

— يەنە شۇ دىپلوماتىيە، چۈشەندۈرۈشمۇ؟ — دېدى گېنېرال جۇ شاۋلياڭ رەللە بولۇپ، — زادىلا ئۈنۈمى يوق ئىش بۇ. ئۇنىڭغا خەجلىگەن پۇلنى ماناس بويىدىكى خەن يۇۋېنىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىگە خەجلەيلى. خۇيزۇ، دۇڭشياڭ يىگىتلىرى قالتىس جەڭگىۋار! ما چېڭشياڭ كورپۇسىدىن يەنە بىرى بولسىدى، خۇيزۇلارنى ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشقا سالساق ئۈنۈمى چوڭ بولاتتى.

— ئۇيغۇرلاردىنمۇ بىزگە سادىق ئادەملەر كۆپ چىقتى. تاشقورغان باندىتلىرىنى ئالداپ يوقىتىشتا جاپپار چوڭ، كامىلجان، روزى خەلپەت، ھامىدۇنبەگ، بارات بەگلەر چوڭ خىزمەت كۆرسەتتى. قەشقەر ئوپالدا ئەمەتبەگ ئۆزلۈكىدىن قوشۇن تەشكىللەپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۈچۈن جەڭ قىلىپ باندىتلارنى يوقاتتى. بىر كورپۇس ما چېڭشياڭ ئەسكىرىدىن بەزىدە سوپىبەگ، سىيىت ئەخمەت غوجا، پاساربەگ، نۇربەگدەك ئۇيغۇر ۋەتەنپەرۋەرلىرىنىڭ رولى چوڭ بولىدۇ. بۇنداقلار ھازىر ئۈرۈمچىدىمۇ بار. بىزگە سادىق مۇشۇنداق بەگلەردىن يۈزى، ھەتتا مىڭى بولسىدى، باندىتلارنى ماناس بويىدىن تېزلا چېكىندۈرگەن بولاتتۇق. مېنىڭ زىياپەتلىرىم مانا مۇشۇنداق بىز ئۈچۈن جان تىكىدىغان پىدائىيلارنى يېتىشتۈرىدىغان بىر مەكتەپ!

— ها ـ ها ـ ها ... يەنە شۇ سۇ بىلەن تاشقا ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلى . ھازىر كومپارتىيىمۇ بۇ ئۇسۇلدىن پايدىلىنىۋاتىدۇ .

گېنېرال جۇ شاۋلياڭ سىمىز گەۋدىسىنى لىغىرلىتىپ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ ، قىسقا بۇرۇتلىرى تىترىگۈچە كۈلدى . باشلىقىغا ئەگىشىپ كۆزەينەكلىك قېشى قويۇق گو جىچياۋمۇ ، ئورۇق ، بوينى ئۇزۇن لى تيېجۇنمۇ ۋە باشقىلارمۇ قاقاقلىشىپ كۈلۈشتى .

— رەئىسنىڭ زىياپەت ئۇچۇنلا خەجلىنىدىغان مەخسۇس پۇلى بار !

— ھا ـ ها ـ ها !...

— جايىدا خەجلەنگەن پۇل بەزىدە زەمبىرەك ، مىناميوتلاردەك رول ئوينىيالايدۇ !

شۇنداق ، ئادەملەر ۋەھىمە ، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدىمۇ كۈلەلەيدۇ ، خۇددى تويدا يىغلىيالايدىغان قىزلاردەك !

شىنجاڭ رەھبەرلىرى بىر كۈنلۈك ھارغىنلىقنى زىياپەت بىلەن چىقىرىۋالدى . ئۇلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تاماقلىرىنى يەپ ، رومكا ئۇرۇشتۇرۇپ بولۇشقا ئىچىشتى . لېكىن ، بىرمۇ ئادەم «غەلىبە ئۇچۇن ئىچەيلى» دېگەن سۆزنى قىلمىدى . مەغلۇبىيەتنىڭ ئاساسىي جاۋابكارلىرى ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن ئارىلىرىدىكى پەردىشەپ ، سۇنئىي ھۆرمەت ، خۇشامەت دېگەنلەرنى چۆرۈۋەتتى . ھەممىدىن بۇرۇن لى تيېجۇن مەست بولۇپ قالدى . ئۇ جوزىنى مۇشتلاپ يىغلاپ تۇرۇپ :

— بىز گىتلېرنىڭ گېنېراللىرىغا ئوخشايمىز ، مەن تىرىك قولغا چۈشمەيمەن ، يامىنىغا كەلسە «پاڭ !» ، — دەپ تاپانچىسىنى ئۆز پېشانىسىگە تەڭلىۋىدى ، جۇ شاۋلياڭ ئۇنىڭغا قاتتىق ۋارقىراپ :

— ياق ، بىز مەغلۇپ بولمىدۇق ، بىز كومپارتىيىنىمۇ ، بۇ باندىتلارنىمۇ تەلتۆكۈس يوقىتالايمىز . تەڭدىشى يوق ، ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىنگو بىزنىڭ قولىمىزدا يارىتىلىدۇ . سەن توخۇ يۈرەك

مەغلۇبىيەتنى تەن ئالغان بولساڭ ھازىرلا ئۆل! — دېدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇۋېلىپ ۋارقىراپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ شىجائەتلىكى ئەڭ چوڭ ھۆكۈمران ئىكەنلىكىنى كۆز - كۆز قىلغاندەك:

— مەن بۇيرۇق بېرىمەن، ئورۇمچىدىن قاچىدىغانلار كىم بولسا بولسۇن، ئېتىلىدۇ، مەغلۇپ بولدۇق دېگەن سۆز كىمنىڭ ئېغىزىدىن چىقسا شۇ جازالىنىدۇ. كىمدەكىم باندىتلارنىڭ بىر ئېغىز ياخشى گېپىنى قىلسا ھەربىي سوتقا تارتىلىدۇ! مانا بۇ ھەربىي بۇيرۇق! — دېدى.

— گېنېرال، لېكىن، لېكىن!...

— كومپارتىيە جۇڭگو زېمىنىدا توقسان يەردە سوۋېت ھۆكۈمىتى قۇردى. ئۇلار باندىتلارنىڭ ھۆكۈمىتى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ يۈزىگە چۈشكەن داغ. موسكۋادىكى سۆھبەت بولسۇن، نەنجىڭدىكى سۆھبەت بولسۇن، ھەممىسى شۇ توقسان رايوندىكى قىزىل ھۆكۈمەتنى يوقىتىش. ئۇنى پەيدا قىلغان كومپارتىينى، ئۇنىڭ بىر مىليون ئىككى يۈز مىڭ ئەسكىرىنى، ئىككى مىليون ئالتە يۈز مىڭ خەلق ئەسكىرى دەۋالغان قاراقچىسىنى قوشۇپ يوقىتىش، تەلتۆكۈس، پاك - پاكىز يوقىتىش! بىلدىڭلارمۇ، يېڭىش ئەمەس، يوقىتىش! بۇ يەردە 91 - قىزىل رايون — باندىتلارنىڭ ماكانى پەيدا بولدى. بۇلارنىمۇ ئوتتۇز مىڭ قوراللىق ئەسكىرى بىلەن پاك - پاكىز، ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز!

— لېكىن، لېكىن! — دېدى ۋۇ جۇڭشىن ئاخىر چىدىيالماي، — جۇڭخۇا مىنگودا بىر دۆلەت، بىر پارتىيە، بىر داھىي بولۇش كېرەك، بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا قان تۆكۈش، قىرغىن قىلىشقا بولمايدۇ. يۈز مىليون ئاھالىسى كومپارتىيىنىڭ ھېلىقى رايونلىرىدا ياشايدۇ، ئۇلارغا خاتىرجەم تۇرمۇش، بەخت - سائادەت كېرەك. پەقەت گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ ئۇلۇغ، ئادىل پارتىيە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىقلا، بىز دۆلەت ئاتىسىنىڭ ئۆز قولى بىلەن تىكلىگەن بايرىقىنى ھەممە يەردە جەۋلان

قىلدۇرالايمىز !

— ياق ، ياق ! — دېدى جۇ شاۋلياڭ قولىدىكى ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن رومكىدىكى ھاراقنى ئىچىۋەتكەچ ، ئاق يىپەك كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى ئېچىۋېتىپ ، — 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى كومپارتىيە ئون بىر ماددىلىق سۆھبەت لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا ، 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى جۇڭشەن غەربىي يول 101 - نومۇرلۇق قورۇدا بىزنىڭ شاۋلىزى نېمە دېدى ، ئېسىڭىزدىن چىققان بولسا مەن دەپ بېرەي : ئۇ لايىھىنىڭ توققۇزىنچى ، ئونىنچى ماددىلىرى بىزنى قىينايدۇ ! دېدى . توققۇزىنچى ، ئونىنچى ماددىلىرى نېمە؟ مەن دەپ بېرەي : سىياسەتنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش ، ئارمىيىنى دۆلەتلەشتۈرۈش ، سىياسەت بىلەن ئارمىيە مەسىلىسى . مېغىزى ئارمىيە . بىزنىڭ مەقسىتىمىز كومپارتىيە ئارمىيىسىنى قورالسىزلاندۇرۇش ، ھېچبولمىغاندا ئاجىزلاشتۇرۇش . كومپارتىيىنىڭ بىزگە نىسبەتەن تۇتقان سىياسىتىمۇ شۇ . 48 - دېۋىزىيىنى دۆلەت ئارمىيىسى قىلىپ قوراللىق باندىتلىرىنى ساقلاپ قېلىش . دېموكراتىيە دېگەن نەرسە بىلەن گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا كومپارتىيىنى دەسسىتىش ، جياڭ ۋېيىۋەنجاڭ ئۇلارنىڭ ئون بىر ماددىلىق لايىھىسىدىكى ھىيلىسىنى بىر كۆرۈپلا بىلىۋالدى . ھەممە گەپ ئارمىيىدە . ئارمىيە بولمىسا دۆلەت بولمايدۇ . دۇنيادا ئىككى خىللا دۆلەت بار . بىرى ، ھۆكۈمىتى خەلقتىن قورقىدىغان دۆلەتلەر . بۇ دۆلەتلەر ھەربىي كۈچى ئاجىز دۆلەتلەر . يەنە بىر خىلى ، خەلقى ھۆكۈمەتتىن قورقىدىغان دۆلەتلەر ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي كۈچى كۈچلۈك ، ھەربىي كۈچ بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان دۆلەتلەر . دۇنيادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق . سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ شۇ . ئۇنداق بولمىسا ستالىن نېمىشقا گېنېراللىسىمۇس بولۇۋالدى ، نېمىشقا سىياسىي تاج كىيمەي ھەربىي تاج كىيدى ؟ قالغان ھەممىسى بىكار . شىنجاڭدا بىز خەلقنى جىر سىيدۇرەلەيدىغان ئەسكىرىي كۈچكە ئىگە بولمىساق ھەممىسى

بىكار !

— لېكىن ، لېكىن ... شىنجاڭنىڭ تارىخى ، رېئال ئەھۋالى مۇرەككەپ ، چېگرا جاي . مىللەت كۆپ ، ئېتىقاد كۆپ ، خەلقى قالاق !

— ئانداق بولسا نېمە بوپتۇ ؟ ئىندىئانلاردىنمۇ قالاقمۇ ؟ يېرىم ياۋايى بولسىمۇ ئۇنىڭغا مىلتىق بىلەن تىزلىنىشنى ئۆگەتكىلى بولىدۇ ! ۋەھالەنكى ، بىز زىياپەت بېرىپ خەلقنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ مۇشت ئېتىشنىلا ئۆگىتىمىز خالاس !

چالا مەست گېنېرالنىڭ ئاخىرقى گېپى ئۆلكە رەئىسىنىڭ غۇرۇرىغا تەگدى . ئۇ ياغلىقى بىلەن قىزارغان ، كىرپىكسىز كۆزلىرىنى ۋە قوش بۇرۇن يۈزىنىڭ تۆۋەن تەرىپىنى سۈرتتى - دە ، خىرىلدىغان ئاۋاز بىلەن تېرىككەندەك قىلىپ :

— ناتايىن ، ناتايىن ، خەلقتىن ئايرىلىپ قالغان ھەربىي ھاكىمىيەتنىڭ ئۆمرىمۇ ئۇزۇن بولمايدۇ . بۇمۇ بىر پاكىت ، ئاقسۇغا بىر يۈز سەكسەن باندىت تاغ ئېشىپ چۈشۈۋىدى ، بىزنىڭ ئۈچ دىۋىزىيە ئەسكىرىمىز ھېچنېمە قىلالمىدى . ماتا ھازىر يېڭىشەھەرنىڭ سېپىلى ئىچىگە قامىلىپ ياتىدۇ . باندىتلار بىر يۈز سەكسەندىن كۆپىيىپ بەش - ئالتە مىڭغا يەتتى . خەلق رايىنىڭ كۈچى بۇ . گېنېرال ، سىز بىلەن تالاشقۇم يوق . بىزگە ھازىر لازىمى تالاش - تارتىش ئەمەس ، ئۈرۈمچىنى ساقلاپ قېلىش ، جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىدا قىزىل ھاكىمىيەت پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ، نىيىتىمىز ئوخشاش . كىمنىڭ توغرا ، كىمنىڭ خاتا دېگەن مەسىلىگە جاڭ جىجۇڭ بۇجاڭ كەلگەندە بىر نېمە دېسۇن ، شىنجاڭ قولدىن كەتمىسۇن ، بۇ ھەممىمىزنىڭ ئارزۇسى !

— سوۋېتقا يېلىنىشقا مېنىڭ ھەربىيلەرگە خاس غۇرۇرۇم يول قويمايدۇ . يالتا يىغىنىنىڭ قارارىغا بويسۇنۇپ ، دالىيەن پورتىنى خەلقئارا پورت قىلىش ، لۈشۈنكۈنى سوۋېت دېڭىز ئارمىيە بازىسى قىلىش ، مانجۇرىيە تۆمۈريولىنى سوۋېت - جۇڭگو بىرلىكتە

باشقۇرۇش، تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىش دېگەن تۆت ماددىلىق تەلەپمۇ ئادەمنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدۇ. ھەي قىز، رومكىغا تولدۇرۇپ ھاراق قۇي، مەن قايناپ قالىدىغان ئوخشايمەن. بۇ تەلەپلەرگە جياڭ ۋېيىۋەنجاڭ ئامالسىز ماقۇل دېدى، شىنجاڭدا رۇسلارغا تېتىغۇدەك كۈچلۈك ھەربىي بازا قۇرۇپ، سوۋېتقا قاتتىق زەربە بېرىپ، ئار - نومۇسنى يۇيۇش كېرەك. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى، پرېزىدېنت ترومېن بىزنى مانا شۇنىڭ ئۈچۈن قوللاۋاتىدۇ. رومكىلارنى ئېلىڭلار، شەرقتە پەيدا بولغان ئەڭ چوڭ، ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەت جۇڭخۇا مىنگونىڭ پۈتۈن دۇنياغا نۇر چېچىشى ئۈچۈن قەدەھ كۆتۈرەيلى!

— ياشىسۇن جۇڭخۇا مىنگو!

— ياشىسۇن گومىنداڭ پارتىيىسى!

— ياشىسۇن جياڭ ۋېيىۋەنجاڭ، ياشىسۇن، تۈمەن مىڭ يىللار ياشىسۇن!

قەدەھلەر جاراڭلىدى. قىرغاۋۇل، كەكلىك گۆشلىرى چوكىلاردىن يوغان ئېچىلغان ئېغىزلارغا كىردى. بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا غالىبلار ھېسابلاندى. ئۇلار ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي جۇڭخۇا مىللىتى — دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ ئەقىللىق، ئەڭ ئەمگەكچان، ئەڭ قەھرىمان مىللەت دەپ مەدھىيىلەشتى، بۇ مىللەتنىڭ يۈزىگە سۈركەلگەن قارا — كومپارتىيە، ئىلى باندىتلىرىنى لەنەت ياغدۇرۇپ، ئەڭ يامان، ئەڭ يىرگىنچلىك تىللار بىلەن تىللاشتى. يەر يۈزىدە بىر دۆلەت، بىر مەسلەك، بىر داھىي نۇر چاچىدىغان بىر ئۇلۇغ دۆلەتنى ئۆز قوللىرى بىلەن پەيدا قىلىش ئۈچۈن، ئاخىرقى بىر تامچە قېنى قالغۇچە كۈرەش قىلىشقا قەسەم ئىچىشتى. ھاراق ئىچىش بىلەن قەسەم ئىچىش يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشتى. جاراڭلىق ئاۋازلار غاراڭ - غۇرۇڭلاشتى، نۇرلۇق كۆزلەر قىزىرىپ يۇمۇلدى، لېكىن ئېغىزلار توختىمىدى. گەپ، تىللاش، ۋارقىراشتىن توختىسا يېيىش، ئىچىش، تامشىش بىلەن بولدى. ئېغىز قەھرىمانلىقنى ئىپادە تاپتى، ئېغىز

ئەمگەكنىڭ كارامىتى ئىسپاتلاندى، ئېغىزنىڭ مۇھىملىقى مۇقىملاشتى، ھەتتا بەزىلەر مەست بولۇپ يېتىپ قالدى. لېكىن ئۇنىڭ ئېغىزى توختىمىدى...

— ھەربىر ئەسكەرنىڭ بويىنىغا ياپونغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن قايتا بېسىلغان «باندىت تازىلاش قوللانمىسى»نى ئېسىپ قويۇش كېرەك، باندىت ئۆلمىسە ئەسكەرگە ئۇيات! » دېگەن سۆزلەر قانداق جاراڭلىق! — دېدى لى تيېجۇن گېنېرال تەستە ۋارقىراپ، — ھەرقانداق ئەسكەر بۇ قەسەمنى بويىنىغا ئېسىۋېلىشى كېرەك، گۇ چىننى كۆيدۈرۈش كېرەك، شىي يىفېڭنى ئىتقا تالىتىپ ئۆلتۈرۈش كېرەك! «باندىت تازىلاش قوللانمىسى» شىنجاڭدا ئەسكەرلەرنىڭ قېنىغا سىڭىپ روھىغا ئايلانمىدى، ھەي ئىسىت، شۇنىڭ ئۈچۈن باندىتلارنىڭ قولىغا نەچچە مىڭ ئەسكىرىمىز ئەسىر چۈشتى!

— توغرا، توغرا. «باندىت تازىلاش قوللانمىسى»نى ئەسكەرلەرگە يادلىتىش، قېنىغا سىڭدۈرۈش، روھىغا ئايلاندۇرۇش ... قالتىس گەپ! — گېنېرال جۇ شاۋلياڭ سەنتۇرۇلۇپ مېڭىپ، گېنېرال گو جىچياۋنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ ۋارقىرىغىنىچە، «باندىت تازىلاش قوللانمىسى»نى دېكلاماتسىيە قىلىشقا باشلىدى.

بەنجاڭ چېكىنسە چېرىكى بىلەن
ئۆلتۈرگۈلۈك بەنجاڭنى.
بەنجاڭ چېكىنمەي چېكىنسە چېرىك،
ناۋادا بەنجاڭ قالمىسا تىرىك.
قىرىپ تاشلاپ پۈتۈن بەننى،
كۆتۈرگۈلۈك بەنجاڭنى!
ھەربىر چېرىك بىلگۈلۈك،
باندىت تازىلاش قانۇنىنى،
پىچاق قىلىپ بېشىغا،

ئارقان قىلىپ بىلىگە ،
مەھكەم باغلىۋالغۇلۇق ،
قاتتىق يادلىۋالغۇلۇق !...

گېنېرالغا قوشۇلۇپ ھەممىسى ۋارقىراپ ئوقۇشقا باشلىدى . بىرلا ۋۇ جۇشىن چوڭقۇر خىيال بىلەن تامغا يۆلەكلىك ئىگىز يۆلەنچۇكلۇك كرېسلوغا تاشلىنىپ ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئوندىمەي ئولتۇرماقتا ئىدى .

— بۇيرۇق ! — دەپ ۋارقىرىدى جۇ شاۋلياڭ قىزارغان كۆزلىرى بىلەن ئۆرۈتۆپە بولۇشقان ھەربىي باشلىقلىرىغا ۋارقىراپ ، — ئەتىدىن باشلاپ «باندىت تازىلاش قوللانمىسى» ھەربىر جەڭچىنىڭ قولىدا بىردىن بولۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلسۇن ! ۋۇ جۇشى ، پۇتۇن باسمىخانىلارغا بۇيرۇق بېرىڭ ، دەرھال باسسۇن !

— لېكىن ، لېكىن !...

— ياق ، بۇ ئىشقا لېكىن ئىشلەتمەيدۇ . جياڭ ۋېيىۋەنجاڭ ئۆزى قول سېلىپ ئىجاد قىلغان ئىش بۇ !

— شۇنداق ، شۇنداق ، قەتئىي ئىجرا قىلىش كېرەك !

نۇرغۇن بۇيرۇق ، نۇرغۇن قەسەم ، نۇرغۇن ۋەدە تەكرارلاندى . گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى نەچچە مىڭ يىللىق خانلار دەۋرلىرىدىن مىراس بولۇپ قالغان چوقۇنۇش ھەممىدىن مۇقەددەس دەيدىغان ، روھىغا سىڭىپ كەتكەن ئادىتى بويىچە ۋۇ جۇشى بىلەن جۇ جياڭجۇننى سېلىشتۇرۇپ ، جۇ جياڭجۇننىڭ ئۈستۈنلۈكىنى مەدھىيىلەش دولقۇنىنى پەيدا قىلىشتى . گەرچە جياڭ جيېشىغا يېقىنلىق ، ئىخلاسمەنلىكتە ۋۇ جۇشى جۇ جياڭجۇندىن ئۈستۈن بولسىمۇ ، ھەربىيلەر ئەمەلىي ھوقۇقتا ئىنتىلگۈچىلەر بولغاچقا ، گېنېرال ئۇلار ئۈچۈن مۇقەددەس ئادەم ھېسابلىناتتى :

— جۇ جياڭجۇننىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئەتىلا ئەمەلىيلەشتۈرىمىز !

— گېنېرالنىڭ بۇ سۆزى چوڭقۇر مەنىلىك ، ھەم رېئال ، ھەم

www.uyghurkitap.com

كەلگۈسى مەنپەئەت يەكۈنلەنگەن قانۇن خاراكتېرلىك گەپ بولدى !

— مەن بۈگۈن ئالىي مەكتەپتە دەرس ئاڭلىغاندەك بولۇپ قالدىم !

— يەنە بىر دېسىڭىزكەن گېنېرال ، مەن يېزىۋالاي !

— مەن مېڭەمگە قۇيۇۋالدىم . پاھ ، پاھ ، كارامەت گەپ بولدى !

— ما چىڭشياڭمۇ يەن شىسەن ، خۇ زۇڭنەندەك بىر باندىت ، يەن شىسەن سەنشىگە يەرلىك خاقان بولۇش كويىدا . جياڭ ژېيىۇەنجاڭ ئۇنىڭ يامان نىيىتىنى بىلىدۇ ، لېكىن هارام نىيىتىدىن هاراملارنى تازىلاشتا پايدىلانماقچى ! يەن شىسەننىڭ قولى بىلەن لىيۇ بوچېڭ ، دېڭ شياۋپىڭ ئەسكەرلىرىنى قىرماقچى . ما چىڭشياڭمۇ شىڭ شېسەيدەك شىنجاڭغا خاقان بولۇشنى ئويلىمامدا ؟ ئويلايدۇ ، بىزگە شۇنىسى كېرەك . پادىشاھ بولۇش ئۈچۈن ئاۋۋال ئىلى ، چۆچەك ، ئالتاينى ئىگىلىشى كېرەك . باندىتنىڭ يېغىدا باندىتنىڭ گۆشىنى قورۇسا ، ها - ها - ها ...

— ها - ها - ها ... جۇ جياڭجۇن جوگې لياڭنىڭ نەق ئۆزى !

— خې يىڭچىننىڭ ئورنىغا دۆلەت قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىگە قوماندان قىلىش كېرەك !

— باش قوماندان قىلىش كېرەك !

— باندىتلار تازىلىنىپ بولسا چوقۇم !

— قۇي ، مەن جۇ شاۋلياڭ جياڭجۇننىڭ يۈز ياشقا كىرىشى ئۈچۈن ئىچىمەن !

— مەنمۇ ئىچىمەن !

— كۆتۈرەيلى ئەمىسە !

ۋۇ جۇڭشىن جۇشنى بىرمۇ ئادەم تىلغا ئالمىدى . گويا ئۇ بۇ سورۇندا يوقتەك ، گويا ئۇ مەنسىپىدىن قالغاندەك ، گويا ئۇ ئىچكىرىگە يۆتكىلىپ كەتكەندەك ، گويا ياكى شىنجاڭدىكى مەغلۇبىيەتنىڭ جاۋابكارلىقى سەۋەبىدىن «چېكىنگەن بەنجاڭ» ئېتىلىپ كەتكەندەك !...

ئۇ ئۆزى يالغۇ ئوغرىلىقچە بىر رومكا ئىچىۋەتتى .
ئـۇنـىڭ ئازابلىنىۋاتقىنىنى جۇ شاۋلياڭ بىلىپ قالدى . ئۇ رەئىسنىڭ ئالدىغا خۇددى تەسەللى بەرمەكچى بولغاندەك ئىرغاڭلاپ كۇلۇپ كەلدى ـ دە :
— قېرىنداش ، قانداق ، ئىلھام كېلىۋاتامدۇ ، شېئىر يېزىڭغا ! — دېدى .
— ماۋ زېدۇڭنىڭ ھېلىقى لىيۇ يازىغا يېزىپ بەرگەن خانلارنى مەدھىيىلەيدىغان شېئىرىنىڭ ئىسمى !...
— چـىـنـيۇەنـچـۈن ، قـار ! — دېـدى ۋۇ جـۇڭـشـىن كـۇلـۇپ قويۇپ ، — ئۇنى چۇڭچىڭنىڭ «شىنمىن ۋەنباۋ» دېگەن بىر گېزىتىدە ئېلان قىلغىنىنى قىزىق ! جياڭ ۋېيىيۈەنجاڭ كاتىپى چېن بۇلېيگە بۇ شېئىرنى بىتچىت قىلىدىغان بىرنېمە ياز دەپ تاپـشـۇرغـانـىكەن ، قاملاشتۇرالماپتۇ ! ئەكسىچە ماۋ زېدۇڭنىڭ شېئىرىنى تەشۋىق قىلىدىغان بىرنېمە بولۇپ قاپتۇ ئۇنىڭ يازغىنى !
— ھا ـ ھا ... سىزگە تاپشۇرۇش كېرەك ئىدى بۇ ئىشنى ، ۋۇ جۇشى !
— ياق ، ياق ، چېن بۇلېيگە سېلىشتۇرغاندا ، مەن دېگەن بىر كىچىك ئوقۇغۇچى !
— نـەدىـكـىـنـى ، نەدىكىنى ، سىزنىڭ شېئىرلىرىڭىز تاڭ شېئىرلىرىنىڭ ھېچقايسىسىدىن كەم ئەمەس . لى بەينىڭ ئوردىدا يازغان شېئىرلىرى سىزنىڭكىدىن ناچارغۇ !
— ياق ، ياق ... راست گەپنى ئېيتسام ، ماۋ زېدۇڭنىڭ «قار» دېگەن شېئىرى بىر مۆجىزە ، مۆجىزە !
— ھـەي ، ۋۇ جۇشى ، نېمە ئۇ باندىت كاتتىۋېشىغا قايىل بولۇپ قالدىڭىز ؟
— ھەم باندىت ، ھەم كاتتا شائىركەن ئۇ ماۋ زېدۇڭ !
— ئـۇ ھـازىر چۇڭچىڭدا بىزنىڭ جياڭ ۋېيىيۈەنجاڭ بىلەن سۆھبەتتە !
— جياڭ ۋېيىيۈەنجاڭ ئۇنى سۆھبەت ، بىتىم بىلەن گوللاپ ،

www.uyghurkitap.com

تـوتـەك پەردە تارتىپ ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ جايلىماقچىغۇ ، قىلتاقـقا چۈشۈشكە ئاز قالدى ئۇ ماۋ زېدۇڭ !

— ھا ـ ھا ـ ھا ··· بىزمۇ مانا شۇ ئۇسۇلنى قوللانساق ئۈنۈمى زور بولىدۇ !

— تېلېگراممىا بەردۇقمۇ ـ ھە ؟

— مەن تېلېفوندا جاڭ جىجۇڭ بۇجاڭ بىلەن سۆزلەشتىم ، بۇجاڭ ئۆزى كېلىپ قېلىشى مۇمكىن .

— ھـا ـ ھا··· كەلـسۇن ، ئـەڭ ياخشـىسى ، ئـامـېرىكـا ئـايـروپـىـلانلىرى بىلەن يىگىرمە مىڭ ئەسكەر ، ئەللىك تانكا ، يىگىرمە بومباردىمانچى ئايروپىلان ئېلىپ كەلسۇن !

— جـياڭ ۋېيىيۈەنجاڭ شىنجاڭ ۋەزىيىتىگە تولىمۇ كۆڭۈل بـۆلـىدۇ . تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىدىكى ھاقارەتمۇ يېتەرلىك بولدى . جياڭ ۋېيىيۈەنجاڭ شىنجاڭنى ھەرگىز قولدىن بەرمەيدۇ !

— مـەن جـياڭ ۋېيىيۈەنجاڭنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن رومكا كۆتۈرۈشنى تەكلىپ قىلىمەن !

زىياپەت زالىدىكى ھەممە مېھمان ئورۇنلىرىدىن دەس تۇرۇپ رومكىلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈشتى !

··· ۋۇ جۇڭشىن زىياپەتنىڭ قاچان ئاخىرلاشقىنىنى بىلمىدى . ئۇ جياڭ ۋېيىيۈەنجاڭ ئۈچۈن كۆتۈرگەن رومكىدىن كېيىن مەست بولۇپ قالغانىدى .

ئەتىگەنلىكى ئۇ كاتىپىنىڭ :

— چۇڭچىڭدىن تېلېفون ! — دېگەن سۆزى بىلەن ھوشىغا كەلدى ۋە تېلېفوننى ئېلىپ چۆچۈپ :

— نېمە ، جاڭ جىجۇڭ 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئۈرۈمچىگە كېلەمدا ! قارشى ئالىمىز ، قارشى ئالىمىز . تولىمۇ ياخشى بوپتۇ ، تـولـىـمـۇ ياخشى بولدى . جياڭ ۋېيىيۈەنجاڭنىڭ بىزگە كۆڭۈل بۆلگىنىگە كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت ! — دېدى .

1945 ـ يىلى 13 ـ سىنتەبىر جاڭ جىجۇڭ ئايروپىلان بىلەن چۇڭچىڭدىن ئۈرۈمچىگە كەلدى .

ئــېگىز ، زىلۋا بوي ، كۆزەينەك تاقاپ ھەربىي شەپكىسىنى كۆزىگە چۈشۈرۈپ كىيىۋالغان ، ناسۋال رەڭ گومىنداڭ ئارمىيە ئوفىتسېرلار كىيىمى كىيگەن ، كۆكرىكىگە قاتار مېداللار تاقىغان گېنېرال ئايروپىلاندىن چىقىپ ، شوتىدىن چۈشمەي تۇرۇپ قارشى ئالغىلى چىققان جۇ شاۋلياڭ ، ۋۇ جۇڭشىن باشلىق ئەمەلدارلارغا مـۇلايىم كۈلۈمسىرەپ ، ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ھۆرمەت بىلدۈردى . شىنجاڭ رەھبەرلىرى گويا ئاسماندىن قۇتقۇزغۇچى خۇدا چۈشكەندەك خۇش بولۇشۇپ ، ئايروپىلان شوتىسىغا قاراپ ئالدىراپ مېڭىشتى .

— جـاڭ بـۇجـاڭ ، يـاخـشـىمـۇسىز ، ھەي ، جاڭ شيۇڭ (قـېـرىـنداش ) ! — دەپ قوللىرىنى سوزۇپ ، كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ تەقەززالىق بىلدۈردى جۇ شاۋلياڭ .

— پاھ ـ پاھ… قەھـرىـتـانـدا توڭلـىغاندا ئوت ، تومۇزدا چـاڭـقـىـغـانـدا سـۇ يەتكۈزدىڭىز ، بۇجاڭ ! — دەپ باشلىرىنى گىلدىڭلىتىپ ئىنتىزار بولغىنىنى ئىپادىلىدى ئۆلكە رەئىسى ۋۇ جۇڭشىنمۇ ئاۋازى تىترىگەن ھالدا ئۇزۇن چاپىنىنىڭ يەڭلىرىنى قايرىپ . ئۇ نۇتۇق سۆزلىگەندە سۆز قەغىزىنى يېڭىدىن چىقىرىشقا ئادەتلەنگەن بولغاچقا ، ئىختىيارسىز بارماقلىرى يەڭلىرى ئىچىنى ئاختۇردى .

— يـاخـشـىمـۇسـىلەر ، سىلەرگە جياڭ ۋېييۈەنجاڭ سالام ئـېـيتتى ، سىلەردىن كۆپ ئەنسىرىدى ! — دېدى جاڭ جىجۇڭ دىپلوماتلارغا خاس سالماقلىق بىلەن . ئۇ قارشى ئالغىلى چىققانلار بـىلەن بىرمۇبىر كۆرۈشۈپ بولۇپ مەخسۇس ماشىنىغا چۈشتى . مـۇھـاپـىزەتچى ماشىنىلار ئالدىدا چىرقىراپ ماڭدى . ئايرودروم بـىـلـەن قـومـاندانلىق شتابىنىڭ ئارىلىقى ئىككى كىلومېتىرمۇ كـەلـمـەيـدۇ ، شۇنداق بولسىمۇ ، دۆلەت مىنىستىرىنى قاتمۇقات مـۇھـاپـىـزەتچى ماشىنىلار قورشاپ يېڭى بىنا (غەربىي بىنا )غا ئەكەلدى .

شۇ ئاخشىمى يەنە داغدۇغىلىق زىياپەت بولدى . ئەمما ، ھاراق

ئاز ئىچىلدى ، ھەتتا نۇرغۇنلىرى ئىچىشمىدى. ۋۇ جۇگشىنىڭ كىچىك مەجلىسخانىسىدا گېنېرال جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭنىڭ مۇھىم رەھبەرلىرىدىن 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭ، مۇئاۋىن قوماندانى گو جىچياۋ ، ئۆلكە رەئىسى ۋۇ جۇگشىن ، 29 - كورپۇسىنىڭ قوماندانى گېنېرال لى تيېجۇن ۋە بىرقانچە مۇھىم مەمۇرىي ، ھەربىي باشلىقلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى . جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭ رەھبەرلىرىگە جياڭ جيېشىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى :

— جياڭ ۋېيۈەنجاڭ سىلەرگە تولىمۇ كۆڭۈل بۆلمەكتە . بۇ ئىشتا سوۋېت ئىتتىپاقى پەردە ئارقىسىدا قوماندانلىق قىلماقتا ، يەنئەنمۇ موسكۋا ئارقىلىق قول تىققان دەپ قارىماقتا . بۇ ئىش ھېچقاچان يەرلىك باندىتلارنىڭلا ئىشى ئەمەس . خەلقئارادىكى ، دۆلەت ئىچىدىكى جۇڭخۇا مىنگو دۈشمەنلىرىنىڭ پىلانلىق ، مەقسەتلىك ئېلىپ بارغان ئاغدۇرمىچىلىق ، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئىكەنلىكىنى جياڭ ۋېيۈەنجاڭ سەگەكلىك بىلەن چۈشەندى . قىنى ، ئەھۋالنى ئەينەن ، كونكرېت قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇڭلار ، بىز ئەھۋالنى ھەم كۆپتۈرمەي ، ھەم يوشۇرماي جياڭ ۋېيۈەنجاڭغا مەلۇم قىلىشىمىز كېرەك . تەدبىرنى بېكىتكۈچى جياڭ ۋېيۈەنجاڭنىڭ ئۆزى ، بىز مەلۇم قىلىش ، ئىجرا قىلىش ھوقۇقىغىلا ئىگە !

ئاۋۋال جۇ شاۋلياڭ ، ئاندىن كېيىن گو جىچياۋ بۆلتۇر 11 - ئايدىن مۇشۇ 9 - ئاينىڭ بېشىغىچە بولغان توپىلاڭ ، ئۇنىڭ تەرەققىياتى ، ھازىرقى خەتەر ۋە بولغۇسى خەتەرلەرنى ئىنچىكە سان - سىپىرلار بىلەن مەلۇم قىلدى . ۋۇ جۇگشىن توپىلاڭنىڭ سەۋەبلىرىنى شېڭ شىسەيگە ئارتىپ ، ئاساسلىقى مىللەت ، دىن ۋە تۈرمە ئەھۋاللىرىنى سۆزلىدى :

— خەلق گومىنداڭغا ئەمەس ، شېڭ شىسەيگە قارشى . شېڭ شىسەي ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ رەئىسى قىلىپ كۆرسەتكەن . شۇڭا ، خەلقنىڭ ئېڭىدا گومىنداڭ بىلەن شېڭ شىسەي بىر

نەرسە. شۇڭا، گومىنداڭنىڭ ئوبرازىنى تىكلەش، خەلققە گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ ئۇلۇغ، ھەققانىي پارتىيە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش مۇھىم. سۆز بىلەنلا ئەمەس، ھەرىكەت ـ ئەمەلىيەت بىلەن! — دېۋىدى، جاڭ جىجوڭ كۈلۈپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— ئەمما، — دېدى جۇ شاۋلياڭ تەخىر قىلالماي، — باندىتلار ئۈچۈن شېڭ شىسەيمۇ، گومىنداڭمۇ بىر نەرسە. ئۇلارنىڭ شوئارى ئاددىي: خەنزۇلارنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىپ شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى قۇرۇش.

— بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ، — دېدى جاڭ جىجوڭ سالماقلىق بىلەن ئاستا سۆزلەپ، — يالتا يىغىنى، پوتسدام يىغىنلىرىنىڭ قارارلىرىدىمۇ، موسكۋا كېلىشىمىنىڭ مەزمۇنلىرىدىمۇ بۇ نەرسە رەت قىلىنغان. سوۋېت ھۆكۈمىتىمۇ بىزدىن بۇ ئىشنى تەلەپ قىلمىدى. ستالىن شۇنداق ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇنى تەلەپ قىلىشقا پېتىنالمايدۇ. ترومىن زۇڭتۇڭ بۇ ئىشلاردا تولىمۇ سەگەك. روزۋېلت زۇڭتۇڭ ياۋروپا مەسىلىلىرىدە، مەسىلەن، پولشا، گېرمانىيە مەسىلىلىرىدە مەقسەتلىك ھالدا چېرچىل بىلەن ستالىننىڭ جىددىي تالىشىشلىرىدا ستالىنغا يان باسقان. تېھران، قىرىم يىغىنلىرىدا شۇنداق بولغان. كېيىن ستالىننى شەرقتىكى ياپونغا قارشى فرونتتا جەڭگە ئەكىرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ جياڭ ۋېيىۈەنجاڭغا قارشى ھەرىكەتلىرىگىمۇ سۈكۈت قىلغان. ھەتتا بىزگە سوغۇق مۇئامىلىدە بولغان. بۇنىڭ سەۋەبىنى كېيىن بىلدۇق. سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلمىسا ئامېرىكا ياپونىيىنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن بىر مىليون ئەسكىرىدىن ئايرىلماي بولمايدىكەن. بىر مىليون ئامېرىكا ئەسكىرىنىڭ يوقىلىشى تولىمۇ چوڭ زىيان، قاتتىق زەربە. شۇنچە چوڭ بەدەل ھېسابىغا ياپونىيىنى تىز پۈكتۈرۈشكە ئامېرىكا خەلقىمۇ، دۆلەت پالاتاسىمۇ قارشى تۇراتتىكەن. ھازىر ئەھۋال ئوخشىمايدۇ. بۇ يىل 8 ـ ئايدا ئامېرىكا ياپونىيىنىڭ ناگاساكى،

خىروسىما ئاراللىرىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئاتوم بومبىسىنى تاشلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇش ئېلان قىلمىسىمۇ كۆپ چىقىم تارتمايلا ياپونىيىنى تىز پۈكتۈرەلەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، پرېزىدېنت ترۇمېن ستالىننىڭ بىر يېرىم مىليون ئەسكىري كۈچ بىلەن مارشال ۋاسىلېۋسكىينى ئەۋەتىشىگە قارشى چىقتى. لېكىن، ستالىن ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى. ياپونىيىنىڭ كانتون ئارمىيىسىنى يوقاتتى. ياپونىيىنى تەسلىم قىلدۇرۇشتا ئامېرىكا، سوۋېت، جۇڭگو كۈچ چىقاردى. دۇنيادا ئۇرۇش ئاخىرلاشتى، ئەمما ئامېرىكا ـ سوۋېت زىددىيىتى كۈچەيدى. ئۇ ھازىر دۇنيانى ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. قالغان گەپلەرنى ھەربىرىڭلار چۈشىنىسىلەر. شۇڭا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تىزگىنلىشىدىكى يېڭى بىر دۆلەتنىڭ دۇنيادا بارلىققا كېلىشىگە يول قويمايدۇ، ھەتتا بىز بىلەن جۇڭگو تۇپرىقىدا ھاكىمىيەت تالىشىۋاتقان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىمۇ شىنجاڭدا جۇڭگودىن بۆلۈنۈپ چىققان بىر دۆلەتنىڭ پەيدا بولۇشىنى خالىمايدۇ.

جاڭ جىجۇڭ سۆزلىگەندە مەجلىسخانا جىمجىتلىققا چۆمدى، گويا باشقا ئادەم يوقتەك، گويا ئادەملەر ھوشسىزلانغاندەك ...

— بىز ھامان كۈچلۈك، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆز كۈچىمىزنى كۆرسىتىپ قويۇشىمىز، شىنجاڭدىكى باندىتلارنى ئۈستۈن ئەسكىري كۈچ بىلەن باستۇرۇشىمىز كېرەك. خۇددى ئامېرىكا ئاتوم بومبىسى بىلەن ھەيۋە كۆرسەتكەندەك!

— ياق، — دېدى جاڭ جىجۇڭ جۇ شاۋلياڭنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — قانداق قىلىشنى جياڭ ۋېييۇەنجاڭ بېكىتىدۇ. مەن قايتىپ بېرىپ بۇ يەردە بولۇنغان گەپلەرنى ئەينەن دوكلات قىلىمەن، مېنىڭچە، ۋېييۇەنجاڭ قورالغا ئەمەس، سۆھبەت — بىتىمگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. شىنجاڭدا كەڭ سىياسەت يۈرگۈزۈش، ماجىرانى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىشلا ياخشى چارە. بۇنىڭ ئۈچۈن ئارىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ۋاستىچى بولسا

ياخشى بولاتتى. ليۇ زېرۇڭ ئەپەندى ئەتىلا سوۋېت كونسۇلخانىسىغا كىرىپ يېڭىسىپىنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ باقسۇن. ھازىر دۇنيادا ئاقىدىغان، ھىمايىگە ئىگە بىردىنبىر چارە سۆھبەتلىشىش. چۇڭچىڭدا جياڭ ۋېيىۋەنجاڭ ماۋ زېدۇڭ بىلەن ئوچۇق - يورۇق كۆرۈشۈپ، مەڭگۈلۈك تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش توغرىسىدا سۆھبەتلەشتى. 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كەچتە جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئىككى رەھبىرى سۇڭ جىشىڭ، شاۋلىزىلار جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق - ھەمكارلىق كېلىشىمىنىڭ ئىمزالانغانلىقىنى تەبرىكلەپ زىياپەت بەردى. بۇ كاتتا زىياپەتكە ماۋ زېدۇڭمۇ قاتناشتى. ئادەملەر كەينى - كەينىدىن ماۋ زېدۇڭ بىلەن قەدەھ ئۇرۇشتۇردى. ھەتتا يېقىندىلا كوممۇنىستلار بىلەن قاتتىق جەڭ قىلغان فېڭ يۈيشياڭ جياڭجۈن چېيىغىدا ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ماۋ زېدۇڭنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ: «سىز كەپسىز، جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق كېلىشىمىمۇ تۈزۈلدى. سۈن جۇڭشەننىڭ ئۈچ بۈيۈك سىياسىتىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن قەدەھ كۆتۈرەيلى!» دېۋىدى، ماۋ زېدۇڭ قاقاقلاپ كۈلۈپ رومكىسىنى كۆتۈرۈۋەتتى!

— فېڭ يۈيشياڭ جياڭجۈن ماۋ زېدۇڭنىڭ كونا دوستى!

— ماۋ زېدۇڭ كاتتا جەمئىيەت ئەربابلىرىدىن جاڭ لەن ئەپەندى، ھەتتا چېن گوفۇ، چېن لىفۇغا ئوخشاش كومپارتىيىگە قارشى ئادەملەرنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ھال سوراپ ئەھۋاللاشتى. مەن 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالدىم، ماۋ زېدۇڭمۇ تىنچلىققا بەك كۆڭۈل بۆلىدىكەن. شىنجاڭ مەسىلىسى مېنىڭچە، تىنچلىق بىلەن ھەل بولىدۇ، سوۋېت ئارىدا ۋاستىچىلىك قىلسىلا!

جۇ شاۋلياڭ تەن بەرمىدى:

— مېنىڭ غەزىپىم ئىچىمگە پاتمايۋاتىدۇ. مەن قىرىپ تاشلاشنى تەشەببۇس قىلىمەن! جياڭ ۋېيىۋەنجاڭ نېمىشقا بىزگە ئەسكەر، قورال بەرمەيدىكىنتاڭ، باندىتلار بىلەن كېلىشىم قىلىش

چوڭ ھاقارەت !

— سوقۇشسىڭىز چوقۇم شىنجاڭنى قولدىن بېرىپ قويسىز ، بۇ ، جۇڭخوا مىنگو ئۈچۈن چوڭ ھاقارەت بولمامدىكەن؟

جاڭ جىجۇڭنىڭ تەنقىدى بىلەن گېنېرال پەسكويغا چۈشتى .

— مەن جياڭ ۋېيىۋەنجاڭغا ۋاكالىتەن شۇنى دەپ قويىمەن ئەسكەرلەرنى روھلاندۇرۇڭلار ، مۇداپىئەنى كۈچەيتىپ ، ئۈرۈمچىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىڭلار . مەن قايتىپ كەلگۈچە مۇشۇنىڭدىن باشقا ئىش قىلماڭلار !

— لېكىن ، باندىتلار تىنىمسىز ھۇجۇم قىلماقتا . بۈگۈن ئاقسۇ يېڭىشەھەردە قاتتىق جەڭ بولۇۋاتىدۇ . باندىتلار نۇرغۇن شوتا ياساپ سېپىلغا چىقىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماقتا . ئاقسۇدىكى 5 - پولك كوماندىرى جاۋ خەنچىڭ قاچماقچى بولغاندا تۇتۇۋالدۇق ، قانداق قىلىمىز دەپ يوليورۇق سورىۋىدى ، نەزەربەند قىلىۋەت دېدىم . ئەھۋال يامان دەپ زارلىنىۋىدى ، قانداق قىلىپ بولسىمۇ يېڭىشەھەرنى بىر ئاي ساقلايسەن دەپ بۇيرۇق بەردىم !

— تاشقورغان باندىتلىرىمۇ قەشقەر ، خوتەنلەرگە تەھدىت . جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەسكەرلىرىمىزمۇ مىدىرلىيالمايدىغان ئەھۋالدا ، ئۈرۈمچىگە ياردەم بېرەلمەيدۇ .

ئۇلار بىر - بىرىگە سۆز بەرمەي زارلىنىشقا باشلىۋىدى ، جاڭ جىجۇڭ :

— بولدى ، بولدى ! — دېدى خاپا بولۇپ ، — چۈشىنىشلىك ، سىلەرنىڭ روھىي ھالىتىڭلار بۇنچىلىك تۇرسا ، تۆۋەندىكىلەر نېمە بولماقچى . ھۆكۈمىتىمىز شىنجاڭنى ھەرگىز قولدىن بەرمەيدۇ . بۇ ئېنىق ، ھەتتا باندىتلار شىنجاڭنى ۋاقتىنچە تارتىۋالغان تەقدىردىمۇ ، بىز زور قوشۇن بىلەن كېلىپ بۇ يەرنى قايتۇرۇۋالايمىز . ئۇ چاغدا چوڭ قان تۆكۈلۈش پەيدا بولىدۇ . بۇنداق قىلىش بىزگىمۇ زىيانلىق . جياڭ ۋېيىۋەنجاڭ دۆلەتنىڭ باشقا چوڭ ئىشلىرى بىلەن تولىمۇ ئالدىراش . ھازىر

كـومپارتىيە بىلەن ئىچكى ئۇرۇش قىلماستىن، بىتىم ئارقىلىق دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى ھەل قىلىش تولىمۇ مۇھىم. 1 - دۇنيا ئـۇرۇشـىدىن كېيىن رۇسىيىدە ئىچكى ئۇرۇش بولدى. ۋەيران بولغىنى دۆلەت، خەلق! بىز بۇنىڭدىن ساقلىنىشقا تىرىشىۋاتىمىز. سەنشىدا يەن شىسەن تىنچ تۇرمايۋاتىدۇ. ئۇ سەنشىنى مۇستەقىل پـادىـشاھلىق قىلىش كويىدا. لېكىن، جياڭ ۋېيىۇەنجاڭ ۋەتەن بىـرلىكى، جۇڭخۇانىڭ گۈللىنىشى، شەرقتىكى ئەڭ باي، ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇپ قەد كۆتۈرۈشى ئۈچۈن يول ئىزدىمەكتە. ياپونىيە مەغلۇپ بولدى. ئاسىيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت ئەلۋەتتە بىز بولۇشىمىز كېرەك. ترومىن زۇڭتۇڭنىڭ پىلانىمۇ شۇ. بىزنى كـۈچەيتىش ئارقىلىق ئاسىيانى كوممۇنىزم ۋەھىمىسىدىن خالىي قـىـلـىـش ئـامـېـرىـكـىنىڭ يەر شارى ئىستراتېگىيىسى. جياڭ ۋېـيـيـۇەنجاڭ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونتروللۇقىدىن تولۇق قۇتۇلۇش كويىدا. دېمەك، شىنجاڭدىكى ماجىرانى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تاللىشىمىز، ئـاچـچـىقـىمىزنى يۇتۇشىمىز، ئاقىلانىلىك بىلەن، سوغۇق قان بولۇپ، ۋاقتىنچە مۇشۇ يەردە ئاقىدىغان بىر چارە تېپىشىمىز، يەرلىك خەلقلەر ھىمايە قىلىدىغان بىر بايراق كۆتۈرۈپ چىقىشىمىز كېرەك!

كـۆپـچـىـلـىـك بۇجاڭنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، باشلىرىنى لىڭشىتىپ قايىل بولۇشتى. ئەڭ خۇشال بولغىنى ۋۇ جۇڭشىن بولدى. جاڭ بۇجاڭ ئۆلكە رەئىسىنىڭ ئويلىغانلىرىنى سۆزلىمەكتە ئىدى. ئاخىر يۇمشاق ۋاستە، قاشاڭ پىچاق تاللىنىپتۇ. ۋۇ جۇڭشىن خۇشال بولۇپ:

— دانـالـىـق، دانـالـىـق! — دەۋەتتى ۋە، — گومىنداڭ پـارتـىـيىسى ئۆز ئادىللىقىنى چۈشەندۈرەلىسىلا ئىشلار ئىلگىرى بىسىۋېرىدۇ زادى! — دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويۇپ جۇ شاۋلياڭغا قاراپ قويدى. جۇ شاۋلياڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمىدى، خۇددى

شىنجاڭدىكى قوراللىق توقۇنۇشتا مەغلۇپ بولغىنىغا تەن بەرمىگىنىگە ئوخشاش:

— يىگىرمە مىڭدەك ئەسكىرىمىز يوقىتىلدى. بۇ قىساسنى چوقۇم ئالىمەن. بۈگۈن ئالالمىسام ئەتە ئالىمەن. ئەتىمۇ ئالالمىسام ئۆگۈنلۈككە. بۇ قىساسنى ئالماي تۇرۇپ، ئالغاندىمۇ بىرگە ئون قىلىپ ئالماي تۇرۇپ بۇ دۇنيادا كۆزۈم يۇمۇلمايدۇ!

ئەتىسى، يەنى 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى سوۋېت كونسۇلخانىسىدىن لىيۇ زېرۇڭ خۇش خەۋەر ئەكەلدى، يېۋسىيىق جاڭ جىجۇڭ بۈجاڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. قارا پىكاپ سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ بۇك دەرەخلىك هويلىسىغا كىرىپ، سېرىق تام، كۆك رىشاتكىلىق ئىككى قەۋەتلىك بىنانىڭ ئالدىدا توختىدى. كۆكۈچ كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن، سېرىق بۇدۇر چاچلىرى قويۇق، كۆك كۆز، ساقال - بۇرۇتى پاكىز قىرىلغان يوغان بۇرۇن ئادەم، ھەربىيچە كىيىنىپ، كۆكرىكىگە قاتار مېدالارنى تاقىغان، ئالدى ئېگىز شەپكىسىنى كۆزىگە چۈشۈرۈپ كىيىۋالغان، كۆزەينەكلىك، خۇشخۇي ئادەم بىلەن ئىككى قوللاپ قول ئېلىشىپ، يېرىم قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. بۇلار سوۋېت كونسۇلى يېۋسىيىق بىلەن جۇڭخوا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ مىنىستىرى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىلەر ئىدى.

ئۇلار رۇس كىرىسلو - ئۇستەللىرى بىلەن بېزەلگەن تاختايلىق چوڭ ئۆيگە كىرىشتى. لىيۇ زېرۇڭ — كۆزەينەك، ئات يۈز، ياۋروپاچە كىيىنگەن ئادەم ئۇلارغا تەرجىمانلىق قىلدى. جاڭ جىجۇڭ دىپلوماتلارغا خاس سۆز سەنئىتى بىلەن جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق - ھەمكارلىق كېلىشىمى، يېقىندا چۇڭچىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن پېتىروف، ماۋ زېدۇڭلار قاتناشقان كاتتا تەبرىكلەش پائالىيىتى، جياڭ ۋېيۈەنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىنتايىن رازى ئىكەنلىكى، 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان ئۇچ كاتتا ئەربابتىن ھازىر بىرلا ستالىننىڭ دۇنيا سەھنىسىدە

قالغانلىقى، ستالىننىڭ دانالىقى، بۈيۈكلۈكى، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ دۇنياۋى ئورنى ئوخشاشلارنى تەرىپلەپ بولۇپ:
— شىنجاڭدا بولغان بۇ قېرىنداشلار ماجىراسىنى ھەل قىلىشتا كونسۇل يېۋسىيېفنىڭ قانداق ئاقىلانە تەكلىپلىرى بار ئىكەن؟ — دەپ سورىدى.
— بۇ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى. بىزنىڭ ئارىلىشىشىمىز ئەپسىز. تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش مۇۋاپىق چارە، — دېدى يېۋسىيېف.
— سىز ئارىغا كىرىپ يېتەكچىلىك قىلمىسىڭىز، بىزنىڭ ئۇچراشمىقىمىز تەسرەك بولارمىكىن؟!
— شەخسەن مەن ئارىغا چۈشۈپ يول مېڭىپ بېرىشنى خالايمەن. بىراق، ھۆكۈمىتىمىزنىڭ يوليورۇقىنى ئالماي تۇرۇپ ھەرىكەت قىلالمايمەن.
— بىز ھۆكۈمەت نامىدىن سوۋېت ھۆكۈمىتىگە ئىلتىماس قىلىشنى ئويلىشىۋاتىمىز.
— شۇنداق بولغاندا، شەخسەن مەن ياردەملىشىشكە تەييار.
— غۇلجا تەرەپ ھەربىي ھەرىكەتنى توختاتسا، ئاندىن كېيىن ئىككى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى ئۇرۇمچىدە ئۇچراشسا دەيمىز.
— مەن بۇ تەلىپىڭىزنى موسكۋاغا بۇگۈنلا يەتكۈزىمەن.
— مەن كونسۇل يېۋسىيېفتىن تولىمۇ رازى. سىزنىڭ سۆزلىرىڭىزدىن كۆچلۈك سەمىمىيلىك چىقىپ تۇرىدۇ. مەن خاتىرجەم بولدۇم.
— رەھمەت، جاڭ بۇجاڭ. سوۋېت - جۇڭگو دوستلۇقى، ھەمكارلىقى ھەممىدىن مۇھىم. بىز بۇ دوستلۇقنى قەدىرلەيمىز.
— شىنجاڭدا پەيدا بولغان بۇ مالىمانچىلىقتا سوۋېت ئىتتىپاقىغا دۈشمەنلىك بىلەن قارىغان شېڭ شىسەي سەۋەبچى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغىمۇ، گومىنداڭ پارتىيىسىگىمۇ، ھەتتا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگىمۇ، شىنجاڭ خەلقىغىمۇ دۈشمەنلىك

www.uyghurkitap.com

قىلغان. بىز ئۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان يامان تەسىرلەرنى تەلتۆكۈس تازىلاپ، ئاۋات، باي، گۈللەنگەن، تىنچ، مۇقىم شىنجاڭ ئۆلكىسىنى پەيدا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىمىز. مانا بۇ جياڭ ۋېييۈەنجاڭنىڭ شىنجاڭ توغرىسىدىكى پىكرى.

— ناھايىتى ياخشى، شىنجاڭ خەلقىگە لازىمى شۇ. ئۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتا!

كەچقۇرۇن مىنىستىر، گېنېرال جاڭ جىجوڭ جو شاۋلياڭ بىلەن ۋۇ جۇڭشىنلەرگە جياڭ ۋېييۈەنجاڭغا يوللىنىدىغان تېلېگراممىنىڭ تېكىستىنى ئوقۇپ بەردى: «ئەھۋال جىددىي، ئەگەر ئۇرۇمچى قولدىن كەتسە، مەركەزنىڭ ئابرۇيى-ئىناۋىتىگە چوڭ تەسىر يېتىدۇ. ئۇلارنى قورال كۈچى بىلەن ئىتائەت قىلدۇرىمىز دېگەن ھالەتتىمۇ، ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. دەرھال ھۆكۈم قىلىسىڭىز: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارىغا چۈشۈپ مۇرەسسە قىلىشى توغرىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىمىز فۇ بىڭچاڭغا دەرھال تېلېگرامما يوللاشقا بولامدۇ، يوق، دېگەن مەسىلىنى سىزگە تەكلىپ قىلىمىز!...»

ۋۇ جۇڭشىن تولىمۇ خۇشال بولدى. جو شاۋلياڭ گەپ قىلمىدى. ئۇ:

— راستلا ناھايىتى نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلارمىزمۇ؟ — دەپ جاڭ جىجوڭغا قارىدى.

— شۇنداق، شۇنداق! — دېدى ۋۇ جۇڭشىن مىنىستىردىن بۇرۇن جاۋاب بېرىپ.

ئۇلار ئەتىسى ھال سوراپ ئالدىنقى سەپ ماناس دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغىچە باردى. جاڭ جىجوڭ بارغانلا يېرىدە ئالدىنقى سەپتىكىلەرنى ماختاپ روھلاندۇردى.

1945-يىلى 16-سېنتەبىردە ئۇ چۇڭچىڭغا قايتىپ كەتتى. جو شاۋلياڭ بىلەن ۋۇ جۇڭشىن ئايرودرومدىن قايتىپ كەلگۈچە گەپلەشمىدى.

مۇختەرباي بۇ تۆرمۇشقىمۇ كۆنۈپ قالدى . گويا 1933 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى بىر ئاتنى دەپ قاچقۇن تۇڭگانلارغا ئات باقار بولۇپ ئىبغىر كۆنلەرگە يولۇقۇپ شۇ كۈنلەرگىمۇ كۆنۈپ قالغاندەك ، يەنە ئابدۇمەر مىڭبېگىنىڭ كاساپىتىدىن تۈرمىگە كىرىپ قېلىپ ئۇرۇمچىدىكى 2 ـ تۈرمىدە شاخار كۆيدۈرۈپ سوپۇن ياساپ ئېغىر كۈنلەرگە كۆنۈپ قالغاندەك . ئۇ چاغلاردا ئۇ خار ئىدى ، هازىر ئەركىن ـ ئازادە ، ئۆيىدىكى راهەتتىن مەهرۇم بولغىنى بىلەن ئۇ چاغلاردىكىدىن نۇرغۇن راهەتتە .

مانا ئۇ سوپاخۇنىنىڭ بۆسۈپ ئۆتكۈچى ئەترىتى بىلەن تۈنجى قېتىم قولىغا مىلتىق ئېلىپ مۇزكىرە داۋىنىدىكى دۈشمەن قاراۋۇللىرىنى يوقىتىش جېڭىگە ماڭدى . ئۇ ئەللىك سەككىز ياشلىق چوڭ ئادەم . ئۇ ئاخشام باشلىقلار مەسلىهەت قىلىشقاندا ، هەممە گەپنى تاش يېنىدا يالغان ئۇخلىغان بولۇۋېلىپ تولۇق ئاڭلىدى :

— بۆسۈپ ئۆتۈش ۋەزىپىسىنى مەن ئۈستۈمگە ئالىمەن ! — دېدى پارتىزان ئەترىتىنىڭ باشلىقى سوپاخۇن ئورنىدىن تۇرۇپ .

— مەن يول باشلاپ ماڭىمەن ! — دېدى مۇختەرباي ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ .

— سىز بۇ يەرگە كەلگەنمۇ ؟ — دەپ سورىدى هۆكۈمەت ۋەكىلى قاسىمجان قەمبىرى يول بويى ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ ، ئاغزىدىن ئەخمەتجان قاسىمىنى چۈشۈرمەي سۆزلەيدىغان بۇ چار ساقال ، قويۇق قاشلىق دېهقانغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ .

— بىلىمەن ، بەش قولۇمدەك بىلىمەن ! — دېدى مۇختەرباي يەر توغرىسىدا يالغان گەپ قىلىپ .

قارا بۇرۇت ، خۇشخۇي هۆكۈمەت ۋەكىلى كۈلۈپ كەتتى ۋە يېنىدىكى چار ساقال ، ئۇرۇق ئادەم — داموللا رازىيوفقا قاراپ

www.uyghurkitap.com

قويۇپ :

— كۆردىلىمۇ بۇ ئادەمنىڭ نوچىلىقىنى ، ئات بېقىشنى ياراتماي يول باشلىغۇچى بولارمىش . سوپاخۇن ، نېمە دەيسىز بۇ كىشىگە ؟

ئۇتتۇزلارغا كىرگەن ، قاڭشارلىق ، بۇغداي ئۆڭ يىگىت بېلىدىكى كەمىرىنى چىڭىتىپ قويۇپ :

— پىدائىيلارنىڭ ھەرقاندىقىنى قارشى ئالىمەن ! — دېدى .

— ياشىنىپ قالغان ئادەم ، قىينىلىپ قالارمىكىن ، — دېدى بۇ پارتىزان ئەترىتىنىڭ سىياسىي كومىسسارى يىگىرمە تۆت ياشقا قەدەم قويغان چىرايلىق يىگىت — ئابدۇكېرىم ئابباسوف قاسىمجان قەمبىرىگە قاراپ قويۇپ . ئۇنىڭ سۆزى تۈگەر - تۈگىمەيلا مۇختەرباي تېرىكىپ ۋارقىرىدى :

— نېمە دەيسىز ۋۇي بالا ! غېنى باتۇرنىڭ ئاغىنىسىمەن دەڭلا ، بىلەمسىز نۆرى زىياۋۇدۇنوفنى ، ئۇ سوقۇش قىلىپ ، قان كېچىپ كاپىتان بولدى ، مەن شۇ يىگىتنىڭ چوڭ دادىسى بولىمەن ، ئەخمەتجاندىن سوراپ بېقىڭلا ، مەن قانداق ئادەممەنكىن !

كۆپچىلىك پاراققىدە كۈلۈشتى . مۇختەرباي يول بويى مانا شۇنداق پوڭ - پوڭ گەپ قىلىپ باشقىلارنى كۈلدۈرۈپ كەلگەن گېپى ئوچۇق ئادەم بولغاچقا ، ھەممە ئادەم ئۇنى گەپكە سېلىشقا ئامراق بولۇپ قالغانىدى .

— بارسۇن ، — دېدى قاسىمجان قەمبىرى سوۋېت خادىمى ئىسكەندەر ئىسىملىك رۇس ئوفىتسېرغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ ، — سوپاخۇننىڭ مايتاغچىلىرىغا ئازراق «داڭگال» ئارىلاشتۇرۇپ قويغاننىڭ زىيىنى يوق !

سوپاخۇن ئۆزىنىڭ پارتىزان ئەترىتىنى مۇئاۋىنى ئىمىر ھاجى ، شتاب باشلىقى ھوسەيىن غازىغا تاپشۇردى - دە ، ئۆزى ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ تەربىيە كۆرگەن ، باتۇر - ئەزىمەتلىرىدىن ئۆمەرجان دېگەن قارا قاش يىگىتنى ئەترىتى بىلەن تاللىۋالدى ، ئۇنىڭغا مايتاغ ئىسيانچىلىرىدىن مۇتەللىپ ئابدۇللانى ئۆز ئەدلىنىيىسى بىلەن ،

ئەمەت ئۆمەر ، تۇراق ئوسمان ، ئوبۇلقاسىم توختى قاتارلىق مايتاغدىن سوپاخۇنغا ئەگىشىپ ، گومىنداڭ ئۇستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈپ غۇلجىغا بارغان ۋە ئاقسۇنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن قارلىق تاغلاردىن ئېشىپ بۇ يەرگە كەلگەن ، سىناقلاردىن ئۆتكەن جەڭچىلەرنى تاللىۋالدى . ئون بەش نەپەر پارتىزان تولۇق قوراللانغان هالدا قاتار تىزىلدى . ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا ئۆزى تەلەپ قىلىپ قاتنىشىۋالغان مۇختەرباي ۋە سېپىترا پەرىخەلەر تىزىلدى . ئۇلار ئاقسۇغا چۈشكەندىن كېيىن دۈشمەنلەر بىلەن تۇنجى قېتىم ئېلىشقۇچىلار . گومىنداڭ بىر يېرىم ئىسكادىرون ئەسكەر بىلەن مۇداپىئە زاستاۋى قۇرۇپ تاغ ئېغىزىنى مۇداپىئە قىلماقتا . بۇ يەردىن ئوڭۇشلۇق بۆسۈپ ئۆتەلىگەندىلا ، تۈزلەڭگە چىقىپ باي ناهىيىسىگە هۇجۇم قىلغىلى بولىدۇ . هازىر دۈشمەنلەر پارتىزانلارنىڭ داۋاندىن ئاشقانلىقىدىن خەۋەرسىز . مۇشۇ كېچە ، شار - شار يامغۇردا دۈشمەننىڭ خاتىرجەم ئۇخلاۋاتقان پەيتىدىن پايدىلىنىپ هۇجۇم قىلىش ئەڭ ياخشى چارە ، تاڭدىن بۇرۇن مۇداپىئە زاستاۋىنى چوقۇم ئېلىش كېرەك . پارتىزانلار غول ئېقىنىنىڭ غەربىدە ، يەنى سۇ بېشىدا . دۈشمەن كۈنچىقىشتا ، غول سۇنىڭ ئاۋازى ، يامغۇر پەيدا قىلغان شاۋقۇن پارتىزانلار ئۈچۈن تەبىئىي پاناھ . ئۇلار ئاتلىنىپ يولغا چىققاندا ، يامغۇر ئەدەپ چېلەكلەپ قۇيغاندەك شارقىراپ يېغىشقا باشلىدى . ئۇلار سۇ ياقىلاپ ماڭماقتا ، سۇدىن بىردە ئۇ قاتقا ، بىردە بۇ قاتقا ئۆتۈشكە توغرا كەلمەكتە . جىرا - جىرادىن كەلگەن يامغۇر سۈيى بارغانسېرى ئۇلغايماقتا . ئۇلار هەر قېتىم سۇدىن ئۆتكەندە سۇغا چۆكەتتى ، ئاتلارغا يامىشىپ ، ئارقانلار بىلەن بىر - بىرىنى تارتىشىپ سۇدىن تەستە ئۆتەتتى . مۇختەرباي تاغلاردا كۆپ يۈرگەن ، تەخمىنەن هۆكۈم قىلىپلا ئون بەش نەپەر جەڭچىنى باشلاپ ماڭماقتا ئىدى . لېكىن ، ئۇ بۇ قارامىلىقى ئۈچۈن زادىلا پۇشايمان قىلمىدى . ئۇ ئىلى دەرياسىدا دائىم ئات ئۈزدۈرۈپ سۇدىن قورقماس بولۇۋالغان ، مانا بۈگۈن ئاشۇ هۈنىرى ئەسقاتتى . ئۇ

جىرەن ئېتىنى ئويناقلىتىپ خۇددى بۆدۆنە ئۇۋلىغاندەك چاتقاللار ئارىسىغا شۇڭغۇيتتى ، سوغۇق ، شوخ تاغ سۈيىگە چۈشۈپ ، باشقىلارنى باشلاپ بىردە ئۇ قىرغاققا ، بىردە بۇ قىرغاققا ئۆتۈپ «باشلامچىلىق» قىلاتتى . مانا پەرىخە بىر چۆكتى ـ دە ، ئەنسىكىپ مۇختەربايغا چىڭ يېپىشىپ ناله قىلدى . مۇختەرباي قىزنى ھاپاش قىلىۋېلىپ :

— قولۇڭنى بوينۇمدىن ھەرگىز بوشاتما ، قىزىم ! — دېدى .

ھېچكىمنىڭ ھۆلچىلىك ۋە ھېرىش ـ چارچاش بىلەن كارى بولمىدى . ھەممىلا ئادەم تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن تاغ ئېغىزىدىكى دۈشمەن ئىستىھكامىغا يېتىپ بېرىپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم بىلەن ئىستىھكامنى ئىگىلىۋېلىشنىلا ئويلايتتى . ئۇلار تېكەس دەرياسىنىڭ كېمە بويىدىلا قۇرئان تۇتۇپ قەسەم بېرىشكەن ، شۇڭا ئۆلۈم ئۇلار ئۈچۈن قورقۇنچلۇق ئەمەس ، مانا بىردىنلا تاغدىن قاراسلاپ تاشلار دومىلاپ چۈشۈشكە باشلىدى .

— دۈشمەن ! — دېدى سوپاخۇن يوشۇرۇنۇشقا بۇيرۇق بېرىپ ، لېكىن مۇختەرباي :

— ياق ، تاغدىن تاش غۇلىدى ! — دېدى . ئۇ گېپىنى تۈگەتمەيلا بىر قورام تاش گۈلدۈرلەپ ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى .

— ۋايجان ! — دېدى ئەمەت ئۆمەر قاڭقىپ كېلىپ تەگكەن تاشنىڭ زەربىسىدىن دومىلاپ ئازگالغا چۈشۈپ .

ئۇنىڭ يېنىدا مۇختەرباي بىلەن پەرىخە تەييار بولدى . ئەمەت ئۆمەرنىڭ ئۈچ قوۋۇرغىسى سۇنۇپتۇ ، ئۇ ناله قىلىشقا باشلىدى .

— چىدا ، ئەمەت ! — دېدى سوپاخۇن بۇيرۇق بېرىپ ، — پەرىخە ، سىز ئەمەت بىلەن ئارقىمىزدىن مېڭىڭ ، قالغانلار ئالغا !

پارتىزانلار پۈتۈن كۈچى بىلەن سەپەر تېزلىكىنى ئاشۇردى . ئۇلار بىردە سۇغا چۆكەتتى ، بىردە ئۆمىلەيتتى ، بىردە يۈگۈرەيتتى ، بىردە بولسا يەرگە چاپلىشىپ ، تىڭ تىڭشايتتى . قانچىلىك ماڭغىنىنى ئۇلار ھېسابلاشمىدى ، بىر چاغدا مۇختەرباي :

— سۆ توگىدى ! — دېدى . سوپاخۇن :

— مۇتەللىپ كوم ئۇددىل ، جەڭچىلىرىڭ بىلەن چارلاشقا ماڭ ، ئالدىمىزدا دۈشمەن بارمۇ ، يوق ! — دەپ بۇيرۇق بەردى . چارلىغۇچىلار ئاتلىرىنى دېۋىتىپ يۈرۈپ كېتىشتى . پارتىزانلار تاغ بېشىدا تۇرغان دۈشمەن قاراۋۇلىنى كۆرۈپ قالدى . ئۇلار چاتقاللار ئارىسىغا يوشۇرۇندى . دۈشمەن ھېچنېمە سەزمىدى . بىر ئازدىن كېيىن مۇتەللىپ قايتىپ كېلىپ :

— ئېغىزدىكى پوتەينى ئېلىپ بولدۇق ! — دېدى .

دۈشمەن شېرىن ئۇيقۇدا ياتقاندا ، بېسىپ كىرىپ پوتەينى ئوڭايلا ئېلىپ بولغان . ئەمما ، دۈشمەننىڭ ئىككى نەپەر — بىر خەنزۇ ، بىر ئۇيغۇر چېرىكى قېچىپ كەتكەن . سوپاخۇن جىددىيلەشتى :

— يول باشلىغۇچى ، بىز ھازىر باي ناھىيىسى تەرەپتىمۇ ، غۇلجا تەرەپتىمۇ ؟

— ئۇيلىسام ، دۈشمەن تاغدا قاپتۇ ، بىز ناھىيە تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپتىمىز !

— بۇ قانداق دېگەن قاراملىق ، قورشاۋدا ئىكەنمىز ـ دە ؟

— دۈشمەن بۇنى بىلمەيدۇ ، بىز دۈشمەن ئارقا سېپىدە !

— ھىم ! — دېدى سوپاخۇن ، — بىز باي يولىنى ئىشغال قىلماپتىمىز تېخى . بىز ھازىر قىيىن ئېغىزىدا ئىكەنمىز . كەينىمىزدىن كېلىدىغان ئابلەت داۋۇت ئەترىتى يېتىپ كەلگۈچە مۇشۇ پوتەيدە تۇرايلى !

پارتىزانلار دۆڭدە ، دۈشمەن تۆۋەندە ، كۆتۈلمىگەندە پەيدا بولغان پارتىزانلار دۈشمەننى ئالاقزادە قىلىۋەتكەن ، مۇختەرباي دۈشمەن ئەسكىرىنى شۇ كۈنى كۆردى . كۆل رەڭ ماتادىن ھەربىيچە كىيىم كىيگەن بىر ئەسكەرنىڭ ئۆلۈكى قانغا مىلىنىپ تاشلىقتا ياتاتتى . مۇختەرباي ئۆلۈكنى پۇتى بىلەن ئۆرۈپ قاراپ :

— ۋاي ئۆلۈمتۈك ، سەتلىكىنى بۇ نىجىسنىڭ . مۇشۇ قوتۇر ئىت بىلەن سوقۇشىمىز دەپ تاغ ـ داۋانلاردىن ئاتلاپ بۇ يەرگە

www.uyghurkitap.com

كەلگىنىمىزنى ! — دېدى .

— ئۇنداق دېمەڭ ، مۇختەركا ! — دېدى مۇتەللىپ كۆلۈپ قويۇپ ، — مۆرىتى كەلسە پىتمۇ ئادەمنى چېقىپ ئۆلتۈرەلەيدۇ . بۇلار دېگەن چۇمۇلىدەك جىق !

— تىكمۇەتتىغۇ سوقۇشمايلا !

— تۇيۇقسىز پەيدا بولدۇق - دە !

— بىرىنچىسى پىت بېقىۋاتقانىكەن ، تېخى ھى - ھى - ھى !...

پارتىزانلار قورام تاشلار ، چاتقاللار ئارىسىدا ئارام ئېلىشتى . ئەمەت ئۆمەرنى ئېتىغا مىنگەشتۈرۈپ ، يەنە بىر ئاتنى يېتىلەپ پەرىخەمۇ يېتىپ كەلدى . ئۇنىڭ چىرايى كۆكىرىپ كەتكەن ، كىيىملىرى لاي ، چاچلىرى چۇۋۇلغان ، ئەمما ئۆزى خۇشخۇي ئىدى .

— يارايسەن قىزىم ! — دېدى مۇختەرباي ئىرغاڭلاپ قىزنىڭ ئالدىغا مېڭىپ ، — سوپاخۇن باشلىق ، بىلەمسىز ، بۇ قىز مېنىڭ قىزىم ! باتۇر ، قەيسەر ، تاغ - داۋانلاردىن غىلڭ قىلماي ئۆتەلىدى . مۇز داۋاندىن ئۆتكەن تۇنجى قىز ئەسكەر مۇشۇ پەرىخە جۇمۇڭ !

— پەرىخە ! — دېدى سوپاخۇن قىزغا قاراپ قويۇپ ، — تاتارمۇ ؟

— ياق ، مەن ئۇيغۇر . ئىسمىم پەرىدە .

— سىزگە رەھمەت ، پەرىدە . ئەمەت ئۆمەرگە ياخشى قاراپسىز . ئۇچ قوۋۇرغىسى سۇنۇپتۇ . ئۇ يەنە جەڭگە كىرىمەن دەيدۇ تېخى !

ئاقسۇ زېمىنىغا قەدەم بىسىپ تۇنجى غەلىبە شادلىقىغا ئېرىشكەن پارتىزانلار مانا ھازىر تاغ ئۈستىدە دۈشمەندىن تارتىۋالغان پوتەي ئىچىدە . دۈشمەن تۆۋەندە . ئارىلىق كەڭ ساي ، پارتىزانلار باي ناھىيىسى تەرەپتە ، دۈشمەن شىمالدا ، پارتىزانلار دەم ئېلىشتا . مانا ئابلەت داۋۇتنىڭ ئەترىتىمۇ ئۇچ سائەتتىن كېيىن يېتىپ كەلدى . ئۇلار بەلگىلەرنى پەرق قىلالماي يولدىن

ئازغانىكەن ، ئاخىر تېپىپ كەلدى . كەچقۇرۇن ئارىدىن تۆت - بەش سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ، قالغان قىسىم بىلەن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىمۇ يېتىپ كەلدى .

— قانداقكەنمەن ! — دېدى مۇختەرباي ئابدۇكېرىم ئاباسوفنىڭ ئالدىدا تىك تۇرۇپ ، — ياشىنىپ قالغانمىكەنمەن ، يىگىتمىكەنمەن ؟

— يىگىت ! — دېدى قاسىمجان قەمبىرى كۈلۈپ ، — ئىككى دۈشمەننى يەڭدىڭلار ، بىرى ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ، يەنە بىرى ، يامغۇر !

— مەن يول باشلىغاچقا دۈشمەننىڭ ئېغىزىدىن كىرىپ مانا يۈرىكىدە تۇرۇۋاتىمىز !

— نەدە تۇرۇۋاتقىنىمىزنى كېيىن بىلىمىز ! — دېدى ئۆمەر ھاجى گەپ قىپتىپ ، — خەتەرلىك جاي بۇ ، ئۇچ تەرىپىمىزدە دۈشمەن بار . تېز ھۇجۇم قىلىپ باي ناھىيىسىنى ئىگىلىمىسەك بولمايدۇ .

— ھە ، ۋاھ ! — دېدى مۇختەرباي دەرھاللا گەپكە ئارىلىشىپ ، — بولدى ، باي دېگەننى ھويلامدەك بىلىمەن ، ھۇجۇمغىمۇ مەن باشلامچى !

— ھاي ! — دېدى داموللا رازىيوف سوزۇپ سۆزلەپ ، — بۇ دېگەن تاغ يولى ئەمەس ، سوقۇش ، بېگىم !

— ماڭا لازىمىمۇ شۇ سوقۇش ، داموللام ، ھەرەمباغدىمۇ نەچچە قېتىم ھۇررا توۋلاپ كۆپچىلىكنى باشلاپ ھۇجۇمغا كىرگەن بىز !

— سىزگە باتۇرلۇق مېدالى بېرىدىغان گەپكەن ! — دېدى ئاباسوف چاقچاق قىلىپ .

— ھە ، ۋاھ ، مېدال دېگەننى ئۇق ئاتقانلار ئالماي ، گەپ ساتقانلار ئالىدىغان گەپكەن ، ئەپەندىم !

— بۇ گەپلىرى بولمىدى ، مۇختەرباي ئاكا !

— تۆرەم بىر پاي ئوق ئاتتىمۇ ، ئۇ ئادەم ھازىر مارشال ، يەنە غوجامنىڭ ئوغلىچۇ ؟ يەنە ! ...

— هاي ، هاي ! — دېدى قاسىمجان فەمىبرى كۈلۈپ تۇرۇپ ، — بىزمۇ شۇ گەپ ساتىدىغانلاردىن بولۇپ سالا ، مانا ئاقسۇغا ئۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلغىلى كەلدۇق . ئۇرۇشنى ئەسكەرلەر قىلىدۇ ، ئەمما...

— مانا ، ئاقسۇنىڭ تۇنجى ياردارى ئەمەت ئۆمەر ، تۇنجى قۇتقۇزغۇچىسى مانا مەن !

— ها ـ ها ـ ها !...

تۇرمۇش شۇنداق ، ۋەھىمە ، غەم ـ قايغۇ ئىچىگىمۇ كۈلكە يوشۇرۇنغان ، ئادەملەر قاقاقلىشىپ كۈلۈشمەكتە ، گويا بۇ يەرگە تاغ ئاتلاپ سايىھەتكە كەلگەندەك !

— قاراڭلار ، سايدا بىرئېمە كۆرۈندى !

— ئادەم ، مېڭىۋاتىدۇ !

— ئۆلمەيدىغان يېرىگە چەنلەپ ئېتىڭلار ، بۇ جەزمەن ئىشپىيون !

پارتىزانلار نەچچە پاي ئوق ئاتتى ، لېكىن ئۇنىڭغا زادىلا تەگكۈزەلمىدى . ئۇ بىردە ئۇ ياققا ـ بىردە بۇ ياققا تاشلىنىپ ئۆزىگە زادىلا ئوق تەگكۈزمەيتتى .

— ئاناڭنى ! — دېدى سوپاخۇن خاپا بولۇپ ، — ئۆزۈم موللاق ئاتتۇرمىسام !

ئۇ قورۇلغا ئېلىپ ئاتتى ، لېكىن ئۇ يەنىلا مېڭىپ يۈرۈۋەردى .

— توختاڭلار ، ئۇنى ئۆزۈم تىرىك تۇتۇپ كېلىمەن ! — دېدى مۇختەرباي .

ئۇ جىرەن ئېتىغا سەكرەپ مىنىپ ، باشقىلار توسۇغىچە ئېتىنى قويۇۋەندەك چاپتۇرۇپ كېتىپ قالدى . بىردەمدىن كېيىن ئۇ ھېلىقى ئادەمنى باغلاپ ھەيدەپ كەلدى . ئۇ گومىنداڭ ئەسكىرى ئىكەن ، ئىسمى يارمۇھەممەت ئىكەن . ئۇ «باندىت كەپتۇ» دېگەننى ئاڭلاپ ئېرىقى دۆڭدىكى گازارمىدىن رازۋېدكىغا چىققانىكەن . ئۇ «باندىت» بايقىساڭ ئاسمانغا بەلگە ئوق ئات دېگەن بۇيرۇق ئالغانىكەن .

قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن ئۇ سول تەرەپتىكى دۆڭگە بىر جەڭچى بىلەن بىرىپ بەلگە ئوق ئاتتى . قارشى تەرەپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم باشلىدى . تاغ باغرىدا ئوقلار ۋىژىلدىدى .

شۇ كېچە ئېتىشىش باشلاندى . پارتىزانلار بىلىۋالدى : دۈشمەنلەر پارتىزانلارنىڭ تۇرار جايىنى تېخى بىلمەيدىكەن ، ئۇلار يىراقتىن قارىسىغا ئاتماقتا ئىدى . پارتىزانلار جىم تۇرىۋالدى . ئىككى زاستاپتىكىلەر بىر ـ بىرىنى دۈشمەن دەپ بىلىپ كېچىچە ئېتىشىپ چىقتى . تاڭغا يېقىن ئۇلار ئۆلۈك ۋە يارىدارلىرىنى قالدۇرۇپ قېچىپ كېتىشتى . ھەممە يەردە قان ، خەيلەر ، ئەسكى كىيىملەر چېچىلىپ ياتاتتى .

— دۈشمەنلەر بىرى پەستە ، بىرى دۆڭدە تۇرۇۋېلىپ كېچىچە بىر ـ بىرىنى باندىت دەپ تازا ئېتىشىپتۇ ! — دېدى سوپاخۇن رازۋېدكا ئەۋەتىپ ھەممىنى تەكشۈرتۇپ بىلگەندىن كېيىن باشلىقلارغا دوكلات قىلىپ ، — تاڭغا يېقىن ھەرئىككىلىسى قېچىپتۇ . قېيىر ئېغىزى ئوڭايلا ئېلىندى ، دۈشمەن تارمار قىلىندى . بىزدىن زادى چىقىم بولمىدى !

— بۇ غەلىبە دۈشمەننىڭ كۈچادىكى ئاتلىق 4 ـ پولكى بىلەن ئاقسۇدىكى ئاتلىق 5 ـ پولكىنىڭ باشلىقلىرىنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى . ئۇلار ئۈرۈمچى ـ ئاقسۇ تاشيولىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن ئۆلگۈدەك قورقماقتا . ئاقسۇدىكى بىرىنچى جەڭ غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى ! — دېدى ئابدۇكېرىم ئابباسوف ، — لېكىن ، بۇ غەلىبە كۈرەشنىڭ بىرىنچى قەدىمى . بىز ھازىر تاپىسىغا قەدەم قويدۇق . جەڭلەر ئالدىمىزدا !

— شۇمۇ جەڭمۇ ! — دېدى ئات تاتىلىغان بولۇپ باشلىقلارنىڭ گېپىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋالغان مۇختەرباي ، — توشقان ئوۋلىغاندىنمۇ ئاسانغۇ ، بىر پاي ئوق ئاتمىدىم تېخى !

— ھا ـ ھا ـ ھا !… — بىرىنچى بولۇپ قاسىمجان قەمبىرى كۈلدى ، — كېچىدە تۆپە پەنجىرىدىن چۈشۈشتىنمۇ ئاسان دەڭا !

كۆپچىلىك تېخىمۇ كۈلۈشتى . مۇختەرباينىڭ «كېچە

ئۇۋچىلىقى » توغرىسىدىكى ھېكايىلىرىگە قاسىمجان قەمبىرى بىلەن زاكىر تۆرە دەپ ئۆزبېكچە ئىسىم قويۇۋالغان رۇس ئوفىتسېرى ھەممىدىن بەكرەك قىزىقاتتى ، شۇڭا ئۇلار قاتتىق كۈلۈشتى. سوپاخۇن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ :

— بۇيرۇق ! — دەپ ۋارقىرىدى ، — دۈشمەن قاچتى ، بىر دەم ئالغۇزماي قوغلاپ زەربە بېرەيلى !

پارتىزانلار ئاتلاندى . رازۋېدكىچىلار ئىگىلىگەن مەلۇمات بويىچە ، تولۇق بىر كۈن دۈشمەن قوغلىندى . ئالتۇنقۇش ، بوزكىرە دېگەن يەرلەردىن قوغلاپ قۇزغۇل داۋىنىغىچە باردى . ئۇ يەردە دۈشمەن بىردەم ئېتىشتى ـ دە ، يەنە قاچتى . كەچتە پارتىزانلار مىسبۇلاق دېگەن چوڭ يېزىغا كىردى . دۈشمەن ئۇ يەرنىمۇ تاشلاپ قاچقانىدى . پارتىزانلارنى خەلق تولىمۇ كاتتا قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالدى .ماللار سويۇلدى ، قازانلار ئېسىلدى ، پىدائىيلار سەپكە قوشۇلدى ، پارتىزانلار تۇنجى قېتىم ئاقسۇلۇق قېرىنداشلىرى بىلەن ئۇچراشتى .

— ئىككى ئاتلىق كېلىۋاتىدۇ ! — دېدى رازۋېدكىچى ! — ئۇلار بىزنى بىلىپ قېلىپ قاچتى !

— مەن تۇتۇپ كېلىمەن ! — دەپ ئېتىغا مىندى تېزەكتۆرە ئىسىملىك قىرغىز . ئۇ رۇخسەتنىمۇ كۈتمەي ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەتتى . ئۇ بىر ـ ئىككى سائەتتىن كېيىن راستتىنلا ئىككى گومىنداڭ چېرىكىنى باغلاپ تىرىك تۇتۇپ كەلدى . چېرىكلەر ھېچقانداق سوراقسىز جاۋاب بەرمىدى . ئاباسوف ، قاسىمجان قەمبىرىلەر خەنزۇ تىلىدا سوراق قىلىسىمۇ ئۈندىمىدى . مۇختەرباي چىرايلىق چېرىكنى قامچا بىلەن غۇلچىنى كېرىپ ئۇردى :

— ۋۇي ئاناڭنى ، سەن خۇمسى خەلقنى قانچىلىك ئاني تاپتىڭ ئېيتە !

— بۇ ئىت ، مەن ئوتۇن ـ سامان ئاپارغاندا باللىرىمنى ئۇرغان ، مۇزىيىمنى ئېتىۋەتكەن ! — دەپ ئۇنىڭ ياقىسىدىن سىقىپ مۇشت بىلەن ئۇردى بىر دېھقان .

— ئەسكى گۆيلار بۇلار! — دېدى يەنە بىر دېھقانمۇ تېپىپ - ئۆرۈپ، — سۈت - قېتىقلىرىمىزنى ئىچىپ، نانلىرىمىزنى يەپ پۇل بەر دېسەك ئۇراتتى!

— ئۇر بۇ ئىتلارنى! — دەپ ۋارقىرىدى مۇختەرباي غەزەپ بىلەن. دېھقانلار تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ ئىككى ئەسكەرنى ئۇرۇپ - چەيلەپ باشلىقلار هاي - هاي دېگۈچىلا ئۆلتۈرۈپ قويۇشتى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز مۇختەرباي؟ — دېدى قاسىمجان قەمبىرى ئاچچىقلىنىپ ئاغزى - بۇرنى قانغا مىلىنىپ، كۆزلىرىنى قورقۇنچلۇق چەكچەيتىپ ياتقان ئىككى جەسەتكە قاراپ، — ئىشنى بۇزدىڭىز!

— خىتاي ئۆلتۈرگىلى كەلگەندىكىن، ئۆلتۈرمەي مېھمان قىلاتتۇقمۇ يە بۇ ئىتلارنى! — مۇختەرباي ئالىيىپ قارىدى.

— بىز خىتاي ئۆلتۈرگىلى كەلمىدۇق، گومىنداڭنى يوقاتقىلى كەلدۇق! — دېدى ئاباسوف خاپا بولۇپ.

— گومىنداڭ دېگىنىڭ خىتاي بولماي بىز خەقمىدى يە؟

— خەنزۇلارنىڭ هەممىسىلا گومىنداڭ ئەمەس، ماۋ زېدۇڭمۇ خەنزۇ، ئۇ گومىنداڭغا قارشى سوقۇش قىلىۋاتىدۇ. گومىنداڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارمۇ بار!

— گومىنداڭ دېگەننى مەن سەندىن ياخشى بىلىمەن ئۇكام هوي! — دېدى مۇختەرباي شۇئان خاپا بولۇپ، — تۈرمىدە ياتقان بولساڭ بىلەتتىڭ. ئەخمەتجان ئىككىمىز ئۈرۈمچى تۈرمىسىدە ياتقان، گومىنداڭ خىتاي، شىڭ دۇبەن دېگىنىمۇ، ۋۇ جۇڭشىن دېگىنىمۇ شۇ!

— تالاشماڭلار! — دېدى قاسىمجان قەمبىرى، — بۇنىڭدىن كېيىن مۇختەر ئاكا، بىزدىن بىسوراق دېھقانلارغا بۇيرۇق بەرمەڭ، بۇيرۇقنى سوپاخۇن بېرىدۇ، ئىمىر هاجى بېرىدۇ!

— مۇنداق دېمەمسەن، ئادەمگە ۋارقىرىغۇچە!...

پارتىزانلار مىسبۇلاق يېزىسىدا قونۇپ قالدى.

مۇختەرباي پەرىخەلەر قونغان ئۆيىنىڭ ھويلىسىدا — سۇپىدا تـوقـۇمنى ئاستىغا سېلىپ ياتتى . ئۇ نەدىلا توختىسا پەرىخەنىڭ ئـەتراپىنى چۆرگىلەيتتى . شۇنچە ئەر كىشىنىڭ ئىچىدە ئىككىلا ئـايـال ، ئـۇلارنى ھىمايە قىلىش مۇختەربايىنىڭ بۇرچى . ماتا بۇ تارانچى بايىنىڭ مەنتىقىسى .

— قىزىم خاپىغۇسەن ، سەنمۇ ئىككى خىتايىنىڭ ئۆلگىنىگە چىدىمايۋاتامسەن يە ئاۋۇ ئاداشتەك ؟

— ياق ، مەن ، مەن ··· — دۇدۇقلىدى قىز .

— دۈشمەن ئۆلتۈرمىگىنىڭگە تىت ـ تىت بولۇۋاتامسەن يە قىزىم ؟ نۇرى بىلەن بەسلىشىۋاتىسەن ـ ھە ؟

— ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتىماڭ ، مۇختەركا !

— نېمە ، چوڭ داداڭنى مۇختەركا دېگىلى تۇردۇڭغۇ كېلىن !

— مەن ھېچكىمنىڭ كېلىنى ئەمەس !

— يۈز ئۆرۈدۈڭما نۇرىدىن ؟

— مـەن ئـۇنىڭغا ئەرزىمەيمەن ! — قىز قاراڭغۇدا يىغلاپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى ـ دە ، ھويلىدىن ئۆيگە كىرىپ كەتتى .

— نېمە ، نەرىڭ كەم ئۇنىڭدىن ؟ ئۇلار جىڭنى ئالغان بولسا بىز ئاقسۇنى ئالىمىز . ئاقسۇ دېگەن جىڭدىن ئون ھەسسە چوڭ . نېمىگە يىغلايتتىڭ ! ۋاي كاساپەتەي ، تازا سېغىنغان ئوخشايدۇ ـ دە ، ئىككى ئاي خوتۇن كۆرمىگەنگە مەن چىغىمدا چىدىمايۋاتىمەن··· ھى ـ ھى ـ ھى···

ئۇ خىيال بىلەن ئوڭدا يېتىپ بىردەمدىلا ئۇخلاپ قالدى .

ئەتىسى پارتىزانلار قۇلتېغى ، قاساپتوقاي دېگەن يېزىلاردىن ئـۆتـۈپ بـايـغـا قـاراپ ماڭدى . باي ناھىيە بازىرىغا بىر يېرىم كىلومېتىر قالغاندا ، بايغا ھۇجۇم قىلىش پىلانى ئېلان قىلىندى . مەڭلىكوف قاسىم ئىزۋۋتى كۇچا يولىنى توسۇش ئارقىلىق سەھەردە بايغا ھۇجۇم قىلىش ، ئابلەت داۋۇت ئىزۋۋتى غەربتىن ياقائېرىق يـولىدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرىش ، سوپاخۇن پارتىزانلىرى بىلەن شىمالدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرىش بەلگىلەندى . ۋاقتى سەھەر سائەت

ئالته . رەھبەرلەر بىلەن ھۆكۈمەت ۋە ئارقا سەپ خادىملىرى شۇ يەردە مىدىرلىماي ساقلاپ تۇرىدىغان بولدى .

— ياق ، مەن ئابلەت داۋۇتنىڭ ئات باقارى ! — دېدى مۇختەرباي ئېتىغا مىنىپ ، — تەييارغا ھەييار بولىدىغانلاردىن ئەمەسمەن !

— بۇ دېگەن بۇيرۇق ، قالىسىز !

— ئاڭلىمايمەن ، يامىنىغا كەلسە ئات ، ئاقسۇدا بىرىنچى قېتىم ئۆلگۈچى مەن بولارمەن ناھايىتى !

ئۇ ناھىيە بازىرىدا گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە تاماق سىگنالى چېلىنغاندا ، ئات چاپتۇرۇپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن پارتىزانلار بىلەن ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەتتى .

پارتىزانلار باي ناھىيە مەركىزىدە شىلىڭ شىسەيدىن قالغان ، جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك بىر پولك ئەسكەر بار دەپ ئاڭلاپ ، ھەربىر ئەسكەر قۇربان بولۇشقا تەييارلىنىپ قەسەم بېرىپ ھۇجۇمغا ئاتلانغانىدى . ھۇجۇم بەلگىسى — بىر پاي ئوق ئېتىلدى . ئاتلىق پارتىزانلار «ھۇررا !» دەپ ۋارقىراپ ناھىيە مەركىزىگە ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ ئات چاپتۇرۇپ ، ئوق ياغدۇرۇپ ، ھەيۋە بىلەن كىردى .

گومىنداڭنىڭ ئازراقلا ئەسكىرى قالغانىكەن ، پارتىزانلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپلا ئاشلىق ئامبىرىغا قېچىشتى . ناھىيە مەركىزى ئاسانلا ئېلىندى . گومىنداڭ قوشۇنلىرى تەلەمەت داۋىنىنىڭ قىيىر ئېغىزىدىكى مۇداپىئە ئىستىھكامى تارمار بولۇش بىلەنلا ، باينى تاشلاپ ئاقسۇغا قاچقانىكەن ، ئەمەلدارلار ، ساقچىلارمۇ كېتىپ ، ئارانلا ئوتتۇزدەك مۇداپىئە قىلغۇچى خۇيزۇ ، موڭغۇل ، قازاق ئەسكەرلىرىلا قالغانىكەن .

— ۋاي ئاناڭنى ! — دېدى مۇختەرباي بۇ قېتىممۇ ، — ئوغلاق تارتقانچىلىك ھۇزۇر قىلالمىدۇق ، شۇمۇ سوقۇش بولدىمۇ !

— ئالۋان - ياساقنىڭ كۆپلۈكىدىن جان قويغۇدەك يەر تاپالماي قالغاندۇق !

— ئارخىپ ماتېرىياللارنىمۇ كۆمۈپ قاچتى!

— ئۈچ مىڭ ئەسكەرنى بىر يىل باقتۇق!

— ئىككى كۈن ئىلگىرى ئاتلىنىش پۇلى يىغقانىدۇق!

— ئاتلىنىپ قاچقان چېغى، بۇ بۇلاڭچىلار!

— ئاشلىق ئامبىرىغا مۈكۈنۈۋالغانلارنى قىرىپ تاشلايلى!

— ئوت قويۇۋېتەيلى!

— ياق، بىردىن - بىردىن دارغا ئاسايلى!

باي خەلقى ئۆي - ئۆيلەردىن چىقىپ، قىيقاس - چۇقان سېلىپ، گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى، ئەسكەرلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلماقتا! خەلق يىغا - زار بىلەن پارتىزانلارنى قۇچاقلاپ، دۇئا قىلىپ كۆرۈشمەكتە. گويا بۇنىڭدىن سەكسەن نەچچە يىل ئىلگىرى كۇچادىن چىققان راشىدىن غوجا باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار ئاقسۇغا يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن بۇ يەردىن ئۆتكەندە بولۇپ ئۆتكەن تەنتەنە خۇشاللىقى تەكرارلانماقتا، باي شەھىرىنىڭ ئۆيلىرىدە ئادەم قالمىغان، بوۋاقلارنى كۆتۈرۈشكەن سانسىز ئانىلار، قولتۇقلىرىدىن باشقىلار يۆلەشكەن بوۋاي - مومايلارمۇ كوچىلارغا چىقىشقان. ياز پەسلىنىڭ ھېچبىر كۈنى باي شەھىرى بۇنچىلىك ئاۋات بولۇپ باقمىغان.

— مەن ئىلى ئوغلانلىرى كېلىدۇ دەپ يولغا قارىغىلى يېرىم يىل بولدى!

— بىر ئايلا كەلمىگەن بولساڭلار، بىزنى بىراقلا قىرىۋېتەتتى!

— ئۈچ ئوغلۇمنى سىلەرگە ئاتىدىم. ئەسكەر قىلىۋېلىڭلار!

پارتىزانلار «باي ئازاد قىلىندى» دېگەن خەۋەرنى چاپارمەن ئارقىلىق پارتىزانلارنىڭ رەھبەرلىرىگە يەتكۈزدى. بۇ چاپارمەننىمۇ مۇختەرباي ئىدى.

— ئازاد قىلدۇق! — دەپ ۋارقىرىدى مۇختەرباي ئات ئۈستىدە قامچىسىنى پۇلاڭلىتىپ، بالىلاردەك قىيقاس سېلىپ، — گومىنداڭنىڭ ئانىسىنى كۆزىگە كۆرسەتتۇق!



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئابدۇكېرىم ئاباسوف، قاسىمجان قەمبىرىلەر ئارقا سەپ ۋە ھۆكۈمەت خادىملىرىنى باشلاپ ناھىيە مەركىزىگە كىرگەندە، كوچا - كوچىلاردا ئادەملەر قىيقاس - چۇقان سېلىپ، دۇئا - تەكبىر ئوقۇپ ئۇلارنى كۈتۈۋالدى. ئاباسوف مەسچىت ئالدىدا توپلانغان خەلققە نۇتۇق سۆزلىدى.

— ... خەلق ئۆزىگە ئۆزى خوجايىن بولىدىغان كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى! — دېۋىدى، خەلقلەر يىغا - زار، دۇئا - تەكبىرنى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىققاردى. باي ناھىيىسىگە گومىنداڭ بىر پولك ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرغان، بۇ ئەسكەرلەرنىڭ قورسىقىنى خەلق باققان. ئەسكەرلەر خەلققە چىدىغۇسىز زۇلۇم سالغان. خالىغىنىنى يېگەن، ئېلىۋالغان، پۇل تۆلىمىگەن، ئالايغاننى ئۇرغان، قارشى چىققاننى ئۆلتۈرگەن، خوتۇن - قىزلارنى خالىغىنىچە ئاياغ ئاستى قىلغان، خەلق ئاكوپ - پوتەي ياساش، ئالۋان - ياساق تۆلەش بىلەن ھالىدىن كەتكەن، خەلقتىن ئېلىنىدىغان ئالۋاننىڭ سانى ئوتتۇزغا يەتكەن، ئاتلاندۇرۇش پۇلى، سېپىل رېمونت پۇلى، خەي پۇلى، گوجەي پۇلى، روھلاندۇرۇش پۇلى، كۆكۈل ئېچىش پۇلى، داۋالىنىش پۇلى، مەشىق قىلىش پۇلى، كىيىم يۇيۇش پۇلى ... پۇقرالار ھېچنېمىسى قالماي ئاخىرقى كىگىز - پالاسلىرى ۋە ھېجىر - چۆچەكلىرىنى ئەسكەرلەرگە بېرىشكە مەجبۇر بولۇشقان. بۇ يەردە يازنىڭ تالقانتۆكتى مەزگىلىدىلا ئاچارچىلىق باشلانغانىدى.

ئاشلىق ئامبىرىغا خەلقتىن يىغىۋېلىنغان ئاشلىق ۋە باشقا بايلىق توپلانغان، نۇرغۇنلىرىنى ئەمەلدارلار ئېلىپ ئاقسۇغا قاچقان بولسىمۇ، قالغان قىسمى ھېلىھەم ساقلاقلىق ئىكەن. ئۇ يەرگە مۆكۈنۈۋالغان ئەسكەرلەرنى سۆز بىلەن تەسلىم قىلدۇرۇش ئۈچۈن ۋەكىل ئەۋەتىلدى.

ئاشلىق ئامبىرى ناھىيە بازىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىدى. ئەتراپى قورغان، پوتەي، ئوق ئاتىدىغان تۆشۈكلىرى بار مۇداپىئە ئىستىھكامى قىلىپ ياسىۋالغان بۇ جايغا ئوتتۇز نەچچە نەپەر ئاتلىق ئەسكەر يوشۇرۇنۇۋالغانىدى. خەلق ئۇ يەرنى قورشىۋالدى. ئۇلار

ئازراقلا ئېتىشىپ بۇ يەرگە كىرىۋالغان . خەلق قازا بولغان بىر پارتىزانىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ ، يارىلانغان ئاباس قارى ئىسىملىك ئادەمنى يۆلەشتۇرۇپ :

— قانغا قان ، جانغا جان ئالىمىز ! — دەپ ۋارقىراشتى .

— بىرگە ئون ، ياق بىرگە يۈز ! — دەپ ۋارقىرىدى بىلەكلىرىنى تۇرۇپ ئات ئۈستىدە ئوغلاق تارتىدىغاندەك چەبدەس بولۇۋالغان مۇختەربايمۇ ئۇلارغا قېتىلىپ ، — ئوت قويۇۋېتىمىز !

ئەلچى بولۇپ كىرىپ كەتكەن گومىنداڭدىن ئەسىر چۈشكەن ئابلا ئىسىملىك يەكەنلىك يىگىت ئاخىر قايتىپ چىقتى . ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە نەپەر ئۇيغۇر ، قازاق ، خۇيزۇ ، موڭغۇل ئەسكەرلەر قوراللىرىنى سۆرىشىپ تەسلىم بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ چىقىشتى . ئۈچ نەپەر خەنزۇ ئەسكەرمۇ بىللە چىقتى . باي ناھىيىسى پارتىزانلارنىڭ قولىغا ئۆتتى . پارتىزانلار تەركىبىدىكى ھۆكۈمەت خادىملىرى ناھىيىلىك ساقچىخانىغا ئورۇنلاشتى .

بىرىنچى كۈنىلا باي خەلقى باغلار ، ئېتىزلارغا مۆكۈنگەن ئەسكەرلەرنى ، زۇلۇمى چېكىدىن ئاشقان ئەمەلدارلارنى نە - نەلەردىن تۇتۇپ كېلىپ پارتىزان ئەترىتىگە تاپشۇرۇشتى :

— ئىسمىم مۇسا رىھىم . گومىنداڭ داڭبۇسىنىڭ ئادىمى ئىدىم . مانا كۆمۈلگەن ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى كولاپ ئەكەلدىم !

ياپياشلا بىر يىگىت ئېشەكلەرگە ئارتىلغان تاغارلارنى كۆرسىتىپ خۇشامەت بىلەن سۆزلىمەكتە ئىدى .

— گومىنداڭمىكەنا ؟ — دېدى ھەممىگە ئارىلىشىدىغان مۇختەرباي ، — ۋاھ ، ئېتىش كېرەك بۇ سۇخەنچى مەرەزنى !

— يامان ئەسكى گۆي بۇ !

— غالچا ئىت !

— ياق ! — دېدى ئابدۇكېرىم ئابباسوف قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ۋارقىراپ ، — بىز ئادەم ئۆلتۈرگىلى كەلمىدۇق . زالىم ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرغىلى كەلدۇق . گۇناھىنى تونۇپ توۋا قىلغانلار كەچۈرۈم قىلىنىدۇ ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى قورال تاپشۇرۇپ

تەسلىم بولسىلا گۇناھى سۇرۇشتۇرۇلمەيدۇ. مەيلى ئۇ قايسى مىللەت بولسۇن.

— گومىنداڭنىڭ چېرىكلىرىنى نېمىشقا ئۆلتۈرمەيدىكەنمىز!

— كومىسسارنىڭ گېپى ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقى! — دەپ ۋارقىرىدى قاسىمجان قەمبىرى ئېگىز يەرگە چىقىپ تۇرۇپ، — كىم خىلاپلىق قىلسا جازاغا تارتىلىدۇ!

خەلق جىمىدى.

شۇ كۈنى مەسچىت سەيناسىدا قۇربان بولغان قازاق يىگىتنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلدى. مىڭدىن جىق ئادەم مېيىتنى داغدۇغا بىلەن ئۇزاتتى. كەينىدىنلا جىنايىتى ئېغىر، قاتتىق قارشىلىق قىلغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ۋە يەرلىك ئەمەلدارلاردىن ئونغا يېقىن جىنايەتچى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. ئامباردىكى ئاشلىق خەلققە تارقىتىپ بېرىلدى.

ماتا - چەكمەن، رەخت ۋە باشقا بايلىقلار بىر مىڭ بەش يۈز ئېشەك بىلەن كاتتا كارۋان قىلىپ غۇلجىغا ئۇزىتىلدى.

كۇچا بىلەن ئاقسۇ ئوتتۇرىسىدىكى باي ناھىيىسىنىڭ ئاسمىنىدا ئاي يۇلتۇزلۇق يېشىل بايراق جەۋلان قىلدى. ئادەملەر يېزا - يېزىلاردىن پىيادە، ئۇلاغ مىنىپ بايراقنى كۆرگىلى، پارتىزانلار بىلەن دىدارلاشقىلى ئۇزۇلمەي كېلىشتى. باي بازىرىنىڭ كوچىلىرى ھەر خىل سوۋغاتلار ۋە ئەسكەر بولۇشنى تەلەپ قىلىشقان ياشلار بىلەن تولدى.

باينى ئازاد قىلىش جېڭىدە ئەللىك تۆت تال مىلتىق، بىر پىلىموت، نورغۇن گرانات، ئوق - دورىلار، يىگىرمە تۇياق ھەربىي ئات غەنىيمەت ئېلىندى.

پارتىزان ئەترىتىنىڭ باشلىقلىرى كەچتە سوپاخۇن نامىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇشتى. باشلىقلار يېقىنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بۇ تۇنجى ئازاد قىلىنغان ناھىيىدە تېزدىن ھۆكۈمەت، ساقچى ئورۇنلىرىنى قۇرۇپ چىقىپ، ھودۇققان گومىنداڭ ھوش - كاللىسىنى تېپىۋالغۇچە ئاقسۇغا ھۇجۇم

قىلىپ ، گومىنداڭغا تېخىمۇ قاتتىق زەربە بېرىشنى قارار قىلدى .

تەگرىتېغىنىڭ قار ـ مۇزلۇق چوققىلىرىدىن ئېشىپ ، تەلەمەت داۋىنىنىڭ قىير ئېغىزىنى مۇداپىئە قىلىۋاتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى تېزدىن ، تۈيۈقسىز تارمار قىلغان بۇ پارتىزانلار يول ۋە جەڭ ئازابىدىن قاتتىق چارچىغانىدى . قوشۇن باي بازىرىدا بىر ھەپتە دەم ئالىدىغان بولدى .

— گومىنداڭ قاتتىق چۆچۈدى . ئۇ ھازىر بىزنى تولىمۇ چوڭ قوشۇن ھېسابلىماقتا . لېكىن ، بىز مانا مۇشۇنچىلىك كىچىككىنە بىر پارتىزان ئەترىتى . دۈشمەن بىزنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىمىزنى ھەرگىز بىلىپ قالمىسۇن . ئىشپىيونلار تولا . ئۇلارنىڭ تولىسى ئۇيغۇر . سەگەك بولايلى ، خەلقنىڭ بىر تال مولكىگە زىيان سالمايلى ، خەلق بىزنى ھەقىقىي خەلق پايدىسىنى كۆزلەيدىغان ئادەملەر مۇشۇلار ئىكەن دېسۇن ! — دەپ پارتىزانلار چوڭ يىغىنىدا ئوتتۇق سۆزلىدى ئابدۇكېرىم ئابباسوف .

مۇختەرباي زادىلا ئۇخلىيالمىدى . پارتىزانلار ھېچقاچان بۇگۈنكىدەك خاتىرجەم راھەتلىنىپ ئۇخلىمىغان ، بىرلا مۇختەربايىنىڭ ئۇيقۇسى قاچقان ، كەڭ سۇپا ، يۇمشاق كىگىز ، كۆرپە ـ ياستۇق ، خۇددى ئۆيىدىكىدەك . نېمىشقا ئۇيقۇسى قاچتى ـ ھە ئۇنىڭ ؟ قاشلىرى ئويناپ تۇرىدىغان ، زىلۋا ، چىرايلىق قىز ـ چوكانلار ئۇنىڭ نەپسىنى قوزغىدىمۇ ياكى ئابباسوفنىڭ ئۆزىگە قىلغان قوپال ـ ئاچچىق سۆزىمۇ ؟ «سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىش . بۇنىڭغا ياق دېسىڭىز تەلەمەتنىڭ داۋىنى بىلەن ئۆيىڭىزگە ھازىرلا كېتىڭ !» دەيدا تېخى . مۇختەرباي بالىسىدەك تۇرۇپ تاغدىن تاش غۇلىغاندەك گۈمبۈرلەيدىغان گەپلەرنى قىلىۋاتقان چىرايلىق يىگىتكە غەزەپ بىلەن ئالىيىپ قارىۋىدى ، ئۇمۇ غەزەپ بىلەن تۇرۇلۇپ : «سېنى ئېتىۋېتەيلى دېۋىدۇق ، قاسىمجان قەمبىرى ئارىغا كىرىۋالدى !» دېدى مۇختەربايىنى سەنلەپ .

— سەن ھەزىلەك ! — دېدى ئۆمرىدە بۇنداق كەمسىتىلمىگەن

باي ئەپرەتىنى دېھقانچىسىغا ئىپادىلەپ، — نېمانچە كېرىلىسەن، نېمە قىلغىنىڭغا؟

— سېنى ئېتىشقا بۇيرۇق بېرىمەن جومۇ، لوكچەك قېرى!

— غولجىغىمۇ چىقارسەن، ئەخمەتجان، غېنى باتۇرلارغا دەپ نوخلاڭنى ئالغۇزمىسام!

ئۇ نېمىلا قىلمىسۇن زادىلا ئۇخلىيالمىدى. باي ئاسمىنى، باغلىرى، بولۇپمۇ ئايالىرى شۇنچە گۈزەل. ئۇسسۇل، ناخشىلىرىچۇ تېخى! كىچىككىنە داپ بىلەن دۇتارنى بارماقلىرىدا ئوينىتىپ تۇرۇپ ئېيتقان ناخشىسىنىڭ بېيىتلىرى خۇددى بىر چىرايلىق چوكان بەدىنىنى سىلىغاندەك مۇختەربايىنىڭ نەپسىنى تاقىلداتقىنى نېمىسى؟ ئايالىنىڭ ئويناپ تۇرىدىغان قاش - كۆزى، بىر تال ئالتۇن چىشىنى كۆز - كۆز قىلىپ يۇمۇلمايدىغان لەۋلىرى گويا مۇختەربايىنى قوينىغا چىللاۋاتقاندەك. مۇختەرباي شۇنچە خوتۇنلار بىلەن كۆڭۈل ئاچتى، لېكىن تارانچى خوتۇنلىرىدىن ھەممىنى كۆلكە - نازى بىلەن ئىپادىلەيدىغان بۇنداق خوتۇنلار چىققان ئەمەس، ياپرايدىغان يەر باي ئوخشىمامدۇ… ئۇ شېرىن خىيال بىلەنمۇ ئۇخلىيالمىدى. ئادىتى بويىچە ئۆزى ئۇچراشقان خوتۇنلارنى بىر - بىردىن ساناپ چىقتى. پاھ، ئوتتۇز ئالتە بوپتۇ، بىر مەھەللىنىڭ خوتۇنلىرىدىنمۇ جىق - ھە، بىراق، بىراق… ئۇ ئەڭ تەشنا بولغىنىدىن دەشنەم يېدى، ئۇنىڭ قەبرىسىگە يوشۇرۇنچە بېرىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قەسەم ئىچتى. بۇ خوتۇن رەيھان. قېرىندىشى زىياۋۇدۇننىڭ خوتۇنى، نۇرىنىڭ ئانىسى. ئۇنىڭ خىيالى بىردىنلا نۇرىغا كۆچتى. ئۇنىڭ ئىسمى گېزىتكە يېزىلىپتۇ. جىڭ سوقۇشىدا قەھرىمان بوپتۇ. پەرىخەنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيدۇيۇ، قىز كېلىن دېگەن سۆزنى ئاڭلىسىلا تۇرۇلىدۇ. ھەدىسىگە چىقىلغان بولسا نېمە بولاتتى. ھەدىسى ئۆلۈپ كەتسە سىڭلىسى راۋامىدۇ، دېگەن ناخشا بارغۇ… قىز ھازىر ئۇخلاۋاتقاندۇر - ھە؟ ھەممە پارتىزاننىڭ كۆزى ئۇنىڭدا. بىرى قوينىغا كىرىۋالغان بولمىسۇن، قاراپ بېقىش كېرەك.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئايغا قارىدى ، ئاي غەربكە قىيسايغان ، ھېلىقى ئورۇس قىز بىلەن پەرىخە يارىيار ھارۋىنىڭ ئۈستىدە ياتقاندىغۇ ، مۇختەرباي ئاستا ھارۋىنىڭ يېنىغا باردى . ئىككى قىز قوللىرىنى تاشلاپ ، كۆكرەكلىرىنى دىڭگايتىپ خۇددى جامالىنى ئايغا تولۇق كۆرسەتمەكچى بولغاندەك ئوڭدا يېتىپتۇ . مۇختەرباي خوتۇن جىنسلىقنى كۆرسە ھەممىنى ئۇنتۇيدۇ ، ئۇ قىزلارغا ئاچ مۈشۈك بىر پارچە گۆشكە تەلمۈرگەندەك تەشنالىق سەۋدالىقى بىلەن تەلمۈردى . پاھ ، پەرىخە راستلا پەرى ئىكەن ، ئۇنىڭ ئاپئاق يۈزىنى ئاي نۇرى تېخىمۇ ئاقارتىۋەتكەندەك ، كىرپىكلىرى مەڭزىگە تال ـ تال بولۇپ چۈشۈپ تۇرۇپتۇ . چىرايلىق يۈزى ، لەۋلىرى ، بولۇپمۇ ئاۋۇ مەيدىسى... مۇختەرباي ئىختىيارسىز قولىنى سوزدى ـ دە ، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى . «ھاي ! — دېدى ئۇ شەيتىنىغا ، — ياش ئاتمىشقا يېقىنلاپ قالدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە بالامدەك تۇرسا ، نۇرىنىڭ تۇرسا ...» ئۇ قولىنى قايتا سوزۇپ پەرىخەنىڭ ساڭگىلاپ قالغان يوتقىنىنى يېپىپ قويماقچى بولۇپ ھارۋىنىڭ چاقىنى دەسسەپ كۆتۈرۈلۈشىگە بىرى يۆتەلدى . ئۇ نېرىدا ئۆرە تۇرغان ئادەمنى كۆرۈپ :

— كېلىنىم ، كېلىد ... — دەپ دۇدۇقلىدى .

— باي ناھىيىسىنى ساقلاۋاتقان باتۇرلار سىزنىڭ كېلىنىڭىزنى ساقلىيالماسمىدى ـ ھە ، ئەنسىرىمەڭ ، مۇختەرباي .

— يېپىپ قوياي دەپ ... ھى ـ ھى ـ ھى ... قاسىمجان قەمبىرى ، سىزنىڭمۇ ئۇيقۇڭىز قاچقان ئوخشايدۇ ـ دە ؟

— شۇنداق ، مۇختەرباي ، زادىلا ئۇيقۇم كەلمىدى . تۆت تەرەپنىڭ ھەممىسى گومىنداڭ ، مۇزداۋاندىكى قورغاندا بىر پولك ، ئاقسۇدا بىر پولك ، كۇچادا بىر پولك ! بىز دېگەن تۆت تۈك ـ تۈك پارتىزان ، ئورۇس مەسلىھەتچىلەرمۇ ئۇخلىيالمىدى ، مۇختەرباي !

— ۋاھ ، گومىنداڭ دېگەن بىر توشقان ئىكەنغۇ ، بىر پاي ئوقتا ئونى ئۆلەمدۇ نېمە ، مېنى ئۇخلاتمىغان ئەنسىزچىلىك

ئەمەس ، ھېلىقى ئابدۇكېرىم دېگەننىڭ سېسىق گېپى !
— ئۇنىڭ گېپى سېسىق ئەمەس ، ئۇ دېگەن ھەربىي ئىنتىزام . سىز ، خەلققە ئادەم ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق بەردىڭىز ، بۇنداق ھوقۇق سىزدە يوق !
— ئۆلتۈرۈشكە ھوقۇق بولمىسا مىلتىقنى نېمىگە بەردىڭلار ئەمىسە ؟
— جەڭدە ئۆلتۈرۈڭ ، ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ - دە .
— ئۇۋۇ ئىتلىرىمۇ توشقان - تۈلكىلەرنى بەزىدە بوغۇپ قويىدۇ ، ئەپەندىم ، — مۇختەرباي نۇرغۇن ئىش كۆرگەن . ئۇۋۇ ئىتلىرى ھارام توشقاننى چىشلەپ ئەكەلسىمۇ ئىتنى ماختاپ مۇكاپاتلاپ گۆش بېرەتتى ، — مېنى ئاتمەن دەيدا تېخى ئۇ ھەزىلەك !
— ھاي ، ھاي ! — دېدى قاسىمجان قەمبىرى باينىڭ مۇرىسىگە قولىنى قويۇپ ، — ئۇنىڭ ئورنىدا ئەخمەتجان بولسىمۇ ، مېنى باتۇر بولسىمۇ شۇنداق دەيتتى ، مۇختەرباي ئاكا ، پولاتتەك ئىنتىزام ئاستىدا ئالتۇندەك غەلىبە ياتىدۇ دېگەن گەپ بار . نامىمىز پارتىزان ، لېكىن بىز يېڭى قۇرۇلغان ھۆكۈمەتنىڭ مۇنتىزىم ئارمىيىسى . ئېلىخان تۆرەم شۇنىڭ ئۇچۇن مارشال . ئاباسوفمۇ سىياسىي كومىسسار !
— لېكىن ، ئۇ خىتايغا ئامراقكەن ، ھېلىمۇ دادىسىنى خىتاي ئۆلتۈرگىنى !
— ياق ، ياق . بۇ گېپىڭىز خاتا . ئۇ دۈشمەنگە ناھايىتى ئۆچ . چوڭ - چوڭ غەلىبە ئۈچۈن توغرا ، ئۇنىۋېرسال سىياسەت كېرەك . گومىنداڭنىڭ ئەسكەرلىرى بىز تەرەپكە ئۆتۈپ ، گومىنداڭغا ئوق ئاتسا ياخشى ئەمەسمۇ ، بىزنىڭ كۈچىمىز زورىيىدۇ ئەمەسمۇ ؟
— بىز دېگەن بىز خەق ، گومىنداڭ دېگەن كاپىرلار .
— ياق ، خاتا گەپ ، بىز تەرەپتىمۇ كاپىرلار بار . گومىنداڭ تەرەپتىمۇ مۇسۇلمانلار بار . مۇختەرباي ، سىز ئابدۇكېرىم

ئابباسوفنى تىللىماڭ ، بۇنداق قىلىۋەرسىڭىز راستتىنلا جازالىنىپ قالىسىز ! كۆزىڭىز بىلەن كۆردىڭىز ، گومىنداڭدىن نۇرغۇن ئۇيغۇر ، قازاق ، تۇڭگانلارمۇ ئەسىر چۈشتى . بۇنداق خاتا تونۇشتا چىڭ تۇرۇۋالماڭ - ھە !

قاسىمجان قەمبىرى قارا بۇرۇت ، ئوچۇق چىراي يىگىت ئالدىراپ باغقا ماڭدى . ھەممىلا جايدا ئادەملەر خورەك تارتماقتا . قوچىقىدا مىلتىق ، ھارغان گەۋدىلىرىنى بولۇشىغا ئازادە تاشلاپ خاتىرجەم ئۇخلاۋاتقان پارتىزانلارغا قاراپ ، مۇختەربايىنىڭ بىردىنلا كۆڭلى يۇمشىدى ، ئۇنىڭ ئابدۇكېرىم ئابباسوفتىن ئەپۇ سورىغۇسى كەلدى ، لېكىن ئۇنىڭ غۇرۇرى يول قويمىدى . ئۇ ھاياتىدا ھېچكىمدىن ئەپۇ سورىغان ئەمەس ، ھېچكىمگە يىلىنىپ - يالۋۇرۇپ باققان ئەمەس ، ھەتتا ما خۇسەنىڭ ئەسكەرلىرىگىمۇ ، ئۇرۇمچى تۈرمىسىدىكى گومىنداڭ پايلارغىمۇ ئېگىلىپ ، تىز پۈككەن ئەمەس . ئۇ ھاياتىدا ئەڭ قاتتىق گەپنى مۇشۇ ئابدۇكېرىم دېگەن يىگىرمە تۆت ياشلىق بالىدىن ئاڭلىدى . ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ چوڭىمۇ ئوتتۇزغا بېرىپ قالدى . ئۆزى بىللە ئەكەلگەن ئۈچىنچى ئوغلىمۇ يىگىرمىدىن ئاشتى . دادىسىدەك ئادەمگە ئاتمەن دەپ ھەيۋە قىلغان بالىدىن يەنە ئەپۇ سورىسا ، مۇختەرباي قانداقسىگە بىر مەھەللىنىڭ ھۆكۈمرانى بولالايدۇ .

ئۇ خىيال بىلەن ھارۋىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالدى .

ئەتىسىدىن باشلاپ ناھىيىنىڭ دىندارلىرى داموللا رازىيوفنىڭ ئەتراپىغا ؛ زىيالىيلار ، يەرلىك ئەمەلدارلار قاسىمجان قەمبىرى بىلەن ئابباسوفنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ ، گومىنداڭنىڭ زۇلۇمىدىن شىكايەت قىلىپ ، خەلقنىڭ مىننەتدارلىقى ، خۇشاللىقىنى بايان قىلىشتى . يۈز نەچچە يىگىت ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىندى . ئۇزۇن ئۆتمەيلا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلدى . غەلىبە تويى تولىمۇ داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى . سايلام بولۇپ دىنى زات ئوسمان داموللام ھاكىم ، ئىسمايىل قازى مۇئاۋىن ھاكىم بولۇپ سايلاندى . مۇختەرباي دىندارلارغا ئانچە ئىخلاس قىلمايدىغان ئادەم بولغاچقا ،

بۇ ئىشلارغا قىزىقمىدى. غەلىبە تويىدا ئابدۇكېرىم ئابباسوف سەھنىگە چىقىپ نەچچە مىڭ كىشىگە سۆز قىلدى:

— گومىنداڭ جاللاتلىرى بىزنى ئادەم قاتارىدا كۆرمىدى. خالىغىنىچە بۇلاپ ـ تالىدى. بىزنىڭ هايات كەچۈرۈش هوقۇقىمىزنىمۇ دەپسەندە قىلدى. بىزنىڭ قان ـ تەرىمىز بەدىلىگە ئۆزلىرى راهەت ـ پاراغەت كۆردى. شىنجاڭنى قانخورلار هۆزۈر كۆرىدىغان، هالال تەر تۆككۈچىلەر خورلىنىدىغان بىر ئادالەت، پاراغەت، هۆررىيەت يوق، قۇياش نۇرى مەڭگۈ ئىللىتمايدىغان ماكان قىلماقچى بولۇشتى. پۈتۈن دۇنيادا ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمەنلىرى جازالاندى. گىتلېر، مۇسسولىن، ياپون ئالۋاستىلىرى ئەنە شۇنداق خەلق دۈشمەنلىرى. ئادەمنى ئادەم ئەزمەيدىغان، هەممە ئادەم مىللەت ئايرىماي، ئىرق ئايرىماي، باياشات، ئەركىن ياشايدىغان جەمئىيەت قۇرۇش بىزنىڭ مەقسىتىمىز!

ئۇنىڭ گەپلىرى خەلقلەرگە تازا ياقتى. لېكىن، مۇختەربايغا ئانچە ياقمىدى. نېمىشقا ئۇ باشقىلاردەك، مەسىلەن، ئېلىخان تۆرەمدەك «خىتايلارنى يوقىتىمىز» دېگەندەك گەپلەرنى قىلمايدۇ، نېمىشقا ئۇ ئادەمنى ئادەم ئەزمەيدىغان دېگەن گەپنى قىلىدۇ، «بىر مىللەتنى يەنە بىر مىللەت ئەزمەيدىغان» دېيىش كېرەك ئىدى ـ دە...

يەنە نۇرغۇن باشلىقلار سايلاندى. ياسىن ئاخۇن دېگەن ئادەم ساقچى باشلىقى بولدى. ئۇ ئادەم خام سېمىز، قېشى قويۇق، بۇرنى يوغان بولغىنىنى بىلەن، خوتۇنى قالتىس چىرايلىق، ئۇ مۇختەربايىنىمۇ هۆرمەتلەپ ئۆيىگە چاقىرىپ مېهمان قىلغانىدى. بىر شائىر شېئىر ئوقۇدى، ئۇنىڭ شېئىرلىرىمۇ مۇختەربايغا ياقتى.

جەنۇبىي شىنجاڭدا گومىنداڭ ئاغدۇرۇلغان، خەلق هاكىمىيىتى قۇرۇلغان تۇنجى ناهىيە باي ناهىيىسى بولۇپ قالدى. بايدىن غۇلجىغا بارىدىغان ئۆمەك قۇرۇلدى. بۇ ئۆمەكنى باشلاپ مېڭىشقا قاسىمجان قەمبىرى مۇختەربايىنى كۆرسەتتى.

— بارمايمەن! — دەپ ۋارقىرىدى مۇختەرباي ئورنىدىن

چاچراپ تۇرۇپ، — مەن دېگەن خوتەنگىچە بارىدىغىنى، ما خۇسەنىنىڭ ئېتىنى بېقىپ بارىمەنۇ، گومىنداڭنى يوقاتقىلى بارمامدىمەنا!

پارتىزانلار بايدا بىر ھەپتە تۇرۇپ، ئاخىر ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئاتلاندى. گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى پارتىزانلارنى تۆت يۈزدىن جىق ئىكەن دەپ قورقۇپ، ئاقسۇدا، كوچادا قاتتىق مۇداپىئەگە كىرىشكەنىكەن. يېقىندا تۇتۇلغان بىر ئىشپىيون بۇنى ئاشكارىلىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ھازىر گومىنداڭ پارتىزانلار ئاۋۋال ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلارمۇ، كوچاغا ھۇجۇم قىلارمۇ دەپ تىنىڭ تىڭلاۋېتىپتەك!

پارتىزانلار بايدىن ياقىئېرىققا چېكىنىپ چىقتى. باشلىقلار ئۇ يەردە يىغىن ئاچتى، ئۇزاق مۇزاكىرە قىلىشتى، ئاخىر سوپاخۇننىڭ تەكلىپى ماقۇللاندى: ئاۋۋال مۇزات قورغىنىنى ئالىدىغان بولدى. ئۇنداق قىلمىسا، شىمالنىڭ يولى توسۇق تۇرسا ياردەمگە كېلىشمۇ، زۆرۈر بولغاندا چېكىنىشمۇ تەس بولىدىكەن. بۇ ئىش مۇتلەق مەخپىي ئىدى. مۇختەرباي پوسۇرلاپ يۈرۈپ بۇنىمۇ ئاڭلىۋالدى ۋە ھەربىر پارتىزاننىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ: «بۇ مېنىڭ پىلانىم. مەن بۇ پىلاننى سوپاخۇنغا دېگەن» دەپ ئاشكارىلاپ بولدى.

— ياقىئېرىق تۇزلەڭدە، ئاقسۇدا بىر ئاتلىق پولك، ئاۋۇ ياقتا كوچادا يەنە بىر ئاتلىق پولك. مۇزات قورغىنىدىمۇ بىر پولك بار ئىكەن. ئۈچ ياقتىن قورشاپ ھۇجۇم قىلسا ئانىمىزنى كۆرىمىز. تاغ باغرىدىكى قىزىلبۇلاققا كۆچەيلى، ئۇ يەر قورغانغا يېقىن، ھۇجۇم قىلىشقا ئاسان دېگەن تەكلىپنىمۇ مەن بەردىم، ھېچكىمگە دېمە جۇمۇ! — دېگەن گەپنىمۇ مۇختەرباي ھەممە پارتىزانغا دەپ بولدى.

پارتىزانلار كېچىدە قىزىلبۇلاققا كەلدى، تاغ باغرىدىكى كىچىككىنە يېزا ئاتلىقلار بىلەن تولدى. باشلىقلار پارتىزانلارنى جايلاشتۇرۇپ قويۇپ جىددىي يىغىن ئاچتى. بۇ يىغىنغا قاسىمجان قەمبىرى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قۇربانجان، سوپاخۇن، ئىمىر

ھاجى ۋە ئىسكەندەر، زاكىر تۆرە دەپ ئىسىم قويۇۋالغان بىر رۇسمۇ قاتناشتى. بۇ يىغىندا دېيىلگەن گەپلەردىن مۇختەرباي خەۋەرسىز قالدى. ئۇ بىر ئايالنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىغىلى كەتكەنىدى.

— ھۇجۇم قورغاندىن باشلانسا مۇۋاپىق! — دېدى سوپاخۇن.

— ئۇچتۇرپانغا ئايلىنىپ ئۆتسەك! — دېدى ئابباسوف، — ئۇ تەرەپ سوۋېتقا يېقىن. ياردەم ئېلىشقىمۇ، چېكىنىشكىمۇ ئەپلىك!

جىمجىتلىق، رۇسلارمۇ جىمىپ قېلىشتى.

— شۇنچە جىق قوراللىق ئادەمنى سوۋېت چېگرا قاراۋۇللىرى ئۆتكۈزەرمۇ؟ ئۆزىمىزگە تايانغىنىمىز ياخشىراقمىكىن؟ — دېدى سوپاخۇن ۋە ئىككى رۇسقا قاراپ قويدى.

— غوجانىيازنىڭ ئەسكىرى بولغاچقا ئېھتىيات قىلىسىز ـ دە، — دېدى قاسىمجان قەمبىرى، — غوجانىيازنىڭ ساۋاقلىرى ـ ھە؟

— مەن سوپاخۇننىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن، — دېدى ئىسكەندەر ئىسىملىك كۆك كۆز، بودور چاچ، سېرىق بورۇت رۇس يىگىت، — قورغاننى ئىگىلەيلى. سوۋېت چېگراسىدىن يىراق تۇرايلى.

سوپاخۇن خەرىتىسىنى يايدى. ئۇ ئەمدىلا سۆز باشلىۋىدى، قاراۋۇل كىرىپ:

— يىراقتا ئىككى ئاتلىق كېلىۋاتىدۇ! — دەپ خەۋەر قىلدى.

— تىرىك تۇتۇڭلار! — دېدى سوپاخۇن بۇيرۇق بېرىپ، — تۆت ئاتلىق ئادەم بېرىپ تۇتۇپ كەلسۇن، ئۆلتۈرۈپ قويماڭلار!

ئاتلىقلار ئەمدىلا قوزغىلىشقا ئىككى ئاتلىق سېزىپ قېلىپ قاچتى. ئاتلىقلار قوغلاپ كەتتى. قوغلىغانلارنىڭ بىرى يۈگۈرۈك جىرەن مىنگەن مۇختەرباي ئىدى.

بىردەمدىن كېيىنلا پارتىزانلار ئىككى ئاتلىقنى تۇتۇپ كەلدى. ئۇلار سوراق قىلىندى، ئۇلار كادىشىڭ (قادىر)، ئاچىڭگۇڭ (ئابدۇرېھىم) دەپ خەنزۇچە ئىسىم قويۇۋالغان ئۇيغۇر يىگىتلەر

ئىكەن . ئۇلار ئاقسۇدىن بىر پولك ، كۇچادىن بىر پولك «باندىت» تازىلىغۇچى ئەسكەر كېلىۋاتقانلىقىنى قورغانغا خەۋەر قىلىشقا ماڭغان ئالاقىچىلەر ئىكەن . ئۇلار پارتىزانلارغا قوشۇلدى.

— ئۈچ يۈز ـ تۆت يۈز مېتىرغا بارا ـ بارمايلا بىرىنچى بولۇپ مەن يېتىپ باردىم ، راست ـ هە ، قالى . بىرىنچى بولۇپ مۇنۇ ئاق سېرىقنى ئاتتىم مەن يۇلۇۋالدىم ، مەن دېگەن ئوغلاقچى ـ دە !

بۇ قېتىم باشلىقلار مۇختەربايدىن رازى بولۇشتى . ئۇنىڭ دېگەنلىرى راست ئىدى .

ئابدۇرېھىم ، قادىر ئىسىملىك كۆك ماتادىن ھەربىي كىيىمى كىيگەن ئىككى يىگىت بىر دەمدىلا ۋەھىمىدىن قۇتۇلدى . «باندىت» دېگەن تەشۋىقاتنىڭ مەنىۋى تەسىرى قوناق ئۇمىچى بىلەن قورساق تويغۇزغاندەكلا بىر ئىش ئىكەن . ئابدۇرېھىم يانچۇقىدىن بىر خەتنى چىقىرىپ سوپاخۇنغا بەردى ، ئابدۇكېرىم ئاباسوف خەتنى ئوقۇدى . خەت خەنزۇچە يېزىلغانىدى : «ۋاڭ لىيەنجاڭ ! بىز ئاقسۇ ئاتلىق 5 ـ پولكتىن ئوغرىلارنى يوقاتقىلى يولغا چىقتۇق . باندىتلار قىزىلبۇلاقتا كەپتۇ . بۇ يەر ئۇلارنىڭ قەبرىسى ، بىز باندىتلارنى قىزىلبۇلاق ، بوزدۆڭلەردە پۈتۈنلەي يوقىتىمىز . ئۇلار سىلەرگە ھۇجۇم قىلماقچى . بىز بارغۇچە قورغاننى قولدىن بەرمەڭلار . خۇتۇەنجاڭ ئىككى لىيەن ئەسكەر بىلەن ياردەمگە ماڭدى . كۇچادىنمۇ بىر پولك ئاتلىق ئەسكەر يولغا چىقتى . بەك قورقۇپ كېتىپتىمىز . باندىتلار ئىككى يۈزدەكلا ئادەم ئىكەن . ئۇرۇمچى ـ ئاقسۇ تاشيولى توسۇلۇپ قالمىسۇن دېگەن بۇيرۇق بار . قورغاننى ھەرگىز قولدىن بەرمەڭلار ، بىز ئىككى ياقتىن قورشاپ باندىتلارنى پۈتۈنلەي يوقىتىمىز !... پولكوۋنىك جاۋخەنچىڭ» خەت ئوقۇلۇپ بولۇۋىدى ، ئىسكەندەر ئەپەندى بىلەن زاكىر تۆرە — ئىككى رۇس ئوفىتسېرى تەڭلا يۈگۈرۈپ كېلىپ سوپاخۇننى قۇچاقلاپ :

— دانا ، دانا ! — دېيىشتى ، — سىز دېگەندەك ، ئالدىمىزدىن ، كەينىمىزدىن ئىككى پولك ئاتلىق ئەسكەر كېلىۋېتىپتۇ . قورغاندىمۇ دۈشمەن ، بىز قورشاۋدا قاپتىمىز !

— بىردىنبىر يول قورغانغا ھۇجۇم قىلىپ غۇلجا يولىنى ئېچىش ! — دېدى قاسىمجان قەمبىرى . ئابدۇكېرىم ئابباسوفمۇ بىلىدىكى رىمۇنىنى چىڭىتىپ قويۇپ ئېيتتى ، — دۈشمەن يېتىپ كەلگۈچە قورغاننى ئىگىلەپ ، شۇ يەردە مۇداپىئەلىنىشىمىز كېرەك !

پۈتۈن قوشۇن جىددىيلەشتى . مىلتىقلار ئوقلاندى ، گراناتلار تارقىتىلدى ، قورغانغا يېقىنلاپ بارغان پارتىزانلارنىڭ بىرىنچى ھۇجۇمى غەلىبىلىك بولمىدى . جىمجىت تاغ ئېغىزىدا مىلتىقلار ، قول بومبىلىرى تاڭ ـ تۇڭ ، گۇمباڭ ـ گۇلدۇر ئاۋاز چىقاردى . كېچە ، دۈشمەنلەرنىڭ ئوت توچكىلىرىنى بايقىماق تەس بولدى . پارتىزانلار ئىلگىرىلەپ ماڭالمىدى . كېچىچە ئېتىشىش داۋام قىلدى . دۈشمەنلەر سېپىل ئالدىدىكى پوتەي ، ئاكوپلىرىدىن قورغان ئىچىگە چېكىندى ، لېكىن قورغان سېپىلىنىڭ ئوق توچكىلىرىدىن پىلىموت ، مىلتىقلار ئەجەل ئوقى چاچرىتىپ پارتىزانلارنى زادىلا ئىلگىرىلەتمىدى . پارتىزانلار پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سالدى ، لېكىن قورغاننىڭ يېنىغا بارالمىدى . تاڭ ئاتقاندا ئۇلار چېكىندى . ئاقسۇدىن كېلىۋاتقان دۈشمەننى توسۇپ يوقىتىش ئۈچۈن مۇز ئاۋاتقا قاراپ سىلجىدى . پارتىزانلار چارچاپ ھالىدىن كەتتى . روھسىزلىنىش ، ئۈمىدسىزلىنىش كەيپىياتىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئابباسوف غولسۇننىڭ بويىدا تاماقتا ئولتۇرغاندا نوتۇق سۆزلىدى :

— ھەرقانداق غالىب قوشۇننىڭمۇ مەغلۇبىيىتى بولىدۇ . ئازادلىق ئارمىيە يىگىرمە بەش مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەرنى بېسىپ يەنئەنگە كەلگۈچە ، ناھايىتى ئاز قىسمىلا ھايات قالغان . سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىمۇ مەغلۇپ بولغان . لېكىن ، مۇھىمى ئاخىرقى غەلىبە . بىز مەغلۇپ بولمىدۇق . بىز قورغاننى چوقۇم ئالىمىز ، ئاقسۇنىمۇ ئالىمىز ، پۈتۈن شىنجاڭنى گومىنداڭنىڭ قولىدىن تارتىۋالىمىز !

پارتىزانلار كومىسسارنىڭ سۆزى بىلەن قايتا روھلاندى . پارتىزانلار تاغ باغرىدا ئاستا ـ ئاستا ئىلگىرىلىدى . نامازدىگەر

ۋاقتى بىلەن مۇزئاۋاتقا يېتىپ باردى. ئۇ يەردە ئاقسۇدىن كېلىۋاتقان دۈشمەننى توسۇپ يوقىتىش ئۈچۈن پىستىرما تەييارلىدى. مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى بېكىتتى. يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە دۈشمەن ئەسكەرلىرى ماشىنا بىلەن يېتىپ كەلدى. ئارقىدىنلا ئاتلىق ئەسكەرلەرمۇ كېلىشتى. دۈشمەن پارتىزانلارنىڭ تۇزئاۋاتقا ئالدىن كېلىپ كۈتۈپ ياتقىنىنى بىلمىگەچكە بەخىرامان يېزىغا كىرىپ كەلدى. پارتىزانلار تۇيۇقسىزلا پۈتۈن كۈچى بىلەن ھۇجۇم قىلىشۇدى، دۈشمەن ئالاقزادە بولۇپ پىتىراپ كەتتى. يورۇق چۈشكۈچە قاتتىق سوقۇش بولدى. تاڭ ئالدىدا دۈشمەن نۇرغۇن جەسەت ۋە قوراللىرىنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. پارتىزانلار تېزلىك بىلەن يەنە قورغانغا قايتىپ كەلدى. قورغاندىكى دۈشمەن مىدىرلىماي يەردەمگە كېلىدىغانلارنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن.

— سوپاخۇن تاكتىكىدا پىشقانىكەن! — دېدى ئىسكەندەر ئەپەندى. كۆپچىلىك سوپاخۇننى ماختاشتى.

— ھەرىكەتچان ئۇرۇش دېگەن مۇشۇ! — دېدى ئابباسوفمۇ خۇشال بولۇپ، — ماۋ زېدۇڭنىڭ تاكتىكىسى.

— بىزنىڭ غوجانىياز ھاجىممۇ جىن شۇرېنىنىڭ ئەدىپىنى مۇشۇ تاكتىكا بىلەن بەرگەن، — دېدى سوپاخۇن روھلىنىپ، — مەن بۇيرۇق بېرىمەن. قورغانغا ئۇدۇل ھۇجۇم قىلىش ئۇنۇم بەرمىدى. تېزەكتۆرە، سەن ئۇن نەپەر خىل پارتىزاننى باشلاپ…

— بىرىنچىسى مەن! — دېدى مۇختەرباي، كۆپچىلىك كۈلۈشتى.

— ياق، سىز توختاڭ، — دېدى سوپاخۇن ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ سول قولىنى بېلىدىكى رىمۇن پوتىغا تىرەپ تۇرۇپ، — تېزەكتۆرە ئارقا يول بىلەن بوزدۆڭگە ئۆتىدۇ. ئۇ يەردە قىرغىزلار باركەن. تېزەكتۆرە ئۆز مىللىتى ئىچىدە تېز قوللاشقا ئېرىشىدۇ. مەن قىزىلبۇلاقتىن ھۇجۇم قىلىمەن. مەڭلىك قاسىم ئىنزۋوتى قارىباغ يېزىسى ئارقىلىق كونچىقىشقا ئۆتۈپ بىقىنىدىن ھۇجۇم قىلىدۇ!

— ناھايىتى ياخشى ! — دېدى ئابباسوف دەرھال قوللاپ ، — تېز ھۇجۇم قىلىپ ، تېز ئىگىلىمىسەك ، دۈشمەنلەر كۈچيا ، ئاقسۇدىن كېلىپ قالسا قورشاۋدا قالىمىز . چارچىدۇق ، قىينالدۇق ، ئەمما خەلقىمىزگە خىزمەت كۆرسىتىدىغان پۇرسەت نەق مانا مۇشۇ !

قىزىلبۇلاق بىلەن قورغان ئارىسى تۆت - بەش كىلومېتىر . ھۆكۈمەت ، ئارقا سەپ شۇ يەردە قالدى . پارتىزانلار ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ ھۇجۇمغا ماڭدى .

— بۇگۈن چوقۇم قورغاننى ئىلىش كېرەك ! — دېدى ئابباسوف كوماندىرلارغا ئاخىرقى قېتىم ، — دۈشمەن ياردەمگە كېلىشتىن بۇرۇن چوقۇم ئالايلى !

— مەن بارمىسام قىيىن ! — دېدى مۇختەرباي ئېتىغا سەكرەپ مىنىپ ، ئۇنىڭ دۈمبىسىدە مىلتىق ئىستۈۋلى پارقىرىدى .

مۇختەرباي سوپاخۇننىڭ كەينىدىن ئات چاپتۇرۇپ كېتىپ قالدى .

سوپاخۇن ئالدىن بىر قىسىم كۈچنى ھۇجۇمغا سالدى . قورغاندىكى دۈشمەن پۈتۈن دىققىتىنى ئالدىدىكى ھۇجۇمغا قاراتتى . سوپاخۇن سولدىن تاغقا يامىشىپ چىقىشقا باشلىدى . ئۇنىڭ پارتىزانلىرى ئىچىدە مۇختەرباي مۇ بار ئىدى . سوپاخۇن كاتتا مەرگەن ، ئۇ تاشنىڭ دالدىسىدا تۇرۇۋېلىپ قورغان ئىچىدە كۆرۈنگەنلا دۈشمەننى تىك چۈشۈرۈۋەردى . ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇۋالغان مۇختەرباي ھەر قېتىم دۈشمەن يىقىلغاندا :

— ئوغۇل بالا ، يارايسەن ! — دەپ ۋارقىرايتتى . ئۇ مەخسۇس سوپاخۇننىڭ زاپاس مىلتىقىغا ئوق سېلىپ بەردى .

قورغان دەرۋازىسى ئۈستىدىكى ئېگىز پوتەيدىن دۈشمەننىڭ ئىستانكىۋاي پىلىموتى تىنىمسىز ئوق ئاتماقتا ئىدى . ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلغۇچىلار دۈشمەندىن بوش قالغان ئاكوپلارنى ئىگىلىدى ، لېكىن سېپىلغا يېقىن كېلەلمىدى . سوپاخۇن ئۆزۈن يىللىق

جەڭچى كۆزى بىلەن دۈشمەنلەرنىڭ قورغان كەينىگە چېكىنىۋاتقىنىنى بايقاپ قالدى . تۆۋەندىكىلەرگە خەۋەر قىلىش كېرەك ئىدى . ئۇ بەلگە ئوقى ئاتتى ، خەۋەر بولمىدى . ئۇلار «دۈشمەن قاچتى !» دەپ ۋارقىرىسىمۇ ئاڭلانمىدى . سوپاخۇن پىلىموت ئېتىلىۋاتقان تۆشۈككە قارىتىپ ئۈچ پاي ئوق ئېتىۋىدى ، پىلىموت توختىدى . مۇختەرباي خۇددى تاغدىن تاش غۇلىغاندەك ۋارقىرىغىنىچە تۆۋەنگە يۈگۈردى :

— ھۇجۇم قىلايلى ! دۈشمەن قاچتى !

ئۇنىڭ بوم ئاۋازى تاغلاردا ئەكس سادا پەيدا قىلدى . «ھوررا !» خۇددى تۇيۇقسىز ساي - سايدىن كەلكۈن كەلگەندەك كۈچلۈك سادا ياڭرىدى . پارتىزانلار سېپىل دەرۋازىسىغا يۈگۈردى . دەرۋازا ئوڭايلا ئېچىلدى ، پارتىزانلار سېپىل ئىچىگە تەرەپ - تەرەپتىن «ھوررا !» بىلەن بېسىپ كىردى .

سېپىل دەرۋازىسى ئۈستىدىكى پىلىموتچى قولىنى كۆتۈرۈپ پارتىزانلارنىڭ ئالدىغا چىقتى . ئۇ گومىنداڭ ھەربىي مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن ئىزۋوت كوماندىرى سۇلتان ئىسىملىك قازاق يىگىت ئىدى .

— گومىنداڭدىمۇ ئۇيغۇر ، قازاقلار باركەنا ! — دېدى مۇختەرباي ھەيران بولۇپ ، — خىتايچە ئىسمىڭ نېمە ھوي ؟

— سۇ جاڭفا !

— ھازىردىن باشلاپ ، سەن سۇلتانبېك ، تاشلا ئاۋۇ مايماق شەپكەڭنى !

قازاق يىگىتنىڭ كىيىملىرى قان ، ئېڭىكى كۆكىرىپ قارىداپ كېتىپتۇ . سوپاخۇننىڭ ئوقى ئۇنىڭ ئېڭىكىگە تېگىپ چىشلىرىنى چېقىۋەتكەنىكەن .

— بىزنى ئېتىشقا زورلىغان مۇشۇ سۇ جاڭفا !

— ئاخشام تەسلىم بولايلى دېسەك بىزنى ئۇرۇپ !...

— گومىنداڭنىڭ گېنېرالى بولىمەن دېگەن تېخى !...

— ۋوي ئىت ! — دېدى مۇختەرباي ، — ئۇ ، ئۇ ! ... —

دەپ توختاپ قالدى . ئۇنىڭ يېرىم ـ يارتا سۆزىنى گومىنداڭنىڭ ئۇيغۇر ، قازاق ئەسكەرلىرى بۇيرۇق دەپ چۈشەندى ـ دە ، سۇلتان ئىسمىلىك قازاق يىگىتنى تەرەپ ـ تەرەپتىن مىلتىق پاينىكى بىلەن بېشىغا ئۇرۇپ ، بىردەمدىلا ئۆلتۈرۈپ قويۇشتى .

پارتىزانلار قورغاننى ئالدى ، قورالLARنى يىغدى ، ئەسىرلەرنى توپلىدى ، پاكار ـ پاكار ئۆيلەرنى بىر ـ بىردىن ئاختۇرۇپ چىقتى .

پارتىزانلار قورغانغا تولۇق كىرىپ بولدى . ئاشپەزلەر قازان قاينىتىپ ، ئۇ يەردىكى ئۇن ـ گۆشلەر بىلەن غىزا ئېتىشتى .

ئىككى سائەتتىن كېيىن ، قاراۋۇللار كۆچادىن كېلىۋاتقان دۈشمەن يېقىنلاشتى دەپ خەۋەر ئەكىردى .

— پاھ ، ئىككى سائەت تەقدىرىمىزنى ئۆزگەرتىۋەتتى ! — دېدى ئاباسوف ھاياجان بىلەن ، — سوپاخۇنغا رەھمەت ، پەرىزى توغرا چىقتى ، مانا قورغاننى تېز ئالغاننىڭ پايدىسى !

— ما تۈەنجاڭ ئامېرىكا قوراللىرى بىلەن قوراللانغان بىر پولك ئەسكەر بىلەن كەپتۇ ، مەن ئىككى يۈز نەپەر پارتىزاننى تالliۋالدىم ، ئالدىنقى سەپكە ئۆزۈم بارىمەن ! — دېدى سوپاخۇن . ئۇنىڭ كىيىملىرى لاي ـ توپا ، چىرايى ئۇيقۇسىزلىقتىن تاتىرىپ كەتكەنىدى .

— سىز چارچاپ قالدىڭىز ، ئىمىر ھاجى بارسۇن ! — دېدى قاسىمجان قەمبىرى .

— ياق ، مەن بارمىسام بولمايدۇ . بۇ بىر ھەل قىلغۇچ جەڭ !

— سوپاخۇن بارسۇن ! — دېدى ئىسكەندەر ئەپەندى ، — كۆچادىن كەلگەن 4 ـ ئاتلىق پولك شىڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى ، سوۋېت ئوفىتسېرلىرى تەربىيىلىگەن . ئۇنىڭغا غوجانىياز ھاجىنىڭ ئىسكادىرون كوماندىرى بېرىپ تاقابىل تۇرمىسا بولمايدۇ !

ئۇنىڭ گېپىنى ھېچكىم يىرالمايدۇ . پارتىزانلار بۇ ئىسكەندەر ئىسىملىك ئادەمنى سوۋېت ۋەكىلى دەپ چۈشىنەتتى !

— سوپاخۇن ئۇكا ، مېنى ئايرىپ قويغىنىڭىز

نېمىسى هوي ! — دېدى مۇختەرباي روھسىزلىنىپ ، — ئېيتىڭا ، مەن كىمدىن كەم هوي ؟

— ماقۇل ، مېڭىڭ ! — دېدى سوپاخۇن قورغاننى ئېلىشتا يارىدىمى تەگكەن ئادەمنىڭ مۇرىسىگە قولىنى قويۇپ ، — قېنى كەتتۇق !

چەۋەندازلار ئاتلىرىنى ئويناقلىتىپ چىققاندا ، قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى تاغ چوققىلىرىدا قورام تاشلارنى سۆيۈپ ، شۇ كۈنلۈك ئىشنى ئاخىرلاشتۇرماقتا ئىدى . ئۇلار ئېغىزدىن كەڭرى تۇزلەڭگە چىقتى ۋە تاغ باغرى بىلەن دۇشمەن مىناميوتلىرىدىن ئېتىلغان ئوق ئاۋازلىرى گۇمبۇرلىگەن تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى . ئۇزۇن ئۆتمەيلا پارتىزانلار تۆت - بەش كىلومېتىر كەڭلىككە تارقىلىپ ، سوپاخۇن ئورۇنلاشتۇرغان ئابارۇنلاردىن ئورۇن ئېلىشتى . دۇشمەن مىناميوت ، بومبا ئاتار مىلتىقلىرىدىن گۇمبۇرلىتىپ ئوق ياغدۇرۇپ يېقىنلاپ كەلمەكتە . سوپاخۇن يېنىدىكى چاتقال كەينىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرغان مۇختەربايغا پىچىرلىدى :

— دۇشمەن بىزدىن كۈچلۈك ، ئادىمى كۆپ ، قورالى خىل ، سالجىدەك يېپىشىۋالىدىغان جاھىللار بۇ . پەم ئىشلەتمىسەك يېڭەلمەيمىز ! بىر ئىزۋوت قىزىلبۇلاققا كەتتى ، ئۇلار دۇشمەننىڭ سول بىقىنىدىن ھۇجۇم قىلىدۇ .

— چېچىلىپ تەرەپ - تەرەپتىن ھۇجۇم قىلساق ، بىزنى جىقكەن دەپ چۈشىنىپ ھودۇقىدۇ - دە !

— ھىم ، مانا كەلدى ، ئاتايلى !

ئىككى تەرەپتىن ئېتىلغان ئوق تاغ باغرىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى . ئۇلار بىر - بىرىنى كۆرمەي ئېتىشماقتا ئىدى . مۇختەربايىنىڭ يېنىدىلا مىناميوت ئوقى پارتىلىدى . مۇختەرباي ھودۇقۇپ سوغا چۈشۈۋالدى ، سوپاخۇن كۈلۈپ قويدى . ئۇ خۇددى ئوقنىڭ نەگە چۈشۈشىنى بىلىدىغاندەك خاتىرجەم ئىدى .

قاراڭغۇ چۈشتى . ئاسمان ئۇچار ئوتلار بىلەن تولدى .

پارتىزانلار بېيىلىپ تەرەپ - تەرەپتىن ئاتماقتا، قەيەردىن دۈشمەن ئوقى چىقسا شۇ يەرگە قارىتىپ ئاتماقتا. دۈشمەن بولسا ھەممە ياققا — قاپقارىسىغىلا ئاتماقتا ئىدى. بىردەمدىن كېيىنلا مۇختەرباي قورقمايدىغان، نېرىدىكى ئاتلارنى يوقلىيالايدىغان بولۇپ قالدى. ئوقلار ئۇچماقتا، بىرمۇ ئادەم ئۆلگىنى يوق، خۇددى ئۇ ئويۇن كۆرۈۋاتقاندەكلا بۇ قىزىق مەنزىرىدىن زوقلانماقتا ئىدى:

— دۈشمەن ئۆلگەنمىدۇ، سوپاخۇن!

— ئۇلار توپ - توپ مېڭىۋاتىدۇ، بەلكى خېلى ئۆلدى!

تاڭ - تۇڭ، تات - تات - تات، گۈمباڭ، ۋىژ - ۋىژ!...

خىلمۇخىل قورقۇنچلۇق ئاۋازلار ئەمدى ۋەھىمىسىز بولۇپ قالدى. تۈن قاراڭغۇسىدا ھېچنېمىنى كۆرمەيلا ئاتقىنى نېمىسى؟ سوقۇش دېگەنمۇ بىر ئويۇن ئىكەن، خۇددى پېرىدەك، ئوغلاق تارتقاندەك، مۆكۈ - مۆكۈلەڭ ئوينىغاندەك... مۇختەرباي سوزۇلۇپ يېتىۋېلىپ ئۆزىچىلا كۈلۈپ قويدى...

ئېتىشىش كېچىچە توختىمىدى، تەلەردىدۇر ئادەملەر ۋارقىراشتى، ئاتلار كىشنەشتى. قىيقاس - چۇقان، ھۇررالار توۋلاندى. لېكىن، مۇختەرباي ھېچنېمىنى كۆرمىدى. سوپاخۇن بەزىدە ئاتلىق، بەزىدە پىيادە ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرەتتى. ئۇزاق ئېتىشىش ئاخىر سۇسلىدى. تاڭ ئاتقاندا سوپاخۇن نەدىندۇر ئات چاپتۇرۇپ كەلدى:

— دۈشمەن قېچىپتۇ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ خۇشال بولۇپ.

مۇختەرباي كېيىن بىلدى: دۈشمەن، دېھقانلاردىن ئاڭلىغان قورغان قولدىن كەتتى، ئاقسۇدىن كەلگەن ئىككى روتا ئەسكەر تارمار بولدى، دېگەن خەۋەردىن قورقۇپتۇ. دۈشمەن يەنە قورغان لىيەنجاڭى لى سۇجۇننىڭ مۇزات دەرياسىغا ئۆزىنى ئاتقانلىقى، قورغاندىكى توقسان بىر نەپەر ئەسكەرنىڭ تەسلىم بولغانلىقى، ئاقسۇدىن كەلگەنلەرنىڭ تۇيۇقسىز زەربىگە ئۇچرىغانلىقى ... ئوخشاش ئىشلارنى ئاڭلاپتۇ.

www.uyghurkitap.com

دۈشمەننىڭ يەتتە ـ سەككىز دەك جەسىتىدىن باشقا ھېچنېمە تېپىلمىدى . سوپاخۇن ئىمىر ھاجىنى بىر قىسىم پارتىزانلار بىلەن ئالدىنقى سەپتە قالدۇرۇپ ، ئۆزى بىر قىسىم ئادەمنى باشلاپ قورغانغا قايتىپ كەلدى .

ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بىر ئىزۋوت پارتىزاننىڭ ھىمايىسىدە مۇزداۋان تەرەپتىكى يېڭىمەھەللە دېگەن يېزىغا چېكىنگەن ، قورغان ئىككىنچى مۇداپىئە لىنىيىسى قىلىنغانىدى . ئىككىنچى لىنىيە مەسئۇلى ئابلەت داۋۇت سوپاخۇنغا دوكلات بېرىپ بولۇپ :

— كېچىچە ئۇخلىماي ، ئاسمانغا قاراپ ئوق ساناپ چىقتۇق ، — دەپ چاقچاق قىلدى .

قورغاندا تىنچ ھايات باشلاندى ، غۇلجا يولى ئېچىلدى ، پارتىزانلار ئەمدى خاتىرجەم ، ھۆكۈمەت ۋەكىللىرىمۇ قورغانغا قايتىپ كەلدى . ئوتتۇرىسىدىن تاغ سۈيى ھەيۋەت بىلەن ئېقىپ ئۆتىدىغان قورغاندا يېڭى تارىخ يارىتىشقا ئاتلانغان ئەزىمەتلەرنىڭ كۆلكە ـ چاقچاق ، ھەتتا ناخشىلىرى ئەۋجىگە چىقتى . غالىبلار توغرىسىدا ماختىنىپ ھېكايە ئېيتقۇچىلارنىڭ ئەڭ چوڭى مۇختەرباي ھېكايىگە قىزىقىدىغان پەرىخەگە تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇۋېلىپ ، توختىماي ھېكايە توقۇپ سۆزلىمەكتە ئىدى .

باش كۈز پەسلى — بۇ يەرگە كېلىۋاتقان قىش پەسلىنىڭ ئەلچىلىرى قىرو ، ئاچچىق شامال ۋە دەرەخلەردىن تۆكۈلۈۋاتقان سېرىق يوپۇرماقلارنى ھەدىيە قىلغان . ئاخشام ـ ئەتىسى غول قورۇغۇدەك سوغۇق بولماقتا . پارتىزانلار چاپانلىرىنى يېپىنچاقلاپ ، سەھەردە بۇژغۇنلۇق سۇ بويىدا راھەتلىنىپ يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇشاتتى . قورغانغا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئۆز ئۆزۈن مۇددەتلىك مۇداپىئەگە تەييارلىنىپ ، يېمەك ـ ئىچمەك ، ئوق ـ دورىلارنى خېلى نۇرغۇن توپلىغان . بىر يۈز يەتمىش دانە ھەر خىل مىلتىق ، ئون سەككىز دانە پىلىموت ، يىگىرمە دانە تاپانچا ، بەش دانە بومباتاتار ، بىرقانچە يەشىك ئوق ، ئۈچ يۈز دانە گرانات ، يۈز دانە قىلىچ ، ئىككى يۈز ئون تۇياق ھەربىي ئات ، يېتەرلىك ئات

بوغۇزلىرى ئولجا ئېلىندى . پارتىزانلار شۇنىڭ ئۈچۈن تاغ سۈيىدەك گۈركىرىمەكتە ئىدى ، ئەسىرلەرنىڭ توقسان بىر نەپىرى ئۇيغۇر ، قازاق ، قىرغىزلار ئىكەن . ئۇلارغا سۆزگە ئۇستا ئابدۇكېرىم ئابباسوف بىلەن دىنىي پەيلاسوپ داموللا رازىيوف بىرنەچچە قېتىم لېكسىيە قىلىشىدى ، ئۇلار قۇرئان تۇتۇپ قەسەم بېرىپ ، گومىنداڭغا قارشى ئۇرۇشتا سوپاخۇن كوماندىردەك خىزمەت كۆرسىتىپ گۇناھىمىزنى يۇيىمىز دەپ ۋەدە بېرىشتى . ياقىئېرىقلىق ئىبراھىم ھاجى ئاقساقال ئوتتۇز نەپەر يىگىتنى پىدائىي قىلىپ تەشكىللەپ پارتىزانلارغا ئەكېلىپ بەردى . يۈزدىن كۆپ يېڭى جەڭچى كۆپەيدى . ئۇلارغا قورغاندا ھەربىي مەشىق ئېلىپ بېرىلدى . ئىبراھىم ھاجى ئۆز ئوغلىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ ، خۇددى خەلپىتىمگە تاپشۇرغاندەك :

— سۆڭىكى مېنىڭ ، گۆشى سىلەرنىڭ . ئۆلسە شېھىت ، قالسا غازى . زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ، خەلق ئۈستىدىكى قارا تاغنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن جېنىمىز پىدا ! — دېدى ھاياجان بىلەن .

ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى غەلىبە ئەھۋالىدىن دوكلات تەييارلاپ ، مۇزات يولى بىلەن غۇلجا شەھىرىگە ئالاقىچىلەرنى ئەۋەتتى . دوكلات تەييارلاشتىن بۇرۇن ، رەھبەرلەر سوقۇش جەريانىدىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىدى . سوپاخۇننىڭ ھەربىي تاكتىكا ۋە ئىستراتېگىيە جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرى بۇ خۇلاسىدە ئالاھىدە تەكىتلەندى .

جۇشقۇن ، خۇشال ، ئاۋازىمۇ ئالاھىدە ئېچىلىپ كەتكەن سوپاخۇن يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان ئىسكادىرون ، روتا ، ئىزۋوتلارنى داغدۇغا بىلەن ئېلان قىلدى . ئۈچ ئىسكادىرون ، بىر پىلىموت ئىسكادىرونى ، بىر رازۋېدكا ئىزۋوتى ، بىر سىۋەز ئىزۋوتى ، بىر مىناميوتچى ئەدلىنىيە ، ئارقا سەپ تەمىنات روتىسى ، قوماندانلىق شتاب ، شتاب باشلىقى قاتارلىقلار ئېلان قىلىندى . بىر ئىزۋوتتا يىگىرمە بەشتىن ئوتتۇز بەشكىچە پارتىزان بار . بىر روتىدا ئۈچ ئىزۋوت ، ھەربىر ئىسكادىروندا ئىككى

كـومـاندىر (بىرى باش، يەنە بىرى مۇئاۋىن) ئېلان قىلىندى. گومىنداڭدىن ئەسىر چۈشكەن كوماندىرلارنىڭ مەنسىپىمۇ ساقلاپ قېلىندى.

— مـانـا بـۇ تـارىـخـىـي بۇرۇلۇش! — دېدى كومىسسار ئابدۇكېرىم ئاباسوف، — بىزنىڭ ئاساسىي قوشۇنىمىز گومىنداڭ ئـارمـىـيـىـسـىـدىن ئىسيان كۆتۈرۈپ ئۆتكەن سوپاخۇن باشلىق جـەڭـچـىـلـەر. بىزگە ئەسكىرىي كۈچىمۇ، قورال - ياراغىمۇ گـومـىـنـداڭ ئـۆزى ئـەكـېـلـىـپ بـېـرىۋاتىدۇ. بىز كۈنسېرى كـۈچـىـيـىـۋاتىمىز. گومىنداڭ كۈنسېرى ئاجىزلاۋاتىدۇ. پۈتۈن شـىـنجاڭدا گومىنداڭنىڭ گۆم بولىدىغان كۈنى يىراقتا ئەمەس، يـېـقـىـنـلا يەردە. قىش پەسلى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، بىز شـىـنـجـاڭدىن گومىنداڭنى قوغلاپ چىقىرالايمىز. ھازىر جياڭ جيېشى جۇڭگو خەلقىنى بىخۇدلاشتۇرۇش ئۈچۈن تىنچلىق تۇتەك پەردىسى تارتىپ، چۇڭچىڭدا رەئىس ماۋ زېدۇڭ بىلەن كېلىشىم تـۈزۈش ئـۈچـۈن سـۆھـبـەت ئـۆتكۈزمەكتە. ئۇ كوممۇنىستىك پـارتىيىگە، ئازاد رايونلارغا قارشى ئومۇميۈزلۈك قىرغىنچىلىق يـۈرگۈزۈش ئۈچۈن تۇتەك پەردە ئىچىدە تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ. ۋەتىنىمىزدە ھازىر توقسان ئازاد رايون بار. بىز توقسان بىرىنچى ئـازاد رايـون. بـىز يېتىم ئەمەس، ئازاد رايون خەلقلىرى يۈز مىليوندىن كۆپ. ئازادلىق ئارمىيە بىر مىليوندىن جىق، خەلق ئـەسـكـەرلـىـرى ئىككى مىليوندىن جىق، بۇ چوڭ كۈچ بىزنى قـولـلايدۇ. سـتالـىـن، سـوۋېت خـەلـقى، سـوۋېت قـىـزىل ئارمىيىسى بىزنى قوللايدۇ. بىز ئاقسۇنى چوقۇم ئازاد قىلالايمىز. قەشقەر، يەكەن، خوتەنلەرگىچە بارالايمىز. خەلقىمىزنى مىللىي زۇلـۇم، سـىـنـىـپـىـي زۇلۇم ۋە خورلۇق، نادانلىق، نامراتلىق ئـازابـلـىـرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەممە مىللەتلەرگە ھۆرلۈك، بەخت - سائادەت يارىتىپ بېرەلەيمىز!

ھۆررا سادالىرى خانتەڭرى چوققىسىنى ماكان قىلىشقان تاغ ۋە قەھرىتان ئەلچىسى بولغان ئۆلار قوشلىرىنى چۆچۈتتى، قورغان



www.uyghurkitap.com

ئىچىدە ھېچقاچان بۇنداق تەنتەنە، خۇشاللىق بولۇپ باققان ئەمەس!

قورغاندىن يىگىرمىدەك ئەسكەر بىلەن قېچىپ، بەختى ئىسسىملىك قىرغىزنىڭ ئۆيىگە بارغان ۋاڭ لىيەنجاڭنى قوغلاپ ماڭغانلار ئىچىدە مۇختەربايمۇ بار ئىدى. ئۇلار بېرىشتىن يېرىم سائەت ئىلگىرى، بەختى يىگىرمە چېرىكنى ئاتلاندۇرۇپ، ئۆزىمۇ بىللە قېچىپ كەتكەن. مۇختەرباي: «مەن ئاقسۇغىچە قوغلاپ بېرىپ تۇتۇپ كېلىمەن!» دەپ ھۆركىرىگەندىمۇ رازۋېدكا ئىنزۇتىنىڭ كوماندىرى تېزەكتۆرە ئۇنى توسۇۋالغانىدى.

— تېزەكتۆرە توسۇمىغان بولسا مەن ئۆزۈمنىڭ قانداق ئادەملىكىمنى كۆرسىتىپ قوياتتىم. يىگىرمە خىتاي بىلەن بىر خائىن قىرغىزنى تىرىك تۇتۇپ كېلەتتىم. مېنى خۇتۇنباز دەيدا!

مۇختەربايىنىڭ بۇ گېپى ھەممە ئادەمنى كۈلدۈرۈۋەتتى.

— ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلغاندا ھۈنەر كۆرسىتىڭ ئەمىسە!

— سېپىل دېگىنىڭگە ئۆگزىگە شوتا بىلەن چىققاندەك چىقىپ كېتىمەن! — دېدى مۇختەرباي ھۆركىرەپ.

قورغاندا ئاقسۇ شەھىرىگە يۈرۈش قىلىش داغدۇغىسى بارلىققا كەلدى.

كەچقۇرۇن پارتىزانلار قورغاندىن چىقىپ كۈنپېتىشقا قاراپ يۈرۈش قىلدى. گويا راشىدىن غوجا باشچىلىقىدىكى خەلق قوزغىلاڭچىلىرىدەك، گويا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قوشۇنلىرىدەك ھەيۋەتلىك، روھلۇق ۋە جۇشقۇن بىر قوشۇن تاغ باغرىدا چاڭ - توزان كۆتۈرۈپ ئاقسۇغا ھۇجۇمغا ماڭماقتا ئىدى.

## 50

نۇرى كۈنلەرنى بۇيرۇق كۈتۈش، مەشىق قىلىش، بىرلىرىنى سېغىنىش ۋە ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەش بىلەن ئۆتكۈزمەكتە. ماناس دەرياسىنىڭ غەربى توغراقلىق، چۆل ۋە تاشلىق. جەنۇبتا تاغ، شىمالدا يەنسىخەي، ئورمانباغ. چەكسىز چۆللۈككە كۈز پەسلى

ئاچچىق شامال ، سېرىق ياپراقلارنى ھەدېيە قىلغان ، بۇ سوۋغىلار ئۇلۇغ ئىشلارغا ئۆزلىرىنى بېغىشلىغانلار ئۈچۈن كۆڭۈلسىز خاتىرىلەرنىڭ گۇۋاھچىسى . «1945 - يىلىنىڭ ئاخىرى بايرىقىمىز شىڭشىڭشياغا قادىلىدۇ» دېگەن سۆز ھەممە جەڭچىنىڭ ئىرادىسى ۋە ئادەت سۆزىگە ئايلانغانىدى ، لېكىن مانا نۇرغۇن كۈنلەر ئۆتتى ، بۇ جۇڭغار ۋادىسىدا مىلتىق ياكى «ھۇررا» ساداسى يوق ، ئاسماندا قاغىلار توپ - توپ بولۇپ ئۇچۇشماقتا ، شەرقىي شىمال شامىلى توختىماي گۇركىرىمەكتە ، قۇملار ئۇچماقتا . كولانغان ئاكوپ - گەمىلەردە قۇرۇق گەپتىن باشقا ھەرىكەت يوق ، بۇ خىل ھايات پىداكارلار ئۈچۈن يارىدار بولغاندىنمۇ بەتتەر ئازابلىق . ئىنسان ئۈچۈن مەقسىتىگە يېتەلمەسلىك ئازابىنىڭ مەنبەسى . ھاياتنى ئالقىنىغا ئېلىپ ئۇلۇغ ئىشلارغا ئاتلانغانلار ئۈچۈن ھەربىر قەدەم قىممەتلىك ھايات سەھىپىسى ، بۇ سەھىپىلەرنىڭ جۇغلانمىسى ئۇنىڭ ھايات قامۇسى . مەنىسىز ئۆتكەن كۈنلەر بۇ ھايات قامۇسىدىن يىرتىپ تاشلانغان بەتلەر...

ئۇ خىيال بىلەن ئۈستى قۇمۇش ۋە توپا بىلەن يېپىلغان ، شىرىلداپ قۇم قۇيۇلۇپ تۇرىدىغان گەمىدىن يىراقلاپ يۇلغۇنلۇققا كېلىپ يالغۇز ئولتۇردى - دە ، ئىككى يانچۇقىدىن ئىككى پارچە خەتنى چىقىرىپ تىزىغا قويدى . ئۇنىڭ بىرى پەرىخەنىڭ ئاقسۇدىن يازغان قىلىن خېتى . بۇ خەت مۇزداۋاننى بېسىپ ئۆتۈپ ئۇنىڭ قولىغا بۇرناكۈن تەگدى . يەنە بىرى غۇلجا شەھىرىدىن — زەيتۇنەدىن يېزىلغان خەت . ئىككى پارچە خەت ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدا ئىككى گۈزەل قىزنى پەيدا قىلدى . ئىككى جۈپ بىر - بىرىدىن قېلىشمايدىغان چىرايلىق كۆزلەر ئۇنىڭغا تىكىلگەن . بۇ كۆزلەردىن ياش — ياق ، ياش ئەمەس ، يالقۇن چاقنىماقتا . بۇ كۆزلەر قىزلارغا خاس مۇھەببەت ساپلىقىنى ئىزھار قىلماقتا ، قىزلارغا خاس سادىقلىق ، مەردلىك ۋە چەكسىز سېغىنىشنى بىر مۇڭلۇق ناخشا ، تەسىرلىك داستان قىلىپ ئېيتماقتا . بۇ كۆزلەر نۇرىغا كىچە - كۈندۈز تەقەززالىق بىلەن تەلمۈرگەن ئىككى

يۈرەكنىڭ ئەلچىسى، يىراقتا تۇرۇپ ئۆرتىنىۋاتقان ساپ قەلبلەرنىڭ نالە - پەريادى...

يىگىرمە نەچچە يىللىق ھايات ئۇنىڭغا نىمىلەرنى تەقدىم قىلدى، نىمىلەرنى چۇشەندۇردى؟ ئۇ نىمىلەرگە تەشنا، نىمىلەردىن بىزار؟ ئۇ بىكار بولسىلا مۇشۇ خىل سوئالغا جاۋاب ئىزدەيدىغان بولۇپ قالدى. مۇنۇ ئىككى پارچە خەتمۇ ئۇنىڭ ھايات يولىدا پەيدا بولغان ئىككى چوڭ سوئال، ئۇ بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىشكە ئىلاجسىز. ئىنساپ - ئەخلاق بىلەن ھېسسىيات ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشتە قايسىسى غالىب چىقسىمۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن پاجىئە. ئىنساپ - ئەخلاق بىر خىل ئوڭايلىقچە ئۆزگىلى بولمايدىغان پولات ئارغامچا. ئۇ سېنىڭ پۇت - قولۇڭغا چۇشىدىكەن، سەن ئۇنىڭدىن ئوڭايلىقچە قۇتۇلالمايسەن. ھېسسىياتچۇ؟ ئۇ سېنىڭ ئەقلىڭ، ۋۇجۇدۇڭغا چۇشكەن ئوت يالقۇنى. ئۇ تىنىمسىز ئۆرتەيدۇ، سېنى بىھوش قىلىدۇ، مەست قىلىدۇ، ئارزۇ - تىلەكلىرىڭنى نابۇت قىلىدۇ، سەن ئۇنىڭ كۈچى بىلەن ئەخلاق - ئىنساپ كىشەنلىرىدىن تېنىڭنى قۇتۇلدۇرالايسەن...

ئۇ ئىككى خەتنى ئىككى قولىغا ئالدى. قايسىسىنى يۈرىكىگە تېڭىشى، قايسىسىنى يەرگە تاشلاپ قويۇشى كېرەك.

ئۇنىڭ ئىنساپ - ئەخلاقى پەرىخەنىڭ ئىسمىنى چىللايدۇ. ئەمما، ھېسسىياتى زەيتۇنەگە تەلپۈنىدۇ. ئۇ «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» رومانىدىكى ساددا قىز ناتاشانىڭ ئورنىغا چۇشۇپ قالغانىدى. قىز: «نىمىشقا بىر ۋاقىتتا ئىككى يىگىتنى ياخشى كۆرگىلى بولمايدىكەن؟» دەپ نالە قىلغان. نۇرىنىڭ بۇ سۆزنى تەكرارلىغۇسى كەلدى. ئۇ زەيتۇنەنىڭ خېتىنى چۆرۈۋېتىش ئۇچۇن قولىغا ئالدى. لېكىن، خىيال ئېكرانىدا قاپقارا، نۇرلۇق كۆزلەردە غىلدىرلاپ ياش پەيدا بولۇۋىدى، ئۇ دەرھال خەتنى تىزىغا قويدى. ئۇ پەرىخەنىڭ خېتىنى ئالچتى. ئۇنىڭ بۇ خەتنى ئۇچىنچى قېتىم ئوقۇشى، خەت ئۇنىڭغا ئۇلۇغ ئىشقا ئاتلانغانلارنىڭ مۇشەققەتلىك

www.uyghurkitap.com

تۇرمۇشىدىن ھېكايە سۆزلەيتتى . نۇرى بۇ ھېكايىلەرگە تولىمۇ قىزىقىدۇ . بىردىنلا ئۇنىڭ كۆڭلىدىن ئۆزىنىڭ تۇرمۇش توغرىسىدىكى سوئاللىرى غايىب بولدى ــ دە ، شۇنچە قۇربانلارنى بەرگەن خەلق دۇچ كېلىۋاتقان ئىشلار توغرىسىدا يېڭى سوئاللار پەيدا بولدى .

ئۇ خەتنى تۆتىنچى قېتىم ئوقۇشقا باشلىدى…

پارتىزانلار 1945 ــ يىلى 8 ــ ئاينىڭ 29 ــ كۈنى مۇزداۋان ئاستىدىكى قورغاندىن ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقتى . ئۇلار بوزدۆڭ يېزىسىنىڭ تىكەنقورۇق دېگەن قىشلىقىدا قوندى . ئۇ كېچە پەرىخە ئېمىشقا ئۇخلىيالمىدى ، شۇنچە جىق ئىتلار ھاۋشىپمۇ ياكى پارتىزانلار ئۇنىڭغا ئارام بەرمىدىمۇ ؟ 8 ــ ئاينىڭ 30 ــ كۈنى مۇزئاۋات يېزىسىنىڭ قىچى دېگەن قىشلىقىدا قونغاندا ئۇ چۆچۈپ ئويغاندى . مۇختەربايىنىڭ يىرىك قوللىرى نېمىشقا قىزنىڭ پېشانىسىنى سىلىغاندۇر ــ ھە ؟ جام دېگەن يەر چوڭ يېزا بولسا كېرەك . يولنىڭ ئىككى قاسنىقى ئادەم بىلەن تولغان ، ئۇلار يىغا ــ زار دۇئا ــ تىلاۋەت قىلىشىۋاتىدۇ ، پارتىزانلارنىڭ ئاتلىرىغا ئېسىلىپ ، ئاتلار ئىزى چۈشكەن يەردىن توپا ئېلىپ پېشانىسىگە سۈرتۈۋاتىدۇ ، سۆيۈپ تۇرۇپ يىغلاشقان بوۋاي ــ مومايلار جەڭچىلەرنىڭ بويۇنلىرىدىن ئاجرىمايۋاتىدۇ ، قوغۇن ــ تاۋۇز ، نان ــ توقاچ ، تۇخۇم ، قېتىقتا ئوخشاش يېزا يېمەكلىكلىرى كوچىنىڭ دوقمۇش ــ دوقمۇشلىرىغا دۆۋىلەنگەن . پارتىزانلار كاتتا مېھمان .

— ئاياغ ئىزلىرىڭلاردىن گۈل ئۈنسۇن !

— ئېلى ئوغلانلىرى ، ياشاپ كېتىڭلار !

— ھەزرىتى ئېلىنىڭ ئەۋلادلىرى ياشىسۇن !

خەلقنىڭ ھۆرمىتى ، ئەلنىڭ ئارزۇسى جام يېزىسىدا ئەۋجىگە چىققان .

ئابباسوف ھەممە يەردە نۇتۇق سۆزلىمەكتە . ئادەملەر توپ ــ توپ بولۇپ پارتىزانلارغا ئەگىشىپ ماڭماقتا … پارتىزانلار ئاخىر

ئاقسۇغا ئۈچ - تۆت كىلومېتىر يېقىن يەردىكى يالغۇز قارىغاي دېگەن يەرگە كەلگەندە ، رازۋېدكىچىلار خەۋەر ئەكەلدى : دۈشمەن كونىشەھەرنىڭ يارىيېشى دېگەن يېرىدە مۇداپىئە قىلىپ تۇرۇۋېتىپتۇ .

ئاقسۇغا قىلىنغان ھۇجۇم شۇ يارىيېشىدىن باشلاندى . ئايرودروم ، يارىيېشىدا قاتتىق سوقۇش بولدى . شۇ كۈن كەچ كىرگۈچە قاتتىق ئېتىشىش بولدى . «ھۇررا !» ساداسى ئاقسۇ ئاسمىنىدا توختىماي گۈلدۈرمامىدەك گۈلدۈرلەپ تۇردى . دۈشمەن ئۈچ - تۆت سائەت قاتتىق سوقۇشۇپ يېڭىشەھەرگە قاراپ چېكىندى . پارتىزانلار 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاقسۇ كونىشەھەرنى ئىگىلىدى . پارتىزان ۋە خەلقتىن تۆت كىشى قۇربان بولدى . يەرىخە يىگىرمىدەك يىگىتنىڭ جاراھىتىنى تاڭدى . دۈشمەننىڭ يىگىرمىدەك ئادىمى ئۆلدى . پارتىزانلار زورايدى . دۈشمەن قورقۇپ سېپىل ئىچىگە كىرىۋالدى . كېچىچە جەڭ بولدى ، لېكىن سېپىلدىن كىرىش مۇمكىن بولمىدى . 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى پارتىزانلار كونىشەھەرگە قايتىپ كەلدى . ئۈچ كۈن ھېيتتا پارتىزانلار كونىشەھەرنى مۇھاپىزەت قىلىپ ھۇجۇم قىلماي جىم تۇردى ، روزا ھېيت نامىزى داغدۇغىلىق ئۆتتى ... ئابدۇكېرىم ئابباسوف ، قاسىمجان قەمبىرى ، داموللا رازىيوفلار نۇتۇق سۆزلىدى ...

«... نۇرى ئاكا ! مەن سىزگە ئارىمىزدىكى ھېلىقىدەك ئىشلار توغرىسىدا سۆزلەشنى كەلگۈسىگە قالدۇردۇم . مېنىڭ مىجەزىم ئۆزگەردى . مەن ھازىر قورقمايدىغان ، چوڭ - چوڭ ئىشلارنى كۆپرەك ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم ، خەلقىمىزنىڭ نېمىگە تەشنا ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بولسام ، بەلكى ئۆزۈمنىڭ بەختىنىلا ئويلايدىغان ئاددىي پىكىرلىك پەرىخە بولۇپ قالغان بولار ئىدىم . لېكىن ، تەلەيلىك ئىكەنمەن . قارلىق تاغ چوققىلىرىدىن ئېشىپ جەڭ مەيدانىغا كېلىش ماڭا نېسىپ بوپتۇ . يالاڭ - يالىڭاچ ، ئاچ - زېرىن خەلقىنىڭ ئۆيلىرىدە قونۇش ، ئۇلار بىلەن

سىردىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بوپتىمەن . ئۇلۇغ تەڭرىتېغى ، ئۇلۇغ خەلق مېنى تەربىيىلىدى . مەن ئۆلۈۋېلىشنى ئويلىغان ، ھازىر بۇ ئويلىرىم يادىمغا كەلسە نومۇستىن تولغىنىمەن . ھايات تولىمۇ قەدىرلىك ئىكەن . مەن ئەمدى چۈشىنىۋاتىمەن . ھاياتنى سۆيۈشمۇ ئۆنىڭ قىممەتلىك بولغانلىقىدا . مەن بىكار بولسام‌لا كىتاب ئوقۇيمەن . بۇ يەردە ئاجايىپ - ئاجايىپ ئادەملەر بىلەن تونۇشتۇم ، ئۇلارنىڭ بىرى ئابدۇكېرىم ئاباسوف . ئۇ مەندىن چوڭ ، لېكىن يىگىرمە تۆت ياشلىق بۇ يىگىت ماڭا خۇددى كىتابلاردىكى ئۇلۇغ ئادەملەردەك بىلىنىدۇ . ئۇ جىق سۆزلەيدۇ ، لېكىن سۆزلىرى ئادەمنى بىزار قىلمايدۇ . ئۇ نەدە مۇشكۈلچىلىك بولسا شۇ يەرگە ئۆزىنى ئاتىدۇ . ئەڭ قىيىن ئىشلارغا ناھايىتى تېز ، ئۇنۇملۇك چارە تاپالايدۇ . ئۇ قاچان ئۇخلاپ ، قاچاندا دەم ئالىدىكىنىتاڭ ، تىنىمسىز ئىشلەيدۇ . دائىم : «جاپا ئىچىدىن راھەت - خۇشاللىق تېپىشقا ئادەتلىنىش كېرەك» ، دەيدۇ ... نۇرى ئاكا ، مەن ھازىر بۇرۇنقى نازۇك مىجەز پەرىخە ئەمەس ، بۇرۇن ئاپام بىلەن ھەدەم ئۈچۈن قىساس ئېلىشنىلا ئويلايتتىم . ھازىرچۇ؟ خەلقىمىزنىڭ تارتىۋاتقان زۇلۇم - جەبىرسىنى كۆپرەك ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم . يالىڭاچ باللار ، ئاقسۇ كونىشەھەردىكى تىلەمچىلەر ، مۇساپىرلار ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئاياغ ئاستى قىلغان ھەدەمگە ئوخشىغان يۈزلىگەن قىزلار ، ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچە نېنىنى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تارتىۋېلىپ ئاچلىقتىن بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ كوچىلاردا ياتقان ئايالار ... خەلقىمىز تارتىۋاتقان زۇلۇمنى كۆرۈپ كېچىلىرى خىيال بىلەن ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدىم . روزى ھېيت نامىزىغا ئەرەنچە ياسىنىپ مەنمۇ باردىم . نامازدىن كېيىن نەچچە مىڭ كىشى مەسچىت ئالدىغا توپلاندى . ئاباسوف يالقۇنلۇق نۇتۇق سۆزلىدى :

— ھەممىمىز ئوخشاش ئىنسان ، ھەممە مىللەتنى خۇدا ئوخشاش ياراتقان . گومىنداڭ بىزنى خەلق دەپ قارىمايدۇ ، بىر مىللەت دەپ قارىمايدۇ . ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بىز ئات - ئېشەك ،

ئىشىنىڭ ئېغىرىنى ، غىزانىڭ ئەڭ ناچىرىنى يەيدىغان قارا قول . بىزنىڭ كۈچىمىز بىلەن گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى بېيىغان ، سەمرىگەن ، كۈچەيگەن . بىر ئەمەلدار كوچىدىن ئۆتكەندە ، پۈتۈن ئاقسۇ خەلقى يەرگە باش قويۇپ تۇرسىمۇ ئۇ بىزدىن رازى بولمايدۇ . بىزنىڭ خورلۇقىمىز ، ئاياغ ئاستى بولغىنىمىز چېكىگە يەتتى . بىز ئاخىر ھايات قېلىش ئۈچۈن ، ئىنسانىي ھوقۇق ئۈچۈن قولىمىزغا قورال ئېلىپ زالىم ھۆكۈمەتكە قارشى چىقتۇق . بۇ زالىم گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى قورال ئېلىپ ئىنقىلابقا ئاتلانغانلار يالغۇز بىزلا ئەمەس . پۈتۈن جۇڭگو ئەمگەكچىلىرى ، ئىشچىلار ، دېھقانلار ، زىيالىيلار ۋە ئىلغار بايلارمۇ قوزغالدى . گومىنداڭ ھۆكۈمىتى چوقۇم ئاغدۇرۇلىدۇ . بىز بۇ ھۆكۈمەت بولمىسىمۇ ياشىيالايمىز ، بەلكى ياخشىراق ياشىيالايمىز . مانا شۇ تاپتا ئاقسۇ كونىشەھەردە گومىنداڭ يوق ، ھەممە ئادەم خۇشال . شەھەر بىزنىڭ ، بىز شەھىرىمىزنىڭ خوجىسى ، ئىسكىلاتلاردىكى ئاشلىق ، ئامباردىكى بايلىقلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ . ئاشلىقلارنى خەلقلەرگە تارقىتىپ بېرىمىز . خەلق ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇپ ، ئۆزلىرىگە ياقىدىغان ئادەملەرنى ھاكىم قىلىپ سايلايدۇ . ياشىسۇن خەلق ، ياشىسۇن ھۆرلۈك ، ياشىسۇن غالىب ، قەھرىمان پارتىزانلار !

كۆزلىرىمدىن تاراملاپ ياشلار قۇيۇلدى . خەلقنىڭ خۇشاللىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشتىن ئۇلۇغ بەخت بولمىسا كېرەك ! بىر موماي مېنى چىڭ قۇچاقلاپ بۇلدۇقلاپ يىغلاپ : «ئارمىنىم يوق ، بۇ كۈننى كۆردۈم . ئېرىم تۈرمىدە ل . مۇتەللىپلەر بىلەن بىللە ئىدى . ئوغۇللىرىم تاغ ئاتلاپ غۇلجىغا چىقىپ كەتكەن...» دېگەن گەپلەرنى قىلدى . رابىخان ئابىستەيدەك ئايالالار نېمانچە كۆپ ، مېنىڭ ئاپامدەك ئايالالار نېمانچە كۆپ ـ ھە؟ بەخت كىمگە لازىم ئەمەس . ئانىلار كۆز يېشى قىلمايدىغان جەمئىيەتمۇ بولارمۇ؟ بىزنىڭ ئىنقىلابىمىز غەلىبە قىلسا شۇنداق جەمئىيەت قۇرالايمىزمۇ ـ ھە؟ ئىسكەندەر ئەپەندى ئىسىملىك بىر سوۋېتلىك رۇس بار ، ئۇ ماڭا بۆلەكچىلا يېقىنچىلىق

قىلىدۇ . ئۇ دائىملا سوۋېت ئىتتىپاقى يېڭى قۇرۇلغاندا ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەڭ مەدەنىيەتلىك مىللەت ئۇيغۇرلار بىلەن تاتارلار ئىدى . «تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغاندا ، ئاساسىي رەھبەرلىرى ئابدۇللا روزى باقىيوفتەك ئۇيغۇرلار ئىدى دەيدۇ . مەن ئىككى مەدەنىيەتلىك مىللەتتىن تۇغۇلغانىكەنمەن . مەن ئۆزۈمنى ئەمدى بۇرۇنقىدەك يېتىم ، ھىمايىسىز ھېسابلىمايمەن . نەگىلا بارسام ئانام ، دادام ، قېرىنداشلىرىم بارئىكەن . نۇرى ئاكا ، مەن راستىنلا ھېلىقى يىغلاڭغۇ پەرىخە ئەمەسمەن . بىر قېتىم ئەرەنچە كىيىنىپ پارتىزانلار بىلەن بىللە جەڭگىمۇ كىردىم . مىلتىق ئېتىش ، گرانات تاشلاشلارنى يېڭى ئەسكەرلەر بىلەن بىللە بايدا ، قورغاندا مەشىق قىلدىم . قولۇمدا بەشئاتار مىلتىقىممۇ بار . مەن ھەم سېستىرا ، ھەم پارتىزان . ئۆز قولۇم بىلەن بىر دۈشمەننى ئۆلتۈرسەم دېگەن ئارمىنىم بار . ئەتە بۇ ئارمىنىم ئەمەلگە ئاشارمىكىن . تۈنۈگۈن دۈشمەنلەرنى قوغلاپ يېڭىشەھەر سېپىلىغا كىرگۈزۈۋەتتۇق . سېپىل ئېگىز ، قېلىن ئىكەن ، بولمىسا يېڭىشەھەرمۇ ئازاد بولاتتى .

تۈنۈگۈن ئۈچ ئۇيغۇر يىگىتنى تۇتۇۋالدۇق . سېپىل ئىچىدىن چىققان ئىشپىيونلار ئىكەن . ئوتۇنچى بولۇۋېلىپ جۇل - جۇل كىيىم بىلەن كىرگەنىكەن ، خەلق بۇ گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى تونۇۋېلىپ تۇتۇپ بەردى . ئابباسوف ئۇلارنى سوراق قىلدى . ئۇلارغا گومىنداڭ چوڭ ئەمەل ، پۇل ۋەدە قىپتۇ . ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ شەھەر ئوتتۇرىسىدا ئاتتۇق . باشقا ئىشپىيونلار كۆرۈپ سېپىل ئىچىگە قېچىپ كىرىپ كېتىپتۇ . بىرنەچچە ئايال ئىشپىيونمۇ تۇتۇلدى . ئۇلارنى بىزگە ئەسىر چۈشكەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تونۇۋېلىپ تۇتۇپ بەردى . ھازىر بۇ يەردە خىزمەت كۆرسىتىپ پارتىزان بولۇش ھەممە ئادەمنىڭ ئارزۇسى بولۇپ قالدى . تۈنۈگۈن نەچچە مىڭ ئادەم قولىرىغا كالتەك - توقماق ئېلىپ يېڭىشەھەرگە ھۇجۇم قىلغىلى ماڭغانىكەن . گومىنداڭ سېپىل ئۈستىگە پىلىموت ، مىلتىقلار بىلەن قوراللانغان ئەسكەرلەرنى

قويۇۋەتتى . قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى يوق خەلقنى قىرىۋېتىشى تۇرغان گەپ . ھېلىمۇ ياخشى ، داموللا رازىيوف كۆرۈپ قېلىپ توسۇۋاپتۇ . بولمىسا گومىنداڭ كونىشەھەر سوقۇشىدا ئۆلگەن يەن لىيەنجاڭ ۋە يىگىرمە نەچچە ئەسكىرى ئۈچۈن قىساس ئالالماي تۇرغاندا ، ئاچچىقىنى خەلقتىن چىقىرىۋالاتتىكەن .

— باركاللا ! — دېدى قاسىمجان ئاكا نامايىشچى خەلققە سۆزلەپ ، — بىر يەڭدىن قول ، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ ئۈيۈشساق گومىنداڭنى چوقۇم يوقىتالايمىز . ھازىر مانا ئۇنسۇ[1] سىلەرنىڭ ، ھېيتتىن كېيىن يېڭىشەھەرمۇ سىلەرنىڭ بولىدۇ . ھىممىتىڭلارغا باركاللا !

— ھۇررا ! — دەپ كالتەكلىرىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ ۋارقىراشتى نامايىشچىلار . دامولla رازىيوفمۇ قالتىس سۆزلىدى .

شۇ كۈنى قاسىمجان قەمبىرى سوپاخۇن ئاكىنى سەھنىگە ئاچىقىپ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقىنى ئوقۇپ :

— مۇزداۋان قورغىنىنى ئىشغال قىلىشتا كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن كاپىتان سوپاخۇنغا پودپولكوۋنىك ئۇنۋانى بېرىلسۇن ! — دەپ ئېلان قىلدى ۋە مەيدىسىگە ئوردېن تاقىدى . ئۇنى باشلىقلار بىرمۇبىر قۇچاقلاپ تەبرىكلىدى . مەنمۇ ئاشۇنداق ئوردېن ئېلىشقا نەقەدەر تەقەززا ـ ھە ؟

كەپتەرلىك ، يارېيشى دېگەن يەرلەردە ، يېڭىشەھەرنىڭ يوللىرىدا ، بىزنىڭ پارتىزانلىرىمىز ئىككى كۈندىن بېرى ھۇجۇمغا چىقىدىغان دۈشمەننى ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ . بىز مۇداپىئەدە . 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئاقسۇ يېڭىشەھەردىكى ئاتلىق 5 ـ پولك ئۇچتۇرپاندىن ياردەمگە كەلگەن ئۈچ يۈزدەك ئەسكەر بىلەن بىرلىشىپ بىزگە ھۇجۇم قىلدى . پارتىزانلىرىمىز دۈشمەننىڭ جاجىسىنى بەردى . مەنمۇ مۇختەرباي چوڭ دادامنىڭ يېنىدا تۇرۇپ تازا ئاتتىم . سەھەردە باشلانغان جەڭ چۈشكىچە داۋاملاشتى . دۈشمەنلەر تازىمۇ جىق ئۆلدى . بىز تازا دالدا جايلارغا

[1] ئۇنسۇ — كونىشەھەر .

ئورۇنلىشىۋالغاچقا كۆپ چىقىم تارتمىدۇق . بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم جەڭ مەيدانىدا رەسمىي جەڭچى بولۇپ ئوق ئېتىشىم . ئالدىمىزدا خەلق ياسىغان تاش بېلىنداز تېمى بىزگە دالدا . دۈشمەن ئاتىدۇ تاشقا ، بىزلەر ئاتىمىز باشقا . كۆل رەڭ كىيىملىك بىرى ئاپتومات بىلەن دەرەخ دالدىسىدىن چىقىپ ئالدىغا يۈگۈرۈشىگە ، مەن ئۇنىڭ كۆكرىكىنى چەنگە ئېلىپ تەپكىنى باستىم . ئۇ يەردىن بىر مېتىردەك قاڭقىپ بېرىپ نېرىغا — ئېرىق قىرىغا ئوڭدا چۈشتى . مۇختەر چوڭ دادام قاقاقلاپ كۈلۈپ مېنىڭ قوللىرىمغا سۆيۈپ كەتتى .

دۈشمەننىڭ 1 ـ سېپى تارمار بولدى . كەينىدىن 2 ـ سەپ ھۇجۇم قىلىپ كەلدى . بىز يېقىن كەلگەندە ئاتىمىز دەپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇردۇق . دۈشمەن يېقىنلاپ كەلدى . ئۇلارنىڭ باشلىقى ساپ ئۇيغۇر تىلىدا :

— بىز ئۇيغۇر ، ئاتاڭلار ، ئەل بولىمىز ! — دەپ مىلتىقىنى ئىككى قولى بىلەن كۆتۈردى . ئەسكەرلىرىمۇ شۇنداق قىلدى .

— ئاتماڭلار ! — دەپ بۇيرۇق بەردى ئابباسوف ئارقا سەپتە تۇرۇپ ۋارقىراپ .

— ياق ، ياق ! — دېدى سوپاخۇن پودپولكوۋنىك تەتۇرىچە . شۇ بىر سېكۇنتلۇق ۋاقىت ئىچىدە ھېلىقى دۈشمەنلەر بىردىنلا غالجىرلىق بىلەن ئوق ياغدۇردى . بىزنىڭ نورغۇن تەجرىبىسىز پارتىزانلىرىمىز دۈشمەنگە ئىشىنىپ ئۆرە تۇرۇپ چاۋاك چالماقچى بولغاندا دۈشمەن ئوقىدا يىقىلدى . بىز ئابارونىدىن ئىلاجسىز چېكىندۇق . ئىسىت ، مۇختەركام ، ئىسىت چوڭ دادام : «ئەل بولدى !» دەپ ۋارقىراپ ئورنىدىن تۇرۇۋىدى ، ئۇنىڭ كۆكرىكىگە ئوق تەگدى .

— ئۇ... ئۇ... ئۇ... بد... بد... ! — دېدى ئۇ سەنتۈرۈلۈپ دۇدۇقلىغىنىچە ئوڭدا يىقىلدى . ئۇ شېھىت بولدى . مەن ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىختىيارسىز ئۆزۈمنى تاشلاپ ھۆكرەپ يىغلىدىم . ئابباسوف نەدىندۇر ئۆمىلەپ كېلىپ ئۇنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ

بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. بۇ چاغدا قۇچاقلاشما جەڭ بولۇۋاتاتتى. ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇيغۇرلار قۇچاقلاشما جەڭ قىلماقتا، بىز زالىم ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلار بۇ ھۆكۈمەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن! مەن ئۆمرۈمدە بۇنداق مەنزىرىنى كۆرمىگەن. ئەتراپ جەسەت بىلەن تولدى. دۈشمەنمۇ، بىزنىڭكىلەرمۇ جىق قىرىلدى. تۇنىياز ئىسىملىك ئاقسۇلۇق يىگىت بار ئىدى. ئۇستا ناخشىچى، دۇتارچى ئىدى. ئۇنىڭ نەيزىسى دۈشمەننىڭ كۆكرىكىگە، دۈشمەننىڭ نەيزىسى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە سانجىلىپ ھەر ئىككىلىسى ئۆلدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۇيغۇر بالىلىرى. مەن ھاياتىمدا ئۇ كۈندىكىدەك جىق ياش تۆكمىگەنمەن. بىزدىن بۇ كۈنكىدەك جىق ئادەم ئۆلمىگەن، بۇ بىزنىڭ مەغلۇبىيىتىمىز. بىچارە ئاباسوف تولىمۇ ئازابلاندى.

— بۇ قان قەرز مېنىڭ بوينۇمدا! — دېدى ئۇ قۇربان بولغانلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرگەندە بۇقۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ، — مېنىڭ خاتا بۇيرۇقۇم شۇنچە قېرىنداشىمنىڭ بېشىغا چىقتى!

— بۇ مېنىڭ قوماندانلىقتىكى خاتالىقىم! — دېدى سوپاخۇن ئاكىمۇ يىغلاپ تۇرۇپ، — كومىسسارنى ئالدىنقى سەپكە ئەكەلمەسلىكىم كېرەك ئىدى.

مۇختەرباي چوڭ دادامنىڭ ئوغلىمۇ قۇربان بولدى. يىگىرمە بىر ياشلىق ئوغلىنى چوڭ دادام ئەجەب ياخشى كۆرەتتى، مەنمۇ ئۇنىڭغا ئامراق ئىدىم! ... ھەي ئىسىت، ھەي ئىسىت!...»

— قېرىنداشىم! — دەپ ھۆكىرەپ يىغلىدى نۇرى خەتنى مىجىقلاپ تۇتۇپ، — چوڭ دادا! قانلار بىكار كەتمەس ئىلاھىم! بىزنىڭ تۇخۇمىمىزدىنلا تۆت چوڭ ئادەم قۇربان بولدى. ياپىياش ئۆكىلىرىم، قەدىرلىك چوڭ دادام!

بۇ ئۇنىڭ ئادەم يوق يەردە ئۈچىنچى قېتىم ھۆكىرەپ يىغلىشى ئىدى. ئۇ يېشىنى سۈرتۈپ ئاسمانغا قارىدى. كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغان. يەنە بىر كۈن ئۆتتى، ھۇجۇمغا بۇيرۇق يوق. مانا كۈز پەسلىنىڭ ئاچچىق شامىلى ھۇۋلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يېنىدا

سـىرىق ياپراقلار شىلدىرلىماقتا . نەدىدۇر مۇزگان چىلىماقتا ،
يىراقتا ئاتلار كىشنىمەكتە ، ئۇ كۆنچىقىشقا قارىدى . تۇمان ئىچىدە
قالغان شەرقتە نىمىلەر بولۇۋاتىدىكىن ، نىمىلەر بولدىكىن ! ھازىر
دۇنـيـادا مـىلـتـىـق ئاۋازى توختىدى . گومىنداڭ — جياڭ جيېشى
ھۆكـۇمـىـتـىـلا ئۇرۇشقا جىددىي تەييارلىق قىلماقتا ، سوۋېت
ئىتتىپاقى گومىنداڭ بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىمزامۇ قويۇشتى .
شىنجاڭدا بولۇۋاتقان بۇ ئىنقىلابقا گېنېرالىسسىمۇس ستالىن قانداق
مۇئـامـىـلـە قـىلاركىن ؟ ! تۆكۈلگەن قانلار ، قۇربانلار بىكارغا
كېتەرمۇ ؟ يەنە شۇ گومىنداڭنىڭ تۆمۈر تاپىنى بۇ سانسىزلىغان
قۇربانلارنىڭ زېمىنىغا ھۆكۈمران بولارمۇ ؟ ...

ئۇ ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن يېقىندا كۆرۈشكەن . ئەخمەتجان
ئەپەندىم ئۈنىڭدىن مۇختەرباينى سورىغانىدى . ھەي ئىسىت ، ھەي
ئىسىت !...

ئۇ پەرىخەنىڭ خېتىنى يەنە ئوقۇشقا باشلىدى...

«... ئـاقسۇ پارتىزانلىرى بىر قېتىملىق ئوڭۇشسىزلىقتىن
كېيىن قايتىدىن ھوشيارلاشقان . قورغان ئاۋادا دۈشمەنىنىڭ قولىغا
چۈشۈپ قالسا (ئۇ يەردە ھېچقانچە كۈچ قالمىغان ) شىمال بىلەن
بـولـغان ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالىدۇ . ياردەم كەلمىسە يېڭىشەھەرنى
ئالماق قىيىن ئىكەنلىكى ئېنىق بولدى . دۈشمەن پارتىزانلارنىڭ
ئـەمـەلـىـي كـۈچـىنى بىلىۋالغان . زور قوشۇن يۆتكەپ ئۇلارنى
تەلتۆكۈس يوقىتىش ئۈچۈن ھۇجۇمغا ئۆتۈشى مۇمكىن . شۇڭا ،
قـورشاۋدا قالماسلىق ، شىمالدىن كېلىدىغان ياردەمدىن مەھرۇم
قـالماسلىق ، پارتىزانلارنى رەتلەپ ، يېڭى ھۇجۇمغا تەييارلىنىش
ئـۈچـۈن كـونىشەھەردىن قورغانغا چېكىنىش ئۇلارنىڭ قارارىغا
ئايلاندى . ئۇلار جامدا بىر كېچە قونۇپ ، ئەتىسى قورغانغا قايتىپ
كەلدى .

ئوتتۇرىسىدىن مۇزات دەرياسى ئېقىپ ئۆتىدىغان ، ئېغىزلىرى
تاش سېپىل بىلەن قورشالغان قورغان يەنە جانلاندى . تاغ باغرى
پـارتىزانلارنىڭ ئاتلىرى بىلەن تولدى . پارتىزانلار قورغاندا ئۆز

ئىشلىرى بىلەن بولۇشتى . بىر قىسىم ياردارلار غۇلجىغا يوللاندى . قىيىر ئېغىزى ، باي ، ياقىئېرىق ۋە كونىشەھەردە بولغان ئۇرۇشلار پارتىزانلارغا نۇرغۇن خاتىرىلەرنى قالدۇردى . پارتىزانلار مۇختەرباي توغرىسىدا تولىمۇ جىق ھېكايىلەرنى سۆزلەشتى . غۇلجىدىن مۇنىردىن غوجا ، كارىلوف ، كوشنوف ، ئالىكسى ، شادىيوف ، دورجىلار رەھبەرلىك قىلغان ئىسكادىرونلار ياردەمگە كەلدى . كېيىن يەنە پودپولكوۋنىك ئۇنۇۋانى بار دىنسكوف باشلىغان سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ئوفىتسېرلىرىمۇ كەلدى . ئەسكەرلەرمۇ ، كوماندىرلارمۇ كۆپەيدى . ھەربىي مەشىق ، مۇداپىئە كۈچەيتىلدى .

— بىز 2 - دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشقان . سىلەردەك قۇچاقلاشما جەڭ بولمىغان . بىز دۈشمەننى كۆرمەي ئاتىمىز ، زەمبىرەك ، مىناميوت ، ساماليوتلار نەچچە مىڭلاپ ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ ، پىيادە قىسىملار بىر يەرنى ئىگىلىسە ، بىز بارغاندا ئۇ يەردە سىنارەتلەردىن پەيدا بولغان ئازگاللار ئۆلۈكلەر بىلەن تولغان بولىدۇ ، — دەپ ھېكايە سۆزلەيدۇ رۇس ئوفىتسېرلىرى .

9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئاقىياز ، تەلەمەت داۋانلىرىدىن ئېشىپ ، باي ناھىيىسى ئارقىلىق ناسىروف ۋە ئىبلىخان تۆرەمنىڭ ئوغلى ئاسلخان باشلىغان ئىككى دىۋىزىيون يېتىپ كەلدى . قوشۇن زورايدى ، ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىدىغان كۈچ ئۇلغايدى . 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئاقسۇغا ئىككىنچى قېتىم ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن پارتىزانلىق يۈرۈشى يەنە باشلاندى . يەنە شۇ تونۇش يېزىلار ، تاغ باغرى ، چەكسىز ئېتىزلار ، پۇراقلىق باغلار ، ئانا زېمىن باغرىدىن ئۈنۈپ چىققان گىياھتەك شۇ يەرگە مەڭگۈلۈك باغلانغان ، ئۈمىدى تولىمۇ ئاددىي ، ئارزۇسى ئۆزىگىمۇ ئانچە ئېنىق ئەمەس دېھقانلار ۋە ئۇلارنىڭ توپىدا ئېغناپ چوڭ بولغان يىلىڭ - يالىڭاچ بالىلىرى ، كۆكرەكلىرىنى ئېچىپ بالا ئېمىتىۋاتقان ، چاچلىرى چۇۋۇق دېھقان خوتۇنىنىڭ كۆلكە بىلەن پەيدا بولغان قورۇقلىرى …»

… خەتتىن پەيدا بولغان تەسەۋۋۇر شېئىرىي ھېسسىياتقا باي

يىگىت قەلبىنى كۆرۈنۈپ تۇرغان قارلىق چوققىلاردىن تەگرىتاغنىڭ جەنۇبىغا ئەكەتتى . نۇرى خۇددى بىر قىزىق كىتابقا بېرىلگەندەك خەتتىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى . ئۇ كۆڭلىدە ياش قىزنىڭ قەلىمىگە ھەيران قالدى . كۆپ ۋاقتىنى سلاۋيان يېزىقىدا ، لاتىن ۋە ئەرەب يېزىقلىرىدا نەشر قىلىنغان كىتابلارغا بېرىپ ، كىتابتىن ھوزۇر ئېلىشنى ياشلىق ھاياتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىۋالغان پەرىخەنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنىڭ بۇ كۆچۈرمىسى ئۇلۇغ ئىشقا بەل باغلىغانلار ئۈچۈن مەدھىينامە ۋە بىر ھايات داستانى بولۇپ تۇيۇلماقتا ئىدى .

«... نۇرى ئاكا ، ئابدۇكېرىم ئاكام مېنىڭ بۇ خاتىرەمگە تولىمۇ قىزىقىدۇ . ھەر كۈنكى خاتىرەمنى ھەر كۈنى ئوقۇيدۇ . خاتالارنى تۈزىتىدۇ ، بەزى يەرلەرگە قوشۇپمۇ قويىدۇ . تۆۋەندىكى خاتىرە ئۇ كىشىنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يازغانلىرى : گومىنداڭ ۋەكىللىرى ۋالىي ، ئالتە نەپەر دىنىي زات ، ئۈچ نەپەر يەرلىك ئەمەلدار بىز تەرەپ قاسىمجان قەمبىرى ، مەن — ئاپباسوف ، داموللا رازىيوف ، ئاقسۇ كونىشەھەرنىڭ بىز سايلىغان ھاكىمى شېرىپ قارىيھاجىملار بىر دېھقان ھويلىسىدا سۆھبەتلەشتۇق . پاھ ، ئۇلارنىڭ گېپىنىڭ چوڭلۇقىنى تېخى ! ۋالىي شۇنداق دېدى :

— قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولساڭلار ، ھۆكۈمەت سىلەرنى كەچۈرۈم قىلىدۇ . سىلەر دېگەن چۇمۇلە ، جوڭخۇا مىنگو ، گومىنداڭ پارتىيىسى بىر كاتتا پىل . چۇمۇلە بىلەن پىلنىڭ ئېلىشىشى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ . بۇ سىلەرگە چۈشىنىشلىك !

— ئۆلۈك پىل ! — دېدىم ئاچچىقىمدا ئورنۇمدىن سەكرەپ تۇرۇپ ، — شىخودا ، جىڭدا قانچە ئۆلۈكىڭلار قالدى . غۇلجىدا نەچچە كۈن بەرداشلىق بېرەلىدىڭلار ؟ چۆچەك ۋالىيسى ئەسكەرلىرىنى باشلاپ نېمىشقا سوۋېت ئىتتىپاقى چېگراسىغا قېچىپ كىرىۋالدى . سىلەرگە بىرلا يول قالدى : قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولۇڭلار . بولمىسا سىلەرنى كۈتۈۋاتقىنى ئۆلۈم !

— بىزگە دوكلات قىلغۇچى ئەترەت باشلىقلىرى ھېلىدىن - ھېلىغا كىرىپ:

— پىلىموت ئىسكادىرونى يېتىپ كەلدۇق!

— ئاتلىق 3 - ئىسكادىرونى دېگەن يەرگە ئورۇنلاشتى!

— سېپىلغا ھۇجۇم قىلىش تەييارلىقى تاماملاندى!

— 2 - ئاتلىق پولك بۇيرۇق كۈتمەدۇ! — دەپ دوكلات بېرىپ تۇردى. ھەربىر دوكلاتنى ئاڭلىغاندا، گومىنداڭ ۋەكىللىرى ئالاقزادە بولۇشاتتى. بولۇپمۇ، ئاقسۇ ۋالىيسى ياۋروپاچە ياسىنىپ، جىياڭ جيېشىدەك كىچىككىنە بۇرۇت قويۇۋالغان ئادەم ئولتۇرالماي قىلىۋاتاتتى.

— ۋالىي جانابلىرى! — دېدىم مەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ، — مېنى تونۇغانسىز، سىزگە تەرجىمان بولغانمەن. سىز ئىلىغا ۋالىي بولغاندا، مەن ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ تەرجىمانى ئىدىم. بالا - چاقىڭىز ھازىرمۇ غۇلجىدا. ئۇلار سالامەت. ئۇلار سىزنىڭ تېزرەك ھەقىقەتنى تونۇپ تەسلىم بولۇشىڭىزنى كۈتمەكتە. تەسلىم بولۇپ قورال تاپشۇرساڭلار، بىز سىلەرنى قارشى ئالىمىز!

— ئافەيىي، ئافەيىي!... — دېدى ۋالىي پېشانە تەرىنى سۈرتۈپ، — نامىڭىز تونۇش، ئاباسوف ئەپەندى... قېنى... بار مەسلىھەت... قايتىپ بېرىپ مەسلىھەتلىشەيلى!...

بىزنىڭ قوراللىق پارتىزانلار ئۇلارنى يېڭىشەھەر دەرۋازىسىغىچە ئۇزىتىپ قويدى.

ئۇلار كەتكەندىن كېيىن مەن سوپاخۇننى ماختاپ كۈلدۈم:

— ئورۇنلاشتۇرغان دوكلاتچىلىرىڭىز كاتتا رول ئوينىدى. ئۇلار ھودۇقۇپ تىترىشىپ كەتتى!

— جەڭ، توققۇزى رەڭ! — قاسىمجان قەمبىرىنىڭ بۇ سۆزى بىلەن ھەممىمىز قاتتىق كۈلۈشتۇق.

قورالىق پارتىزانلار بىز ھۆكۈمەت باشلىقلىرىنى ئارقا سەپ بىلەن بىللە كونىشەھەرگە ئەكىرىپ قويدى. بىز چېكىنگەندىن

كېيىن ، كونىشەھەردە تۆت - تۆت بولۇپ بىرنەچچە ئادەمنى تۇتۇپ كېتىپتۇ . بىرنەچچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈپتۇ... »

... نۇرى بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋېلىپ پەرىخوننىڭ خاتىرىسىنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى .

«ئاقسۇ يېڭىشەھەرگە مانا ئىككى كۈندىن بېرى قاتتىق ھۇجۇم باشلاندى . قەشقەر دەرۋازىسى ئوچۇق ئىكەن . بۇ دۈشمەننىڭ قېچىش يولى . سېپىل ئۈچ تەرەپ — شىمال ، شەرق ، غەرب تەرەپلەردىن قورشالغان . سېپىل ئۈستىدە بىرى كۆرۈنسە بىرى ، ئۇنى كۆرۈنسە ئۇنى دومىلاپ تۇرغاچقا ، دۈشمەن تولىمۇ غالجىرلاشقان . سېپىلدىن چىققان ئىشپىيونلار تۇتۇلۇپ تۇرماقتا . ئۇلارنىڭ دېيىشىچە ، بىز ھۇجۇم قىلغان بىرىنچى كۈنى دۈشمەنلەر سىياسىي مەھبۇسلارنى ئۆلتۈرۈۋېتەكەن . ل . مۇتەللىپ قۇربان بولغانمىدۇر - ھە ؟ كېچىچە ئازاب بىلەن ئۇخلىيالمىدىم . نۇرى ئاكا ، شۇنداق بولغان بولسا بىز بىر ئېسىل شائىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇققۇ !

مۇنۇ مىسرالارنى بۇ يەردىكى ياشلاردىن كۆچۈرۈۋالدىم . بۇ مىسرالار بۇ يەردە ئادەملەرگە يادا ئىكەن :

تېگىرقىمايمەن دوستلار ، تىلەيمەن ئالىي تىلەكلەرنى ،
چۈشۈرمەيمەن كۆرەشكە دەپ تۈرگەن بۇ بىلەكلەرنى .
مەرد باغۋەن غازاڭ قىلماس ۋاقىتسىز باغنى ،
تەربىيىسىز سولدۇرۇپ گۈل - چېچەكلەرنى .
خىيالىم تەلپۈنۈپ تۇرغان بىر سەبىي بالا ،
ئېمىش ئۆچۈن قەدىردان ئانىدىكى قوش ئەمچەكلەرنى !

كۆزلىرىمدىن ئازابلىق ياشلار تۆكۈلمەكتە . ئۇ بىزگە نەقەدەر تەقەززا ئىكەن - ھە ؟ قەدىردان ئانا ھېسابلانغان بىز نېمىشقا ئۇنى قۇتقۇزۇۋالمايمىز . ۋالىينى تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭغا تېگىشىش لازىم ئىدىغۇ ؟ ل . مۇتەللىپنى قايتا تىرىلدۈرۈۋالغىلى بولمايدۇ ،



www.uyghurkitap.com

ئىسسىت، ئىسسىت!...

يىگىرمە ـ ئوتتۇز شوتا ياسالدى. سېپىل تېگى كولاندى. لېكىن، پارتلىتىدىغان دورا تېخى غۇلجىدىن كەلمەيۋاتىدۇ. سېپىلغا شوتا بىلەن يامىشىپ چىققان تۆت يىگىت خۇشال بولۇپ كېتىپ «ھۇررا!» دەپ ۋارقىراپ قويۇپ ئاشكارىلىنىپ قالدى. ئۇلار قۇچاقلاشما جەڭ قىلىپ قۇربان بولدى. مەن ئۇلار ئۈچۈنمۇ يىغلىدىم. رۇس قىزى نىنانى چىڭ قۇچاقلاپ قاتتىق يىغلىدىم. ئۇلارنىڭ يىگىرمە نەچچە ياشلىق ھاياتى «ھۇررا» تۈۋلاش بىلەنلا ئاخىرلاشتى. سوپاخۇن ئاكا قانچىلىك ئازابلانغاندۇر ـ ھە! ئۇنىڭ شوتا بىلەن ياماشقۇچىلىرى نەچچە قېتىم سېپىلغا چىققان بولسىمۇ، قۇربان بولۇشتىن باشقىغا ئېرىشەلمىدى. نېمىشقا كاتيۇشالىرىمىز، مىناميوت، زەمبىرەكلىرىمىز يوق؟ ئامېرىكا ياپونىيىنىڭ ناگاساكى، خىروسىما ئاراللىرىغا ئاتوم بومبىسى تاشلاپ، ياپونلارنى تەسلىم بولۇشقا قىستىدى. ھازىر دېگەن قورال دەۋرى ئەمەسمۇ؟ نېمىشقا سوۋېت ئىتتىپاقى بىزگە خىل قورال، ئايروپىلان ياردەم قىلمايدۇ؟ بىزگە يىگىرمىدەك ئوفىتسېرنى ئەۋەتتى. ئۇلاردا گەپتىن باشقا ھېچنېمە يوق. ئېزىلگەن مىللەتلەرنى گەپ بىلەنلا قوللىمىدىكىنتاڭ، بۇ سوۋېت ھۆكۈمىتى ياكى بىزنىڭ غەلىبە قازىنىشىمىزنى خالىمىدىكىنتاڭ؟ ئاپام رەھمەتتى: تاتارلار بىلەن ئۇيغۇرلارنى ستالىن يامان كۆرىدۇ، نېمىشقا دەمسىنا؟ نېمىشقا بولاتتى، بىز دېگەن مەدەنىيەتلىك، دەيتتى. مەدەنىيەتلىك بولسا نېمىشقا يامان كۆرىدۇ، دەپ ئاپامنىڭ گېپىگە ئىشەنمەيتتىم. مانا ھازىر ئاپامنىڭ گېپى يادىمغا يېتىپ، ئۆزۈمدىن نۇرغۇن سوئاللارنى سورايدىغان بولۇپ قالدىم. سېپىل پارتلىتىدىغان دورا دېگەن قانچىلىك نېمە ئۇ؟ شۇ دورا بولسىلا سېپىل پارتلاپ يېڭىشەھەرگە ھۇجۇم قىلىشقا يول ئېچىلاتتى. تۇتۇلغان ئىشپىيوننىڭ دېيىشىچە، يېڭىشەھەردىكى دۈشمەنلەر قېچىشقا جىددىي تەييارلىنىۋېتىپتۇ. قەشقەر تەرەپكە قاچارمىش. بىرلا پارتلاش ئاۋازى ئاڭلانسىلا قۇيرۇقىنى خادا قىلارمىش. نەچچە

كۈن بولدى بىر خىللا ئېتىشىش، مىلتىق، پىلىموت ئاۋازى، ھۆررا ساداسى، سىگنال ساداسىغا تەقەززا بىز. قاچانغىچە قورشاپ ياتىمىز؟ قەشقەر، خوتەنلەرگە قاچان يۈرۈش قىلىمىز — ھە؟ مەخسۇم، ئىمىن، ئېلى، دىلكەش (قىرغىز)، سىۋەن (موڭغۇل) ئىسىملىك يىگىتلەر بىلەن تونۇش ئىدىم. ئۇلار يارىلانغاندا مەن يارىسىنى تاڭغانىدىم. ئارزۇلىرى چوڭ يىگىتلەر ئىدى. سېپىلدا مەشئەل ئۆچۈپتىكەن، ئۇلار شوتا بىلەن سېپىلغا چىقىپ كەينىدىكىلەرنىڭ چىقىشىنى كۈتمەيلا (بەلكى ئۇنتۇغان) ھۆررا توۋلاپ غەلىبىلىرىنى جاكارلىغان چېغى، دۈشمەن تۇيۇپ قالدى، ئۇلار سانى جىق دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ قۇربان بولدى. بىرى ناخشىچى، بىرى قوبۇزچى، بىرى بېيىتچى يىگىتلەر ئىدىغۇ! ئۇلار غەلىبىگە، غەلىبە تەنتەنىسىگە نەقەدەر تەقەززا ئىدى — ھە؟ پۈتۈن خەلقىمىز غەلىبىگە تەقەززا، ئەركىنلىك، ھۆرلۈك، ئىنسانلارچە ياشاش ھوقۇقى ئۇلارنىڭ ئارزۇسى. خەلقنىڭ ئارزۇسىغا نېمىشقا سەل قارايدىغاندۇ بۇ سوۋېت ھۆكۈمىتى؟ ھەيرانمەن، نۇرى ئاكا، بۇ يەرگە كەلگەن سوۋېت ئوفىتسېرلىرى ھەممىدىن ئۈستۈن. ھەممە ئىشنى شۇلار بەلگىلەيدۇ، شۇلارنىڭ دېگىنى دېگەن. سوقۇشنى بىز قىلىمىز، قۇربان بولىدىغانلارمۇ بىز، ئەمما بىزنى ئۇلار باشقۇرىدۇ. سىلەردىمۇ شۇنداقمۇ — ھە؟...»

نۇرى يەنە ئۇلۇغ — كىچىك تىنىپ خورسىنىپ قويدى.

«... مانا، يىگىرمە كۈندەك بولدى، ھېچقانداق ئىلگىرىلەش يوق، كۈندىلا ھۇجۇم، ئاتىمىز، ۋارقىرايمىز. لېكىن، جايىمىزدىن مىدىرلىيالمايمىز. كونىشەھەر ئۈستىدە دۈشمەن ئايروپىلانى پەيدا بولدى. پارتىزانلار ئىككى پاراشوتنى قولغا چۈشۈرۈپتۇ. ئوق — دورا، نۇرغۇن پۇل ۋە بىر پارچە خەت بار ئىكەن. پۇلنى ئوفىتسېر — جەڭچىلەرگە تارقىتىپ بەردى (كوماندىر ئىسكادرونلارغا بىر يۈز ئەللىك سومدىن، كوماندىر ئىنزۋوتلارغا يۈز سومدىن، جەڭچىلەرگە ئەللىك سومدىن). خەتنى ئاباسوف باشلىقلارغا ئوقۇپ بەردى: «شىمالىي شىنجاڭدا ئۇرۇش

توختىدى . بىز گاڭگىراپ قالدۇق . سىلەرگە ياردەم بېرەلمەيمىز ، ئۆزۈڭلارنى قاتتىق مۇداپىئە قىلىڭلار . ئامال تېپىپ ئاخىرىغىچە چىداڭلار . جاۋ تۆەنجاڭ ، خۇش خەۋەر ، ئىلى ئوغرىلىرى كېلىشىم قىلىشقا كۆنۈپتۇ . سىلەردىمۇ ئاز كۈندە ئۆزگىرىش بولىدۇ . باندىتلار چېكىنىشى مۇمكىن ! ، بىزمۇ گاڭگىراپ قالدۇق . يېرىم يولدا چېكىنىپ قالساق ، مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان ئارزۇلار ئۆلگەن بولمامدۇ ؟ تارتقان جاپالار ، تۆكۈلگەن قانلار ، شۇنچە قۇربانلار بىكار بولمامدۇ - ھە ؟ قاسىمجان ئاكا ، ئابدۇكېرىم ئاكىلار خېلىغىچە جىمىپ قېلىشتى .

— ياق ، بۇ دۈشمەننىڭ ھىيلىسى ! — دېدى قاسىمجان ئاكا .

— چۆچەكچىگىدا بىتىم تۈزۈلدى . ماۋ زېدۇڭ بىلەن جياڭ جېيېشى كۆرۈشتى . سوۋېت باش ئەلچىسى پېتروفمۇ چۆچەكچىگىغا بېرىپ بىتىمنى تەبرىكلىدى . سوۋېت ھۆكۈمىتى بىزنىمۇ بىتىمگە دەۋەت قىلىشى تۇرغانلا گەپ ! — دېدى ئاباسوف ، — بۇ كۈن كەلگۈچە دۈشمەننى يوقىتىۋالساق ياخشى بولاتتى . ھازىر بەك بالدۇر ، بەك بالدۇر !

ئۇنىڭ چىرايى غەمكىن ، ئۆڭگەن ، ئاۋازى تىترەك ، ناله ئارىلاش ئاڭلاندى .

بىز نېمىنى كۈتۈۋاتىمىز ، بىزنى نېمىلەر كۈتۈۋاتىدۇ ؟ نۇرى ئاكا ، مەن سىزنى غەلىبە شادلىقى ۋۇجۇدىمىزدا گۈلخان پەيدا قىلغان بىر پەيتتە كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتىم . ئېيتىڭا ، بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى قېرىنداشلىقتىن ھالقىپ ئۆتەلمىگەن دوستلۇق ھېسسىياتىمىزنىڭ ئاقسۇ يېغىشەھەر سېپىلىدەك توسۇققا كېلىپ توختاپ قالغىنىغا ئۆكۈنەمسىز ؟ مەن ئۆكۈنمەيمەن . ئۇ ئىش بىزنىڭ ئىرادىمىزگە باغلىق ئەمەس ، گويا ئاقسۇ يېڭىشەھەردىن چېكىنىش بىزنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرىمىزگە بېقىنمىغاندەك . نۇرى ئاكا ، مەن سىزگە بەخت تىلەيمەن . مەن ئارىمىزدا پەيدا بولغان يىمىرىلمەس سېپىلنى پارتلىتىدىغان پارتلىتىش دورىسىنىڭ بىر يەردىن كېلىشىنى ھەرگىز ئارزۇ قىلمايمەن . بۇ ھەرگىزمۇ سىزگە

بولغان ھېسسىياتىمنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىدىن ئەمەس ، بەلكى سىزنى ھەدەم سەبىخە بىلەن تالاشقان چاغلاردىكىدىنمۇ قاتتىقراق ياختى كۆرگەنلىكىمدىن . تىنىمسىز ئېقىۋاتقان كۆز ياشلىرىم سىزگە شۇنى تەلەپ قىلىپ ئۇقتۇرىدۇ : مېنى ئويلىماڭ ، مەن سىزگە ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولالمايمەن . مەن سىزگە ئۆمۈر بويى كۆيىمەن ، ئۆمۈر بويى سىزدىن قاچىمەن ! بۇنداق قارارغا كەلمەك قانچىلىك ئازاب ، قانچىلىك قىيىن ـ ھە ؟ لېكىن مەن شۇنداق قىلماي تۇرالمايمەن ، شۇنداق قىلىشلا مېنىڭ ۋىجدانىي بۇرچۇم . ئارىمىزغا ھېچكىم كىرگىنى يوق . مەن ھېچكىمدىن ئاغرىنمايمەن . ھېچكىمگە نەپرەتلەنمەيمەن . تەقدىرىم شۇ ئىكەن . بىز تەقدىرىمىزنى باشقىلارنىڭ بەلگىلەپ بېرىشىگە كۆنۈپ قالغان خەلق ئىكەنمىز . مەن شۇ ئەۋلادلارنىڭ پۇشتى . قانۇن بولۇپ شەكىللىنىۋاتقان تەقدىر ـ پېشانە ئەقىدىسى مېنى ياشاش ئۈچۈن گۈزەل ئارزۇلاردىن ۋاز كېچىشكە قىستىدى . بۇ مېنىڭ ئاخىرقى خېتىم ، مېنى كەچۈرۈڭ نۇرى ئاكا !

… ھېلىقى سەپەرلىرىمىز ، يېزىلار ، دەريا بويى ، بۈك ئورمانلىق باغ ، قاش دەرياسىنىڭ بويىدىكى چادىرتال دېگەن يەردىكى قارىغايلىقلار دائىم چۈشۈمگە كىرىدۇ . مەن شېرىن چۈش ، تاتلىق ئەسلىملىرىم بىلەنمۇ بەختلىك بولالايمەن !… »

ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى ، يۈرىكى ئېچىشتى ، گېلىدىن بىر يوشۇرۇن قول بوغقاندەك دېمى سىقىلدى . ئۇ جەنۇبقا — قارلىق چوققىلارغا قارىدى ، ئۇنىڭ ۋارقىرىغۇسى ، شۇ ياققا قاراپ يۈگۈرگۈسى كەلدى .

مېنىڭ ھېسسىياتىمنى چۈشەنگىنى ئۈچۈنمۇ ياكى باشقا ئېيتقىلى بولمايدىغان ئالاھىدە سەۋەب بارمۇ ؟ نېمىشقا پەرىخە ئۆزىنى قاچۇرۇش يولىنى تاللىۋالدى . خۇددى مەن زەيتۇنەدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇش يولىنى تاللىۋالغىنىمدەكلا !…

ئۇ زەيتۇنەنىڭ خېتىنى قولىغا ئالدى . ئۇ گويا بىر پارچە چوغنى تۇتۇۋالغاندەك ئەندىكتى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئىنسانىيەت

ھېسسىياتىنىڭ غىدىقلىغۇچىسى بولغان گۈزەل قىز چىرايى كېلىش بىلەن ، دەرھال زەيتۇنەنىڭ خاسلىقى شەكىللەندى : سۈتتەك ئاق يۈزى ، يوغان ، قاپقارا كۆزلىرىنى تېخىمۇ كۆركەملەشتۈرۈپ تۇرىدىغان تال ـ تال ، ئۇزۇن ، قويۇق كىرپىكلىرى ، كىشىنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە تارتىدىغان تولىمۇ چىرايلىق لەۋلىرىنىڭ كۈلۈمسىرەشلىرى ، كۈلۈمسىرەش بىلەن بىللە پەيدا بولىدىغان كۆزلىرىنىڭ خۇمارلىشىشى ، مەڭزىدىكى زىنىخلىرى ، سەدەپتەك چىشلىرى ...

نۇرى قانداق قىلىپ بۇ قىز بىلەن شۇنچە يېقىن ، شۇنچە خۇمار تۇتقۇدەك ئىپچىللىشىپ قالغىنىنى بىلمەيدۇ . ئۇ قىز ئۈچۈن ئۇنچىلىك ھەرىكەتمۇ قىلغان ئەمەس . ئۆز ئەۋزەللىكلىرىنى كۆرسىتىشكە تىرىشقانمۇ ئەمەس ، قىزغا ياقىدىغان ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلەرنى ياساپ چىقىپ ، ئۆزىنىڭ نازۇك يۈرەك سىرلىرىنى ئاشكارىلىغانمۇ ئەمەس . ئۇ شۇنچە تەبىئىي ، شۇنچە سالماق بىلەن ئۆزىدە نېمىلەر بار بولغان بولسا شۇنى كۆرسەتتى ، تەبىئەت ئۆزىگە بەرگەن ھەممە نېمىنى ئۇنىڭدىن يوشۇرمىدى . ئۇ گەپدانلىق ياكى نومۇسچانلىق ياسالمىلىقى بىلەن ئۆز ئەيىبلىرىنى يوشۇرۇپمۇ ئولتۇرمىدى . ھەتتا بەزىدە قوپال گەپمۇ قىلدى ، چاقچاقلىرى تاپتىن چىققان چاغلارمۇ بولدى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇ قىزغا نېمىلىرى ياراپ قالغىنىنى ئويلاپمۇ باقمىدى . زەيتۇنەنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرگەن شۇنچە يىگىتلەر : باي بالىلىرى ، «مەن» دەپ يۈرگەن ئەمەل ئىگىلىرىنىڭ ھەممىگە قولى يېتىدىغان بالىلىرى ، گۈزەللىكى بىلەن ، ياسانچۇقلۇقى بىلەن تىلغا ئېلىنغان يىگىتلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەيران قالدۇرۇپ ، گۈزەل باي قىزنىڭ نۇرىغا كۆڭۈل بېرىشى زادى نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بۇ مۇھەببەت قەھرىمانى زادىلا ئويلىمىدى . ئۇ مۇھەببەتكە باشتا بىپەرۋا ، ھەتتا سوغۇق مۇئامىلە قىلدى . قىزنى ئازابلاش ئۈچۈن قىز قەلبىدىكى يالقۇننى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئەمەس ، ئۇ ئۆزىنى بۇ مۇشكۈلچىلىك سەۋداسىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدى . لېكىن ، ھايات

بۇ «پولات تاياق»نى ئەگدى . ئىنسان تەلپىنىڭ قانۇنىيىتى ئۇنى يۇمشاتتى . ئۇ ئاخىر قىزغا يوشۇرغىلى بولمايدىغان كۆڭۈل سىرىنى ئىختىيارسىز ئاشكارىلاپ قويدى . بىر كۈنى كومپانىيە ئولتۇرۇشىدىن يېنىپ ، قىزنى نوۋىگورود كوچىلىرىدا سەيلە قىلدۇرۇپ ئۇزىتىپ مېڭىپ ، نومۇسچان ئاي پەيدا قىلغان غۇۋا ئالا كۆلەڭگە ئاستىدا قىزنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ :

— نېمە ئۈچۈن ، نېمەمگە ، ئېيتىڭا ؟ — دېدى .

قىز خۇددى شۇ سوئالغا تەشنادەك دەرھاللا :

— بىلمەيمەن ، ھەممە نېمىڭىز مەن ئۈچۈن قىممەتلىك ! — دېدى يەرگە قاراپ .

ئۇ قىزنى باغرىغا بېسىپ چاچلىرىنى پۇرىغاندا ، ئۆزىنى بالىلىقىدا تەسەۋۋۇر قىلغان جەننەتتە ھېس قىلدى . يىگىتلىك غۇرۇر ئۇنى گويا ئەرشكە ئېلىپ چىقتى . شەھەرنىڭ ئەڭ گۈزەل ، ئەڭ ئەقىللىق ، ئەڭ ئەتىۋارلىق قىزى ئۇنى قۇچاقلىماقتا . شەھەر يىگىتلىرى بۇنى كۆرگەن بولسا ، شۇ كېچە بەلكى نەچچە يۈز يىگىت ئۇخلىمىغان ، نەچچىلىرى كۆز يېشى قىلغان ، نەچچىلىرى مەست بولۇۋېلىپ ، بۇ دۇنيانى قانغۇچە تىللىغان بولار ئىدى . ئەپسۇس ، ئۇلارنى ھېچكىم كۆرمىدى . ئۇ كېچە ئۇرىنىڭ قەلبىدە ھاياتنىڭ ئەڭ لەززەتلىك ، ئەڭ مەنىلىك ۋە ئەڭ قىممەتلىك خاتىرىلىرىنى قالدۇردى … ئۇ شۇ چاغدىن باشلاپ مۇھەببەت سەپىرىنىڭ مۇشكۈل قەدىمىگە ئاياغ باستى : قىز ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ياندى ، خىيالىنى تامام ئىگىلىدى . گويا ئۆز سايىسىدەك كۈندۈزلىرى ھەممە يەردە ، كېچىلىرى ئۈزۈلمەس شېرىن چۈشتەك ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدا بىللە بولدى . لېكىن ئۇ ئىرادە ۋە ئەخلاق ـ ئىنساپ كۈچى بىلەن ۋۇجۇدىدىكى بۇ يالقۇننى ئۆچۈرەلىگەن چاغلارمۇ بولدى : ئۇ ئۆزىنىلا ئەمەس ، باشقا بىرىنى ، يەنى ئۆزىگە تۇنجى مۇھەببىتى بىلەن بېرىلگەن پەرىخەنى بەختلىك قىلىش ئىرادىسىگە كەلگەن كۈنلىرىدە باي قىزنى ئۇنتۇش ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈنمۇ تىرىشۇن ھەرىكەت قىلدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ

جىڭ سوقۇشىدىن كېيىن قىزدىن ئۆزىنى قاچۇردى . مانا شۇ كۈنلەردىمۇ ئۇ قىزنى ئۇنتۇش كويىدا . لېكىن مۇنۇ خەت قولىغا تەگكەندە ، ئۇ ئىختىيارسىز چوغ تۇتۇۋالغاندەك ئەندىكتى . رېئاللىقنى ، بولۇپمۇ ئۆز ھېسسىياتى پەيدا قىلغان ، قەلبىگە تامغا بولۇپ بېسىلغان رېئاللىقنى ئىنكار قىلماق بەكمۇ تەس ئىكەنلىكىنى ئۇ چۈشەندى ، ئىقرار قىلدى . ئۇ تىترەپ تۇرغان بارماقلىرى بىلەن خەتنى ئاچتى :

«سىز بىلەن كۆرۈشمىگىلى ئۈچ ئاي بوپتۇ . بىلەمسىز ، ئۈچ ئاي دېگەن توقسان كۈن - توقسان كېچىنى خىيال ، سېغىنىش ، چالا ئۇخلاپ جۆيلۈپ ئويغىنىش بىلەن ئۆتكۈزۈش قانچىلىك ئازابلىق ! بۇ خېتىم تاتىيانانىڭ ئونېگىنغا يازغان خېتى ئەمەس ، بۇ خېتىم ئاننا كارېنىنانىڭ ۋورونسكىيغا بولغان تەقەززالىقىمۇ ئەمەس ، مەن مېنى قىيناۋاتقان بىر رەھىمسىز كۈچنى ئەيىبلەپ ، قورسىقىمنى بوشاتماقچىمۇ ئەمەسمەن . مەن ئۆزۈمنى ، قەلبىمنى ئىسپادىلەشكە ئاجىزمەن . مەن پەقەت ياشلىق خاتىرىلىرىمدە مەن ئۈچۈن ھاياتتا يول ئىزدىشىمگە ئەڭ چوڭ مەدەت بەرگەن بىر دوستۇمغا ئۆزۈمنىڭ خىيال ۋە ئارزۇلىرىمنى بايان قىلماقچىمەن ، خالاس .

نۇرى ، سىز مەندىن مەقسەتلىك ھالدا ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇپ ، ئىككىلىك خەت يېزىشقىمۇ ۋاقىت ئاجراتمىدىڭىز . سىزنىڭ ئەس - يادىڭىز ئۇرۇشتا ، غەلىبىدە . بۇ ماڭا چۈشىنىشلىك . لېكىن ، ئۇرۇش ، جەمئىيەت ئۆزگىرىشى ، دۇنيانىڭ يېڭىلىنىشى بىزنىڭ ئىرادىمىزگە باغلىق ئەمەس . كېيىن پۇشايمان قىلىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسا بولاتتى . دادام چوڭلار بىلەن كۈندە دېگۇدەك بىللە ، مەن ئۇلارنىڭ سۆھبەتلىرىدىن خەۋەردارمەن . ئېلىخان تۆرەمنىڭ نارازىلىقى ناھايىتى كۈچلۈك . گومىنداڭ بىلەن بىتىم بولارمىش . بىتىمگە چوڭلارنىڭ تولىسى نارازى . نېمىشقا شىنجاڭدىن گومىنداڭنى قوغلاپ چىقارمايمىزكەن ، غەلىبە كۆرۈنۈپ قالغاندا كېلىشىم قىلغىنى

www.uyghurkitap.com

نىمىسى؟ قىلغان سوقۇشلار، بەرگەن قۇربانلار بىكار بولامدۇ؟ دېيىشمەكتە. دادام مېنى خۇشال قىلىشنىڭ كويىدا. مەن نۇرى بىلەن موسكۋاغا بېرىپ ئوقۇيمەن دېۋىدىم، دادام ناھايىتى خۇشال بولدى. موسكۋادىن ئۆي، خىزمەتچىلەرنى سۆزلىشىپ قويدۇم دەيدۇ تېخى. نۇرى، مەن سىز بىلەن بىللە ئۆزىمىز سۆيىدىغان كەسىپلەردە ئوقۇپ كەلسەك، خەلقىمىز ئۈچۈن يارىتىدىغان تۆھپىمىز تېخىمۇ چوڭ بولماسمىدى. گومىنداڭ ئاغدۇرۇلسىلا خەلق ياخشى تۇرمۇشقا ئىگە بولۇپ كېتەرمۇ؟ نامراتلىق، ساۋاتسىزلىق، نادانلىققا ئوخشاش چوڭ ئىشلارنى ئۇرۇش بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدىغۇ؟ سىز بۇ ئۇرۇشقا نېمانچە ھەۋەسكار، ھېچ چۈشىنەلمىدىم. نۇرغۇن غايىلىك ياشلار ھازىر ئوقۇش كويىدا. بىزنىڭ مىللىتىمىزدىن داڭلىق ئالىملار، دوختۇرلار، ئىنژېنېرلار، يازغۇچى، شائىرلار كۆپلەپ چىقسا، ئۇلارنىڭ رولى ئۇرۇش قەھرىمانلىرىنىڭكىدىن چوڭ بولامدۇ؟ مەن سىزنىڭ تالانت - قابىلىيىتىڭىزنى زايە قىلىۋەتمەسلىكىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. سىز باي بولۇشنى، چوڭ ئەمەلدار بولۇشنى خالىمايمەن دەيسىز. باي، ئەمەلدار شۇنچىلىك يىرگىنىشلىكمۇ؟ ياق، ئۇلاردىنمۇ جەمئىيەت، خەلق ئەتىۋارلايدىغان ئېسىل ئادەملەر خېلى كۆپ چىقىدۇ. ھەممىلا ئەمەلدار شېڭ شىسەي ئەمەس، ھەممىلا باي چېيۇسىلىك ئەمەس. دادامنى ئالايلۇق، ئۇ تولىمۇ كۆڭلى ياخشى، خەلقنى، جەمئىيەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدىغان بىر باي. بۇ قېتىم ئىنقىلابقا دادامنىڭ بەرگەن پۇلى مۇساباييوفلار، باسباييلاردىن قالمايدۇ. ھۇسەنباييلار شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم پەننى مەكتەپ قۇرۇۋىدى، ھازىر قانچىلىغان زىيالىيلار جەمئىيەتكە قېتىلدى - ھە؟ ئۇلار يېڭى زامانىۋى مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكىنى ئەكىردى. جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىدە چوڭ رول ئوينىدى. مانا شۇنداق باي بولۇشنىڭ نېمىسى يامان؟ سىزنىڭ ئاتا - بوۋىڭىزمۇ چوڭ يەر ئىگىلىرىدىن ئىكەنغۇ، ئۇلارمۇ يامانمۇ؟ ئەمەلدارلارمۇ شۇنداق. خەلقنى سۆيىدىغان چورۇق ھېكىم دېگەن ئەمەلدار

هازىرمۇ خەلقىنىڭ ئاغزىدا ھېكايە بولۇپ يۈرمەمدۇ؟ ئىسھاقبېك، ئەخمەتجان، ئابدۇكېرىم ئابباسوفلارمۇ، يەنە باشقا بىزنىڭ باشلىقلىرىمىزمۇ، ھەتتا سىزمۇ (كوماندىر باتالىيون، كوماندىر ئىسكادىرون دېگەنلەر كىچىك ئەمەلدار ئەمەس) خەلقىمىزنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە ئەمەلدارلارغۇ؟ مەن سىز بىلەن گەپ تالاشماقچى ئەمەس، دادامنىڭ ياخشى نىيىتىنى قەدىرلەيلى دېمەكچىمەن. سىزدىن يالۋۇرۇپ تۇرۇپ تەلەپ قىلاي: ھەربىي سەپتىن چېكىنىڭ، دادام ئېلىخان تۆرەمگە ئېيتتى. تۆرەم ماقۇل كۆردى. سىزنىڭ رايىڭىزنى دەپلا موسكۋادا ئوقۇتاي دەيدۇ، بولمىسا پارىژ، لوندونلار تېخىمۇ ياخشى ئىدى. مەن سىزدىن تولىمۇ ئەنسىرەيمەن. سىزدىن ئايرىلىپ قېلىشنى ئويلىساملا بەدەنلىرىمگە تىترەك ئولىشىدۇ. سۇلايمانوفنىڭ قىلىقلىرى جېنىمغا تەگدى. ئۇ تېخى دادىسىنى ئىشقا سالدى. بىلەمسىز، ھېلىقى سىز ئىچ ئاغرىتىۋاتقان پەرىخە دېگەن قىز مۇشۇ سولايمانوفنىڭ دەردىنى تارتماقتىكەن. سۇلايمانوف ئۆز ئاغزى بىلەن ماختىنىپ تۇرۇپ ماڭا ئېيتىپ بەردى ...»

... نۇرى خەتنى تاشلاپ قويۇپ كۈنپېتىشقا قارىدى. يىراقتا تەلكە تاغلىرى — ئالاتاغ چوققىلىرى قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرىدا قىزارغان. نۇرىنىڭ يۈرىكىدە يوشۇرۇن غەشلىك پەيدا بولدى. «سۇلايمانوفنىڭ كاساپىتىدىن پەرىخە ھېلىقى سۆزلەرنى يازدىمۇ؟» ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، چوڭقۇر خىيال بىلەن خەتنىڭ ئاخىرىنى ئوقۇمايلا، چاتقاللىقتىن چىقىپ باتالىيون شتابىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

كەچتە ھاۋا تۇتۇلۇپ، ھەممە ياق قارا سىياھقا چىلانغاندەك قاپقارا بولۇپ كەتتى.

— پولكوۋنىك قېيۇمبەگ غوجام سىزنى پولك شتابىغا كەلسۇن دەيدۇ! — خەۋەرچىنىڭ دوكلاتى تۈگەش بىلەن ئۇ كانۋوينى ئاتقا بۇيرۇدى.

پولك شتابى ماناس دەرياسىنىڭ تۆۋىنىدىكى بىر كۆزلەككە

www.uyghurkitap.com

جايلاشقان . كۆزلەك ئىگىسى خەنزۇ خوجايىن بۇ دەل ـ دەرەخلىك چوڭ جاينى تاشلاپ قاچقانىدى . ئۆيگە گازۋاي لامپا يېقىلغان ئورۇندۇقلاردا چىرايلىق كىيىنگەن ئوفىتسېرلار پاگونلىرىنى پارقىرىتىپ قاتار ئولتۇرۇشاتتى . چىرايى تولىمۇ يېقىملىق پولكوۋنىك قىيۇمبەگ هاكىموف چاس بېرىپ تىك تۇرغان نۇرىي زىياۋۇدۇنوفقا ئولتۇرۇشقا رۇخسەت قىلىپ ، كۈلۈپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ۋە كۆپچىلىككە :

— قوماندانلىق شتابتىن كەلگەن ئالېكساندىر ئالېكساندىروۋىچ ! — دەپ پولكوۋنىك ئۇنىڭلىق رۇس ئوفىتسېرىنى كۆرسەتتى ، — ئەتىكى جەڭدىكى ئۇرۇش تەييارلىقى توغرىسىدا سۆز سۆزلەيدۇ !

بەزىدە رەسمىي ، بەزىدە مانېۋىر تەرىقىسىدە بۇنداق ئىشلار دائىم بولۇپ تۇراتتى . هەربىي دېگەن شۇ ئىشتىن باشقىنى قىلمايدۇ ـ دە ، دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە — دۈشمەن چىراغلىرى ۋاللىداپ تۇرغان يەردە ما بۇفاڭنىڭ ئاتلىق 5 ـ كورپۇسى غەربكە ئىېتىلىشقا تەييارلىنىپ خىرىس قىلىپ تۇرماقتا . بۇ ياقتىكى يىگىرمە نەچچە مىڭ كىشىلىك زور قوشۇنمۇ بۇيرۇق كۈتۈپ تىت ـ تىت بولۇپ ئابارون تۇتۇپ ياتماقتا . ئۇلارنىڭ ئەس ـ يادى دۈشمەنگە ئېتىلىشتا . ئۇرۇش توغرىسىدا گەپ بولسىلا ئۇلار هەممىنى ئۇنتۇيدۇ . نۇرى پۈتۈن زېهنى بىلەن گەپ تىڭشىدى . باشلىقلار ئەتىكى هەربىي ئورۇنلاشتۇرۇش ، ئىنتىزام ، هەربىي مەشىق ۋە پۈتۈن جەمئىيەت ئەهۋالى توغرىسىدا كەينى ـ كەينىدىن سۆزلىدى . يىغىن كەچ تۈگىدى .

— سالام كاپىتان ! — دېدى سۇلايمانوف نۇرىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ ، ئىككى قولىنى كەينىگە قىلىپ تەكەببۇرلۇق بىلەن .

— سالام ! — دېدى نۇرى ئۇنىڭغا قول سوزۇپ ، ئۇ سۇلايمانوفنىڭ مۇرىسىدىكى پودپولكوۋنىك ئۇنۋانىغا قاراپ قويۇپ ، — تەبرىكلەيمەن سۇلايمانوف ، هۆرمەتلىك پودپولكوۋنىك ! — دەپ قوشۇپ قويدى .

— شىخو، جىڭ سوقۇشلىرىدا داۋالاش، قۇتقۇزۇش ئىشلىرىدا كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن 1 - دەرىجىلىك ئىستىقلالىيەت ئوردېنى، پودپولكوۋنىك ئۇنۋانى بىلەن مۇكاپاتلاندى، بىزنىڭ ئەيساجان سۇلايمانوف! — ئىلدان ئىسمىلىك گىمنازىيىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، پولك شتابىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئۇستا گارمونچى، تاتار بايلىرىدىن بىرىنىڭ ئوغلى ئېگىز سېرىق يىگىت سۇلايمانوفنى قايتىدىن تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى، — ئىلى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى ساقلىقنى ساقلاش نازارىتىنىڭ ئورۇنباسار نازىرى بولۇپ ئۆستى.

سۇلايمانوف شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆتكەنكى سىلىق گەپ، مۇلايىم مۇئامىلىسىنى تاشلاپ، ئوقۇغۇچى ۋاقتىدىكىدەك غادايغان ئىكەن - دە. نۇرىنىڭ بىردىنلا جۇدۇنى ئۆرلىدى: «بىر پاي ئوق ئاتماي، بىر يارىدارنىڭ يارىسىنى تاڭماي، بىر قېتىممۇ دالىدا تىترەپ ياتماي، بىر قېتىممۇ يەر بېغىرلاپ تاشلىقتا ماڭماي، نېمانداق ئوڭايلا ئېرىشىۋالغان ئۇنۋان، مەنسەپ بۇ!...» ئۇنىڭ غەزىپى ئۆرلىدى.

— بەش مىنۇت گەپلەششەك! — دېدى سۇلايمانوف نۇرىغا ئارانلا قول بېرىپ، — ئۇچۇق - يورۇق گەپلىشىدىغان بىر ئىش بار ئىدى.

— ياخشى! — دېدى نۇرى مۆلچەرىنىڭ توغرىلىقىدىن رازى بولۇپ، — مەنمۇ سەن بىلەن سۆزلىشەي دېگەنىدىم، ھۆرمەتلىك پودپولكوۋنىك!

ئۇلار بىللە تالاغا چىقتى. قاراڭغۇدا بىر - بىرىنىڭ چىرايلىرىنى كۆرۈشمەيتتى، ئاۋازلىرىدىن ھەر ئىككىسىنىڭ غەزىپى بىلىنىپ تۇراتتى:

— پەرىخە توغرىسىدا بىرنېمە دېمەكچىمۇسەن، سۇلايمانوف؟

— شۇنداق. مەن ئۇ قىز بىلەن رەسمىيەت يۈزىسىدىن بولسىمۇ توي قىلمىسام بولمايدۇ!

— نېمە قىلدىڭ، سەن توڭگۇزنىڭ پۇشتى؟

www.uyghurkitap.com

نۇرى ئىختىيارسىز ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئىككى قوللاپ تۇتتى ، — ئالداپمۇ ، زورلاپمۇ ؟

— قويۇۋەت داڭگال ! — دېدى سۇلايمانوف سىلكىنىپ ، — سەن قىلغاننى قىلدىم . قالغىنىنى قىزىڭدىن سورا !

— مەن بىر تەس سوئالغا جاۋاب تاپتىم . سەن رەزىل ھايۋان !

— ساڭا يەتمەيمەن رەزىللىكتە . ھارامدىن بالىلىق بولدۇڭ . مەن يامىنى كەلسە سېنىڭ يېرىمىڭچىلىك رەزىل بولارمەن داڭگال !

نۇرى ئۆزىنى تۇتالمىدى . ئالدىدىكى ئادەمنىڭ پاگون ، مەنسەپلىرى ئۇنىڭ يادىدىن چىقتى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدى تىترىدى ، يوغان مۇشتۇمى ئۆزلۈكىدىنلا تۈگۈلدى . ئۇ چاترىسىنى كېرىپ تۇرۇپ كۈچ بىلەن مۇشت ئاتتى . سېكۇنت ئىچىدە ئۇ ئاچچىقىنى چىقاردى . ئۇ سۇلايمانوفنى بىر مۇشت بىلەن دومىلىتىۋەتتى !

ئادەملەر يۈگۈرۈپ كېلىشتى . نۇرىنى بىر مۇشت ئۈچۈن ھەربىي ئىنتىزام بويىچە ئېغىر جازاغا تارتىدىغان بولدى .

لېكىن ئۇ بۇ جازا ئۈچۈن ئازابلانمىدى ، پەرىخە ئۈچۈن زەيتۇنە ئۈچۈنمۇ سەدپارە بولمىدى . بۇ ئىشلار تېزلا ئۇنىڭ خىيالىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى . چۈنكى بۇ كۈنلەردە ئۇلارنىڭ ئۆز ھاياتىنى بېغىشلىغان چوڭ ئىشى — گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ، خەلق ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولىدىغان ھاكىمىيەت يارىتىش ئىشى يېرىم يولدا توختاپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە . كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان ، تىل بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان بىر يوشۇرۇن كۈچ ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇماقتا ، ئۇلارنىڭ ئىلگىرىلىشىگە توسقۇن بولماقتا ئىدى .

— نېمىشقا بۇ كىچىككىنە دەريادىن ئۆتەلمەيمىز ! بۇ چاغقىچە ئۇرۇمچىنى ئېلىپ بولۇپ ئاقسۇغا يۈرۈش قىلاتتۇق !

— بىر كېچىدىلا قوزغىلايلى !

— غېنى باتۇر بولغان بولسا بىزنى باشلاپ ماڭاتتى !

— بىرلىشىپ ستالىنغا ئەرز قىلايلى !

— ئېلىخان تۆرەممۇ خاپا بولۇۋاتقۇدەك !
— بىزنى نېمىشقا ئورۇسلار باشقۇرىدۇ زادى ؟
بۇ ئاۋازلار ھەممە يەردىن ئاڭلىناتتى ، پالىنوف ، ئىسھاقبېك ، مـاژاروفـقـا ئـوخشاش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىرى بۇ گەپلەرنى ئاڭلىسىمۇ قۇلاق يوپۇرۇپ ئاڭلىماسقا سالاتتى . لېكىن ، بولۇۋاتقان ئىشلاردىن ھەممىلا ئادەم — ھەربىر ئوفىتسېر ، ھەربىر ئەسكەر خەۋەردار ئىدى .

مـانـاس دەريـاسـى بـويىدىكى جىمجىتلىق نۇرنى ، ھەربىر كـۆڭـلىگە چوڭ ئىشلارنى پۈككەن ئالدىنقى سەپ پىدائىيلىرىنى ساقايماس كېسەلدەك قىينىماقتا ئىدى .

ئاقسۇ تەرەپتىن خەۋەر كېلىپ تۇردى : بەش مىڭدىن ئارتۇق خەلق يېڭىشەھەرنى ئازاد قىلىمىز دەپ ھۆكۈمەت ۋەكىللىرىدىن تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى . قورالسىز خەلقنى ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى سـۆز بـىـلـەن قـايـىل قىلىپ ھۇجۇمغا قوزغۇق قول ئۆتۈشتىن توسۇۋالدى . مىڭلىغان يىگىتلەر پارتىزان بولۇشنى تەلەپ قىلىپ كونىشەھەردىكى قوماندانلىق شتابقا توپلىنىشتى . ئارانلا يۈز يىگىت قـوبـۇل قىلىندى . شىمالدىن ئىككى دىۋىزىيون ئەسكەر ياردەمگە بارغاندىن كېيىن ئاقسۇ پارتىزانلىرى ئالتە يۈزدىن ئاشتى ـ دە ، 9 ـ ئـايـنـىـڭ 12 ـ كـۈنى يېـڭىشەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالدى . يـېـڭـىـشـەھـەر سـېـپـىـلـى ئىچىدىكى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى پـاراكـەنـدىـچـىـلـىـكـكە چۆمـدى ، ۋالـيـي قەشـقەرگە قاچمـاقچى بـولدى ، 5 ـ پولك كوماندىرى جاۋ خەنچىڭ ۋالىينى نەزەربەند قـىلىپ ، ۋالىيلىقنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ ھەربىي ھاكىمىيەت قۇرۇۋالدى . پارتىزانلار ئەللىك نەچچە شوتا ياساپ سېپىلغا چىقىش ئـۈچـۈن ھـەرىـكـەت قـىلدى . سېپىلغا چىقالىغان پارتىزانلارنى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئۆلتۈرۈپ ، ئۆلارنىڭ باشلىرىنى كېسىپ سـېپىل بۇرجەكلىرىگە ئېسىپ قويدى . سوقۇش قاتتىق بولدى . لېكىن ، سېپىل مىدىرلاپمۇ قويمىدى . 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى قـومـانـدان جـاۋ خـەنـچـىـڭ بـۇيـرۇق بـېـرىـپ سـىـياسـىـي

www.uyghurkitap.com

مەھبۇسلاردىن شائىر ل. مۇتەللىپ قاتارلىق يىگىرمە سەككىز نەپەر زىيالىينى ئېتىۋەتتى. گومىنداڭ قوشۇنلىرى غالجىرلاشتى. ئېگىز، قېلىن شەھەر سېپىلىنى دالدا قىلىپ، كۈچلۈك ئۇرۇش كۈچى تەشكىللەپ جان تىكىپ قارشىلىق قىلغاچقا، پارتىزانلار تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى، يەنى مۇھاسىرىنى كۆچەيتىپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى ئوزۇق - تۈلۈكتىن قىسىپ تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلىماقچى بولدى. ئەنە شۇ چاغدا ئۈرۈمچىدىن گومىنداڭ ئايروپىلانى كەلدى. ئايروپىلاندىن تاشلانغان پاراشوتلارنىڭ كۆپ قىسمى پارتىزانلارنىڭ قولىغا چۈشتى. پاراشوتلاردا باشقا نەرسىلەر بىلەن ئۈرۈمچىدىكى 8 - ئۇرۇش رايونى قوماندانلىق شتابىنىڭ جاۋ خەنچىڭگە يازغان خېتىمۇ قولغا چۈشتى. خەتتە: «ئەمدى ياردەم بېرەلمەيمىز، ئىلى تەرەپ بىلەن بىتىم سۆھبىتى باشلاندى. ھەر ئىككى تەرەپ ئوق چىقارماي ئۆز ئورنىدا ساقلاپ تۇرۇش كېرەك، دېيىلگەنىدى. قوراللىق ئۇرۇش توختىتىلسۇن دېگەن بۇيرۇقنى ئابدۇكېرىم ئابباسوف شۇ كۈنى كەچتە جاۋ خەنچىڭگە كىرگۈزۈپ بەردى. شۇ كۈنى غۇلجا تەرەپتىنمۇ: «قەيەردە تۇرغان بولساڭلار، شۇ يەردە ئوق چىقارماي ساقلاپ تۇرۇڭلار!» دېگەن بۇيرۇق كەلدى. لېكىن، پارتىزانلار ئاقسۇنى ئىگىلەپ بولۇپ ئۇرۇشنى توختىتىش قارارىغا كەلدى. ئەمما شۇ كۈنى يەنە تېلېگراف ئارقىلىق ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى بىلەن سوپاخۇن، ئىمىر ھاجىلارنى قورغانغا چاقىرتتى. ئۇلار كېچىلەپ قورغانغا باردى. ئۇ يەردە غۇلجىدىن كەلگەن ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە ۋەكىللىرى ئۇلار بىلەن ئۇچراشتى. ۋەكىللەر سوۋېت قوراللىرىنى قايتۇرۇش بۇيرۇقىنى يەتكۈزدى.

— نېمە ئۈچۈن؟

— بىتىم بولۇۋاتىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىلاشتى دېمەسلىكى ئۈچۈن. گومىنداڭ ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈشى مۇمكىن!

— تىنچلىق سۆھبىتى نەتىجىسىز بولۇپ قالسا قانداق

قىلىمىز ؟
— سوۋېت قوراللىرىنى ئەكەتكەندىن كېيىن گومىنداڭ قوشۇنلىرى تويۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ قالسا قانداق قىلىمىز ؟
— شۇنداق بولۇپ قالسا چېكىنىمىز ، مۇشۇ قورغانغا چېكىنىمىز ! — دەپ بۇيرۇق قىلدى ئالاھىدە ۋەكىل .
— بىز ھۇجۇم بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان تۇرساق ! — دەپ تېرىكتى سوپاخۇن ، — نېمە ئۈچۈن چېكىنگۈدەكمىز ؟ ۋىجدان كۆتۈرەمدۇ ، خەلققە نېمە دەيمىز ؟
— بۇ دېگەن بۇيرۇق !
شۇ كۈنىلا ئابدۇكېرىم ئابباسوق ، قاسىمجان قەمبىرى ، داموللا رازىيوفلار غۇلجىغا قايتتى .
ماشكىدەك قىدىرىپ يۈرگەن گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى بۇ ئەھۋاللارنى جاۋ خەنچىڭگە ئەتىسىلا يېپىدىن - يىڭنىسىغىچە يەتكۈزدى . پارتىزانلار ھۆكۈمەت ئالاھىدە ۋەكىلىنىڭ : «ھەر ئىككى تەرەپ قەتئىي ئوق ئاتمايدۇ !» دېگەن گېپىگە ئىشىنىپ ھوشيارلىقنى سەل بوشاشتۇرۇپ قويغان شۇ كېچىسى ، گومىنداڭ قوشۇنى سېپىل ئىچىدىن پۈتۈن كۈچى بىلەن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ چىقتى . پارتىزانلار ئامالسىز كونىشەھەرنى تاشلاپ چېكىندى . كونىشەھەر خەلقىمۇ پارتىزانلارغا ئەگىشىپ چېكىندى . پارتىزانلار مۇشكۈل كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى . چېكىنگەن خەلقنى ھىمايە قىلىپ بىر چەتتىن سوقۇشۇپ ، بىر چەتتىن چېكىنىپ ئاستا - ئاستا قورغانغا يېقىنلاشتى . 13 - ئۆكتەبىردە كۈچادىكى گومىنداڭ 14 - پولكىمۇ بايغا ھۇجۇم قىلدى . بايدىكى بىر ئىسكادىرون پارتىزانمۇ تەڭ كېلەلمەي ، ئامالسىز قارايۇلغۇن ئارقىلىق قورغانغا چېكىندى . گومىنداڭنىڭ 4 - ، 5 - ئاتلىق پولكلىرى بىرلىشىپ 19 - ئۆكتەبىر كۈنى قورغانغا ھۇجۇم قىلدى . پارتىزانلار ئىلاجسىز قورغاننى تاشلاپ مۇزات داۋىنىغا چېكىندى ، بىرنەچچە مىڭ ئاھالىنى ھىمايە قىلىپ مۇزات داۋىنىدىن

ئۆتكۈزۈپ ، ئىلى ۋادىسىغا سالامەت يەتكۈزۈشمۇ پارتىزانلارنىڭ بۇرچى ئىدى . پارتىزانلار ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى ، خەلقنىڭ تارتقان زىيانلىرىمۇ چوڭ بولدى . جاللات جاڭ خەنچىڭ خەلقتىن ئۆچىنى ئالدى . بىگۇناھ پۇقرالارنى ئۆلتۈردى ، بۇلاپ - تالىدى . كونىشەھەردە خەلقنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويدى ، بالىلارنى ئۆلتۈردى ، ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلدى . ۋەھشىيلىكتە ياپونىيە ئارمىيىسىدىن قېلىشمىدى . شۇنچە جەڭلەردە چىقىم تارتمىغان پارتىزانلاردىن چېكىنىش نەتىجىسىدە قىرىق يەتتە ئادەم قۇربان بولدى . قىرىق تۆت دانە مىلتىق ، ئەللىك ئىككى تۇياق ئات گومىنداڭنىڭ قولىغا چۈشتى . تىنچلىق سۆھبىتى ئاقسۇ پارتىزانلىرى ئۈچۈن ئاپەت بولدى . گومىنداڭ ئەمەل قىلمىسا ھېچكىم سۈرۈشتە قىلمىدى ، پارتىزانلارنىڭ ھۇجۇم قىلىشىنىلا توسىغۇچى يوشۇرۇن كۈچ شەكىللەندى . بۇ يوشۇرۇن كۈچ ئوقەتەك ئىلگىرىلەۋاتقان پارتىزانلارنى ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتكە تۇتۇپ بەردى . ئىسىت ، ئاقسۇ پارتىزانلىرىنىڭ تۆككەن قانلىرى ، ئىسىت ، تارتقان جەبىر - جاپالىرى ، ئىسىت ، ئۇلۇغ ئارزۇلار ۋە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۇلۇغ غەلىبىلەر !

نۇرى ئۆزى يالغۇز ئىككىنچى قېتىم يۇلغۇن دالدىسىدا ئولتۇرۇپ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىدى .

«مۇختەرباي چوڭ دادا ، قەبرەڭ ئاتا - بوۋىلىرىڭ بىلەن بىللە بولىدۇ . مەن ئۆز قولۇم بىلەن قەبرەڭگە گۈمبەز ياساپ ، نامىڭنى مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان قىلىپ قەبرەڭگە ئويۇپ چىقىمەن . جانجىگەر قېرىندىشىم ئەسپەر ، ماڭا بەك ئامراق ئىدىڭ . داداڭنى دەپ ئاقسۇغا بارمىغان بولساڭ ھاياتىڭ بۇنچە قىسقا بولمايتتى . ھايات سەپىرىڭنىڭ باھارى ئەمدىلا باشلانغانىدىغۇ ؟ ياز ، كۈزلىرى كەلمەي تۇرۇپلا بۇ ئۇزۇن مۇساپىنى ئاخىرلاشتۇردۇڭ . رازى بول قېرىندىشىم ، سېنىڭ نامىڭمۇ داداڭ بىلەن بىللە قەبرەڭدە ، مېنىڭ يۈرىكىمدە مەڭگۈ قەدىرلىنىدۇ !...»

ئۇ ئۆمرىدە بۇگۈنكىدەك يىغلىغان ئەمەس. ئاچچىق كۆز شامىلى ئۇنىڭ ياشلىرىنى سۈرتمەكتە. ئۇ پىچىرلىدى:

«ئۇلۇغ ئىش ئۈچۈن قەدەم باسماق نېمانچە قىيىن!»

## 51

بىر مۇشت ئۇنىڭ بېشىغا نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەرنى كەلتۈردى: يەتتە كۈن قاماپ قويغاندىن باشقا، ئۇنىڭغا يېڭىدىن نەقدىم قىلىنماقچى بولغان پودپولكوۋنىك ئۇنۋانى بىكار قىلىندى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن بىرنەچچە ئوفىتسېر ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئورۇنغا كۆتۈرۈلدى. لېكىن ئۇ قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلمىدى. ئۇ «مەن سولايمانوفنى ئۇرمىدىم. بىزدەكلەرنىڭ قېنىنى كېچىپ، سۆڭىكىنى دەسسەپ يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان بىر قارا كۈچكە مۇشت ئاتتىم» دېدى بىرنەچچە يەردە، ئۇنىڭ بۇ سۆزى قۇلاقتىن ـ قۇلاققا يېتىپ دۈشمەنلىرىنى كۆپەيتىپ قويدى. ئۆزىنىڭ پولكىدىلا ئەمەس، باشقا پولكلاردىكى سولايمانوفنىڭ يولىنى تۇتقان، يەنى نۇرىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «مىلتىق ئاتماي پو ئېتىپ» ئۆرلەۋاتقانلار بىراقلا ھۇرپىيىپ چىقىشتى.

سېنتەبىرنىڭ ئاخىرىدىكى ئاچچىق كۆز شامىلى سېرىق ياپراقلارنى شاخلاردىن قېقىپ چۈشۈرۈپ، قۇملارنى ئۇچۇرۇپ، نېمىگىدۇر نارازىلىق بىلدۈرۈۋاتقان ئانا تۇپراقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاتماقتا ئىدى. ئانا تۇپراق ئۆز ئوغۇللىرىنىڭ پىغان بىلەن تولغان يۈرەكلىرىگە ۋەكىل بولۇۋالغاندەك، مىلتىق ئاۋازى، پۇرۇخ پۇرىقى، ھۇررا ساداسىنى سېغىنغان تاغ ـ دەريا ۋە چەكسىز دالىلارنىڭ ئەلەملىك كۆز ياشلىرىنى جاھانغا چېچىۋاتقاندەك، كۆڭۈللىرىدىكى نەپرەتلىرىنى چىقىرىپ بولالمىغان ئىنسان باللىرىنىڭ تۇرمە ئىچىدىكى مەھبۇسلارنىڭ ئاچلىق ئازابىدىن چىقارغان چىرقىراشلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىلتىجالىرىنى ئاڭلىتىۋاتقاندەك، گويا يەنە ئۇ قىش پەسلى كەلسىلا زېمىن

تـوڭلايدۇ ، ھەممە نېمە ، شۇ قاتاردا داۋالغۇپ تۇرغان سىياسىي ھـاۋامـۇ ، جـەمـئـىـيـەتـمـۇ تـوڭـلايـدۇ دەپ ئائىلىلەرنى ئـاگـاھـلانـدۇرۇۋاتـقـاندەك سىرلىق ، مەنىلىك ۋە ھېسسىياتلىق بىلىنمەكتە ئىدى .

سىنتەبىرنىڭ ئاچچىق شاملى قومۇش ۋە قۇمساڭغۇ توپا بىلەن يېپىلغان گەمىلەرنى تىنىمسىز تاتىلاپ ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى قومۇش ۋە شـاخـلاردىـن يـاسـىـۋالغان كارىۋاتلاردا سۇنايلىنىپ يېتىشقان ئـەسـكـەرلـەرنى : «تۇرمامسەن ، ماڭمامسەن ، ئاتمامسەن !» دەپ ئالدىراتماقتا ئىدى .

ئەسكەرلەر ئۇچۇن بوشاڭلىق بىر ئاپەت . قورسىقى ، ئۇيقۇسى ۋە بـەدىـنـىـنـىڭ چارچىشىنى ئۇنتۇغان چاغلىرىلا جەڭچىلەرنىڭ ھەقىقىي ھايات ياشىغان چاغلىرى . ئۇيقۇ بېسىپ ، قىلارغا گېپى تۈگەپ ، خىيال بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەن چاغلىرى ئۇنىڭ ھاياتتىن بىزار بولۇپ ئۆلۈمنى سېغىنغان چاغلىرى…

يۇقىرىقىلار نۇرىنىڭ مۇلاھىزىسى ، ئۇنىڭ ئەتىگەنلىك ھەربىي مـەشـقـتىن بىكار بولۇپ ، سۇزۇك ، سوغۇق ماناس دەرياسىنىڭ سۈيـىـدە بـەدىـنـىـنى ھۇزۇرلىنىپ سۈرتۈپ بولۇپ ، قىبلىدىن چىقىۋاتقان ئاچچىق شامالغا قاملاشقان ، يالىڭاچ گەۋدىسىنى تۇتۇپ بېرىپ قىلىۋاتقان خىيالى .

شـۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ئىشىدىن خىيالى تولا ، ھەرىكىتىدىن جىمجىتلىقى تولا بولماقتا ئىدى . بۇ جەمئىيەت ، ۋەزىيەت ، ئائىلە ۋە ئۆزى توغرىسىدا توختىماي خىيال سۈرەتتى . توختىماي گېزىت ، كـىـتـاب كـۆرەتـتـى . ئۇ باشقىلاردىن بىكار ۋاقىتلىرىنى قىسقا ساياھەت ، ئويۇن ـ كۈلكە ۋە ياشلارغا خاس قىزلار توغرىسىدىكى باش ـ ئاخىرى يوق پاراڭلارغا سەرپ قىلمايتتى . ئۇ ئوقۇيتتى ، قاراڭغۇ چۈشسىلا دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتاتتى . ناخشىلىرىغا ئۆزى يـازغـان شـېئىر ـ قوشاقلارنى سالاتتى . ئەمگەك ياكى تازىلىق قىلغانلىرىدىلا خىيال قىلاتتى .

ئۇ كـىـيـىملىرىنى كىيىپ ، قورام تاشقا قويۇلغان تاپانچىسىنى

(غىلاپى بىلەن ) يېنىغا ئېسىپ قىرغاققا بۇرۇلۇشىغا ، خەۋەرچى ئالدىراپ كېلىپ ئۇنىڭغا چاس بېرىپ :
— پولـك شتـابـىدىن سـىزنى چاقىـرىـدۇ ، ھۆرمـەتلىـك كاپىتان ! — دېدى .
ئـۇ شـەپـكىسىنى كۆزىگە چۆكۈرۈپ كىيدى ـ دە ، ئۆتۈك كىيگەن كۇچلۇك ئاياغلىرى بىلەن يەرنى گۈس ـ گۈس دەسسەپ پولك شتابىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى .
يېرىم سائەتتىن كېيىن ئۇنىڭ ئويناقلاپ تۇرىدىغان جىرەن قاشقا ئېتى پولك شتابى — بۇك دەرەخلىك كۇزلەك دەرۋازىسى ئالدىدا توختىدى . ئۇنى پولكوۋنىك قىيۇمبەگ ھاكىموف ئىللىق چىراي ، سىلىق سۆز ۋە تەبەسسۇم بىلەن قارشى ئالدى :
— نۇزى زىـيـاۋۇدۇنوف ، مارشال ئېلىخان تۆرەم رەئىس جۇمھۇر جانابلىرى سىزنى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ھۆكۈمەت بىناسىدا كـۇتـۇپ تـۇرۇۋاتـىـدۇ . سەن تۆرەم ۋە ئەخمەتجان قاسىملارغا مەخسـۇس كاتـىپ بـولـۇپ ئالتايغا بارىدىكەنسەن ، ماشىنا تەييار ، ھازىرلا يولغا چىق !
ئـۇ پـولـكوۋنىك دوسكىنوف بىلەن بىللە كىچىك ماشىنىدا غـەربـكـە — شـىـخـوغـا قـاراپ مـاڭـغاندا ، ئۇ ئېگىز ، قاپىقى ئېچىلمايدىغان ، كەمسۇكرەك رۇس پولكوۋنىكتىن ئۇيغۇر تىلىدا چاقچاق ئارىلاش :
— چېكىندۇققۇ ـ ھە ؟ — دەپ سورىدى ، رۇس پولكوۋنىك كۇلۇپ تۇرۇپ :
— بىر كادام چېكىنىپسىن ، ئىككى كادام باساسىن ! — دەپ چاقچاق بىلەن جاۋاب بەردى .
ماشىنا شىمالغا بۇرۇلۇپ ماڭغاندا ، نۇرى :
— تـاربـاغاتايغا بارمىغانمەن ، كۆرۈۋالىدىغان بولدۇم ! — دېۋىدى ، رۇس پولكوۋنىكى كۇلۇپ تۇرۇپ :
— بۇدان كېيىن كورماگاننى كوراسىن ! — دېدى .
— كـۆرسـەكـمـۇ ، سىلەر كۆرگەننى كۆرەمىز ـ دە ! —

www.uyghurkitap.com

دېۋىدى ، ئۇ بېشىنى چايقاپ :

— جوق ، جوق . بىزدە سوتسىيالىزم بار . بۇنداق بولاما - بولمايما ، كىم بىلەدى ؟ — دېدى ۋە قوللىرىنى كېرىپ ، مۈرىلىرىنى قورۇپ قاقاقلاپ كۈلدى ، — ئېتۇ ، مارشال ئېلىخان تۆرە ئايىتادى ئۇيگۇرىستان ئىسلام جۇمھۇرىيات ، ئېتۇ موڭغۇلىيا ئوخشاش . بىزنىڭ ستالىن ئۇنامايدى !

— نېمىشقا ؟

— ئۆزىدان سوراسا كېرەك ! كىم بىلەدى ؟ جياڭ كەيشى ستالىن دوست بولدى ؟ ياق ، دوست بولمادى گېرمان جوق ، جاپون جوق بولدى . ئامېرىكا ، ترومىن سوۋېتنى يامان كۆرەدى ، يوقاتماق بولادى . ستالىن ، ترومىن جياڭ كەيشىنى تالاشادى . بۇندا ئېلىخان تۆرە ، گومىنداڭ ئوسمان باتۇرنى تالاشادى ؟

— شۇنداقمۇ ؟

ئۇيغۇر تىلىغا قازاقچە ئارىلاشتۇرۇپ ، بۇزۇپ سۆزلەيدىغان رۇس پولكوۋنىكنىڭ سۆزلىرىدىن نۇرى نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى چۈشەندى . ئاخىرىدىكى «تالاشادى» دېگەن سۆزىدىن ئۇ بىر يېڭى خەۋەرنى ئاڭلىدى . ھازىر ئوسمان باتۇر توغرىسىدا ئاجايىپ - غارايىپ چۆچەكلەر ئېيتىلماقتا . خۇددى غېنى باتۇر توغرىسىدا تۇغۇلغان چۆچەكلەردەك ، رىۋايەتلەردەك . ئۇ يەنە پولكوۋنىكنىڭ ئاغزىنى تاتىلىدى .

— سىز ئوسمان باتۇرنى كۆرگەنمۇ ؟

— كۆرگەن ، مەن ئۇ تامىر[1] !

— ئۇ قالتىس باتۇرمۇ ؟ چاپايوفتەكمۇ ؟

— باتۇر ، چاپايوف ئوخشامايدى . ئوسمان دىنغا ئامراق . ناماز قىلادى ، سوۋېتنى جاقتىرمايدى .

ئۇ ئوسمان باتۇر توغرىسىدا دوسكىنوفتىن خېلى جىق يېڭىلىقلارنى بىلىۋالدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا قاپىقى يامان ، ئاقساپ ماڭىدىغان ، گېپى ئاز ، قارا بۇرۇت ، قارا ساقال ، بېشىغا ئالتاي

---

① تامىر — دوست ، ئاغىنە (قازاقچە) .

قازاقلىرنىڭ كەينى يەلكىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان قۇلاقچىسىنى كىيىگەن بىر ئادەم كەلگەندەك بولدى . ئۇ ئوسمان توغرىسىدا نۇرغۇن گەپلەرنى ئاڭلىغان : ئۇنىڭ مىجەزى غەلىتە ، سىرلىق ، كەم سۆز ، لېكىن مەنىلىك گەپ قىلىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى ، غېنى باتۇردەك گېپى ئوچۇق ، سىياسەت بىلەن كارى يوق ، راھەت - پاراغەتكە ئامراق ئادەم ئەمەسلىكىنى ئاڭلىغانىدى . بۆرىۋاي ھەرقېتىم ئوسمان باتۇر توغرىسىدا پاراڭ باشلىغاندا ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كېتەتتى . قىرىق ئالتە - قىرىق يەتتە ياشلارغا كىرگەن بۇ باتۇر قىرىق ياشلارغا كىرگۈچە كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ ئۇدىرقارا دېگەن كەنتىدە چارۋىچىلىق قىلغان . ئۇ ئۇستا مەرگەن ، قورقۇمسىز ئادەملىكى بىلەن جامائەتنىڭ كۆزىگە چۈشكەن . 1940 - ۋە 1941 - يىلى ئالتاي خەلقىنىڭ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان قوزغىلاڭلىرىغا قاتناشقاندا باتۇر بولۇپ تونۇلغان . ئۇ ئاق ئېگەك ، ئۇزۇن تۇمشۇق ، قىزىل ئۆڭ ، يوغان كۆز ، قويۇق چاچ ، بومبا ساقال ، قاۋۇل ، بەستلىك چىراي - تۇرقى بىلەن ئەل ئاغزىغا چىققاندىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ جەسۇر پالۋان ئىكەنلىكىنى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىدى . 1941 - يىلى 10 - ئايدىن 1943 - يىلى 7 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا جۇڭغار چۆللىرىدە ئايلاپ يالغۇز يۈرۈپ ، سىرلىق ھېكايىلەرنى پەيدا قىلدى . قاچقان - مۆككەن ئەزىمەتلەرنى توپلاپ ئۇلارنىڭ باشلىقىغا ئايلاندى . چەكسىز قۇملۇق ، سۇسىز چۆللۈك ئىچىدە ئۇنىڭ پەيدا قىلغان يوللىرىنى ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ : تاغ ئارىلاپ داۋانلارنى ئېشىپ ، قىشنىڭ قەھرىتانلىرىدا قار ئىچىدە جۇۋىغا ئورىنىپ يېتىپ قەھرىتان تۈنلەرنى ئۆتكۈزۈش ، يازنىڭ شار - شار يامغۇرلىرىنىمۇ شۇ جۇۋىلارنى سۇغا چىلاپ ئۆتكۈزۈش ، تومۇزنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان ئىسسىقلىرىدا بىر يۇتۇم سۇغا تەشنا بولۇپ يوشۇرۇنۇپ ئايلاپ - ئايلاپ قۇم ئىچىدە يېتىش ئۇنى تولىمۇ ئازابلىغان . ئۇنى ئاز دەپ ، خەلق باتۇرلىرىغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى

بىچارىلەردىن ئېلىشقا ئادەتلەنگەن ياۋۇز ھۆكۈمەت كۆكتوقاي بازىرىدا قىرىقتىن ئارتۇق بىگۇناھ يەرلىك پۇقرا بىلەن تۇتقۇنلارنى قىرغاندا، ئوسماننىڭ دەسلەپكى ئايالىدىن بولغان ئون سەككىز ياشلىق قىزى كابرا بىلەن ئون تۆت ياشلىق ئوغلى بايدۇللانى ئانىسىغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ چاناپ ئۆلتۈرگەن. ئون بىر ياشلىق ئوغلى كارىيىنى يىگىرمە نەچچە مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى قۇدۇققا تاشلاپ ئۆلتۈرگەندە، ئوسماننىڭ خوتۇنى ماماي چىدىماي ھەيۋەتلىك ئېقىۋاتقان دەرياغا ئۆزىنى ئاتقان!...

بۇ ھېكايىلەرنى گېمنازىيىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بۆرىۋاي نىلقا تاغلىرىدا نۇرغۇن قېتىم ھېكايە قىلىپ بەرگەن. ئوسمان قانچىلىك قۇربان بەردى. ئۇ ھازىرقى باتۇر دېگەن نام بىلەن ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى دېگەن ئورۇنغا ئېرىشكۈچە نەچچە بالىسى، قېرىنداش - دوستلىرىدىن ئايرىلدى، قانچىلىك جەبىر - جاپا تارتتى؟ ئۇنىڭ ھايات يولى نۇرىنىڭ ھايات يولىغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئوخشاشمايدىغان يېرى، ئوسمان قىرىق يېشىدا، يەنى سەككىز بالىنىڭ دادىسى بولغىنىدا قولىغا قورال ئېلىپ مىللىي زۇلۇم، مىللىي خورلۇق ۋە ھاقارەتكە قارشى پىدائىي بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. نۇرى بولسا بۇ يولغا ئون توققۇز يېشىدا ماڭدى. يەنە بىر پەرقى، ئوسمان ھايات ھەقىقىتىنى ھاياتنىڭ ئۆزىدىن ئىزدىدى، نۇرى بولسا كىتابلاردىن، رۇسىيىلىكلەر بېسىپ ئۆتكەن يوللارنىڭ ئىزلىرىدىن ئىزدىدى. ھايات يېڭىلىنىش كېرەك، ھەممىلا ئادەم — مەيلى ئۇ قانداق مىللەت بولسا بولسۇن بەختكە ئېرىشىشى، ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقى ۋە قەدىر - قىممىتىگە ئۆزى خوجا بولالىشى كېرەك. مانا بۇ ئىنسانلار تەلپۈنىدىغان ھەقىقەت. نۇرى مانا مۇشۇ ھەقىقەتنى خىيالدىن رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشقا ئۆزىنى بېغىشلىغان. لېكىن، غېنى باتۇردا بۇ ئاڭ يېتىلمىگەن. ئوسمان باتۇردا بۇ ئاڭ بارمىكىن! ئۇ نېمىلەرنى ئويلايدىكىن؟

نۇرى ئوسمان باتۇر بىلەن سۆزلىشىشنى، ئۇنى خۇددى



www.uyghurkitap.com

مەرھۇم ئەكبەر باتۇر، سېيىت باتۇرلارنى، ھازىر ھالاۋەت قۇچىقىدا مەست بولۇپ ياتقان غېنى باتۇر، پاتىخ ئەۋزىلەرنى چۈشەنگەندەك چۈشىنىۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بەزىدە بىر پولك جەڭگىۋار قوشۇندىن ئەل ئاغزىغا نامى چىققان بىر ئادەمنىڭ رولى چوڭ بولاتتى. تارىخ — مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، قەھرىمانلارنىڭ تارىخى. تارىخنى نامى ئۆلمەسلەر ياراتقان، دېگەن سۆز توغرا ئىدى. ئۇ ئۆزى ئەقلىگە تايىنىپ خۇلاسىلىۋالغان قانۇنىيەتلەرگە خىلاپلىق قىلمايتتى. مەسىلەن، كۈچلۈك بىلەن كۈچسىز ئېلىشىپ قالغاندا، سەن توغرا - ناتوغرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا كۈچسىزگە يان باس دەيتتى ئۇ دوستلىرىغا، يەنە ئۇ ئۆز پايداڭ بىلەن باشقىلارنىڭ پايدىسى توقۇنۇشۇپ قالغاندا، ئىككىلەنمەي ئۆزۈڭنىڭكىدىن ۋاز كەچ دەيتتى.

ئۇ ئالتايغا بېرىپ ئوسمان باتۇرنى كۆرۈشكە شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىرىماقتا. ئۇ بىلىدۇ، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ توقسان پىرسەنتتىن كۆپ يېرىنى ئازاد قىلىشتا ئوسمان باتۇرنىڭ تۆھپىسى ھەممىدىن چوڭ. بولۇپمۇ، 1943 - يىلى 7 - ئايدىن 1945 - يىلى 9 - ئايغىچە ئالتاي قوراللىق كۈچلىرىنىڭ باشلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن 1941 - يىلدىن ئىلگىرى كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ يايلاق - كۆكلەم ئوتلاقلىقى بولغان كۈرتى دېگەن يېرىدىكى «ئىككى قىزىلتاش» بۇلىقى بويىغا ئارپا، تېرىق تېرىپ جان باقىدىغان، بەزىدە يېپ - يىڭنە، تۆگمە، تارغاقتا ئوخشاش پارچە - پۇرات نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ سودىمۇ قىلىدىغان كېلەڭسىز ئادەمدىن 1941 - يىلى قولىغا قورال ئېلىپ شىڭ شىسەيگە قارشى كۈرەشكە ئاتلانغان پىداكارغا ئايلانغۇچە، ئۇ سەرسانلىق - سەرگەردانلىقتا تولىمۇ پىششىپ يېتىلدى. بىر توق، بىر ئاچ قالىدىغان، دۈم يېتىپ - دۈم قوپىدىغان، قونار جايىنى سايلار، ئۇچار جايىنى شامال بىلىدىغان — ھەقىقەت ئىزدىگەن ئادەمنىڭ ھەقىقەتنى تاپمىقى قانچىلىك مۈشكۈل ئىكەنلىكى نۇرىغا تولىمۇ ئايان. ئوسماننىڭ يالغۇز ئىنىسى دەلىلقان ئىسلام 1942 - يىلى

www.uyghurkitap.com

كۆكتوقايدا شىنىڭ شىسەيگە قارشى سوقۇشتا قۇربان بولغاندا ئۇنىڭ قانچىلىك ئازاب چەككىنىنى، نۇرى ئىنىسى دەرانىڭ جەسىتىنى باغرىغا بېسىپ ئاچالدىكى جەڭدە تارتقان ئازابلىرى بىلەن ياخشى چۈشىنىدۇ.

تۇۋا، ئۇلارنىڭ ھايات يولى نېمىشقا شۇنچە ئوخشاپ قالغاندۇر ـ ھە؟ ئۇسمانمۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈچ خوتۇن ئالغان. پەقەت 1943 ـ يىلى بايان ئىسىملىك، چىرايلىق، باي ئايال بىلەن نىكاھلانغاندىن كېيىنلا بالىشات تۇرمۇشقا ئېرىشكەن.

زەيتۇنە بىلەن نۇرمۇ بالىشات تۇرمۇش ئۈچۈن توي قىلىشى كېرەكمۇ؟ نىكاھلانسىلا ئۇ تۇگىمەس بايلىقنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھاياتىدا ئۇ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغا ئاجايىپ يېڭىلىقلار بولىدۇ. ئۇنى ھېچكىم نۇرى دېمەيدۇ. بەلكى «نۇرۇم بايۋەچچە»، «نۇرباي»، «نۇرى ئالىپتىكىن» دېگەندەكناملار بىلەن ئاتىشار. بەلكى ئۇنىڭ تۇرار جايىنى شامالمۇ بىلمەس، ئۇنى بۇ ھايات مۇكاپاتلىرى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇ بۇ مۇكاپاتلارنى قوبۇل قىلىشى، باشقىلارنىڭ نېمىلەرنى دېيىشلىرى بىلەن ھېسابلاشماسلىقى كېرەك. سۇن جۇڭشەنمۇ، جياڭ جيېشىمۇ شۇنداق قىلغانغۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ قەلبىمۇ زەيتۇنەنى ھەرمىنۇت، ھەر سېكۇنت ئەسلەپ تۇرىدۇغۇ؟...

بىردىنلا ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدا تۇمان پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ھېسلىقى مەنتىقىسى بۇ ئېكراندا غايەت چوڭ بىر يېزىق بولۇپ شەكىللەندى: ئۆز پايداڭ بىلەن باشقىلارنىڭ پايدىسى توقۇنۇشۇپ قالغاندا، ئىككىلەنمەي باشقىلارنىڭكىنى تاللا ...

پەرىخەنىڭ يېڭى ئېچىلغان غۇنچىدەك لەۋلىرى تىترىدى، خۇمارلىشىپ تۇرىدىغان دۈگىلەك قوي كۆزلىرىدە ياشلار غىلدىرلىدى، سۈتتەك ئاق يۈزىنىڭ قىزغۇچ مەڭزى قىسمىدا ئۈششۈك مېۋىسىدەك كۆك پەيدا بولدى ...

نۇرنىڭ بەختى ھېسابىغا بىر قىز، ئۇنىڭغا ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن بىر قىز بەختسىز بولىدۇ ...

— پولكوۋنىك دوسكىنوف، ئۆيلەنگەنمۇ سىز؟
— بار، خاتىن بار. ئىككى بالا بار.
— بەختلىك ئىكەنسىز - دە؟
— باقىت؟ كايدا. كايدا ئۆلەدى كىم بىلەدى؟
— راست. بىز ھەممىمىز تەۋەككۇلچى. بىز نەدە ئۆلىمىز، جەسىتىمىز نەدە قالىدۇ. بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.
— سەن ئۆلسە ئېتىۇ، جەننەت بار، بىزگە دوزاك!
ئۇلار قاقاقلىشىپ كۈلۈشتى.
تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ بۇك - باراقسان باغ ئىچىدىكى قاشالتىر بىلەن يېپىلغان بىر قەۋەتلىك چىرايلىق بىنالىرى كۆرۈندى. ئۇلار ۋالىي مەھكىمە دەرۋازىسىغا قاراپ ماڭدى.
ئەخمەتجان قاسىمى تاختايلىق زالدا ئۆتۈك كىيگەن چەبدەس ئاياغلىرى بىلەن چاققان مېڭىپ، ئۆزىگە چاس بېرىپ تىك تۇرغان چىرايلىق يىگىتنى كۈلۈپ تۇرۇپ كۈتۈۋالدى:
— سالام، ئۇكام نۇرمۇھەممەت زىياۋۇدۇنوف!
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك پولكوۋنىك!
ئۇلارنىڭ ھەربىيچە كىيىملىرى تولىمۇ ياراشقان. ئۇلار بىر - بىرىگە تىك قاراشتى. يىگىرمە نەچچە ياشلىق، ھايات كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان، سۆزمەن، چىرايى تولىمۇ قاملاشقان كاپىتان بىلەن ئوتتۇز بىر ياشلىق، سەل قىسىلغان كۆزلىرىدىن ئەقىل - پاراسەت نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان بۇغداي ئۆڭ، قارا بۇرۇت، ئوتتۇرا بوي ھەربىي رەھبەر خۇددى بۇ بىر - بىرىگە تىكىلىشلىرى بىلەن بىر - بىرىنىڭ يۈرەك سىرلىرىنى بىلمەكچى بولۇشۇۋاتقاندەك بىردەم جىم تۇرۇشتى.
— سىزنى بۇ ئىشقا رەخىمجان سابىر ھاجىيوف تونۇشتۇردى، تۆرەم قوشۇلدى، بەك لايىق كۆردۈم. سىزگە قويىدىغان تەلەپلىرىمىزنى تۆرەم جانابلىرى ئۆزى دەيدۇ. مېنىڭ دەيدىغىنىم بىرلا ئىش: مۇشۇ سەپىرىمىز توغرىسىدا راسا ياخشى بىر خاتىرە

قالدۇرۇڭ. ئاڭلىسام، سىز كۈندىلىك خاتىرە يازىدىكەنسىز ـ ھە؟

— شۇنداق، خاتىرە يازىمەن. ئالتە دەپتەر توشتى، يەتتىنچىسىنى يېڭىلا ئاچتىم.

— قاچاندىن باشلاپ يېزىۋاتىسىز ئۇكام؟

— 1937 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن باشلاپ يازدىم.

— بۇ كۈننىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟

— تازا ياخشى بىلمەيمەن. دادام شۇ كۈنى نەزەرخان غوجامنىڭ دوتەي بولغىنىنى ئېيتىپ تولىمۇ خۇشال بولۇپ كەتكەن. مەن «دادامنىڭ ئەڭ خۇشال بولغان كۈنى» دەپ خاتىرەمنى باشلىغان.

— خاتىرە يېزىشنى سىزگە كىم ئۆگەتكەن ئۇكام؟

— گىمنازىيىنىڭ روسولوف دېگەن بىر مۇئەللىمى بولىدىغان، مەن ئۇ كىشىنى ياخشى كۆرەتتىم. ئۇ كىشىنى شېڭ شىسەي تۈرمىدە ئۆلتۈرۈۋەتتى. مەن شۇ كىشىدىن ئۆگەنگەن.

— روسولوف؟ بۇ ئىسىم ماڭا تونۇش.

— ئۇ كىشى بىلىملىك، ئەقىدىسىگە ئەمەل قىلىدىغان قەيسەر ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ تارىخىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئالمۇتىدىن كەلگەنلىكىلا بىزگە مەلۇم ئىدى.

— ھە، بىلدىم! — دېدى ئەخمەتجان كۆلۈپ قويۇپ، — ئەمىسە كېلىشتۇق. خاتىرىنى ياخشى يېزىڭ. ئەمدى مىلىتىقنى ئەمەس، قەلەمنى كۆپرەك ئىشلىتىدىغان ئوخشايمىز. ئاڭلىغانسىز، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى جاڭ جىجۇڭ ئىسىملىك بىر گېنېرالنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپتۇ. ئۇ كىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونسۇلى يېۋسىيېف ئارقىلىق بىزگە ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىۋاتىدۇ. بىز بۇ تەكلىپنى ئاخىر قوبۇل قىلدۇق. يېقىندا ئۈرۈمچىگە ۋەكىللىرىمىز بارىدىغان بولدى.

— ھەي ئىست، مەن قەلەمنى تاشلاپ قويۇپ مىلتىق بىلەن كۆپرەك مەشغۇلات ئېلىپ بارغانىدىم. بەشئاتار بىلەن مىڭ

مىتىردىكى نىشانغا يۈز پىرسەنت تەگكۈزەلەيدىغان بولغانىدىم . ماھارىتىمنى كۆرسەتمەيلا ئۇرۇش توختىسا ئادەمگە ئەلەم بولىدىكەن . ئەخمەتجان ئەپەندىم .

زايە كەتمەيدۇ ھۈنىرىڭىز ، ئۇكام . بىز ئۇيغۇرلاردىن ھەربىي رەھبەرلەر ، ئالىملار كۆپرەك چىقسا بولاتتى . سىزنى موسكۋاغا ھەربىي ئۇنىۋېرسىتېتقا ئەۋەتسەك دېگەن خىيالىمىز بار ، ئۇكام . كېيىنچە سۆزلىشىمىز تېخى ، ئېلىخان تۆرەم جانابلىرى ساقلاپ قالمىسۇن ، يۈرۈڭ !

ئۇلار قېلىن گىلەم سېلىنغان ئۆيگە كىردى . ئاق خالات ، ئاق سەللە ئەمەس ، تولۇق ھەربىيچە كىيىنگەن ، مۇرىسىگە مارشاللىق بەلگىسى قادالغان پاكار ، ۋىجىك ، كەكە ساقال بوۋاي فرانسىيە كرېسلوسىدىن ئۆرە تۇرۇپ ئۇلارغا قاراپ مېڭىپ :

— مەرھابا ، مەرھابا ، ئەزىمەت يىگىت ! — دېدى مېھمانلارنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلىپ ، — ھەممىسىنى ئاڭلىدىم ، بالام ، ئازار يەپسەن ، ساڭا ئازار بېرىپتۇ ئۇلار .

— كېرەك يوق ، ھۆرمەتلىك رەئىس جۇمھۇرىمىز مارشال ئېلىخان تۆرەم جانابلىرى .

تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ چۆچەك ئىسىملىك بۇ مەركىزىي شەھىرى نۇرىغا يېقىپ قالدى . ئۇيغۇر ، قازاق ، تاتار ، رۇسلىرى بىرلىشىپ چۆچەك تىلىنى پەيدا قىلىۋالغان . ئادەملىرى سوۋېت پاسونىدا كىيىنىپ ، سوۋېت مودىسى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن . ئەخمەتجان ئەپەندىم چۆچەكنى پىششىق بىلىدىكەن . تارباغاتاي ۋالىيسى باسباي چولاق ئوغلى باپىن دېگەن كىشى قىرىق يەتتە ياشتا ئىكەن . كىچىككىنە ساقىللى بار ، پۇقرالاردەك پەشمەت ، جىيەكلىك تەقىيە كىيىۋالغان بۇ ئادەم شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ چارۋىدار — يۈز مىڭ تۇياقتىن جىق قوي ، بىر مىڭ بەش يۈز تۇياقتىن كۆپ يىلقا ، بەش يۈز تۇياقتىن كۆپ كالا ۋە بىر يۈز ئەللىكتىن كۆپ تۆگىسى بار چوڭ باي . بۆرىگە يەم بولمايدىغان ، ئادەمگە تۇتۇق بەرمەيدىغان كاللىرى ، يەتتە مۈڭگۈزلۈك ، ئون ئىككى

مۆڭگۈزلۈك قوچقارلىرى ، يۈز كىلودىن ئېشىپ كېلىدىغان كەتمەن قۇيرۇق قويلىرى ، نەسىللىك ماللىرى بىلەن نام چىقارغىنىغا قارىماي ، گېپى ۋە پىكرى تولىمۇ ئاددىي ، ئوچۇق كۆڭۈل ئادەم ئىدى . ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ چوڭ قورۇسىدىكى ياسىداق ئۆيىدە كاتتا زىياپەت قىلىپ شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى ئۇزاتتى .

ئۇ زىياپەتتە ، ئۆزىنىڭ 1945 - يىلى 5 - ئايدا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بىرىنچى دەرىجىلىك «مۇستەقىللىق ئوردېنى» بىلەن تارتۇقلانغىنىنى ، باش قوماندان پالىنوف ، مۇئاۋىن باش قوماندان ئىسھاقبېكلەر جىڭ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشتىن بۇرۇن شەرقتە شىخوغا ، شىمالدا تارباغاتايغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ سەۋەبىنى ، لېكىن باشلىغان كەڭساي 2 - ئاتلىق پولك چۆچەككە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندە ، شۇ يىلى 7 - ، 8 - ئايلاردا دۆربىلجىن ، چۆچەك ، قوبۇقسار ، بۇرچىن ناھىيىلىرىنىڭ ئازاد بولغانلىقى ، تارباغاتاي ۋالىيسى پىڭ رۇڭ 1945 - يىلى 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى بىر مىڭ ئۈچ يۈزدەك ئادىمىنى باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنىغا قوراللىرىنى تاشلاپ قېچىپ ئۆتۈۋالغاچقا ، چۆچەكنىڭ تىنچ ئازاد بولغانلىقى ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ، يەنى چۆچەك شەھىرىدە غەلىبە مەرىكىسى بولۇپ بەش كۈندىن كېيىن ، باسباي چولاق ئوغلى باپىننى مەخسۇس كۆچمە يىغىنىنىڭ قارارى بىلەن ۋالىي قىلىپ ئېلان قىلغانلىقى قاتارلىق زور ئىشلارنى بىرمۇبىر ساناپ چىقتى ۋە :

— مەن باي ، بايلىقىم خەلقىمنىڭ ، ماللىرىم ھۆكۈمەتنىڭ ، شېڭ دۇبەن گەز ئات ئالغاندا خەلق زارلىدى . لېكىن مەن نەچچىسى گەزگە توشسا شۇنچىسىنى ئال دەپ يايلاقتا قېيغىتىپ يۈرگەن بىر مىڭ بەش يۈز ئاتنى كۆرسەتتىم . ئارانلا ئىككى يۈز ئات گەزگە توشۇپتۇ . ھازىرمۇ ئېلىخان تۆرەم جانابلىرى نېمىدىن قىينالسا دەۋەرسۇن . قولۇمدا بارىنى ھۆكۈمەتتىن ئايىمايمەن ! — دەپ گېپىنى ئاخىرلاشتۇردى . ئېلىخان تۆرەم باينىڭ مەردلىكىگە



www.uyghurkitap.com

دۆئا قىلدى .

ئۇلار چۈشتىن كېيىن چۆچەكتىن ئالتاي ـ سارسۇمبە شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقتى . ئالدىدا ۋە كەينىدە پىلىموت ، ئاپتوماتلار بىلەن قوراللانغان مۇھاپىزەتچىلەر ماشىنىلىرى ، ئوتتۇرىدا ئىككى كىچىك ماشىنىدا ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى كانۇۋىلىرى بىلەن ماڭدى . نۇرى يەنە شۇ پولكوۋنىك دوسكىنوف بىلەن بىر ماشىنىدا ماڭدى . ئەخمەتجان قاسىمىمۇ شۇ ماشىنىغا چۈشۈۋالغانىدى . نۇرى ئەخمەتجاننىڭ رۇس تىلىغا قانىلىك پۇختا ئىكەنلىكىنى شۇ كۈنى كۆردى . ئۇ دوسكىنوف بىلەن ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق پاراڭلاشتى . نۇرى رۇس تىلىنى خېلى ئۆگەنگەن . ئۇ ئىككى پولكوۋنىكنىڭ سۆزلىرىدىن دۇنيادا ، جۇڭگودا ۋە شىنجاڭدا بولۇۋاتقان نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى ئاڭلىۋالدى : جياڭ جيېشى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ داھىيسى ماۋ زېدۇڭ بىلەن كېلىشىم تۈزۈش ئۈچۈن سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ . مەقسىتى ، راستىنىلا جۇڭگودا ئۇزۇن مۇددەتلىك تىنچلىق پەيدا قىلىش ئەمەس ئىكەن . ئۇ مۇشۇ يول بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋېتىپتەك . مۇشۇ يىل ئاخىرى ياكى 1946 ـ يىلىنىڭ بېشىدا جۇڭگودا ئىچكى ئۇرۇش باشلانغۇدەك ، شىنجاڭدىمۇ ئوخشاشلا گومىنداڭ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش ئۈچۈنلا ئارىغا سوۋېت كونسۇلىنى سېلىپ ، بىتىم ـ سۇلھى ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتىپتەك . سوۋېت ھۆكۈمىتى گومىنداڭنىڭ نىيىتىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆز ئەلچىلىرىنى ئارىغا سېلىپ ، گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە ، گومىنداڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمەتلىرىنى كېلىشىمگە دەۋەت قىلىۋاتقۇدەك . يەنە بىر ئايلا ئۇرۇش قىلسا شىنجاڭدا گومىنداڭ قالمىغۇدەك . خۇددى غۇلجىدىن ، شىخودىن ، جىڭدىن ۋە چۆچەك ، باي ، كونىشەھەرلەردىن قاچقاندەك ، ئۈرۈمچى ، تۇرپان ، قۇمۇل ، قەشقەر ، خوتەنلەردىن قاچقۇدەك . كۆرۈنۈپ تۇرغان غەلىبىنى بىكار قىلىش ، ئىلگىرىلەۋاتقان ، كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىۋاتقان زور

قوشۇننى توختىتىش ، قورالسىزلاندۇرۇش زادى نېمە ئۈچۈن ؟ دېگەن سوئالغا كىشىلەر رازى بولغۇدەك جاۋاب يوقمىش . ستالىن جىياڭ جېيشى بىلەن نېمىنى سودىلىشىۋاتىدىكىن ؟ مانجۇرىيە تۆمۈريولى ، تاشقى موڭغۇلىيە ، دالىيەن ، لۈشۈن پورتلىرى مەسىلىلىرى يالتا يىغىنىدىلا ھەل بولۇپ بولغان . ترومىن ھەرگىزمۇ پرېزىدېنت روزۋېلتنىڭ قارارلىرىنى بىكار قىلالمايدۇ . بۇ ئامېرىكىنىڭ بېسىمى ئەمەس ، ياق ، سوۋېت ئىتتىپاقى ، ستالىن ئامېرىكىنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقمايدۇ . ئاتوم بومبىسى ھەيۋىسىدىن قورقماي ، ياپونىيىنىڭ كانتون ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قىلالىغان ستالىن بۈگۈن ئۇلارنىڭ تاجاۋۇزچى دېيىشىدىن قورقۇپ قالاتتىمۇ ؟ دۇنيادا ئادالەت بايرىقى ئاسمىنىدا يەلپۈنىدىغان بىر دۆلەت پەيدا بولسا ، دۇنيا خەلقى خۇشال بولۇپ ستالىندىن رازى بولىدۇكى ، ئۇنى قارغايدىغان ئادەم چىقمايدۇ . زادى نېمە ئۈچۈن ـ ھە ؟ ھەممىدىنمۇ غەزىپى كۈچلۈكى ئېلىخان تۆرەممىش . ئۇ ئادەم نۇرغۇن قېتىم ئاشكارا نۇتۇق سۆزلەپ سوۋېت ھۆكۈمىتىنى ئەيىبلەپتەك .

— نېمىشقا سىلەرنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر رېسپۇبلىكىسى قىلىۋالىمىز ؟ — دېدى دوسكىنوف پاپىروسىنى ئېچىگە تارتىپ ، — لاتۋىيە ، لىتۋا ، ئېستونىيە ، مولداۋىيەلەرنىمۇ 30 — 40 ـ يىللىرى قورال بىلەن بېسىۋېلىپ بىزنىڭ رېسپۇبلىكا قىلىۋالدۇققۇ ، كىم غىڭ قىلالىدى ؟ بۇ يەرمۇ شۇنداق !

— ئۇنداق قىلسا سوۋېت ھۆكۈمىتى تاجاۋۇزچى بولۇپ قالامدۇ ؟

— كىم تاجاۋۇزچى ئەمەسكەن ؟ جىياڭ كەيشېچۇ ؟ ئۇمۇ قورال بىلەن بېسىۋالغان ، مانجۇلار بېسىۋالغان . ئۇ تەييارغا ئىگە بولۇۋالدى . ئامېرىكىچۇ ؟ ئۇمۇ نۇرغۇن يەرلەرنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان . قايسىبىر كۈچلۈك دۆلەتنىڭ قولى قان ئەمەسكەن ـ ھە ؟

— بۇنداق دېمە دوسكىنوف ! — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى ئۇرنىغا قاراپ قويۇپ، — بۇ پولكوۋنىك چارروسىيىنىڭ پولكوۋنىكى ئوخشىمامدۇ ؟

— چار پادىشاھ يامان ئەمەس ! — دېدى دوسكىنوفمۇ كۈلۈپ قويۇپ، — ئۇنىڭ كۈچى بىلەن ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، تۈركمەن، ئەزەربەيجانلار سوتسىيالىزم بولدى ! ئۇيغۇر بىلەن تاتارغا يوق ! نېمىشقا دەمسىز . ئۇلاردا مادانىيات چوڭ بولدى . ستالىنغا ياقمادى، ھا - ھا - ھا !...

ئەخمەتجان باش لىڭشىتىپ كۈلۈپ قويدى .

ئۇلار قاراڭغۇ چۈشكەندە سارسۈمبە شەھىرىگە يېتىپ كەلدى . ئۇلارنى ئېگىز، قاۋۇل گېنېرال دەللىقان سۇگۇربايوف كۈتۈۋالدى . ئۇرى ئوسمان باتۇرنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى . لېكىن ئۇ سارسۈمبىدە يوق ئىكەن . ئۇ بالدۇرلا سوغۇق چۈشىدىغان بۇ ۋىلايەتتە، ھارىرمۇ تاغدا — كىگىز ئۆيدە تۇرۇۋېتىپتۇ . ئۇ ھۆكۈمەت رەئىسىنىڭ كەلگىنىنى بىلىپ تۇرۇپ قارشى ئالغىلى ئالدىغا چىقمىدى . بۇنى ئۇرى ئۇنىڭ مەغرۇرلۇقىدىن دەپ چۈشەندى . ئوسمان ساۋاتسىز، ئۆزىنى پادىشاھ، ئالتاينى پۈتۈن دۇنيا ھېسابلايدىغان ئادەمنىڭ بىرەر كىشىنى ئۆزىدىن ئۈستۈن بىلمەيدىغانلىقى چۈشىنىشلىك ئىدى . ئەخمەتجان قاسىمى ئوسمان باتۇرنىڭ ئىلى يېڭى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ : «خەپ، بىر ئاتقا ئىككى ئادەم مىنىدىغان بوپتىمىز !» دېگىنىنى كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇرنىغا ئېيتىپ بەرگەنىدى . گۇمانخورلۇق، باشقىلارغا ئىشەنمەسلىك بۇ خىل ئادەملەرگە مىجەز بولۇپ سىڭگەن بولىدۇ . ئۇرى ئۇنىڭدىن ئەجەبلەنمىدى . لېكىن ئۇ نېمىلا بولمىسۇن بۇ باتۇرنى كۆرۈش، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىش ئارزۇسىدا ئىدى . چۈنكى ئۇ ئوسمان توغرىسىدا ئاڭلىغان ھېكايىلىرىدىن يىرتقۇچ شىرنىڭ شىنسەيگە ئەڭ قاتتىق زەربە بەرگەن مۇشۇ ئوسمان باتۇر ئىكەنلىكىنى بىلگەن . بۇ بىلىش ئۇنىڭ ئوسمان باتۇرغا بولغان ھۆرمىتىنى كۈچەيتكەنىدى . كىچىكىدىنلا «باتۇر» توغرىسىدا

ھېكايە ئاڭلاپ چوڭ بولغان ، بىرنەچچە يىلنى باتۇرلار ئەتراپىدا ئۆتكۈزگەن يىگىت ئۇچۇن باتۇرلار بىلەن دوست بولۇشنىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىش يوق . تۆت ئاغىنىسى بىلەن بىللە بولسا ، ھازىرمۇ ئىختىيارسىزلا ئەكبەر باتۇر ، غېنى باتۇرلار توغرىسىدا سۆزلەپ كېتىدۇ . ئالىم ، گېنېرال ، دوختۇر ، يازغۇچى ، سىياسىيونغا ئوخشاش ئۆز ئالاھىدىلىكى بىلەن ھۆرمەت تاپقان ئادەملەر ئىچىدە ئۇنىڭ قىزىقىدىغىنى يازغۇچى بىلەن باتۇر . ئۇ ل . تولستوي ، ماكسىم گوركىي ، چېخوف ، مۇختەر ئەۋېزوفقا ئوخشاش يازغۇچىلارنى قانچىلىك ياخشى كۆرسە ، سالاۋات يۇلايوق ، چاپايوفقا ئوخشاش باتۇرلارنىمۇ شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدۇ . باتۇرلار بىر مىللەتنىڭ مۇناسىپ ۋەكىلى ، پەخرى . شۇ مىللەت باتۇرلىرى بىلەن پەخىرلىنىدۇ ، گويا ئاق كۆڭۈل ئانىلار يارامىلىق ئوغۇللىرى بىلەن پەخىرلەنگەندەك .

ئۇ ئوسمان باتۇرنىڭ كەلمىگىنىگە خاپا بولدى . بۇ خاپىلىق ئۇنىڭ باتۇرنى كۆرۈش ئىستىكىنى كۈچەيتىۋەتتى . ھازىرغىچە ئېلىخان تۆرەمنىڭ نامىنى ئاڭلاپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلمىگەن بىرمۇ ئادەم بولغان ئەمەس . مانا بۈگۈن ئوسمان باتۇر جۇمھۇرىيەت رەئىسىنى قارشى ئېلىشقا چىقمىدى . گەرچە دەلىلقان سۈگۈربايوف نۇرغۇن سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئەپۇ سورىغان بولسىمۇ ، كەلگەن مېھمانلار ئوسماننىڭ تەكەببۇرلۇق بىلەن شۇنداق قىلغىنىنى چۈشىنىپ بولۇشتى .

ئوسمان تەكەببۇرلۇق قىلغۇدەك چوڭ تۆھپىنىڭ ئىگىسىمۇ ؟ بۇ سوئال ھەممە ئادەمنىڭ مېڭىسىدە پەيدا بولدى . نۇرى ۋىلايەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ مېھمانخانىسىدا — سىم كارىۋاتتا ئوڭدا يېتىپ ، ئوقۇۋاتقان سلاۋيان يېزىقىدىكى ئۆزبېكچە «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» رومانىنىڭ تۆتىنچى قىسمىنى يېنىغا قويۇپ بۇ سوئالغا جاۋاب ئىزدىدى . ئۇ ئوسماننىڭ ھايات يولى ، يارىتقان تۆھپىسىدىن خەۋەردار ئىدى . ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدىن ئوسمانغا دائىر مەلۇماتلار ئارقا - ئارقىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى .

ئوسمان 1940 - يىلى فېۋرالدا ۋە 1941 - يىلى ئىيۇن ئايلىرىدا خورلۇققا چىدىماي ئوۋ مىلتىقى بىلەن قوزغىلاڭغا قاتناشتى . ئۇ مەرگەنلىكى ، قورقۇمسىزلىقى بىلەن تېزلا داڭق چىقاردى . قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولدى . شىڭ شىسەي قىرغىن ، تۇتقۇن يۈرگۈزدى . ئوسمان 1941 - يىلى ئۆكتەبىردە قالدۇق قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقىغا ئايلاندى . ئۇ قورال تاپشۇرمىدى ، تىز پۈكمىدى . قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى ئىسىمقان ، ئاقتىكە ، ئىرىسقان ، سۇلايمان تۇسىپلەر ئوسماندىن تولىمۇ رازى بولۇشقان . ئۇ شۇ يىلى 7 - ئايدا قىرىقتەك ئادەمنى باشلاپ ئالتايدىكى چاپسار يايلىقى ئارقىلىق قوۋئېرتىشكە كېلىپ ، دەريادىن سال بىلەن ئۆتۈپ ، ھۆكۈمەتنىڭ كۆرتى دېگەن يەردىكى پوچتا پونكىتىغا ھۇجۇم قىلىپ ، ئون نەچچە ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈپ پونكىتنى ئىگىلىدى . ئۇ تۇتۇلغان پوچتىكەشتىن ھۆكۈمەتنىڭ ئىككى يۈز تۆگىدە ئوق - دورا ۋە ھەربىي تەمىناتى كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىۋېلىپ ، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ بىر ئىزۋوت ئەسكەرنى يوقىتىپ ، ھېلىقى ماللارنى قولغا چۈشۈردى . ئۇ نۇرغۇن جەڭلەردە سەركەردە بولدى ، داڭق چىقاردى ، باتۇر ئاتالدى . ھۆكۈمەت بىلەن بىر قېتىم ئالتە ماددىلىق كېلىشىم تۈزۈپ ياراشقان بولدى . لېكىن ، تېزلا يەنە خەلقنى بۇلاپ - تالاپ خورلاشقا باشلىدى . خالىل بىلەن راخات ئاتا - بالا قوزغىلاڭ كۆتۈردى . ئوسمان بۇ قوزغىلاڭمۇ سەركەردىسى ، چوڭ تۆھپىكارى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى . خەلق مۇئاۋىن ۋالىي جانىمقانغا ئىشىنىپ قوراللىرىنى تاپشۇردى . لېكىن ، ئوسمان يىگىرمە نەچچە ئائىلىنى باشلاپ جوڭغار قۇملۇقى ئىچىگە كىرىپ كەتتى . قاتتىق باستۇرۇشتىن ھايات قالغان بۇ قوراللىق كۈچ — خەلق قوزغىلاڭچىلىرى چوڭ قوشۇنىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى . ئوسمان قۇملۇق چۆلدە نۇرغۇن ۋاقتىنى قېچىپ يۈرۈپ ئۆتكۈزدى . ئاخىر كۆكتوقايدىن سۇلايمان بېكتور ، كادىر بايلار يىگىرمىدەك ئائىلىنى باشلاپ كېلىپ ئوسمانغا قوشۇلدى . ئۇلار ئەللىك ئائىلە بولدى . بۇ ئىككى يۈزگە يېقىن

جان جۇڭغار قۇملۇقى ئىچىدىكى «قارغاندىشىبە» دىگەن يەرگە يوشۇرۇندى. دىكابىرنىڭ ئاخىرلىرىدا چۆل قەھرىتانلىرى باشلانغاندا، ئۇلار ئوزۇق - تۈلۈكتىن قىسىلدى. شۇڭلا ئۇرۇمچىدىن ئالتايغا يىگىرمە نەچچە تۆگىدە گۈرۈچ ئېلىپ ماڭغان كارۋاننى بۇلاپ قويۇپ ئۆزىنى ئاشكارىلاپ قويدى. 1942 - يىلى فېۋرالدا ھۆكۈمەت يۇرت باشلىقلىرىنى ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. ئوسمان: «خالىل بىلەن بۇقات ۋالىينىڭ ئالدانغىنىمۇ يېتەر، مەن ئۇلاردەك ئالدىنىپ ئۇرۇمچىگە بىرىپ ئۆلۈشنى خالىمايمەن!» دەپ ئەلچىلەرنى قايتۇرۇۋەتتى.

ھۆكۈمەت ياز كەلسىلا ئۇچەكتىن چىقىدىغان بۇ بۇركۈتتىن ئەنسىرەپ، بورىبىجاپنى ئىككى يۈز ئەسكەر بىلەن ئۇنى تەلتۆكۈس يوقىتىشقا ئەۋەتتى. ئۇلار ئۇچىبۇلاق ئەتراپىدا ئازراق ئېلىشتى. ئوسمان ئون نەچچە ئادىمى بىلەن قېچىپ قۇتۇلدى. باشقىلارنى، شۇ قاتاردا ئوسماننىڭ سەككىز بالا ۋە خوتۇنى بىلەن توققۇز جاننى سارسۇمبىدە نەزەربەند قىلىۋالدى. بورىبىجاپ بۇ خىزمىتى ئۈچۈن سارسۇمبە ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى بولۇپ ئۆستى. كېلەس باتۇر ئون نەچچە كىشىنى باشلاپ قازانقۇم دىگەن يەردە تۇرۇۋاتقان ئوسمان باتۇرنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇلار قىرىق نەچچە ئادەمگە ئايلاندى، ئۇلار بەيتىك تېغىغا يېقىن قارامايلى دىگەن يەرگە باردى. بېشىغا كۈن چۈشكەن ماسەي، سېيىتلارمۇ يىگىرمە نەچچە كىشى بولۇپ كېلىپ ئۇلارغا قوشۇلدى. ئۇلار 1943 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئالتاي تاغلىرىغا ئىچكىرىلەپ كىرىشتى. تاغ بىلەن يېڭى ھايات تاپىدىغان قازاق باتۇرلىرى مانا شۇنداق تاغ سۇلىرى ساي - سايدىن چىقىپ قوشۇلۇپ ئۇلغايغاندەك زور ئېقىن بولۇپ ئۇلغايدى. ماي ئېيىنىڭ باشلىرىدا ئوسمان سارسۇمبىدە نەزەربەندتە تۇرۇۋاتقان خوتۇن - بالىلىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن ئىنىسى دەلىلقاننى كۆكتوقايغا ئەۋەتىپ: «خوتۇن - بالام قويۇپ بىرىلسە قورال تاپشۇرىمەن» دەپ سۆز ئەۋەتتى. ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا: «ئىنىڭ ئاغرىپ قايتالمىدى، خوتۇن - بالاڭنى ھاكىم قاجىنابى

قولۇڭغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ !» دەپ جاۋاب قايتۇردى . ۋاقىت ، ئورۇنىمۇ بەلگىلەپ بەردى . ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنى ئالداشنىڭ كويىدا ئىدى . ئۇلار يىراقتىن ئۇچراشتى . ئوسمان ئۈچ يۈزدەك ئەسكەرنى كۆردى . خوتۇن - بالىلىرى شۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىدى . ئۇ ئالدانمىدى . راست دېگەندەك ، ئالدانغان ئىنىسى ۋە بىرنەچچە كىشى ئۆلتۈرۈلدى . دۈشمەننىڭ ۋەھشىيلىكى ئۇنىڭ قوشۇنىنى زورايتتى . قېچىپ كەلگۈچىلەر كۆپىيىۋەردى .

ئوسمان باتۇر قارامايلى ، جىيەك ، قۇلانقۇدۇق ، بالئېرتىش ، كۈرتى ، قوجىرتى دېگەن يەرلەردە شىڭ شىسەي بىلەن قاتتىق ئۇرۇشتى . ئۇرۇش ئۇنى قورقماس ، قەيسەر قىلىپ يېتىشتۈردى . ئادىمى كۆپەيدى ، غەممۇ كۆپەيدى . بۇنچە جىق ئادەمنى باقماق بىر ئېغىر ئىش ئىدى . ئۇنىڭ ئادەملىرى بۇلاڭچىلىق بىلەن جان بېقىش يولىغا ماڭدى ۋە بانديت ئاتالدى ، خەلق زار - زار قاقشىدى ، ھەتتا موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتىمۇ بۇنىڭغا ئارىلاشتى . 1943 - يىلى 7 - ئايدا موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا خەت يېزىپ ، ئوسماننىڭ قەبىلىدىشى قامقاش دېگەن ئادەمدىن ئەۋەتتى . خەتتە قورالنى ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇشقا قاراتساڭ ياردەم بېرىمىز دېيىلگەنىدى . ئوسمان خۇشال بولدى . ئۇ قاپاس ، شىردىمان ، تەسكەنبايلارنى موڭغۇلىيىگە ئەۋەتتى . ئادەملىرى قورال ئېلىپ قايتتى . كېيىن ئۇ مەسلىھەتچىلەرنى تەلەپ قىلىۋىدى ، موڭغۇلىيە 1943 - يىلى 9 - ئايدا قالقاباي ، قابدىل ، قۇرمانقان قاتارلىق ئالتە كىشىنى ئەۋەتتى . ئۇلار «شىڭ شىسەيگە قارشى خەلق تەشكىلاتى»نى قۇردى . ئۇلار تاي سويۇپ ، بەيگە ئۆتكۈزۈپ جەنبەك تۇغىنى ئاچىقىپ تىكلىدى . 1700 - يىللىرى ئۆتكەن خەلق باتۇرىنىڭ بۇ تۇغى قوزغىلاڭچىلارنى روھلاندۇردى ، زورايتتى . موڭغۇلىيە تەرەپ شۇ ھامان ئىككى يۈز دانە بەشئاتار ، قىرىق دانە پىلىموت ، ئەللىك ساندۇق ئوق ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئەۋەتتى . ئۇنىڭ زورىيىپ قوراللىنىۋاتقىنىنى بىلگەن شىڭ شىسەي دەرھال تۆت مىڭ ئالتە يۈز ئەسكەر بىلەن بىر تانكا باتاليونى ، بىر

www.uyghurkitap.com

زەمبىرەكچىلەر باتالىيونىنى ئالتايغا ئەۋەتتى . 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنلىرى ئىككى پولك ئەسكەر قارا بۇلغۇن ، كۈرە دېگەن يەرلەرگە ھۇجۇم قىلدى . ئوسمان قاتتىق قارشىلىق قىلدى ، نۇرغۇن قوراللارنى ئولجا ئالدى . لېكىن ، تەڭ كېلەلمەي چىڭگىل ناھىيىسى ئىچىگە چېكىندى . مانا شۇ ئېغىر كۈنلەردە دەلىلقان سۇگۇربايوف سوۋېت ئىتتىپاقىدىن موڭغۇلىيە ئارقىلىق چىڭگىلغا كېلىپ ئوسمانغا قوشۇلدى . تۆمۈرخان ئەربىباي باشلىق سوۋېت مەسلىھەتچىلەر گۇرۇپپىسى (ئون ئىككى كىشىلىك ) كەلدى . موڭغۇلىيىدىن قالقاباي باشلىق يەتتە - سەككىز كىشىمۇ يېتىپ كەلدى . سوۋېت ئادەملىرى «ئاق ئۆيلۈكلەر» ، موڭغۇلىيە كىشىلىرى «كۆك ئۆيلۈكلەر» دەپ ئاتالدى . سوۋېت گېنېرالى پوپوف ، موڭغۇلىيە گېنېرالى دورجىلارمۇ پەيدا بولدى . ئوسمان مەسلىھەتچىلەرنىڭ تەسىرى بىلەن قايتىدىن جانلاندى ، باندىتلىقنى تاشلاپ ، زۇلۇمغا قارشى ئىنقىلاب قىلىش ئىستىكى ئۇلارنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالدى . 1944 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قايتا تەربىيە كۆرگەن قوزغىلاڭچىلار سەككىز يۈز كىشىلىك پارتىزانغا ئايلىنىپ تۆت ئەترەتكە ئايرىلدى . باش شتابمۇ قۇرۇلدى . ئوسمان باتۇر قوماندان ، دەلىلقان سۇگۇربايوف مۇئاۋىن قوماندان بولدى .

مانا بۇ ئالتاي پارتىزانلىرىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى .

شۇنىڭدىن باشلاپ ، ئالتاي پارتىزانلىرى شىڭ شىسەيگە ئارام بەرمىدى . ئۇلار 1944 - يىلى 2 - ئايدا موڭغۇلىيىدىن يەنە ئۈچ يۈز تال ئېغىر - يېنىك پىلىموت ، ئاپتومات ، بەشئاتارلارنى ، ئەللىك ساندۇق گىرانات ، ئەللىك ساندۇق ئوقنى قوبۇل قىلىپ ياخشى قوراللاندى ۋە چىڭگىل ، بۇلغۇن دەريالىرىنىڭ قۇيغۇنىدىكى ياغاچئوبا دېگەن يەردە تۇرۇۋاتقان ھۆكۈمەت ھەربىي بازىسىغا ھۇجۇم قىلىپ ، ئەسكەرلىرىنىڭ يېرىمىنى يوقىتىپ ، بىر يۈز ئەللىك تال قورال ئولجا ئالدى . خەلقنى كۆچۈشكە مەجبۇرىي كۆچۈرۈپ ماڭغان دۈشمەنلەرگە ھۇجۇم قىلىپ ، چىڭگىل خەلقىنى

قۇتقۇزۇۋالدى. 1944 - يىلىنىڭ 4 - ئېيىغا كەلگەندە، كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ قالغان ئۈچتىن ئىككى قىسىم خەلقىمۇ پارتىزانلارغا ئۆتتى. ئۇلار كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرىدە ئوتتۇز مىڭ نوپۇسلۇق خەلققە، مىڭدىن ئارتۇق قوراللىق كۈچكە ئىگە بولۇۋالدى. دۈشمەن قورقۇپ چېكىندى. چىڭگىل ناھىيىسى ئازاد ناھىيىگە، ئالتاي پارتىزانلىرىنىڭ ئىشەنچلىك، مۇستەھكەم بازىسىغا ئايلاندى.

ئوسماننىڭ بېسىپ ئۆتكەن يولى نۇرلارنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يولىغا نەقەدەر ئوخشايدۇ - ھە؟

ئۇلار 6 - ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، پارتىزانلىق ھەرىكىتىنى پۈتۈن ۋىلايەتكە كېڭەيتتى. سارسۈمبە، بۇرۇلتوقاي، بۇرچىن، قابا، جىمىنەي ناھىيىلىرىگە ئىككى - ئۈچ يۈزدىن پارتىزان ئەۋەتىپ خەلقنى ئۆزىگە قاراتتى. دۈشمەن پارتىزانلاردىن خەلقنى قاتتىق تالاشتى. لېكىن، خەلق پارتىزانلار تەرەپكە ئۆزىنى ئاتتى. گومىنداڭ خەلقنى مەجبۇرىي تاغ - داۋانلاردىن ئاتلىتىپ ئېلىپ قاچتى. كەلگۈلۈك خەلققە بولدى. موڭغۇلىيىگە ئۆتكۈزۈپ، قايتۇرۇپ يەنە جايىغا ئەكېلىشتى. گۈچۈڭ، بەيتىكلەرگە ھەيدەش نەقەدەر جەبىر - جاپا سېلىش - ھە؟ پارتىزانلار بەش ناھىيىنى كونترول قىلىۋالدى. 1944 - يىلى 9 - ئايدا بەش يۈز كىشىلىك پارتىزان يۈرۈش باشلىدى. گۈچۈڭدىن تارتىپ شىخوغىچە بولغان كەڭ زېمىندا پارتىزانلارنىڭ ئايىغى تەگمىگەن يەر قالمىدى. 1944 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، بۇرچىن ناھىيىسىنىڭ يېرىم نوپۇسىدىن باشقا، قالغان ئالتە يېرىم ناھىيىنىڭ بارلىق خەلقى، پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ توقسان پىرسەنتىدىن كۆپى پارتىزانلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. شۇ يىلى 10 - ئايدا چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ يۇلغۇن دېگەن يېرىدە ئاممىۋى يىغىن ئېچىلىپ، ئالتاي ۋاقىتلىق مىللىي ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. ئوسمان باتۇر ھۆكۈمەت باشلىقى بولدى. مانا بۇ شىنجاڭدا خەلق قوراللىق

كۈچلىرى قوزغان تۈنجى ھۆكۈمەت . ئوسمان باتۇر خەلق قوراللىق كۈچلىرىنىڭ غەلىبىسى بىلەن تەختكە چىققان تۈنجى ھۆكۈمەت باشلىقى . شۇنداق ئىكەن ، ئۇنىڭ ئېلىخان تۆرەمنى كۆزگە ئىلمىغانلىقىنى چۈشىنىشكە بولاتتى . راست ، تۆرەم مىلتىق تۇتمىدى ، پارتىزان بولمىدى ، ئوسمان ھەممىنى قىلدى ، ھەممىگە چىدىدى .

ئوسمان قوراللىق پارتىزانلىرىنى تېزلا ئىككى مىڭ ئىككى يۈزگە يەتكۈزدى . موڭغۇلىيىدىن يەنە ئۈچ يۈز ئەللىك تال بەشئاتار ، يۈز ئاپتومات ، يىگىرمە ئېغىر پىلىموت ، ئوتتۇز يېنىك پىلىموت ، ئالتە مىناميوت ، ئىككى تانكائاتار ، يۈز ساندۇق گىرانات ، بەش يۈز ساندۇق ئوق كەلتۈرۈلدى . ئوسمان پارتىزانلىرى توختىماي ھۇجۇم قىلدى . 1944 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدا گومىنداڭنىڭ بەش يۈز كىشىلىك ھەربىي ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىپ ، ئۈچ - تۆت كۈندىلا ئۈچ يۈزدىن جىق ئەسكىرىنى يوقاتتى ۋە ئۈچ يۈز تالچە ھەر خىل قورال ، يۈز ساندۇق ئوق - دورا غەنىيمەت ئالدى .

غەلىبە ئوسمان باتۇرنىڭ شۆھرىتىنى ئاشۇردى ، ئۇ ئەمدى خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ ھۇجۇمنى توختاتمىدى . 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى كۆكتوقاي بازىسىغا ھۇجۇم قىلىپ ، دۈشمەننىڭ بەش يۈزدەك ئادىمىنى يوقاتتى ، جىمىنەيدىمۇ تۆت يۈزدەك دۈشمەننى يوقاتتى . 1945 - يىلى 4 - ئاينىڭ بېشىدا ئالتە يۈز كىشىلىك خىل قوشۇن بىلەن گومىنداڭنىڭ ئاخىرقى بازىسى بولغان سارتوقايدىكى مەركىزىي پونكىتىغا ھۇجۇم قىلدى . دۈشمەن ئۈچ مىڭدىن كۆپ ئەسكىرى بار تۇرۇپ ھۇجۇم خەۋىرىنى ئاڭلاپلا ، بەش تانكا ، ئۈچ برونېۋىكنىڭ ھىمايىسىدە ئوتتۇز نەچچە ماشىنىغا يۈك - تاقىنى بېسىپ گۇچۇڭغا قاراپ چېكىندى . ئۇ قېتىمقى جەڭ ئوسماننىڭ شۆھرىتىنى تېخىمۇ ئاشۇردى ، ھەتتا ئۇ ئۆزىنى چىڭگىزخانغا ئوخشىتىدىغان بولۇپ قالدى . ئۇ جەڭدە گومىنداڭنىڭ مىڭدىن جىق ئادىمى يوقىتىلدى . قالغانلىرى يىگىرمە

نەچچە كۈن پىتىراپ، تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرۈپ مىڭ تەسلىكتە گـۈچـۈڭگـا كـېلـەلىدى. ئۈچ مىڭ كىشىلىك زور قوشۇننىڭ مـەغـلـۇبـىيـىتى گومىنداڭ ئارمىيىسىنى ئالاقزادىلىككە سالدى. بۇرژۇئازىيە تولارىدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسى بىلەن ھۆكۈمەت خادىملىرى بىر كېچىدىلا سارسىمىگە قېچىپ يىرىۋالدى. پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ ئون يىرسەنت يېرىدىلا گومىنداڭ ئارمىيىسى قالغاندا، ۋاقىتلىق ھـۆكـۈمـەت ئـارمـىـيـىـسى ئالتاي ۋىلايىتىگە كىردى ۋە ئالتاي پارتىزانلىرى بىلەن بىرلىشىپ، گومىنداڭنى تەلتۆكۈس مەغلۇپ قـىـلـدى. ئالتاي ئازاد بولدى. بۇ ئازادلىقتا ئوسمان باتۇرنىڭ تـۆھـپـىسى تولىمۇ زور. ئۇ ھەممە جەڭلەردە ئۆزى قوماندانلىق قـىـلـدى، ئـۈچ قـېـتـىـم ئوق تېگىپ يارىلاندى. ئىنىسىدىن، بـالـىـلـىرىدىن ئايرىلدى. ئىلى ئىنقىلابچىلىرى ئىچىدە ھېچكىم ئوسمان باتۇرچىلىك جەبرى تارتمىدى، قۇربان بەرمىدى. 1941 - يىلىنىڭ بېشىدىن 1945 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە ئۇ تۆت يىلدىن كۆپ ۋاقىت تاغ - دالىدا، قار - يامغۇر، ئۇرۇش ئوتلىرى ئىچىدە ھايات كەچۈردى. ئۇنىڭ ئۆزىنى ئېلىخان تۆرەمدىن ئۈستۈن تۇتۇشىغا ئەجەبلەنمىسىمۇ بولاتتى ...

نۇرى ئوسمان باتۇر توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىنى ئويلاپ بولۇپ ئـورنـىـدىـن تـۇردى. كـەچـتە گېنېرال دەلىلقان سۇگۇربايوف مېھمانلارنى ئالتاي ۋىلايەتلىك ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيە نامىدىن زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالماقچى بولدى.

قـىـرىـقـتىن ئاشقان تەمبەل ئادەم — ئېگىز، گەۋدىلىك، ئىنچىكە قارا بۇرۇت قويغان، پەگەز قاپاق، كىچىكرەك كەلگەن كۆزلىرىدىن ئوۋچىلارغا خاس سەزگۈرلۈك بىلىنىپ تۇرغان، قارا سـوكـنـىـدىـن شىم - تۇجۇركا، بېشىغا قارا رۇس شىلەپىسى كـىـيـىـۋالغان ئادەم مېھمانخانا زالىدا مېھمانلارنى كۈتۈپ ئۆرە تۇراتتى. بۇ كىشى دەلىلقان سۇگۇربايوف ئىدى.

ئۇ ئېلىخان تۆرەم، ئەخمەتجان قاسىمى، سەيپىدىن ئەزىزىلەر بـىـلـەن سـوۋېت ئادەملىرىدەك قول ئېلىشىپ، دىپلوماتلاردەك

قاقاقلاپ كۈلۈپ كۆرۈشتى. ئۇ نۇرى بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇ

— پاھ، قوللىرىڭ باتۇرنىڭ قولىغۇ، يىگىتىم! — دەپ كۈلدى. ئۇنىڭ قوللىرىمۇ گۆشلۈك، كۈچلۈك ۋە يوغان ئىدى.

— سىزنىڭ قوللىرىڭىزغا تەقلىد قىلىۋالدىم!

— يارايسەن، يىگىتىم، خۇدا بىزنىڭ قوللىرىمىزنىمۇ نىيىتىمىزنىمۇ بىر خىل قىلىپ ياراتقان دېگىنە!

ئالتاي ۋىلايەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ، پارتىزانلارنىڭ باشلىقلىرى، ئالتاينىڭ يۇرت كاتتىلىرى زالغا تولغان. خۇشاللىق، تەنتەنە، مىللىي غۇرۇر ھەممىلا ئادەمنىڭ قەلبىدە، ھېسسىيات ۋە تومۇرلىرىدا جۇش ئۇرماقتا. زۇلۇم، خورلۇقتىن قۇتۇلۇش نەقەدەر چوڭ بەخت ئىكەنلىكى كۆزلەردىن، سۆزلەردىن ۋە چىرايلاردىن بىلىنمەكتە. ئالتاي سارسۇمبە شەھىرىنىڭ ئۆتكەنبىر ئېيى ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك شادلانمىغان بولسا كېرەك.

ئەتىسى شەھەر سىرتىدا بەيگە، ئوغلاق، چېلىش، قىز قوغلاش ئويۇنلىرى كۆرسىتىلدى. ئەخمەتجان قاسىمىمۇ ئاتلىنىپ قىز قوغلاشقا چۈشۈۋىدى، نۇرىمۇ تورالماي ئاتلاندى. شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئالتاي مەمۇرىي مەھكىمىسى رەسمىي قۇرۇلدى، بۇ مەھكىمە ئىلىدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە قارايدىغان بولدى. پارتىزان ئەترەتلىرىنى ھۆكۈمەت ئارمىيىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى ئېلان قىلدى. دەلىلقان سۇگۇربايوفقا كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن «ئىستىقلالىيەت» ئوردېنى ۋە پودپولكوۋنىك ھەربىي ئۇنۋانى بېرىلدى. نۇرى خاتىرىسىگە «ئۇنۋانى تۆۋەن بولۇپ قالدى» دەپ يېزىپ قويدى. دەلىلقانغا ئوردېن، ئۇنۋان بېرىش مۇراسىمى تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى. دەلىلقان ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولدى. ئۇ ئوسمان كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن شۇ تاپتا ئالتايدىكى ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيىنىڭ ئەڭ چوڭ رەھبىرى ئىدى. بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋالىي مەھكىمە قارىمىقىدا تەسىس قىلىنىدىغان ئون ئۈچ مۇئەسسەسەنىڭ تەشكىل قىلىنىش ھوقۇقىنى ئېلىخان تۆرەم دەلىلقان سۇگۇربايوفقا تاپشۇردى.

دەلىلقان مۇئامىلىسى سىلىق، گېپى يۇمشاق، كۈلۈپلا تۇرىدىغان خۇشخۇي ئادەم ئىدى. ئۇ نۇرىغا يېقىپ قالدى. ئۇ خاتىرىسىگە دەلىلقان سۇگۇرباييوف توغرىسىدا تۆۋەندىكىلەرنى يېزىپ چىقتى:

تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ بايىن ئۆلگەي دېگەن يېرى تولىمۇ گۈزەل، ئۇيەرنى ماكان قىلغان ئاباق كىرەي ئېلىنىڭ چىروچى قەبىلىسىدىن باتۇر، مەرگەن ئوۋچىلار كۆپ چىقىدىكەن. ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى چەكسىز يايلاقلاردا ئۇنىڭ چارۋىچى ئاتىسى سىگانلاردەك كۆچمەن بولۇپ هايات كەچۈرگەن. دەلىلقان مانا شۇنداق ئائىلىنىڭ ئوغلى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ گۈزەللىكنى، ئادالەتنى، هاياتنى سۆيۈپ ياشاش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن. ئۇ موڭغۇلچە، رۇسچە يېزىقلارنىمۇ ئۆگىنىۋالغان. ئات بەيگىسى، چېلىشىش، ئوۋچىلىق ئادەمنى باتۇر قىلىدىغان هەرىكەتلەر. ئۇنىڭ بالىلىقى شۇ ئويۇنلار ۋە بېرىلىپ ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكەن. دەلىلقاننىڭ بالىلىقىمۇ نۇرىنىڭ بالىلىقىدەك هەممىگە قىزىقىش، ئۆزىنى هەممىگە قادىر هېسابلاشنى باشتىن كەچۈرگەن. 1921 - يىلىغا كەلگەندە چارروسىيە گېنېرالى باكىچ ئون مىڭ ئاق ئورۇسنى باشلاپ ئېرتىش دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا قېچىپ كەلدى. ئالتايدىكى قوماندان جۇ داۋيىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ قاچقۇن دۈشمەنلىرىنى توسۇۋالالمىدى. ئاق باندىتلار سارسۇمبىگە بېسىپ كىردى. ياڭ زېڭشىنىڭ بۇ گېنېرالى خورلۇقتىن ئۆلۈۋالدى. ئاقلار ئالتاينى بازا قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتا هۇجۇم قىلىش ئۈچۈن تەييارلىنىپ، خەلققە ئون مىڭ تۇياق قوي، ئۈچ يۈز كالا، بەش مىڭ ئات، مىڭ تۆگە، ئوزۇق - تۈلۈك سېلىق سالدى. هاكىم قانايپىيا بىلەن ياڭ زېڭشىن ئەۋەتكەن ئەمەلدار ماقۇل بولدى. خەلق ئۈستىگە ئاق باندىتلارنىڭ زۇلۇم تېغى ئارتىلدى. بۇ سېلىقنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى قوبدۇ قەبىلىسىگە چۈشتى. سوۋېت ئارمىيىسى دەلىلقاننىڭ ئاكىسى دوربىتقانغا ۋەزىپە تاپشۇردى. بۇ چاغدا دەلىلقان يېڭىلا توي قىلغان

يىگىت ئىدى . گېنېرال باكىچ ئەسكەر باشلاپ، دوربىتقان بىلەن دەلىلقاننى تۇتۇش ئۈچۈن باردى ۋە ئۇلارنى تۇتتى ، پۈتۈن مال ـ مۈلكىنى بۇلىدى ، بىر ئايدىن كېيىن دوربىتقان بىلەن دەلىلقاننى ئېتىشقا ئېلىپ ماڭدى . ئاكا ـ ئۇكىلار بىرى ئالدىغا ، بىرى كەينىگە قاچتى . بۇ تەۋەككۇلچىلىك دەلىلقاننى قۇتۇلدۇردى ، دوربىتقان قۇربان بولدى . مانا بۇ دەلىلقاننىڭ ئىنقىلاب يولىغا باسقان تۇنجى قەدىمى ۋە تۇنجى قۇربان بېرىشى ، خۇددى نۇرىنىڭ ئىنىسى قۇربان بولغاندەك . دەلىلقان شۇ قاچقىنىچە سوۋېت چېگرا پونكىتىغا باردى ۋە ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى . سوۋېت ئارمىيىسى ئاق باندىتلارنى تارمار قىلدى . دەلىلقان خەلقنىڭ — نامراتلارنىڭ غېمىنى يەيدىغان ئەسكەرلەرنىڭمۇ بولىدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم كۆردى . ئۇ ئاكىسىنىڭ يېڭى تۇغۇلغان ئوغلىغا ئادالەت ، باتۇرلۇق ۋە پىداكارلىقتا ئۈزىگە نەمۇنە بولغان سوۋېت ئوفىتسېرىنىڭ بايكالوف دېگەن ئىسمىنى قويدى . شۇ چاغدىن باشلاپ ئۇنىڭ يۈرىكىدە ھەققانىيەت زۆرۈر بولغاندا غەرىبكە — سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەلپۈنۈش ئىستىكى پەيدا بولدى . ئۇ 1933 ـ يىلىدىن كېيىن مىڭچە ئەسكىرى بىلەن ئالتايغا كەلگەن ما جۇڭيىڭنىڭ ئادىمى ما خىيىڭنىڭ بۇلاڭچىلىقى ۋە تالان ـ تاراج قىلىشىغا قارشى قورالىق ئىنقىلابتا سوۋېت ئەسكەرلىرىنىڭ روھى بىلەن خەلقنى قوغداپ جەڭ قىلدى . ئۇ غالىب سوپىتىدە سوۋېت ئىتتىپاقى كونتروللۇقىدىكى شېڭ شىسەي دەۋرىدە بىر مەھەل ئەتىۋارلاندى : ئالتايدىكى «قازاق مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى» نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولدى . ئالتاي خەلقىنى ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى كۆرەشكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن سەپەرۋەر قىلىشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى . ئالتاي خەلقى بەش ئايروپىلان ، يۈز ئات ، ئىككى يۈز توققۇز مىڭ توققۇز يۈز دوللار ، نۇرغۇن ئالىي سۈپەتلىك جۇۋا ، ئۆتۈكلەرنى ئىئانە قىلىپ ، بۇ ماللارنى يەنئەنگە يەتكۈزۈپ بەردى . 1939 ـ يىلى 3 ـ ئايدا بۇ خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئۇ ئۈرۈمچىگە بېرىپ موڭغۇل ، قازاق ، قىرغىز ۋەكىللىرى

قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى . شىڭ شىسەي يات مىللەتلەرنى خورلاپ ، سىياسىي دۈشمەنلىرىنى يوقىتىپ ، ئۆزىنىڭ پادىشاھلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ھەدېسىلا «توپىلاڭ كۆتۈرۈش سۈيىقەستى» ، «جاسۇسلۇق ئەنزىسى» دېگەنلەرنى ياساپ چىقىپ تۇتقۇن قىلىش ، ئۆلتۈرۈش بىلەن پاراكەندىچىلىك سېلىشقا باشلىدى . ئۇ تولىمۇ گۇمانخور ئىدى . تىنچ تۇرغان خەلقنى «ئىسيان كۆتۈرىدۇ» دەپ قاراپ ، چارۋىچىلارنىڭ ئۇۋ مىلتىقلىرىدىن تارتىپ پىچاق ـ بەكىلىرىگىچە بولغان تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى قورال ـ ياراغ ھېسابلاپ ، خەلقنى بۇ نەرسىلەرنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلىدى . خەلق ئىچىدە ھۆرمىتى بار شەرىپقاننى تۈرمىگە تاشلىدى . خەلقنىڭ غەزىپى ئۆرلىدى . 1940 ـ يىلى چارۋىچى خەلق قوزغالدى . مانا ئەمىسە دەپ كۆكتوقاي ناھىيە باشلىقى شۈي لىڭ باشلىق ئون بىر نەپەر قورال ـ ياراغ يىغقۇچى زومىگەرنى ئۆلتۈرۈۋەتتى . مانا بۇ تۇنجى قېتىملىق چارۋىچىلار قوزغىلىڭى . بۇ قوزغىلاڭ تېز كېڭەيدى ، شىڭ شىسەي نەچچە مىڭ ئەسكەر ئەۋەتىپمۇ قوزغىلاڭنى باستۇرالمىدى . ئامالسىز 9 ـ ئايدا قېيناتىسى چيۇ زۇڭجۈننى ئۆلكىلىك خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى نامى بىلەن ئەۋەتىپ ، خەلق ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى . خەلق شۇ چاغدا ئۇرۇمچىدە تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان شەرىپقان ، دەلىلقانلارنى قويۇپ بېرىش تەلىپىنى قويدى . دەلىلقاننى ئەكېلىپ سارسۇمبە ناھىيىسىگە مۇئاۋىن ھاكىم قىلدى . ئۇ ھۆكۈمەت سۆھبىتىگە قاتناشتى . شەرىپقاننى قويۇپ بەرمىدى . دەلىلقاندا بۇ چاغدا شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە قاتتىق غەزەپ ـ نەپرەت پەيدا بولغان ، ئۇ بۇ رەزىل ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرماي تۇرۇپ ، خەلققە ياخشىلىق يوقلۇقىغا ئىشەنگەن ۋە ئادىل ، خەلق ھىمايە قىلىدىغان ھاكىمىيەت ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا ئىرادە تىكلىگەنىدى . ئۇ خەلق ۋەكىلى سۈپىتىدە ھۆكۈمەتكە : قولغا ئېلىنغان بارلىق ئالتاي ۋەكىللىرىنى قويۇپ بېرىش ، ئالتايدا ھەربىي تۇرغۇزماسلىق ، ساقچى ، ئىشپىيون ئورگانلىرىنى تەسىس

قىلماسلىق . يەرلىك ھۆكۈمەتلەرگە مۇشۇ يەرلىكلەرنى قويۇش ، چارۋىچىلارنىڭ ئۈستىدىكى سېلىقلارنى بىكار قىلىش تەلەپلىرىنى قويدى . ھۆكۈمەت ئىلاجسىز بۇ تەلەپلەرگە ماقۇل بولدى . دەلىلقاننى گەنسۇ ، چىڭخەيلەرگە قېچىپ كەتكەن قازاق چارۋىچىلارنى نەسىھەت بىلەن قايتۇرۇپ كېلىش ئىشىغا مەسئۇل قىلىپ ئىچكىرىگە ئەۋەتتى . ئۇ قانچە ياخشى گەپ قىلغان بولسىمۇ ، جېنىدىن جاق تويغان سەرگەردان چارۋىچىلار قايتىپ كېلىشكە ئۇنىمىدى . شىڭ شىسەي ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمايدىغان ئادەم بولغاچقا ، شەرىپقاننى قويۇپ بەرمىدى ، چوڭ چارۋا مالدىن بەش پىرسەنت ، كىچىك چارۋا مالدىن ئۈچ پىرسەنت باج ئېلىش تۈزۈمىنى يۈرگۈزدى . باجغا ئېلىنغان چارۋا ماللار ئىككى ياشلىق ئېرىكتىن بولۇشى كېرەك دېگەن شەرتى نامرات چارۋىچىلارنى قاتتىق قىينىدى . شۇنىڭ بىلەن كان قازغۇچىلار ، نامرات چارۋىچىلار ، ھەممىلا جايدا يالاڭ - يالىڭاچ ، ئاچ - زېرىن يۈرۈۋاتقانلار ئالتاي تۇپرىقىدا 1941 - يىلى 6 - ئايدا قوزغىلاڭ كۆتۈردى . شىڭ شىسەي 9 - ئايدا ئەسكەر كۆپەيتتى . كۆكتوقاي باش قوماندانلىق شتابىنى قۇرۇپ ، قەشقەر گارنىزون سىلىڭى جياڭ يۈفېڭنى باش قوماندان ، ليۇ جىڭشەننى سارسۇمبە ئامانلىق ساقلاش سىلىڭى قىلىپ بېكىتتى . ئايروپىلان ، برونېۋىكلار ، ئېغىر قوراللار يېغىپ كەتتى . لېكىن ، قوزغىلاڭچىلار باش ئەگمىدى . تاغ ئىچىگە چېكىنىپ كۈرەشنى داۋاملاشتۇردى . دەلىلقان بۇ چاغدا يەنە ئۈرۈمچىگە «تەكلىپ» قىلىندى . ئۇ سەزگۈر ئادەم بولغاچقا جېنىنى دالىدىغا ئېلىش پەيتى كەلگىنىنى بىلدى - دە ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتتى . ئۇ ئالمۇتىدىكى بىر مەكتەپتە ئىككى يىل ئوقۇپ ، نەزەرىيە ۋە ھەربىي بىلىم ئۆگەندى . خەلقىگە قانداق يول بىلەن بەخت ياراتقىلى بولىدىغانلىقىنى ، ئۆزىنىڭ نېمىلەرنى قىلىشى زۆرۈر ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى ۋە 1943 - يىلى گېنېرال پوپوف باشلىق ئون ئىككى كىشىلىك مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى بىلەن بىللە تاشقى موڭغۇلىيە ئارقىلىق چىڭگىلغا ئۆتۈپ



www.uyghurkitap.com

ئوسمان باتۇر بىلەن ئۇچراشتى . شىڭ شىسەي ستالىنغا خائىنلىق قىلىپ ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا نۇرغۇن زىيانلارنى سالغانلىقى ئۈچۈن ، ستالىن ئۇنى جازالاپ ئىنتىقام ئېلىش نىيىتىگە كەلدى . تاشقورغاندا ئىسھاقبېك ، غۇلجىدا پاتىخ ، جىمسىنەيدە موللا ئىسلام ۋە ئالتاي ـ كۆكتوقايدا ئوسمان بىر ۋاقىتتا قوراللىنىپ شىڭ شىسەيگە قارشى ئىسيان كۆتۈردى . بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرلا ئوسمان ـ دەلىلقان باشچىلىق قىلغان قوزغىلاڭلا غەلىبە قازىنالىدى . 1945 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە بۇ قوشۇن نۇرغۇن جەڭلەرنى قىلىپ دۈشمەننىڭ نەچچە مىڭ ئەسكىرىنى يوقىتىپ ، ئالتايدا خەلق قوراللىق كۈچلىرىنىڭ تەڭداشسىز كۈچ ئىكەنلىكىنى ھەرىكىتى ۋە غەلىبىلىرى بىلەن ئىسپاتلىدى ... سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدىكى قوراللىق قوزغىلاڭلارنى قورال ۋە ئادەم بىلەن قوللىدى . خەلقنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ياخشىلىق قىلدى . ئىسھاقبېك ، دەلىلقان ، پاتىخقا ئوخشاش قورال بىلەن يول ئىزدىگەنلەر بولسۇن ، ئەخمەتجان ، ئابدۇكېرىم ئاباسوفقا ئوخشاش سىياسەت بىلەن يول ئىزدىگۈچىلەر بولسۇن ، ھەممىسىلا سوۋېت ئىتتىپاقى ، ستالىننىڭ غەمخورلۇقى بىلەن بۇگۈنكى نىجات يولىنى تاپالىدى . ئەمما ، بۇگۈن ئاشۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ستالىن بۇ ئىنقىلابچىلارنى گومىنداڭ بىلەن كېلىشىم قىلىش يولىغا نېمىشقا قىستايدۇ ـ ھە ؟ ئېلىخان تۆرەم ئالتايغا كېلىپ ئۆزۈن ئۆتمەيلا غۇلجىدىن «ئىلى ۋەكىللىرى گومىنداڭ بىلەن سۆھبەتلىشىدىغان بولىدۇق . دەرھال قايتىپ كېلىڭلار ، بۇ ئىش تولغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىمىز» دېگەن تېلېفون كەلدى . ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ چوڭ رەھبىرى بۇ يەردە تۇرسا ، بۇ بۇيرۇق كىمدىن كەلدى ـ ھە ؟ مۇھىمى ، ئوسمان باتۇر نېمىشقا بۇنداق سوغۇق مۇئامىلە قىلدى ـ ھە ؟ دەلىلقان بىلەن ئوسمان باتۇر ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ باردەك قىلىدۇغۇ ، خۇددى ئېلىخان تۆرەم بىلەن ئەخمەتجان ئەپەندىم ئىككى خىل قاراشتا بولغىنىدەك ...

نۇرى خاتىرىسىنى يېزىپ بولدى . ئۇ پولكوۋنىك

دوسكىنوفنىڭ يېنىغا كىردى .

— كەل ، — دېدى دوسكىنوف كۈلۈپ ، — سىن كېتەدى ، مەن ئوسمانگا بارادى . ئوسمان باتۇر سارسۇمبىگە كەلسە كېرەك . ئايتادى ، ئىچۇۋا كەلمەسە[1] !

نۇرى دوسكىنوفنىڭ باش - ئاخىرى يوق سۆزلىرىدىن خېلى جىق مەنىلەرنى چۈشەندى .

خۇپتەندىن كېيىن ئېلىخان تۆرەم نۇرىنى چاقىرتتى . نۇرى كىرگەندە ، بوۋاي كرېسلودا ئولتۇرماي گىلەم ئۈستىگە جايناماز سېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ، بېشىنى لىڭشىتىپ كىتاب ئوقۇۋاتاتتىكەن . ئۇ كىتابنى ئاۋايلاپ ياپتى ۋە پېشانىسىنى ئۇنىڭ ئالىقىنى بىلەن تۇتۇپ بىرنېمىنى ئويلىغۇالدى - دە :

— ئولتۇرغىن بالام ، — دەپ كرېسلونى كۆرسەتتى . نۇرى ئولتۇرغاندىن كېيىن :

— ئالتاينىڭ نېمىسى ياقتى ، نېمىسى ياقمىدى بالام ؟ — دەپ سورىدى .

— دەلىلقان ياقتى ، ئوسمان باتۇر ياقمىدى . ئۇ ئالدىغىمىزغا كەلمىدى .

— ئۇنىڭ يېنىدا قاباباس مۇپتى دېگەن بىر ئۆلىما بار ، — دېدى ئېلىخان تۆرەم باش - ئاخىرى يوق گەپ قىلىپ ، — ئۇ قازاقتىن چىققان چوڭ دىندار . ئۇ ئادەم 1933 - يىلى سوۋېتتىن قېچىپ كەلگەن . ئۇ سوۋېتقا ئۆچ ، ئالاش ئوردىسىنىڭ ئادىمى . شەيخۇلئىسلام بىلەن ئالاش ئوردىنى ستالىن ئاتىمىز مىلتىق بىلەن ئۇجۇقتۇرمىغان بولسا ، ئوسمان باتۇر بىزنىڭ يېنىمىزدا تۇرغان بولاتتى . مەن ئوسمانغا بىر پارچە خەت يازدىم . بالام ، خېتىمنى سەن ھېلىقى ئورۇسقا بەرگىن ! — دېدى ۋە ئىككىلىك خەتنى ئوقۇپ بەردى : «قۇرقىت گۆردىن قىرىق يىل قېچىپ يۈرۈپ ، ئاخىر دۇنيادا تۇنجى قېتىم قېزىلغان گۆرگە چۈشكەنىكەن . ئىنىم

---

[1] كەلمىسە ھېچقىسى يوق .

ئويلان ، سىنى جۇدەيەم[1] كۆرگۈم بار ئىدى ، خەير ! » نۇرى خەتنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەندى .

— بالام ، سىنى ئابلا باينىڭ تىلىكى بىلەن يېنىمغا ئېلىۋالدىم . سەن ماڭا كاتىپ بولىسەن . غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن قالغان گەپلەرنى ئاڭلايسەن بالام . ئەمدى سوقۇش بولمايدىغان ئوخشايدۇ . ئارماندا قالدۇق . قىلغان قەسەملەر ، شېھىت ۋە قانلار بىكار بولىدىغان ئوخشايدۇ . بالام ، ئورۇستا يۈز يوق . بىر تال ئوق بىر قويغا توختىدى ، ھەممە ئىشىمىزغا چېچەك چىقتى ، مەن ئوسمانىنى چۈشەندىم ...

ئېلىخان تۆرەم خاپا ۋە چۈشكۈن ئىدى . نۇرى بوۋاينىڭ سۆزلىرىنى گەپ قىلماي ئاڭلىدى . ئۇنىڭمۇ جىمجىتلىقتا ئىچى پۇشماقتا ئىدى . شۇڭا ئۇ بۇ ھۆكۈمەت باشلىقىغا ھېسداشلىق قىلاتتى . لېكىن ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلاردىن . گىمنازىيىدە ئوقۇش ، بىرنەچچە يىل پارتىزان ، ھەربىي بولۇش جەريانىدا ، بولۇپمۇ 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا يۈز بەرگەن چوڭ - چوڭ ئىشلارغا ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلۈپ ، زور ئىشلارنى خۇددى 1 - سىنىپ ۋاقتىدا دەرس يادلىغاندەك يادلىۋالغان ئىلىم ۋە يېڭىلىق خۇمارى بولغاچقا ، غالىب دۆلەت سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ستالىننى يامانلايدىغان سۆزلەرنى ئاڭلىسا رەددىيە بېرىشكە تەييار ئىدى . لېكىن ئۇ ئېلىخان تۆرەمگە گەپ ياندۇرمىدى . ئۇنىڭ سۆكۈتلىرى ئىچىگە نارازىلىق ھەتتا غەزەپ - نەپرەت يوشۇرۇنغانىدى . ئۇ چۈڭچىڭدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن شەرتنامىنىڭ مەزمۇنلىرىدىن تولۇق خەۋەردار ئىدى . ئۇ گومىنداڭ گېنېرالى جاڭ جىجۇڭنىڭ ئىككىنچى قېتىم نۇرغۇن ئادەم بىلەن ئۇرۇمچىگە كەلگەنلىكى ، سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ ئارىغا كىرگەنلىكى ، سوۋېت ھۆكۈمىتى ئارىغا كىرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇرۇشنى توختاتماي بولمىغانلىقى ، ئاقسۇدىن چېكىنىشتە

① جۇدەيەم ناھايىتى ، بەك ، ئىنتايىن (ئۆزبېكچە سۆز ) .

تارتقان زىيان، ماناس بويىدىكى ئوفىتسېر — ئەسكەرلەرنىڭ نارازىلىقلىرى، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئىچىنى ئۆرتەۋاتقان نارازىلىق ۋە ئىچ پۇشۇقى ... ھەممىنى ھېسابقا ئالدى. ئۇ قانداقلا بولمىسۇن سوۋېت ھۆكۈمىتى بىر ئىشنى ئويلىدى، بۇ ئىش ھەرگىز بىزگە زىيانلىق ئەمەس، سوۋېت ھۆكۈمىتى، ستالىن ھەرگىز بىزگە زىيانلىق ئىش قىلمايدۇ، دەپ ئويلايتتى. ياۋروپادا يەتتە سوتسىيالىستىك دۆلەت پەيدا قىلغان، ئاسىيادا موڭغۇلىيە سوتسىيالىستىك خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ئۆز قولى بىلەن ياراتقان، پۈتۈن دۇنيادا زۇلۇم ۋە مۇستەملىكىنى يوقىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى مەقسەت قىلىدىغان بىر ئۇلۇغ ۋە قۇدرەتلىك دۆلەتنىڭ داھىيسى شىنجاڭدىكى كىچىككىنە مىللەتلەرنى قايتىدىن زۇلۇم قايىنىمىغا ئىتتىرىۋېتەرمۇ؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ. دۇنيا ۋەزىيىتى، ئوق ئاۋازى توختىغان 1945 - يىلىنىڭ بۇ 9 - ، 10 - ئايلىرى ئىلى ئىنقىلابچىلىرىنى تىنچ يول بىلەن مەسىلە ھەل قىلىش يولىنى تاللاشقا مەجبۇرلىغاندۇر. بۇ تارىخنىڭ، ۋەزىيەتنىڭ تاللىشى، ھەرگىزمۇ سوۋېت ھۆكۈمىتى، ستالىننىڭ باشقىچە نىيىتىنىڭ بېشارىتى ئەمەس...

مانا بۇ نۇرىنىڭ خىيالى، يەكۈنى. بۇ يەكۈن ئۇنىڭغا ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بېغىشلايتتى. شۇڭا ئۇ ئالتاي ۋىلايىتىدىن قايتقاندا تولىمۇ روھلۇق، خۇشال قايتتى.

ماشىنا يولدا توپا توزۇتۇپ، خۇددى كۈز شاماللىرى بىلەن بەسلەشكەندەك جەنۇبقا قاراپ ئۇچماقتا. چەكسىز يايلاق، سايلار سارغايغان، دەل - دەرەخلەر ياپراقلىرىدىن ئايرىلىپ خۇددى بىرى بىلەن ئېلىشىشقا يالىڭاچلانغان ئەزىمەتلەردەك شامال بىلەن قەھرىتانغا ھومايماقتا. جوڭغارنىڭ ئاچچىق شاماللىرىدا قېلىن جۇۋىلارنى كىيىپ، تۈلكە تۇماقلىرىنىڭ ئارقىسىنى يەلكىسىگە چۈشۈرۈپ چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان، ئۆكۈزلەرگە كىگىز ئۆي، كەرگە، چاڭغىراقلىرىنى ئارتىپ، يۈك ئۈستىگە مەڭزى قىپقىزىل، جىيەكلىك كىيىم كىيگەن بالىلارنى ئولتۇرغۇزۇپ

قويغان چارۋىچىلار ماللىرىنى ئاستا ھەيدەپ ئۆزۈلمەي ئۆتۈشمەكتە . پەسىل ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتكەن ، ۋاقىت ھايات شەكلىنى يەڭگۈشلىگەن ، خۇددى ئۇرنىغا جىددىيلىك ئورنىغا ئىش پۇشۇقى تەقدىم قىلغىنىدەك .

— چارۋىچىلار بىر يىلدا ئۈچ - تۆت ئايلا راھەت كۆرىدۇ ، قالغان چاغلىرى ، ھېسابى سەككىز - توققۇز ئاي جاپادىن باشقىنى كۆرمەيدۇ ! دۇنيادا كۆچمەنلەر ئازايماقتا ، شەھەرلەر كۆپەيمەكتە . بىزنىڭ خەلقىمىز بىلەن ياۋروپا خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا پەرق تولىمۇ چوڭ . ماشىنىلىشىش ، ئېلېكترلىشىش تۇرمۇش جەبرىنى ئازايتىدۇ . قاراڭ ، ئاۋۇ كىمىشەك كىيگەن ئانا شۇ تاپتا ئات ئۈستىدە نېمىنى ئويلاپ كېتىۋاتىدۇ ؟ ئۇ چوقۇم كالىسىنى ۋاقتىدا سېغىۋېلىش ، قىشلايدىغان ئۆيىنىڭ ئوتۇن - ياغىچىنى غەملىۋېلىش ، ئوغۇردا سوقۇۋالىدىغان تېرىقنى ، يازىچە سېلىۋالغان قۇرۇتى ، موزايلىرىنى قىشتىن چىقىرىۋېلىشقا ئوخشاش ئىشلارنى ئويلاۋاتىدۇ . ئۇ باللىرىنىڭ ئوقۇشى ، كەلگۈسى ، ھەتتا جەمئىيەتتە بولىدىغان چوڭ ئۆزگىرىشلەر ، ساياھەت قىلىپ دۇنيا كۆرۈشلىرىنى ئويلىشى كېرەك ئىدى . ياۋروپا ئاياللىرى شۇنداق ئويلايدۇ . بىزنىڭ ئانىلىرىمىز بەلكى يۈز يىلدىن كېيىن شۇنداق ئويلايدىغان بولار - ھە ؟

ئەخمەتجان قاسىمنىڭ بۇ مۇلاھىزىسىگە ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى . ئەخمەتجان رۇس شوپۇرىدىن رولنى ئېلىۋالغان ، ئۆزى ماشىنا ھەيدەپ كېتىۋېتىپ ئەتراپنى كۆزىتىپ ، خەلقنىڭ كەلگۈسى ، تەقدىرى ئۈستىدە ئويلاپ كېتىۋاتماقتا . ماشىنا غول ئىچىدە توختىدى . ماشىنىغا سۇ قاچىلاشنى شوپۇر قىلماقچى بولۇۋىدى ، ئەخمەتجان قاسىمى چېلەكنى ئېلىپ سايغا قاراپ يۈگۈردى . ئۇ سۇ قاچىلاپ بولۇپ :

— شوپۇر مەن ، جاپانى ساڭا ئىتتىرىپ قويسام قانداق شوپۇر بولىمەن ! — دېدى . ماشىنا يېنىدا توپاق مىنگەن ، مەڭزىلىرى ئاپۇرۇت ئالمىدەك قىزىل ، ھەممىلا كىيىمى ئاق تېرىدىن قىلىنغان

ئىككى بالا پەيدا بولدى . باللار ماشىنىغا ھەيران بولۇپ چەكچىيىپ تۇرماقتا .

— كالاڭنى ماشىنىغا تېگىشەمسەن ؟

— جوق !

— نېگە ؟

— بول كوڭكانىڭ مۈيۈزى جوغوكەنغۈي ...

كۆپچىلىك قاقاقلاپ كۈلۈشتى . نېرىدىكى ياغاچلارنى پۈتاپمۇ قويمايلا تىزىپ ياسىۋالغان ، يەردىن بىر مېتىردەك ئېگىز ئۆيىنىڭ لايدىن ياسىغان تۈرخۈنىدىن قويۇق ئىس چىقماقتا . ئۆيىنىڭ سەپرا ئىتلىرى ھازىرغىچە ماشىنىنى يەۋېتىدىغاندەك غەزەپ بىلەن ھاۋشىماقتا . ئۆيدىن بېشىغا جىيەكلىك كىمشەك كىيگەن ، كونا چاپىنىنىڭ بېلىدىن تاسما باغلىغان بىر ئايال ياغاچ چۆچەكنى ئىككى قولىدا كۆتۈرۈپ چىقتى .

— كېت ! — ئۇ ئىتلارغا ۋارقىراپ قويۇپ ماشىنىنىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە :

— قۇرۇت جېگىدەر ، دەم تارتىپ كۆرۈڭدەر ! — دەپ ماشىنىدىكىلەرگە قۇرۇت سۇندى .

— قوناق بولساق بولاما ؟ — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى چىقىشىپ ، — بارى ـ جوقى بېس ئادەم مىز ، جاتاتىن جەر بارچىغار !

— بېس ئادەم نېمەنە ؟ ئون بولساڭدار دا جاتاتىن جەر بارغۈي ، قۇداي بېرگىن قوناقدار ، جورۇيوك ، مال سويامىز ئەزىرگىنە !

ئەخمەتجان باللارغا بىر سىقىمدىن كەمپۈت ، ئانىغا بىر قولياغلىق تەقدىم قىلدى . ئۇلار خۇشال بولۇشۇپ :

— نەدەگەن جاقسى ئادەم ! — دەپ ۋارقىرىشىپ كېتىشتى .

ماشىنا يۈرۈپ كەتتى .

— سىزچە ، بۇ يالغۇز ئۆيىنىڭ خۇشاللىقى نېمىدۇر نۇرى ؟

— تەرلىگۈدەك چاي ئىچىش بولسا كېرەك !

— توپتوغرا. ئۇلار شۇنىڭغا رازى. خەلققە شۇنچىلىك ياشاشقىمۇ ئىمكان بەرمىگەن ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرماي نېمە قىلىدۇ. شىڭ شىسەي، مۇنۇ گومىنداڭ، بۇلارنىڭ ئاشۇ تۇرمۇشىغىمۇ رازى ئەمەس. خەلق ياۋايى بولۇپ تاغقا چىقىپ يىرتقۇچلار بىلەن ئوزۇق تالاشسا، شۇنداق قىلىپ تاپقان بىر پارچە گۆشنىمۇ ئەمەلدارلارغا ئەكېلىپ بەرسە، ئۇلار خەلققە يەنە سېلىق سالسا. تۆت يىل ئىچىدە ئالتاي ۋىلايىتىدىن قىرىق مىڭ ئۆيلۈك چارۋىچى سەرگەردان بولۇپ چۆللەرگە — گەنسۇ، چىڭخەيلەرنىڭ ئادەم ياشىمايدىغان چۆللىرىگە چىقىپ كەتكەن. ئوسمان باتۇر خەلقنى ئويلىسا بولاتتى. مەن ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ قالدىم. گومىنداڭ ئۇنى بىزگە قارشى تۇپىلاڭغا سالمىسا بولاتتى. ئۇنىڭ پەيلى يامان!

ماشىنا بوران بىلەن بەسلىشىپ جەنۇبقا ئۇچماقتا. ئۇلار جىمجىت، خىيال بىلەن، تۈگىمەس قۇم بارخانلىرى، چۆل زىننىتى يۇلغۇن - چانقاللار ماشىنا بىلەن ئېگىلىپ - تولغىنىپ خوشلاشماقتا.

ئۇلار جىڭدا قوندى. ئەتىگەنلىكى قۇياشتىن بۇرۇن يولغا چىقىپ چۆل قوينىغا شۇڭغۇدى. نۇرىلار پىيادە ماڭغان يوللاردا ھازىر بوران ھۇۋۇلىماقتا. ماشىنا بورانغا قارشى غەربكە قاراپ تەستە ماڭماقتا، چۆل ئېدىر، ئۇتەي، سەنتەيلەرمۇ قالدى. سايرام كۆلى قۇياشنىڭ بوگۇنكى تۇنجى سۇبھى نۇرلىرىدا يالتىرىدى، دولقۇنلار، شاۋقۇنلار، ئاسماندىن چۇشۇۋاتقان ئۇچقۇنلار بۇ يەرنىڭ يېڭىلىقى. تەلكە چوققىلىرىنى قار بېسىپتۇ، لېكىن، كەڭساي قارىغايلىرى باھار شادلىقىدا. ھايات شۇنداق، خىيال شۇنداق. ھەممىنىڭ ئانىسى ۋاقىت! ۋاقىت خۇددى تەقدىردەك سىرلىق. ئالتە - يەتتە ئاينىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ خىيالىدىن بىر گۈزەل زادىلا چىقمايتتى. ھازىر ئۇ شۇ قىزغا قاراپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇ ئۇدۇل باينىڭ ھەيۋەتلىك، ئادەملەر ئارمان قىلىدىغان قورۇسىغا كىرىشى، يىگىتلەرنىڭ ۋۇجۇد ۋە خىياللىرىنى خۇددى غايەت زور ماگنىت

تۆمۈر پارچىلىرىنى تارتىۋالغاندەك ئاسانلا ئۆزىگە نەزەربەند قىلىۋالغان شەھەر گۈزىلى ، ئۇيغۇر گۈزىلى ، دەۋر گۈزىلىنىڭ ئەزىز مېھمىنى بولۇشى مۇمكىنغۇ ، بۇنداق بولۇشىنى ھەممە ئادەم ، ئۇنىڭ يۈرىكىمۇ خالايدۇ . لېكىن ئۇ ھازىر مۇنۇ خىيال خەزىنىسىدەك ماكاندا نېمىشقا ئۇنى ئويلىمايدۇ ، ئۇنىڭ خىيالى نېمىشقا يىگىتلەرگە خاس مۇھەببەت ئېقىمىدا ماڭماستىن ، بوۋايلاردەك ۋەھىمىلىك خىياللار بىلەن ئېتىشىدۇ ـ ھە؟ ئۇ ئىنقىلابچى بولۇپ يېتىلدىمۇيا؟ ۋاقىت خۇددى تەقدىردىن بېشارەت بەرمىگەندەك ، ئۇنىڭ روھىي ئىسيانلىرىمۇ ئۇنىڭغا خەۋەر بەرمىدىمۇ؟ نېمىشقا ئۇنىڭ خىيالى ھەدېسىلا شەرققە — ئۈرۈمچىگە — قۇمۇلغا ، جەنۇبقا — ئاقسۇدىن ئۆتۈپ قەشقەر — خوتەنلەرگە چاپىدۇ؟ نېمىشقا ئۇ باغرىغا تاڭغان گۈزەل قىزنىڭ ئادەمنى مەست قىلىدىغان ھىدىنى پۇراشنى ئويلىماي ، ئاكوپ ، جەسەت ، ئىس ـ تۈتەك ، ئۆمىلەش ، قورۇلغا ئېلىش ، قانغا مىلىنىش ، ھۆررا توۋلاپ يۈگۈرۈشلەرنىلا ئويلايدۇ؟ بۇ ئۇنىڭ ۋەھشىيلىككە مايىللىقىمۇ ياكى روھىي دۇنياسىنىڭ يېڭىلىنىشىمۇ؟...

مانا غۇلجا شەھىرى كۆرۈندى ، سۇيدۇڭدىن چىقىپ شەرققە مېڭىش كۆڭۈللۈك ھاياجان ئۆتكىلى بولۇشى كېرەك ئىدى . لېكىن ئۇنى غەم باستى . نېمىشقا شۇنداق بولغاندۇر ـ ھە؟

— سىز بۈگۈن ئۆيىڭىزدە دەم ئېلىڭ ! — دېدى ئەخمەتجان ماشىنىنى بۈك دەرەخلىك كوچىدا ، ھەيۋەتلىك دەرۋازا ئالدىدا توختىتىپ . بۇ نۇرىغا تونۇش ئابلا باينىڭ ئۆيى .

— ياق ، مەن باش شتابقا بارىمەن !

— ياق ! — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى بۇيرۇق ئاھاڭىدا سۆزلەپ ، — سىز ھازىر ئالدىنقى سەپتە ئەمەس ، ئارقا سەپتە . بۇ يەردە بۇيرۇق ئەمەس ، تەكلىپ قوللىنىلىدۇ . بۇ مېنىڭ تەكلىپىم . سىز مەشەددە چۈشۈپ قېلىڭ !

# 52

بۇ بىر يېڭىچە ھايات ئۇنىڭغا يات، ئۇ ئارزۇ قىلمىغان ھايات. ئۇ كىتابلاردىن بۇنداق ھايات تەسۋىرلەنگەن جايلارنى ئوقۇغاندا تېز - تېز ئۆتۈپ كەتكەن. ئۇ ھازىر ئۆزى ياتلىشىۋاتقان ھايات قوينىدا!

ئۇ كېلىنپلا مۇنچىغا چۈشتى. نېمە قىلارىنى بىلمەي، ھېلىدىن - ھېلىغا ئۇھ تارتىپ، كۆزىنى يىگىتتىن ئۈزمەي كېپىنەكتەك ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرۈپ يۈرگەن تۇم قارا، ئۇزۇن چاچلىرىنى ئۆرۈمەستىن تېقىمىغىچە چۈشۈرۈپ تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈۋالغان قىزنىڭ ئەكېلىپ قويغان ئۇخلاش كىيىملىرىنى كىيدى. يۇمشاق گىلەم، فرانسىيە كرېسلولىرى، تامدىكى ئاجايىپ چىرايلىق، مەنىلىك ياۋروپا رەسساملىرى سىزغان كۆرۈنۈشلەر، تەكچىلەردىكى غۇچچىدە ئېچىلغان گۈللەر ۋە كرېسلو ئالدىدىكى ئەينەك ئۈستەلگە تىزىلغان مول، خىلمۇخىل يېمەكلىك، ئىچىملىكلەر ئۇنىڭغا يات ۋە غەلىتە بىلىندى. ئۆيگە يالاڭ يېپەك كىيىملەر بىلەن زەيتۇنە كىردى، ئۇ نۇرىنىڭ يېنىدىكى كرېسلودا ئولتۇرماي، خۇددى نۇرىنىڭ تىزىغا ئولتۇرماقچى بولغاندەك يىگىتكە يېنىچە سۈركەلدى ۋە ناز - ئەركىلىك بىلەن:

— سىز ئەسكى! — دېدى.

— مەن قايىل! — ئۇ قىزنىڭ نازۇك، سىلىق - يۇمشاق قوللىرىنىڭ ئۈستىگە يوغان - يىرىك قوللىرىنى قويدى. قىز كرېسلو يۆلەنچۈكىگە يېرىم ئولتۇرۇپ يىگىتنىڭ مۈرىسىگە جەينىكى بىلەن تاياندى.

— سىز ئۇ كۈنى مەندىن قاچتىڭىز، سەۋەبىنى بىلىمەن. ئۆز ئاغزىڭىز بىلەن دەپ بېقىڭا؟

— سەۋەبى ئاددىي: سىزنى ئۆزۈمدىن سوۋۇتۇش.

— پەرىخە ئۈچۈنمۇ؟

www.uyghurkitap.com

— ياق ، سىز ئۆچۈن .

— بۇ قانداق تېپىشماق ، مېنى مەقسەتلىك قىيناپ ھېلىقى سىز دەيدىغان رىشتە — يىپنى چىگىتىش ئۆچۈنمۇ ؟ ئەسكى بىلەمسىز ، مەن قانچىلىك قىينالدىم . ئامال يوق چاندۇردۇم ، دادام ئارىغا كىردى ، ئەمدى چىگىتىماڭ ، چېكىگە يەتتى ، ئۈزۈلىدۇ شۇ !...

نۇرى ئىختىيارسىز قىزنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى . قىز ئۇنىڭ قۇچىقىغا نازۇك ، خۇشبۇي بەدىنى بىلەن قىيسايدى ۋە بېشىنى يىگىتنىڭ نېرىقى تىزىغا قويۇپ ئۇگدا ياتتى . نۇرى ئېگىشتى ، قىزنىڭ لەۋلىرى مىسلىسىز شېرىن ، تىنىقى كۆچلۈك ئىچىملىكتەك يىگىتنى مەست قىلدى . ئۇلار ئۇن - تىنسىز بىر - بىرىگە چاپلىشىپ ، ئېغىر - ئېغىر نەپەس ئېلىشىپ قۇچاقلاشتى ، سۆيۈشتى...

ئۆيدىكى قىزغۇچ ئۇستەل چىرىغى غۇۋالاشتى ، ئىككى قەلب بىر - بىرى بىلەن ئۇن - تىنسىز سىرداشتى ، ئىككى بەدەن بىر - بىرىگە مەڭگۈلۈك تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى ئۇن - تىنسىز ئېلان قىلىشتى ، بولۇپمۇ نۇرى ھايات تەقدىم قىلغان بۇ ئىنئامدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى چۈشەندى ، ئۇلار تەخمىنەن يېرىم سائەتتىن كېيىن مەۋجۇتلۇقىغا قايتتى :

— توي قىلىپ ، ئاندىن... ياق...

— ھامان بولىدىغان ئىشقۇ !... مەن چىدىيالمىدىم ، جېنىم زەينۇنە...

ئۇنىڭ تەبىئىتىدە ھېلىقى جىنسىي غالجىرلىق ئۇستۇنلۇككە چىقتى . ئۇ قىزنى يېنىك كۆتۈرۈپ سىم كارىۋاتقا ئۇگدا ياتقۇزدى . قىزنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلغان ، ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئاپئاق ، سوزۇك مەگزىگە تال - تال چېچىلىپ ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى نامايان قىلماقتا ، چىڭ قاتقان ئىككى كۆكسى قىز تەلپىدىن بەلگە ، سىلىسا ئادەمنىڭ سىلىغۇسى كېلىدىغان بەدىنى يىگىتنى ئۆزىگە چىللىماقتا ، نۇرىنىڭ نازۇك ئەزاسى قىزنىڭ ئەڭ

نومۇسچان يېرىگە تىرەلدى ، قىز بېشىنى ئىككى ياققا سىلىق تەۋرىتىپ ، تاتلىق ناز بىلەن :

— ياق ، ياق !… — دېدى . لېكىن ، بەدەنلىرىدە قارشىلىق بولمىدى . ئۇنىڭ نۇرىنىڭ بويىنىغا چىرماشقان قوللىرى تېخىمۇ چىڭىدى ، ئىككى پۇتى يىگىتنىڭ بىردە چوڭ يانپىشىدا ، بىردە ئاپئاق كىرلىك ئۈستىدە تىنىمسىز ئويناقلىدى .

— ياق ، ياق !…

نۇرى بىردىنلا نەپسى تورمۇزىنى باستى ، ئۇ قىزنىڭ يېنىغا چۈشتى ۋە قىزنى توختىماي سۆيۈپ :

— ياق ، ياق… هازىر ئەمەس !… — دېدى .

قىز هوشىغا كەلدى :

— نېمە ، نېمە هازىر ئەمەس ؟

— توي .

— نېمىشقا ئەمدى ؟

— مەن قەسەم بەرگەنمەن : خەلقىم راھەت كۆرمىگۈچە مەن راھەت كۆرمەيمەن !

— ئەخمەق . رومانتىك ئەخمەق . ياق ، بىز بىر ئايغا قالماي توي قىلىمىز !

— ياق… يەنە بىر يىلدىن كېيىن…

— ياق… بوپتۇ ، ئىككى ئايدىن كېيىن !

— ئالتە ئاي !

— تۆت ئاي !

— هازىرنىڭ گېپىنى قىلايلىلا ، زەيتۇنە !

— قانداق گەپ ؟…

— چىراغنى ئۆچۈرۈڭ ، مەن كېچىچە ئىپار پۇراپ ياتاي !

— بولمايدۇ… ئاپام خاپا بولىدۇ !

— ئۇيغۇر ئاياللىرى قىزىنى چۈشىنىدۇ ـ دە .

— ئاپام ياۋروپاچە قارايدۇ هەممىگە هى ـ هى ـ هى…

— سىز ئەسكى !

ئۇ ئەتىگەنلىكى ئەنگلىيە باستونىدىن تىكىلگەن كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ ، گالستۇك تاقاپ ، ئۇيناقلاپ تۇرىدىغان ئىككى ئات قوشۇلغان كالاسكىدا شەھەرنىڭ غەربىدىكى ئەڭ ياسداق ، كاتتا قورۇدىن كوچىغا چىقتى . ئۇ ئۇچدەرۋازا كوچىسىدىن قورۇنۇپ ئۆتتى . ئاخىر سايكۆۋرۆكىدىن ئۆتۈپ ھۆكۈمەت بىناسى ھويلىسىغا كىردى . ئۇ جۇمھۇرىيەت رەئىسىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغاچقا ، تۆرەم خۇشال بولۇپ :

— مۇبارەك ، بالام ، مۇبارەك بولسۇن ! رەخمجان ، ئوبۇلخەيرى تۆرە ، ئەخمەتجانلار بۇگۈن ئۈرۈمچىگە ماڭدى . قىنى ئاڭلاپ باقايلى ، گومىنداڭ نېمىلەرنى دەركىن . سەن بالام ، ئەمدى ئەخمەتجاننىڭ ئىشىنى قىلىسەن . ئاۋۇ ئۆي سىنىڭ ئىشخاناڭ ، رەئىس جۇمھۇر ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇل كاتىپىسەن ، بالام ، بۇ يىڭى ئىشىڭغا ھەم مۇبارەك بولسۇن ؟

— مەن مۇشۇ يەردىن ياتاق سورايمەن ، ھۆرمەتلىك رەئىس جۇمھۇر ، تۆرەم ئاتا !

— نىمە ئۈچۈن ، ھە چۈشەندىم . بولىدۇ ـ ماقۇل ، شۇنداق بولسۇن . لېكىن ، بالام ، ھەممىلا ئىشقا ئۆزۈڭنىڭ ئۆلچىمىنى قويۇۋەرمە . ئاڭلىسام ، سىنىڭ نۇرغۇن ئۆلچەملىرىڭ باردەك : ئادەم ، ئىش ، ۋەزىيەت ، ھەتتا جەمئىيەتنى ئۆلچەيدىغان ، شۇنداقمۇ ، نۇرمۇھەممەت ؟

— ئادەم دىگەننىڭ ئۆز كۆزقارىشى بولۇشى كېرەك ، تۆرەم ئاتا ، مۇستەقىل قارىشى بولمىغان ئادەمنىڭ مۇستەھكەم مەيدانىمۇ بولمايدۇ . ۋەزىيەتكە قاراپ شامالنىڭ يۆنىلىشىگە يۈگۈرىدىغان ، ھەممىلا ئىشتا ئۆزىنىڭ پايدىسىنى ئۆلچەم قىلىدىغان ئادەملەرگە ئۆچ مەن ، تۆرەم ئاتا . ئاشۇنداق ئادەملەر ھازىر مۇھىم ئورۇنلارغا قويۇلدى . مىنىڭ بۇنداق ئىشلارغا نارازىلىقىم بار . بۇ نارازىلىقىمنى سىزگىلا ئېيتالايمەن !

— چۈشەندىم ، سۇلايمانوفتەكلەرنى دەمسەن ، بالام ؟ ھېكىمبەگ غوجام بۇ ئىشقا ئارىلاشتى . غوجام بىلەن ئىككىمىزنىڭ

پۈرچتقى پىشمايۋاتىدۇ . غوجام ئۆزىنى غۇلجا تارانچىلىرىنىڭ ۋەكىلى ھېسابلاپ مېنى يات كۆرىدۇ . مەن ئۆزبېك ، ئەمما بۇ يەردە ياقۇپبەگدەك ئۆزبېكچىلىك قىلمىدىم . سوۋېت ئىتتىپاقى يېڭى قۇرۇلغان چاغلاردا ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ھوقۇق تۇتقانلارنىڭ تولىسى ئۇيغۇرلار ئىدى . روزى باقىيوفلاردەك ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئۆزبېك ، قازاق ، قىرغىزلارغا باشلىق بولغان . تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە ئۆزبېك ، قازاق ، قىرغىزلار قارايتتى . بۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ باشلىقلىرى «كالتە چاپانلىقلار»دىن ئۆسۈپ چىققان ئۇيغۇرلار ئىدى . كېيىن ئۆزبېكىستان ، قازاقىستان ، قىرغىزىستان رېسپۇبلىكىلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئۆز رېسپۇبلىكىلىرىغا ئۆز مىللىتىدىكىلەردىن باشلىق قويۇلدى . ئۇيغۇرلار ئەل سورىغاندا باشقا مىللەتلەر غىڭ قىلمىغانىدى . مەن بە دۆلەت ياكى ماھمۇت پوچى ئەمەسمەن . مەن ئىلىدا خۇدايارخان بولاي دېمىدىم . بىلمىدىم ، قايسى ئىشىم غوجامغا ياقمىدىكىن ؟ دورۇس ، مېنى ماركسىزمچىلار ياقلىمايدۇ . ئۇلار يەھۇدىي ماركسقا ، ئورۇس لېنىنغا ئېتىقاد قىلىدۇ . مەن ئاللاتائالانىڭ ئۆزىگە ئېتىقاد قىلىمەن . شۇڭا ، ماركسىزم ـ لېنىنىزمچىلارغا خاپىلىقىم يوق . ئۇلار بىلەن چىقىشقىلى بولىدۇ . غوجام ، مۇتائالى خەلىپىتىمگە ئوخشاش مۇئاۋىن رەئىس جۇمھۇر ، دىن نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان ئادەملەر نېمىشقا مەندىن يامانلايدىكىنتاڭ . بالام ، سەنمۇ تارانچى بالىسى ، سەزدىڭمۇ ، يا مېنىڭ ئۆگەيلىك قىلغىنىمنى ؟

— ياق . مەن بىر ئاددىي ئەسكەر ، مېنىڭ پەقەت بىرلا ئارزۇيۇم بار ئىدى . بۇ ئارزۇيۇم ھازىر سۇغا چىلاشتى .

— بەللى ، بەللى . شۇنى بىلگىنىڭ ئۈچۈن مەن سەن بىلەن سىردىشىۋاتىمەن . يادىڭدا تۇت بالام ، بىز مۇسۇلمانلار قايسى مىللەت بولايلى ، ھامان تەقدىرداش . ئورۇس بولسۇن ، خىتاي بولسۇن ، مەيلى باشقا چوڭ مىللەت بولسۇن ، ھېچقاچان بىزنىڭ پايدىمىزنى كۆزلىمەيدۇ . ئۇلارنىڭ كۆزى يېرىمىزدە ، بىز ئالتۇننى

دەسسەپ تۇرغان بىر گۆدەك. خالىسا ئالدايدۇ، خالىسا شاپىلاقلايدۇ، خالىسا بوغۇپمۇ قويىدۇ. مانا بۇ ھەقىقەتنى غوجاملار، ھەزرەتلەر چۈشەنمەيدۇ. سەن چۈشىنىسەن بالام، سەن گومىنداڭنى تۈگەل يوقاتماي، راھەتنىڭ خېرىدارى بولالمايمەن دەپسەن. بۇ سۆزۈڭ ماڭا بەك ياقتى. ساڭا ئوخشاش، ئەخمەتجانغا ئوخشاش ئۆزىنى ئەل بەختىگە ئاتىغان ئەزىمەتلەر يۈزگە، مىڭغا يەتسىدى، بىزلەر ئېتىكاپتىن قويمىغان بولارىدۇق. غېنى باتۇر راھەت - پاراغەتكە مىلەندى، پاتىخ بىر ناھىيىگە ھاكىم بولۇپ چەتكە چىقتى، ئوسمان باتۇر كۆكتوقاي بىلەن سارسۈمبىنى دۇنيانىڭ ھەممىسى دەپ چۈشىنىدۇ. ئەل بەختى، ئەل غۇرۇرى، ئەل ئارزۇسى دېگەنلەرنى چۈشەنمەيدۇ. دەللىقانىنىڭ دېيىشىچە، ۋەتەن دېسە ئوسمان ئالتاينى، خەلق دېسە قازاقنىلا چۈشىنىدىكەن. شۇڭا بىز بارساق ئۇ مېنىڭ تاۋۇقىمغا يېقىن كەلدىڭ دەپ بىزگە خىرىس قىلدى. بىزگە ساڭا ئوخشاش، ئەخمەتجانغا ئوخشاش ھەممىنى چۈشىنىدىغان، ئىرادىلىك، يىراقنى كۆرەلەيدىغان يىگىتلەر كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، بالام، مەن سېنى تاللىدىم. سەن ئالدىنقى سەپتىن چېكىنگىنىڭگە نارازى. ساڭا پودپولكوۋنىك ئۇنۋانى بېرىلمىگىنىگە نارازى. مەن بۇنى چۈشىنىمەن، ھەممىنى ماڭا ئەخمەتجان چۈشەندۈردى، سېنى ماڭا ئەخمەتجان بىلەن رەخىمجان تونۇشتۇردى. غوجام، مۇتائىلى خەلپىتىم ھەم ياخشى گېپىڭنى قىلدى. مېنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىم ئۆزبېكلەر. لېكىن، سىردىشىدىغان ئادىمىم، كاتىپىم ئۇيغۇر، تارانچى يىگىتى!

ئېلىخان تۆرەم ئۆي ئىچىدە مېڭىپ يۈرۈپ ئۇزاق سۆزلىدى. بوۋاي چارچىدى: كرېسلودا ئولتۇرۇپ كۆزىنى يۇمۇپ، ئوڭ قولى بىلەن پېشانىسىنى تۇتۇپ خىيال بىلەن جىمىپ قالدى.

نۇرى بۇ ئادەم توغرىسىدا نۇرغۇن تەرىپ ئاڭلىغان. ئۇنىڭ تارىخ، دىن ۋە ئىسلام پەلسەپىسىدىن ئەتراپلىق، چوڭقۇر ساۋاتقا ئىگە، ناتىق، ئىشچان ۋە پىداكار ئادەملىكىنى بىلەتتى. لېكىن،

يۈرەك سىرلىرىنى بىلمەيتتى . ئادەم دېگەن بىر سىرلىق خەزىنە ساندۇقىغا ئوخشايدۇ . ئۇنىڭغا نېمىلەر يوشۇرۇنغىنىنى بىلمەك قىيىن . ئادەمنىڭ سۆز ۋە ھەرىكىتى بۇ ساندۇقنىڭ ئاچقۇچلىرى ئەمەس . سۆزىگە ئىشىنىپمۇ ، ھەرىكىتىگە ئىشىنىپمۇ ئالدىنىسەن ، ھەتتا يىگىرمە ـ ئوتتۇز يىللىق دوستۇڭمۇ سەندىن سىر يوشۇرىدۇ . شۇڭا ، ئەڭ يېقىن دوستۇڭ ئەشەددىي دۈشمىنىڭگە ، ئەشەددىي دۈشمىنىڭ جانجان دوستۇڭغا ئايلىنالايدۇ . بەزىدە يېقىن ھېسابلانغان ئادىمىڭ دوستلۇق بەلگىسى قىلىپ يۈرىكىنى كۆرسىتىدۇ ، ئەمما بەزىدە بۇ يۈرەك بىر پارچە گۆش بولۇپ چىقىدۇ . سېنى ئۆمۈر بويى تىللىغان ئادىمىڭ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۇ سېنىڭ ئەڭ كۆيۈمچان دوستۇڭ بولۇپ قالىدۇ...

ئىنسان سىرلىق ، ئىنسان بىر ھېكمەت — تېپىشماق !

شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى نۇرىنى مەسئۇل كاتىپ قىلىشقا نېمىنى كۆزدە تۇتتىكىن؟ ئۇنىڭغا — يىگىرمە نەچچە ياشلىق كەم سۆز يىگىتكە بۇنچە جىق ۋە چوڭ ئىشلارنى ئېيتىپ ئۇنىڭدىن نېمىنى تەلەپ قىلىدىكىن؟ نۇرى بۇ ئادەمنىڭ مەقسىتىنى بىلمەيدۇ ، خۇددى ئۇنىڭ قەلبىنى ، تارىخىنى بىلمىگەندەك...

— مېنىڭ كىچىككىنە بىر تەلىپىم بار ئىدى ، تۆرەم ئاتا !

— ھە ، قۇلىقىم سەندە بالام .

— ماڭا بەش كۈنلۈك رۇخسەت بەرسىلىكەن . يېزىغا چىقىپ قۇربان بولغان مۇختەر چوڭ دادام بىلەن ئوغلى ئۈچۈن نەزىر قىلىپ كىرەي دېۋىدىم . كۈز كەلدى ، دادام يالغۇز . ئاڭلىسام ، دېھقانچىلىقى يىلدىكىدىن تۆت ـ بەش ھەسسە چوڭ ئوخشايدۇ . دادامنى كۆرمىگىلى ئۇزۇن بولدى .

— ماقۇل ، ئۈچ كۈنلۈك رۇخسەت بېرەي . سېنى بىر ئەسكەر ئاچىقىپ ـ ئەكىرسۇن !

— يالغۇز چىقىۋېرىمەن .

— ياق ، سەن دېگەن ھازىر سەھرا يىگىتى ئەمەسسەن بالام !

نۇرى بىر دېھقان يىگىتنى مۇھاپىزەتچى قىلىپ يېزىغا ئاتلاندى . ئۇلار خىتاي بازىرىدىن ئۆتتى . قوغۇن - تاۋۇز ئاشلىق ، سامان - بېدە باسقان هارۋىلار قارا چىلان توپىلىق يوللارغا تولۇپ كەتكەن . تاختاي بىلەن يېپىلغان قاراسۇ گۈركىرەيتتى ، دۇكانلاردىن خېرىدار چاقىرغان ئاۋازلار يەنە شۇ بۇرۇنقى پەيدىدە كەلمەكتە . دۇكاندارلار ، يايمىچىلار ، ئېلىپساتارلار ، قول ھۈنەرۋەنلەر ، ساپايى سوققان دىۋانىلەر ، مەدداھلار ، مەستلەر ، ۋاسكىچىلار ، يالىڭاچ باللار ، قوتۇر ئىتلار ۋە قول سوزۇشقان دىۋانە - مەجرۇھلار... ئادەملەرنىڭ چىرايلىرىدىن توپا ياغاتتى ، كۈلكە چىرايلار يوقنىڭ ئورنىدا ، غەملىكلەر ماڭدامدا مىڭ ئىدى . مەدىكارلار كەتمەنلىرىنى مۈرىلىرىگە سېلىشىپ ، جۇل - جۇل كىيىم ئىچىدە دۈگدىيىشىپ تۇرۇشاتتى . نۇرى ھەممىلا ئادەمنىڭ غەمسىز ، خۇشال - خۇرام ، روھلۇق ، تېتىك بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى . لېكىن ئۇنىڭ كۆرۈۋاتقىنى ئارزۇيىنىڭ تەتۈرى... ئۇ ھەممىلا ئادەمنىڭ چىرايلىرىدىن تەبەسسۇم ئىزدەيتتى ، لېكىن ئادەملەر ئۇنىڭغا ئالىيىپ ، ھومىيىپ قارىماقتا . گويا ئادەملەرنىڭ بۇ ھالىغا نۇرى سەۋەبچىدەك ياكى ئادەملەرنىڭ غەملىك چىرايلىرى نۇرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەك...

ئۇ مۇھاپىزەتچىگە پۇل بېرىپ ، باللارغا تاتلىق - تۈرۈم ئېلىۋېلىشنى تاپىلىدى - دە ، ئۆزى يەرگە چۈشۈپ تىترەپ تۇرغان دىۋانىلەرگە ئاز - تولىدىن پۇل بەردى .

ئۇ جىرغىلاڭغا كەلگۈچە خىيال بىلەن ئۈندىمەي ماڭدى : باللىق چاغلىرىدا پىيادە ماڭغان ، قىشتا چانا بىلەن سەبىخەنى ئېلىپ يۈرگەن ، دادىسىنىڭ هارۋىسىدا كاتاڭلىق يولدا ئاستا تەۋرىنىپ ماڭغان چاغلىرى بىر - بىرلەپ يادىغا كەلدى . ئۇ چوڭ دادىسى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ، دەرا ، كىچىك ئىنىسى ھەمرا ، سەبىخە ، ئاسىيە ئابىستەي ۋە قۇربان بولغان ، ۋاپات بولغان يېقىنلىرىنى بىرمۇبىر ئەسلىدى . ئۇنىڭ يۈركى ئېچىشتى ، كۆزلىرى

ئەملەشتى ، گويا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئەيىبلەۋاتقاندەك : «سەن كىچىچە قىز قوينىدا راھەت كۆردۇڭ ، خەلقىڭ نىمە ھالدا - ھە ؟ » دەۋاتقاندەك ئۆز - ئۆزىدىن ئۆكۈندى ، خورسىندى . ئۆزىگە ئۆزى «ئالدىنقى سەپتىن كەلمىسەم بوپتىكەن ، بۇيرۇقنى قوبۇل قىلمىسام بوپتىكەن» دەپ پۇشايمان يىدى .

— ھۆرمەتلىك كاپىتان ، بالا - ۋاقىڭىز بارمۇ ؟

— ئەلۋەتتە .

— نەچچە بالىڭىز بار ؟

— بىر ئوغلۇم بار .

— خانىمىڭىز سەھرادىمۇ ؟

— ياق ، بىرى قۇربان بولغان ، بىرى شەھەردە !

ئەسكەر كۇلۇپلا قويدى .

ئۇلار چۇشلۇك چايغا ئۇلگۇرۇپ مەھەللىسىگە چىقتى . كوچىلارنى غازاڭ ، سامان باسقان ، ئىرىقلارمۇ غازاڭ بىلەن تىنغان ، كۇز پەسلى بۇ يەرلەردە سۇپسۇزۇك سۇلار ئىگىسىز يايلاق ئاتلىرىدەك ھەممە يەردە قىيغىتىپ ئوينايدۇ . چۇجە خورازلار مىكىيان قوغلاپ ، چىللىشىپ ، ھەممىگە قانات سۆرەپ ، قىسقا ھاياتىنىڭ بەڭۋاش چىغىنى باشلىۋالغان ، ئۆگزە - ئۆگزىلەرگە بىدە بىسىلغان ، كاۋا - قاپاقلار ئاپتاپقا سىلىنغان ، تېرەكلەردە قاغىلار قاقىلداشماقتا ••• يىزىنىڭ بۇ مەنزىرىسى ھەر يىلقىدەك جىمجىت ، كوچىلاردا توخۇلار بىلەن موزايلاردىن باشقا ئادەم جىسمى يوق ، كۇز پەسلى ئۆز گۇزەللىكىنى مانا مۇشۇ جىمجىتلىق ، چۇشۇۋاتقان سىرىق يايپراقلار ۋە سۇزۇك سۇلار ، قوشلارنىڭ شاۋقۇنلىرى بىلەن كۆرسەتمەكتە .

نۇرى ئاتتىن چۇشۇپ كەڭ ھويلىسىدا ئۇياق - بۇياققا ماڭدى . تالادىن چىۋىقنى ئات قىلىپ مىنىۋالغان تولىمۇ ئوماق ئوغۇل بالا تايتاڭلاپ توخۇ قوغلاپ كىردى .

— خەمىت ، ئوغلۇم !

نۇرى بالىنى ئىككى قولى بىلەن يەردىن ئىگىز كۆتۇردى .

بالىنىڭ ئوماق چوچولىرىنى پېشانىگە تەگكوزدى ۋە كولوپ تۇرغان ئوغلىنىڭ يۈزىنى يۈزىگە ياقتى.

— ئاپاڭغىمۇ، داداڭغىمۇ ئوخشاپسەن ساقام، سەن ئاچايىپ كۆنلەرنى كۆرەلەيسەن!

ئوغلى ئۇنىڭ چېچىنى سىقىملاپ تۇتتى.

زىياۋۇدۇننىڭ ئۆيىدە، پۈتۈن مەھەللىدە ئاۋۋال يىغا - زار ئاندىن كېيىن تەنتەنە باشلاندى. مەھەللە خەلقى كەچتە زىياۋۇدۇننىڭ ئۆيىگە توپلاندى. ئۆي ئىچى، ھويلىدىكى سۇپىلار ئادەم بىلەن تولدى. زىياۋۇدۇن خەۋەر بەرگەنىكەن، قىشلاقتامدىكى باي تۇغقانلارمۇ يېتىپ چىقىشتى، زىياۋۇدۇننىڭ ئۆيىدە باش توخۇغىچە چىراغ ئۆچمىدى. خەلق شۇنچىلىك جىق سوئال سورىدىكى، نۇرى ئۆمرىدە ھېچنەدە بۇنچىلىك جىق سۆزلىمىگەنىدى:

— ستالىن دېگەننىمۇ كۆرۈپتۇ دەيدۇ، راستمۇ نۇرى؟

— ئۆزۈڭ يالغۇز قىرىق چېرىك ئۆلتۈردۈڭما راست؟

— غېنى باتۇر ئاتمىش خوتۇن ئاپتۇ - ھە؟

— ئېلىخان تۆرەم ئوتتۇز پارە قۇرئاننى يادقا بىلگۈدەك، بىرچىگە ئۆرۈپ دەپ بېرەلىگۈدەك دەيدۇ، راستمۇ؟

بەزى سوئاللارغا نۇرى ئىختىيارسىز قاقاقلاپ كولوپ كەتتى، يەنە بەزىلىرىگە دىپلوماتلاردەك جاۋاب بەردى، بەزىلىرىنى تۈزىتىپ چۈشەندۈردى، يەنە بەزىلىرىگە گېزىت تىلى بىلەن ئىزاھات بەردى.

ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن ئۇ مۇھاپىزەتچى بىلەن چالغا - ئورغاق ئېلىپ زىغىر چېپىشقا ئېتىزغا چىقتى. زىغىر ئوخشىغان، ئۈستىگە مالخاي تاشلىسا يەرگە چۈشمەيتتى. ساپسېرىق مونچاقلىرى كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى. ئۇ قىبقىلىپ كەتمىسۇن دەپ چالغا سالمىدى. ئورغاق بىلەن دادىسى، مۇھاپىزەتچى ئۈچى زىغىرچىلاپ، چۆپلۈك يەرلىرىنى بىدىچىلاپ چاپتى. ئالتە خو يەردىكى زىغىرنىڭ يېرىمىنى ئورىدىكەن، ئۇلار كەلگۈچە دادىسى يالغۇز ئون مو يەردىكى بوغداي، تۆت خو سۇلۇنى ئورۇپ - تېپىپ،

سورۇپ - چەشلەپ توشۇپ بوپتۇ ، زىغىرنى يىغىۋالسا قولى بوشىغۇدەك . ئۇ قىشنى شەھەردە ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىنىۋېتىپتۇ . نۇرنىڭ ئۆگەي ئاپىسى شەھەردە قىشلاشقا زوقمەن خوتۇن ئىكەن . زىياۋۇدۇن شەھەرنىڭ گېپىنى قىلغاندا ، ئاغزىدىن «پەرىدەمنىڭ قورۇ - جايى» دېگەن سۆزنى چۈشۈرمىدى . ھەرقېتىم پەرىخەنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغاندا نۇرنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالاتتى . ئۇدۇل سۆزلۈك دېھقان دادىسى قېرىشقاندەك ، ھەدېسىلا پەرىخەنىڭ ئىسمىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى . ئۆز ۋاقتىدا مۇنۇ ئۆگەي سىڭلىلىرىدەك ئۆزىگە ئېچىل بىر قىزنىڭ كېيىن ھەدىسى پاجىئەگە يولۇققاندىن كېيىن ، بىردىنلا ھەدىسىنىڭ رەقىبى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىشى ، ھەدىسى ، ئاپىسى ۋاپات بولۇپ تىكەندەك يالغۇز قالغاندا ھەممە خۇشاللىقىنى نۇرىدىن ئىزدەيدىغان ، ھەممە نېمىسىنى بۇ يىگىتكە بېغىشلىغان پىدائىيغا ئايلىنىشى ... بۇلارنىڭ ھەممىسى نۇرى ئۈچۈن چۈشىنىكسىز ۋە گويا چۈشتەك سىرلىق بىلىنمەكتە . ئۇنىڭ قەلبىدە قىزغا ھېسداشلىق ۋە ئىچ ئاغرىتىش ھېسسىدىن باشقىچە ھېسسىياتنىڭ پەيدا بولۇشى ، راۋاجلىنىشىنى نۇرى قانچە ئارزۇ قىلدى . لېكىن ئۇ نەرسە نۇرىدىن بارغانسېرى يىراقلاشتى . مانا ھازىر ئۇ پەرىخەنىڭ ئىسمى چىقسىلا ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەيدىغان ، خىجىللىق ۋە ئازاب ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ قەلبىدە ھېسداشلىق ، ئىچ ئاغرىتىش ئوتى بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە ئۇلغايدى . لېكىن بۇ ئوت ياندىغان ، كۆيدۇرمەيدىغان ئوت ، زىياۋۇدۇن بۇنى چۈشەنمەيتتى . ئۇ پەرىخە توغرىسىدا ھەر قېتىم گەپ باشلىغاندا ، نۇرى گەپ ئېلىپ قاچاتتى . زېرەك دادا ئاخىر بىر نېمىنى چۈشەنگەندەك بولدى .

ئوغلى ئۇنىڭ بىلەن چۆپ ئارىلاش ئۆسكەن زىغىرنى چالغا بىلەن چاپماقتا . ئوغلىنىڭ چالغىنى غۇلاچىپ ، پۇتلىرىنى كېرىپ تولغىنىپ چېپىشلىرى ، ئالغان سولىنىڭ كەڭلىكى ، ئۇنچىسىنىڭ قېلىن ۋە تەكشىلىكى زىياۋۇدۇنى زوقلاندۇردى . لېكىن ، پەرىخە توغرىسىدىكى پەرۋاسىزلىقى ئۇنى گۇمانغا سېلىپ قويدى .

— پەرىدە بىلەن سەن ـ پەن دېيىشمىگەنىدىن ـ ھە ! — دېدى ئۇ چالغىسىنى قايرىپ بولۇپ ، قايراقنى ئىشتان قىرغىقىغا قىستۇرۇپ ، ئۇنىڭ بىر خەمتتىن باشقا قېرىندىشى يوق ، بىزدىن باشقا يۆلەنچۈكى يوق !

— ئۇ ئاقسۇدا ، مەن جىلىڭ ، ماناسلاردا يۈرسەم ، نەدە يۈرۈپ ئارازلىشاي دادا !

— ھە ، نېمىشقا ئۇنىڭ گېپىنى قىلمايسەن ئەمىسە ، خەتلىرىنى بەرسەممۇ ئىچىڭدە ئوقۇپ لام ـ جىم دېمىدىڭغا !

— قىزىق گەپ قىلىسەن ـ دە ، دادا !

نۇرى مۇجمەل جاۋاب بېرىپ قويۇپ چالغىسىنى چېپىشۋەردى . شۇنداق قىلىپ ، دادا ـ بالا ئوتتۇرىسىدا بىر يوشۇرۇن نېرى ـ بېرى دېيىشىش باشلىنىپ قالدى .

— پەرىدەنى ئالماي ، ھېلىقى بايىنىڭ قىزىنى ئالىدىغان ئوخشىمامدۇ بۇ نۇرى ! — دېدى زىياۋۇدۇن خوتۇنىغا خاپا بولغاندەك قىلىپ ، — بۇ بالامۇ غېنى باتۇردەكزە··· ھەي ، ئەرگە ئاتاق ياراشماس دېگەن گەپ توغرىكەن ـ دە !

— ئۆزلىرى پۇتۇشىدۇ ، بىز ئارىغا كىرىپ نېمە قىلاتتۇق . نۇرى سىز بىلەن بىزدىن ئەقىللىق ، ۋاييەي ، ئۆزىڭىزچە دېگىنىمنى قىلىدۇ دەمسىزا ! ؟ ئۇ بالىنىڭمۇ ئويلىغىنى باردۇر . ئۇ دېگەن ئەسكەر باشلىقى . نەچچە يۈز ئەسكەرگە باش بولالىغان ئادەم خوتۇن تاللاشتا خاتا قىلارمىدى ؟

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن··· ئابلا باي دېگەن قاشقالىق ئوخشايدۇ ، ھەي خوتۇن ، سېنىمۇ بىر ئوبدان تارانچى دەپ ئالسام ، بوۋاڭ قاشقالىق چىقىپ قالدىغۇ !

— قاشقالىق ئادەم ئەمەسمىكەن ، ۋىيەي ، دەپ كەتكەنلىرىنى تېخى ، ئەجەب ئوغلىڭىز نوغايدىن بالا تاپسا غىڭ ـ پىڭ قىلمايدىكەنسىز ، ئۆزغۆيلىرىڭىزنى قاشقالىق ، تارانچى ، چىلەكلىك دەپ مىللەت ئايرىيدىكەنسىزا ؟

بۇ گەپلەر دالاندا — نەزىرگە سەۋزە قەلەم قىلىۋاتقان ئەر ـ

خوتۇن ئوتتۇرىسىدا بولدى، ئاشخانىدا يېنىچە يېتىپ كىتاب ئوقۇۋاتقان نۇرى تولۇق ئاڭلىدى. ئۇنىڭ يۈزى ھۆپپىدە قىزاردى.

مانا ئۇنىڭ تىزىغا يامىشىپ خەمىت ئۇخلىماقتا. بۇ بالىنىڭ يېڭىدىن تىلى چىققان. ئۇ نۇرىنى «دادا» دەيدۇ. ئۇ دادىنىڭ نېمىلىكىنى، ئانىسىنىڭ كىملىكىنى بىلگەندە ئۇ چاغدا جاھان نېمە بولاركىن؟

بۇ رېئاللىق نۇرىنىڭ جىنايەت ـ ئەيىبىمۇ ياكى تۆھپىسىمۇ؟ ئۇ ھېچكىمگە ۋىجدانسىزلىق قىلمىدى، ھېچكىمنى ئالدىمىدى. رېئاللىقنى قوبۇل قىلدى، شۇ چاغدا ۋۇجۇدىدا پەيدا بولغان جۇشقۇن مۇھەببەت ھېسسىغا تىزگىن سالمىدى. ئۇ نەدىن ئۆگەندىكىن، رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرماسلىق، ھاياتقا سۇنئىي مۇئامىلە قىلماسلىق، ئۆزىنى ئالدىماسلىق، يالغان تەسەللى بەرمەسلىك دەيدىغان بىر قاتار ھايات پەلسەپىسى نەزەرىيىلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈۋالغان. بۇ پەلسەپىلىرىنى تۇرمۇشتا سىناق قىلماقچىمۇ ياكى دۇچ كەلگەن ئىشلارنى شۇ فورمۇلا بىلەن ھەل قىلماقچىمۇ، ئىشقىلىپ ئۇ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ئۇسۇل بىلەن ياشاشقا تىرىشاتتى. ئۇ دادىسى بىلەن ئۆگەي ئاپىسىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ نومۇس قىلدى، لېكىن پۇشايمان قىلمىدى، خورسىندى، لېكىن ئازابلانمىدى. ئۇلارنىڭ ساددا پىكىرلىرى ۋە تار قاراشلىرىنى بولسا مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ يەڭگىل مازاق قىلدى.

ھايات نېمانچە زىددىيەتلىك. يۇقىرى قاتلامدا، ھەربىي ئىچىدە، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدا، ھەتتا مۇنۇ دادىسىنىڭ جىمجىت تۇرمۇشىدىمۇ زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلار كۆپ ئىكەن. ئۆگەي ئانا شەھەردە قىزلىرىنى ئوقۇتۇپ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن گۈڭگۈر ـ مۇڭگۈر ئۆتۈشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. دادىسى بولسا مۇشۇ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن مەھەللىسىدە ئوغلاق ئويناپ، پىرلەردە داپ چېلىپ ئاۋۇپ، مەشرەپلەردە ناخشا ئېيتىپ ـ ئۇسسۇل ئويناپ، كۆڭۈللۈك قىش ئۆتكۈزسەم دەيدىكەن. ھەر ئىككىسىنىڭ ئورۇنلۇق.

www.uyghurkitap.com

— قويۇۋېتەي دېسەم يامان ئاتلىق بولۇپ قالىمەن ! — دەيدۇ دادىسى چېچىلىپ ، — شەھەرلىكتىنمۇ خوتۇن ئالامدىغان پەندىيات !

— چىقىپ كېتەي دېسەم ، ئالتە شەھەرلىك خوتۇن ئەمەسكەنمەن ، — دەيدۇ ئۆگەي ئاپىسىمۇ يالغان دوق قىلىپ ، — بۇ سەھرالىق داڭگالغا ئاشىقكەن . بۇنىڭغا ئوغلاق بىلەن دان بولسىلا بولىدىكەن . ئۈچ قىز ئوقۇمدۇ ، ئوينامدۇ كارى يوقكەن . قىز دېگەن چوڭ بولسا خوتۇن بولىدۇ شۇ دەيدۇ ، تېخى . مۇتائالى خەلپىتىمنىڭ خوتۇنى ئابىستەي ئاپپاي ئاڭلىسا خوي دەككىسىنى بېرەتتى بۇنىڭ . خوتۇن - قىزلاردىنمۇ كاتتىلار چىقىدۇ ، ئوقۇتسىلا دەيدۇ ئۇ ئابىستەي . ئەرلەردىن غېنى باتۇر چىققان بولسا قىزلاردىن رىزۋانگۈل چىقتىغۇ ! چىقىدۇ ئوقۇتسا ! ئوقۇتۇش ئۈچۈن شەھەرلىك بولۇش كېرەك . سەھرادا ئاشلىق بىلەن چارۋىدىن باشقا نېمىمۇ بار دەيسىز ، كۆندۈرسىڭىزا دادىڭىزنى ، شەھەرگە كىرىپ كېتەيلى !

دادىسى بىلەن ئاپىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت نەگە بارار كىن؟ نۇرى دادىسىنىڭ شىكايىتىنىمۇ قىزىقىپ ئاڭلىدى : يېزىدا هازىر تارانچى ، قاشقالىق ، چىلەكلىك دېگەن ئۈچ گۇرۇھ يۈزبېگىلىك تالىشىپ قاتتىق تىركىشىۋاتقۇدەك . مىڭبېگىلىك تارانچىلارغا تېگىپتۇ . يۈزبېگىلىك تالاشتا ئىكەن . تېخى زىياۋۇدۇننى يۈزبېگى قىلىمىز دەيدىغانلارمۇ باردەك . ئۇلار غېنى باتۇرنى ئىزدەپ شەھەرگە ، قاشقا بېرىپتەك ، غېنى باتۇر بولىدۇ دېسىلا بولغۇدەك ، هېچكىم ئۇنىڭ گېپىنى يىرالمىغۇدەك . ئۇ يۈقىرىقى مەھەللىگە چىققانىكەن ، تۇرغان شاڭيو كاتتا مەشرەپ قىلىپ كۈتۈۋاپتۇ . كېچىسى ئۆزىنىڭ ئون بەشتىن ئون ئالتىگە ماڭغان چىرايلىق قىزى مېهرىبانۇنى باتۇرغا نىكاهلىتىپ ئۇنى كۈيئوغۇل قىلىۋاپتەك ، غېنى باتۇر قىزنى بىر كېچە خوتۇن قىلىپ ، ئەتىگەنلىكى سۆسەر تۇمىقى بىلەن قامچىسىنى قوزۇققا ئېسىپ قويۇپ :

— مانا سېنىڭ ئېرىڭ مۇشۇ تۇماق ، خوجايىنىڭ قامچا ! —

دەپ قويۇپ ، چاپارمەن ، سازەندىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ كېتىپتەك ! نەچچە بايلار ، قورۇ - قورۇ قوي ، نى - نى بەيگە ئاتلىرىنى باتۇرغا تارتۇق قىلىمىز دېيىشىپ داۋراڭ سېلىپ يۈرگۈدەك . غېنى باتۇرنىڭ قويى ئون قوروۋغا ، يىلقىسى بەش ئۈيۈرگە ، كالىسى ئەللىك - ئاتمىش تۇياققا يېتىپتەك ، پۈتۈن قاش خەلقى باتۇرىمىز بار دەپ يەر بېجى تۆلىمەپتەك . بۇ مەھەللىنىڭ مۆتىۋەللىسىمۇ ئەمدى تارانچىدىن بوپتەك ، بۇ يېڭى مۆتىۋەللى ساناقنى يۈزگىچە سانىيالمىغۇدەك ، لېكىن ئۇ دۆت بولغىنى بىلەن غېنى باتۇرنىڭ يىراق بولسىمۇ تۇغقىنى ئىكەن . مەھەللىدە بۇ يىل (1945 - يىلى ) ئون ئالتە ئوغۇل تۇغۇلۇپتۇ . ئون ئىككىسىنىڭ ئېتىنى غېنى قويۇپتەك . زىياۋۇدۇن غېنى باتۇرنىڭ ئاغىنىسى ئىكەن . ئۇ باتۇرغا ناخشا ئېيتىپ بېرىپ شەھەرنى تاڭ قالدۇرۇپتۇ . باتۇر ئۇنىڭغا توقال خوتۇن ئېلىپ بېرىپتەك ، لېكىن زىيەك مەست بولۇپ قېلىپ ئۇ خوتۇننى كۆرمەپتەك . زىيەك باخشى باتۇرنىڭ ئاغىنىسى بولغاچقا يۈزبېگى بولۇشى كېرەك دېيىشىدىكەن . ھازىر بۇ يەردىكى زىددىيەتنىڭ چوڭى شۇ زىددىيەت ئىكەن . ئۈچ گۇرۇھ ، بىر - بىرىگە دۈشمەن ئۈچ توپ ئۇيغۇر يۈزبېگىلىك تالىشىپ تەرەپ - تەرەپكە قاترىشىپ ، كېچىلىرى مەخپىي يىغىلىشىپ ، بىر - بىرىنىڭ كەينىگە ئايغاقچى قويۇشۇپ ، ھەتتا يىغىش قىلىپ يۇقىرىغا پارا بېرىشىپ قاتتىق ئېلىشىۋاتقۇدەك . ئۇلارنىڭ كاساپىتىدىن مۇشۇ كىچىككىنە يىگىرمە توققۇز ئۆيلۈك دېھقانمۇ ئۈچكە بۆلۈنۈپ بىر - بىرى بىلەن يوشۇرۇن ئېتىشىۋاتقۇدەك . تارانچىلار مۇختەرباينىڭ يوقلۇقىدىن بويىنىنى قىسىپ قاپتەك . مىرا قازىمۇ ھازىر «قاشقالىق»قا يان بېسىۋاتقۇدەك ، ئىمامئاخۇنۇم مەھەللىنىڭ ھەم بېيى ، ھەم سۆزى ئۆتىدىغان خوجايىنى بولۇپ قاپتەك . مۇختەرباي بولغان بولسا ئىمام مۇشۇككە يولۇققان چاشقاننىڭ ھالىدا بولاتتى ، مىرا قازىمۇ بۇنداق يۈزسىزلىك قىلىپ : «مېنىڭ تېگىم ئۇستۇن ئاتۇشتىن» دەۋالمايتتى . كەنت ، يېزا ، شەھەر ، پۈتۈن شىنجاڭ مىللەت ،

www.uyghurkitap.com

يۇرت ، قەبىلە ، گۇرۇھ زىددىيەتلىرى بىلەن تولغان . بۇ زىددىيەت ئادەملەرنىڭ ئائىلە تۇرمۇشلىرىغىچە سىڭگەن . نۇرى ئائىلىدا قازاق ، ئۇيغۇر دەيدىغان زىددىيەتنى ، غۇلجىدا ئۆزبېك ـ ئۇيغۇر دەيدىغان زىددىيەتنى ، يېزىلاردا بولسا تارانچى ، قاشقالىق (جەنۇبىي شىنجاڭلىق دېمەكچى ) ، چېلەكلىك (سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قېچىپ كەلگەن دېمەكچى ) دەيدىغان زىددىيەتنى كۆردى . بۇ زىددىيەتلەر ھەل بولىدىغاندەك ئەمەس ، مۇرەسسە ، سۆھبەت بۇلارغا ئاقمايدۇ . بۇ ئادەملەر ئەڭ چوڭ زىددىيەت نېمە ئىكەنلىكىنى ئويلىمىسا كېرەك ، خۇددى ئوسمان باتۇر ۋەتەن دېگەننى ئويلىمىغاندەك . راستىنلا ئۇرۇش ئەخلاق يارىتامدىكىنە؟ — دەپ ئويلىدى نۇرى يۇقىرىقى زىددىيەتلىك ھايات ھادىسىلىرىنى ئويلاپ بىر يەرگە كېلىپ ، — ئۇرۇش مەيدانىدا بىزگە ئۆزىمىزنى قوغداش ، ئوق ئېتىۋاتقان دۇشمەننى يوقىتىشتىن باشقا خىيال كەلمەيدۇ ، ئۇ يەردە نە پايدا ، نە مۇھەببەت ، نە راھەت ـ پاراغەت ھېسسى پەيدا بولمايدۇ . قىلىدىغان ئىشمۇ ، پىكىر قىلىشمۇ ئاددىي : قوغدىنىش ، ئۆلتۈرۈش ، ئىككىلا ئىش . قاتتىق جەڭ توختىغاندىن كېيىن ئەسكەرلەر بىر ـ بىرىگە قىلىدىغان مېھرىبانلىق ، غەمخورلۇقلىرىنى ياغدۇرىدۇ . ئاخىرقى بىر يۇتۇم سۇنى ، بىر كاپام سۇخار نېنىنى نەپسى تاقىلداپ تۇرسىمۇ يېنىدىكى ھەمراھىغا بېرەلەيدۇ . سەپدىشىنىڭ ئامان قالغانلىقى ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ خۇشاللىقى ، ھەتتا بەختى . ئىنگراپ — قانغا مىلىنىپ ياتقان جەڭچىنىڭ ئازابلىرىنى يېنىكلىتىش ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى . لازىم بولسا ئۆزىنىڭ يۈرىكىنى ئۇنىڭغا بېرىشكە ھەربىر جەڭچى تەييار . جىڭ سوقۇشىدا ئوبۇل ئىسىملىك بىر دېھقان ئۇچەيلىرى چۇۋۇلۇپ جان تالىشىپ ياتسا ، زارىپ ئىسىملىك تاتار يىگىت ئۇنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈپ پىلىموت ئوقىدا ئۆلدى . سالاھىدىن ئىسىملىك يوغان باش يىگىت تاڭجارىق ئىسىملىك قازاق يىگىتنىڭ ئېتىنى تۇتۇۋالىمەن دەپ ئات چىپىپ دۇشمەن ئىچىگە كىرىپ قېلىپ تۇتۇلۇپ قالدى . دۇشمەن ئۇنى چاناپ ، پارچىلاپ بېشىنى قېرى

قارىياغاچ شېخىغا ئېسىپ قويۇپتۇ . شىخودىكى بۇتخانىغا ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە مىللىي ئارمىيىنى ئېغىر پىلىموت بىلەن ئەڭ جىق قىرغان پىلىموتچى ئۇيغۇر يىگىت ئىكەن . گومىنداڭ ئۇچۇن ئۆز مىللىتىنى ئايىماي قىرغان بۇ قاتىل تىرىك قولغا چۈشتى . ئۇنىڭدىن «نېمىشقا ئۆز مىللىتىڭنى قىردىڭ ؟ » دەپ سورىغاندا ، ئۇ : «ئۇرۇشتا مىللەت بولمايدۇ ! » دەپ جاۋاب بەرگەن...

ئۇرۇش مەيدانى ۋەھشىيلىكنىڭ ئەڭ چوڭ تىپلىرى توپلانغان ئورۇن ، شۇنداقلا گۈزەللىكنىڭ تەرىپىگە تىل يەتمەيدىغان ئۆلگىلىرىنىڭ خەزىنىسى... نۇرى ئۇرۇش مەيدانىنى سېغىنماقتا ، ئۇ زېرىكىش ، بىزار بولۇش ۋە روھىي كەمسىتىلىش ئازابى بىلەن بىر كېچە چالغا چىپىپ ھارغىنىغا قارىماي زادىلا ئۇخلىيالمىدى . ئۇ زەيتۇنەنى ئويلاش ئورنىغا ، ماناس دەرياسى بويىدىكى شىرىلداپ قۇم قۇيۇلۇپ تۇرىدىغان ، قومۇش بىلەن يېپىلغان گەمىلەردە ، شاخ - شۇمبىلاردىن ئۆزلىرى ياسىۋالغان تاپچانكىلاردا مىلتىقلىرىنى يانلىرىغا قويۇشۇپ ئۇخلاۋاتقان ئەسكەرلەرنى ئويلىماقتا . قىز بىلەن بىر كېچە بىللە ياتتى ، لېكىن ئۇ قىزنى قۇچاقلاشتا چەك سىزىقىدىن ئۆتمىدى . بۇ ھال ئۇنىڭ جىنسىي ئىشتىھاسىنى ھەسسىلەپ كۈچەيتتى . بۇ ئىشتىھا ھازىرمۇ ئۇنى بىئارام قىلماقتا . ئىھ ، يىگىرمە نەچچە ياشلىق يىگىتلىك دەۋر ! نەقەدەر گۈزەل ، قىممەتلىك ۋە ئازابلىق - ھە ؟ مۇھەببەت ھېسسىيات دەرياسىدا ئۈزمەك تولىمۇ تەس ، ياشلىقنىڭ كۆڭلىرىنى تۇگەتمەك تولىمۇ قىيىن ، بولۇپمۇ گۈزەل ، ئەنبەر پۇراق قىز قالدۇرغان روھىي ئازابلار قوينىدا تاڭ ئاتقۇزماق ئازابلارنىڭ ئازابى !

نۇرى قانداق مىجەزلىك يىگىتكىنتاڭ ، ئۇ شۇ تۇرقىدا شەھەرنىڭ غەرب تەرىپىدىكى بوك باغلىق ، ئاجايىپ گۈزەل ، كاتتا ھويلىلىق باي ئۆيىدە ، سىم كارىۋاتتا ، ئۇنىڭ چىرايى ، قاۋۇل بەدىنىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ كۆزىنى پارقىرىتىپ يېتىپ

ئۇخلىيالمايۋاتقان بىر گوزەل قىزنىڭ تارتىۋاتقان ئازابىنى بىلەمدىغاندۇر ـ ھە؟ ئۇ زەيتۇنەنىڭ ئىسمىنى تونۇلايمۇ قويمايدۇغۇ؟ قىز ھەر تىنىقىدا بىر قېتىم «نۇرى» دېمەكتە. مۇھەببەت ئازابى قىزلارغىلا ئاتالغانمۇيا؟ كۆز يېشى قىزلارغىلا چىق بېرىلگىنىدەك، سېغىنىش، ئاھ ئۇرۇپ تولغىنىشمۇ شۇلارغىلا بېرىلگەن، قىزلار ئازاب ئۈچۈنلا يارالغان بولسا، بۇ دۇنيا ئادالەتسىزلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ قالامدۇ؟ مانا نۇرى ئەسكەرلەرنى، ئاكوپ، پىلىموت، ھەربىي مەشىقلەرنى ئويلىماقتا. قىز بولسا، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يىگىتىنى ئويلىماقتا. ئۇ ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئۆرۈلىدۇ. سائەتكە قارايدۇ، دېرىزىدىن شەرققە قاراپ قويىدۇ، ئۇنىڭغا بۇ كېچە ھاياتىدىكى ئەڭ ئۇزۇن، ئەڭ رەھىمسىز، ئەڭ ئازابلىق كېچە بولدى. ئۇ تاڭ ئاتسىلا ئىككى ئاتلىق كالاسكا بىلەن يېزىغا قاراپ ماڭىدۇ. ئۇ ئەمدى ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ نومۇسچانلىقىنى چۆرۈۋېتىدۇ، خەلقنىڭ، ھەتتا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نېمە دېيىشى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. ئۇ ئەمدى نۇرىسىز ياشىيالمايدۇ. بۇ پاكىتنى ھەممە ئادەمگە بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دۇنيا نۇرىنىڭ قۇچىقى. دۇنيانىڭ بايلىقىمۇ، گۈزەللىكىمۇ، ئەڭ كاتتا راھەت ـ پاراغىتىمۇ شۇ. يىگىت قۇچىقى ئۇنىڭ ھاياتلىق بۆشۈكى، ئۇنىڭسىز ياشاش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ يۈرىكى، ۋۇجۇدى، ئۆگە ـ ئۆگىسى ئۇنى ئارزۇ قىلماقتا، ئۇ مۇھەببەتنىڭ قۇلى، ئولجىسى، قۇربانى بولۇشقىمۇ تەييار، بۇلارنى پەقەت شۇ نۇرى قىلسىلا مەيلى. ئۇ مۇھەببەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئەمدى چۈشەنمەكتە. ئۇنىڭ كىتابلاردىن ئوقۇۋالغىنى يۈزەكى بىلىم ئىكەن، ئۇ مۇھەببەت دېگەننى باشقىلارنىڭ بەدىنىدىن، روھىدىن ئىزدەشنىلا ئۆگەنگەنىدى، ئۆزىنىڭ قېنىدىن، قەلبىدىن ئىزدەشنى مانا ئەمدى بىلدى. مۇھەببەت ئۈچۈن قىزلار ھەممىدىن، ھەتتا جېنىدىن كېچىشكە تەييار ئىكەنلىكى مانا ھازىر پاكىتقا ئايلاندى.

قىز ئازابى چېكى، تەگدىشى، داۋاسى يوق ئازاب ئىكەن.

زەيتۇنە مانا شۇ ئازاب بىلەن ئاخىر تاڭ بەلگىسىنى ئاڭلىدى، خورازلار چىللاشتى ...

— قىۋپۇڭ، قىزىم! — دېدى تۇغما خىيالچان، سىلىق، نازۇك مىجەز ئانىسى قىزىنىڭ ئايىغى ماملىق ياستۇققا چىچىلىپ ياتقان چاچلىرىنى زوق بىلەن ئالىقانلىرىغا ئېلىپ، — كۈن چاشكا بولاي دېدى، نېمانچە ئۇخلايسىز!

زەيتۇنە چۆچۈپ ئويغاندى ۋە چىرايلىق كۆزلىرىنى يېپەكتىن ياسىغاندەك سىلىق قوللىرى بىلەن ئۇۋۇلاپ، ئاپىسىغا ئەركىلەپ:

— ئاپا! — دېدى ۋە ئاپىسىنىڭ ئالتۇن ئۈزۈكلەر بىلەن تولغان بارماقلىرىنى بىرمۇبىر تۇتۇپ، ئالتۇن بىلەزۈكلۈك قولىنى يۈزىگە ياقتى، — ماڭا خاپىمۇسىز؟

— ياق قىزىم، ئۇ بالا بۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭكىدە قونمىسا بولىدىكەن، دادىڭىز بۇگۈن سەھەر ئالمۇتىغا ماڭدى. دادىڭىز تويۇڭلارنى بۇ يىل قىلايلى دەيدۇ!

— ئاپا! — دېدى قىز ئالىقانلىرى بىلەن يۈزىنى توسۇپ، — بۇ يىل ئەمەس!

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ئۇ تولۇق غەلىبىنى كۆرمەي توي قىلالمايمەن، دەيدۇ!

— ئۇ نېمە دېگىنى؟

— ئۇ دېگەن ھەربىي. ئۇنىڭ قەسىمى باركەن، خەلقنى گومىنداڭ زۇلۇمىدىن تولۇق قۇتۇلدۇرماي تۇرۇپ راھەت - پاراغەتكە قول سوزمايمەن دەپ ئىچكەن قەسەم!

— توۋا، بۇ نېمە دېگىنى، مانا بىزدە گومىنداڭ يوقئۇ ئەمدى!

— غۇلجا، ئالتاي، چۆچەكتە يوق بولغان بىلەن، باشقا يەرلەردە بار تېخى! شۇ يەرلەرنىمۇ ئازاد قىلماي تۇرۇپ ئۆيلۈك بولمىغۇدەك!

— خۇدايىمەي، ئۇق تېگىپ كېتەرمۇ، ناكار بولۇپ قالارمەنمۇ دەپ ئويلىمايدىغان ئوخشىمامدۇ. ئۆيلۈك بولۇپ ئاندىن جەڭگە بارسىمۇ بولىدىغۇ، ئۇنى زورلايلى قىزىم.

www.uyghurkitap.com

— بۇ بىر غەلىتە مىجەزلىك يىگىت ئايا . مەن ئۇنى زورلىسام ، ئۇ مەندىن بىزار بولارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن .

سىرتتىن خىزمەتچى رۇس ئايال ئالدىراپ كىردى .

— بىر سېستىرا زەيتۇنا قىزنى ئىزدەيدى !

زەيتۇنە ئالدىراپ كىيىندى .

دەرۋازا ئالدىدىكى بوك تېرەكلىك ئاستىدىكى يېشىل سىرلانغان بەندىڭدە ھەربىيچە كىيىنگەن پەرىخە ئولتۇراتتى .

— نېمە دەيسىز ؟ — دېدى زەيتۇنە خۇددى پېيىگە چۈشكەن دۈشمىنىنى كۆرگەندەك قوپاللىق بىلەن ، — يازغان خەتلىرىڭىز ئازلىق قىلدىمۇ ، نېمىشقا ئۆزىڭىزنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىغان قىز بالا سىز ؟

— بىلگەچكە سۆزلىشەي دەپ كەلدىم !

پەرىخە ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئۆكتۈپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى ـ دە ، مەغرۇر باي قىزىنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىگە جەڭ ئېلان قىلىۋاتقان گۈزەل كۆزلىرى بىلەن تىكىلدى . ئىككى جۈپ ئوت چاقناپ تۇرغان كۆز خۇددى بىر ـ بىرىگە توغرىلانغان مىلتىق ، بىر ـ بىرىگە ئوق ئېتىۋاتقان بېلىنداژ تۆشۈكى ، خۇددى بىر ـ بىرىگە تەڭلەنگەن ئۆتكۈر تىغقا ئوخشاش رەھىمسىز ، سۇرلۇك ئىدى .

— ئۇرى مېنىڭ ، بىلەمسىز ، ئۇ ماڭا بارلىقىنى بېغىشلىغان .

— مەنمۇ شۇنداق . بىر ئايغا قالماي بىزنىڭ تويىمىز بولىدۇ !

زەيتۇنە مەغرۇر ، ئاچچىق كۈلدى .

— بۇ سىزنىڭ ئارزۇيىڭىز ياكى چۈشىڭىز ، بىلىپ قويۇڭ ، ئۇ مىشچانكىلارغا كۆڭۈل بېرىدىغانلاردىن ئەمەس !

— كۆڭۈل دېگەننىڭ شەرتى بولمايدۇ ، مىلتىقنىڭ كۆزى بولمىغاندەك . ئىشەنمەمسىز ، ئۇ مەن بىلەن بىر كېچە بىللە بولدى . لېكىن سىز سۇلايمانوفنىڭ سوۋغىسى بىلەن تېخىچە مەست !

— چايان ، زەھەرلىك يىلان ! — دېدى پەرىخە تامدەك تاتىرىپ ، بۇ ھېچكىم بىلمەيدۇ دەپ يۈرگەن نازۇك سىرنى بىلىۋالغان باي قىزىغا نەپرەت بىلەن تىكىلىپ ، — ياخشى نىيەت

بىلەن كەلگەنىدىم، مېنى ئېلىشىشقا ئۆزىڭىز مەجبۇرلىدىڭىز، ئەمدى كۆرىسىز تېخى!

— تاپانچىڭىزغا ئىشىنەمسىزا!

— سىز بايلىقىڭىزغا ئىشەنگەندىكىن!

— قېنى كۆرەرمىز، تاپانچا بىلەن ئالتۇننىڭ دۇئېل نەتىجىسىنى!

زەيتۇنە كەينىگە بۇرۇلۇپ دەرۋازىنى غەزەپ بىلەن ياپتى.

بىر سائەتتىن كېيىن ئويناقلاپ تۇرىدىغان ئىككى قارا ئات قېتىلغان كالاسكا غۇلجا شەھىرىنىڭ غەربىدىن شەرقىغە قاراپ يورغىلاپ ماڭغان ئاتلارنىڭ رىتىملىق قەدەمىدىن سىلىق تەۋرىنىپ، قارىدۆڭ مەھەللىسىدىن ئۆتۈپ جىرغىلاڭغا يېتىپ كەلدى. ھارۋىنىڭ لۈمۈلدەپ تۇرىدىغان ئىككى كىشىلىك ئورۇندۇقىدا بېشىغا فرانسۇز خانىملىرىنىڭ چىرايلىق شلەپىسىنى قىڭغىر كىيگەن، يۈزىنى تور ياغلىق بىلەن ئورىۋالغان، تولىمۇ چىرايلىق زىلۋا قىز ئولتۇراتتى. يىپەكتىن قىلىنغان سايىۋەن ئاستىدا سىلىق سىلكىنىپ كېتىۋاتقان زەيتۇنەگە ئاتلار ماڭمايۋاتقاندەك، يول ئۈزىراپ كېتىۋاتقاندەك، بۇ يولنىڭ سارغۇچ توپىلىرى بۈگۈن ئەتەيلا كۆپىيىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى. ئۇ ھارۋىكەشكە:

— توپىسى يوق يەرلەر بىلەن ھەيدىسىڭىزا! نېمانچە ئاستا! — دېگەندەك سۆزلەر بىلەن كايىپ قوياتتى.

ئىلمەك قارا بۇرۇتى بىلەن مەغرۇرلىنىدىغان ھارۋىكەش كۈلۈپ قويۇپ:

— دىرت چوۋ! — دەپ قامچىسىنى ھاۋادا ئوينىتىپ، ئاتلىرىنىڭ دىڭ تۇرغان قۇلاقلىرى ئارىسىدىكى پۆپۈكلەرگە ھەۋەس بىلەن قاراپ، — جانىۋارلار كېيەن كىيگەندەك بولۇپ كەتتى توپىدا! — دەپ قوياتتى.

قىزنىڭ ئالدىرىغىنى بىلەن ئاتلارنىڭ نېمە ئىشى، ئۇلار بىرخىل يورغىلاپ ئويناقلاپ ماڭاتتى.

— نېمىشقا ئۇرمايسىز؟

— ئاتلىرىم گەپ ئۇقىدۇ - دە ! ياخشى ئاتقا قامچا كەتمەيدۇ .
ھارۋىكەش زەيتۇنەنى مازاق قىلىۋاتقاندەك ئىڭشىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى ، قىزنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى :
— مەن سىزگە نېمە دەۋاتىمەن ؟
— ئاڭلىدۇق . قاراڭ ، ئاتلارنىڭ قەدىمىگە !
تۆت پۇت يەردىن تويا توزۇتۇپ رىتىملىق كۆتۈرۈلۈپ چۈشمەكتە .
— پاھ ، سەھرا دېگەنزە !
— سىزگە ئازاب ، بىزگە راھەت ، دەڭا ! — دېدى سۆزمەن ھارۋىكەش ، — دېسەم - دېمىسەم نۇرمۇھەممەت كاپىتانمۇ شۇ تۇرقىدا توپىغا مىلىنىۋاتىدۇ . توپا قوندۇرمايمەن دېسەك ، سەھراغا چىقمىساق بولىدۇ ، خېنىم !
— سىز ماڭا دەرس ئۆتكىلى تۇردىڭىزغۇ ، يول نېمانچە ئۇزاق دەۋاتىمەن شۇ !
— تېخى چۈش بولمىدى . خۇدايىم بۇيرۇسا نامازدىگەر بىلەن ئۇ سەھراغا يېتىپ بارىمىز .
— شۇنچە يىراقما ؟ نۇرى شۇنچە يولنى پىيادە مېڭىپ شەھەرگە كىرىپ - چىقىپ ئوقۇۋېدىمىكىنە ؟
— سەھرا بالىلىرىغا جاپا يوق . ھەممىگە كۆنگەن ، ئۇلارغا ھەممە ئىش راھەت !
— بۇ گېپىڭىز جايىدا ، — دېدى قىز نۇرى توغرىسىدىكى تېمىغا قىزىقىپ ، — مۇتلەق جاپا ، مۇتلەق راھەت مەۋجۇت ئەمەس ، ھەممىسى نىسپىي بولىدۇ . بىرىگە راھەت ئىش يەنە بىرىگە جاپا ، يەنە بىرىگە جاپا ئىش باشقا بىرىگە راھەت . توپىدا يېتىش بىزگە جاپا - ئازاب ، دېھقانغا راھەت . قاتتىق نان يەپ ، سوغۇق سۇ ئىچىسەم شۇ زامان ئاغرىپ قالىمەن . دېھقان بالىلىرى راھەتلىنىپ كۈلۈپ كېتىدۇ .
— سىز جاپانى چۈشەنمەيسىز ، سىڭلىم ، ئەسكەرلەر سوتكىلاپ سۇدا ، مۇزنىڭ ئاستىدا ، قارغا كۆمۈلۈپ مىدىر - سىدىر قىلماي

ياتالايدۇ . ئۇلارغا شۇنداق جايدىمۇ راھەت تېپىلىدۇ ، خىتاي بازىرىدا قوتۇر ئىتلار بىلەن بىللە ئاشخانىلارنىڭ ئالدىدا ياتىدىغان يېتىمچىلار بار . شۇلارنىڭمۇ ئاشۇ داق يەردە ئۆزىگە تۇشلۇق راھىتى بار ، لۆم - لۆم كارىۋاتتا ، ئاپئاق ، يۇمشاق ئورۇن - كۆرپە ئۈستىدە يېتىپمۇ پۇلدارلار ئازابلىنىدۇ ، راستمۇ ، زەيتۇنەم ؟

— ھا - ھا - ھا… خۇددى كۆرگەندەكلا سۆزلەيدا ماۋۇ ئادەم . مىنىڭ كىچىچە… ھە ، راست ، قاراڭا ئاۋۇ ئۇچۇۋاتقان نېمە ئۇ ؟

— سامان ، زەيتۇنەم ، ئۇ دېگەن مايلىق توقاچنىڭ كىيىم - كىچەكلىرى !

— ھا - ھا - ھا !… گەپچى ئىكەنسىز جۇمۇڭ ، ئېتىڭىز نېمىدا ؟

— ھادى ! — دېدى ئۆز ئىسمىنى مەغرۇر تىلغا ئېلىپ ، — خەق مېنى ھادى رەپ - رەپ دېيىشىدۇ ، دادىڭىزلا ئۇنداق دېمەيدۇ ، گېپىمگە مەستلىكى كېلىدۇ ئابلا باينىڭ . باي بولسا ئابلا بايدەك بولسا ، خەلق باۋۇدۇن باينى ماختايدىكەن . ئاتۇش - ئېكساقتا بىرىنچى بولۇپ مەكتەپ ئاچتى . ھۇسەينىيە مەكتىپى غۇلجىدا ، چۆچەكتە شۇنىڭدىن كېيىن قۇرۇلدى دېيىشىدۇ . دادام رەھمەتلىك تارىخچى ئىدى . ۋاھاپ تارىخ دېسە بىلمەيدىغان ئادەم يوق . ئىمىن تارىخ دېگەنمۇ دادامنىڭ شاگىرتى دەڭا ، سىڭلىم ، دادامنىڭ دېيىشىچە ، تارانچىلارمۇ بىر چوڭ مىللەت ئىكەن ، پاھ . قاراڭا مۇنۇ سەھرالىقلارغا نېمە بولغاندۇر !

كۆتەك ھارۋىدا قىيقاس - چۇقان بىلەن يېزا يىگىتلىرى كەلمەكتە ئىدى . كۆتەك ھارۋا كالاسكىنىڭ يولىنى توسۇدى :

— پوش ھەي شەلىك !

— پاھ ، پەرىزات !

— ۋايۋاي ، ۋايۋاي ، ئەركەك چىۋىن بولۇپ مەڭزىگە قونۇپ باقسا كىشى !

— سۈت بىلەن يۈز يۇيۇپ ، ھەسەل بىلەن ئېغىز چايقايدۇ - غۇ دەيمەن !
— بىرلا قاراپ قويسا جېنىمنى بېرەتتىم !
— قانداق تەلەيلىك قىسار بۇ گۈلنى !
— ھا - ھا - ھا !...
— ھى - ھى - ھى !...

زەيتۇنە يۈزىنى تور ياغلىق بىلەن ئوراپ يەرگە قاراپ ئولتۇرۇۋالدى . ھارۋىكەش دەس تۇرۇپ ، خارتىلداپ تۇرغان ئاتلىرىنىڭ بوجىسىنى چىڭ تارتىپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى :

— يول بوشات ، داڭگاللار ، كاپىتان ئاڭلىسا ئانا - ماناڭنى كۆرسىتىدۇ !

— نۇرىنى دەيدۇ . تارت ھارۋىنى چىغلىقا ، ئاناڭنى ، بولە !

ياشلارنىڭ زوۋانى ئۆچتى ، بەزىلىرى ھەتتا ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى . قىزنىڭ قەلبىدە تىل بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان بىر خىل غورۇر ، خۇشاللىق ھېسسى دولقۇنلىدى :

— تېزرەك ماڭايلىچۇ ، ھادى ئاكا !

مەھەللىگە ئاجايىپ بىر ھارۋا ، ئاجايىپ ئاتلار ۋە ئاجايىپ بىر پەرىزات كىرىپ كەلدى . پۈتۈن مەھەللە بالىلىرى ، جۇل - جۇل كىيىم ، يالاڭ ئاياغ ، ھەتتا قىپيالىڭاچ بالىلار ھارۋىنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈشتى ، خوتۇن - قىزلار غورۇلۇق ھويلىلاردىن چىقىپ ، تونۇر باشلىرىدا ئۆرە تۇرۇپ ، زىغىر پاخىلى بىلەن يېپىلغان ئۆگزىلەردە لازا - پەمىدۇر يېيىۋاتقان يەرلىرىدىن ئۆرە تۇرۇشۇپ ، خۇددى مەشىق قىلىشىۋالغاندەكلا بىر ئېغىزدىن :

— پاھ ، نېمانچە چىرايلىق ھۆي ! — دەپ ۋارقىراشتى . بۇ خىل تەبىئىي ، غەرەزسىز ماختاشلار زەيتۇنەنى ئەرشكە ئاچىققاندەك خۇشال قىلدى .

— زىياۋۇدۇن ئاكامنىڭ ئۆيى مۇشۇ كەن - دە ! — دېدى قىز ھارۋىدىن چاققان ، خۇشال ، ھاياجان بىلەن سەكرەپ چۈشۈپ . غورۇدىن ئېگىشىپ چىققان ، سەھرانىڭ ئاپتىپىدا قارايغان ئايالدىن

سالام ـ سەھەتسىزلا :
— نۇرى ئۆيدىما؟ — دەپ سورىدى تەقەززا بولۇپ .
— ياق ، ئېتىزدا ، — دېدى زىياۋۇدۇننىڭ شەھەرلىك ئايالى قىزدىن نارازى بولۇپ . ئۇ زەيتۇنەنى تونۇيتتى . زەيتۇنەمۇ ئۇنى تونۇشى كېرەك ئىدى ـ دە !
— ئېتىز دېگەن نەدە؟ — قىز ئالدىراپ سورىدى .
— ۋاييەي ، ھەممە ياق ئېتىز ، زەيتۇنەم قىز !
— نېمە ، مېنى تونۇيدىكەنسىزغۇ؟
— ھەممىلا ئادەم ئابلا باينىڭ قىزىمىدى ئادەم تونۇمايدىغان !
— ۋاي كەچۈرۈڭ ، مەن ھېلىقى چاغدا سىلەرنىڭ ئۆيدە مېھمان بولغان ئەمەسمىدىم ، خاپا بولماڭ ھەدە !
زەيتۇنە ئايالغا يېنىك ئېسىلدى ـ دە ، يۈزىنى ئۇنىڭ قارايغان يۈزىگە تەگكۈزۈپ قويدى . ئايال جانلاندى :
— ھە ، ئاپىڭىز رەيھان بۈۋىم تىنچلىقمۇ ، ئابلا باي ھاجىم سالامەتمۇ؟ قېنى كالاسكىنى ھويلىغا !... ھەي بالىلار ياماشماڭلار !...
— رۇخسەت قىلىڭ ھەدە ، بىز ئېتىزغىلا بارايلى ، ئۇ يىگىت نېمە قىلىۋاتىدىكىن ، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرەيچۇ !
— ھەي ، رەيھانە ، ھەدەڭنىڭ يېنىغا ئولتۇرغىنا ، داداڭلارنىڭ يېنىغا باشلاپ بارغىن بۇ ھەدەڭنى . قاراڭا ، نۇرمۇھەممەتنىڭ سىڭلىسى ، ئىسمى باشقا ئىدى ، ئاپىسى رەيھانگۈل ئۆلۈپ كەتكەن . بۇ قىز ئاپىسىغا كۈتمۈكۈت ئوخشىغاچ ، خەقلەر رەيھانگۈل دەۋالدى !
نۇرنىڭ سىڭلىسىمۇ گۈزەل ئىدى . زەيتۇنە قىزنى قۇچاقلىدى ، پېشانىسىگە سۆيدى ۋە بويىنىدىكى ئۈچ قۇر ئالتۇن زەنجىردىن بىرنى ئېلىپ قىزنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويدى ، يېنىدىكى كىچىك سومكىسىدىن بىر غىجىم ياغلىق ئېلىپ بۇدۇر چاچلىرىنى ئالدىغا چىقىرىپ ، ياغلىقنى چىرايلىق قىلىپ چىگىپ قويدى .
— پاھ ، پاھ ، رەيھانگۈل زەيتۇنەمنىڭ پارىسى

www.uygurkitap.com

بولدى ! — دېدى ئانا خۇشال بولۇپ . هادى كالاسكىنىڭ بېشىنى بۇرىدى .

هارۋىكەش خۇددى بىر ئاجايىپ درامىنىڭ رېژىسسورىدەك زەيتۇنەگە ئەقىل ئۆگەتمەكتە ئىدى :

— بۇ دېگەن سەهرا ، سەهرالىق دېگەن ئەدەپ - ئەخلاقلىق ئامراق بولىدۇ . بېشىڭىزغا ياغلىق تېڭىپ ، چوڭلارغا تەزىم بىلەن سالام قىلىپ ، يۈزى تۆۋەن ، ئەدەپلىك كۆرۈنسىڭىز دەيمىنا ، ناۋادا تەقدىر - پېشانە سەۋەب بىلەن سەهرالىققا كېلىن بولۇپ قالغۇدەك بولسىڭىز !...

— بولدىلا... نېمە ئۇ ناۋادا ، قالغۇدەك... دېگەن گەپلىرىڭىز !...

قىزنىڭ دودىسى تۇتتى . ئۇ رەيهانگۈلنىڭ مۈرىسىدىن يېنىك قۇچاقلاپ :

— سىلەر شەهەرلىك - هە ! — دېدى .

— بىز دېگەن سەهرالىق ! — دېدى قىز كۈلۈپ ، — سەهرادا ئالتۇن زەنجىر تاقىمايدۇ ، مارجان تاقايدۇ ، ئىلمۇۋېتىمەن ، سەت تۇرىدىكەن ، ئىلمۇۋېتىمەن . بىز دېگەن بۆلجۈرگەننى يىپقا تىزىپ ئۆتكۈزۈپ ... هى - هى - هى ... بۆلجۈرگەن يەمسىز تېرىپ بېرەي ؟

— يەيمەن ، سىلەر نېمە يېسەڭلار شۇنى يەيمەن سىڭلىم !

كالاسكا توپا - چاڭ ، مەڭگەن - سامان بىلەن تولغان ئېتىز يولىدا ئاپئاق چاڭ توزۇتۇپ ماڭماقتا . زەيتۇنە هاياتىدا بۇنداق چاڭ ئىچىدە قالغان ئەمەس ، ئۇ كىنگىز قاققان يەرلەرنى بىر چاقىرىم يىراقتىن كۆرسە بۇرنىنى ئېتەتتى ، ئۇنىڭ ئەڭ قورقىدىغىنى مۇشۇ چاڭ - توزان ئىدى . كىرپىكىگە توزان قونمىغان شەهەر قىزى چاڭ ئىچىدە قاقاقلاپ كۈلمەكتە . تاشقىن سۇلار يوللارنى باسقان ، ئويناق ئاتلارنىڭ تۇياقلىرىدىن ، چاقلاردىن ئۇچۇپ چىققان لاي - چالمىلار ئۇنىڭ فرانسىيە پاسونىدا تىكتۇرگەن ئەنگلىيە سارجىسىدىن قىلىنغان ئېسىل كىيىملىرىگە كېلىپ تەگدى ، بۇ

پاسكىنا نەرسىلەرمۇ ئۇنىڭغا تەۋەررۇك بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇنىڭغا بۇ يوچۇن سەھرانىڭ توپىسىمۇ، يەردە دەسسىلىپ تۇرغان سېرىق ياپراقلىرىمۇ ئورۇلۇپ بولغاندىن كېيىن قايتا يېتىلگەن قىر چۆپلىرىدەك گۈزەل كۆرۈندى. چۈجە خورازلارنىڭ بوۋاقنىڭ گۆڭگۈرنىشىدەك قىسقا چىللاشلىرىمۇ، قېرى خورازلارنىڭ ھۇرۇن مەزىنىنىڭ ئاۋازىدەك بوغۇق - خىرىلداق چىللاشلىرىمۇ، قاغىلارنىڭ تېرەك شاخلىرىنى ئېگىپ تېپىرلاپ چۇرۇكلاشلىرى ۋە كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى، مەست بۇقىنىڭ يەر تىلغاپ ھۆركىرەپ - ئازناشلىرى، يېزىدىكى ھەممە ئاۋاز، ھەممە كۆرۈنۈش خۇددى پارىژ تىياتىرخانىلىرىنىڭ سەھنىلىرىدىكى مۇزىكا ئاۋازلىرىدەك، بىختوۋىن، چايكوۋىسكىي، مۇزارت، باخلارنىڭ گۈزەل سىمفونىيە، مۇزىكىلىرىدەك يېقىملىق - سىرلىق بىلىندى. بۇغدايلىرى ئورۇۋېلىنغان ساپسېرىق، كۈن نۇرىدا ئالتۇن يالتىلغاندەك كۆرۈنىدىغان چەكسىز ئېڭىزلىقلار رىپىنىنىڭ دۇنياغا داڭلىق رومانتىك رەسىملىرىدىمۇ ئىپادىلەنمىگەندى. قىز ھاياجانلاندى، ئۇ كىيىملىرىنىڭ پاسكىنا بولغىنى، يۈز - كۆزىنىڭ بۇلغانغانلىقىنى ئۇنتۇدى. ئۇنىڭغا ھەممىلا نېمە گۈزەل، سىرلىق — يېڭى تۇيۇلماقتا. ئۇ بىلىدۇ، مۇھەببەتنىڭ ئىنكاسى، بۇ يەرلەر ئۇنىڭ ئىككى يىللىق تاللىشىنىڭ مېۋىسى بولغان، نەتىجىسى ھېسابلانغان سۆيۈملۈك يىگىتىنىڭ يۇرتى. ئۇنى مۇشۇ تۇپراق، مۇشۇ سۇزۇك سۇلار ۋە چاڭ - توزان ئۆز قوينىدا بېقىپ چوڭ قىلغان. ئۇ بۇ يەرنى قىزغا تەقدىم قىلغان مۇھەببەت ھېسسىياتى بىلەن سۆيىدۇ. ئۇ مۇشۇ تۇپراق ئۈچۈن جېنىدىن كېچىشكە تەييار، ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈنلا زەيتۇنەنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئورۇن ئالالىغان...

بىر كىشى زىغىر ئۇنچىلىرىنى يەردىن تۆمۈر ئارا بىلەن يىغىۋېلىپ ھارۋىغا سۇنماقتا، ھارۋا ئۈستىدە بىر يىگىت زىغىر ئۇنچىلىرىنى ھارۋىغا كەڭ ۋە تەكشى قىلىپ بېسىپ دەسسىمەكتە. بۇلار يەردىكى يىگىت نۇرى، ھارۋىدىكىسى كانۋىيى ئىدى، زەيتۇنە

www.uyghurkitap.com

يىراقتىنلا ۋارقىرىدى ۋە كالاسكىدىن سەكرەپ چۈشتى :

— نۇرى ، قاراڭا ، ئىشلىگىلى كەلدۇق !

نۇرى تۇمۇر ئارىنى ئېگىزغا سانجىپ قويۇپ قىزغا قاراپ ماڭدى .

— ۋۇي ، زەيتۇنەم ، قالتىسقۇ...

«قالتىسقۇ» دېگەن سۆزگە ئۇنىڭ قايناق ھېسسىياتى سىڭگەن . ئۇ ئاشىقى ئۇچۇن ھەممىدىن كەچكەن مەشۇقلار ۋەكىلى زۆھرەنى ، شېرىننى ، لەيلىنى كۆردى . ئۇ ئۆزى ئۇچۇن ھەممە نېمىسىنى بېغىشلىغان باي قىزىنىڭ دانكونىڭكىدەك لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان يۈرىكىنى كۆردى .

— نۇرى !... — قىز ئۇنىڭغا ئېسىلىشقا تەييار ئىدى . ئەمما ، ماكان ئۇنىڭغا تار !

— زەيتۇنە !... — يىگىت ئۇنى باغرىغا بېسىشقا تەمشەلدى ، ئەمما زامان ئۇنىڭغا زىت !

ئۇلار بىر قەدەم ئارىلىق قالدۇرۇپ بىر گەۋدە بولۇشتىن ئۆزلىرىنى ساقلاپ قالدى . شۇ چاغدا ھەر ئىككىلىسىنىڭ خىيالىغا ياۋروپا تۇرمۇشى ، ياۋروپا ئەركىنلىكى كەلدى . ئۇلار ئەلەم بىلەن «ئۇھ» تارتتى .

— پاھ ، نېمانداق ئېغىر ئەمگەك ، — دېدى قىز كۇلۇپ ، — ھەممە ئىش قول بىلەن ـ ھە ، ئۆمىلەپ ئورۇسلەر ، كۆتۈرۈپ تۇشۇيسىلەر ، چەيلەپ يۇمشىتىپ دېننى پاخلىدىن ئايرىيسىلەر !...

— يانجىپ ـ ئېزىپ ئۇن ، ماي قىلىپ سىلەر ئاياللارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىسىز ! — دېدى نۇرى ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — خوتۇن ـ قىزلار تاسقاپ ، يۇغۇرۇپ ، راسلاپ ، يېقىپ پىشۇرۇپ داستىخانغا ئەكىلىپ بېرىدۇ ، مېغىزىنى بىز چاقىمىز !

— ھا ـ ھا ـ ھا !...

ئۇلارنىڭ قېشىغا زىياۋۇدۇن ، ھارۋىكەش ، كانۋويلار

ئولاشتى . ئۇلارمۇ قاقاقلىشىپ كۈلۈشتى .

— زەيتۇنە باغۋەن قىزى ، ئۇيغۇر قىزى ! — دەپ چاقچاق بىلەن شېئىر ئوقۇدى نۇرى بىر شائىرنىڭ مىسرالىرىنى يادقا ئوقۇپ ، — باغۋەن قىزى ئەمەس ، باينىڭ قىزى !...

— ياق ، — دېدى زەيتۇنە ھېلىقى كېچىنى يىگىتنىڭ يادىغا سېلىپ ، — ياق ، ياق ، باينىڭ قىزى شەھەردە قالدى . مەن ھازىر دېھقان قىزى ، راستىمۇ زىياۋۇدۇن دادا !

قىز ئىختىيارسىز «دادا !» دەۋېتىپ ھوپپىدە قىزاردى ۋە سۈتتەك ئاق قوللىرى بىلەن يۈزىنى توسۇۋالدى .

كۈن غەربكە قىيسايغان ، شەرقتىن — يېقىنلا يەردە غايەت زور دۆملەكلىك قازاندەك كۆرۈنىدىغان ئاۋرال تېغى تەرەپتىن گۈرۈلدەپ شامال ئۇرماقتا . خاماندا ئىككى تۇلۇقتا زىغىر تېپىلمەكتە ، بىر چەتتە قوشاق كالا بىلەن چا بۇغداي چەيلەنمەكتە . كالىلارنىڭ ئاغزى تال بىلەن باغلانغان ، بىچارىلەر موما ياغاچ ئەتراپىدا خۇددى تۈگمەن تېشىدەك ئايلانماقتا . يۇمشىغان چانى زىياۋۇدۇن گۈرجەك بىلەن بىر چەتكە يىغىپ مەيىن شامالدا سورۇماقتا . ئۇ ھەر قېتىم شامال يۇقىرىسىغا توپان ئاتقاندا ، دانە ـ دانە دانلار بىر يەرگە چۈشسە ، قوغان ـ سامان قىبلىگە ئۇچۇپ ئېگىزغا چۈشۈپ چىرايلىق پىرامىدا مودېللىرىنى ياسىماقتا .

بۇ ئىشلار زەيتۇنەگە يېڭىلىق ، قىزىق ۋە كۆڭۈللۈك .

— كۆز پەسلى ئالتۇن پەسىل دېگىنى بىكار ئەمەسكەن ، خامان دېگەن كىنو ئېكرانىكەن ، قاراڭا ھادىكا ، ماۋۇ زىغىر دۆۋىسىنى غارام دەيدىكەن ، دەسسىلىۋاتقانى ئاياغ دەيدىكەن ، ئاۋۇ ئەسكەر بالا ئىرغاڭلاپ تۇرغان زىغىر ئۈستىدە قورقماي ئۆرە تۇرۇۋاپتۇ تېخى ! پاھ ، بۇلار قاپاقتا چاي توشۇپ ئىچىدىكەن تېخى...

قىز خاماندا خۇددى ئىگىسىگە ئېچىل ماشكىدەك زىياۋۇدۇننىڭ كەينىدە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ بىردە ئاياغ سېلىشقا ، بىردە قوغان ئېتىشقا ، بىردە چاچ بۇغداي ئۆرىدەشكە ، يەنە بىردە

ئـاياغ ئۆرۈشكە ... خامان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىگە قول سېلىپ باقاتتى . ئۇ ھېچ ئىشنى قاملاشتۇرالمىدى . بىر گۈرجەك توپانىنى ئېـتىپ بېقىۋىدى ، توپان ئۆزىنىڭ بېشىغا ياغدى . ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ چاچلىرىنى سىلكىدى . ئاياغ ئۆرۈيمەن دەپ ئېگىز پاشنا ئايىغى تولۇق ئاستىدا قالغىلى تاسلا قالدى . ئۇ بىردەمدىلا ئېسىل كىيىملىرى بىلەن چاڭ ـ توزان ، توپان ـ سامانغا مىلىنىپ دېھقان قىزلىرىغا ئوخشاپلا قالدى . ئۇ ھامان قاقاقلاپ كۈلەتتى ، ئوغلاقتەك قىيغىتىپ ھەممە ئىشقا ئارىلىشاتتى .

— بولدى قىزىم ، ئۆيگە بېرىپ ھەدىڭىزگە مېھمان بولۇڭ ئەمدى !

— ياق ! — دېدى قىز سوزۇپ ئېيتىپ ، — نۇرىلار بىلەن بىللە قايتىمەن ! ئۇ يەنە تۆت هارۋا ئەكەلسەك زىغىر ئۇنچىسى تۈگەيدۇ دېدىغۇ !

ھەربىي گىمناستوركىسى تەردىن ، چاڭدىن قارايغان ، باش ـ كۆزى توپا ـ چاڭ ، تەر ئارىلاشمىسىدىن قېتىشقان ، يۇتى يالاڭ ئاياغ ، ئىشتىنى تىزىغىچە تۈرۈلگەن نۇرى ھارۋىنىڭ شوتا ياغىچىغا تايىنىپ ، ئات بىلەن تەڭ ھارۋا سۆرىشىپ خامانغا كەلدى ۋە قىزغا قاراپمۇ قويماي ، ئارا بىلەن ئىتتىرىپ ھارۋىدىكى زىغىرنى ئۆرىدى . كانۋوي ئۆزىنى غارامغا ئاتتى . ئۇلار زىغىرنى خامانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۆرىدى ، زىغىر ئۇنچىسىدىن پەيدا بولغان كىچىككىنە تاغنى ئايلىنىپ ئىككى تولۇق چۆرگىلىمەكتە . زەيتۇنە بىر تولۇق ئېتىغا مىنىۋالغان ، ئۇ قاقاقلاپ كۈلدى :

— چۇ ، نېمانداق قاشاڭ ئات بۇ !

— قاشاڭ ئەمەس ، — دېدى نۇرى كۈلۈپ ، — ماگىلانىنىڭ كېمىسىدىن تېز . بۇ ئاتنىڭ ئۆمۈر بويى ماڭغان يولىنى ھېسابلىسىڭىز ، يەر شارىنى ئىككى ئايلانغان بولۇپ چىقىدۇ !

ئۇلار يەنە كۈلۈشتى . قىزغا بۇ ھايات تولىمۇ كۆڭۈللۈك بىلىندى .

كەچقۇرۇن نۇرى مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ

ئۆتىدىغان ئۆستەڭنىڭ باش تەرىپىگە بېرىپ كانۋوي بىلەن ئىككىسى سوغۇق سۇدا يۇيۇندى . سۇ تولىمۇ سوغۇق ئىدى . ئۇ بۇنداق سۇغا كۆنۈك ، لېكىن كانۋوي غالىلداپ تىترىدى .

زەيتۇنەگە قىزلار ئىسسىق سۇ تەييارلاپ بەردى . ئۇمۇ پاكىز يۇيۇندى ، ئەتىر چاچتى .

كەچتە ئۇلار كىرسىن لامپىسى يورۇقىدا ئۆز گۈزەللىكلىرىگە قايىتىشتى . هادى قىزغا ، بولۇپمۇ بەختلىك يىگىتكە كۆز ئۈزمەي قارىدى . قىزنىڭ ئاشىق بولغۇچىلىكى بار ئىدى . ئۇ بۇنداق چىرايلىق ، سۆڭىكى كەلگەن ، مىجەزى يېقىملىق يىگىتنى كۆرمىگەنىدى .

— خۇدايىم بەندىلىرىنى مۇرادىغا يەتكۈزگەي ! — دېدى ئۇ داستىخانىنىڭ پەگاھىسىدا ئولتۇرغان زىياۋۇدۇنغا قاراپ ، — مەن شۇ تۇرقىدا جەننەتتە تۇرۇۋاتىمەن ، قاراڭا ، بۇ قىزلار پەرىزات بولماي نېمە ، يىگىتلەرچۇ ؟

ئۇنىڭ گېپى خىجىللىق پەيدا قىلدى . قېتىق قوشۇلغان ، ئاشكۆكى ، پۇرچاق ، كۆكۋاش قوناق سېلىنغان سۇيۇقئاش تولىمۇ ئىچىملىك ئىدى . ئاش زەيتۇنەگە تولىمۇ تېتىپ كەتتى . ئۇ كۇلۇپ ، پاكار جوزا ئەتراپىغا سېلىنغان كۆرپە ئۇستىدە ئولتۇرۇشتىن قىينىلىپ ، ئۇياق - بۇ يېقىغا ئۆرۈلۈپ :

— ئەجەب تەملىككەن ، بىزنىڭ ئۆيلەردە بۇنداق ئاش يوق ، — دېدى .

— كەمبەغەلنىڭ ئېشى چىشقا دورا ! — دېدى گەپكە ئامراق هادى پۇرسەتنى بەرمەي ، — سىلەرنىڭ ئۆيلەردىكى غىزالارنىمۇ سەھرالىقلار ئۆمۈر بويى تېتىپ كۆرمىگەن ، كاتلىت ، رىشالە ، تورت دېگەنلەرنى...

قىز چاقماق پەنجىرىنىڭ يېنىغا سېلىنغان ئورۇندا ياتتى ، ئۇ بەلكى بىرىنچى قېتىم بۇنداق يەردە — كىگىز ۋە نېپىز كۆرپە ئۇستىدە ياتقاندۇر ، لېكىن لۆم - لۆم كارىۋات بولمىغىنى بىلەن بۇ يەرنىڭ تاغ شامىلى ئۇلارنىڭ ياسىداق ئۆيىدە يوق ئىدى .

پەنجىرىدىن كىرىۋاتقان سالقىن شامال ئۇنىڭ يۈزىنى سىيپاپ، قۇلىقىغا پىچىرلاپ گوياكى ئانا يەر توغرىسىدا چۆچەك ئېيتماقتا ئىدى. كۆز شامىلى ئاچچىق بولغىنى بىلەن ئادەم چاقمايدۇ. ئۇ خۇددى مېھرىبان ئانىنىڭ يىرىك قولىدەك يېقىملىق، سېنى شېرىن ئۇيقۇغا، شېرىن چۈشلەرگە ئۈندەيدۇ. قىز ئانا تۇپراق شامىلىنىڭ ئەللىيى بىلەن ئۇخلاپ قالدى. ئۇ تولىمۇ لەززەتلىك، قېنىپ ئۇخلىدى. ئۇنىڭ يېنىدا رەيھانە ئۇماق كېرىلىپ يېتىپتۇ. ئۇ سەھەر ئويغىنىپ، قىزچاقنى يېپىپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى. ئۇ تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ئانىلىق مېھرىدىن ئۆيلىنىپ يۈزىنى قولى بىلەن ياپتى ۋە: «توۋا، مەنمۇ بىر كۈنى ئانا بولىمەن، بىر چىرايلىق، ئۇماق بالا مېنىڭ ئەركىلىكىم، نازۇكلۇقۇم، ھەممە راھەت - پاراغىتىمنى تارتىۋالىدۇ. مەن بۇ خىل تارتىۋېلىشتىن خۇشال بولىمەن تېخى، پاھ، ئىنساننىڭ ھايات يولى ئەجەب قىزىق - ھە؟» دېدى ئۆز - ئۆزىگە.

چارسىلداپ ئوشتۇلىدىغان يوغان، نېپىز سەھرا ئاق نېنى، قايماقلىق ئەتكەن چېيى باي قىزنىغا ئالاھىدە بىلىندى. ئۇنىڭ بۇ يەردە ئۇزاق، ھەتتا مەڭگۇ تۇرغۇسى كەلدى. لېكىن، چايدىن كېيىن ئۇرى ئالدىرىدى:

— تۆرەم ئۈچ كۈنلۈككىلا رۇخسەت بەرگەن، دادا، بۈگۈن تۆتىنچى كۈنى. ئۇ يەردە ئىش دېگەن دۆۋىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇرۇمچىدە گېنېرال جاڭ جىجۇڭ بىلەن سۆھبەت باشلىنىپ كەتتى. بىزنى قانداق تەقدىر كۈتۈۋاتىدىكىن، جېنىم تاقىلداۋاتىدۇ.

— گومىنداڭ دېگىنى بۇ يەرگە يەنە كېلەرمۇ؟

— ياق، بىز ئۇنى ھەيدەپ چىقىرىمىز، دادا، ئانا تۇپرىقىمىزدىن!

— خۇدايىم دېگىنىڭ بولار، ئوغلۇم، ئۇكاڭ بەرامۇ بىر كېلىپ كەتسە بولاتتى. مۇختەرئاكامنىڭ جەسىتىنى ئاقسۇدىن ئەكەلگىلى بولارمۇ، ئۇ دائىم ئاتا - بوۋامنىڭ ئايىغىدا ياتىمەن،

نەدە ئۆلسەم ئۆلەي ، ئەمما يەرلىكىم مۇشۇ يەردە بولىدۇ ، دەيتتى . ئۇنىڭمۇ مۇرادى ھاسىل بولۇپ كۆزى يۇمۇلسا دەيمىنا !

زىياۋۇدۇن — ھېچكىمگە كۆز يېشىنى كۆرسەتمىگەن ئەزىمەتنىڭ ئاۋازى تىترىدى ، نۇرىنىڭ كۆز ئالدىدا مېھرىبان ، چىرايلىق ئاپىسى ، تىنىمسىز ، بەڭۋاش ئىنىسى ھەمرا ، قامىنىڭ بالىسى ، كەم سۆز ، ئىشچان ، غەيرەتلىك ئىنىسى دەرا ، قەيسەر ، كۆيۈمچان چوڭ دادىسى مۇختەربايلار بىر - بىردىن كەلدى . ئۇنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلدى . ئىككى كۈنىڭ ئالدىدا بۇ ھويلىدا نەزىر بولغان كۈنى ئاياللار ، بولۇپمۇ مۇختەربايىنىڭ خوتۇنى ، قىزلىرى شۇنچىلىك يىغلاشتىكى ، نۇرىنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ ئۆزىنى تۇتالماي قالغانىدى . مانا بۈگۈن دادىسىنىڭ چىرايىدىكى قاتتىق قايغۇ ئالامەتلىرى ئۇنى يەنە بىئارام قىلماقتا . ئۇ شۇ كەتكىنىچە يەنە قاچان قايتىپ كېلىدۇ ، يا تېخى مەڭگۈ كېلەلمەمدۇ ، بۇنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى .

ئىككى ئات يېتىلەنگەن ، كالاسكىدىكى قىز بىلەن ھارۋىكەشمۇ ئىككى ئەسكەر بىلەن قاتارلىشىپ ماڭغان بۇ كىچىككىنە يېزىنىڭ مېھمانلىرى مەھەللىدىن چىققۇچە پىيادە مېڭىشتى . مەھەللە سىرتىدىكى زاراتگاھلىقتا توختاپ دۇئا قىلىشتى . مەھەللىنىڭ چوڭ - كىچىك ھەممىسى ئۇلارنى ئۇزىتىپ مەھەللە سىرتىغا چىقىشقانىدى :

— دادا ، — دېدى نۇرى دادىسىنىڭ قورۇقلىرى كۆپەيگەن ، بۇرۇتىغا ئاق چۈشكەن ، سولغۇن چىرايىغا تىكىلىپ قاراپ ، — يۇرتىنىڭ ئىشىغا ئارىلاشما . يۇزبېگى ، مىڭبېگى دېگەنلەرنى كىم تاللىشىپ تالىشىۋەرسۇن ، قىشنى شەھەردە ئۆتكۈزگىن ، سىڭىللارنى ياخشى ئوقۇتقىن !

— ھېلىقى پەرىدە قىزىمىزنىڭ جايى ھازىر يېتىملار مەكتىپى . مەن ئۇلارغا ئون خو ئۇن ، يۈز كىلو ياغ ۋەدە قىلغان ، بۇ يىل سەكسەن خو بۇغداي ئالدىم . زىغىرمۇ ياخشى ئۇخشىدى . ئاۋۋال شۇ يېتىملارنىڭ قەرزىنى تۆگىتىمەن ، ئاندىن كېيىن

كۆچۈپ كىرىشكە تەرەددۇت قىلىمەن . ھە راست ، پەرىدەنى كۆردۈڭمۇ نۇرى ؟

— ياق ! — نۇرى بوشلا جاۋاب بەردى . زەيتۇنەنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالدى ۋە بىرى سوغۇق سۇ چاچقاندەك ئەندىكتى . ئۇ پەرىخە بىلەن بولغان ماجىرانى نۇرىغا دېمىگەنىدى . ئۇ دەرھال نۇرىنىڭ چىرايىغا قارىدى ۋە ئۇھ تارتىپ قويدى .

قىز قەلبىدە تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن يوقالغان ۋەھىمە يەنە ئويغاندى . پەرىخە نېمىلەرنى قىلاركىن ! دېگەن سوئال ئۇنى قىينايتتى . ئۇ يەنە خىيالىدا بىچارە قىزغا ئىچ ئاغرىتتى ، نە ئانىسى ، نە قېرىندىشى يوق قىز مۇھەببەتتىن كۆڭلىگە ئارام ، ھاياتىغا مەنە ، بەخت ئىزدەيتتى ، بۇ ھال زەيتۇنەگە چۈشىنىشلىك ، ئۇنىڭ ئاشۇ كىچىككىنە خەمىتتىن باشقا ھېچكىمى يوق . ئۇ نۇرى بىلەن ھاياتىغا يېڭى مەنە تاپالايتتى ، لېكىن زەيتۇنە مەيلى قانداق ئويلىسىمۇ نۇرىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئازابىغا چىدىيالمايتتى . باشقىلارغا بەخت يارىتىپ بېرىمەن دەپ ، ئۆز بەختىنى قۇربان قىلالايدىغان كۈچ ئۇنىڭدا يوق . ئۇ بۇ خىل قۇربان بېرىشنى تولىمۇ تېتىقسىزلىق دەپ قارايدىغانلاردىن . ئۇ ھەرگىز ئۇنداق قىلالمايدۇ ، باشقىلارنىڭ بەختسىزلىكى ئۇنىڭ سەۋەبىدىن بولمىسىلا بولدى . بەختسىزلىك ئومۇملىشىۋاتقان بۇ جاھاندا ئۇ قايسىبىرىگە ھېسداشلىق قىلىپ ئۈلگۈرەلىسۇن !

ئۇلار كالاسكىدا ياندىشىپ جىمجىت ئولتۇرۇپ شەھەرگە قاراپ كەلمەكتە . يەنە شۇ يېزا يولى ، يەنە شۇ سېرىق ئېتىزلار ، تاشقىن سۇلار ، يېشىل قىرلار ۋە چاڭ - توزان ئۇلارنىڭ كۆڭۈل قاتلاملىرىغا ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرىلەرنى يازماقتا . قىز مانا بەخت قۇچىقىدا — بۇ قۇچاق سۆيگەن يىگىتىنىڭ ھەدى - تىنىقى . يىگىت ھېسسىيات ۋە جىنسىي ئىشتىھا تەلپۈنۈشىدە — بۇ ھېسسىيات بىلەن ئىشتىھا مەنبەسى — تەمى ئېغىزىدا قالغان ، سەزگۈلىرىنى غىدىقلاپ ئويغىتىپ تۇرۇۋاتقان قىز بەدىنى ، قىز چىرايى ، قىز ئىنتىزارلىقى...

— زەيتۇنە ، سىز «يىۋگىنى ئونىگىن» شېئىرىي رومانىنى ياخشى كۆرەمسىز ؟
— ياق ، تاتيانا ئونىگىننى يالغان سۆيىدۇ ! مەن ساختىلىققا ئۆچ !
— ساختىلىق ئۇنىڭ ھەقىقىي مۇھەببەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن تاللىغان ئۇسۇلى !
— ھېلىقى شائىرنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن ئونىگىننى ياخشى كۆرگەن بولۇۋالىدۇ . ئۇنداق قىلمايمۇ ساپ مۇھەببىتىنى ئىپادىلەشنىڭ يولى جىق ئىدىغۇ ؟
— ياۋروپالىقلار رومانتىكىغا باي خەق . ھەممە نازۇك ھېسسىياتلىرىنى سۆز بىلەن ئەمەس ، ھەرىكەت بىلەن ئىپادىلەشكە ئامراق !
— بىزنىڭ داستانلىرىمىزدىكى كۆيدۈم ، ئۆلدۈم دېگەندەك گەپلەرگە مەن تولىمۇ ئۆچ !
ئۇ نۇرىنىڭ كۈچلۈك قولىنى تىزىغا قويدى ، ئۇنىڭ خىيالچان كۆزلىرىگە تەلمۈردى :
— راستىنى ئېيتىڭا ، سىز شۇ تۇرقىدا مانا دەرياسى بويىنى ئويلاۋاتامسىز ؟
— ھەئە !
— مەن سىزنىلا ئويلايمەن ، سىزدىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلىمايمەن .
— ئەسەبىيلىك !
— ئەسەبىيلىكنىڭ سەۋەبچىسى سىز . نېمىشقىمۇ سىز بىلەن تونۇشۇپ قالغاندىمەن . ھېلىقى چاغدا سىز سەھنىگە چىقىپ شېئىر ئوقۇۋېدىڭىز ، مەن ھەيران قالدىم . سىز بىلەن يالغۇز سۆزلىشىش نىيىتىگە كەلدىم . سۆزلەشتىم ، ئاخىر مانا ھى - ھى... تۇۋا... بىر دەم كۆرمىسەملا چىدىمايدىغان... ھى - ھى...
ئۇ نۇرىنىڭ مۇرىسىگە بېشىنى قويۇپ پىخىلداپ كۈلدى . ئۇ ھارۋىكەشتىن ، كالاسكىنىڭ كەينىدە بىر ئاتنى مىنىپ يەنە بىرىنى يېتىلەپ كېلىۋاتقان كاۋۋي يىگىتتىن قورۇنمىدى . ئۇ نۇرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

مۆرىسىگە ، بىلەكلىرىگە سۆيۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلۈپ يىگىتنىڭ كىيىملىرىنى نەمدىمەكتە ، يىگىت بولسا كۈچلۈك قوللىرى بىلەن قىزنىڭ مۈرىسىدىن ئاستا تۇتۇپ ، ئۆزىگە تارتىپ قويۇش بىلەنلا چەكلەندى.

كەچقۇرۇن پەرىخە ئابلا باينىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا يەنە پەيدا بولدى . زەيتۇنە ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشمەكچى بولۇپ خۇشال چىقتى. لېكىن ، پەرىخەنىڭ قاپىقى تۈرۈلگەن ، تولۇق ھەرىبىچە كىيىنگەن چىرايلىق بەدىنى غالىلداپ تىترەيتتى !

— بىلىپ قويۇڭ ، مەن ئىككى قات ، بۇ بالا نۇرنىڭ ! — دېدى ئۇ جەڭ ئېلان قىلغاندەك جىددىيلىك بىلەن ، — بۇ ئۇنىڭ ئىككىنچى بالىسى !

— يالغان ، بۇ بالىنىڭ دادىسى سۇلايمانوف !

— سىز بۇنى ئىسپاتلىيالمايسىز !

— ئىسپاتلىيالايمەن . نۇرى كۆڭلى چۈشمىگەن قىز بىلەن ھەرگىز ئۇنداق ئىش قىلمايدۇ !

— ئەرلەرنىڭ كۆڭلى غالجىرلىقنى باسالمايدۇ !

— بۇ گەپنى سۇلايمانوفقا دەڭ !

— سىز بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشىمەن . بۇ سوقۇش ماناس دەرياسى بويىدىكىدەك توختاپ قالمايدۇ جۇمۇڭ !

زەيتۇنە يەنە دەرۋازىنى قاتتىق يېپىپ ھويلىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ ئۆيىگە كىرىپلا جۇمھۇرىيەت رەئىسى ئىشخانىسىغا تېلېفون بەردى . نۇرى ئېلىخان تۆرەم بىلەن قورغاسقا كەتكەن بولۇپ چىقتى . ئۇ يەنە بىر كېچىنى باش - ئۇچى يوق خىيال ۋە كۆز يېشى بىلەن ئۆتكۈزدى .

## 53

كوچىلار سېرىق يوپۇرماقلار بىلەن تولغان ، دەريالار غەمكىن ، ئاستا - شاۋقۇنسىز ئاقماقتا ، باغلار نامرات بالىلىرىدەك يالىڭاچلانغان ، غۇلجا ئاسمىنىدا ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرقى

يادناملىرى : ئاچچىق شامال ، سىم - سىم يامغۇر ماھارەت كۆرسەتمەكتە . ئۇ — شامال بىلەن يامغۇر ئامرات ئۆيلىرىنىڭ پاخاللار بىلەن چۈمكەلگەن ئۆگزىلىرىنىمۇ ، بايلارنىڭ قورۇلىرىنىڭ قاڭالتىر ئۆگزىلىرى ۋە دېرىزە قاپقىلىرىنىمۇ چېكىپ - سىلكىپ ئادەملەرگە كېلىۋاتقان يېڭى پەسىل — قىش پەسلىنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزمەكتە . قىش پەسلىدە جاھان نېمە بولاركىن؟ بۇ سوئال ھەممە غۇلجا خەلقىنىڭ سوئالىغا ئايلانغان ، بۇلتۇرقى قىشنى «ھۇررا» سادالىرى ، مىلتىق ، پىلىموت ، مىناميوت ئاۋازلىرى ۋە جەڭ قىزغىنلىقى بىلەن ئۆتكۈزگەن غۇلجا خەلقى جاھان ئۆزگىرىشى ۋە غەلىبە شادلىقىغا كۆنۈپ قالغانىدى . گويا ئۇلارنىڭ بۇ جىمجىتلىققا ئىچى پۇشۇۋاتقاندەك ، ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ماناس دەريا بويلىرىدىكى ئاكوپلىرىدا جىم يېتىشىدىن نارازى بولۇشۇۋاتقاندەك ، بىر - بىرى بىلەن پاراڭلاشقاندا :

— قانداق ھۆي ، نېمە خەۋەر بار؟ — دەپ سورىشاتتى .

— گېزىت كۆرگەنسەن؟

— ئالا قويمايلا كۆرىمەن ، ھېچبىر يېڭى خەۋەر يوققۇ !

مۇشۇ 1945 - يىلى 10 - ئۆكتەبىردە تىنچلىق سۆھبىتىگە قاتنىشىدىغان شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى رەخىمجان سابىر ھاجى ، ئوبۇلخەيرى تۆرە ۋە ئەخمەتجان قاسىملار غۇلجا شەھىرىدىن ماشىنا بىلەن يولغا چىقتى . ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ، يۇرت كاتتىلىرى ئۇلارنى دۇئا ۋە تەنتەنە بىلەن ئۇزاتتى . ماشىنا ئىككى كۈن يول مېڭىپ 12 - ئۆكتەبىر ئەتىگەن سائەت ئونلار بىلەن ماناس دەرياسى بويىدىكى چېگرىغا يېتىپ باردى . ئۇ يەردىن يولغا چىقىپ ئاتلىنىپ يەنە ئىككى سائەت ماڭغاندىن كېيىن ئۇرۇمچى تەرەپتىن كۈتۈۋالغىلى كەلگەنلەر بىلەن ئۇچراشتى ۋە ماشىنا بىلەن سائەت ئالتە يېرىمدا ئۇرۇمچىگە يېتىپ باردى . سائەت يەتتىدە سوۋېت كونسۇلخانىسىغا كىرىپ كۆرۈنۈش قىلدى ۋە يېرىم سائەتتىن كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي

بىناسىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئۇلار 13 - ئۆكتەبىردە گومىنداڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تاشقى ئىشلارغا مەسئۇل ئالاھىدە ۋەكىلى ليۇ زېرۇڭ بىلەن كۆرۈشۈپ سۆھبەتلەشتى. ليۇ زېرۇڭ:

— ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى. ھازىر جۇڭگو تىنچلىققا موھتاج! — دېۋىدى، ئەخمەتجان قاسىمى:

— تىنچلىقنى خالىغاچقا بىز بۇ يەرگە سۆھبەتلەشكىلى كەلدۇق! — دېدى.

مانا بۇلار شۇ كۈنكى «ئازاد شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىنىڭ ئەڭ يېڭى خەۋىرى. بۇ ئاددىي خەۋەر غۇلجا شەھىرىدە ئىغىزدىن - ئىغىزغا كۆچۈپ، ئەخمەتجان قاسىمى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىگە سەۋەب بولدى. ھازىرغىچە ھەربىي ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى دېگەن نام بىلەن ھەربىي مۇلازىمەت، ئارقا سەپ خىزمەتلىرى بىلەنلا شۇغۇللىنىپ، ئەسكەر ئېلىش، ئاشلىق، كىيىم - كېچەك، قورال - ياراغ ئوخشاش ئىشلار بىلەن ئالدىراش يۈرىدىغان ئادەمنىڭ سىياسىي، دىپلوماتىيە سەھنىسىدە پەيدا بولۇشى ئادەملەرگە يېڭىلىق بىلىندى.

— ئەخمەتجاننى ستالىن ئۆزى ئەۋەتكەنىكەن!

— ئەخمەتجان موسكۋادا ئوقۇپ، لېنىن بىلەن كۆرۈشكەنىكەن!

— ستالىن بىلەن ھەركۈنى تېلېفوندا سۆزلىشىپ تۇرىدىكەن!

ئەخمەتجان قاسىمى مۇشۇ يىل، مۇشۇ ئۆكتەبىردە بەش كىشىلىك ئالىي ھەربىي كومىتېت قۇرۇلۇپ، شۇ بەش كىشىنىڭ بىرى بولۇپ بەلگىلەنگەندە، يەنە شۇنداق غۇلغۇلا بولغانىدى:

— ئېلىخان تۆرەم ھەممە ئىشنى ئەخمەتجاننىڭ ئەقلى بىلەن قىلغۇدەك!

— ئەخمەتجان ئەپەندىم دۇنيادىكى ھەممە تىلنى بىلگۇدەك. قىرائەت قىلسا داموللا رازىيوف، ئابلا دامولالامولالارمۇ ھەيران قالغۇدەك. ماقالىلەرنى ئورۇسچە يازغۇدەك، ئۇستا مەرگەن،

قالتىس شوپۇركەن !

غۇلجا شەھىرىنىڭ شىمالىدىن كېلىپ جەنۇبقا — ئىلى دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان تاغ سۈيى ئەتراپىنى ساي بويى دېيىشىدۇ. شۇ ساي بويىنىڭ غەربىدىكى مەھەللىدە ئۈچ ئېغىزلىق (بىرى تاختايلىق، ئىككىسى خىش) كۆتۈرۈپ سېلىنغان ئۆيى بار ھويلىدىن تاڭ سەھەردە پۈتىغا ئۆتۈك، ئۈچىسىغا گىمناستوركا كىيىپ، بېلىنى تاسما پوتا بىلەن چىڭ باغلاپ، تەربىيە كۆرگەن كونا ئەسكەرلەردەك چەبدەس ماڭىدىغان ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت چىقىدۇ - دە، سايدىن ئەپكەش بىلەن ئۆيىگە سۇ توشۇيدۇ، ئىشىك ئالدى، ھويلىلىرىغا سۇ چاچىدۇ، ئاندىن كېيىن ئالدىراپ چاي ئىچىدۇ - دە، ئالىي ھەربىي كومىسسىيە جايلاشقان چوڭ باغ قورۇغا ماڭىدۇ. ئۇ تولىمۇ ئالدىراش، خۇشخۇي، سىلىق سۆزلۈك يىگىت بولغاچقا، ھەممىلا ئادەم ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ، ئەھۋاللىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ. مانا شۇ قارا بۇرۇت، بۇغداي ئۆڭلۈك يىگىت كىشىلەر مەدھىيىلەۋاتقان ئەخمەتجان قاسىمى ئىدى.

يۇرت كاتتىلىرى: ھېكىمبەگ غوجام، مۇتائالى خەلپىتىم، ئابدۇرۇپ مەخسۇم، سالىجانباي، ئەنۋەر موساباييوفلار ئوردا مەھەللىدىكى ھېكىمبەگ غوجامنىڭ ئۆيىدە جەم بولۇپ قېلىشتى. ناماز خۇپتەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇشلىرى ئۆزلۈكىدىنلا باشلىنىپ كەتتى. ساز، ناخشا، چاقچاقلارمۇ بولدى. لېكىن ئۇ كۈنى ھەممىلا ئادەم ئۇرۇمچىدىكى سۆھبەتنىڭ باشلانغانلىقى، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ھەدېگەندىلا ئوتتۇرىغا چىققانلىقى، گومىنداڭنىڭ مەقسىتى، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئۇرۇشقا تەقەززا بولۇۋاتقانلىقى، غېنى باتۇرنىڭ مەست بولسىلا ھەممىنى تىللايدىغانلىقى، ئېلىخان تۆرەمنىڭ ئاشكارىدىن - ئاشكارىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كېلىشىمگە زورلىغانلىقىغا نارازى گەپلەرنى قىلىپ يۈرگەنلىكى، ئالتايدىن ئوسمان باتۇرنىڭ ئادەملىرى كەلگەنلىكى، ئاقسۇدىن چېكىنىشتە زىياننىڭ چوڭ بولغانلىقى، ئاباسوفنىڭ

يېقىندا سۆزلىگەن سۆزىگە ئوخشاش چوڭ ـ چوڭ گەپلەر ئۈستىدە سۆھبەت ۋە تالاش ـ تارتىشلار بولدى . ئاخىر ھېكىمبەگ غوجام روزى تەمبۇرگە قاراپ :

— مۇقام ئېيتساڭلارا ، باش ئاغرىتىدىغان گەپلەر كۆپىيىپ كەتتىغۇ ! — دېگەندىن كېيىنلا كۆپچىلىك جىمىشتى .

غۇلجا شەھىرىدە ئۆكتەبىر گۈزەللىكىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى تېرەكلىك كوچىلاردا ياشلارنىڭ جۈپ ـ جۈپ ، توپ ـ توپ بولۇپ سەيلە قىلىشلىرى ، كوچىلارنىڭ ئىككى چېتى سۈزۈك سۇلۇق ئېرىقلار ۋە ئاسمان ـ پەلەك سۇۋادان تېرەكلەر بىلەن كۆزگە تاشلىنىدۇ . كەچقۇرۇن باشلىنىدىغان شەرق شامىلى ، جەنۇبتىكى دىلمۇك تېغى بىلەن شىمالدىكى ئالاتاغ قارلىق چوققىلىرىنىڭ ئاي يۇرۇقىدىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرۇشى بۇ يەرنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى . بۇ شەھەردە كۈز پەسلى گۈزەللىكى كامالەت تاپقان . بۇ شەھەر ئازادلىق ، ئەركىنلىك ، مىللىي باراۋەرلىك ئۈچۈن قوزغالغان بۈيۈك ئىنقىلابنىڭ بۆشۈكى . بۇ شەھەرلىكلەر شۇ نام بىلەن پەخىرلىنىدۇ . ھازىر بۇ شەھەر ئۈچۈن بولۇۋاتقان كۈرەش درامىسىنىڭ بىرىنچى پەردىسى ئېچىلغان . بۇ درامىنى مىليون خەلق كۆرمەكتە .

ھەممىلا ئادەم «ئۈرۈمچىدە نېمىلەر بولۇۋاتىدىكىن ؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب ئىزدىمەكتە .

غۇلجا يۇرت كاتتىلىرىنىڭ ئولتۇرۇشىدا بۇ قېتىم ئادەملەر ناخشا ـ ساز بىلەن چاقچاققا قىزىقمىدى . غوجام ئەسكەرتكەن بولسىمۇ ، يەنىلا ناخشا ئارىلىقىدا بىر ـ بىرىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاشتى . مۇتائالى خەلپەم غوجامنىڭ قۇلىقىغا : «گومىنداڭ دېگىنى يەنە قايتىپ كېلىدىغان ئوخشىمامدۇ . ستالىن بىلەن جياڭ كەيشى دوستلاشقانمىش . ‹ئون ماددىلىق ئۆكتەبىر كېلىشىمى› دېگەن توختامغا ماۋ زېدۇڭ بىلەن جياڭ كەيشى قول قويۇپتەك . ھېچنەدە سوقۇش بولمىغۇدەك . ماناس بويىدىكى ئورۇس ئەسكەر باشلىقلار ، ئورۇس قوراللىرى تۈگەل قايتۇرۇلغۇدەك !...»

دېۋىدى ، غوجام تەرىنى تۇرۇپ :

— كىمدىن ئاڭلىدىڭىز بۇنچە چوڭ گەپلەرنى ، لەۋەي ؟ — دەپ سورىدى . خەلپەم ھەزرەت كۆلۈپ قويۇپ :

— ھەممىسى ئىشەنچلىك گەپلەر . ھېلىقى ئورۇستىن كەلگەن داموللىنىڭ قولىقى ئۆزۈن ، ھەرقانداق جايدا بولۇنغان گەپ ، بولغان ئىشلارنى شۇ كۆنىلا بىلىۋالىدۇ ! — دېدى .

ئولتۇرۇش زادىلا قىزىمىدى . غوجاممۇ ئەسنەشكە باشلىدى .

— ئەخمەتجان ئەپەندى ئورۇسنىڭ ئادىمى ئەمەستۇر - ھە ، غوجام ؟

— ناسىر كېسىكچىنىڭ ئاكىسى نادىر تەمبۇرنىڭ ئوغلىغۇ ، ئۆز تارانچىمىز .

— ئۇغۇ شۇنداق ، نادىر تەمبۇر مۇنۇ روزۇكاملارنىڭ يېقىنى بولىدىغان ، ئوغۇل بالىچىلىقى بار ئادەم ئىدى ، راستمۇ ، جانى ھوي ؟

— شۇنداق بولماي ، ۋاھ ! — دېدى سېمىز ، ئۇنى جاراڭلىق ئادەم دەرھاللا ، — شۇنىڭ ئۈچۈن قاشقالىقلار ئۇر - ئۇر قىلىپ ئۆلتۇرۇۋەتتى - دە ، رەھمىتىنى . ئەخمەتجان بىزنىڭ رەخىمجان بىلەن ئوبۇلخەيرى تۆرىلەرنى قايرىپ قويۇپ ئالدىغا چىققان ئوخشايدۇغۇ ؟

— ئۇ قايرىپ قويمىدى ، ئۇ ئىككىسى ئۇنى ئالدىغا ئىتتىرىپ چىقاردى - دە ! گومىنداڭنىڭ ھېلىقى جاڭ جىجۇڭ دېگەن كاتتىسى تولا زۇۋاندار نېمە دەيدۇ . ئەخمەتجاندەك موسكۋا كۆرگەن ئوغۇل بالا تەڭ كەلمىسە ، رەخىمجان ، ئوبۇلخەيرى تۆرىلەر ئۇنىڭغا گەپ تېپىپ بېرەلمەيدۇ - دە !

— ئەخمەتجان ئۇلارنىڭ زۇۋانىنىمۇ بىلىدۇغۇ دەيمەن !

— ئۇنىڭ بىلمەيدىغىنى يوق . بىز خەقتىن بىر چىقىپ قالدىغۇ ئۇ بالا . تېتىيدۇ ، جاڭ جىجۇڭ دېگىنى توگۇل ، جىياڭ كەيشى كەلسىمۇ تېتىيدۇ ، بىزنىڭ ئەخمەتجان !

— سوقۇشساق بولاتتى !

www.uyghurkitap.com

شىڭشىڭشياغا بارالماي يېرىم يولدا توختاپ قالغىنىمىز ئەلەم قىلدى ـ دە ، ئورۇسنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي ھەرزا توۋلاپ ئۇرۇمچىگە مېڭىۋەرگەن بولساق ، بۇ چاغقىچە گومىنداڭ دېگەننىڭ ئىككى پۇتىنى بىر ئۆتۈككە تىقىپ قوياتتۇق .

— مۇشۇ غېنى باتۇرنى ئەۋەتمەي يامان قىلدى زادى . بۇ بارغان بولسا توختا دېگەننىمۇ توختىمايتتى . ئەسكەر باشلىقلار ئۇڭكەيلا ئورۇس . ئىسھاقبېك دېگەنمۇ ئورۇسنىڭ سىزىقىدىن چىقمايدۇ ـ دە !

— بىزنىڭ زۇنۇن تېيىپچۇ ؟

— ئۇمۇ غېنىدەك تۈرگۈن ئەمەس ـ دە . غوجام ، سىز بىلىسىزغۇ دەيمەن ، باش قوماندانلىققا نېمىشقا بىزنىڭ خەقنى قويمىدى ، زادى ؟

— بىز خەقتىن ئەسكەر ، سوقۇشنىڭ تىلىنى بىلىدىغان كىم بار دەيسىلەر . كەتمەن تۇتۇپ ، سويلا تۇتۇپ ، قەلەم تۇتۇپ چوڭ بولغان خەلق مىلتىقنىڭ زۇۋانىنى بىلمەيمىز ـ دە . شېڭ دۇبەننىڭ زامانىسىغا كېلىپ ئاز ـ تولا ئەسكەر بوپتۇمىز بىز خەق . ياڭ ، جىن دېگەنلەر بىز خەققە نەدە مىلتىق تۇتقۇزغان ، لەۋەي ، مىلتىقنىڭ تىلىنى بىلمەيدىغان ئادەم باش قوماندانلىق قىلالامدۇ ؟

— غېنى باتۇر قالتىس مەرگەن ، كېيىكنىڭ كۆزىگە ئات دېسە دەل تەگكۈزەلەيدۇ !

— گىرىلىك قىلمىساڭچۇ ، غوجامنىڭ دەۋاقىنى ئەسكىرى بىلىم !

— شۇ ، شۇ ـ شۇ !

— غېنى باتۇر بىلمەسما ؟

— نەدىن بىلسۇن ، ئېلىپنى تاياق دەيدىغان قارىتۇرۇك تۇرسا غېنى باتۇر .

— گومىنداڭ قايتىپ كەلسە بىز خەقنى قىرىۋېتىدۇ ـ دە !

— رەسىگە قاچىمىز شۇ !

— يەتتىنسۇغا كۆچكەندەكما ، خەلپەم ھەزرىتىم ، كۆچ ـ كۆچ

قاچان بولۇۋىدا ؟

— كۆچ ـ كۆچكە بۇ يىل ئاتمىش تۆت يىل بولدى . مەن چوڭلا بالىدىم . ھەممىسى يادىمدا ، غۇلجا چۆللىشىپ بوران ئۇچۇپلا قالغان... خۇدايىم ساقلىسۇن ئۇ كۈنلەرگە قېلىشتىن . 1881 ـ يىلدىن 1884 ـ يىلىغىچە كۆچمەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن :

كۆچ ـ كۆچ دېسە بىلمەيدۇ ، كۆچۈپ كۆرمىگەن ئەللەر ،
قاچانمۇ ئۇنتۇلۇپ كېتەر توغۇلۇپ ئۆيىنىغان يەرلەر...

— پاھ ، پاھ ، ئۇنتۇلامدىغان . غۇلجا دېگەن ئاجايىپ يەر ـ دە :

چىن سۆزۈم : چىن ئۆلكىسىدە ئىلى ياخشى جاي ئىرۇر ،
دېھقانا ، چارۋىچىلىقتا ئىلى ياخشى باي ئىرۇر .
قوينى كەڭ ، تۇپراغى مۇنبەت ، تۆت تەرەپ تاغ ئارىسى ،
شارقىراپ كەۋسەر ئاقادۇر ، ھەر تەرەپ كەڭ ساي ئىرۇر .

مـۇتائالى خەلپىتىم شېئىر ئوقۇپ بولۇپ چىرايلىق ، چوڭ ئاپئاق ساقىلىنى سىيپىدى ۋە لۆڭگە بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتتى . غوجام بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ :

— ئـاجـايـىـپ يەر بۇ راست . ياراتقان ئىگىسى ئامانچىلىق بەرسۇن ، يېرىمىزگە كۆز تەگمىسۇن ! گومىنداڭ يەنە بۇ يەرگە قەدەم باسماس ! — دېدى .

— قـىـرىـلـىـپ تۈگەيمىزكى ، كىرگۈزمەيمىز غوجام . بىر ئوغلۇم غۇلجا سوقۇشىدا شېھىت بولدى . ئىككىسى ئالدىنقى سەپتە قـورالنى دۈشمەنگە تەڭلەپ تۇرۇۋاتىدۇ . يەنە ئۈچ ئوغلۇم بار . ئۆزۈممۇ ھېچبولمىسا ھۆررا ۋارقىراشقا يارايمەن . ئاخىرقى بىر تامچە قېنىمىز قالغۇچە سوقۇش قىلىپ بۇ يېرىمىزنى قوغدايمىز ! كاتتىلارنىڭ ئولتۇرۇشى ناخشا ـ چاقچاقسىز ، مۇلاھىزە ۋە

پىكىرلىشىش بىلەن ئاخىرلاشتى .

ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئاقسۇدىكى چېكىنىشتە تارتقان جاپا بولغان زىيانلاردىن ئازابلاندى . ئۇ ئۇچەدەرۋازىدىكى ئۆيىدە ئۆكتەبىر كېچىلىرىنى خىيال ، كىتاب ئوقۇش ، پىلان تۈزۈش بىلەن ئۆتكۈزەتتى . بايىلا ئۇنىڭ سەيپىدىن ئەزىزى ، ئەنۋەر خانبابا ، ئابدۇللا زاكىروف ، مەمتىمىن ئىمىنوف ، ئىرىكچى ، بۇقارا ئىسىملىك ئاغىنىلىرى ئۇزاق ئولتۇرۇپ قايتىپ كېتىشتى . ئۇ ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى قۇرۇشنى پىلانلىماقتا ئىدى . ئۇ يۇرت كاتتىلىرى — دىنىي زاتلاردىنمۇ ، غېنى باتۇردەك قارام كۈچلەردىنمۇ ئۈمىد ئۈزگەن . ئۇ ئۈرۈمچىدە ئوقۇپ يۈرگىنىدە ، كېيىن ساۋەندە مۇئەللىم بولۇپ يۈرگىنىدە خەنزۇ تىل - يېزىقىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەنىدى . ئۇ ماۋ زېدۇڭنىڭ «يېڭى دېموكراتىزم توغرىسىدا» دېگەن كىتابىنى نەچچە قېتىم ئوقۇپ چىقتى . شۇ كىتابتىكى چۈشەنچىلىرىگە ئاساسەن ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ بەش باب ، ئەللىك تۆت ماددىلىق نىزامنامىسىنى يېزىشقا باشلىدى . ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشقان يىگىتلەر يۇرت كاتتىلىرى ، ھۆكۈمەت رەئىسلىرىنىڭ ئىشلىرى ۋە قاراشلىرىدىن نارازى ئىدى . ئۇلارنىڭ مەقسەت - مۇددىئالىرىمۇ چوڭلار بىلەن ئوخشاش ئەمەس ئىدى . بۇ بىر توپ ياشلار سۆز ۋە تەشۋىقاتلىرىدا ئەمگەكچى خەلق ، ماركسىزم - لېنىنىزم دېگەن ئاتالغۇلارنى ئىشلىتەتتى . ئۇلار بىر يەردە بولسىلا چۇڭچىڭدا بولۇۋاتقان گومىنداڭ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت - كېلىشىملەر ، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى يېڭى سۈركىلىشلەر ، ياۋروپادا پەيدا بولغان خەلقئارا سىياسىي ئۈستۈنلۈكلەر ۋە ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ كاتتىۋاشلىرى — جۇ شاۋلياڭ ، ۋۇ جۇڭشىنلەر توغرىسىدا سۆزلىشەتتى . يېقىندا «ئازاد شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىدە ئابباسوفنىڭ «ئىنقىلابچىلار ئىنقىلابقا قانداق پوزىتسىيە

تۇتۇشى كېرەك» ، «قانداق قىلغاندا ئازادلىق ئۇرۇشتا ئۇستۇنلۇكنى قولغا كەلتۇرگىلى بولىدۇ» دېگەن تېمىلاردىكى ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ، بۇ ياشلار بىلەن بىر قىسىم ھۆكۇمەت كاتتىۋاشلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ تېخىمۇ ئاشكارىلاندى...

... تۈن ، غۇلجا گۈزەللىكىنى نامايان قىلىدىغان ئۆكتەبىر تۈنلىرى ئايدىڭ ۋە بەزىدە يامغۇرلۇق .

ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ قويۇق تېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرغان ھويلىسىدا كېچىچە چىراغ ئۆچمىدى . ئۇ مەشۇقى ياڭ فىڭيىنىڭ ۋەسىيەتنامىسىدىكى : «... سىلەرنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن قولنى - قولغا تۇتۇشۇپ ، ئاسىيا زېمىنىدا يەنە بىر قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن سۆزىنى قايتا - قايتا ئوقۇدى . كۆز ئالدىغا غۇلجىدىكى جەڭلەر ، ئاقسۇ يېڭىشەھەرگە قىلىنغان ھۇجۇمدا ئەسىرگە چۈشكەنلەرنىڭ سېپىلغا ئېسىلغان باشلىرى ، ئۇلار ئاقسۇدىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن گومىنداڭ قىسىملىرى «ئىلى ئوغرىلىرى بىلەن ئالاقىسى بار» دەپ ئۆلتۇرۇۋەتكەن بىگۇناھ خەلق ، ئۈچتۇرپاندا ۋەھشىي دۈشمەننىڭ قولىدا ئۆلتۇرۇلگەن ئارتۇق ، سىيىت ئىسىملىك ئىنىلىرىنىڭ چىرايلىرى ، شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە ئۆلتۈرۈلگەن دادىسى ھاشىم ئاقساقالنىڭ مېھرىبان چېھرىسى ، يەنە ئىنقىلاب يولىدا ئۆلگەن يېقىنلىرىنىڭ چىرايلىرى بىرمۇبىر كۆز ئالدىدىن ئۆتتى . ئۇنىڭ ئائىلىسىدىنلا تۆت ئادەم دۈشمەن قولىدا ئۆلگەنىدى . بايىلا گىمنازىيىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى سادىروف ئۇنىڭكىدە ئولتۇرۇپ كەتتى . سادىروف :

— ماركسىزم - لېنىنىزم ئۇستۇنلۇككە چىقالمىسا ئىنقىلاب قىلغاننىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولىدۇ؟ — دېدى . ئابباسوف ئۆزىدىن ئۈچ - تۆت ياش چوڭ ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا تەربىيىلەنگەن بۇ مۇئەللىمگە :

— خاتىرجەم بولۇڭ، بىز ماركسىزم - لېنىنىزمنى چوقۇم غەلىبىگە ئېرىشتۈرەلەيمىز! — دەپ جاۋاب بەردى. لېكىن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھۆكۈمەت، ئارمىيە ھوقۇقلىرىنى تۇتۇۋالغان ئۆزىنى قوللىمايدىغان زور بىر كۈچ بار ئىدى. ئۇلار بىلەن بولغان ئېلىشىشمۇ گومىنداڭ بىلەن بولغان ئېلىشىشقا ئوخشاش جاپالىق ئىدى. ئاباسوف بۇ ئېلىشىشتىمۇ قۇربان بېرىش بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ قويدى. ھايات دېمەك، ئېلىشىش، قۇربان بېرىش، يوقىتىش، ئېرىشىش دېمەك. قايسىبىر ئىنقىلابچى ئېرىشىش ئۈچۈن قۇربان بەرمىگەن. لىن جىلۇ دائىم ماۋ زېدۇڭنىڭ ئايالى ياڭ كەيخۈي ۋە بالىلىرى توغرىسىدا ھېكايە سۆزلەيتتى. ئابدۇكېرىم تارىخنى بىلىدىغان داڭلىق ئىنقىلابچىلاردىن قايسىبىرى قۇربان بەرمىگەن؟

ئۇ ماركسنىڭ ئېغىر - جاپالىق تۇرمۇش يولىنى، لېنىننىڭ ئاكىسىنىڭ قۇربان بولۇشى، ئۆزىنىڭ سەرگەردانلىق - سۈرگۈنلۈك ھاياتى، ستالىننىڭ تۈرمىگە كىرىشلىرى، سۈرگۈن بولۇشلىرى، سوۋېت ھاكىمىيىتىنى قۇرۇشتا قۇربان بولغان سانسىز بولشېۋىكلار، يىگىرمە بەش مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەردە، جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسىدە قۇربان بولغان سانسىز كوممۇنىستلار، ئاقسۇ تۈرمىسىدە ئېتىلغان ل. مۇتەللىپ باشلىق «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى»نىڭ يىگىرمە سەككىز نەپەر ئەزاسى، يەنە شىخو، جىڭ سوقۇشىدا قۇربان بولغان نەچچە يۈزلىگەن تونۇش ۋە ناتونۇش ئەزىمەتلەرنى ئەسلىدى. ئۇ ئاخىر:

— جاندىن كەچمەي جانانغا يەتكىلى بولمايدۇ! — دېدى - دە، يېزىق ئۈستىلىگە يەنە ئولتۇردى...

مىزگان چېلىندى، بۇ ئېلىخان تۆرەمنىڭ بامداتقا ماڭغانلىقىنىڭ بەلگىسى. ۋېجىك، كىچىككىنە ساقىلى بار ھۆكۈمەت رەئىسى سۆزلەشكە ئامراق. ئۇ بەزىدە كالاسكىدا، بەزىدە ماشىنىدا مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ مۇھاپىزىتى بىلەن شەھەر ئىچى مەھەللىسىدىكى مەدرىسە مەسچىتىگە نامازغا كېلىدۇ.



www.uyghurkitap.com

نامازدىن كېيىن ئۇ قۇببىگە چىقىپ، بەزىدە مەسچىت ھويلىسىدا كۆپچىلىككە نۇتۇق سۆزلەيدۇ.

— شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ جېنى «ئىسلام» دېگەن بىر سۆزدە، — دەيدۇ ئۇ دائىم، — رەسۇلىللا، چاھارىيالار شۇ بىر سۆز ئۈچۈن بىزنى قوللىماقتا. ۋەھالەنكى، دىنداشلاردىن چىققان مۇناپىقلار قوللىرىغا قىزىل بوياق ئېلىپ يۈرمەكتە. ئۇلار ھەممىنى بويىۋېتىش كويىدا. ئۇلار گومىنداڭغا ئوخشاشلا دۈشمەن!

ئۇنىڭ سىرلىق، مەنىسى يوشۇرۇن سۆزلىرىنى چۈشىنىدىغانلار كۆپ ئەمەس. نۇرغۇن خەلقلەر ئۇ كىشى نېمىلا دېسە «ھەق» دېيىشىدۇ. ئۇنى قۇرئان كەرىم، ھەدىس سۆزلىدى دەپ قارىشىدۇ. رەئىس جۇمھۇر ھازىر ئۈرۈمچىدىكى كېلىشىم، شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ مەيدانى ۋە يېتىدىغان مەقسىتى توغرىسىدا سۆزلەيدىغان بولۇۋالدى. ئۇ كىملەرگىدۇر ھۇجۇم قىلاتتى، لېكىن كۆپچىلىك قارشى تەرەپنى ئاڭقىرالمايتتى. ئۇ بىر يوشۇرۇن كۈچنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىپىرلايتتى. لېكىن، كۆپچىلىك جۇمھۇرىيەت رەئىسىنىڭ تىل قىسىنچىلىقى نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلمەيتتى. ئۇ ئادەم خەلققە نۇرغۇن ياخشى ئاڭلىنىدىغان ئىشلارنى ۋەدە قىلدى، لېكىن ئۇ ئىشلار نېمىشقا ھازىرغىچە سايە كۆرسەتمەيۋاتقىنىغا ھەيران بولۇشاتتى. تۆرەم ئالدىراش ئىدى، كۆپ ماڭاتتى، قېرىلارغا خاس ئەستايىدىللىق بىلەن جىق سۆزلەيتتى، لېكىن تۇرمۇش يەنىلا بۇرۇنقىدەك بىر ئېقىمدا ماڭماقتا. يەنىلا بايلار تېخىمۇ بېيىش كويىدا، نامراتلار قورساق، ئۈچىسىنىڭ غېمىدە ئىدى. تۇغۇلغان باللارغا «غېنى» دېگەن ئىسىم شۇنچىلىك جىق قويۇلدى. لېكىن، «چىن تۆمۈر باتۇر»دەك خىسلەتلىك بىر بالا تېخى پەيدا بولمىدى. سىياسەتچىلەر ھەر خىل قۇتۇپتا مېڭىشماقتا. لېكىن، ھايات يەنىلا بىر قېلىپتا. نەچچە مىليون ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىمۇ ئاخىرلاشتى، لېكىن ھەقىقەتنىڭ

غەلىبىسى تېخىچە تازا روشەن بولمايۋاتىدۇ. جاھان سىياسەتچىلىرى ئاغزىدىن چىرايلىق گەپلەرنى چۈشۈرمەيدۇ، لېكىن قىلىۋاتقان ئىشلىرى سۆزلىرىنىڭ تەتۈرى...

ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئېلىخان تۆرەم توغرىسىدا ئويلاشتى، غالىب سىياسەتچىلەر توغرىسىدا ئويلاشقا كۆچتى. 13 - ئۆكتەبىر «10 - ئۆكتەبىر تىنچلىق كېلىشىمى» ئېلان قىلىندى. يەنئەندە چىقىدىغان «ئازادلىق» گېزىتى، چۇڭچىڭدا چىقىدىغان «داگۇڭباۋ»، «جۇڭياڭ رىباۋ» گېزىتلىرى ئۇزاققا سوزۇلغان بەيگىدەك قىرىق ئۈچ كۈن داۋام قىلغان سۆھبەتنىڭ كاتتا غەلىبىسىنى پۈتۈن دۇنياغا ئېلان قىلدى: «تىنچلىق، دېموكراتىيە، ئىتتىپاقلىق، بىرلىك كىمگە زۆرۈر ئەمەس ئىكەن؟» دېگەن سۆزلەر باش ماقالىلەرنىڭ ماۋزۇلىرىغا ئايلاندى. 11 - ئۆكتەبىردە ماۋ زېدۇڭ يەنئەنگە قايتىپ كەلدى. جۇ ئېنلەي بىلەن ۋاڭ روفېي گومىنداڭ ۋەكىللىرى جاڭ چۈن، ۋاڭ شىجيې، شاۋ لىزىلار بىلەن يەنە داۋاملىق سۆھبەتلەشمەكتە. ئۇلار چۇڭچىڭ شەھرىنىڭ جۇڭسى كوچىسى دېئەنلى 103 - نومۇرلۇق قورۇدا سىياسىي كېڭەش يىغىنىنىڭ تەشكىللىنىش مەسىلىسىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ مۇزاكىرە ئېلىپ بارماقتا. ئاق كۆڭۈل خەلقلەر ئەمدى جۇڭگودا مەڭگۈلۈك تىنچلىق ئەمەلگە ئاشىدىغان بولدى، دەپ ئويلاشماقتا. لېكىن، جياڭ جيېشى نەق شۇ «10 - ئۆكتەبىر تىنچلىق كېلىشىمى» ئېلان قىلىنغان 13 - ئۆكتەبىر كۈنى ئۆز قوشۇنىغا تۆۋەندىكى بۇيرۇقنى تارقاتتى: «... ئىگىلىشىمىزچە، ياپونغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلىپ، ياپونىيە تەسلىم بولۇپ ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش پۇرسىتى يېتىپ كەلگەن بىر پەيتتە، باندىتلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شەھەرلەرگە كىرىۋېلىپ، قاتناش ھەمدە بىرلىككە كېلىشكە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، يەر بۆلۈۋېلىپ بازا ئىگىلەش كويىدا بولماقتا. باندىتلارنى تېز تازىلىماسلىق، سەككىز يىللىق ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ مېۋىلىرىدىن ئايرىلىپلا قالماي، مۆلچەرلىگۈسىز چوڭ زىيانغا

يولۇقىمىز ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇمىدى يوققا چىقىدۇ . ئۇ چاغدا بىز خەلققە قايسى يۈز بىلەن قارىيالايمىز ؟ ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ ياپونغا قارشى كۆرەشتە كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىگە خەلقنىڭ رەھمىتى چوڭ . باندىتلارنى يوقىتىش خەلق بەختىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش . ياپونغا قارشى كۆرەش قىلغان روھ بىلەن باندىت تازىلاش نىزامىغا ئەمەل قىلىپ ، باندىتلارنى تازىلاش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىڭلار ، تۆھپىكارلار دۆلەت مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ ، قاچقۇنلار ، دەخلى يەتكۈزگەنلەر قانۇنىي جازاغا تارتىلىدۇ . باندىتلارنى تازىلاشقا ئاتلانغان قىسىملاردىكى ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەرنىڭ ۋاقىپ بولۇشىنى سورايمەن ! »

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئۈچ كىشىلىك ۋەكىلىمۇ ھازىر ئاشۇ يۈزسىز گومىنداڭ بىلەن سۆھبەتلەشمەكتە . گومىنداڭ ھەربىي ئىشلار كومىتېتى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقى گېنېرال جاڭ جىجۇڭمۇ جياڭ جيېشىغا بەرگەن مەسلىھەتىدە ، شۇ يەردىكى مىللەتلەرگە ئەمەلىي ھوقۇق بېرىش ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا مايىل سىياسەت قوللىنىش دېگەن ئىككى نۇقتىنى تەكىتلىدى . گېپى چىرايلىق ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىلى ئىنقىلابچىلىرىنى تازىلاش توغرىسىدا بەرگەن يەنە قانداق مەخپىي يوليورۇقلىرى بار ، بۇنى كىم بىلسۇن !

ئۇلارنىڭ ئەۋەتكەن ۋەكىللىرىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا مايىل ئادەملەركىنا ! مەسىلەن ، «سەنمىنجۇيى» نەزەرىيىچىسى لياڭ خەنساۋ ، شىنجاڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدىغان پېڭ جاۋشيەن ، جياڭ جىڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا بىللە ئوقۇغان چۇ ۋۇ ، خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىنىڭ دەسلەپكى قارارلىرىدا ئوقۇغان ئىنگلىزچە كاتىپ جاڭ جىڭيۇ ، خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى بىرىنچى قارارىدا ئوقۇغان ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن دىڭ ۋېنيى ، جۇڭتۇڭ خادىمى ۋاڭ زېڭشەن ، ھەربىي كومىتېت سىياسىي كاتىبات باشقارما باشلىقى ليۇ مېڭچۈن ، جۇڭتۇڭ خادىمى ، ئىنگلىزچە تاشقى ئىشلار كاتىپى تۇڭ شىگاڭ ، مەسلىھەتچى جاڭ

www.uyghurkitap.com

لىجون ، كاتىپ يۈ جەنياڭ... بۇ ئادەملەرنىڭ ئەھۋاللىرى ئابباسوفقا بەش قولدەك ئايان !

ئابباسوفنىڭ نەزىرىدە بىرلا ئەخمەتجان قاسىمى سىياسەتچى. رەخىمجان سابىر ھاجىيوف بىلەن ئۇبۇلخەيرى تۆرىلەر ئەخمەتجاننىڭ ئاغزىغا قاراشتىن باشقا يارىمايدۇ ، دەپ قارايدۇ ئۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەكىللەر بۇ يەردىن مېڭىشتا ، نۇرغۇن كونكرېت ئىشلاردا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ كۆزقاراشلىرى بىرلىككە كەلمىدى . مۇھىمى : شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن گومىنداڭنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىش ، بۇ يەردە خەلق سۆيىدىغان دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇش مەسىلىسى ئىدى . ھاكىمىيەت مەسىلىسىدە بۇ يەردە ئىختىلاپ چوڭ . تاشقى موڭغۇلىيىدەك سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىش كۆپچىلىكنىڭ ئارزۇسى ئىدى ، لېكىن بۇ تەلەپكە موسكۋا جاۋاب بەرمىدى . «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشنى ئارزۇ قىلغۇچىلار سىياسىي ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغىنى بىلەن ، ئۇنى قوللىمايدىغان كۈچ ئارزۇ قىلىدىغان كۈچتىن تولىمۇ ئۈستۈن ئىدى . «جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش» تەشەببۇسىمۇ بار ئىدى ، لېكىن بۇ بىر چۈشىنىكسىز ئۇقۇم ئىدى . «ھالەتنى ساقلاپ قېلىش» مەقسەت بولسا ، گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى قوراللىق ئىنقىلاب قىلىشنىڭ ھاجىتى نېمىتى ؟ قىزىل 91 - رايون دېگەن چۈشەنچە ئابباسوفقا ياقاتتى ، لېكىن «قىزىل» بولۇشنىڭ شەرتى بۇ يەردە يوق . بۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك قىلغۇچى ئورگىنى بولۇش كېرەك ئىدى . ھازىر بۇ يەردە پارتىيە قۇرۇش ، پارتىيىگە كىرىش ئىشلىرىغا موسكۋا چەك قويماقتا . بۇنىڭ سەۋەبى ئابباسوفقا چۈشىنىكسىز...

يۇقىرىقى چوڭ مەسىلىلەردە بىرلىككە كەلگەن كۆزقاراش تېخى مەيدانغا كەلمىگەنىدى . ئابباسوفنىڭ نۇرغۇن تەشەببۇسلىرى چەكلىمىگە ئۇچرىماقتا ئىدى . بولۇپمۇ ، بۇلتۇر خەنزۇ قىزغا

باسقۇنچىلىق قىلغان ئىككى ئەسكەرنى جازالاش ئىشىدا ئۇنى ئەيىبلىگۈچىلەر تولىمۇ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتى. ئۇنى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىدىن قالدۇرغاننىڭ ئۈستىگە، ئۇنى «خىتاينىڭ ئىشپىيونى»، «گومىنداڭپەرەس» دېگۈچىلەرمۇ بولدى. ئۇ ھۆكۈمەت يىغىنىدا: «بىزنىڭ كۈرىشىمىز ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئېزىلگەن مىللەتلەرنى ئازاد قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ... ناۋادا بىرى بىزنىڭ كۈرىشىمىزنى مۇسۇلمانلارنىڭ خىتايغا قارشى كۈرىشى دەپ شەرھلەيدىكەن، مەن ئۇنىڭغا قارشى تۇرىمەن، ئىشلەتكىلى بولىدىغان بارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىمەن!» دەپ ئۆز مەيدانىنى ئېلان قىلدى. ئۇنى قوللىغۇچىلارنىڭ كۈچى بىلەن خەنزۇ پۇقرالارنىڭ مال - مۈلكىنى، ھاياتىنى قوغداش توغرىسىدا ھۆكۈمەت قارارمۇ چىقاردى. لېكىن، ئىختىلاپ ھەل بولمىدى. ئىلى سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ياڭ چۇنلىنىنى ئابباسوف ئۆيىگە ئەكېلىۋېلىپ قوغدىدى. بۇ كاتتا باينىڭ قىزى ياڭ فىڭيى ئۈرۈمچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا، دەۋرنىڭ ئىلغار تەشەببۇسى بولغان كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن ئابباسوف بىلەن دوست، كېيىن ئاشىق - مەشۇق بولۇشقان. ئىلغار پىكىرلىك قىز ياڭ فىڭيى بىگۇناھ خەنزۇلارنى رەھىمسىز ئۆلتۈرۈش پاجىئەسىگە چىدىيالماي ئۆزىنى ئېتىۋالغان. ئۇ ياڭ فىڭيى توغرىسىدىكى خاتىرە ئازابلىرىدىن تېخى قۇتۇلغىنى يوق، «ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى» قۇرۇش، ساۋەنگە سۇرگۈن قىلىنىپ، كېيىن غۇلجىغا كەلگەندىن كېيىن ئوقۇتقۇچى ياڭ فىڭيى بىلەن قايتا ئۇچرىشىپ، دائىم بىللە سۆزلىشىش، سەيلە قىلىش، پىكىرلىشىش، ئاخىرىدا بىر - بىرىنى كۆرمىسە چىدىيالمايدىغان ھالەتتىكى ئاشىق - مەشۇقلاردىن بولۇپ قېلىش ئۇنىڭغا نۇرغۇن شېرىن خاتىرىلەرنى قالدۇرغان. قىزنىڭ چىرايلىق جامالى، سىلىق - خۇشخۇي، مېھرىبان مۇئامىلىسى، ئەركىلەشلىرى، قۇچاقلاشلىرى... ئۇنىڭ خىيالىدىن

زادىلا كەتمىدى . ئۇنىڭ خورلۇققا چىدىماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغىنىغا مانا ھازىر سەككىز ئايغا يېقىن ۋاقىت بولدى . ئابدۇكېرىم — يىگىرمە تۆت ياشلىق قىران يىگىت نەدە يۈرسۇن بۇ قىزنى بىر كۈنمۇ ئەسلىمەي يۈرەلمىدى . مەيلى ئاقسۇدا جەڭ مەيدانلىرىدا بولسۇن ، قارلىق چوققىلاردا تەبىئەت بىلەن ئېلىشقان چاغلىرىدا بولسۇن ، ئۇ گۈزەل ، غايىلىك ، مېھرىبان خەنزۇ قىزنىڭ ئوبرازىنى كۆز ئالدىدىن نېرى قىلالمىدى ، ئۇنىڭ ھەممىلا جايدا ئاۋازىنى ئاڭلىدى ، ھارارىتىنى سەزدى ۋە يالقۇنلۇق مۇھەببىتىنى يۈرىكىدە ساقلىدى…

تۈن ، ئايدىڭ كېچە ، ئۇ ئۇچەرۋازا ئىككىنچى كوچىنىڭ ئاغزىدىكى قىبلىگە قارىغان دەرۋازىسىدىن ئىككى قاسىنىقى بوك تېرەكلىك كوچىغا چىقتى . كوچا جىمجىت ، ھاۋا ئوچۇق ، شەرقتىن ئاچچىق كۈز شامىلى ئۇرۇپ تۇراتتى . ئۇنىڭ قويۇق ، قاپقارا چاچلىرى كۆزىگە چۈشتى . چىرايلىق كۆزلىرى خۇمارلاشتى ، ئۇ خىيال بىلەن ئۇچەرۋازا چوڭ كوچىسىغا چىقتى . كوچا جىمجىت ، قويۇق تېرەكلەر سايىلىرى بىلەن بېزەلگەن ، ئىككى چەتتىكى ئېرىقلاردا ئېقىۋاتقان سۇلار شىلدىرلىشاتتى . سۇلار گويا بىر ئۆزۈن ھېكايىنى سۆزلەۋاتقاندەك ، بۇ ھېكايە ياڭ فىڭيى بىلەن ئابدۇكېرىم توغرىسىدىكى ئاشىق - مەشۇقلار داستانىدەك سىرلىق ۋە تەسىرلىك بىلىندى . ئۇ ئاسمانغا قارىدى : ئاسمان غۇچچىدە يۇلتۇزلار بىلەن تولغان ، ئاي غەربكە قىيسايغان ، ھەممە ياق خۇددى كۈندۈزدەك يورۇق ، گۈزەل ، سىرلىق ئىدى .

كوچىدىن دۈكۈرلىشىپ ، ئات ئويىنىتىپ ئاتلىق ئەسكەرلەر ئۆتتى . ئەسكەر باشلىقى كاپىتان فورمىسىدىكى يىگىت ئېتىنى توختىتىپ ئاباسوفقا چاس بەردى . شۇ چاغدا يولنىڭ جەنۇبىدىكى چوڭ قورۇدىن قاتتىق كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى . مودىغا ئايلانغان غولجا كۈلكىسى كېچە ئاسمىنىنى تىترەتتى ، تېرەكتىكى قاغىلار چۇچۇپ قاقىلداشتى .

— ياھ ، غەمسىز باتۇر ! — دېدى ئاباسوف غېنى باتۇرنىڭ

قورۇسىدىن چىققان بۇ كۆلكىنى ئاڭلاپ كۈلۈمسىرەپ، — كۇندىلا توي، كۇندىلا ناخشا ـ كۈلكە، باتۇرۇم، كۆرۈۋاتقان راھەت ـ پاراغىتىڭىز تارتقان جاپا ـ مۇشەققىتىڭىزدىن نۇرغۇن ئېشىپ كەتتى. ئىنقىلاب بىرنەچچە كىشىنىڭ راھەت ـ پاراغىتى ئۈچۈن ئەمەستىغۇ؟...

ئابدۇكېرىم ئاباسوف 1939 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە «شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىسى»غا ئەزا بولغىنىدىن تارتىپ، ھازىرغىچە ھايات راھىتىگە قول سوزمىدى. ھازىر ئۇنىڭغا راھەتنى ئۆيلاش نومۇسلۇق ھېسابلىنىدۇ، غۇلجا شەھىرىدە «ئازادلىق» تەشكىلاتىنى قۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ بېرىش، قورال ئەكېلىپ سويدۇڭ، قورغاس، غۇلجا شەھەرلىرىدە پارتىزان ئەترەتلىرىنى قۇرۇش، سوقۇش، يورۇش قىلىش، مەجلىسلەردە ئېلىشىش، قىيىن ئىشلاردا كىتابلاردىن جاۋاب ئىزدەش... ئۇ ئۆزىنى بىر قېتىممۇ ئويلىغىنى يوق، مەنسەپ ئىگىلەپ باي بولۇش، راھەت ـ پاراغەت ئۈچۈن ئاساس يارىتىش ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىپ باقمىدى. خەلققە زۇلۇم سېلىۋاتقان قارا كۈچلەر بىلەن ئېلىشىش، خەلقنى زۇلۇم ۋە خورلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۇنىڭ ھايات كەچۈرۈشىنىڭ مەزمۇنى، ئالىي غايىسى ۋە تۇرمۇشىنىڭ ئەھمىيىتى ھېسابلاندى. ئۇ خەلقنى دائىم ئويلايدىغانلار بىلەن دوستلاشتى، خەلقنى ئويلىمايدىغان، نەگىلا بارسا، نېمىلا ئىش قىلسا ئۆزىنىلا ئويلايدىغانلار بىلەن ئېلىشتى، شەخسىي پايدىسىنى كۆزلەپ ئىنقىلاب تەشەببۇسلىرىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەس بولۇۋالغانلار ھازىر ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئىچىدىمۇ، ئارمىيە ئىچىدىمۇ خېلىلا جىق. ئۇنداقلاردىن يۇقىرى مەنسەپ ئىگىلىگەنلىرىمۇ بار. لېكىن، ئۇنداقلارنى چەكلەيدىغان كۈچ تېخى ئۇستۇنلۇككە چىقالمىدى. ئۇنداقلار ھازىر غېنى باتۇرغا ئوخشاش خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە، ئەمەلىي كۈچى بار ئادەملەردىن ھەدەپ پايدىلانماقتا. غېنى باتۇر دۈشمەنلىرىگە ئۆچ، ئۇ ھايات ـ ماماتى بىلەن ھېسابلاشماي جەڭ قىلىپ، نىلقا، غۇلجا

ۋە بورتالا ئۇرۇشلىرىدا تۆھپە يارىتىپ خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. ياردار بولۇپ ئالمۇتىدا داۋالىنىپ، موسكۋادا سەيلە قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا سوۋېت ھۆكۈمىتى پىكاپ تەقدىم قىلدى. ئۇ ھازىر ئۆزىمۇ سەزمەستىنلا غۇلجىنىڭ ئەڭ چوڭ يەرلىك خانلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. خۇددى ئوسمان باتۇر ئۇچۇن ئالتاي پۈتۈن جاھان ھېسابلانغاندەك، غېنى باتۇر ئۇچۇن غۇلجا بىر خانلىق ھېسابلىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ گومىنداڭغا قارشى كۈرەشنىڭ قەھرىمانى، ھازىر ئۇنىڭ نەزىرىدە ھېچكىم ئۇنىڭدىن ئۈستۈن ئەمەس، ئۇ ھەممىگە قادىر، دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان، ئۇ بىر ئارقانسىز يايلاق ئايغىرى!

ئۇ ھازىر يەنە ھەر خىل كۈچلەرنىڭ قەھرىمانىغا ئايلانماقتا. ئېلىخان تۆرەمگە قارشى ھېكىمبەگ غوجام باشچىلىقىدىكى تارانچى ئەربابلىرىمۇ، «قاشقالىق»قا قارشى كۈچلەرمۇ ئۇنىڭدىن پايدىلانماقتا. «تارانچى مىللىتى» ئېقىمى يەنە ئەۋج ئالماقتا. شىڭ شىسەي، گومىنداڭ «تارانچى»لارنى شىنجاڭدىكى 14 ـ مىللەت ھېسابلىغان. ھۆكۈمەت داڭزىسىدا ئۇيغۇرلار ئۈچ مىليون نەچچە يۈز مىڭ، تارانچىلار توقسان ئالتە مىڭ دەپ ئېنىق يېزىلغان. بىرمۇنچە داڭلىق كىشىلەر «تارانچى مىللىتى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى پەيدا قىلغۇچىلاردۇر. ئۇلار ھۆكۈمەت بېشىدا تۇرۇشى كېرەك» دەپ ئاشكارا سۆزلىدى. ئېلىخان تۆرەم: «مەن سىز ئۇيغۇرلارغا ئىشلىمەكتىمەن. پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان ئازاد بولغان كۈنى تەختىمنى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمغا تاپشۇرىمەن!» دېسىمۇ ئۇنىڭغا ئارام يوق.

«جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسى مىللەت مەسىلىسى، دىپلوماتىيە مەسىلىسى دېگىنى خېلى ئورۇنلۇق، پاھ، سىياسەتچى بولماق نېمانچە تەس؟ بىر ياخشى كۆڭۈل ئادەمنىڭ ئۆز قەلبىنى خەلققە چۈشەندۈرمىكى تولىمۇ تەسكىنا!»

ئابباسوف خىيال سۈرۈپ چوڭ كوچىنىڭ چېتى بىلەن ئېرىق بويلاپ شەرققە ماڭدى (ئۇ غەربكە مېڭىپ غېنى باتۇرنىڭ ئادەملىرى



www.uyghurkitap.com

بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلدى ) ، ئالدىدا ساي بويى كۆۋرۈكىدىن ئۆتسە ھۆكۈمەت ئىشخانىسى ، ئالىي ھەربىي كومىتېت جايلاشقان چوڭ باغقا بارغىلى بولىدۇ . ئۇ يەردە ھازىر ئېلىخان تۆرەم بەلكى ئېتىكاپتا . ئۇ ئادەم نېمىلەرنى ئويلاپ ، نېمىلەرنى پىلانلاۋاتىدىكىن ، ئۇ ئادەمنىڭ ئابدۇكېرىم ئاببىاسوفقا سوغۇق مۇئامىلە قىلىشىنىڭ سەۋەبى زادى نېمىكىن ؟

مانا ئۇلۇغ قولدا چوڭ بىر قورۇ ، قاتار دۇكانلار تۇرۇپتۇ . بۇ قورۇنى ياساتقان نەزەرخان غوجامۇ ئاخىر سىياسەتنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتى . ئۇ كىشىمۇ بىر مەھەل ئاشۇ چوڭ باغدىكى قاڭالتىر ئۆگزىلىك ئۆيلەرنىڭ ھۆكۈمرانى بولغان ئەمەسمىدى . سىياسەت ئىنساننى تېز كۆتۈرىدۇ ، تېز ئۆرۈيدۇ . سىياسەتچى بولماق شۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ تەس ، تولىمۇ تەس !

دۇنياغا پاتماي قالغان ناپالېئوننى ئاخىرىدا سائىنت ھېلىنا ئارىلىغا ئاپىرىپ قويغانمۇ ، لېنىندەك ئۆمرى بىلەن ھېسابلاشمىغان ، راھەت ـ پاراغەتنى تامامەن ئۇنتۇغان ئىنسان ، ئەقىل ـ پەزىلىتىنىڭ جەۋھىرىنى ئۆزىگە ئوزۇق قىلغان ئۇلۇغ ئادەمنى ئەللىك تۆت يېشىدا بۇ دۇنيادىن مەڭگۈلۈك قول ئۈزۈشكە مەجبۇر قىلغانمۇ سىياسەت ! سىياسەت بىر خىل قىمارغا ئوخشايدىغان ، خېيىمخەتىرى كۆپ تەۋەككۈلچىلىك پائالىيەت . دۇنيادىكى ئۈچ كاتتىۋاش : ستالىن ، روزۋېلت ، چېرچىللارنىڭ ئۇچرىشىشلىرى ، سۆھبەتلىرى كۈلكە ـ تەبەسسۇم بىلەن بولغان ئېلىشىش . ماۋ زېدۇڭ بىلەن جياڭ جيېشىنىڭ چۇڭچىڭدىكى ئۇچرىشىشلىرىمۇ چىرايلىرىدا سەممىيلىك ياسالمىلىقى ، كۆڭۈللىرىدە غەزەپ ـ نەپرەت ئەسەبىيلىكى ئەۋجىگە چىققان قان تۆكۈلمەيدىغان ئېلىشىش . سىياسەتچىلەرنىڭ ھوجۇم ئوقلىرى ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن لېپىلار بىلەن بىر ـ بىرىگە سۇنۇلىدۇ . قارىماققا بىر ـ بىرىگە قىلىنغان مۇكاپات ـ ئىنئاملارنىڭ ئۆزى ، لېكىن بۇ لېپىلارنىڭ ئىچىگە بىر ـ بىرىنى گۆرگە ئىتتىرىدىغان كۆرۈنمەس تىغلار يوشۇرۇنغان . سىياسەتچى

بولماق سەھنە ئەسرى ئارتىسلىرىدىن بولۇپ ئۇخشىتىپ رول ئالماقتىن يۈز ھەسسە قىيىن . ئارتىسلارنىڭ ياسالمىلىقى كۆرگۈچىلەرگە ئايان ، لېكىن سىياسەتچىلەرنىڭ سىرلىق سۆز - ھەرىكىتى بەزىدە ئۆزىگىمۇ ئېنىق بىلىنمەي قالىدۇ . سىياسەتچى بولماق تىغ ئۈستىدە ماڭماق ، قاناتسىز ھاۋادا ئۇچماق دېگەن سۆز! شۇڭا ، سىياسەتچى ئازاب چەككۈچى ، ئازاب سىياسەتچىلەرنىڭ ، راھەت - پاراغەت ئۇلارنىڭ سايىسىدىكىلەرنىڭ . سايە تاشلايدىغان دەرەخ قۇرۇيدۇ ، سايىسى قۇرۇمايدۇ . لېنىن نېمە راھەت كۆردى؟ ئۇ سوتسىيالىزم بىر دۆلەتتە غەلىبە قىلىدۇ دېگەن نەزەرىيىنى يارىتىپ ، ماركسنىڭ كوممۇنىزم پۈتۈن دۇنيادا ئەمەلگە ئاشىدۇ دېگەن ھۆكۈمىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ لېنىنىزمنى ياراتتى . لېنىنىزم ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسەتتى ، ياۋروپادا سەككىز ، ئاسىيادا تۆت دۆلەتتە ئۇنىڭ نۇرى چاقنىماقتا . لېكىن بۇ ئۇلۇغ نەزەرىيىنىڭ ياراتقۇچىسى نېمە راھەت كۆردى؟ ئۇنىڭدىن مورگان ، روكفېللېرلاردەك بايلىق قالمىدى ياكى رۇسسىيىلىك ئۆۋانوفلاردەك قۇيرۇقى ئۈزۈلمەيدىغان ئەۋلاد قالمىدى . قالغىنى نەزەرىيە ، ئۇلۇغ سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتى بولدى شۇ . لېنىن بەلكى ھاياتىدا باشقىلاردىن ئەڭ كۆپ جاپا تارتقاندۇر ، ئۇ بەلكى راھەت - پاراغەتنە تولىمۇ نامراتتۇر ، لېكىن ئۇ ياراتقان روھىي بايلىق چەكسىز مول ، چەكسىز قۇدرەتلىك ! ئۇ قۇرغان بولشېۋىكلار پارتىيىسى چەكسىز قۇدرەتلىك ، مەڭگۈ غالىب ! چوقۇم لېنىنىنىڭ نامى بىلەن بىر پارتىيە قۇرۇش كېرەك . بۇنداق سىياسىي پارتىيە بولماي تۇرۇپ ، گومىنداڭنىڭ كۆك ئاسمان ، ئاق كۈن سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بايرىقىنى ، ئاي يۇلتۇزلۇق ئىسلام بايرىقىنى يوقىتىپ ، كوممۇنىزم بايرىقىنى شىنجاڭ ئاسمىنىدا جەۋلان قىلدۇرغىلى بولمايدۇ !...

ئۇ خىيال بىلەن ئۈچدەرۋازا كوچىسىدا ئۇزاق ماڭدى .

ئەتىگەنلىك چايدا ئۇ لو سۈشىن بىلەن بىللە بولدى . بۇ قىز ئابدۇكېرىم بىلەن ياڭ فىڭيى ئوتتۇرىسىدىكى ساپ مۇھەببەتنىڭ شاھىتى ، ئۇلار بىلەن پىكىرداش - سىرداش . ئۇ ياڭ فىڭيى بىلەن

يېقىن دوست ئىدى . ياڭ فىڭيىنىڭ ئۆلۈمى ئۇنىڭ قەلبىگىمۇ چوڭقۇر جاراھەت ئىزى قالدۇردى . ئابدۇكېرىمگە تەسەللى بېرىپ ، ئازابلىرىغا شېرىك بولالايدىغان بىر دىنىبىر ئادەممۇ مۇشۇ لۇ سۇشىن ئىدى . ئۇ ھەركۈنى دېگۈدەك ئابباسوفقا ھەمراھ بولاتتى ، ئابباسوف نازۇك ھېسسىيات ، شېرىن خىياللىرىنى ياڭ فىڭيىدەك چىرايلىق بولمىسىمۇ ، پىكرى چوڭقۇر ، بىلىمى خېلى كەڭ ، ئوچۇق - يورۇق ، خۇش پېئىل بۇ قىزغا ئېيتالايتتى .

— مېنىڭ خىيالىمنى كوممۇنىستىك پارتىيە قۇرۇش ئىستىكى ئىگىلىۋالدى ، — دېدى ئابدۇكېرىم خام سەيدىن چوكىسىدا ئېلىشىپ — شياۋلۇ ، سىز 1921 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شاڭخەيدە قۇرۇلغاندا تېخى تۇغۇلمىغان . مەن شۇ يىلى تۇغۇلغان . پارتىيە بىلەن يېشىم تەڭ . لېكىن ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تولىمۇ زور ، ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلدى : بىر مىليوندىن جىق قوراللىق كۈچ ، نەچچە مىليوندىن جىق ئەزا ، يۈز مىليوندىن جىق ئاھالىسى بار ئازاد رايونىغا ئىگە ئۇلۇغ كۈچكە ، ماۋ زېدۇڭدەك دانا داھىيغا ئىگە بولالىدى . مەن نېمە قىلالىدىم ؟ كىچىككىنە يەردە تېخىچە گومىنداڭنى يوقىتالمىدۇق . ئىلگىرى ماڭالمىدۇق ، ھەتتا ئاقسۇ ، تاشقورغانلاردا چېكىندۇق . بۇلارنىڭ ھەممىسى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ يېتەكچىلىكى بولمىغانلىقتىن بولدى . پارتىيە قۇرمىساق مەغلۇپ بولىمىز ، بۇ مۇقەررەر ! شۇنىڭ ئۈچۈن سىز پارتىيە قۇرۇش ، پارتىيە نىزامنامىسىگە دائىر ماتېرىياللاردىن كۆپرەك تاپسىڭىز ، بىز ئەستايىدىل ئۆگەنسەك دەيمەن ، قانداق دەيسىز ؟

— مەنمۇ شۇنداق ئارزۇدا . ياڭ فىڭيىنىڭ ئارزۇسىمۇ شۇ ئىدى . ئۈرۈمچىدە لى تەيىۇ ، يۇ جياڭچى ، لو جى ، چېن شىخۇالارمۇ پارتىيە قۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشىپتۇ . مەن 1944 - يىلى يازدا چىڭداۋغا بېرىپ تۇغقانلىرىمنى يوقلاپ قايتقاندا ئۇلار بىلەن كۆرۈشكەن . ئۇلاردىن يېقىندا خەۋەر كەلدى ،

ئۈرۈمچىدىكى خەنزۇ ئىنقىلابچىلارمۇ جىددىي ھەرىكەت قىلىشىۋېتىپتۇ !

— مەن ماۋ زېدۇڭ، جۇ ئېنلەي بىلەن كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىمەن . بىزنىڭ قۇرغان پارتىيىمىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىر ياچېيكىسى بولۇپ قالسا دەپ ئويلايمەن !

— ئارزۇيىمىز چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ . مەن سىزنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن قوللايمەن . ياڭ فېڭيىنىڭ ئورنىنى باسالمىساممۇ ، ئۇنىڭ ئارزۇلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشىمەن !

— شياۋلۇ ! — دېدى ئاباسوف قىزنىڭ قوللىرىنى ئىككى قولى بىلەن چىڭ تۇتۇپ ، — مېنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىم سىز بولۇپ قالدىڭىز ، سىزدىن يوشۇرىدىغان سىرىم يوق . مەن سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە تولىمۇ موھتاج !

قىز ئۇنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويدى . ئابدۇكېرىم ئۇنىڭ چاچلىرى يەلكىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان ، ئاق يۈزلۈك بېشىنى ئاستا ئۆز كۆكسىگە قويۇپ چاچلىرىنى سىلىدى .

ھۆكۈمەت بىناسىدا ئۇنىڭ ئىشخانىسى بار ، ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ تەشۋىقات ئىشلىرىغا مەسئۇل رەھبىرى . ئۇنىڭ ئىشخانىسى ئىلمىي بىلىم يۇرتى ، «ئازاد شەرقىي تۈركىستان» گېزىتى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىن ، ئۈرۈمچىدىن قېچىپ كەلگەن زىيالىيلارنىڭ توپلىنىدىغان جايىغا ئايلانغانىدى . بۇ زىيالىيلارنىڭ كۆپچىلىكى ياشلار ئىدى . ئاباسوف ياشلارنى تەشكىللەش ، بىر سىياسىي پارتىيىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇش ئۈچۈن «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» دېگەن نام بىلەن تەشكىلات قۇرۇش تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى . ئۆگىنىش ، ئىتتىپاقلىشىش ، ئالغا بېسىش بۇ تەشكىلاتنىڭ ئومۇمىي شوئارى ، ياشلار ھەر كۈنى كەچتە بىردە ئاباسوفنىڭ ئۆيىدە ، بىردە باشقىلارنىڭكىدە توپلىنىپ ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان كىتابلارنى ئوقۇپ مۇزاكىرە قىلىشىدىغان بولدى . بۇ يىغىلىشلارغا قاتنىشىدىغانلار تەشكىلاتنىڭ ئاباسوف تۈزۈپ چىققان ھېلىقى بەش باب ، ئەللىك تۆت ماددىلىق

نىزامنامىسىنى مۇزاكىرە قىلىشاتتى ، يىغىلىقلار ، بولۇپمۇ ئۇرۇمچىدە بولۇۋاتقان كېلىشىم توغرىسىدا ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇچۇر ئالماشتۇرۇپ ، مۇلاھىزە ئېلىپ باراتتى .
ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى ئابباسوفنىڭ ئۇچەرۋازىدىكى قورۇسى ئالدىدا نۇرى پەيدا بولدى .
— ھە ، نۇرمۇھەممەت زىياۋۇدۇنوف ، — دېدى ئابباسوف ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك ، ئېگىز ، قاملاشقان يىگىتنىڭ قاۋۇل قولىنى تۇتۇپ كۆرۈشۈپ ، — ئاقسۇدا چېغىمىزدا پەرىخە سەن توغرۇلۇق نۇرغۇن ياخشى گەپلەرنى قىلىپ بەردى ، سەن غېنىكام بىللە ئىنقىلابتا نۇرغۇن ئىش قىلدىڭ ، تۆھپەڭ چوڭ ، بولۇپمۇ جىگنى ئازاد قىلىش كۈرىشىدە تۆھپەڭ ناھايىتى چوڭ بولدى . سولايمانوف بىلەن بولغان ماجىرانىڭ سەۋەبلىرىنىمۇ ئەخمەتجان ئاكا ماڭا ئېيتقان . مەن سىنى بۇرۇندىنلا خېلى چۈشىنىمەن .
دىپلوماتلار «خېلى» دېگەن سۆزنى ئىنكار مەنىسىدىمۇ قوللىنىدۇ . «خېلى» ئاتالمىسىدىن نۇرى ئابباسوفنىڭ سوئاللىرىنى ھېس قىلدى : ئېلىخان تۆرەم كاتىپلىققا نېمىشقا نۇرىنى تاللىۋالدى ؟ تارانچى كاتىپۋاشلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاش ئۈچۈنمۇ ؟ ياكى ئۆزىگە قارشى كۈچلەرگە تاقابىل تۇرۇشتا نۇرىنىڭ كەڭ بىلىم ۋە پىكىرگە باي ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈنمۇ ؟ ياكى بۇ ئىشتا باشقا بىر تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان كۈچنىڭ قولى بارمۇ ؟...
بۇ سوئاللار نۇرىنىڭ گۇمان ۋە پەرەزلىرىدىن چىققان بولىسىمۇ ، ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە ئېھتىياتچانلىق مودىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتقان مۇشۇ شارائىتتا ، بۇ گۇمانلىرىنىڭ ئابباسوفنىڭ سوئاللىرىغا ئايلىنىپ قېلىشىنى چۈشەنگىلى بولاتتى .
— لېكىن ، مەن سىزنى خېلى چوڭقۇر چۈشىنىمەن ! — دېدى ئۇ پەلەمپەيدىن پېشايۋانغا كۆتۈرۈلۈۋېتىپ ، — سىز باشلىغان چوڭ ئىشتىنىمۇ خەۋەردارمەن ، سىزگە مايىل ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرۈش ،

خىزمىتىڭىزگە تەييار ئىكەنلىكىمنى ئېيتىپ قويۇش ئۈچۈن ئالدىڭىزغا كېلىشىم.

تۆت ئېغىزلىق تاختايلىق ئۆيىنىڭ كوچىغا قارىغان دېرىزىلىرىنىڭ قاپقىلىرى ھەم ئېتىلگەن. پۇتىغا ئۆتۈك، ئۇستىگە ماشرەڭ ھەربىيچە كىيىم كىيىپ بېلىگە ماۋزۇر ئاسقان ئاباسوف ھازىرلا سىرتتىن ئالدىراپ كىرگەندەك ئىدى. ئۇ نۇرىنى ئىچكىرىكى ئۆيگە باشلاپ كىردى. بېشىدىكى ئاي - يۇلتۇزلۇق كاكارى بار شەپكىسىنى دېرىزە تەكچىسىگە تاشلاپ قويدى، ئاندىن كىتاب ۋە قەغەزلەر بىلەن تولغان ئۈستەلنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇردى. نۇرى تامغا يۆلەكلىك ئورۇندۇققا ئولتۇردى - دە، گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئىشەنچتىن گۇمان ئۈستۈن بولۇۋاتىدۇ، ھەممىلا يەردە شۇنداق. بۇ بەلكى پاكىت ئەمەس، مېنىڭ گۇمانىمدۇر، راستتىنلا غەلىتە ئىشلار، سىرلىق ئادەملەر كۆپىيىپ قالدى.

— توغرا دېدىڭ، بىز ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى تۇرۇپ، ئەتە نېمە قىلىشىمىزنى ئۇچۇق بىلەلمەيمىز.

— كىشىلەر مەندىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بولۇۋالدى. بىلىمەن، بۇنىڭ ئىككى سەۋەبى بار: بىرى، رەئىس جۇمھۇرغا كاتىپ بولۇپ قالغىنىم، يەنە بىرى، ئابلا بايغا كۈيئوغۇل بولماقچى بولغىنىم. لېكىن، ھەر ئىككىلىسى مېنىڭ ئۆز خاھىشىم ئەمەس.

— نېمىشقا؟ بولۇپمۇ كېيىنكىسىدە ساڭا نېمە ئىش مەجبۇرىيەت بولۇپ قالدى؟

— مەن ئالدىنقى سەپتىن قايتىپ كېلىشنى زادىلا خالىمايمەن. بىز گىمنازىيىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن يەتتە يىگىت غالىبىيەت بايرىقىنى شىڭشىڭشىياغا قادىمىغۇچە قورال تاشلىمايمىز دەپ قەسەم ئىچىشكەن. يەتتىمىزدىن ھازىر ئۈچىمىز قالدۇق. ئىككىسى ئالدىنقى سەپتە، بىرلا مەن ئارقا سەپتە. قەسىمىگە ئەمەل قىلمىغان يىگىتنى بىز كېرەكسىز ھېسابلايمىز.

— شىڭشىڭشىياغا قانداق بايراق قاداشنىمۇ كېلىشكەن

بولغىيدىكەنلار ـ ھە ؟

— رەڭگى ، شەكلىنى ئويلاشمىغان . بىرلا تەرىپى بىزگە بەش قولدەك ئېنىق : بۇ بايراق خەلق بەختىنىڭ سىمۋولى بولالىشى كېرەك .

— يارايسەن ، بۇ گېپىڭ جايىدا بولدى . ھازىر دۇنيادا ھەقىقىي ئەمگەكچى خەلقنىڭ بەختىگە كاپالەتلىك قىلالايدىغان ئىلمىي نەزەرىيە ماركسىزم ـ لېنىنىزم بولۇپ قالدى . شۇ ئىلمىي نەزەرىيىنى ئۆزىگە ئاساس قىلغان سىياسىي پارتىيىلا خەلقنىڭ بەختىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ . بەخت تومتاق سۆز . ھەركىم ھەر خىل چۈشىنىدۇ . بىزگە لازىم بولغان بەختنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى ئېنىق : كىشىنى كىشى ئەزمەيدىغان ، مىللىي زۇلۇم يوقىتىلغان ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى پاراۋان ، كۆڭلى ئازادە بولغان جەمئىيەت . بۇ جەمئىيەتنىڭ ئىسمى سوتسىيالىزم ، كوممۇنىزم !

— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن .

— ئېلىخان تۆرەم ئاتىمىزچۇ ؟

— مەن ئۇ كىشىنىڭ سىياسىي تەشەببۇسلىرىنى دېگەندەك چۈشىنىپ كېتەلمىدىم .

ئۇلار سىياسەت ، جەمئىيەت ، دۇنيا ، جۇڭگو ۋە شىنجاڭ توغرىسىدا ئۇزاق سۆزلەشتى . ئاخىرىدا ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئىشلىرى توغرىسىدىمۇ پاراڭلاشتى .

— دوستلىرىڭ باينىڭ قىزىغا ئۆيلەنمەكچى بولدۇڭ دەپ ئۆزىنى سەندىن قاچۇرغان بولسا ، بۇ توغرا ئىش ئەمەس ، — دېدى ئاباسوف كۈلۈپ ، — خۇددى مېنى نېمىشقا خەنزۇ قىزىنى ياخشى كۆرىسەن ؟ دەپ سوئال سورىغاندەكلا بىر ئىش . ئابلا باينىڭ قىزى غايىلىك قىز . ياڭ فىڭيىمۇ باينىڭ قىزى ئىدى . ئېنگېلسىمۇ باي ئىدىغۇ ! بۇ بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ نادانلىقىدىن بولۇۋاتقان ئىش . بىرى بىرنەچچە خوتۇن ئېلىپ ئاياللارنى ئادەم قاتارىدا كۆرمىسە ، ئۇنىڭغا غەزەپلىنىدىغان ئادەم يوق . ئىككى ياش ئۆزلىرى خالاپ بىر ـ بىرنى ياخشى كۆرۈپ ، قانۇنلۇق ئەر ـ خوتۇن بولىمىز

دېسە ، ئۇنىڭغا قارشى چىقىدىغانلار كۆپ . بۇمۇ بىر خىل ئاسارەت ، پاچاقلىنىشقا تېگىشلىك ئاسارەت !

— ئىنسانىيەت تەلپۈنىدىغان ئەركىنلىكنىڭ مەزمۇنى كەڭ ، مەنىسى چوڭقۇر ، مىللىي زۇلۇم ، سىنىپىي زۇلۇم ، قالاق ئادەت كۈچلىرىنىڭ زۇلۇمى !

— دىنىي كۆزقاراشلار كەلتۈرۈپ چىقارغان ، ئادەتكە ئايلانغان ناچار ئادەتلەر ھەقىقەتەن بىر خىل زۇلۇم !

— شۇنداق . زۇلۇمنىڭ خىللىرى كۆپ ، ئەمما ھەممىسىدىن بىراقلا قۇتۇلغىلى بولمايدۇ ، بىز ئەڭ ئاۋۋال مىللىي زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشىمىز كېرەك !

— بۇ توغرا . لېكىن ، مىللىي زۇلۇمنى چۈشىنىشتە ھەم توغرا چۈشەنچە ، ھەم خاتا چۈشەنچىلەر مەۋجۇت . مىللىي زۇلۇم مەۋجۇت ، لېكىن بۇ زۇلۇم بىر مىللەتنىڭ يەنە بىر مىللەتنى ئېزىشى ئەمەس . گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى خەنزۇ خەلقى ئەمەس . بۇ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ئوخشاشلا خەنزۇلارنىمۇ ئەزدى ، ئۆلتۈردى ، قىيناپ ھالىدىن كەتكۈزدى . جياڭ جيېشىمۇ ، ماۋ زېدۇڭمۇ خەنزۇ ، نېمىشقا ئۇلار ئوت بىلەن سۇدەك ؟ سەۋەبى بىرلا : جياڭ جيېشى ھاكىمىيىتى خەلقنى ئېزىدۇ ، ماۋ زېدۇڭنىڭ پارتىيىسى خەلقنى قوغدايدۇ ، خەلققە ، بولۇپمۇ ئەمگەكچى خەلققە ئەركىنلىك ، ياخشى تۇرمۇش ، بەخت - سائادەت يارىتىمەن دەيدۇ ! ھەر ئىككىلىسى خەنزۇ ، لېكىن ئۇلار بىر - بىرىگە دۈشمەن . بىزنىڭ دۈشمىنىمىزمۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ، لېكىن ئىستىقلال ، غازات ئەھلى پۈتۈن خەنزۇ مىللىتىنى دۈشمەن ھېسابلاپ خاتا قىلدى . بىگۇناھ ئەمگەكچى خەنزۇلارنىمۇ ئۆلتۈردى . مىللىي ئۆچمەنلىك مەۋجۇت . لېكىن ئۇنىڭ مەنبەسى ، ئوق يىلتىزى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى . بۇ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت بىزدەكلەرگە ھوقۇق بەرمىدى ، ھەتتا ياشاش ھوقۇقىمۇ بەرمىدى . ھەممىلا يەردە خەنزۇ ئەمەلدارلار ئەمگەكچى خەلقنى شىلىپ يونۇدى ، ئەزدى ، خورلىدى . خەلقنىڭ قەلبىدە مىللىي

ئۆچمەنلىك ، مىللىي قارشىلىشىش كەيپىياتىنى پەيدا قىلدى !

— ئىنسان ئاۋۋال ئادەم ، ئاندىن كېيىن مىللەت !

— توغرا ، ناھايىتى توغرا . ئىنسان ئاۋۋال ئادەم ، ئاندىن كېيىن مىللەت ، سىنىپ ، ئىرق ! ئىنسانىيەت ئەركىنلىك ، دېموكراتىيە ۋە باياشات تۇرمۇشقا ئىنتىلىدۇ . بۇ ئىنتىلىش ھەممە مىللەتكە ئورتاق !...

...

— ئېلىخان تۆرەم سۆزلىسە بولاتتى . ئۇ كىشى خەلقنى قوزغىتىشتا دىنني بىلىمى ، ناتىقلىقىنى تولۇق ئىشقا سالغاندى . مانا ئەمدى خاتالىقلىرىمىزنى تۈزەشتىمۇ شۇ بىلىم ـ ناتىقلىقنى ئىشقا سېلىشى كېرەك . لېكىن ئۇ كىشى ھېلىھەم ئىستىقلال ، غازات تەشۋىقاتىنى توختاتماي سۆزلىمەكتە . خەلقىمىز قالاق ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش بىلەن بەختلىك بولالمايدۇ ، زۇلۇمدىن قۇتۇلالمايدۇ . قوقان خانلىقى ، خۇدايارخان پادىشاھلىقى ئەمگەكچى خەلقنى قانچىلىك ئەزدى ، ئۆلتۈردى ـ ھە؟ لېكىن ھازىر ئەمگەكچىلەر ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇۋىدى ، ئوتتۇرا ئاسىيادا زۇلۇم تۈگىدى ، خەلق بەختكە ئېرىشتى ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۈگۈنى بىزنىڭ ئەتىمىز !

ئۆيگە لۇي سۇشىن كىرمىگەن بولسا ئۇلار قانچىلىك پاراڭلىشاتتىكىن ، نېمىلەرنى دېيىشەتتىكىن؟

ئۇلار شۇنچىلىكلا سۆزلەشتى . لېكىن ، ئاباسوف نۇرىغا ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى توغرىسىدا ئېغىز ئاچمىدى . نۇرىمۇ سورىمىدى ، گەرچە ئۇنىڭ بىلىش ، ھەتتا قاتنىشىش ئارزۇسى بولسىمۇ .

ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇش دولقۇنى غۇلجا شەھىرىدە ، ناھىيىلەردە ئەۋجىگە چىقتى . خۇددى بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن ئەسكەر ـ پارتىزان بولۇش دولقۇنى پەيدا بولغاندەك ، ئۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇن ئوقۇش ـ بىلىم ئېلىش دولقۇنى پەيدا بولغاندەك... بۇ دولقۇن باھار كەلگۈنىگە ئوخشاش ھەيۋەتلىك ،

تـومـۇز كـۈنلىرىدەك هاراراەتلىك ، ئۆز قىممىتىنى بىلگەن ياش قىزدەك ھېسسىياتلىق دولقۇن ئىدى . ياشلار بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشقاندا :

— كىردىڭمۇ ؟ — دېگەن سۆزنى سالام ئورنىدا ئىشلىتەتتى . ياشــلار بۇ تەشكىلاتنىڭ يىغىنلىرىدا خەلقنى ئويلاش ، ئۆزىنىڭ ياشلىقىنى خەلق ئۈچۈن ئىشلەشكە بېغىشلاش ، ئۆزىنىلا ئويلاش پەسكەشلىك ، چاكىنىلىق ، خەلقى ئۈچۈن ياشاش ھەقىقىي ياشاش ، مەنىلىك ياشاش ، ياشاشتىكى مەقسەت خەلقى ئۈچۈن پايدىلىق ئىش قىلىش... دېگەندەك بۇرۇن ئاڭلاپ باقمىغان گەپلەرنى ئاڭلىدى . بۇ خىل يىغىنغا قىزلارمۇ قاتناشتى . بىر كۈنى شۇنداق بىر يىغىندا زەيتۇنە پەرىخە بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى . پەرىخە يىغىندا دېيىلگەن چىرايلىق گەپلەرنىڭ تەسىرىدىن ھاياجانلىنىپ ، دوستلىرى بىلەن خۇشال ھالدا چىقىپ كېتىۋاتاتتى . زەيتۇنەمۇ روھلانغانىدى . ئۇلار بىر ـ بىرىگە كۈلـۈپ قاراشـتى . لېكىـن ، ئىختىيـارسىز يەنە تۇتۇلدى .

— سىز ، باينىڭ قىزى ، — دېدى پەرىخە ھەربىيچە كىيىم بىـلەن غادىيىپ تۇرۇپ ، — ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ يىغىنىغا قانداق كىرىپ قالدىڭىز ؟

— مېنىڭمۇ خەلقىم ئۈچۈن پايدىلىق ئادەم بولۇش ھوقۇقۇم بار !

— بۇ يەرگىمۇ پۇلنىڭ كۈچى بىلەن كىردىڭىزمۇ ؟

— سىزمۇ قوراللىنىپ كىرگەن ئوخشىمامسىز ؟

ئىككى قىز بىر ـ بىرىگە ھازىرلا ئېتىلىدىغاندەك ، ئۆكسۈلى ئۆچـكـەن ، كـۆزلـىرىدىن نەپرەت ئۇچقۇنلىرى چاچرىغان ھالدا قـارىـشـىـپ تـىـك تۇرۇشاتتى . ئىككى قىزنىڭلا تەرەپدارلىرى ، قوللىغۇچىلىرى بار ئىدى :

— ھـېلىقى نۇرىنى سېتىۋالغان باي قىزىمۇ ئىنقىلابچىكەن تېخى !

— نۇرنى تاشلىۋەتكەن نوغايمۇ ئىنقىلابچى بولغاندىكەن !



www.uyghurkitap.com

— «ئىنقىلابچى» دېگەن سۆزنى بۇلغىۋېتىدىغان بولدى !
— يوقالسۇن مىشچانكىلار !
— يوقالسۇن پۇرسەتپەرەسلەر !
ئىككى تەرەپ هازىرلا پارتلايدىغان بومبىدەك ئۆز ئەقىدىلىرى ئەتراپىدا پىرىلداپ پىرقىرىدى . شۇ چاغدا سالماق بىر ئاۋاز بۇ بومبىلارنى ئېلىپ تاشلىدى :
— جېدەللەشمىسەڭلارا ! — دېدى سادىرووف — ئېگىز ، سالماقلىق يىگىت ئىچكىرىدىن چىقىپ ، — بىز باياتىن نېمىنى سۆزلىدۇق ، سىلەر نېمە قىلىۋاتىسىلەر ؟
سادىرووف بۇ تەشكىلاتنىڭ قورغۇچىلىرى ۋە رەهبەرلىرىدىن بىرى . شىڭ شىسەي هاكىمىيىتى تۇتماقچى بولغاندا ، خونخاي مازار ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتكەن ، ئۇ يەردە ئاز كۈن تەربىيە ئېلىپ ، قوراللىق ئىنقىلاب قىلىش ئۈچۈن ۋەتىنىگە كىرىش ئالدىدا ، ۋالىبول ئۇينايمەن دەپ پۇتىنى چىقىرىۋېلىپ كېچىكىپ كىرگەن بۇ گىمنازىيىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بىلىمى ، ئەخلاقى ۋە قابىلىيەت ، قىزغىنلىقى بىلەن ياشلار ئىچىدە يۇقىرى هۆرمەتكە ئىگە ئىدى . ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ياشلار جىمىپ قېلىشتى ۋە ئالدىرىشىپ سىرتقا مېڭىشتى .
غۇلجا شەهىرىنىڭ كۈز كېچىلىرى پەسىل قايغۇسىنىڭ هەممە تەرەپلىرىنى نامايان قىلماقتا : ئېرىقلار سېرىق يوپۇرماقلار بىلەن تولغان ، يازىچە توختىماي يالتىراپ ـ ئىرغاڭلاپ ، چۇرۇقلىشىپ هاياتنى كۈيلىگەن ياپراقلار هازىر دەسسەلمەكتە ، سۇپۇرۇلمەكتە ، كوچىلارغا چېچىلىپ شەهەر بېتىگە ماي بولۇشقان ئېرىق سۇلىرىمۇ قارايغان ، غەمكىن .
بۈگۈن هېلىقى تولۇن ئايمۇ يامانلاپ قالغان ، هاۋا تۇتۇلغان ، سىمىلداپ يامغۇر ياغماقتا ، كوچىلار جىمجىت ، ئادەمسىز . نەدىندۇر مەستلەرنىڭ ئاغىل ـ تاغىل ئۇيغۇرچە ، رۇسچە ئاۋازلىرى ئاڭلانماقتا . بايلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ دېرىزە قاپقىلىرى هىم ئېتىلگەن ، دەرۋازىلىرى قۇلۇپلانغان ، نامراتلارنىڭ هالى هەرقاچان

خاراب : قارىدۆك مەھەللىسىنىڭ شەھەرگە يېقىن چوڭ كوچىسىدىكى سارايغا ئاشلىق بېجى تۆكۈشكە كەلگەن دېھقان هارۋىلىرى لىق تولغان . بورا سېلىنغان ، سۇماي بىلەن يورۇيدىغان قارا چىراغ يېقىلغان ئۆيلەردە ، تاغارلىرىنى باشلىرىغا قويۇپ ئوڭدا يېتىشقان دېھقانلار ئاچچىق موخوركا ئىسلىرىنى ئىچىگە تارتىپ بەس - بەس بىلەن يۆتىلىشىپ يىل توغرىسىدا سۆزلەشمەكتە .

— تۈركىستان بولسا ھەممە خەق ياخشى بولۇپ كېتىدۇ دەۋاتاتتى ، كېيىنىمىز تىزىمىزدىن ئاشمىدا ، سەككىز خو بۇغداي دەنگە كەتتى ، ئورىدا ئالتە خو بۇغداي قالدى ، ئۇرۇقلۇقمۇ ، ئەتىيازدىن بۇغداي پىشقۇچە يەيدىغان ئاشلىقمۇ شۇ !

— سېنىڭغۇ نېمىلا بولمىسۇن باركەن . مېنىڭ ئىسسىق جېنىم قالدى . ئارا - گۇرجەكنى قۇچاقلاپلا قالدىم . ئەللىكبېشى تولا سۆيلەپ بوسۇغامنى تېشىۋەتتى . ئاچ قالسام تۈركىستان ھۆكۈمىتىمىز بولغاندىكىن دەپ ھەممە ئاشلىقنى ئەكىرىپ دەنگە تۆكتۈم ، يامىنى ، چاشقانلىرىم ئاچتىن ئۆلىدىغان بولدى - دە ، ھى - ھى - ھى !...

شادلىق ھەممە يەردە بار !

خەنزۇ بازىرىدا ئاشخانىلار ئالدىدا دۇم يېتىپ - دۇم قوپىدىغان يېتىمچىلارمۇ كۈلۈشمەكتە . ئۇلار باش - كۆزى قاسماق ، ئۇستۇۋېشى جۇل - جۇل ، قوتۇر ئىتلار بىلەن بىللە ئوتى ئۆچكەن ئوچاقلارغا قاقلىنىپ كۈلۈشمەكتە :

— قارا ، مۇنۇ خوتۇن سارالڭ بولغان بىلەن ئوينايدىكەن . ماڭا ئەمچىكىنى تەڭلىدى ھا - ھا - ھا !...

— پاھ ، كالىنىڭ يېلىنىدەك چوڭ - ھە ، ھى - ھى - ھى !...

— پىتلىرىڭ مېنى تالىغىلى تۇردى تۇراق ، ھايت دە !

— پىت سوقۇشتۇرامسەن ئېناق ؟ ھى - ھى - ھى... ھا - ھا - ھا !...

www.uyghurkitap.com

— هى ـ هى ـ هى... ئابلا باي هه ، گەپ قىلىڭ ، هۆكۈمەتكە نەچچە مىڭ سەر ئالتۇن بەردىم دېدىڭىزا؟

— ئابلا باي ، بەرگىنىڭىز قىرىقتىن بىرگە توشامدۇ زادى؟ ئۇنداق بولسا خۇدا رازى ، بەندە رازى ، هۆكۈمەتمۇ رازى...

— ئېلىخان تۆرەم تولا سۆزلەيدىغان بولۇۋالدى: قېرىلىق كېسىلىمۇيا ، دەردى كۆپمۇ؟

— هەر ئىككىلىسى بار . هۆكۈمەتنىڭ خەزىنىسى قۇرۇق . شۇنچە ئەسكەر يەپ ـ ئىچىپ بىكار ياتسا ، بىزغۇ يازنى يايلاقتا ، قوشلىرىمىزدا قىمىز ئىچىپ ، پاقلان يەپ ، ئويۇن ـ كۈلكە بىلەن ئۆتكۈزدۇق . بىچارە تۆرەم بىر كۈن ئارام ئالماي ئالدىراشچىلىقتا يازنى تۈگەتتى . مانا هازىر ئىش چاتاق : مەن تۈركىيىگە كېتىمەن ، شەرقىي تۈركىستان هۆكۈمىتى قۇرۇلدى دېسە خۇش بولۇپ كېتىپتۇق . سودىدا پايدا يوق ، هۆكۈمەت ئالىمەن دەپ قولىنى سوزۇپلا تۇرىدۇ . بەش يۈز تۇياق قوي بېرىپمۇ قۇتۇلالمىدىم ، يەنە جىقلا قەرز ۋەرەقى كەپتۇ .

— داد ئېيىتماي ناخشا ئاڭلايلىلا ، خۇپتەندىن يېنىپ هېكىمبەگ غوجاممۇ كېلىدۇ . قېنى ، زىكرى ئۇكام ، دۇتارىڭىزنى ئالسىڭىزا !

نېرىقى ئۆيدىن ياشلارنىڭ قىيقاس ـ چۇقانلىرى ئاڭلاندى :

— گوركىي ، گوركىي ! ها ـ ها ـ ها !...

تانسا ئوينايمىز ، تانسىغا چال گارمونىڭنى !

— گارمون دېگەن دۇتارنىڭ دۈشمىنى ، ياشلارمۇ ئابلا باينىڭ ئۆيىگە يىغىلغانىكەن ـ دە؟

— ئابدۇكېرىم ئابباسوف خىتاي قىزى بىلەن سۆيۈشۈۋاتامدۇ نېمە؟ گوركىي دېيىشكىلى تۇردىغۇ؟

— قىزىم ئابباسوفنى ، سادىروفنى ، يەنە بىرقانچە ياشلارنى چايغا چاقىرغانىكەن ، ئۇقۇشماي مەنمۇ چوڭلارنى تەكلىپ قىلىپ قويۇپتىمەن !

— خوتۇنلىرىچۇ ، ئابلا باي ، بايلارنىڭ خېنىملىرىنى

www.uyghurkitap.com

چاقىرماپتۇمۇ ؟ چوڭ باي دېگەنزە ، ئاغزىنىڭ يېلى ناھايىتى . چوڭ قورۇ ، يېگىرمە ئوتتۇز مالاي نېمىدىن قورقۇش !

ئادەملەر نېمىگە شادلانغىنىنى بىلىشمەيدۇ . گويا ئۇلار تۇغما خۇشالدەك . بۇ شەھەرنىڭ ھەممە ئادىمى كۈلۈۋاتقاندەك . تەبىئەت ، جەمئىيەت بۇ شەھەرگە ھومايغىنى بىلەن ، كىشىلەر قەلبى ھامان شادلىققا تولغان . گويا ئۆي بېسىپ دىۋاندىن تارتىپ ئەڭ چوڭ باي ، ئەڭ چوڭ ئەمەلدارلارغىچە خۇشال .

بىرلا نۇرنىڭ قاپىقى ئېچىلمىدى . ئۇ ئەتىگەن پەرىخە بىلەن كۆرۈشتى . قىز بۇرۇنقى پەرىخە ئەمەس . نۇرىغا سوغۇقلا مۇئامىلە قىلدى ، تۇزۇك قاپاق ئاچمىدى . نۇرى بۇ ھالنى سۇنئىي ، ئەتەي قىلىۋاتقان قىلىق دەپ چۈشەندى . ئۇ نۇرىنى بىزار قىلىش كويىغا مەقسەتلىك چۈشكەن . لېكىن بۇ قىلىقى ئۆچكەن ئوتنى چۇخچىلاپ ياندۇرىدىغان كۆسەي بولۇپ قالغىنىنى قىز بىلمىسە كېرەك .

نۇرى زەيتۇنەنىڭ كاتتا چېيىغا بارمىدى . قىز دەرۋازا ئالدىغا يۈز چىقىپ - يۈز كىردى ، ھازىرمۇ ئۇنىڭ ئەس - يادى شۇنىڭدا . لېكىن ، نۇرى خۇددى قىزنى ئۇنتۇپ قالغاندەك سىم كارىۋاتتا ئوڭدا يېتىپ ماناس دەرياسى بويىنى ، ئۈرۈمچىدىكى كېلىشىم ۋە كەلگۈسىنى ئويلىماقتا . ئاخىر ئالاقچى كىردى : «ئاببىاسوف سىزنى چاقىرىپتۇ !» دېدى ئۇ . ئۇ شۇ چاغدىلا زەيتۇنەنى ئېسىگە ئالدى .

## 54

پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ ، ھەتتا چۇڭچىڭدىكى جياڭ جيېشى ۋە ئۇنىڭ سىياسەتچىلىرىنىڭ كۆز - قۇلىقى ئۈرۈمچىدە . گېنېرال جاڭ جىجۇڭ مۇشۇ 1945 - يىلى 13 - سېنتەبىردە ئۈرۈمچىگە كېلىپ 14 - سېنتەبىردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مۇۋەققەت باش كونسۇلى يېۋسىيېف بىلەن ئۇچرىشىپ ، ئىلى تەرەپ بىلەن مۇرەسسەلىشىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقى ، بۇنىڭ

ئۈچۈن يېڭۈسىيېفنىڭ ياراشتۇرغۇچى بولۇپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن ، شىنجاڭدىكى گومىنداڭ كاتتىۋاشلىرى بىلەن ئۇچراشتى . ئۇ شىنجاڭنىڭ قولدىن كېتىش خەۋپىنى سەزدى . بۇ ئار - نومۇسنى دەۋرنىڭ بىر سىياسەتچىسى ھېسابلانغان ۋەتەنپەرۋەر بۇ ئادەم قوبۇل قىلالمىدى . ئۇ باشقا ھەرقانداق ۋاڭ - چۇڭنى قايرىپ قويۇپ ، شىنجاڭنى تۇتۇپ تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان كېلىشىم پەيدا قىلىشقا كىرىشتى . بۇنىڭ بىردىنبىر يولى سوۋېت ئىتتىپاقىغا مايىل سىياسەت قوللىنىش ، يەنى يول قويۇش سىياسىتى — ئامېرىكا ھۆكۈمىتى يولغا قويۇۋاتقان سوتسىيالىزم خەۋپىگە قارشى تۇرۇش سىياسىتىگە خىلاپ سىياسەت يۈرگۈزۈشكە مەجبۇر بولدى . بۇ خىل تەشەببۇسنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرى قاتلام سىياسەتچىلىرى ، ھەربىي كاتتىۋاشلىرى قاتتىق ئەيىبلەيتتى ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇراتتى . لېكىن ، جاڭ جىجۇڭنىڭ ئىزاھاتلىرىنى ئاڭلىغان جياڭ جيېشى ئۇنىڭغا قوشۇلدى ۋە :

— سىز شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا دۆلەتنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى . ھەممە ئىش سىزنىڭ خاھىشىڭىز بويىچە بولسۇن ! — دېدى .

— جياڭ جيېشى تۇمان بىلەن قاپلانغان تاغلىق شەھەر چۇڭچىڭدىكى ئىشخانىسىدا مېڭىپ يۈرۈپ كاتىپى چېن بۇلېيگە بۇيرۇق بەردى :

— بۇ يىل 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق شەرتنامىسى ۋە قوشۇمچە قارار ھۆججەتلەر پۈتۈن دۇنياغا ئېلان قىلىندى . دوستلۇق كېلىشىمىدە ئوچۇق قىلىپ : «… سوۋېت ھۆكۈمىتى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى قوللايدۇ ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىگە بولغان تولۇق ئىگىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ . بۇ ئۈچ ئۆلكىنىڭ تېررىتورىيە ، مەمۇرىي پۈتۈنلۈكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدۇ ، سوۋېت ئەسكەرلىرى

ياپونىيىنى مەغلۇپ قىلىپ ، ئۈچ ئايدىن كېيىن شەرقىي شىمالدىن تولۇق چېكىنىپ چىقىدۇ… » دەپ يېزىلغان . لېكىن ، ئورۇسلارغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ . قەغەزگە يېزىلغىنىغا تولۇق ئەمەل قىلمايدۇ . كوممۇنىستىك پارتىيىنى قوللىمايمەن دېگەن ، ئوغرىلىقچە قوللاۋاتىدۇ ، شىنجاڭدىمۇ شۇنداق قىلىدۇ . ئاستىرتىن قوللايدۇ . دىپلوماتىيىدە «جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق - ھەمكارلىق كېلىشىمى »نى سۆزلەش كېرەك . ئەمما ، ھەربىي تەييارلىق زادىلا بوشاشتۇرۇلمىسۇن !

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى پېتروۋ جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا «مېموراندۇم» تاپشۇردى . ئۇنىڭدا مۇنداق سۆزلەر بار : «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجا شەھىرىدىكى كونسۇلى سوۋېت ھۆكۈمىتىگە يوللىغان دوكلاتىدا دېيىلىشىچە : بىرنەچچە مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنى شىنجاڭ قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بىز دېيىشىپ ، كونسۇلىمىزغا رۇسلار ئارىغا چۈشۈپ جۇڭگو دائىرىلىرى بىلەن ئارىمىزدا يۈز بەرگەن توقۇنۇشنى مۇرەسسە قىلىشقا قاتنىشىپ بەرسە ئىكەن دېگۈدەك ھەمدە قوزغىلاڭچى خەلق ئەسلىدە جۇڭگودىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتمەكچى ئەمەس ، ئۇلارنىڭ مەقسىتى مۇسۇلمانلار شىنجاڭدا كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ ، غۇلجا ، تارباغاتاي ، ئالتاي ، قەشقەرگە ئوخشاش جايلارنى ئاپتونومىيىگە ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ ، دەپتۇ . مەزكۇر ۋەكىللەر يەنە ئۆتمۈشتە شىنجاڭ دائىرىلىرى ئۆزلىرىگە قىلغان خىلمۇخىل جەبىر - زۇلۇملىرىنى بايان قىپتۇ . سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ شىنجاڭ بىلەن چېگرىداش رايونلىرىنىڭ خاتىرجەملىكى ۋە تەرتىپىگە كۆڭۈل بۆلۈش ، ئەگەر جۇڭگو ھۆكۈمىتى خالىسا شىنجاڭدا پەيدا بولغان بۇ ۋەزىيەتنى مۇرەسسەگە كەلتۈرۈشكە قولايلىق بولۇشنى كۆزدە تۇتۇپ ، غۇلجا شەھىرىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلىمىزنى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە قولىدىن كەلگىنىچە ياردەملىشىشكە تەيىن قىلماقچىمىز… »

جياڭ جيېشى پېتروفتىن تولىمۇ رازى بولدۇ . ئۇ ئىلى ۋەقەسىدە ھۆكۈمەت تەرەپتە تۇرىمىز دەپتۇ . لېكىن ، جياڭ جيېشى يەنە خاتىرجەم ئەمەس . سەۋەبى ، سوۋېت ھۆكۈمىتى ھېچقاچان سۆزىگە ئەمەل قىلغان ئەمەس . جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى قوللىمايمىز دېدى ، لېكىن 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئارمىيىسىنىڭ سۈييۈەن ، رېخې ، لياۋنىڭ ھەربىي رايون 16 - شۆبىسىنىڭ قوماندانى زېڭ كېلىن ئىككى مىڭ ئەسكىرى بىلەن شېنياڭغا بارغاندا ، سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى بىرىنچى ، ئىككىنچى قېتىملاردا ئۇلارنى پويىزدىن چۈشۈرمىدى . ئۈچىنچى قېتىمدا چۈشۈشكە رۇخسەت قىلدى . ئۇلار يالتا كېلىشىمىگە ئاساسەن شۇنداق قىلدۇق ، دېدى . گېنېرال فافتون ھەدېگەندە قاتتىق بولدى ، لېكىن سوۋېت ۋەكىلى ۋىسبېك زېڭ كېلىن بىلەن يەنئەنگە بېرىپ جۇ دې بىلەن كۆرۈشكەندە ، ئاخىر لياۋنىڭ ، رېخې ئۆلكىلىرىدىكى كومپارتىيە بازىلىرىنى ستالىننىڭ مەخپىي نازارەت قىلىنسۇن دېگەن يوليورۇقى بويىچە كومپارتىيىگە بەردى . جياڭ جيېشى ستالىنغا ئىشەنمەيدۇ ، خۇددى ماۋ زېدۇڭ جياڭ جيېشىنىڭ چىرايلىق سۆزلىرىگە ئىشەنمىگەندەك .

جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى جياڭ جيېشىدىن يوليورۇق ئالغاندىن كېيىن ، سوۋېت ھۆكۈمىتىگە تۆۋەندىكىدەك جاۋاب قايتۇردى : «① شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا سوۋېت ھۆكۈمىتى ياردەملىشىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ . ھۆكۈمىتىمىز بۇنىڭغا ئالاھىدە تەشەككۈر ئېيتىدۇ ؛ ② چېگرا رايون خەلقى بەھرىمەن بولىدىغان شارائىتنى ياخشىلاش مەسىلىسى توغرىسىدا رەئىس جياڭ جيېشى : ھۆكۈمەت شىنجاڭ خەلقىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ ، دەپ بۇرۇنلا جاكارلىغانىدى . بۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ، ئۇلارنىڭ ھالىتىنى بۇنىڭدىن كېيىن ياخشىلاش مەقسىتىدە ھۆكۈمىتىمىز مىنىستىر جاڭ جىجۇڭنى شىنجاڭغا

ئەۋەتتى ؛ ③ ھۆكۈمىتىمىز بۇ ۋەقەنى كېڭىشىپ ھەل قىلىش ئۈچۈن ، ۋەقە چىقارغۇچىلار ئۆز ۋەكىللىرىنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ ، جاڭ بۇجاڭغا ئۆز پىكىرلىرىنى بايان قىلىشنى ئالاھىدە ئۈمىد قىلىدۇ . ھۆكۈمىتىمىز بەلگىلىگەن سىياسەتلەر بويىچە ، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنى سىياسىي جەھەتتە ئىچكىرىدىكى خەلقلەر بىلەن ئوخشاش تەمىناتتىن بەھرىمەن قىلىدۇ ؛ ④ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى كونسۇلى ياردەم قىلىشنى خالىسا ، ئۇلارغا ئۈرۈمچىگە كېلىپ جاڭ بۇجاڭ بىلەن ئۇچرىشىپ ، تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىش چارىلىرى ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى تەۋسىيە قىلىمىز . بۇ ۋەكىللەرنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىمىز ... »

گېنېرال جاڭ جىجۇڭ يۇقىرىقى يولىيورۇق ، كېلىشىملەرنى ئىنچىكىلەپ خىيالىدىن ئۆتكۈزدى . ئاساسىي روھىنى يادقا بىلىۋالدى . ئۇ تولىمۇ خاتىرجەم ۋە ئۈمىدۋار ئىدى . شۇڭا ئۇ بايىلا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كۈتكۈچىسى فاك كوجاڭ ۋە تەرجىمان خې گۇاڭكۇيلارنىڭ :

— «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» دېگەن خېتى بار ئىزناك تاقىغان ئۈچ كىشى بىزگە گۇۋاھنامىلىرىنى كۆرسەتتى . ئۇلار جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرىنىڭ باشلىقى بىلەن كۆرۈشىمىز ، دەيدۇ ، — دېگەن خەۋىرىگە :

— مەن سوۋېت كونسۇلى بىلەن سۆزلىشىپ ئاندىن كېيىن جاۋاب بېرەي ، — دېدى ئوڭايسىزلىنىپ .

ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مۇۋەققەت باش كونسۇلى يېۋسىيېفقا پېتروف تاپشۇرغان «مېموراندۇم»نىڭ مەزمۇنى بىلەن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ جاۋابىنىڭ مەزمۇنىنى ئۇقتۇردى ۋە :

— مەن پەقەت مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلى سالاھىيىتىم بىلەن ۋەقە تۇغدۇرغانلارنىڭ ۋەكىلىنىلا قوبۇل قىلالايمەن . «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ۋەكىلىنى قوبۇل

قىلالمايمەن ، — دېدى .

17 ـ ئۆكتەبىر جاڭ جىجوڭ غۇلجا تەرەپنىڭ ئۈچ نەپەر ۋەكىلى بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشتى . ئۇ ۋەكىللەرنىڭ مەيدىسىگە قارىدى ، ئىزناك يوق ئىدى . ئۇ كۇلۇپ تۇرۇپ ، ئىككى قولىنى سوزۇپ خۇددى ئۇزۇن يىل كۆرمىگەن دوستلىرى بىلەن ئۇچراشقاندەك خەنزۇ تىلىدا :

— پاھ ، پاھ••• ھەي ، مانا ئارزۇيۇمغا يەتتىم . ئۇيغۇرلار نېمىدېگەن قاملاشقان مىللەت : قارا بۇرۇت ، قارا قاش ، يوغان كۆز ، قاڭشارلىق••• ياخشىمۇسىلەر ! — دېدى ۋە قارا بۇرۇت ، ئاق يۈزلۈك رەخمىجان سابىر ھاجى بىلەن ، ئاندىن كېيىن ئىنچىكە ئۇزۇن بۇرۇت ، پەۋاز قاپاق ، پاكارراق ئادەم ئوبۇلخەيرى تۆرە بىلەن ، ئاخىرىدا ئوتتۇرا بوي ، بۇغداي ئۆڭ ، قارا بۇرۇت يىگىت ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئىككى قوللاپ ، قوللىرىنى چىڭ سىقىپ كۆرۈشتى . لېكىن ، ئىلى ۋەكىللىرى ئۇنچىلىك قىزغىن بولمىدى . ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇ ئېگىز ، كۆزەينەك تاقىغان ، يۈزى سوزۇقراق كەلگەن ، ئاق يۈزلۈك گېنېرال بەرىبىر گومىنداڭ ، گومىنداڭ دېمەك زۇلۇم سالغۇچى دېمەك . گەرچە ئۇ كۇلۇپ تۇرسىمۇ ئۇنىڭ مەقسىتى بىرلا : يېيىش ـ تالاش . ئۇنىڭ كۇلكىسى ئوۋغا ئېتىلىش ئالدىدىكى يولۋاسنىڭ ھىجىيىشى خالاس . بۇجاڭ سەزگۈر ئىكەن ، ۋەكىللەردىكى بۇ روھىي ھالەتنى دەرھال سەزدى :

— بىز تۇنجى قېتىم دىدارلاشقان بولساقمۇ ، بىر ئائىلىدىكى ئاكا ـ ئۇكىلار ، شۇڭا مەن چەكسىز خۇشال ، قېرىنداشلىرىم بىلەن دىدارلاشتىم !

خې گۋاڭكۇي خۇددى غۇلجا ئۇيغۇرلىرىدەك ساپ ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىدى . بۇ تەرجىمان بىردىنلا ۋەكىللەرگە ياراپ قالدى .

— لېكىن سىلەرنى رەنجىتىپ قويدۇق ، — دېدى جاڭ جىجوڭ كۇلۇپ تۇرۇپ ، — بىر چوڭ ئائىلىدىكى ئاكا ـ ئۇكىلار ئىچىدە پىكىردە ئىختىلاپ بولۇپ تۇرىدۇ . بەزىدە جەڭگى ـ جېدەلمۇ بولىدۇ . بۇ بىر نورمال ئەھۋال . ئۆتمۈشتە شىنجاڭدا مىللەتلەر

www.uyghurkitap.com

ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن بىنورمال ئىشلارغا ھۆكۈمەت مەسئۇل . قېرىنداش مىللەتلەر كەمسىتىلدى ، ھەتتا خورلاندى . غۇلجا ۋەقەسى مانا شۇ سەۋەبتىن پەيدا بولدى . مەركەز ياپونغا قارشى ئۇرۇش بىلەن بولۇپ كېتىپ ، يەرلىك ھاكىمىيەتلەرگە يېتەرلىك ۋاقىت ئاجرىتالمىدى . يەرلىك ھاكىمىيەتتىكى بەزى ئادەملەر سەنمىنجۇيى ۋە دۆلەتنىڭ باراۋەرلىك ، دېموكراتىيە سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلدى . قېرىنداش مىللەتلەرنى قاتتىق رەنجىتتى ، بۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى قېرىنداش مىللەتلەردىن ئەپۇ سورايمەن . بۇ رەئىس جياڭ جيېشى جانابلىرىنىڭ تاپشۇرمىسى .

ئۇ ۋەكىللەرنىڭ چىرايىدىكى رازىلىقنىمۇ بايقىدى . ئۇ قولىياغلىق بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتۈپ قويۇپ ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— مەن سىلەردىن ئەپۇ سورايمەن ، ماجىرانىڭ كېڭىيىپ كەتكىنىدىن ئەپسۇسلىنىمەن . بۇ كۆڭۈلسىزلىكنىڭ چوڭىيىشىغا مەركەز جاۋابكار . لېكىن بۇ قارىمۇقارشىلىق پات ئارىدا تۈگەيدۇ . دۇنيادا تولىمۇ چوڭ ئىشلار يۈز بەردى . ھەممىسى ھەل بولدى . بۇ ئىشلارمۇ تېزلا ھەل بولىدۇ . بىز ناھايىتى تېزلا قۇرۇلۇش ـ گۈللىنىش يولىغا ماڭىمىز ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا دىققىتىمىزنى مەركەزلەشتۈرەلەيمىز !

«خەلق تۇرمۇشى» دېگەن سۆز ئەخمەتجانغا يېقىپ قالدى . ئۇ مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ياشاپ ، شۇنىڭ ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقانلىقىنى ھازىرلا سەزگەندەك بولۇپ ، ئىختىيارسىز ئۈيغۇر تىلىدا :

— رەھمەت ، گېنېرال جانابلىرى ، دېگەنلىرىڭدەك بولسۇن ! — دېدى .

ئەخمەتجان ۋەكىللەرنىڭ تىلى ، ئەقلى . چۈنكى ئۇ غۇلجىدا ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقاندىن بېرى ئى ـ نى چىگىش مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ھەل قىلغۇچ پىكىرلەرنى بەردى . بولۇپمۇ ھۆكۈمەت نىزامى ، ھەربىي ئۇستاپ ، مەمۇرىي ئورگانلار تۈزۈملىرىنى تۈزۈشتە ئۇرغۇن تالاش ـ تارتىشلار بولغاندا ،

ئەخمەتجان ھۆكۈمەت ھەيئىتى سالاھىيىتى بىلەن نۇرغۇن ھەل قىلغۇچ پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ھۆرمەت ۋە ئىناۋەت تاپتى. ھۆكۈمەتنىڭ، ئارمىيىنىڭ مۇھىم ئىشلىرىدا ھۆكۈمەت باشلىقلىرى، ھەربىي باشلىقلار ئۇنىڭ پىكرىنى ئالىدىغان بولۇپ قالدى. ھېملا ئىش بولسا كىشىلەر «ئەخمەتجان نېمە دەپتۇ؟» دەپ سورايدىغان بولۇپ قېلىشتى.

مانا ھازىرمۇ ئەخمەتجان «رەھمەت» دېۋىدى، ۋەكىللەر باشلىقى رەخىمجان سابىر ھاجىيوف بىلەن ئوبۇلخەيرى تۆرىلەرمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ رەھمەت ئېيتىشتى. جاڭ جىجۇڭ بۇ ئىللىق مەنزىرىدىن ھاياجانلىنىپ دىپلوماتلارچە ئەمەس، تەبىئىي ھېسسىيات بىلەن كۈلدى.

— سىلەرگە رەھمەت، سىلەرنىڭ كەڭ قورساق، يىراقنى كۆرەرلىكىڭلارغا رەھمەت! — دېدى ئۇ ۋە، — بىر ئائىلە كىشىلىرى بولغاندىكىن، مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان كونكرېت پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويايلى ئەمدى، — دەپ ئەخمەتجانغا قارىدى.

— ئاۋۋال جاڭ بوجاڭنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ باقايلى، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى. جاڭ جىجۇڭ كۈلۈپ قويۇپ بىللە كەلگەن خادىملىرىنى تەكلىپ قىلدى. يېڭى بىنانىڭ ياۋروپاچە جابدۇلغان مەجلىسخانىسىغا كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ، گالستۇك تاقىغان ئىللىق چىراي ئادەملەر كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار تولىمۇ مۇلايىم، ئوچۇق چىراي ئىدى. ئىلى ۋەكىللىرى ئۆزلىرىگە بۇنچە ئىللىق مۇئامىلە قىلىشقان خەنزۇ ۋەكىللەرنى تۇنجى قېتىم كۆرمەكتە ئىدى. ئۇلار بولۇپمۇ ئەخمەتجان قاسىمى گومىنداڭ ئادەملىرى بىلەن تۈرمىدە كۆرۈشكەن، ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن مۇز ياغاتتى، ئۇلار ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا مىللەتلەرنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيتتى. ئەخمەتجان: «گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىمۇ كۈلەمدىغاندۇ؟»، «بۇ خەقنىڭمۇ چىرايى ئېچىلامدىغاندۇ؟» دەپ ئۆز - ئۆزىدىن سورىغانىدى.

ئىككى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى ئۆزئارا تونۇشتۇرۇلدى.

گومىنداڭ ۋەكىللىرى ھەر قېتىم تونۇشتۇرۇلغاندا، ئورنىدىن تىك تۇرۇپ تەزىم قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئىسىم فامىلىسى، مەنسىپى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇرۇلدى. ئىلى ۋەكىللىرى تونۇشتۇرۇلغان بۇ ئون بىر ئادەمنىڭ ھەممىسىلا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك، مۇھىم ئەمەلدارلىرى ئىكەنلىكىنى، جياڭ جيېشىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىگە تولىمۇ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقىنىنى ھېس قىلدى. بۇ ۋەكىللەرنىڭ چىرايى، گېپى ۋە مۇئامىلىلىرىدىن بىر خىل ياخشىچاق بولۇش، خۇشامەت بىلىنىپ تۇراتتى. رەخىمجان ئەخمەتجاننىڭ قۇلىقىغا:

— جېنى ئاز قالغان ئادەمنى ئۇ دۇنياغا يىغا بىلەن ئۇزاتماي، نېمىشقا كۈلكە - خۇشامەت بىلەن قۇتۇلدۇرۇش كويىغا چۈشكەندۇ - ھە بۇ خەق! — دېدى.

— بۇلار ئۆز نەپرىتىنى كۈلكە بىلەن ئىپادىلەشكە ھەممىدىن ماھىر! — دېدى ئەخمەتجان.

— بىزگە مۇستەقىللىق كېرەك، تاشقى موڭغۇلىيىدەك، — دېدى ئوبۇلخەيرى تۆرە.

— بىز تىنچلىق، مەڭگۈلۈك تىنچلىق ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدۇق! — دېدى جاڭ جىجۇڭ «مۇستەقىللىق» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ قاپىقىنى تۈرۈپ، — ئەڭ چوڭ ئارزۇيىمىز تىنچلىق!

— دېموكراتىيە — خەلقچىللىق، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى، — تىنچلىق دېموكراتىيىسىز پەيدا بولالمايدۇ!

جاڭ جىجۇڭ قارا بۇرۇت، ئوتتۇرا بوي يىگىتكە قاراپ كۈلۈمسىرىدى:

— ھە قېنى، يەنە سۆزلەڭ، يىگىت!

— بىز مەڭگۈلۈك تىنچلىق يارىتىش ئۈچۈن تىنچسىزلىق پەيدا قىلدۇق، شۇ تىنچسىزلىق ئىچىدىن تىنچلىق ئىزدەپ كەلدۇق. چۈنكى بىزگە ھاياتلىق كېرەك. ھاياتلىق بىز ئۈچۈن ئۆلۈمدىن قىممەتلىك!

— ئارزۇيىمىز ئوخشاشكەن، زۆرۈرى تىنچلىق!

— بىزنىڭ ئىزدىگىنىمىز مۇشۇ !
— بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىق !
— ئۇنىڭ شەرتى بار ، بۇجاڭ جانابلىرى !
— خوش ، سۆزلەڭ قېنى ؟
— بىرلىكنىڭ شەرتى مىللەتلەرنىڭ ھەقىقىي باراۋەرلىكى ، خەلقچىل سىياسەت !
— شەرتىڭلار قوبۇل قىلىنسا ، ئۇزۇن مۇددەتلىك تىنچلىق ، بىرلىك پەيدا بولالامدۇ ؟
— بۇنىڭغا بىز كېپىل ، جانابىي بۇجاڭ بىرلىك تەلەپ قىلىدىكەن ، بىز ھەقىقىي خەلقچىللىقنى ئىزدەيمىز . جاڭ بۇجاڭنىڭ خالايدىغىنى تىنچلىق ، بىزمۇ تىنچلىق تەرەپدارى . تىنچلىقنىڭ شەرتى خەلقچىللىق . بىرلىكنىڭ شەرتىمۇ خەلقچىللىق ، خەلقىمىزنىڭ ئىزدىگىنىمۇ تىنچلىق . تىنچلىقنىڭ ئاساسى خەلقچىللىق . ئەمدى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئىزدىگىنى بىرلىك ، بىرلىكنىڭ شەرتى خەلقچىللىق . دېمەك ، تىنچلىق ئىزدىگۈچى خەلقىمۇ خەلقچىللىق كېرەك . تىنچلىق ئىزدىگۈچى مەركەزگىمۇ خەلقچىللىق سىياسەتنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى كېرەك !
— ناھايىتى ياخشى ، بۇ جوزىدا دېموكراتىيىگە كېپىللىك قىلالايمىز ! — دېدى جاڭ جىجۇڭ كۈلۈمسىرەپ . رەخمجان ئەخمەتجان ئەپەندىمگە قارىدى ۋە كۈسۈرلاپ قويدى :
— ھۆكۈمىتىمىز بىزگە تاپشۇرغان ۋەزىپە — مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ، باشقىسى بىر تىيىن ، كۈدە ـ كۆرپىسىنى كۆتۈرۈپ ، كەشىنى توغرىلىسىلا بولدى !
— ئەھۋال مۇرەككەپ ، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى خىيال بىلەن ، — جياڭ كەيشى بىلەن بىزنىڭ ستالىن كېلىشىپ بوپتۇ . ستالىن يەنئەن بىلەن غۇلجىنى قوللىمايدىغان ، گومىنداڭنىلا ئېتىراپ قىلىدىغان ، ھەتتا گومىنداڭغا ياردەم قىلىدىغان بوپتۇ . «جۇڭگو — سوۋېت دوستلۇق كېلىشىمى» ئېلان

قىلىندى . گومىنداڭ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كېلىشىمى — «10 ـ ئۆكتەبىر تىنچلىق كېلىشىمى» مۇئىيەن قىلىندى . ۋەزىيەتكە ماسلاشماي بولمايدۇ . ھەرقانچە ئالىي مۇختارىيەتتىن باشقىنى تىلغا ئالغىلى بولمايدىغاندەك !

— قېنى ، بۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ باقايلى ، — دېدى رەخىمجان سابىر ھاجىيوف ۋە ئۈنلۈك قىلىپ ، — قېنى ئەمىسە ، ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ باقايلى !

تەرجىمان تەرجىمە قىلغاندىن كېيىن ، ليۇ مېڭچۈن يازما ماتېرىيالنى ئوقۇدى . «مىللەتلەر تەڭ ـ باراۋەر بولۇش ، سىياسىي جەھەتتە دېموكراتىيە بولۇش ، يەرلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش» دېگەن سۆزلەردىن باشقىسى ئىلى ۋەكىللىرىگە ياقمىدى ، ھەتتا ئۇلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى : «قانۇنسىز تەشكىلاتلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ، تويىلاڭ ئارقىلىق قۇرۇلغان يەرلىك ھۆكۈمەت ، ئارمىيىلەرنى تارقىتىۋېتىش ، بىر ئاي ئىچىدە قوراللار تاپشۇرۇلۇشى كېرەك...» دېگەن سۆزلەر ئوقۇلغاندا رەخىمجان غەزەپلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ :

— بۇنداق تىنچلىق سۆھبىتى ئۆزۈڭغا چىقسۇن . بىزنى تەسلىم قىلماقچىمۇ تېخى؟ تەسلىم بولىدىغان ئادەم بىز ئەمەس گومىنداڭ ! — دېدى . ئۇنىڭ سۆزى تەرجىمە قىلىنغاندا ، جاڭ جىجۇڭ كۈلۈپ قويدى ۋە تولىمۇ سىلىق تەلەپپۇزدا :

— بۇلار قارار ئەمەس ، پىكىر ، مەسلىھەت بىلەن قارار قوبۇل قىلىمىز ! — دېدى .

— بىزنى ۋەقە تۇغدۇرغۇچى تەرەپ ۋەكىللىرى دەپ ئاتاشقا بىز نارازى ، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى سىلىق پوزىتسىيىدە ، — بۇ ئاتالما بايا جاڭ بۇجاڭنىڭ قىلغان سۆزىنىڭ مەزمۇنى بىلەن زىت . جاڭ بۇجاڭ : ۋەقەنىڭ چىقىشىغا ھۆكۈمەت سەۋەبچى دەپ ئوچۇق ئېيتقان ۋە ئەپۇ سورىغانىدى . بىزنى ۋەقە تۇغدۇرغۇچى تەرەپ ۋەكىللىرى دەپ ئاتىغاندا ، بىز جاۋابكار ئورۇنغا چۈشۈپ قالىمىز كەن !

— ناھايىتى توغرا ، — دېدى جاڭ جىجۇڭ دەرھاللا ، — دەرھال تۈزىتەيلى ، نېمىدەپ ئاتىساق بولىدۇ سىلەرچە ؟

— شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى . ھۆكۈمىتىمىز بىزگە مۇشۇنداق ئىسىم قويغان .

— بۇنداق ئىسىم قوللىنىش دۇرۇس ئەمەس . بىز قوبۇل قىلالمايمىز . جۇڭخۇا مىنگو بىزنىڭ دۆلىتىمىز ، بۇ يەردە باشقا دۆلەت مەۋجۇت ئەمەس !

— تاشقى موڭغۇلىيىنى ئېتىراپ قىلدىڭلارغۇ ئەمىسە ؟

— يالتا يىغىنىنىڭ قارارىنى ئىلاجسىز ئىجرا قىلىشقا مەجبۇر بولدۇق . ئۇ قارارنى ئىجرا قىلىپ ، ئانا ۋەتەنىنىڭ بۇ تۇپرىقىدىن دالىيەن ، لۈشۈن پورتلىرى ، مانجۇرىيە دەپ ئاتىۋالغان شەرقىي شىمال تۆمۈريول لىنىيىسى يېرىم ۋە پۈتۈن ھوقۇقلىرىدىن ۋاز كەچمىسەك سوۋېت ئارمىيىسى ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىپ ، ياپونىيىنىڭ كانتون ئارمىيىسىنى تارمار قىلمىغان بولاتتى . ياپونىيە تەسلىم بولمىسا بىزنىڭ بۈگۈنكى غەلىبىلىك ئۆچرىشىشىمىزمۇ بولمىغان بولاتتى . جۇڭگو ھۆكۈمىتى غالىبلار قاتارىدا تۇرۇپ ، دۇنيا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن قۇربان بەردى . تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ قولدىن كېتىشى يالتا يىغىنىدا دۇنيادىكى ئەڭ كاتتا ئۈچ شەخس ستالىن ، روزۋېلىت ، چېرچىللارنىڭ قارارى بىلەن بولغان . بۇ چوڭ ھاقارەتنى ھۆكۈمىتىمىز ئىلاجسىز كۆز يېشى بىلەن قوبۇل قىلدى . دۆلەت رەھبەرلىرىمىزدىن ھۆرمەتلىك ۋاڭ شىجيې شۇنىڭ بىلەن موسكۋا شەرتنامىسىگە قول قويۇشنى ھاقارەت ھېسابلاپ ، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى .

لياڭ خەنساۋنىڭ ئاۋازى تىترىدى ، ئۇ ئازابلىق تۈتقىنى تەستە ئاخىرلاشتۇردى .

— ئىنقىلابچى خەلق ۋەكىللىرى دەيلى ئەمىسە ! — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى دەرھال .

— ئۇنداقتا بىز ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى ئەكسىلئىنقىلابچىلار

www.uyghurkitap.com

ۋەكىللىرى بولۇپ قالمايمىزمۇ ؟ — دەپ كۈلدى جاڭ جىجۇڭ .

— مېنىڭ بىر تەكلىپىم بار ، — دېدى شىنجاڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدىغان سىياسەتچى پېڭ جاۋشيەن شالاڭ چاچلىرىنى سىلاپ قويۇپ ، — ئىسمىغا سىياسىي مەزمۇن بەرمەيلى ، ئىلى ، ئالتاي ، چۆچەك ۋەكىللىرى ، قىسقارتىپلا ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى دەپ ئاتايلى .

— ناھايىتى توغرا ، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى دەيلى ، سىلەرچە قانداق ؟ — جاڭ جىجۇڭ بىرىنچى بولۇپ ئەخمەتجان قاسىمىغا قارىدى . گېنېرال بۇ ياش يىگىتنىڭ مۇھىم ۋەكىل ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغانىدى .

— شەخسەن مۇۋاپىق دەپ قارايمەن .

— بولىدۇ . شۇنداق دەيلى ، — دېدى رەخىمجان ، — تۆت ۋىلايەت ، ھېچبولمىغاندا ئۈچ يېرىم ۋىلايەت دېسەك تولۇق بولاتتى . ئاقسۇنىمۇ ئېلىپ بولاي دېگەنىدۇق !

كۆپچىلىك كۈلۈشتى . رەخىمجان كۈلمىدى ، ئۇ ئەستايىدىللىق بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— بىزنى خەلق ۋەكىللىرى دېسە توغرا بولىدۇ . بىز خەلققە ۋەكىللىك قىلىمىز ، بۇ سوقۇش خەلق بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى سوقۇش . خەلق ۋەكىللىرى ، ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى دېگەن توغرا !

— مەن قوشۇلىمەن ، ناھايىتى توغرا ! — دېدى ئوبۇلخەيرى تۆرە دەرھال ئاۋاز قوشۇپ ، — بىز پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىگە ۋەكىللىك قىلىمىز .

— ياق ، ياق ! — دېدى ۋاڭ زېڭشەن ئۆڭۈپ - تاتىرىپ ، — ئۇرۇق ، چىشاڭ ، ئاۋازى بوغۇلۇپ چىقىدىغان بۇ گومىنداڭ مەركىزىي ئىجرائىيە ھەيئىتىنى تەكشۈرۈش ۋە ستاتىستىكا قىلىش ئىدارىسى — جۇڭتۇڭنىڭ خادىمى ئىختىيارسىز خاپا بولۇپ ، — توپىلاڭچىلار ئازچىلىق . يەتتە ۋىلايەت ھۆكۈمەت تەرەپتە !

— خاتا ! — دېدى دەرھال رەخىمجان ئورنىدىن تۇرۇپ

قوللىرىنى شىلتىپ ، — جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە ، قۇمۇل ، تۇرپان ، مۇشۇ ئۇرۇمچىنىڭ ئۆزىدىمۇ خەلق قوزغىلىشقا تەييار ! ئۈچ ۋىلايەتتە خەلق ئىنقىلابى غەلىبىگە ئېرىشتى ، بۇ كېلىشىم بولمىغان بولسا يەتتە ۋىلايەتتىمۇ بىز گومىنداڭنى ئاغدۇرۇپ بولاتتۇق . ھايت دېسەكلا پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى قوزغىلىدۇ ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى خەلقنى بىزار قىلدى . بولۇپمۇ شېڭ شىسەي ، — دەپ سۆزىگە ئىزاھات بەردى ئۇ ، — بىگۇناھ خەلقنى تۈرمىگە سالدى ، ئۆلتۈردى ، خەلقنى بىر پارچە نانغا زار قىلىۋەتتى ، خەلق ياشاش ھوقۇقىدىنمۇ ئايرىلدى . پۈتۈن شىنجاڭ بىر تۈرمىگە ئايلاندى . بىز شۇ ئېزىلگەن خەلقنىڭ ۋەكىللى !

ۋاڭ زېڭشەن قاتتىق ۋارقىرىدى :

— ياق ، ياق !... سىلەر خەنزۇلارنى قىردىڭلار !...

جاڭ جىجۇڭ ئۇنىڭ قولىنى كۆتۈردى . ئۇ دەرھال توختىدى .

— رەخىمجان ئەپەندىنىڭ سۆزى ئورۇنلۇق ! — دېدى ئۇ سالماقلىق بىلەن ، — ئۆتمۈشتىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ خەلققە جەبىر-زۇلۇم سالغانلىقى ، قېرىنداش مىللەتلەرنى چەتكە قاققانلىقى بىر پاكىت ، بۇ راست . لېكىن ، شېڭ شىسەي قېرىنداش مىللەتلەرنىلا ئەمەس ، خەنزۇلارنىمۇ نۇرغۇن ئۆلتۈردى . كوممۇنىستلارنى ، گومىنداڭ ئەزالىرىنى ، ئىلغار زاتلارنى ، زىيالىيلار ، ھەتتا ئوقۇغۇچىلارنىمۇ ئۆلتۈردى . گومىنداڭ ئەزالىرىدىنلا بىرنەچچە مىڭنى ئۆلتۈردى . بۇمۇ بىر پاكىت . شۇنىڭ ئۈچۈن ، سىلەر قولۇڭلارغا قورال ئالدىڭلار . مەن ئېنىق قىلىپ ئېيتىپ قوياي ! ئۈچ ۋىلايەتتە پارتلىغان قوراللىق ۋەقە خەنزۇلارغا قارشى ھەرىكەت ئەمەس . مەركەزنىڭ سىياسىتىنى ئىجرا قىلمىغان ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا قارشى قوزغىلاڭ . سەنمىنجۇيىغا خىلاپلىق قىلىدىغان ھۆكۈمرانلىق بۇنىڭدىن كېيىن سادىر بولمايدۇ . زۇلۇم ، تەڭسىزلىك ۋە زوراۋانلىققا ئەمدى خاتىمە بېرىلىدۇ . مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ، دېموكراتىيە ، تەرەققىيات ، گۈللىنىش بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئىتتىپاقلىشىپ قىلىدىغان ئورتاق ئىشىمىز .

ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى بىر - بىرىمىزگە ئىشىنەيلى، بىر - بىرىمىزنى ھۆرمەتلەيلى، بىزنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرىمىز ئوخشاش، چوڭ مەنپەئەتىمىز بىر. بىرلىكتە ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇردۇق، ۋەتىنىمىزنى قوغدىدۇق. بىرلىكتە قۇدرەتلىك جۇڭخوا مىنگو دۆلىتى قۇرۇش بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇلۇغ ۋەزىپىمىز. ئاكا - ئۇكىلار، ئۆتمۈشكە ئەمەس، كەلگۈسىگە قارايلى، نېمىلەر بولغانلىقىنى ئەمەس، نېمىلەرنى قىلىمىز دېگەن مەسىلىگە دىققىتىمىزنى مەركەزلەشتۈرەيلى! بىز ھازىرچە سىلەرنى ھۆكۈمەت قۇرغان ئۈچ ۋىلايەتنىڭ نامى بىلەن ئاتاپ تۇرايلى. بۇ دېگەن بىر ئىسىم مەسىلىسى، ئاساسىي مەسىلە بۇ ئەمەس!

گېنېرالنىڭ سۆزلىرى رەخمىجانغىمۇ سەممىي، يېقىملىق بولۇپ تۇيۇلدى.

ئىككىنچى كۈنى جاڭ جىجۇڭ سۆھبەتكە قاتناشمىدى. ئىككى تەرەپ ئۆز تەشەببۇسلىرىنى بىر - بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويدى... ئىلى تەرەپمۇ ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي پروگراممىسىنى ئوقۇدى. گومىنداڭ ھۆكۈمەت تەرەپ تەييارلىغان لايىھەمۇ ئوقۇپ ئۆتۈلدى. ئىككى تەرەپنىڭ لايىھىسىدە پەرق چوڭ ئىدى. گومىنداڭ تەرەپ ۋەكىللىرى نۇرغۇن يول قويدۇق دېيىشتى، ئىلى تەرەپمۇ «ھۆكۈمىتىمىزنىڭ تاپشۇرغان ئىشلىرىدىن جىق چەتلەپ كەتتۇق» دېيىشتى. ئۈچ كۈندىن كېيىن «مەركەزنىڭ شىنجاڭدىكى قىسمەن ۋەقەنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى كۆرسەتمە لايىھىسى» دېگەن ماۋزۇدىكى ھۆججەتنى ھۆكۈمەت تەرەپ ئىلى تەرەپكە تاپشۇردى. بۇ ھۆججەت ئىلگىرىكى ھۆكۈمەتلەرنىڭ سىياسەتلىرىدىن نۇرغۇن كەڭ، ياخشى سۆزلىرى كۆپ ھۆججەت بولسىمۇ، ئىلى تەرەپنىڭ تەلىپىدىن يىراقتا ئىدى. ئاخىر ئىلى تەرەپ بۇ ھۆججەتنى غۇلجىغا ئاپىرىپ، ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىپ جاۋاب بېرىشكە ماقۇل بولدى.

«... جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەر بىردەك باراۋەر، شىنجاڭ خەلقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا

يار - يۆلەك بولۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ؛ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ - ئادىتى، تىل - يېزىقلىرىغا ھۆرمەت قىلىنىدۇ، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ جىسمانىي، مال - مۈلۈك، سۆز - ھەرىكەت، ئولتۇراقلىشىش، مەتبۇئات، يىغىن ئۆتكۈزۈش، تەشكىلات ئۇيۇشتۇرۇش ئەركىنلىكى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ، مەسلىھەت كېڭەش ئەزالىرى ۋە ناھىيە ھاكىملىرى خەلق تەرىپىدىن سايلىنىدۇ (مۇئاۋىن ھاكىمنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەۋەتىدۇ)، ۋالىيلارنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كۆرسىتىپ، مەركەز ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ، يەرلىك زاتلاردىن سايلاپ قويۇلسا بولىدۇ، ھەربىي ھەرىكەتلەر توختىتىلىپ بىر ئاي مۆھلەت ئىچىدە تەرتىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. ۋەقە بولغان مەزگىلدىكى قانۇنغا مۇۋاپىق بولمىغان بارلىق تەشكىلاتلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ؛ ۋەقە تۈپەيلىدىن تۇتۇپ - قامالغانلار ئۆز ئارا تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ قويۇپ بېرىلىدۇ، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىك - ئىتتىپاقىنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بار…»

كەچتە مېھمانخانىدا رەخىمجان سابىر ھاجىيوف، ئوبۇلخەيرى تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمىلار لايىھىگە يېزىلغان بۇ جۈملىلەرنى ئوقۇپ مۇلاھىزە قىلىشتى.

— چىرايلىق گەپ تولا بولغىنى بىلەن مەقسىتى يامان، — دېدى رەخىمجان خەت بېسىلغان ئۇيغۇرچە قەغەزلەرنى كارىۋاتقا تاشلاپ، — بىز يەنە مۇشۇلارنىڭ قولىغا قارىغۇدەكمىز - دە، بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىش!

— بۇنىڭغا باشقا ئامال يوق! — دېدى ئەخمەتجان ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — ھۆكۈمىتىمىز بىزگە شۇنى تاپشۇرغان، لېكىن سوۋېت كونسۇلى جاڭ جىجۇڭغا «قوزغىلاڭچى خەلقنىڭ جۇڭگودىن ئايرىلىپ چىقىپ كېتىش نىيىتى يوق!» دەپ چۈشەنچە بېرىپ بوپتۇ ئەمەسمۇ. بىز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېپىنى يىرالمايمىز - دە!

— كونسۇل نېمىشقا بىزدىن سورىمايلا جاۋاب

بېرىدۇ ـ ھە؟ — ئوبۇلخەيرى تۆرىمۇ خاپا بولۇپ سورىدى.

— يالتا يىغىنىدا ئۈچ كاتتىۋاش جىياڭ كەيشىدىن سورىمايلا موڭغۇلىيە، داليەن، لۈشۈن، مانجۇرىيە توغرىسىدا قارار قوبۇل قىلدىغۇ. چوڭ سىياسىي مەسىلىلەردە چوڭ دۆلەتلەر باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرمايدۇ. جىياڭ كەيشى بىلەن ماۋ زېدۇڭنى سۆھبەتكە كەلتۈرگەنمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكا!

— ئۇنداقتا بىزنىڭ بۇ يەردە سۆھبەت قىلغىنىمىزنىڭ پايدىسى نېمە بولىدۇ؟

— مېنىڭچە، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى جىمجىتلىقتىن كېيىن، — بىز ئالىي مۇختارىيەت ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرەلىشىمىز مۇمكىن. جىياڭ جېيشى 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى دۆلەت مۇداپىئە ئالىي كومىتېتى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېت دائىمىي ھەيئىتىنىڭ ۋاقىتلىق بىرلەشمە يىغىنىدا سۆز سۆزلەپ: «ھازىر خەلقئارادا مىللەت مەسىلىلىرى ھەل بولدى. بىز مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەت مەسىلىلىرىنى ئەلۋەتتە ھەل قىلىشىمىز كېرەك… چېگرا رايونلاردا ياشاۋاتقان مىللەتلەر ئاپتونومىيە بولۇش ئىقتىدارى ھازىرلانغان چاغدا ئاپتونومىيە بولسا بولىدۇ» دېگەنىدى. بىز بۇ شەرتكە توشىمىز. ئالىي مۇختارىيەت ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن تىرىشىپ باقايلى. بۇ ئىشقا سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ قوشۇلىدۇ.

— ئالىي مۇختارىيەت ھوقۇقىغا ئىگە بولساق، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز باشقۇرىمىزمۇ؟ — ئوبۇلخەيرى تۆرە قىزىقىپ سورىدى.

— يېڭى زېللاندىيە بىلەن ئاۋستىرالىيە ئەنگلىيە پادشاھلىقىغا قارايدۇ. لېكىن ئۇ ئالىي مۇختارىيەت ھوقۇقىغا ئىگە: تاشقى مۇناسىۋەت، ھەربىي، بانكا ۋە ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە. بىرلا يېرى، ئۇلار ئەنگلىيىنىڭ دۆلەت قانۇنىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، دۆلەتكە بويسۇنىدۇ، مەجبۇرىيەتلەرنى شەرتسىز ئورۇندايدۇ.

— بۇ بولىدىكەن، مەيلى بىزمۇ قارىساق قارايلى، جۇڭگو

بىزنىڭ بۈيۈك دۆلىتىمىز . ئەمما بىز ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز باشقۇرايلى . ئۆلكە رەئىسىدىن تارتىپ ئەللىكبېشىغىچە باشلىق بىز خەقتىن ، ئەسكەر ، ساقچىلارمۇ بىز خەقتىن بولسا ، باشقا دۆلەتلەر بىلەن ئالاقە قىلالىساق ، بۇنىڭ «مۇستەقىل» بولۇشتىن پەرقى نېمە؟

— ھەي ، بۇنچىلىك كەڭچىلىك بولماسمىكىن ، — دېدى رەخمجان بېشىنى چايقاپ ، — بولۇپمۇ بۇ يەردىن ئەسكەرلىرىنى ئاچىقىپ كېتىشكە ، بىزنىڭ ساقچى قىسىملىرىنى قۇرۇشىمىزغا قوشۇلمايدۇ .

ئۇلار ئۇزاق تالاش - تارتىش قىلىشتى .

گېنېرال 20 - ئۆكتەبىر چۈشتىن بۇرۇن يېڭى بىنادا ئىلى ۋەكىللىرى بىلەن ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشتى . جاڭ جىجۇڭ خۇشال ، روھلۇق ئىدى . ئۆز ئىشىدىن رازى ئادەملەرلا شۇنداق خۇشال بولالايدۇ .

— ماقۇل ، كېلىشىم لايىھىسىنى غۇلجىغا ئاپىرىپ ماددىمۇماددا مۇزاكىرە قىلىپ جاۋاب بېرىشىڭلارنى قوللايمەن ، - دېدى ئۇ ۋەكىللەر بىلەن بىرمۇبىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ، — ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرىمىزگە يول قويدۇق . بۇ ئۆزئارا چۈشىنىشنىڭ مەھسۇلى .

— لېكىن ، بىز مۇستەقىل بولۇش تەلىپىمىزدىن ۋاز كېچەلمەيمىز . بىزنىڭ خەلق ئالدىدا جاۋابكارلىقىمىز بار . بۇ جاۋابكارلىق مۇستەقىل بولۇش ھوقۇقىغا ئېرىشىش !...

رەخمجان سابىر ھاجىيوفنىڭ سۆزى تېخى تۈگىمەيلا جاڭ جىجۇڭنىڭ چىرايىدا ئۆزگىرىش بولدى : قاپىقى تۈرۈلدى ، شەپكىسى ئېلىندى ، كۆزلىرى ئەينەك ئىچىدە تېز - تېز پىلدىرلىدى .

— چۈشەنمىدىم ، — دېدى ئۇ ئېغىر تىنىقتىن كېيىن ، — سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «مېمورانۇم»ىدا مۇستەقىللىق دەۋاسى يوق .

www.uyghurkitap.com

— بۇ مۇستەقىللىق جۇڭگودىن بۆلۈنۈپ چىقىپ كېتىش مەنىسىدە ئەمەس، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى ئەسكەرتىش بېرىپ، — سىياسىي، ئىقتىسادىي ھەربىي ئىشلارنى خەلق ئۆزى باشقۇرۇشى كېرەك. تاشقى ئىشلار، قاتناش، پۇل تۈزۈمىنى مەركەز باشقۇرۇشى كېرەك دېگەن مەنىدە.

— ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىش دېگەن مەنىدە بولسا بۇ باشقا گەپ، — دېدى جاڭ جىجۇڭ يەنە ئېچىلىپ، — مىللەتلەر ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشى كېرەك. بۇ دۆلەت ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى. باش قوماندان، رەئىس جاڭ ۋېيۋەنجاڭ بۇ ھەقتە ئوچۇق، ئېنىق سۆزلىدى. سىياسىي تۈزۈلمە ئىشى دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشى. بۇ جەزمەن ھەل بولىدۇ. لېكىن بىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمىز دۆلەتنى ھىمايە قىلىش، ھۆكۈمەتكە بويسۇنۇش، جۇڭگو ئادىمى بولۇش. ياپونىيە تاجاۋۇزچىلىرى ئون مىڭ ئايروپىلان، قۇدرەتلىك دېڭىز فلوتى، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى بىلەن جۇڭگوغا خىيانەتكارلىق بىلەن تاجاۋۇز قىلدى. بىز سەككىز يىل ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ ئاخىر ياپونىيىنى تەسلىم قىلدۇردۇق. كومپارتىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ئىشى ئۈچۈن مەن ئىككى قېتىم يەنئەنگە باردىم. ماۋ زېدۇڭ ئەپەندىمۇ چۇڭچىڭغا باردى. قىرىق ئۈچ كۈن سۆھبەتلىشىپ ئاخىر — تىنچلىق، دېموكراتىيە، بىرلىك، ئىتتىپاقلىق مەزمۇن قىلىنغان كېلىشىم تۈزۈلۈپ ئېلان قىلىندى. دۆلەت ئىچى - تېشى ھازىر تىنچ، ئەمدى مەركەز شىنجاڭغا چوڭراق كۈچ چىقىرىپ ياردەم قىلالايدۇ. شىنجاڭنى گۈللەندۈرىدۇ.

شىنجاڭ خەلقى خالىمايدىغان ئىشلارنى ھەرگىز قىلمايدۇ، ئۆتكەنكىلىرىنى تۈزىتىدۇ. شىنجاڭ خەلقى ئارزۇ قىلغانلىكى ئىشلارنى مەركەز جەزمەن تىرىشىپ بېجىرىپ بېرىدۇ. مەركەزنىڭ تەلىپى پەقەتلا بىر! شىنجاڭ خەلقى دۆلەتنى ھىمايە قىلىپ، ھۆكۈمەتكە بويسۇنۇشى كېرەك...

كەچتە رەخىمجان ئەخمەتجان قاسىمغا چاقچاق قىلدى:

— ئۇكام، سىز لوقما سالمىغان بولسىڭىز، گېنېرال بىلەن

قىزىرىشىپ قالاتتىم جوڭۇڭ .

— مەن ئۇ كىشىنىڭ «خەلقنىڭ ئارزۇسىنى تىرىشىپ بىجىرىپ بېرىمىز» دېگەن سۆزىگە قىزىقىپ قالدىم، — دېدى ئوبۇلخەيرى تۆرە، — ئالىي مۇختارىيەت دېگىنىمۇ بولىدىغاندەك قىلىدۇ. ئۇنىڭغا ئۇنايدىغاندەك تۇرىدۇ. ئۇ ئادەم سۆزمەن ئادەمكىنا، سۆزلىرى ماڭا ياقتى رەخمىجان.

— گەپ ھەرىكەتتە، ياخشى گەپكە ئۇستا خەق بۇ، شىڭ شىسەيمۇ جاھاندىكى ھەممە ياخشى گەپنى قىلالايتتى. لېكىن، قىلغان - ئەتكىنى قاتىللىق ئىدى.

— ئۇ بىر ھەربىي باندىت ئىدى. لېكىن، جاڭ جىجۇڭ دېگەن بىر چوڭ سىياسىيون. ئۇ دۆلەتكە ۋاكالىتەن سۆزلەيدۇ. ئۆز يېنىدىن ئارتۇق سۆز قوشۇپ يۇرمەيدۇ. كېلىشىم تۈزۈلسە بىز كېلىشىمگە ئەمەل قىلىشنى قاتتىق تەلەپ قىلىمىز ھەم نازارەت قىلىمىز!

ئۇلار جاڭ جىجۇڭنى ماختاشتى.

21 - ئۆكتەبىر ئۇلار جاڭ بۇجاڭنىڭ زىياپىتىگە قاتناشتى. بۇ گېنېرالنىڭ ئۇلارغا بەرگەن ئۇزىتىش زىياپىتى ئىدى. زىياپەتتە گېنېرال تېخىمۇ ئۇزاق سۆزلىدى:

— ... سەنىمىنجۇيى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاندىلا، ئاندىن شىنجاڭ كونا ئىزغا چۈشمەيدۇ. تارىخ ھەممىگە گۇۋاھ، شىنجاڭ ئىككى مىڭ يىلدىن بۇرۇنلا جۇڭگو زېمىنى، بۇنى پۈتۈن دۇنيا بىلىدۇ، مەركەزنىڭ كۈچى يېتىشەلمىگەن چاغلاردىلا شىنجاڭدا ئۇششاق دۆلەتلەر بارلىققا كەلگەن، بۇ دۆلەتلەر بىر - بىرى بىلەن سوقۇشۇپ خەققە زۇلۇم سالغان. چەت ئەللىكلەرمۇ نۇرغۇن قېتىم بۇ زېمىنغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن. مەيلى ئۇششاق دۆلەتلەر بولسۇن، مەيلى چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرى بولسۇن، بۇ زېمىندىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئەزگەن، ئېغىر زۇلۇم، ئېزىلىشلارغا دۇچار قىلغان. خەلق ئورتاق زۇلۇم چەككەن. شىنجاڭنىڭ جۇڭگو زېمىنى ئىكەنلىكىنى ھېچكىم ھېچقانداق يول بىلەن ئىنكار

قىلالمايدۇ . مەركەز شىنجاڭنى ھەرگىزمۇ قولدىن بېرىپ قويمايدۇ… بىرقانچە دەۋرلەردىكى ھۆكۈمرانلار شىنجاڭ خەلقىگە قارىتا بويسۇندۇرۇش ، قاتتىق بېسىم ئىشلىتىش ؛ كەمسىتىش سىياسەتلىرىنى قوللاندى . گومىنداڭ پارتىيىسى ، مەركىزىي ھۆكۈمەت سەنمىنجۇيىنى ئىجرا قىلىدۇ . شىنجاڭ خەلقىگە بەخت ـ سائادەت يارىتىدۇ ، بۇنىڭغا ۋەدە بېرىدۇ . شىنجاڭ خەلقىنى مەڭگۈلۈك ئەركىنلىك ، بەخت ـ سائادەتلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش بىزنىڭ ۋە سىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز . مەركەز سىلەردىن مانا شۇ ئۇلۇغ مەجبۇرىيەتنى ئورۇنداش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ…

ئۇنىڭ سۆزلىرى تەسىرلىك بولدى .

21 ـ ئۆكتەبىر ئىلى ۋەكىللىرى شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا ئۇزاق سۆزلەشتى . سۆزلەشكەنىبىرى ئۇلار ئۆز يېرىنى يېڭىدىن تونۇۋاتقاندەك ، بۇ زېمىننىڭ قەدرىگە ئەمدى يېتىۋاتقاندەك ھاياجانلاندى .

— يەر ئاستى خىلمۇخىل بايلىق ، تۈگىمەس نېفىت ، يەر ئۈستى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىققا تولىمۇ پايدىلىق كەڭرى زېمىن ، تاغلىرى ئورمان بىلەن تولغان ، چۆللىرىمۇ دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان جانلىق ، جانسىز بايلىقنىڭ كانى… بۇنداق يەرنى كىممۇ مېنىڭ دەپ تالاشمىسۇن ! — دېدى رەخىمجان زىياپەتتە ئىچكەن ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن جانلىنىپ ، — جاڭ جىجوڭ گېنېرال يالغۇز سىياسەتچىلا ئەمەس ، كاتتا تارىخچى ئوخشىمامدۇ . ئەخمەتجان ئەپەندىم ، سىزمۇ ھەم سىياسەتچى ، ھەم تارىخچىغۇ ، ئېيتىڭا ، شىنجاڭ دېگەن سۆز يېڭى چېگرا دېگەن سۆز دەيدۇ ، راستمۇ ؟

— مەن تۇرمىدە خەنزۇچە خەت ئۆگەنگەن ، — دېدى ئەخمەتجان كۈلۈپ قويۇپ ، — «شىن» دېگىنى «يېڭى» دېگىنىكەن ، «جياڭ» دېگەن خەت چېگرا دېگەن سۆزكەن . «يېڭى چېگرا» دېگەن بولىدىكەن !

— هــىم ، ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن بۇلارنىڭ بولىدىكەنۇ ، بىرىنچىدىن ، سىپىل سىرتىدا قالىدىكەن ، ئىككىنچىدىن ، يىڭى چىــگرا دەپ ئىسىم قويىدىكەن . ئاڭلىسام ، 1884 ـ يىلى زو زۇڭتاڭ دېگىنى قويغان ئىسىمكەنغۇ ، ھېسابى ئۇياقتا ئون ئالتە يىل ، بۇياقتا قىرىق بەش يىل ، بار ـ يوقى ئاتمىش بىر يىل بوپتۇ بۇ ئىسىم قويۇلغىنىــغا ، ھا ـ ھا ـ ھا... راسـت كـونىــكەن ، كونىكەن...

— ھى ـ ھى ـ ھى... قىـزىـق ئـادەم جـۇمـۇڭ سىــز ، رەخىمجان ! — ئوبۇلخەيرى تۈرىمۇ كۇلدى ، — بىراق تالىشىش ئـورۇنـسـىـز ـ دە ، ئەپەندىم ـ ھە ؟ تارىخ ئەمەس ، سىياسەت سۆزلىنىدىغان جاي ئەمەسمۇ بۇ .

— شـۇنـداق ، توغرا گەپ قىلدىڭىز ، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى كۈلۈپ قويۇپ ، — بىز ھەل قىلىدىغان نەق مەسىلە ئۇ ئەمەس ، جاڭ جىجۇڭ گېنېرال بىر گەپنى توغرا ئېيتتى : خەلقنى مەڭگۈلۈك ئەركىنلىك ، بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز !

— مـەڭـگـۈلـۈك ئـەركىنلىك ، بەخت ـ سائادەت دېگەنمۇ مۇستەقىللىق ، ئۇكام !

— رەخــمـجـان ئاكا ، بىز ۋەزىيەتكە ماسلاشمىساق زىيان تـارتـىمىز . سوۋېت ئىتتىپاقى بىزنىڭ مۇستەقىل بولۇشىمىزنى خالىمايدۇ ، بىز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلمىساق بولماس !

— ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بۇ گېپى بىلەن رەخىمجان جىم بولۇپ قالدى . بۇ گەپ ئۇنىڭغا ئەسكەرتىش ئىدى . چوڭ سىياسەت بـەلگىلىنىپ بولغان ، ئۇ بولىسمۇ بۆلۈنۈپ چىقماسلىق ، ئۇنداق بولغاندىكىن ، قىلىنىدىغان گەپمۇ شۇ بەلگىلىمىگە ماس بولۇشى كـېـرەك . تـەتـۈر مـۇقـام ئـىـشنى بۇزىدۇ ، ھەممىدىن قۇرۇق قـالدۇرىدۇ . مانا بۇ سىياسەتچىلەرنىڭ كۆزقارىشى ، سۇنى سەپ سـىـڭـەر يـەرگـە ، گەپنى قىل سىغار يەرگە دېگەن گەپ بىكار

ئېيتىلمىغان !

— يەنە سىز ئەسكەرتمىگەن بولسىڭىز پۇتلىشاتتىمكەن راست ، — دېدى رەخىمجان بېشىنى ئىرغىتىپ قويۇپ ، — مەنغۇ سىزگە قايىل ، بىراق ، تۆرەم قايىل بولمايدۇ - دە ، ئەمما غوجام قايىل بولىدۇ . ئۇ ئادەم كۆنۈك ، يەتتە ئەۋلاد ھوقۇق تۇتقان ئادەم شىنجاڭنى قانداق باشقۇرسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ - دە !

— شېڭ شىسەي زوراۋانلىق قىلىپ پاراكەندىچىلىك سالمىغان بولسا ، بىز قولىمىزغا قورال ئالمىغان بولاتتۇق ! — دېدى ئوبۇلخەيرى تۆرە ئاخىرىدا ، — جۇڭخۇا مىنگونى بىلىۋالدۇق ، بۇ مەركىزىي ھۆكۈمىتىمىزكەن . جاڭ جېجۇڭنىڭ دېگىنىدەك بولسا ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز باشقۇرىدىكەنمىز . مەن ياڭ زېڭشىن ، جىن شۇرېن ، شېڭ شىسەي دېگەنلەرنى كۆرگەن ، چەكسىز نۇرغۇن ئالۋان - ياساق ، سېلىقلارنى خەلقتىن يىغىپ بەرگەنلەرنىڭ بىرىمەن . ئۇلارغا تاياق - توقماق بولماق بەكمۇ ئازابلىق . ھوقۇق دېگەننىڭ قەدرىگە يەتكەن ئادەممەن . بىزگە ئۆزىمىزنى باشقۇرۇش ھوقۇقى بەرسە ، بۇ تولىمۇ كاتتا ئىش . بۇرۇن بولۇپ باقمىغان چوڭ ئىش !

— بۇ تەرىپىمۇ توغرا ، — دېدى ئاخىر رەخىمجانمۇ يۇمشاپ ، — جۇڭگولۇق بولۇش شەرەپ دېگىنىمۇ كاتتا گەپكەن . دۇنيادىكى ئادىمى ئەڭ جىق دۆلەتنىڭ خوجاسى دېگەن گەپ . ئەخمەتجان ئەپەندىم ، يەنئەندىكى كوممۇنىستلار ياخشىمۇ ، مۇنۇ گومىنداڭ دېگىنىمۇ ؟

— كوممۇنىستلار ياخشى بولىدۇ - دە ، — دېدى ئوبۇلخەيرى تۆرە دەرھال جاۋاب بېرىپ ، — لېنىننىڭ يولىنى تۇتقان تۇرسا ئۇلار ، شۇنداققۇ - ھە ، ئەپەندىم ؟

— ھەئە شۇنداق . ئۇلار ھەقىقىي خەلق مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە . ئۇلارنىڭ ھەربىي كۈچى گومىنداڭنىڭكىدىن يەتتە - سەككىز ھەسسە ئاز . لېكىن ، گومىنداڭ قورقىدۇ . يەن شىسەن دېگىنى سەنشى



www.uyghurkitap.com

ئۆلكىسىگە پادىشاھ بولىمەن دەپ كومپارتىيە ئىگىلىگەن بازىلارغا ھۇجۇم قىلىپ بېقىۋىدى، رەسۋاسى چىقتى. جياڭ كەيشى كومپارتىيىنىڭ 8 ـ ئارمىيە، يېڭى 4 ـ ئارمىيىلىرىدىن قورقىدۇ. سەۋەبى نېمە؟ كومپارتىيە، ماۋ زېدۇڭ خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە!

— بىراق، ستالىن ئۇلارنىمۇ قوللىمايمىز دەپتەك ـ ھە؟

— «10 ـ ئۆكتەبىر تىنچلىق كېلىشىمى»دە شۇنداق سۆز باركەن. بىزنىمۇ قوللىمايمىز دەپتۇ.

— ئەمدى قانداق بولار، ئەپەندىم؟

— ئامېرىكا بىلەن گومىنداڭنىڭ ئەيىبلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، بارلىق سوۋېت ھەربىي خادىملىرى بىلەن قوراللىرىنى يىغىۋالدى!

— بۇ ئەمەلدە بىزنى قورالسىزلاندۇرۇش، تەسلىم بولۇشقا قىستاش!

— ياق، ئۇنداق دېسەك بولمايدۇ رەخىمجان ئاكا، — دېدى ئەخمەتجان كۈلۈپ قويۇپ، — ھېلىھەم سوۋېت ئىتتىپاقى بىزنىڭ ئارقا تىرىكىمىز. ئاۋۋال ئاشكارا يۆلىگەن، بۇنىڭدىن كېيىن يوشۇرۇن يۆلەيدۇ. جياڭ جيېشى كېلىشىمگە رىئايە قىلىشى ناتايىن. ئۇ كومپارتىيىنى يوقىتىشنى بىرىنچى چوڭ ئىش ھېسابلايدۇ. ئامېرىكا ـ ترومىن ھۆكۈمىتىمۇ ئۇنى كومپارتىيىگە، ئۇنىڭ ئازاد رايون، قوراللىق كۈچلىرىگە ھۇجۇم قىلغۇزۇش ئۈچۈن ھەدەپ قوراللاندۇرۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا ئايروپىلان بىلەن ئەسكەر يۆتكەۋاتىدۇ. ئىچكى ئۇرۇش خەۋپى بار. بۇ خەۋپ شىنجاڭدىمۇ بار. بىز كېلىشىمدە ھەربىي قورال مەسىلىسىدە شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرگىزمۇ يول قويالمايمىز!

ئەخمەتجان قاسىمى يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئىشلارنى تولۇق، تەپسىلىي سۆزلىدى. بۇلار ئۇنىڭ مۆلچەرى ئىدى. رەخىمجان شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن تارىخ توغرىسىدىكى گەپكە قىزىقمىغىنىنى، نەق ئىشلارغا ئۆز دىققىتىنى قاراتقىنىنى، ھەربىر

ماددا ، ھەربىر تارماق ماددىلار ئۇستىدە ئەتراپلىق مۇھاكىمە تەھلىل ئېلىپ بېرىۋاتقىنىنى چۈشەندى . ئۇ كۆڭلىدە : «ياق ، ۋەكىللەر ئۆمىكىگە ئەخمەتجاننى باشلىق قىلىش كېرەك . ئەگەر ئۇ بولمىسا بىز ئىشنى بۇزىدىكەنمىز » دەپ ئويلىدى .

ئۇلار ئەتىسى — 22 ـ ئۆكتەبىر سەھەر گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ ھىمايىسىدە ماناس دەرياسىدىن ئۆتۈپ غۇلجىغا قايتىشى ، يەنە ئون كۈن ، كېچىكسە ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ پىكىرلىرىنى ئېلىپ بۇ شەھەرگە كېلىشى كېرەك .

ئۇلارنىڭ سۆزلەشكۈسى ، زور ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلغۇسى كېلەتتى ، زادىلا ئۇيقۇسى كەلمەيتتى .

22 ـ ئۆكتەبىر قىبلىدىن ئاچچىق سوغۇق شامال ئۇرماقتا ، تاغ ئىچىدىكى ئۇرۇمچى شەھىرى قويۇق تۇمان ئىچىدە قالغانىدى . چوڭ ـ كىچىك ماشىنىلار كۆك خىشتىن قورغان قىلىنغان سۇرلۇك بىنانىڭ قارا دەرۋازىسىدىن چىقىپ غەربكە قاراپ ماڭدى ۋە شىمالىي دەرۋازىدىن ئۆتۈپ ، ئۇرۇمچى دەرياسىنىڭ ياغاچ كۆۋرۈكىگە كەلدى . نەدىن خەۋەر تاپتىكىن ، توپ ـ توپ شەھەر خەلقى كۆۋرۈككە توپلىنىۋالغانىدى . ئادەملەر شوئار تووۋلايتتى ، ۋارقىرىشاتتى ، قوراللانغان ئەسكەرلەر ئۇلارنى يولنىڭ ئىككى چېتىگە ھەيدىمەكتە ، قوراللار بىلەن پوپوزا قىلماقتا ئىدى .

— ئۇرۇمچى خەلقى بىلەن ئۇچرىشالمىدۇق ! — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى يېنىدىكى رەخىمجانغا ، — پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ كۆزى بىزدە ، قۇلىقى بىزدە !

— ئۇرۇمچى خەلقى بىزنىڭ ھۇجۇم قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا ! — دېدى رەخىمجان ھاياجانلىنىپ ، — قاراڭلارا ، خەلق بىزنى ئىزدەۋاتىدۇ !

— لېكىن ، گومىنداڭنىڭ بىزگە ئۆچمەنلىك قىلىدىغان ئادەملىرىمۇ بار ، جۇ شاۋلياڭ كېلىشىمگە قارشى ، رەئىس ۋۇ جۇڭشىنمۇ ئاتلىق 5 ـ كورپۇسقا تايىنىپ بىزنى يوقىتىش

كـويـىدىكەن . جاڭ جىجۇڭ ئۇرۇشپەرەسلەرنى بېسىپ تۇرمىغان بولسا ، ئۇلارنىڭ ۋەقە تۇغدۇرۇشى تۇرغانلا گەپ ئىدى .

— چېكىنىش ئاقسۇ پارتىزانلىرىغا نۇرغۇن زىيان كەلتۇردى .

ل . مۇتەللىپنىڭ ۋاپاتىغا بەك ئېچىنىمەن !

— جىق قۇربان بەردۇق . شۇنىڭغا تۇشلۇق بۇ سۆھبەت ، كېلىشىملەردە پايدا ئالالىساق بولاتتى !

— مۇستەقىل بولالمىساق پايدىسى نېمە بۇ سۆھبەتنىڭ ؟

— مەن ئىستېپا بەرمەكچى . كۆپچىلىك بىزنى ئەيىبلىشى مۇمكىن . ھېچبولمىغاندا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەكىلى» دېگەن نامىمىز ساقلاپ قالالمايدىغان ئوخشايمىز ، — دېدى رەخىمجان سابىر ھاجى .

— بىزدە نېمە ئىلاج ، سوۋېت كونسۇلى ھەممىگە ئارىلاشتى . مۇشۇ سىزىقتىن چىقمايسەن دەپ سىزىق سىزىپ بەردى !…

ماشىنا ئۇرۇمچى شەھىرىدىن چىقتى . يامغۇر يېغىشقا باشلىدى . يوللار پاتقاق ، ھاۋا سوغۇق ، ئەتراپ تۇمانلىق … خۇددى بۇ خەلق ۋەكىللىرىنىڭ كەلگۈسى يولىدەك .

— ناۋادا گومىنداڭ كومپارتىيىگە قارشى ئۇرۇش باشلاپ قالسا ، بۇ يەردىكى گومىنداڭمۇ ھۇجۇم قىلارمۇ ؟ ھازىر ھەدەپ ئېچكىرىدىن ، جەنۇبىي شىنجاڭدىن بۇياققا ئەسكەر يۆتكىمەكتە !

— ئوسمانمۇ ئىشەنچلىك ئەمەس ، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى بىردىنلا ئالتاينى يادىغا ئېلىپ ، — مەن ئۇنىڭ گومىنداڭغا ئۆتۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن . ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تولىمۇ ئۆچ ، بىزنى «قىزىل پاچاقلار» دېگۈدەك . ئۇرۇمچىدىكى جانىمقان ، خادىۋاڭ دېگەن گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ھەدەپ ھەرىكەت قىلىۋاتقۇدەك ، مىللەتلەر ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ، ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئۇسۇلى . بىز قاتتىق ھوشيار بولمىساق بولمايدۇ !

— سوۋېت ئوفىتسېرلىرى قوراللىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتسە ، بۇ خەۋەرنى گومىنداڭ ئاڭلاپ قالسا ، تەۋەككۇل قىلىپ

ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن !

— ئەمما بىز جىڭ ، شىخو ، چۆچەكلەردە گومىنداڭدىن نۇرغۇن قورال ئولجا ئالدۇق . يىگىرمە مىڭ تال مىلتىق ، نەچچە يۈز ئىبغىر - يېنىك پىلىموت . يۈزدىن كۆپ چوڭ - كىچىك مىناميوت ، ئەللىكتەك چوڭ - كىچىك زەمبىرەك ، تۆت برونېۋىك ، ئۈچ تانكا ، توققۇز ئايروپىلان ، مىڭلاپ ساندۇقلاردا ئوق - دورا ، گراناتلار غەنىيمەت ئېلىندى . بۇ ئاز قورال ئەمەس - دە ! يامىنىغا كەلسە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورال سېتىۋالىمىز . بايلىرىمىز پۇل ياردەم قىلىدۇ ، ھايت دېسەكلا ، خەلقىمىز قولىغا قورال ئېلىپ ئەسكەر بولۇشقا تەييار !

ئۇلار ئۇزاتقۇچىلار بىلەن سوغۇقلا خوشلاشتى . ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا قورالىلىق قىسىملار توپلانغان . ئۇلار ئۆز ۋەكىللىرىنى داغدۇغا بىلەن قارشى ئالدى .

گېنېرال پالىنوف ، ئىسھاقبېك ، زۇنۇن تېيىپلار ۋەكىللەر بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى .

ئۇلار ئۇ كېچىمۇ تۈزۈك ئۇخلىماي ۋەزىيەت ، كەلگۈسى ، شىنجاڭنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە ئۇزاق پاراڭلاشتى .

— گەپلىرى چىرايلىق ، لېكىن بىزنى ئورىغا ئىتتىرىشنىڭ ئامالىنى قىلىشماقتا ، — دېدى ئوبۇلخەيرى تۆرە ، — ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ . بىزمۇ پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە خەلقنى قوزغاپ ، گومىنداڭغا قارشى ئۇرۇش تەييارلىقىدا تۇرۇشىمىز كېرەك !

— تاشقورغان پارتىزانلىرىغا بىر قىسىم ئەسكەرلىرىمىزنى ئەۋەتىپ جەنۇبىي شىنجاڭنى مىدىرلىيالماس قىلىشىمىز كېرەك . قاراشەھەر ، كۇنەس پارتىزانلىرىنى كۈچەيتىپ ، جەنۇبىي شىنجاڭ تاشيولىنى كونترول قىلىش زۆرۈر ، ئىنتايىن زۆرۈر !

— توغرا ، قۇمۇللاردىمۇ پارتىزانلار مىدىرلىماقتا . ئىمكان بولسا كۆلىدىن كېلىدىغان ياردەم يولىنى ئۈزۈۋېتىش كېرەك !

— ئاخمات ! — دېدى ئىسھاقبېك قولىدىكى قوۋۇرغا گۆشنى

يەۋېتىپ ، — ۋەزىيەت ئۆزگەردى . قورال دەم ئېلىپ قەلەم بىلەن مېڭە جەڭگە ئاتلىنىدىغان چاغ كەلدى . بىزنىڭ ئۇمىدىمىز سەندە ، گېـزىـتـتـىـن سۆزلىرىڭنى ھەممىمىز ئوقۇدۇق . ساڭا ئاپىرىن دېدۇق . جاڭ جىجوڭ دېگەن گېنېرال جياڭ جيېشىنىڭ دوستى . ئـۇ خـۇاڭـپـۇ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغۇچىلار باش ئەترىتىنىڭ بـاشـلىقى بولغان . ئۇ چاغدا جياڭ جيېشى مۇدىر ، جۇ ئېنلەي سىياسىي باشقارما باشلىقى ئىدى . 1924 - يىلىدىن تارتىپ ئۇ جياڭ جيېشىنىڭ يېنىدا تۇرغان مۇھىم سۆھبەتلەرگە گومىنداڭ ھـۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى ، ئۆمەك باشلىقى بولۇپ قاتناشقان . ئۇ پىشقان سىياسەتچى ، دىپلومات . ئۇنىڭ ئالداش ، ئىشەندۈرۈش ، قـايـمۇقـتـۇرۇش مـاھـارىـتـى خـېلى يۇقىرى . مەن سىلەردىن ئەنسىرىگەچكە ، بىرىنچى دەرىجىلىك ئۇرۇش تەييارلىقى ھالىتىدە تـۇردۇق . مـانـا سـالامەت قايتىپ كەلدىڭلار ، ئەمدىكى كۈرەش غـۇلجـىدا ، يەنـە ئۇرۇمچىدە بولىدۇ . ئۇمىدىمىز سەندە ، ئاخمات ، دەلىلقان ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ قويدۇق . ھايت دېسەڭلا بىز تەييار . ئارمىيە سېنىڭ ئارقا تىرىكىڭ ، ھەرگىز ئەنسىرىمە !

ئىسھاقبېك ئەخمەتجاننى ئۆز ياتىقىدا قوندۇرۇپ قالدى . ئۇلار تاڭ ئاتقۇچە شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ، كەلگۈسى ، نېمىلەر قىلىش ، قانداق قىلىش كېرەك دېگەن مەسىلىلەردە سۆزلەشتى :

— سـەن بـىـلـەن بـىـز مـەنـسەپ ، پايدا - زىيان بىلەن ھېسابلاشمىدۇق . ئويلايدىغىنىمىز خەلق ، ھاكىمىيەت مۇشۇ ئىككى ئـىـش . خـەلققە بەخت يارىتىش ، خەلق بەختى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ھۆكۈمەت قۇرۇش . ھۆكۈمەتنىڭ نامى ، تەركىبى بىز ئۈچۈن مۇھىم ئەمەس . مۇھىمى سىياسىتى ، سىياسىتىنىڭ ئىجرا قـىـلـىـنـىـشى . خەلققە بەخت يارىتىش دېگەن سۆزنى قايسىبىر ھـۆكـۈمران دېـمـىـگەن ؟ لېكىن ھېچقايسىسى يارىتالمىدى ھەم ياراتمىدى . خەلق بەختى ئۇلار ئۈچۈن قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان ئـازاب ! گـومىنداڭمۇ ھەدېسىلا «سەنمىنجۇيى» دەيدۇ . لېكىن ، خـەلـق ئـۇلاردىـن بىزار . يۈز ئادەمنىڭ توقسان توققۇزى ئۇنى

www.uyghurkitap.com

يوقالسۇن دەيدۇ ، ھەقىقىي خەلق ھىمايە قىلىدىغان ھاكىمىيەت قۇرماق قىيىن . شۇ قىيىن ئىشقا ئۆزىمىزنى ئاتىدۇق . بۇ بىزنىڭ تاللىۋالغان يولىمىز . بۇ يولدىن ئەمدى يانالمايمىز !

— سەن بىلەن مەن ، ئابدۇكېرىم ، دەللىقانلار ۋە بىر نەچچە ئادەملىرىمىز نۇرغۇن سىناقلاردىن ئۆتتۇق ، بىز ئۆزىمىزنى كەسپىي ئىنقىلابچى دېسەك بولىدۇ . بىز خۇددى دېھقان ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىپ راھەتلەنگەندەك ئۆزىمىز ئىنقىلاب مېۋىلىرىمىزدىن ھۇزۇرلىنىمىز . تارىختا سانسىز ئىنقىلابچىلار ئۆتتى . لېكىن ئۇلارنىڭ تاللىۋالغان يولى توغرا بولمىدى . ئاخىر مەغلۇپ بولدى . شۇ سانسىزلىغان مەغلۇبىيەتلەر بىزگە ھازىرقى ماركسىزم - لېنىنىزم يولىنى پەيدا قىلىپ بەردى . بۇ يول توغرىمۇ ، خاتامۇ ؟ بۇنىڭغا تارىخ — كەلگۈسى جاۋاب بېرىدۇ . لېكىن بىز بۇ يولغا ئېتىقاد قىلىمىز ، شۇ يول ئۈچۈن ياشايمىز ، ئۆلسەكمۇ ئۆكۈنمەيمىز . دۇنيادا ئۆز ئەقىدىسى يولىدا سادىق بولۇپ ، كۆرەش قىلىپ ياشاشتىنمۇ مەنىلىك ئىش يوق ! بىزنى نېمىلەر كۈتۈۋاتىدۇ ، قانچە ۋاقىت ياشايمىز ، بۇنى بىلمەيمىز . لېكىن ، شۇنىسى ئېنىق : قاچان ئۆلسەكمۇ ئۆكۈنمەيمىز . شۇڭا مەن ھېچنېمىدىن قورقمايمەن !

ئىنسان ئۈچۈن بىر ئىشقا ئىرادە باغلاش غەلىبىنىڭ بېشى . كۈچ ، پىلان ۋە تەدبىر ئىرادىدىن تۇغۇلىدۇ . ئەخمەتجان ئۇرۇمچىدىكى تۈرمىدە قاتتىق قىيناش ئازابلىرىغا چىداپ تۇرۇپ «خەپ ، سېنىڭ ئەدىپىڭنى بەرمىسەم جاللات شېڭ شىسەي !» دېمىگەن بولسا ، غۇلجىدا مەدىكارچىلىق قىلىپ كۆمۈر ساتقۇچى ، ئىنقىلاب باشلانغاندا بولسا ھۆكۈمەت ئاشخانىسىدا ئەيسا ئۇستامنىڭ شاگىرتى بولۇپ ئاشپەزلىك قىلغانلىرىدىمۇ ، «خەلق ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ھاكىمىيەت بەرپا قىلغۇچىلاردىن بولمىسام يىگىت ئەمەسمەن» دەپ قەسەم ئىچمىگەن بولسا ، ئۇنى باشقىلار چۈشەنمىگەن ، بۇگۈنكىدەك خەلق ئالقىشلايدىغان سىياسەتچى سالاھىيىتى بىلەن سەھنىدە پەيدا بولالمىغان بولاتتى . ئىرادە ،

ئىشەنچ ئىنسان بالىسىغىلا خاس كۆرۈنمەيدىغان قانات، سەن شۇ قاناتقا ئىگە بولالىساڭلا، ساڭا مۈشكۈلچىلىك ۋەھىمە ۋە جەبىر - زۇلۇم يېقىنلىشالمايدۇ، سەن ھاياتىڭنىڭ ھەقىقىي قەدىر - قىممىتىنى ئەنە شۇ چاغدىلا چۈشىنەلەيسەن!...

ئىسھاقبېكنىڭ سۆزلىرى ئەخمەتجاننى ھاياجانغا سالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ خەلق ۋەكىلى بولۇپ قالغىنىنى چۈشەندى. ئاۋۋال ئۇ ئۆزىنى بىر ئاددىي خىزمەتچى ھېسابلاپ يۈرگەنىدى. مانا ئەمدى ئۇ خەلقنىڭ، دۈشمىنىگە قارشى قولىغا قورال ئالغان خەلقنىڭ، ئۆز ھاياتىنى ئۆزگەرتىش كويىدىكى يۈز مىڭلىغان ھېسسىياتلىق تىرىك جانىنىڭ ۋەكىلى. ئۇ خەلق ئارزۇسىغا، خەلق مەنپەئىتى، بەخت - سائادىتىگە ۋەكىللىك قىلىشى كېرەك. ئۇنىڭ ھەربىر سۆزى ئەنە شۇ ۋەكىللىك ئورنىنى چۈشەندۈرۈشى، ھەربىر ھەرىكىتى ئۆزىگە ئۈمىد باغلىغان خەلقنىڭ ئۇلۇغ دولقۇنلىرىنى ئىپادىلىشى كېرەك. ئۇ ئەمدى ئاددىي پۇقرا، لېكىن ئۆزىگە تېگىل ئادەم ئەمەس. ئۇ خەلققە تېگىل، بولۇپمۇ جاپا - مۇشەققەت، زۇلۇم - خورلۇقتىن مەڭگۈ قۇتۇلۇشقا بەل باغلىغان خەلققە تېگىل. ئۇنىڭ ئۆز پايدا - زىيانلىرى، ئۆزىنىڭ ئورنى، كەلگۈسى ۋە ھەتتا ھاياتى بىلەن ھېسابلىشىش ھوقۇقى يوق. ئۇنىڭ ئالمۇتا، تاشكەنت، موسكۋالاردا ئوقۇشلىرى، ئوقۇش ئۈچۈن ھايات جەبىرلىرى قايىنىمىغا باش چۆكۈرۈشلىرى مانا شۇ ھازىرقى كۈنى ئۈچۈن ئىدى. ئۇ مۇراد - مەقسىتىگە يەتتى. ئەمدى خەلقىنى مۇراد - مەقسىتىگە يەتكۈزەلىسە، ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئادەملەر قاتارىدىن ئورۇن ئالالايدۇ.

... ئۇنىڭ خىيال يىپى سايرام بويىدا ئۈزۈلۈپ قالدى. ئۆكتەبىر ھاۋاسى بۇ گۈزەل ماكانغا سارغايغان دالا، قار ئارىلاش يامغۇر ۋە ئاچچىق شامال تەقدىم قىلغان — سايرام كۆلى داۋالغۇپ قىرغاقلاردا ئۇرۇلۇپ ھەيۋەتلىك سادا، ئاپئاق كۆپۈكلۈك دولقۇنلار ياساپ بۇ خەلق ۋەكىللىرىنى كۈتۈۋالدى. ئۇلار ماشىنىدىن چۈشتى. ماشىنا يولى بۇزۇلغان، ئىككى ئالدى چاق پىرقىراۋاتقان

www.uyghurkitap.com

كاتاڭ بارغانسېرى چوڭقۇرلىماقتا . ئالدىدىكى ماشىنىدا ھېربىيلەر ، ئوتتۇرىدىكى ماشىنىدا ۋەكىللەر بار ئىدى ، چاق ئاستىغا چاۋار ـ چاتقال ، شېغىللار بېسىلدى ، ماشىنا چىقالمىدى . ئەخمەتجان رۇس شوپۇرىغا رۇسچە بىرنېمىلەرنى دېدى ـ دە ، شوپۇرنىڭ ئورنىغا ئۆزى ئولتۇردى . ئۇ ماشىنىغا ماي بېرىپ كۈچلۈك سىلكىندۇردى ـ دە ، ماشىنا قاڭقىپ كەينىگە مېڭىپ كاتاڭدىن چىقتى .

— مانا ، رولنى سەن تۇتساڭ كاتاڭمۇ ياۋاشلايدىكەن ! — دېدى ئىسھاقبېك كۈلۈپ ، — ئۈرۈمچىدىكى ، غۇلجىدىكى كاتاڭلاردىنمۇ ماشىنىنى چىقىرالايسەن ئاخمات !

— مەنمۇ شۇنداق ئويلاۋاتىمەن ، — دېدى رەخمجان سابىر ھاجىيوفمۇ كۈلۈپ ، — بىز قىيقاس ـ چۇقانغىلا يارايمىز كەن . قارا كۈچ دەۋرى ئۆتۈپ ، ئەقىل ـ تېخنىكا دەۋرى يېتىپ كەلدى . ئەخمەتجاندەك شوپۇرلار رول تۇتمىسا بىزنىڭ جۇمھۇرىيەت ماشىنىمىز كاتاڭدىن چىقالمايدىغان ئوخشايدۇ .

ماشىنىلار كەچ — خۇپتەن بىلەن غۇلجا شەھرىگە كىرىپ كەلدى . ئەخمەتجان قاسىمى ئۆزى ھەيدىگەن ماشىنىنى ساي بويى كوچىسىدىكى كونا دەرۋازا ئالدىدا توختاتتى . ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈپلا :

— ماھىنۇر ! — دەپ ۋارقىرىدى . كۈنگەيگە قارىغان پېشايۋاننىڭ چىرىغى ياندى ، زىلۋا ، ئەمدىلا ئون سەككىزگە قەدەم قويغان چىرايلىق قىز پېشايۋان پەلەمپەيلىرىدىن ئالدىراپ چۈشتى ـ دە ، زەنجىرلىرىنى شاراقلىتىپ ، دەرۋازا قاناتلىرىنى يوغان ئاچتى ۋە ھاياجان بىلەن :

— ئۇھ ، خۇداغا شۈكۈر ، سالامەت قايتىپ كەپسىز ! — دېدى .

ئۇ كېچە ـ كۈندۈز يولىغا قارىغان قىممەتلىك ئادىمى بىلەن بۇنداق يەرگە قاراپ ، ئوڭ پۇتى بىلەن سول پۇتىنىڭ دۈمبىسىنى سىيپاپ ، ئۇن ـ تىنسىز كۆرۈشمەسلىكى لازىم ئىدى — ئۇ بۇ

يـىـگـىـتـكـە ئۆزىنى ئېتىشى ، مۇرىسىگە بېشىنى قويۇپ يۈرەك سوقۇشىنى تىڭشاپ بېقىشى ، يالغان دومسىيىپ «ئەسكى !» دەپ قـويـۇشـى كـېـرەك ئـىـدى . لېكىن ئۇ قىز ئۇنداق قىلمىدى . گىمنازىيىدە ئوقۇپ تەربىيە كۆرگەن ئاق سېرىق ، چىرايلىق قىز خۇددى يېڭى تويى بولغاندەك نومۇسچان ئىدى .

— سـالامـەت تـۇردىڭىزمۇ ، ماھىنۇر قاسىموۋا ؟ — دېدى ئـەخـمـەتجان مېھربانلىق بىلەن ئايالىنىڭ ئوڭ مۇرىسىگە ئاستا پەپىلەپ قويۇپ ، — رىزۋانگۇل ئۇخلاپ قالدىمۇ ؟

— ياق ، تېخى ئۇخلىمىدى ؟ دادام كېلىدۇ دەپ !...

رىـزۋانـگـۇل ئـەخـمـەتجان قاسىمنىڭ بېقىۋالغان قىزى . كىچىككىنە قىز ئۇنىڭ يولىغا ئىنتىزار بوپتۇ . ئۇ قىزى بىلەن ئەمدىلا كۆرۈشۈپ ، قىزىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ تۇراتتى ، دەرۋازا قـېـقىلدى ، جۇمھۇرىيەت رەئىسى ئېلىخان تۆرە ئۇنى قىچقارتىپ ئادەم ئەۋەتكەنىدى . ئۇ بىر چىنە سۇيۇقئاشنى ئالدىراپ ئىچتى - دە :

— دەرۋازىـــــنى سـىـرتـتـىـن قۇلـۇپـلاپ قـويـىـمـەن ، ئۇخلاۋېرىڭلار ، — دېدى ۋە سىرتقا ماڭدى .

هـۆكـۇمەت ئەزالىرىمۇ ئۇنىڭ يولىغا خۇددى رىزۋانگۇلدەك ئىنتىزار ئىدى .

## 55

— شـەرقـىـي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى ئېتىراپ قىلمىسا بۇ خىل كېلىشىم بىزگە يات ! — دېدى ئېلىخان تۆرەم خاپا بـولـۇپ ، — مـەيـلـى دۇنـيادا قانداق چوڭ كېلىشىملەر بولسا بولىۋەرسۇن ، بىز ھەرگىزمۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئاكا - ئـۇكـا بولۇپ ، بىر ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ كېلىشىم قىلالمايمىز ! بۇنىڭ بىر سەۋەبى ، ئۇ بىزنى ھۆكۈمەت دەپ ئېتىراپ قىلمىدى !

— خـوش . لـەۋەي ، — دېدى ھېكىمبەگ غوجام ۋىجىك ،

ئاقساقال بوۋايغا تىكىلىپ قاراپ قويۇپ ، — ئاكىمىز كېلىشىم قىلىسەن دەۋاتسا ، بىز بويۇن تولغاپ نېمىمۇ قىلالايتتۇق ، تەقسىر ؟

— ئەخمەتجان ئەپەندىم ئورۇنلۇق گەپ قىلدى . كېلىشىم باشلىنىپ بولدى ، ئەمدى يېنىۋېلىشقا سەۋەب تاپالمايمىز . ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى دېگىنى بىزنى ئېتىراپ قىلغىنى . مۇھىمى ، بىز خەلقىمىزگە پايدىلىق كېلىشىم لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز كېرەك . ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قورۇلمىسىدىن تارتىپ ، خەلقىمىز بەھرىمەن بولىدىغان بارلىق ئىشلارغا چېتىشلىق تەلەپلىرىمىزنى بەلگىلىمە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز كېرەك . ناۋادا بىز ئالىي ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئېرىشەلىسەك بۇمۇ بىر چوڭ ئىش . تارىختا كۆرۈلمىگەن چوڭ ئىش بولىدۇ .

— ياق ، ئابدۇكېرىم سىز يىراققا قاراڭ ـ دە ، — دېدى ئېلىخان تۆرە بېشىنى تۇتقان ھالدا كۆزىنى يۇمۇپ بىر ئاز خىيال سۈرۈۋالغاندىن كېيىن ئادىتى بويىچە ھەممە تەرەپكە تەكشى قارىۋېتىپ ، — قوراللىق غازات قىلماق قىيىن ، بىرەر يۈز يىل ، ئەللىك يىلدا بىر قېتىم نېسىپ بولىدىغان گەپ . شۇنچە قۇربان بەردۇق ، بىر شىخو سوقۇشىدىلا يەتتە ـ سەككىز يۈز يىگىت كۆز يۇمدى . شۇنچە قۇربانلار بەدىلىگە زالىم ھۆكۈمەتنى يېرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرالمىساق شېھىتلىرىمىزغا نېمە دەيمىز ، خەلقىمىزگە نېمە دەيمىز ؟ كاززاپ ھۆكۈمەت يېرىمىزگە پۈتنى تىقىۋالسىلا بىزگە كۈن بەرمەيدۇ . ئەللىك ـ ئاتمىش يىلدىن كېيىن چۇمۇلىدەك كۆپىيىدۇ . چۇمۇلىمۇ مۇنار يىقىتىدۇ . جاڭ جىجۇڭ دېگەنىنىڭ چىرايلىق گەپلىرىگە ئالدىنىپ قالساق ، ئەۋلادلارنىڭ قارغىشىغا قالىمىز ، بالام !

— خوش ، ئۇنداقتا ئۆزلىرى قانداق تەكلىپ بېرەلەيدىكىن ، ھۆرمەتلىك تۆرەم جانابلىرى .

— بىزنى ھۆكۈمەت دەپ ئېتىراپ قىلسۇن ، بۇ بىرىنچى شەرت . ئاندىن كېيىن قالغان يەتتە ۋىلايەتنى گومىنداڭنىڭ چېكىنىش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىمىز . يۈز مىڭ ئەسكىرى ،

ھۆكۇمەت - پۇكۇمەتلىرىنى زىيان - زەخمەتسىز چىگرىدىن چىقىرىپ قويۇشقا ۋەدە بېرىمىز ، بۇ ئىككىنچى شەرت . بۇنىڭغا كۆنمىسە ماناس دەرياسىدىن ئۆتۈپ ھۇجۇم باشلايمىز ، ئۆزى چىقمىغان دۇشمەن يە ئۆلۈپ تۈگەيدۇ ، يە ئاق بايراق چىقىرىپ قولىنى كۆتۈرىدۇ ، يە بولمىسا گوبى - چۆللىرىدە ئېچىرقاپ - قاغجىراپ تۈگەيدۇ . قايسى يولنى تاللىسا ئۆزى بىلسۇن ، بۇ ئۈچىنچى شەرت !

— دۇشمەننىڭ يۈز مىڭ ئەسكىرىنى يوقىتىپ بولغۇچە ، تەقسىر ، بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭمۇ يېرىمى تۈگەپ بولارمىكىن .

— پەيغەمبەر رەسۇلىللامۇ مەككە كۇپپارلىرىنى يېڭىش ئۈچۈن شەھەرنى تاشلاپ مەدىنىگە چېكىنگەن . بىھۇدە قان تۆكۈش گۇناھ تەقسىر . دۇشمەن كۆچىيىۋالاي دەپ بىتتىم قىلىشقا رازى بوپتۇ . بىزمۇ كۆچىيىۋالايلى - دە ، ھەممە ۋىلايەتلەردە بىزنىڭكىلەر ۋالىي ، ھاكىم بولۇۋالسا ، ھەممە ۋىلايەتتە بىزنىڭ قوراللىق ئەسكەرلىرىمىز بولسا يۈرىكىمىز توم ، كېيىمىز چوڭ بولىدۇ . گومىنداڭ زورايغىچە بىز زورىيىپ كەتمەيمىزمۇ ! شىنجاڭدا تائىپىلەر ئىككى يۈز مىڭغا يەتمەيدىكەن ، بىز ئۈچ - تۆت مىلليون ئىكەنمىز . ئوتتۇز - قىرىق ئادىمىمىزگە ئاران بىرى توغرا كېلىدىكەن . تەقسىر ، ئېقىن سۇ بولۇپ تاشنى يەڭگىنىمىز تۈزۈك !

— سىلى مۇتائالى خەلپىتىم ، — دېدى ئېلىخان تۆرەم خاپا بولۇپ ، — بىزنىڭ يېرىمىز شورىسىز باغ ، ھەممە يېقى ئوچۇق . جىياڭ كەيشى بىلەن ستالىن دوست بولغانىكەن ، ئالىي مۇختارىيەت دېگىنىڭىز قەغەزدىن يېپىلغان چېدىر بولۇپ قالىدۇ . مەن جاڭ جېجۇڭ دېگەننىڭ تىنچلىق ، بىرلىك دېگىنىدىنلا پەيلىنىڭ يامانلىقىنى بىلدىم .

— پۈتۈن دۇنيادا ھازىر قوراللىق توقۇنۇش تۈگىدى ، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى ، — دۇنياۋى يۈزلىنىش تىنچلىق ، خەلقچىللىق ، گۈللىنىش . خەلق ئۇرۇشتىن بىزار بولدى .

www.uyghurkitap.com

قوراللىق توقۇنۇشقا دۇنيا ئەللىرىمۇ ، دۇنيا خەلقىمۇ قارشى . بىز بىر ئاجىز مىللەت ، خەلقىمىز خەلقچىللىق ، باراۋەرلىك ، ھۆرلۈك ـ باياشاتچىلىققا تولىمۇ تەشنا ، بۇنىڭ ئۈچۈن ، تىنچلىق كېرەك . بىز دۇنيا ئەللىرىنىڭ ، دۇنيا خەلقىنىڭ قوللىشىغا ، ھېسداشلىقىغا موھتاج . بىز ئازراق پايدىنى دەپ دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچراپ قالمايلى . ئۇنىڭ ئۈستىگە گومىنداڭ بۇ زېمىننى ھەرگىز بىزگە تاشلاپ بەرمەيدۇ . ۋاقتىنچە بىز يېڭىپ دۈشمەننى قوغلاپ چىقارغان بىلەنمۇ ، دۈشمەن نەچچە ئون ھەسسە ، يۈز ھەسسە كۈچ توپلاپ بىزگە ھۇجۇم قىلىدۇ . بىزنىڭ زېمىنىمىز قان دېڭىزىغا ئايلىنىپ قالمىسۇن ، خەلقىمىز بۇ خىل بالايىئاپەتكە چىدىيالمايدۇ !

— تىنچلىق دۇنياۋى ئېقىم ، — دېدى قاسىمجان قەمبىرى ، — ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ سۆزلىرى تولىمۇ ئورۇنلۇق ، ھەممە ئارزۇ بىر كۈندىلا ئەمەلگە ئاشمايدۇ ـ دە !

— ئالىي ئاپتونومىيە بېرىشنى جياڭ جېيشى ئۆزى ئېيتىپتۇ . جاڭ بۇجاڭنىڭ سۆزلىرى تولىمۇ ياخشى . گەپ ئەمەلگە ئېشىشتا ، — دېدى رەخىمجان سابىر ھاجىيوف ، — شۇنىڭغا ئېرىشىۋالساقمۇ چوڭ گەپ !

— ئېلىخان تۆرەم جانابلىرىنىڭ گەپلىرىمۇ ئورۇنلۇق ، — دېدى ئەنۋەر مۇسابايوف ، — يىراقنى كۆزلىمەي بولمايدۇ . ئەلاخان سۇلتاننى ئورۇسلار تۇتۇپ كەتكەندىن كېيىن ، ئورۇسلار بۇ يەرنى ئون يىل سوراپ مانجۇلارغا قايتۇرۇپ بەردى . مانجۇلار قايتا كىرگەندە ئەپۇ ئومۇمىي ئېلان قىلدى . لېكىن ، تاكى ھازىرغىچە ھۆكۈمەت ھېچكىمنى ئەپۇ قىلمىدى . گومىنداڭنىڭ مەقسىتى بۇ زېمىننى تۇتۇپ تۇرۇش ، ئەمما ئاخىرقى مەقسىتى بىزنى يوقىتىش ، ئۇ يوقاتقۇچە بىز ئۇنى يوقاتساق قالتىس بولاردى .

— ئۇنىڭ مەقسىتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ، ئازاد رايونلارنىمۇ يوقىتىش ، ئۇ ئەچكى ئۇرۇش قوزغاپ ئۇرۇشنى بىزگە تاڭىدىكەن ، ئۇرۇشخۇمارنى تەلتۆكۈس يوقىتىشىمىز كېرەك .

ئەمما ، ئۇرۇشنى بىز باشلىساق بولمايدۇ : تىنچلىق ، دېموكراتىيە ، بىرلىك ، تەرەققىيات بىزنىڭ چوڭ سىياسىتىمىز بولۇشى كېرەك !

ئابدۇكېرىم ئاباسوف سۆزلەپ بولۇپ ئىسھاقبېككە قارىدى . ئىسھاقبېك :

— مېنىڭ تەكلىپىم دېموكراتىيە ـ خەلقچىللىق سىياسىتىنى ئۆزىمىز ئىجرا قىلايلى . ئاۋازغا سالايلى ، قايتا كېلىشىم قىلىشقا قوشۇلىدىغانلار كۆپمۇ ياكى رەت قىلىپ ھۇجۇم قىلىش كېرەك دەيدىغانلار كۆپمۇ ، ئازچىلىق كۆپچىلىككە بويسۇنىدۇ . مانا بۇ خەلقچىللىق بولىدۇ ! — دېۋىدى ، ھۆكۈمەتنىڭ ئون تۆت نەپەر ئەزاسىنىڭ تولىسى ئۇنى قوللىدى . ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ يىغىنى يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشتى ، تالاش ـ تارتىش ، ھەتتا ۋارقىراشلارمۇ بولدى ، ئاخىرىدا تەكلىپ لايىھىسى تۈزۈلىدىغان بولدى . كۆپچىلىك ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنى يىغىنچاقلاپ يازمىچە ماتېرىيال تەييارلاش ئەخمەتجان قاسىمىغا تاپشۇرۇلدى .

يىغىن تۈگىگەندىن كېيىن ئېلىخان تۆرەم نۇرىغا :

— ھەممىنى يېزىۋالدىڭمۇ ، بالام ، كىم ھەق ، كىم ساتقۇن ئىكەنلىكىنى يىگىرمە ـ ئوتتۇز يىلدىن كېيىن بىلىسەن ، ئۇ چاغدا مەن يوق ، سەن كۆرەلەيسەن . بۇ قېتىم خائىنلار يەڭدى . دائىم شۇنداقلار يېڭىپ كېلىۋاتىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، خەلق زۇلۇمدىن قۇتۇلالمايۋاتىدۇ ، — دېدى .

نۇرى ھەممىنى خاتىرىلىۋالدى . ئۇ كۆڭلىدە ئەخمەتجان قاسىمىغا مايىل بولدى . ئۇنىڭ ھەممە ئىشتا خەلق پايدىسىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ ، چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىشى ئۇنىڭغا ياقاتتى .

ئەخمەتجان قاسىمى يېرىم كېچىدە ئۆيىگە كەلدى . ئۇ ئۇخلاۋاتقان ماھىنۇرنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى . ئايالى ھامىلىدار ئىدى . ئۇ پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ تاختايلىق ئۆيىگە كىردى ـ دە ، ئىشكاپىدىن قېلىن بىر رۇسچە كىتابنى ئېلىپ ۋاراقلىدى ، ئاخىر بەلگە ئۇرۇلغان بەتتىكى جۈملىلەرنى ئاق

قەغەزگە كۆچۈرۈپ يېزىشقا باشلىدى .

ئەتىگەنلىكى ماھىنۇر ئورنىدىن تۇرغاندا يېنىدا ئەخمەتجان يوق ئىدى . ئۇنىڭ كاستۇم - بۇرۇلكىسى تۇراتتى . ئۇ ھەربىيچە كىيىنىپ ، پولكوۋنىك ئۇنۋانى بىلەن نەگىدۇر كەتكەن . ئۆيگە ئوت يېقىلغان ، ھويلىلار پاكىز سۈپۈرۈلگەن ، ماھىنۇرنىڭ ياستۇقىدا بىر پارچە قەغەز تۇراتتى . ماھىنۇر : «دەرۋازىنى ئىچىدىن ئەتمەڭ ، مەن كېلىمەن — كەچرەك...» دېگەن جۈملىلەرنى ئوقۇدى .

غۇلجا شەھىرى يەنە بىر كەچ كۈزنى كۆردى . ئۆكتەبىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنلىرى يامغۇر بىلەن ئاخىرلاشتى . نويابىر شادلىقى ھەممە ئادەمنىڭ ئېسىدە . بىر يىلنىڭ ئالدىدا بۇ يەردە خەلق غالىب سۈپىتىدە ھۆررا توۋلىغان . 12 - نويابىر كۈنى غۇلجا شەھىرىدە گومىنداڭنىڭ ھەربىي قوماندانلىق شتابى بولغان مۇشۇ باغدا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ ، ئېلىخان تۆرەم بۇ ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولغان . بۇ چاغدا ئەخمەتجان باش كاتىپ ئابدۇرۇپ مەخسۇمنىڭ مۇئاۋىنى بولۇپ ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ ، تەرجىمانلىق قىلىپ يۈگۈرۈپ يۈرگەن ئەمەسمىدى ؟ ئۇنى خەمىت سەئىدى بىلەن ھەبىپ يۈنىچ تونۇشتۇرمىغان بولسا ، ئۇ بۈگۈن ئېلىخان تۆرەمنىڭ گەپلىرىگە ئەگەشمەيدىغان بۇنداق سىياسەتچى بولۇپ تونۇلالايتتىمۇ ؟ ئېلىخان تۆرەم ئۇنى ئەتىۋارلىمىغان بولسا ، پولكوۋنىك ، ھۆكۈمەت ئەلچىسى بولالايتتىمۇ ؟ سىلىق ، كەمتەر تۆرەمنىڭ گەپلىرىگە دائىم «شۇنداق» دەپ تۇرىدىغان يىگىت ئۇرۇمچىگە ئەلچى — ۋەكىل بولۇپ بېرىپ كېلىپلا تەتۈر گەپ قىلىدىغان ، تۆرەمنىڭ گەپلىرىگە قارشى بولۇۋالغىنى نېمىسى ؟ ئابدۇكېرىم بىلەن ئىسھاقبېك ، دەلىلقان ، قاسىمجان دېگەنلەرغۇ تۆرەمگە خىلىدىن بېرى قىر كۆرسىتىپ كېلىۋاتاتتى . ئەمما ، ئەخمەتجان ئۇنداق ئەمەس ئىدى ، شۇنىڭ ئۇچۇن ، ئېلىخان تۆرەم ئۇنى ۋەكىللىككە ئۆزى كۆرسەتكەنىدى - دە ! ئۇنىڭ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەكىلى» دېگەن نامدىن ئاسانلا ۋاز كەچكىنى ، تۆرەمگە ياقمايدىغان سۆزلەرنى كۆتۈرۈپ كەلگىنى نېمىسى ؟

«بىتتىم» مىش تېخى ! پۈتۈنسۈرۈك بىر ھۆكۈمەتنى «ئۇكا» ئورنىدا كۆرىدىكەنۇ ، باراۋەرلىك توغرىسىدا ۋالاقشىيدىكەن ، ئاكا بىلەن ئۇكا باراۋەر بولغان نەدە بار ؟ باراۋەر بولسا ئاكا ـ ئۇكا بولامتىمۇ ؟ ئوسمان باتۇر چېغىدا ئىلىخان تۆرەمنى كۆزگە ئىلماي «ئىككىمىز بىر ئاتىقا مىنگۈدەكمىز . ئالدىغا كىم مىنىدۇ ؟» دېگۈدەك . شۇ ئوسمان چېغىدا «ئۇكا» بولۇشقا رازى ئەمەس ، ئىلىخان تۆرە رەئىس جۇمھۇر ، مارشال بولسۇنۇ ، ئۇنىڭ «ئۇكىسى» بولسۇن . بۇ ئەخمەتجان نېمە سەۋەبتىن ئۆز پاناھىنىڭ تېز چۆكۈشىگە مەيلى دېگەندۇر ـ ھە ؟

— نۇرمۇھەممەت !

— لەۋەي ، جانابىي رەئىس جۇمھۇر .

— كەلگىن ، گەپ سورايمەن : ئەخمەتجاننىڭ ئورنىدا سەن بولغان بولساڭ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دېگەن ئۇلۇغ نامنى «ئۈچ ۋىلايەت» دېگەن پۈچەك سۆزگە تېگىشكەن بولارمىدىڭ ، بالام ؟

— ھۆرمەتلىك تۆرەم جانابلىرى ، زۆرۈرىيەت مۇھىم : بەزىدە زەرياقىلىق شاھ تون سىرتىغا دېۋانىنىڭ جەندىسىنى كىيىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ ، زۆرۈرىيەت شۇنى تەلەپ قىلغاندا !...

— ھىم... ۋاقتى كەلگەندە جەندىنى سېلىۋېتكىلى بولىدۇ ، دېمەكچىمۇسەن ، بالام ؟

— شۇنداق ، رەئىس ئاتا !

— زۆرۈرىيەت دېدىڭما ؟ ناۋادا بۇ زۆرۈرىيەت سېنى مەڭگۈ جەندە بىلەن ئۆتۈشكە قىستىچۇ ؟ جەندە كىيگەنلىكىڭ ئۈچۈن قۇل بولۇشقا زورلىسىچۇ ، بالام ؟

— ئۇ چاغدا يېڭى زۆرۈرىيەت تۇغۇلىدۇ : جەندە ئىچىدىن خەنجەر چىقىدۇ ، تۆرەم ئاتا !

— ھا ـ ھا ـ ھا ... پاھ ، سېنىڭ تىلىڭ ، سېنىڭ ئەقلىڭ ! ئابىلا باي قىزى بىلەن قوشۇلۇپ بىكار مەستۇمەستانە بولمىغانىكەن ـ دە ! ماڭ ، بالام ، ئەخمەتجانغا ئېيت ، بۇ يەرگە

كەلسۇن .

يېرىم سائەتكە قالماي ، رەئىس جۇمھۇر ئىشخانىسىغا تولۇق ھەربىيچە كىيىنگەن ، مۇرىسىگە پولكوۋنىك ئۇنۋانلىق پاگون تاقالغان ، كۆكرىكىگە بىرىنچى دەرىجىلىك ئىستىقلالىيەت ئوردېنى قادالغان ، يېڭىدىن چەكتۇرگەن بۇرۇتى ئۆزىگە ئالاھىدە ياراشقان يىگىت بوسۇغىدا پەيدا بولدى . ئۇ رەئىسكە چاس بېرىپ تىك تۇردى :

— سالام سىزگە ، ھۆرمەتلىك رەئىس جۇمھۇر ، مارشال جانابلىرى !

— ھە ، ھە بولدى . ھەرنېمە بولسا مېنىڭ كىملىكىم يادىڭىزدا تۇرۇپتۇ ، بالام ئەخمەتجان قاسىمى .

— خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن ، مارشال جانابلىرى !

— ئۇلتۇرۇڭ ، ھۆكۇمەت ۋەكىلى ، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەكىلى ئەخمەتجان قاسىمى !

— خوپ ، رەئىس جۇمھۇر جانابلىرى .

— خوپ ، نېمە ئۈچۈن ھۆكۇمەت نامىنى ئۈچ ۋىلايەت دېگەن سۆزگە ئالماشتۇرۇشقا رازى بولغىنىڭلارنى چۈشەندىم . بۇ بىر زۆرۈرىيەت ، شۇنداقمۇ ؟

— شۇنداق ، تۆرەم جانابلىرى ! بۇ نام دېگەن بىر شەكىل ، گەپ بىتىمنىڭ مەزمۇنىدا . ئازراق يول قويۇپ ، كۆپرەك مەنپەئەت ئېلىش بىزنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپىمىز .

— مۇھىم نۇقتىلار قايسىلار ، مەسىلەن ؟

— ھۆكۇمەت مەمۇرىي قۇرۇلمىسىدا ، خەلققە قاراتقان سىياسەتتە ، ئارمىيىمىزنى ساقلاپ قېلىش ۋە كۈچەيتىشتە ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىش !

— كونكرېت بىرنېمە تەييارلىدىڭلارمۇ ؟

— بىز تۆت كىشى : مەن ، ئابدۇكېرىم ، باش كاتىپ ئابدۇرۇپ مەخسۇم ، رەخىمجان ئاكىلار بىرلىشىپ ئون بىر ماددىلىق بىر لايىھە تەييارلىدۇق . ئەتىكى ئومۇمىي ھەيئەتلەر

يىغىنىدا ئۇتتۇرىغا قويماقچىمىز .

— مەن ھېلىھەم تۇيۇقسىز ، گىتلېردەك كېلىشىم قىلىپ ، بىخۇدلاشتۇرۇپ ھۇجۇم قىلىش نىيىتىدە . ئۇلار بىلەن قىلغان كېلىشىمدە بىزگە ھەرگىز ئۇستۇنلۇك يوق . ئۇلارنىڭ بىر پۇتى بۇ زېمىنغا دەسسەپ تۇرىدىكەن ، شۇنىڭ ئۆزى چوڭ ئاپەت . لېكىن مەنمۇ ، سىزمۇ بىر كۇچنىڭ تىزگىنلىكىدە . ئۇ كۈچ كۆزگە كۆرۈنمىگىنى بىلەن بىزنى تارتىپ ، بوغۇپ تۇرۇۋاتىدۇ . مەن كۆپچىلىكنىڭ ئاۋازىغا قارشى تۇرمايمەن . بەشكە قارشى توققۇز ئاۋاز بىلەن كېلىشىمگە يەنە بېرىش قارار قىلىندى . قارار كۈچكە ئىگە . ئەمما مەن بىر ئىشنى بىلمەكچى بالام : يېۋسىيېف سىلەرنى قىستىدىمۇ ؟

— يېۋسىيېف بىزگە مەسلىھەت بەردى : ئۇ «جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى دوستلۇق - ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى»نىڭ : «سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىدە جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىش نىيىتى يوق» دېگەن يېرىنى ئوقۇپ بەردى .

— نىيىتى يوق ؟ پاھ ، قاراڭ بۇ گەپنى ، نىيىتى يوق ئادەم نېمىشقا بىزنى قوزغىدى ، قوراللاندۇردى ؟ نېمىشقا بىزگە قوماندانلىق قىلدى ؟ باش قوماندانىدىن تارتىپ كوماندىر ئىزۋوتقىچە ئۆز ئادەملىرىنى قويدى . غۇلجا ، چۆچەك ، ئالتايدا غەلىبە قىلدۇق ، قايسىبىر جەڭدە ئۇلارنىڭ قوماندانلىقى يوقكەن ؟

— سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بۇ پاكىتنى رەت قىلغانىكەن ، بىز شۇنداق دېيىشكە مەجبۇر بىز ، ھۆرمەتلىك رەئىس جۇمھۇر ، بۇ خىل ئىشلار تولىمۇ كۆپ . ھازىر پاكىت بىلەن يېزىلغان تارىخنى ۋاراقلايدىغان چاغ ئەمەس . خەلقىمىز زۇلۇمدىن ، زۇلمەتتىن ، خورلۇق ، ئېزىلىشتىن قۇتۇلماق كېرەك . بىزگە زۆرۈرى مانا شۇ ! بۇ مېنىڭ كۆزقارىشىم .

— قۇربان بەرمەي قۇتۇلماق يوق بالام . كەلگۈسى ئەۋلادلار ئەركىن ياشىسۇن دېسەك ، خەلقىمىزنىڭ يېرىمى قۇربان بولسىمۇ مەيلى ، بۇ زوراۋانلارنى ياپوننى جۇڭگودىن قوغلىغاندەك ، گېرمانىنى

سوۋېتتىن قوغلىغاندەك قوغلاپ چىقىرىش لازىم ئىدى بالام، تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق دېگەن گەپ مۇشۇنداق يەردە ئىشلىنىدۇ!

— ۋەزىيەت مۇرەككەپ، باشقىلار تىنچلىق دەپ تۇۋلاۋاتسا بىز تەتۈر مۇقام توۋلىيالايمىزمۇ؟ تىنچلىق، خەلقچىللىق، ھۆرلۈك دۇنياۋى ئېقىم. تەتۈر ئېقىم دۈشمەنلىك بولۇپ قالىدۇ. ئاببا سوۋ توغرا ئېيتتى: بىزگە ئۆرۈشنى زورلاپ تاڭسا ئۇ چاغدا ئاخىرىغىچە ئېلىشماي بولمايدۇ.

ئۇلار — ئىككى خىل تەشەببۇسنىڭ ۋەكىللىرى يېرىم كېچىگىچە سۆزلەشتى. لېكىن ئۇلاردا يەنىلا بىرلىككە كەلگەن پىكىر بولمىدى. ئەخمەتجان خوشلاشقاندا ئېلىخان تۆرەم:

— بىز كۆرمىگەننى سىلەر كۆرۈسىلەر بالام. كەلگۈسىدە يەنە سۆزلىشىش نېسىپ بولار! — دېدى ۋە، — ئۇستا سىياسەتچى بولماق تەس. ئۆز ئوقىغىنى باشقا بىرىنىڭ قولىدىن چىقىرالىسىڭىز مەن سىزنى پىشقان سىياسەتچى دەپ ماختار ئىدىم بالام! — دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويدى.

نۇرى ئەخمەتجان قاسىمىنى سىرتقا ئۇزىتىپ چىقتى. دېكابىرنىڭ ئاچچىق شامىلى دەرەخلەردىن يوپۇرماقلارنى ئۇچۇرۇپ چۇشۇرمەكتە، جۇمھۇرىيەت بىناسى جايلاشقان چوڭ باغ ياپراقلار بىلەن تولغان، يوللاردىمۇ ياپراقلار ئۇچۇپ يۈرەتتى.

— سىزگىلا دەيدىغان بىر گېپىم بار ئىدى، — دېدى نۇرى خىش ياتقۇزۇلغان يولدا كېتىۋېتىپ، — بىر ئىنسانغا تىنمىغاندىم.

— ئېيتىڭ، نۇرمۇھەممەت زىياۋۇدۇنوف، سىز توغرۇلۇق چوڭ دادىڭىز مۇختەرباي ئاكىدىن نۇرغۇن ھېكايىلەرنى ئاڭلىغان. غېنىكامۇ، تۆرەممۇ، ھېكىمبەگ غوجام، مۇتائالى خەلپىتىم، رەخمىجان ئاكا، زۇنۇن تېيىپلارمۇ سىزنىڭ نۇرغۇن ياخشى گەپلىرىڭىزنى قىلدى. مەن سىز توغرۇلۇق ياخشى چۈشەنچىدە، ماڭا ئىشەنسىڭىز بولىدۇ.

— مېنى ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىغا قوبۇل قىلمايۋاتىدۇ.

سولايمانوف ئۇستۇمدىن نۇرغۇن گەپ تارقىتىپتۇ. ئۇ گەپلەرنىڭ مۇھىمى: بىرىنچىدىن، مەن ئېلىخان تۆرەمنىڭ قولچومىقىكەنمەن، ئاباسوفلارغا قارشى ئادەمكەنمەن. ئىككىنچىدىن، مەن ئەسلىمتى ئۇنتۇپ بايلىق قوغلىشىدىغان دۇنياخۇماركەنمەن، ئىنقىلاب قىلىشىم باي بولۇش ئۈچۈنمىش!

— لېكىن، سىز ئۇنداق يىگىت ئەمەس. تۆت يىللىق تارىخىڭىز ماڭا بەش قولدەك ئايان. رەھمىتى مۇختەرباي ئاكام ئۇرۇمچى تۇرمىسىدە سىزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. ئۇ ئادەمنىڭ ۋاپاتىغا تولىمۇ ئېچىنىدىم. سىز سادىق، باتۇر، بىلىملىك، ئەخلاقلىق يىگىت. گېزىتكىمۇ شۇنداق يازدى. مەن سىزنى دەۋرىمىزنىڭ ئەڭ يارامىلىق ياشلىرىدىن دەپ قارايمەن ئۇكام. مەن ئابدۇكېرىم، سادىروفلار بىلەن سۆزلىشەي، تۆرەمگە كاتىپ بولۇشنى سىز تەلەپ قىلمىغان. باينىڭ چىرايلىق قىزىنىڭ سىزگە ئاشىق بولۇشى باي بالىلىرىنىڭ غۇرۇرىغا تەگكەن، «مەن» دەپ يۈرگەن نى - نى بايۋەچچىلەرنىڭ قولى يەتمىگەن گۈل شېخى سىزگە ئېگىلدى - دە، بۇنىڭغا چىدىمايدىغانلار كۆپ چىقتى. ھەسەت ئادەمنى ھەرنېمە دېگۈزىدۇ، ئۇكام!

نۇرى ئەخمەتجان قاسىمنى ساي بويىدىكى قورۇسىغىچە ئۇزىتىپ باردى. ئۆزى يالغۇز ساي بويلاپ قايتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى غەربكە ئابلا باينىڭ قورۇسىغا تەلپۈندى، ئۇ بايا يالاڭ كىيىم بىلەن پېشايۋان چىرىغىنى ياغقان ماھىنۇرنى غىل - پال كۆرۈپ قالغانىدى. بەخت تاپقان ياشلار بەختكە ئىنتىلگەنلەرنىڭ قەلب يالقۇنىغا تۇتۇرۇق بولىدۇ - دە! مانا ئۇنىڭ يۈرىكى سېغىنىماقتا، تەلپۈنمەكتە، ئېچىنىماقتا! «زەيتۇنە! — دېدى ئۆز - ئۆزىگە، — مېنى ئويلاپ سىم كارىۋاتتا ئۇخلىيالمىغانسەن؟...»

نەدىندۇر قىيقاس كۆلكە، يەنە بىر ياقتىن مەستىنىڭ ناخشىسى، يەنە بىر كوچىدىن گارمون ئاۋازى ئاڭلانماقتا. ئەي غۇلجا ياشلىرى، تەبىئەتكىمۇ خۇشلۇق چىللايدىغان كۆلكەڭ، ناخشاڭ، قىيقاس - چۇقانلىرىڭ بىلەن كاۋاكشىغان يۈرەكتىمۇ

باھار يېشىللىقى پەيدا قىلىسەن !...

نۇرىمۇ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ ، جۇمھۇرىيەت رەئىسى ئىش بېجىرىۋاتقان چوڭ باغقا قاراپ يۈرمەكتە...

ھەركىم ئۆز سەنئىتىگە دەسسەيدۇ ، ئۆز مۇقامىغا يورغىلايدۇ . بۇ بىر ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان قانۇنىيەت .

مەسچىتلەردىمۇ ياشلار توپلانغان سورۇنلاردىمۇ نۇتۇق - مۇلاھىزىلەر قىزىشقا باشلىدى . بىرلىرى خەلقنى غازات - ھۇجۇمغا ئۈندەيتتى ، يەنە بىرلىرى تىنچلىق ، بىرلىك ، ئىتتىپاقلىققا چاقىراتتى ، بىرلىرى يەنە بىرلىرىنى خائىن ، ساتقۇن دەپ تىللايتتى ، يەنە بىرلىرى قارشى تەرەپنى فېئودال خانلىق تۈزۈمىنىڭ ياقىلىغۇچىلىرى ، خەلقنى مەڭگۈلۈك زۇلمەتكە باشلىغۇچى دەپ ئەيىبلەيتتى . بەزىلەر ھەتتا : «ئىنقىلابنى قايتىدىن باشلا ، نەدە سەن غېنى بىلەن پاتىخ !» دەپ ۋارقىرايتتى . ئۇنىڭغا جاۋابەن يەنە بىرلىرى : «قەلبىمىز يەنئەنگە تەلپۈنمەكتە !» دەپ شوئار ۋارقىرايتتى . مۇئەللىملەر ، خادىملار ، ئوقۇغۇچىلار ، ھەتتاكى ماتا - چەكمەن ساتىدىغان ئوقەتچىلەر ، مەدرىسىلەردىكى تالىپلار ، مەدىكار بازىرىدىكى يېلىڭ - يالىڭاچ يېتىمچىلەرمۇ ئۆز مۇلاھىزىلىرىنى ئەتراپىدىكىلەرگە سۆزلەيتتى . پۈتۈن غۇلجا شەھىرى مۇنازىرە ، نۇتۇق مۇنبىرىگە ئايلىنىپ قالغانىدى :

— ماڭغۇزماسلىق كېرەك ، بۇنداق ۋەكىللەرنى !

— يولىغا پاياندار سېلىپ ئۇزىتىش كېرەك !

— ئۇلار خەلقنىڭ ۋەكىلى ئەمەس !

— ھەقىقەتنىڭ ۋەكىلى شۇلار !

— ياشىسۇن ئېلىخان تۆرەم !

— يوقالسۇن ئېلىخان تۆرە دېگەن ئەنجانلىق !

چۇقان - سۈرەن ھېكىمبەگ غوجامنىڭ مەشرەپ توپىنىمۇ ، مۇتائالى خەلپەتنىڭ مۇرىتلىرىنىمۇ ، ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى»نىڭ ئوت يۈرەك ياشلىرىنىمۇ ، ھەتتا غېنى باتۇرنىڭ قارام يىگىتلىرىنىمۇ جىم قويمىدى . مۇزات

قاراۋۇللىرىدىن ماناس بويى ، سارسۇمبە ، تاشقورغان ، ئۈششاقتاللاردىكى ئەسكەر ، پارتىزانلارغىچە بۇ سادالارغا قىزىقمىغان ئادەم قالمىدى... سۆزلىگۈچىلەر ئۆزلىرىگە رەڭ بېرىش ئۈچۈن «ئېلىخان تۆرەم مۇنداق دەپتۇ» ، «ئابدۇكېرىم ئاباسوفنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا» دېگەندەك ئىبارىلەرنى ئىشلىتەتتى .

«ئازاد شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىدە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ گومىنداڭ ۋەكىلى جاڭ جىجوڭ بىلەن قىلغان مۇنازىرىلىرى مەخسۇس بەتتە ئۇزۇن ماقالە قىلىنىپ ئېلان قىلىندى . بۇ گېزىت تاكى يېزىلارغىچە كىشىلەر قىزىقىپ ئوقۇيدىغان گېزىت بولۇپ قالدى . يېزا مۇئەللىملىرى مەھەللە مۆتىۋەللىرى يىغىپ بەرگەن جامائەتكە گېزىتنى زوق - شوق بىلەن ئوقۇپ بېرەتتى : «ئەخمەتجان قاسىمى مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى» دېگەن يەرلىرىگە كەلگەندە خەلق ئىچىدىن : «پاھ» دېگەن ئاۋازلار ئاڭلانسا ، «مۇنداق رەددىيە بەردى»دىن كېيىنكى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندا :

— يەنە بىر ئوقۇغىنا ! — دېيىشەتتى كۆپچىلىك .

ئەخمەتجان قاسىمى دېگەن نام خۇددى 1944 - يىلى غېنى باتۇر دېگەن نام سىرلىق بولۇپ قالغانغا ئوخشاش ھەممىگە تونۇش ، ھۆرمەتلىك نامغا ئايلىنىپ قالدى . غېنى باتۇر گېزىتنى ئوقۇتۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ :

— ئەخمەتجان ئەپەندىم جىق سۆزمەنكىنا ، پاھ ، نەدىن ئۆگەنگەندۇر - ھە ؟ — دېدى .

ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرى تولىمۇ ئالدىراش ، ئاخشاملىرى يېرىم كېچىگىچە مەجلىس ئاچاتتى . ھېكىمبەگ غوجام ھەرقانچە ئالدىراش ھۆكۈمەت ئىشى بولسىمۇ ، شەھەر ئىچىگە كالاسكىدا كېلىپ بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشنى توختاتمىدى . ھەر نامازدىن كېيىن داموللا رازىيوف قۇببىگە چىقىپ نۇتۇق سۆزلەيتتى . ھېكىمبەگ غوجام مۇتائالىي خەلىپىتىم بىلەن نۇتۇققا قارىماي كالاسكا بىلەن

www.uyghurkitap.com

جۇمھۇرىيەت قورۇسغا قايتىپ كېلەتتى . ئىككى بوۋاي سۆھبەت ئۈچۈن تۈزۈلۈۋاتقان ئون بىر ماددىلىق لايىھىگە قىزىقىپ قالغانىدى :

— لەۋەي ، مەشرەپىنىڭ چاقچاقلىرىدىنمۇ قىزىقكىنا !

— شۇنچە جىق ئىشلار ئۆتتى . ئەمما لېكىن خىتايلار بىز خەققە بۇنچىلىك ئىلتىپات كۆرسەتمىگەنىدى !

— دېگىنىدەك بولسا ، پاشا بولدۇق نېمە ، بولمىدۇق نېمە ؟ خۇرجاغا ياخشى كۈن بولسىلا بولمىدىمۇ ، لەۋەي !

— تولا ئوبدان گەپ . پەلەن - شەلەن دېسىلا ئەسكىرىمىز تەييار ، بىز خەقتىن قوماندان ، رەئىسلەر بولىدىكەن ، ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرىنىڭ تولىسى بىز خەقتىن بولىدىكەن . ئون بىر پولك ئەسكىرىمىز ئىلى ، ئالتاي ، چۆچەكتىن باشقا ئۈرۈمچى ، ئاقسۇ ، قەشقەرلەردىمۇ تۇرغۇدەك تېخى !

— ئاقسۇ بىلەن قەشقەرگىلا بىرىنۋالسا قارىياغاچتەك كۆپىيىدىغان گەپتە ! بۇ ئېلىخان تۆرەمنىڭ نېمىگە قاپىقى ئېچىلمايدىكىنتاڭ ؟

— رەئىس جۇمھۇر بولالمايدۇ - دە ، بېشىدىن تاجى چۈشكىلى ئاز قالدى - دە ، ئۆلكە رەئىسلىكىگە ئۇنى كىم كۆرسىتىدۇ دەيسىز .

— خەلپەم ھەزرەتنىڭ رەئىسلىككە كىمنى كۆرسەتكۈسى باركىن ؟

— سىلىچۇ غوجام ؟ ... مېنىڭچە ، ئاشۇ ئەخمەتجان قاسىمىنى كۆرسەتسەك مۇۋاپىق بولارمىكىن .

— لەۋەي ، مەن ئويلىغاننى ئويلاپسىز .

— ھەممە خەق ئويلىغاننى دېسىڭىزا...

ئىككى كۈندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئومۇمىي ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرى تۆۋەندىكى ئون بىر ماددىلىق لايىھىنى ئاكلاپ مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىدى . ئۇنىڭ قىسقارتىلمىسى مۇنداق ئىدى :

بىرىنچى : قورالliq توقۇنۇش ھەل قىلىنغاندىن كېيىن ، ئىككى ئاي ئىچىدە مەمۇرىي باشلىقلارنى سايلاپ بولۇش كېرەك .

ئىككىنچى : دىنىي ئېتىقادنىڭ كەمستىلىشى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى بېرىلىشى كېرەك .

ئۈچىنچى : دۆلەت ھاكىمىيەت ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ھۆججەتلىرى مۇسۇلمانلار يېزىقىدا بولۇشى كېرەك .

تۆتىنچى : باشلانغۇچ ، ئوتتۇرا ، ئالىي مەكتەپلەردە مۇسۇلمانلار يېزىقى قوللىنىلىشى ، ئاممىۋى مائارىپ كەڭ راۋاجلاندۇرۇلۇشى كېرەك .

بەشىنچى : مىللىي مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئەركىن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى بەلگىلىنىشى كېرەك .

ئالتىنچى : مەتبۇئات ، يىغىلىش ، سۆز ئەركىنلىكى بېرىلىشى كېرەك .

يەتتىنچى ، خەلقنىڭ ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بويىچە باج - سېلىق بەلگىلىنىشى كېرەك . مۇسۇلمانلار ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسادىي مەجبۇرىيىتى شۇ باج - سېلىقلار ئىچىدە بولىدۇ . لېكىن بۇ خىل مەجبۇرىيەت شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ راۋاجلىنىش دەرىجىسىگە توسقۇن بولماسلىقى كېرەك .

سەككىزىنچى : سودىگەرلەرگە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا سودا قىلىش ئەركىنلىكى بېرىلىشى كېرەك .

توققۇزىنچى : ھەرقايسى رايونلاردا مىللىي قوشۇن تەشكىل قىلىنىشقا يول قويۇلۇشى كېرەك . بۇ قېتىمقى ۋەقەگە قاتناشقان قوشۇن دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ شتاتى بويىچە ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىدۇ . قوشۇننىڭ مەشغۇلاتى ۋە بۇيرۇقلار ئۇيغۇر ، قازاق تىللىرىدا يۈرگۈزۈلىدۇ .

ئونىنچى : شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەركىبىدە مۇسۇلمانلارنىڭ سان نىسبىتىگە قاراپ ئۆز ۋەكىللىرى بولۇشى

كېرەك .

ئون بىرىنچى : ئەركىنلىك ئۈچۈن قوزغىلاڭغا قاتناشقان مۇسۇلمان ئەربابلىرى بىردەك سۈرۈشتۈرۈلمەسلىكى كېرەك ، زىيانكەشلىك ، ئۆچمەنلىك قىلىنماسلىقى لازىم . قوراللىق توقۇنۇش ۋەقەسى ھەل بولغاندىن كېيىنكى ئۈچ كۈن ئىچىدە ئەركىنلىك ئۈچۈن قوزغىلاڭغا قاتناشقان بارلىق كىشىلەر بوشىتىلىشى كېرەك .

— يۇقىرىقىلار ، — دېدى رەخىمجان سابىر ھاجىيوف مۇھىم نۇقتىلارنى يىغىنچاقلاپ مەلۇم قىلىپ — بىزنىڭ ، يەنى ئىلى تەرەپنىڭ مەركەزنىڭ كۆرسەتمە لايىھىسىگە قارىتا تەييارلىغان پىكىرلىرىمىز .

— تولۇق ئاتىلىشى مۇنداق ، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى كۈلۈپ تۇرۇپ ، — ئىلى تەرەپنىڭ مەركەزنىڭ كۆرسەتمە لايىھىسىگە قارىتا پىكىر ۋە تەلەپلىرى ، يەنى «شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان قوراللىق توقۇنۇش ۋەقەسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋەكىلى ئوتتۇرىغا قويغان ‹كۆرسەتمە لايىھىسى›گە قارىتا شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ پىكرى» .

— مۇسۇلمان بولمىغان مىللەتلەرمۇ قوزغىلاڭغا قاتناشتى . مەسىلەن ، موڭغۇللار ، شىبەلەر ، رۇسلار ، ھەتتا خەنزۇلار ، ئۇلارنىڭ قورسىقى كۆپمەسمۇ ؟ — قاسىمجان قەمبىرى سوئال سورىۋىدى ، ئابدۇكېرىم ئاباسوف قوشۇمچىلىدى :

— مۇسۇلمانلار دېگەن سۆز ئارتۇقچىمۇ قانداق ؟

— يۇقىرىقى تولۇق ئاتالمىنى مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى ئوتتۇرىغا قويغان . ئۇلارنىڭ قارىشىچە ، قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلەر ئاساسەن شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار ئىكەن . بۇ ئاتالمىنى ئۆزگەرتىش بىزگە تەئەللۇق ئىش ئەمەس !

— كۆپچىلىكتە يەنە قانداق پىكىرلەر باركىن ؟

ئەخمەتجان قاسىمى ئورنىدىن تۇرۇپ شۇنداق دېدى - دە ،

ئېلىخان تۆرەمگە قارىدى:
— تۆرەم جانابلىرى، يەنە قانداق تەلەپلەرنى قويساق بولاركىن؟
— ھېلىقى ئالىي مۇختارىيات دېگەن سۆز قويۇلماپتۇغۇ؟
— ئۇ مەركىزىي ھۆكۈمەتكە قويۇلىدىغان تەلەپ، ئىككىنچى قەدەمدىكى ئىش، رەئىس جانابلىرى.
— ئاۋۋال ئۆلكىگە باش تىقتۇۋېلىپ، ھەممە يەردە قوشۇن تۇرغۇزۇۋېلىپ، ھە ئەمدى نېمىدەيسەن دەيدىغان گەپ ئىكەن ـ دە، لەۋەي، بولىدىغان گەپكەن! — دېدى ھېكىمبەگ غوجام بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ.
— خەلققە كېلىدىغان زىيان ئازراق بولسۇن دەيدۇ ـ دە! — دېدى مۇتائالى خەلپىتىم يوغان، ئاپئاق ساقىلىنى سىلاپ.
ھەممىلا ئادەم خۇشال، بىرلا ئېلىخان تۆرەم پېشانىسىنى ئولۇق قول بارماقلىرىغا تىرەپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ جىم ئولتۇراتتى. ھەممە ئادەم ئۇ كىشىنىڭ بۇ تۇرقى خاپىلىقنىڭ بەلگىسى ئىكەنلىكىنى بىلىشەتتى. كۆپچىلىك بىر ـ بىرىگە قارىشىپ كۆز ئىشارەتلىرى بىلەن رەئىسنىڭ كەيپىياتى توغرىسىدا سۆزلەشتى. ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغۇچىلارمۇ ئۇنىڭ خاپىلىقىغا شېرىكلىشىپ ئۆزلىرىگە خاس ئادەتلىرى بىلەن خاپىلىقلىرىنى ئىپادىلەشتى.
— خەلق ئىچىدە قاتتىق نارازىلىق بار، — دېدى ئەنۋەر مۇسابايوف، — بىزنىڭ زاۋۇتنىڭ ئىشچىلىرى نارازىلىق بىلدۈرۈپ كوچىغا چىقىمىز دېۋىدى، مەن توسۇپ قويدۇم.
— ئالدىنقى سەپتىن كەلگەن خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ئەسكەرلىرىمىزمۇ نارازىكەن. مىڭلاپ ـ مىڭلاپ يىگىتلىرىمىز شېھىت بولدى. ئاي ـ يۇلتۇزلۇق ئىسلام بايرىقىنى شىڭشىڭشىياغا قادىماساق، ئۇلارغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىمىز! دەپتۇ بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز!
— ئىچكەن قەسەملىرىمىز بىكار بولدىمۇ، يارانقان ئىگەم

ئالدىدا قارا يۈز بولمايمىزمۇ ، دېگۈچىلەر تۇرغۇن !

— هەق گەپ ، هەق راست ! — دېدى ئېلىخان تۆرەم تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن ، ئۇنىڭ كىچىككىنە ، يارىشىملىق ساقىلى تىترىدى ، كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى .

— مېنىڭ مىللىتىمنى هەممىنى ئىقرار قىلغۇزىدۇ ! دېدى غېنى باتۇر ئورنىدىن تۇرۇپ ، هاۋا گۈلدۈرلىگەندەك گۈركىرەپ ، — ئىسلام بايرىقىنى ئېلىۋەتكەن يەردە قانداق ياخشى كېلىشىم بولسۇن ، ئىككى تەلەپ قويۇش كېرەك : بىرىنچىسى ، ياۋاشلىقچە چىق دېيىش كېرەك . ئىككىنچىسى ، چىقمىساڭ مەيدانغا چىق دېيىش كېرەك . ئىككىسىلا چىق !

كۆپچىلىك كۈلۈشتى . ئىسھاقبېك غېنى باتۇرغا قاراپ قويۇپ :

— بۇ گېپىڭنى ستالىن ئاڭلاپ قالمىسۇن ، باتۇرۇم ، گېپىمگە كىرمىدىڭ دەپ بەرگەن ماشىنىسىنى تارتىۋالمىسۇن يەنە ! — دېدى .

— مەن ئەتىلا ماڭىمەن ، ماڭا ئەگىشىدىغانلار ماڭ ، ئورۇمچىگە قاراپ هۇررا ، دەيمەن ! — غېنى باتۇر خاپا ئىدى . خاپا بولسىلا بىلىدىكى تاپانچىسىغا ماڭىدىغان ئوڭ قولى ئۇ يەر - بۇ يېرىنى سىلىغىلى تۇراتتى .

— هاي ، هاي باتۇر ، سەۋر قىلايلى ، — دېدى مۇتائالى خەلپىتىم ، — ۋاسسەبرى ئىننالئىنسەنە لەپى خۇسرى ، سەۋرلىك ئىنسان خاتالىقتىن خالىي بولالايدۇ . قېنى ، ۋەكىللىرىمىز بارسۇن ، ئون بىر ماددىمۇ ياخشى بوپتۇ . يەنە قانداق گەپلەر بولىدۇ ، كۆرمەيمىزمۇ ، ۋەكىللىرىمىزنىڭ سەپىرى ئوڭۇشلۇق بولغاي ! قېنى تۆرەم جانابلىرى ، دۇئا بەرسىلە .

— ئۆزلىرىدىن بولسۇن خەلپىتىم !

— ئامىن !

چاۋاك ئورنىغا دۇئا قىلىندى . كۆپچىلىك تارقاشتى .

خاهىش دېگەن بايلىق ئەمەس ، خۇددى ئارزۇ - هەۋەس قانات بولمىغىنىدەك — ياخشى تىلەكمۇ كۈچ - قۇۋۋەت ئەمەس ، گويا

تەمەخورلۇق بىلەن باي بولغىلى بولمىغىنىدەك، ياخشى نىيەتنى چۈشەندۈرمەك يەر تېگىدىن ئالتۇن ئالماقتەك تەس. ھايۋانلار ھېچنېمىنى ئارزۇ قىلمايدۇ، قۇياش نۇرى بىلەن كۆكەرگەن يەر، تاغ شەربىتى ئېقىن سۇ بولسىلا ئۇ بەختلىك. ئىنسان بولماق نېمانچە تەس، بولۇپمۇ بىر غايىگە ئۆزىنى بېغىشلىغان پىداكار ئىنسان بولماق تولىمۇ تەس، گويا قاناتسىز ئۇچماقتا ئورۇنغاندەك !...

كالاسكا شەھەر كوچىلىرىدا ھەيۋەت بىلەن ماڭماقتا، كالاسكىنىڭ ئالدىدا بەش ئاتلىق، كەينىدە بەش ئاتلىق قورال ئاسقان، تاپانچا باغلىغان مۇھاپىزەتچىلەر ئاتلىرىنى ھەۋەس بىلەن ئويناقلىتىپ، يورغىلىتىپ ماڭماقتا. ئۇلار مۇھاپىزەت قىلىپ كېتىۋاتقان ئادەم — ۋىجىك، ئاقساقال، سۆسەر تۇماق، سوكنىدىن پەرىجە كىيگەن ئادەم كالاسكىدا كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ، ئىنسان، ھايات ۋە غايە توغرىسىدا مۇلاھىزە قىلىپ بارماقتا. بۇ ئادەم بىر يىللىق قوراللىق ئىنقىلابتا سانسىزلىغان پىدائىيلاردىن قەسەم ئېلىپ، قۇرئاننىڭ قۇدرىتى بىلەن سانسىزلىغان ئەزىمەتلەرنى ھۆررا تۇۋلىتىپ كۆرەشكە ئاتلاندۇرۇش بەدىلىگە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىگە رەئىس بولغان ھۆرمەتلىك زات ئېلىخان تۆرەم. ئۇ ئۆزىنىڭ سەمەرقەندتىن بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن، قانداق قىلىپ كېلىپ قالغىنىنى ئەسلەشنى خالىمايدۇ. ئۇنىڭ خالايدىغىنى قوقەن خانلىقى — مەيلى دۇنيانىڭ نەرىدە بولمىسۇن، شۇنداق خانلىقنىڭ قۇرۇلۇشى ئىدى. ياقۇپبەگمۇ شۇ خانلىقنىڭ بىر لەشكەر بېشى ئىدىغۇ، «بەدۆلەت» دېگەن نام بىلەن خوتەندىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان كەڭ ئۇيغۇر زېمىنىدا ئون تۆت يىل خان بولۇپ ئولتۇردى. ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن تۈرك سۇلتانلىقىنىڭ بىر ئۆلكىسى بولۇش ئۈچۈن تىرىشتى، لېكىن مەنچىڭ لەشكەر بېشى زو زۇڭتاڭ ئۇنىڭ پېيىنى قىرقىدى. ئۇ ئاخىر كورلا شەھىرىدە بىئەجەل ئۆلدى، ئۇنىڭ تەخت ۋارىسى — ئوغلى بەكقۇل بەگ قېيىناتىسى ئوسمان باتۇر دېگەن قىرغىز بىلەن چېگرىدىن

قېچىپ سىرتقا چىقىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئافغانىستان، ھىندىستانلاردا قولدىن كەتكەن خانلىقنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدى. لېكىن ئۇنىڭدىن قالغىنى بىر پارچە كىتاب — «ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى نېمىشقا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمىدى؟» دېگەن رىسالە بولدى. گەرچە بۇ رىسالە بەكقۇل بەگنىڭ تۈرك سۇلتانىغا يازغان خېتى بولسىمۇ، ئۇ بۇ خېتىدە ياقۇپبەگنىڭ ئەنگلىيە، رۇسىيەلەرنىڭ ياردەملىرىنى رەت قىلغانلىقى، تۈرك سۇلتانىغىلا بېقىنىشنى ئالىي ئارزۇ بىلىپ ئافغان، ئۆزبېك، خەنزۇ، خۇيزۇ ئەسكەرلىرىگە تايىنىپ توختىماي ھەربىي يۈرۈش قىلغانلىقى، ئاخىرىدا مەغلۇپ بولغانلىقىنى راستچىللىق بىلەن يېزىپ قالدۇردى. ياقۇپبەگنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرىدىن بىرى يەرلىك خەلق — ئۇيغۇرلارنى چەتكە قاققانلىقى، ھەتتا خارلىغانلىقى، ئەزگەنلىكى ئىدى. ئۇيغۇرلار مانا ھازىر ئېلىخان تۆرەمگىمۇ سوغۇق مۇئامىلە قىلماقتا. ئۇنىڭ «مىللەت مەۋجۇت ئەمەس، مۇسۇلمان بىلەن كۇپپارلار مەۋجۇت» دېگەن سۆزىگە ئەگەشكۈچىلەردىن قارشى چىققۇچىلار كۆپ بولدى. توغرا، رۇسىيىدە يۈز بەرگەن ئۆكتەبىر ئىنقىلابى مىللەت چۈشەنچىسىگە يېڭىچە تەبىر بەردى. لېنىن مىللەت چۈشەنچىسىدە ئىسلام پەلسەپىسىگە قارشى نەزەرىيىلەرنى ياراتتى. ئۇيغۇر بىلەن تاتارلار لېنىننىڭ تەلىماتلىرىنى ئەڭ بۇرۇن قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن دەسلەپ قۇرۇلغان «تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»دە ئابدۇللا روزىبايوقىيوفتەك ئۇيغۇرلار لېنىن شوئارلىرىنى توۋلاپ يۈرۈپ، ھوقۇق ۋە ئىمتىيازغا ئېرىشىۋالدى. لېكىن، 30 - يىللار، ستالىن سەپىرالاشقان بۇ يىللاردا ئويغىنىش خەۋپلىك خاھىشقا ئايلاندى. ستالىنغا يات بىلىنگەن مىللەت ئۇيغۇرلار بىلەن تاتارلار بولدى. قىرىلدى، تۇتۇلدى، سۈرگۈن قىلىندى، لېكىن بۇ خەق يوقالمىدى. ئاخىر ستالىن شېڭ شىسەينىڭ خائىنلىقىدىن ھېساب ئېلىش پەيتى كەلگەندىلا، بۇ مىللەتكە قاراتقان قىرغىنىنى توختاتتى. مانا شۇ ستالىننىڭ كەڭ قورساقلىقى ئېلىخان تۆرەمنى

«شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى» دېگەن نامغا ئىگە قىلدى. ياق، بۇ نامنى ستالىن ئەمەس، تارىخ ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلدى. ئۇنىڭ كىچىك - كۈندۈز قىلغان دۇئالىرى، ئىنقىلاب - ئىستىقلالغا سادىقلىقى، زۇلمەت - زالالەتكە بولغان ئۆچمەنلىكى، غازات يولىدىكى پىداكارلىقى ئۇنىڭغا بۇ مۇناسىپ تاجنى كىيدۈردى.

ئۇ بىرىگە قەست قىلمىدى، ھېچنېمىنى تەمە قىلمىدى، مىللىتىم دېمىدى، ئاغزىدىن دىنىي ئىسلامنى چۈشۈرمىدى، قەلبىدىمۇ شۇ نىيەتتىن باشقا نەرسە بولمىدى. ئۇ دائىم: «پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان ئىسلام نۇرىغا چۆمۈلگەن كۈنى، ئىسلام بايرىقى خانتەڭرى ئۈستىدە دۇنياغا ئۆزىنى كۆرسىتىپ جەۋلان قىلغان كۈن — مەن جۇمھۇرىيەت رەئىسلىكىنى سىز ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمنىڭ ئەڭ مۇناسىپ ئادىمىگە ئۆتۈنۈپ بېرىمەن!» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمىدى. ھەتتا بەزىلەرنىڭ «ئۇيغۇرىستان» دېگەن ئاتالمىنى قوللىنايلى دېگىنىگىمۇ رازى بولدى. شۇنداق تۇرۇپ، ئۇ يەنە نېمىشقا بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئالقىشىغا ئىگە ئەمەس؟ نېمىشقا ئۇنى قوللايدىغانلار بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى، سوتسىيالىزم ئەقىدىسىنى تەشۋىق قىلغۇچىلارنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقىمۇ؟ دۇنيادا تۈركىيە سۇلتانلىقى يىمىرىلىپ، مۇستاپا كامالدەك جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ پەيدا بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا تىرەك بولغان لېنىن - ستالىن يولىنىڭ دۇنياۋى غەلىبىگە ئېرىشكەنلىكىمۇ؟ ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ راستىلا بازىرى كاساتمۇ؟...

راست، ئۇيغۇرلار ئەمدى ئويغانغانىدى. ئۇلار ئوتتۇرا ئەسىر فېئودالىزم ئەندىزىسى «دىنىي ئىسلام» دۆلىتىنى ئارزۇ قىلمايتتى. مۇستەقىللىق دەۋاگەرلىرى نەچچە يۈز يىللىق ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىدا مىليونلىغان ئۇيغۇرلارنى قۇربان قىلىپمۇ «بۈيۈك شەرقىي تۈركىستان» دۆلىتىنى بەرپا قىلالمىدى. ئەكسىچە ئۇيغۇرلار تېخىمۇ بەتتەر كۈنگە قالدى. خەلق بۇ مۇستەقىللىق

دەۋاگەرلىرىگىمۇ كۆپ قېتىم ئالداندى... ئۇيغۇرلار ئەمدى ھاكىم مىللەتلەردىن باراۋەرلىكنى، دېموكراتىيىنى، تەرەققىياتنى تەلەپ قىلماقتا ئىدى...

تۆرەم يەنە خىيال سۈرۈشكە باشلىدى: «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» دېگىنى يوشۇرۇنچە لېنىن، ستالىن كىتابلىرىنى ئوقۇغۇدەك، ماۋ زېدۇڭنىڭ كىتابلىرىنى ھېلىقى ئابدۇكېرىم ئابباس دېگەن خىتايچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ ياشلارغا ئوقۇپ بېرىپ يۈرگۈدەك، راستىتىنلا ئىسلام بايرىقى ئورنىغا بەش يۇلتۇزلۇق، ئورغاق - بولقىلىق بايراق ئېسىلارمۇ ياكى سەنمىنجۇيىنى دۆلەت شېئىرى قىلىپ ئېيتىش يەنە ئەسلىگە كېلەرمۇ؟...

تۆرەم ئۆيگە بارغۇچە ئۆز - ئۆزىدىن سوئال سورىدى، ئەقىل خەزىنىسىدىن جاۋاب ئىزدىدى. لېكىن ئۇ ھېچبىر سوئالغا قانائەت قىلغۇدەك جاۋاب تاپالمىدى. ئۇنىڭغا ئىستىقبال مۇشۇ بولۇتلۇق كېچىدەك قاراڭغۇ، سەپىرى ناتونۇش يوللاردەك ۋەھىمىلىك بىلىنىشكە باشلىدى. ئۇ كالاسكا توختىغاندا تىترىگەندەك بولدى. بىرنەچچە ئايدىن بېرى كەلمىگەن ئۆيگە كەلگەنلىكى ئالدىن خەۋەر بولغان چېغى، دەرۋازا ئالدىدا جامائەت، ئۆزبېك بايلىرى، دىنىي زاتلار، مەدرىسىنىڭ خاتىپ، تالىپلىرى بولۇپ يۈزدەك ئادەم توپلانغان. ئۇنى مۇھاپىزەتچىلەر قولتۇقلىرىدىن يۆلەپ كالاسكىدىن چۈشۈردى. ئۇ قارشى ئالغۇچىلار بىلەن بىر - بىردىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. خەلق ئۇنىڭ قوللىرىغا سۆيدى، پەشلىرىنى يۈزلىرىگە ياقتى ۋە ئامانلىق، شان - شۆھرەت، بايلىق تىلەشتى.

لېكىن ئۇنىڭ كەيپى يەنىلا ئوسال ئىدى، چۈنكى ئۇ بۇ خىل راست بىلەن يالغان ئارىلاشقان تەنتەنىلىك سورۇنلارنى تولىمۇ كۆپ كۆردى. تەنتەنە، داغدۇغا ھەتتا ئۇنىڭغا زېرىكىشلىك بىلىنىدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى ئۇ بىلدى: بۇ زامان ئادەملىرى ئۆز قارغىشلىرىنىمۇ بەخت تىلەش بىلەن ئىپادىلەشكە ئادەتلىنىۋاتاتتى. سەمىمىيلىك بىلەن رەنجىتىشنىڭ ئورنىنى ساختىلىق بىلەن خۇش

قىلىش ئىگىلەشكە باشلىغان بوگوئنكى دەۋردە ، ئۇ خۇددى خەلقلەرگە ئۆزىنى چۇشەندۇرمىگىنىگە ئوخشاش ، خەلقنىمۇ چۇشىنەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى .

— سالام ئاتا ! — دېدى ئۇنىڭ ئاقسۇدا سوقۇشقا قاتنىشىپ كەلگەن پودپولكوۋنىك ئۇنۋانلىق ھەربىي كىيىم كىيگەن ئوغلى ئېگىشىپ تەزىم قىلىپ ، — سالامەت كەپسىز ئاتا !

— سەن بالام داداڭغا سالام بېرىۋاتامسەن ؟ ياق ، ماڭا بىر پودپولكوۋنىكنىڭ مارشالغا بېرىدىغان سالىمى لازىم ! ھەربىيچە سالامنى ئۇنتۇما بالام ، بولۇپمۇ ھازىر بىزگە زۆرۈرى ھەربىي . ئۇ ئائىلە ، قېرىنداشلىقتىنمۇ مۇھىم !

كۆپچىلىك بىر - بىرىگە قاراشتى .

11 - نويابىر ۋەكىللەر يەنە ئورۇمچىگە قاراپ يولغا چىقتى . بۇ قېتىم ئابدۇكېرىم ئاباسوف ، ئىسھاقبېكلەرمۇ ۋەكىللەرگە قوشۇلۇپ بىللە ماڭدى . ماشىنىدىكىلەرنىڭ سۆھبەتلىرى تۆرەمنىڭ مۇلاھىزىلىرىدىن تولىمۇ يىراقتا ئىدى :

— شەرقىي شىمالدىكى ئۇرۇش توختايدىغاندەكمۇ ؟

— ياق ، تېخىمۇ كۇچىيىپ كېتىۋاتىدۇ . ھازىرغىچە ئازاد رايونلارغا گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ يەتتە يۈز مىڭدىن ئارتۇقراق ئادىمى كىرىپتۇ .

— كومپارتىيە تىنچلىق سۆھبىتى دەپ غالىبىيەت مېۋىلىرىنى تاشلاپ بەرمەيدۇ - دە ! سۆھبەتلەشكەنسېرى ئۇلار يىراقلاشماقتا . كومپارتىيە ھەرگىز گومىنداڭنىڭ تەلەپلىرىگە ماقۇل دېمەيدۇ . ياپونىيە بىلەن قورچاق مانجۇرىيىنىڭ تەسلىملىرىنى گومىنداڭ تاپشۇرۇۋالىمەن دېسە ، كومپارتىيە ياپونلاردىن ئازاد قىلغان يەرلەرنىمۇ گومىنداڭ ئىگىلەيمەن دېسە كومپارتىيە يول قويمايدۇ - دە ، تىنچلىق بىلەن ئۇرۇش تەڭ كېتىۋاتىدۇ . ئاخىر ئۇرۇش بولىدىغاندەك !

— سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىنى قوللىسا بولاتتى .

www.uyghurkitap.com

— ئۇنداق قىلسا ئامېرىكا جاڭ جيېشىنى قوللايدۇ — دە، جاھان ئۇرۇشى پەيدا بولىدۇ.

— بىزنىڭ بۇ كېلىشىملىرىمىزمۇ يەنئەن بىلەن چۇڭچىڭنىڭ كېلىشىملىرىگە ئوخشاپ كېتەرمۇ - ھە؟

— تۆت ماددىغا جاڭ جىجۇڭ ماقۇل بولماسلىقى مۇمكىن. ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنى ئىككى ئاي ئىچىدە سايلام ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈش، مۇسۇلمان يېزىقى قوللىنىش، ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئاقسۇلاردا قوشۇن تۇرغۇزۇش، سودىگەرلەر دۆلەت ئىچى، خەلقئارادا ئەركىن سودا قىلىش دېگەن تۆت ماددىغا!

— ئاساسىي تالاش - تارتىش ئەسكەر قىسقارتىشتا بولۇشى مۇمكىن. بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز يىگىرمە پولكتىن ئاز بولماسلىقى، شىنجاڭدىن دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپى چېكىندۈرۈلۈشى، ئىلى، ئالتاي، چۆچەكلەرگە گومىنداڭ ئارمىيىسى كىرمەسلىكى كېرەك!

— يەنە مۇسۇلمانلاردىن ئامانلىق ساقلىغۇچى قوشۇن قۇرۇش دېگەن تەكلىپىمىز بار تېخى!

— ئەخمەتجان، ھەرگىز يول قويماڭلار جۇمۇڭ. جۇ ئېنلەي، ۋاڭ رۇفېيلاردەك قەتئىي بولۇڭلار - دە!

ماشىنا يەنە سايرام بويىغا باردى. تەلكىنىڭ داۋىنىنى قار باسقان، قارىغايلار قار ئارىسىدا خۇددى كېپىنەك تون كىيگەن پارتىزانلاردەك رەت - رەت تۇراتتى، تاغ تولىمۇ گۈزەل ئىدى.

— ئۆتكىلى بولمايدىغان داۋان يوق، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى، — گەپ يول تېپىپ مېڭىشنى بىلىشتە، ئالدىمىزدا قارلىق چوققىلار تۇرغۇن، بىز تىنچلىق، دېموكراتىيە - خەلقچىللىقنى چىن كۆڭلىمىزدىن خالايمىز. ئەمما، دۈشمەنلىرىمىز بىزنى تىز پۈكتۈرۈش ئۈچۈن تىنچلىق شوئارىنى توۋلاۋاتقاندەك قىلىدۇ. تىنچلىق دېسىلا بىز خەلقچىللىق دەيمىز، سەۋەبى، تىنچلىق خەلق تەرىپىدىن يارىتىلىشى كېرەك، خەلقىمىزنىڭ خاتىرجەملىكى، ھۆرلۈكى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن

خىزمەت قىلىدىغان تىنچلىق بولۇشى كېرەك . جۇ شاۋلياڭ بىلەن ۋۇجۇڭشىنلارمۇ جىم تۇرۇۋاتقىنى يوق . ئۇلار جاڭ جىجۇڭنىڭ مۇقاملىرىدىن رازى ئەمەس ، بولۇپمۇ جۇ شاۋلياڭ بىزنىڭ ئېلىخان تۆرەمدەك دۈشمىنىنى ئۇرۇش بىلەن تەلتۆكۈس يوقىتىش كويىدا . بەزى خەۋەرلەردىن قارىغاندا ، ئوسماننى ھەدەپ قۇترىتىۋاتقۇدەك !

— مەنمۇ دەلىلقان بىلەن سۆزلەشتىم ، — دېدى ئىسھاقبېك دەرھاللا ، — ئوسمان ئەتەي تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ دەلىلقان بىلەن سۈركىلىش پەيدا قىلىۋاتقۇدەك . ئۆز ئالدىغا ئىچكى كابىنېت تەشكىللەپ قاباباس مۇپتىغا ئوخشاش 1933 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قېچىپ كەلگەن ئالاش ئوردىچى ئادەملەر بىلەن دائىم كۆسۈرلىشىپ ، بىردە ئۆزىگە بۇرۇن قارشى تۇرغانلارنى قويۇپ بەرگەنگە قارشى ، يەنە بىردە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ سوۋېت قوراللىرىنى يىغىۋېلىشىغا قارشى چىقىپ ، دىنىي خۇراپاتلىقنى تەرغىب قىلىپ ، ئاياللارنىڭ ئەركىنلىكىگە چەك قويۇپ ، سېرىق پاچاق ، قىزىل پاچاق دەپ بىزنىڭكىلەرنى تىللاپ ، ئەتەي ماجىرا تۇغدۇرۇشقا تىرىشىۋاتقۇدەك !

— ئۇ بىر خەتەرلىك ئادەم . ساۋەننىڭ ھاكىمى قالىبەكمۇ بىزدىن نارازى .

— بىزنىڭ ئىچكى قىسمىمىزدا يېڭىچە ئاڭ بىلەن فېئوداللىق ئاڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بارغانسېرى كۈچەيمەكتە . بۇ زىددىيەت ماھىيەتتە بىزنىڭ قانداق يولغا مېڭىش كېرەك دېگەن مەسىلىدىكى زىددىيەتلىرىمىزنىڭ ئاشكارىلىنىشى . بىز يول تاللاش باسقۇچىغا كەلدۇق . بىز بۇ يەردە ئولتۇرغانلار خەلق دېموكراتىزم ھاكىمىيىتى قۇرۇش كويىدا . لېكىن بىزنىڭ قارشى تەرىپىمىزدىكىلەر خانلىق ، بۇرژۇئاچە جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى يارىتىش كويىدا . خەلقىمىزنى ئۇرۇشقا — غازاتقا ئۈندىگۈچىلەرنىڭ مۇددىئاسى شۇ . ئۇلار گومىنداڭنى يوقىتىش باھانىسى بىلەن بىزنى يوقاتماقچى . ئۆز ۋاقتىدا سابىت داموللا قۇرماقچى بولغان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىگە ئوخشاش جۇمھۇرىيەت قۇرۇش كويىدىكىلەر ھازىر

www.uyghurkitap.com

ھەدەپ ئۇرۇش قىلىش ئەسەبىيلىكى بىلەن خەلققە تەشۋىقات يۈرگۈزمەكتە!

— تىنچلىق بىتىمى ئۆلارغا زەربە، — دېدى ئابدۇكېرىم ئاباسوف ئەخمەتجاننىڭ سۆزىگە ئۇلاشتۇرۇپلا، — بىتىمنىڭ غەلىبىسى خەلقچىللىقنىڭ غەلىبىسى بولىدۇ. دېموكراتىك ئاڭ سىڭدۈرۈلگەندىلا، خەلقىمىز ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتىگە كىملەرنىڭ ۋەكىللىك قىلىۋاتقىنىنى چۈشىنىۋالايدۇ!...

ماشىنا ئۈستىدىكى سىياسي مۇلاھىزە تاكى جىڭ ناھىيىسىگە بارغۇچە داۋاملاشتى. جىڭ ناھىيىسىنىڭ دەرەخلىرى كۆرۈنگەندە، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ يادىغا بۇ يەردىكى سوقۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن كوماندىر نۇرى زىياۋۇدۇنوف كەلدى.

— نۇرى زىياۋۇدۇنوف ناھايىتى يارامىلىق يىگىت، — دېدى ئۇ بىردىنلا، — ئابدۇكېرىم ئۇكام، ئۇ يىگىتنى نېمە ئۈچۈن «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى»نىڭ سىرتىدا قالدۇرۇپ قويدۇق؟

— كۆپچىلىكنىڭ ئۇنىڭغا نارازىلىقى كۆپكەن! — دېدى ئابدۇكېرىم ئاباسوف خىيال بىلەن ئاستا سۆزلەپ، — مەيدان، ئەخلاق، ئىنتىزامغا ياتىدىغان ئىشلار.

— ئادىللىق ئەمەس، — دېدى رەخىمجان دەرھاللا، — مەن ئۇنى ئۇزۇندىن بېرى بىلىمەن. ئۇ قەيسەر يىگىت. بىلىم، كۆزقاراشتىمۇ ئىلغار. ياشلار ئىچىدە ئۇنىڭغا يېتىدىغانلار يوقنىڭ ئورنىدا. جېڭنى ئازاد قىلىش جېڭىدە ئۇنىڭ تۆھپىسى چوڭ!

— شۇنداق، — دېدى ئىسھاقبېك دەرھاللا، — مەنمۇ ئۇنى بىلىمەن، ياخشى بىلىمەن، ئۇ تولىمۇ يارامىلىق يىگىت. ئۇ تۆرەمنىڭ يېنىدا زايە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. تۆرەم ئۇنى بۇيرۇق بىلەن يېنىغا ئەكېلىۋالدى. مەن ئامالسىز ماقۇل دېدىم.

— ئۇنىڭ چوڭ دادىسى مۇختەرباي رەھمىتى تولىمۇ زەنجىر ئۇزەر ئادەم ئىدى. مەن بىلەن چىقىشمايلا ئۆتۈپ كەتتى. تاسلا قالغان مەن ئۇنى ئاتقۇزىۋەتكىلى! — دېدى ئاباسوف كۆپچىلىكنىڭ ماختاشلىرىغا قوشۇلمىغاندەك قىلىپ، — نۇرىمۇ

بەزى ئىشلاردا چوڭ دادىسىغا تارتقاندەك ، خوتۇنغا ئامراق ، يىگىرمىدىن ئاشار ـ ئاشماي ئۈچ قىز بىلەن مۇھەببەتلىشىپتۇ ، ئابلا باينىڭ قىزىنى دەپ پەرىخە دېگەن قىزنى تاشلىۋېتىپ ساراڭ قىلاي دەپتۇ . بىزنىڭ ئىچكى گەپلىرىمىزنى تۆرەمگە توشۇغۇدەك تېخى !

— سىز ئابدۇكېرىم ، سۇلايمانوفنىڭ چىقىمچىلىرىغا ئىشىنىپ قاپسىز ، — دېدى ئىسھاقبېك ، — ئۇنىڭ ئىشىنى ئۆزۈم تۈزەيمەن . ئالاھىدە رازۋېدكا باتالىيونى قۇرماقچى بولۇۋاتىمىز . مەن نۇرى زىياۋۇدۇنوفنى پولكوۋنىك ئۇنۋانى بىلەن شۇ باتالىيونغا كوماندىر قىلىش تەكلىپىنى بەرمەكچىمەن .

— ناھايىتى ياخشى ، ئۇنىڭ چوڭ دادىسى مۇختەرباي مەن بىلەن ئۇرۇمچى تۈرمىسىدە بىللە ياتقان . قالتىس ئادەم ئىدى . ئۇنىڭ ئاقسۇ پارتىزانلىرىغا يول باشلىغۇچى بولۇپ ماڭىمەن دەپ ئوتتۇرىغا چىقىشىنىڭ ئۆزىلا بىر قەھرىمانلىق !

ئەخمەتجاننىڭ سۆزىدىكى «قالتىس ئادەم» ، «قەھرىمانلىق» دېگەن سۆزلەر ئاباسوفنىڭ سۆزىدىكى «زەنجىر ئۈزەر» ، «ئاتقۇزۇۋەتكىلى تاسلا قالغان» دېگەن سۆزلەرگە سېلىشتۇرما بولۇپ قالدى . ئاباسوف ئوڭايسىزلاندى .

— ئۈچ قىز دەيسىز ، ئابدۇكېرىم ئاباسوف ، ئۇ قىزلارنى قوغلىغىنى يوق ، قىزلار ئۇنى قوغلاۋاتقان گەپ . ھېلىقى… سىيىر سۇركەلسە بۇقا تىنچ تۇراتتىمۇ… ھا ـ ھا ـ ھا… شۇنداقلا گەپ…

مۇنازىرە كۈلكە بىلەن ئاخىرلاشتى…

… قار لەپىلدەپ ياغماقتا ، بۇ نويابىر سوۋغىسى ، تۇنجى قار ، دەرەخ شاخلىرىدا لىرىكا بىلەن يۇغۇرۇلغان تىل سەنئىتىنىلا ئىپادىلىيەلەيدىغان قار گۈللىرى پەيدا بولدى . قىز شىنىل ، شەپكە كىيگەن ، قاملاشقان ، چىرايلىق يىگىتنىڭ سول بىلىكىدىن قولتۇقلىۋالغان ، يىگىتنىڭ ئوڭ قولى چاپان يانچۇقىدا ، سول قولى

قىز ئۇچۇن جەينەك بىلەن بىلەكتىن تۇتقۇچ ياسىغان . لېكىن ئۇنىڭ خىيالى باشقا بىر قىزدا . ئۇ تۈنۈگۈن كەچتە خادىكتە مەست بولۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ ئۆز كۆڭۈل ئازابلىرىنى ئاشكارىلىغان پەرىخەنى كۆرۈپ قالدى . ئۇنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان ، ھەربىچە كىيىمىنىڭ تۈگمىلىرى ئېچىلغان . ئۇ نۇرنى كۆرۈپ دەرھال يېنىدا ئولتۇرغان سولايمانوفنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويۇۋېلىپ ، چىرايلىق كۆزلىرىنى ئاسمانغا قارىتىپ قاقاقلاپ كۈلدى . ئىنسان كۆپ ھاللاردا دەرد ـ ئەلەملىرىنى كۈلكە بىلەن ئىپادىلەيدۇ ـ دە ! نۇرى قىزنىڭ كۈلكىسىدىن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئەلەم ئاۋازلىرىنى ئاڭلىدى . ئۇ ئېمىشقا نۇرىدىن قاچىدۇ ، ئاشۇ سولايمانوفنىڭ ھېلىقىدەك رەزىللىكى سەۋەبىدىن قىزلىق شەنىگە چۈشكەن داغ ئۈچۈنمۇ ؟ نۇرى ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىش ، ھەتتا دادىسىنىڭ ، كىچىككىنە ئوغلى خەمىتىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ، پەرىخەنىڭ ئۆزىگە بولغان ساپ مۇھەببىتىنىڭ يۈز ـ خاتىرىسى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش نىيىتىگە كەلگەنىدى . مانا بۈگۈن زەيتۇنە بىلەن ئاخىرقى قېتىم سەيلە قىلىۋاتىدۇ ، ئۇ زەيتۇنەدىن ئەپۇ سورىماقچى ، ئەھۋاللىرىنى زەيتۇنەگە تولۇق ئېيتماقچى ، ئۇنىڭ خىيالى پەرىخەدە ، ئۇ كۆڭلىدە ياتلىشىشنى قارار قىلغان قىز بىلەن بىللە سەيلە قىلىۋاتقىنى ئۈچۈن پەرىخەدىن ئىچىدە كەچۈرۈم سورىماقتا .

— زەيتۇنە ، مۇھىم گېپىم بار ، سىزگە دەيدىغان !

— ياق ، بۈگۈن ھەرقانداق مۇھىم گەپ مەنئى قىلىنىدۇ ، بىز مۇنۇ گۈزەل تەبىئەت بىلەن سۆزلىشىمىز ! — قىز ئەركىلەپ ، خۇمارلاشقان يوغان ، قاپقارا كۆزلىرى بىلەن يىگىتكە «يالت» قىلىپ قاراپ قويدى ـ دە ، بىلىكىنى تېخىمۇ چىڭراق سىقتى .

— لېكىن بۇ گەپ !...

— تىنچ ، «لېكىن»مۇ مەنئى قىلىنغان ! قاراڭا ئاۋۇ سۆگەت شېخىغا ، ئاشىق ـ مەشۇقلار سۆزلىشىۋاتىدۇ ، قار بىلەن يۇپۇرماق قوشۇلسا ئەجەبمۇ چىرايلىق گۈل پەيدا بولىدىكىنا !

قىز تولىمۇ ھاياجانلانغان ، ئۇنىڭ ھەربىر سۆزى ھېسسىياتلىق لىرىكا ، شېئىر مىسرالىرى ئىدى . نۇرىنىڭ قەلبىدە يەنە تىزگىنلىگىلى بولمايدىغان ھەۋەس دولدۇلى تېپىچەكلىدى . ئۇنىڭ قىزنى قۇچاقلىغۇسى ، ئەرلىك نەپسىنى قاندۇرغۇسى كەلدى . ئۇ بىر دەقىقە پەرىخەنى ئۇنتۇدى ، مۇھەببەت ئىنساپنى يەڭدى ، تەبىئىي ھېسسىيات كۈچى ياسالما ديانەت رامكىسىنى بۇزدى . ئۇ يانچۇقىدىكى ئالىقىنىغا ئېلىنۇالغان نازۇك ، سىلىق قىز قولىنى سىقىپ قويدى ، قىز ئۇنىڭ بىلەكلىرىگە ئىككى قولى بىلەن يامىشىپ مەست بولغان ھالەتتە .

— بىر شېئىر يېزىڭا ، بۇگۈنكى كۈن مەڭگۈلۈك خاتىرە بولۇپ قالسۇن ! — دېدى .

ئۇ قىزنى تېرەك دالدىسىغا ئاستا تارتتى . ئەتراپقا قارىدى ـ دە ، نازۇك بېلىدىن تۇتتى ، قىز ئۇنىڭ بوينىغا گىرە سالدى . ئۇلار بىر تەنگە ئايلاندى ، نەدە تۇرغىنى ، نېمە قىلىۋاتقىنىنى تامامەن ئۇنتۇدى ، دۇنيادا گويا شۇلاردىن باشقا ھېچنېمە مەۋجۇت ئەمەستەك ، گويا يەر شارىدىكى تۇنجى ئىنسانلار — ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋا ئانىمىزنىڭ مۇزتەلىبىدە تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىپ ، ئىنسان خۇشلۇقىنىڭ بىرىنچى پەللىسىنى — جىنسىي قوشۇلۇشنى پەيدا قىلغىنىدەك...

— نېمىشقا بۇنداق ئوغرىلىقچە... بىزگە توسقۇنلۇق يوققۇ ، نۇرى...

نۇرى قىزنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ شېئىر ئوقۇدى :

ئايئاق قار سۆيمەكتە يېشىل ياپراقنى ،
قاندۇرۇپ بىر ئىللىق سۆيگۈ ـ پىراقنى .
قار دەيدۇ : ئەل كۆرسۇن ، پىنھان نە كېرەك ،
نە ھاجەت ئۆچۈرمەك نۇرلۇق چىراغنى .

— ھا ـ ھا ـ ھا !... — قىز قاقاقلاپ كۈلدى ، — ھە ـ ھە ، يەنە ئوقۇڭ ! — قىز ئەمدىلا يىگىت قويىنىدىن قوللىرىنى بوشىتىۋىدى ، «پاڭ» قىلغان مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى .

— ئە... ئە... — دېدى نۇرى كەينىگە سەنتۈرۈلۈپ ، ئۇ تېرەككە يۆلىنىپ قالدى . ئۇنىڭ شىنىلىنىڭ كۆكرەك تەرىپىدىن قىپقىزىل قان چىقماقتا ئىدى . ئۇ تامدەك تاتىرىپ ئوڭ قولى بىلەن بېلىدىكى تاپانچىسىنى تۇتتى ، لېكىن ھېچنېمە قىلالمىدى .

قىز بار ئاۋازى بىلەن چىرقىرىدى . يېنىدىكى ھويلىدىن تاتارلار يۈگۈرۈشۈپ چىقتى .

يېرىم سائەتتىن كېيىن سوۋېت گوسپىتالىدا نۇرى كارىۋاتتا ئوڭدا ياتاتتى ، ئۇنىڭ يېنىدا ئەڭ داڭلىق دوختۇر ھاكىم جاپپاروۋىچ ، يارۇللابىكوف دوختۇرلار ، سېستىرالار بىلەن پايپېتەك بولماقتا ئىدى .

— ساقايتىسەن دوختۇر ، ساقايتمىساڭ ئېتىۋېتىمەن ! — دەپ ۋارقىرىدى بىردەمدىلا پەيدا بولغان غېنى باتۇر تاپانچىسىنى يالىڭاچلاپ ئۇستەلگە قويۇپ .

— ئوق يۈرەكنىڭ يېنىدىن تېشىپ ئۆتكەن ، قان بەك جىق چىقىپ كەتكەن ، قان سالمىساق بولمايدۇ !

— مانا مەندىن ئال ، چېلەكلەپ ئالساڭمۇ يېتىدۇ ! — دېدى باتۇر بىلەكلىرىنى تۇرۇپ .

— ئالمۇتىغا ، موسكۋاغا ئايروپىلان بىلەن يۆتكەيلى ! — دېدى ئابلا باي تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن دوختۇرغا يېلىنىپ ، — قىزىم تېخىچە ھوشىغا كەلمىدى !...

— قىزىڭىز ئۆلمەيدۇ ، ھەممىنى قىلغان شۇ قىزلار ! — دېدى غېنى باتۇر ۋارقىراپ ، — يۈز قىزنى يۇغۇرسا نۇرىنىڭ بىر تىرنىقى يارالمايدۇ . ئۆلمە نۇرى ، ئۆلمە باتۇر يىگىت !

ئۆمرىدە ياش تۆكمىگەن غېنى باتۇرنىڭ بۆرتۈپ چىققان يوغان قوي كۆزلىرىدىن ياش تامچىلىرى مۆلدۈردەك تۆكۈلدى !...

# 56

جاڭ بۇجاڭ جياڭ ۋېيىۋەنجاڭغا تېلېگراممىا ئارقىلىق شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى دوكلات قىلدى . ئۇ روھلۇق ، خۇشال ئىدى . ئۇنىڭ نەزىرىدە شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ يولى تېپىلغانىدى . ۋاقتىنچە مۇسۇلمانلارغا كەڭرەك سىياسەت قوللىنىلسىلا ، چوڭراق ھوقۇق بېرىلسىلا شىنجاڭ قولدىن كەتمەيتتى . لېكىن بۇ «كەڭ» بىلەن «چوڭ»غا چۈشەنچىگىدىمۇ ، بۇ يەردىمۇ قارشىلىق خېلىلا چوڭ ئىدى . 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى گېنېرال جۇ شاۋلياڭمۇ ، ئۆلكە رەئىسى ۋۇ جۇڭشىنمۇ جاڭ جىجۇڭ بۇجاڭنىڭ تۇتقان يولىغا قوشۇلمايتتى . بولۇپمۇ ، گېنېرال جۇ شاۋلياڭ قاتتىق نارازى ئىدى .

— ئىلى باندىتلىرىنىڭ يەنئەن باندىتلىرىدەك چوڭ سىياسەتچىلىرى يوق ، ئۇلار بىر توپ قاراقچىلار ! — دېدى ۋە ئۇ ۋۇ جۇڭشىن ئۇيۇشتۇرغان زىياپەتتە ئاشكارا نارازىلىق بىلدۈرۈپ ، — ماڭا ما چىڭشياڭنىڭ ئاتلىق 5 - كورپۇسىدەك ئەسكەردىن يەنە بىر كورپۇس ئەسكەر ئەۋەتىپ بەرسىلا ، بۇ باندىتلارنى ئۇڭايلا تىز پۈكتۈرىمەن . سوۋېت قوراللىرى بىلەن ئادەملىرىنى ئەكەتسىلا ، بۇ باندىتلار يېلى چىققان توپقا ئوخشاپ قالىدۇ .

— ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالتايدىكى ئوسمان بىزگە ئۆتۈشكە تەييار ، جانىمقان بىلەن ئەلەنۋاڭ ئوسمانغا خىزمەت ئىشلەشكە باشلىدى . ئالتاي ۋالىيسى جانىمقاننى 8 - ئايدا ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە ئەكېلىۋېلىشىمىز ناھايىتى ئاقىلانە ئىش بولغان . مانا ئەمدى ئۇ كۈچ كۆرسىتىۋاتىدۇ ، — دېدى جۇ شاۋلياڭنىڭ گېپىگە ئۇلاپ ۋۇ جۇڭشىن .

— لېكىن ، — دېدى جاڭ جىجۇڭ ئالدىرىماي سۆزلەپ ، — شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار ھايت دېسىلا قوزغىلىشقا تەييار .

شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرگە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ياخشى سىڭدۈرۈلمىگەن ، جەڭگىۋارلىقى ئاجىز . قېچىشقىلا تەييار . «باندىت تازىلاش قوللانمىسى»نى بىلىدىغانلار يوقنىڭ ئورنىدا ، ما چېڭشياڭمۇ مۇسۇلمان ، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ . شىنجاڭ مەسىلىسىنى قورال كۈچى بىلەن ھەل قىلىمىز دېسەك زىيان تارتىمىز . بۇ قاراشقا جياڭ ۋېييۈەنجاڭمۇ قوشۇلغان . سىلەرنىڭ چۈشىنىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن .

— جياڭ ۋېييۈەنجاڭنىڭ قەتئىيلىكى بىزگە ئۈلگە بولۇشى كېرەك . يەنئەن باندىتلىرىنىڭ ياپونىيىنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلىش ھوقۇقىنى تارتىۋالدۇق ، ئون تۆت تەسلىم تاپشۇرۇۋېلىش رايونىنىڭ ھوقۇقى تامامەن بىزنىڭ قولىمىزدا . بۇلار جياڭ جۈشىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بولدى . جياڭ جۈشى يەنە بۇيرۇقنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك دەۋاتىدۇ . باندىتلارنىڭ «ئازاد رايون» دەۋالغان يەرلىرىنى بۇيرۇق بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ . جياڭ جۈشى دېگىنىنى قىلىدۇ ! شىنجاڭدىمۇ بۇيرۇق بىلەن ئىشنى ھەل قىلىدۇ ، باندىتلارنىڭ ماناس بويىدىكى قوراللىق ئادەملىرىگە بۇيرۇق بېرىپ قوراللىرىنى تاپشۇرغۇزۇش لازىم ئىدى . ھازىر سوۋېت بىز بىلەن دوست ، نېمىدىن قورقىمىز .

— لېكىن ، بۇيرۇق بىلەن ئاقمايدىغان ئىشلارمۇ كۆپ : بۇيرۇق بىلەن «ئازاد رايونلار»نى تارقاتقىلى بولارمۇ ؟ بىر مىليون ئەسكىرى بار ماۋ زېدۇڭ ماقۇل دەرمۇ ؟ ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۈچ ماددىلىق تەلىپىنى ئوقۇغانسىلەر : ئۇ ئالدى بىلەن قورچاق ئەسكەرلەر مەسىلىسى ، تەسلىم قوبۇل قىلىش رايونلىرىنى قايتىدىن بەلگىلەش مەسىلىسى ، ئازاد رايونلارنى ئېتىراپ قىلىش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش كېرەك . شۇنداق بولمىسا كېلىشىم نەتىجىسىز بولىدۇ ، دەپ ئوچۇق ئېيتتى .

— ئۇنىڭ كېلىشىم قىلىش نىيىتى يوق . «10 ـ ئۆكتەبىر تىنچلىق كېلىشىمى»نى ئىجرا قىلىش نىيىتى يوق !

— باشقىلارنى يول قويۇشقا زورلاپ ، ئۆزىمىز قەتئىي يول

قــويمىساق ئىش قاتماللىشىدۇ . بۇ بىر تەجرىبە - ساۋاق . بىز سەككىز مىلــيون ئــەسكــىرىمىز بىلەن ئامېرىكا بەرگەن قــورالــلىــرىمىزغا ئىشىنىپ بۇيرۇق بەرگىنىمىز بىلەن ، قارشى تەرەپ ئۆز ئىشىنىڭ ھەققانىيلىقىغا ، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە ئــىكــەنــلــىكىگە ئىشىنىپ بۇيرۇقىمىزغا بويسۇنمايدۇ . شىنجاڭ مەسىلىسىگىمۇ شۇنداق ، بۇيرۇق بېرىش ، بېسىم ئىشلىتىش ئىشنى بۇزىدۇ . سىياسەت مەسىلىسى ھەل بولمىسا بىز شېڭ شىسەينىڭ يــولىــغا مــېڭىپ قالىمىز . شېڭ شىسەي مىللىي ئۆچمەنلىكنى كــۈچــەيتىۋەتكەن . مۇسۇلمانلار بۇ قېتىمقى توپىلاڭنى خەنزۇلار مۇسۇلمانلارنى ئەزگەنلىكتىن كېلىپ چىققان دەپ قارايدىكەن . بۇ ئــەلــۋەتــتــە تــوغــرا بولمىغان قاراش . شېڭ شىسەي ئۆلتۈرگەن خەنزۇلارنىڭ سانى مۇسۇلمانلارنىڭكىدىن كۆپ . بۇمۇ بىر پاكىت !

— ئىلى باندىتلىرى خەنزۇلارنى قىردى ، بۇمۇ بىر پاكىت .

— ئىلى توپىلىڭىنىڭ بېشىدا شۇنداق بولغان . كېيىن ئۇنى تۈزەتكەن . بۇمۇ بىر پاكىت .

جــۇ شــاۋلياڭ بىلەن ۋۇ جۇڭشىن بىر - بىرىگە قارشىپ قويدى . ھازىرغىچە ھېچكىم ھۆكۈمەت ئەمەلدارى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇنداق گەپ قىلىپ باقمىغانىدى .

— بۇ گۆھەر زېمىننى ساقلاپ قېلىش نىيىتى سىزنى كەڭ سىياسەت قوللىنىشقا مەجبۇر قىلىۋاتىدۇ ، — دېدى جۇ شاۋلياڭ تــىــتــرەپ تــۇرغــان قــولــلــىرى بــىــلــەن ھــاراق رومــكــىــســىنى ئېلىپ ، — نىيىتىڭىز بىزگە ئايان . لېكىن ، جاڭ بۇجاڭ ، مەن ئوچۇق سۆزلۈك ئادەم ، غۇلجىدا ، شىخو ، جىڭلاردا ئاققان خەنزۇ قــېــرىــنداشلىرىمىنىڭ ئىسسىق قېنىنى ھەرگىز ئۇنتۇيالمايمەن . ئــەۋلادتىن - ئــەۋلادقــا بــۇ قــىــســاســنى ئۇنتۇماسلىققا ۋەسىيەت قــالــدۇرىــمەن . سىياسەت ، ۋەزىيەت مېنى توسۇپ تۇرۇۋاتىدۇ . بــولــمــىــســا ھازىرلا ھۇجۇم قىلسام دەيمەن . جياڭ ۋېييۈەنجاڭ جۇڭچىڭ كېلىشىمى باشلانغاندا ، سەنشىدىكى گېنېرال يەن شىسەنگە مەخپىي بۇيرۇق بەرگەندەك ، بۇ يەردە سۆھبەت باشلانغاندا ، ماڭمۇ

مەخپىي يولىيورۇق بەرسەكەن دەپ تىلەيمەن. بىرىنچى بولۇپ ھېلىقى ئەخمەتجان دېگەننىڭ، غېنى ئوغرى دېگەننىڭ كاللىسىنى جەنۇبىي دەرۋازىنىڭ سېپىل بېشىغا ئېسىپ قوياتتىم. بىر ئايغا قالماي غۇلجا، ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئاقسۇ كوچىلىرىدا ئۇيغۇر قېنىدىن دەريا ئاققۇزاتتىم! — ئۇ ئاچچىق بىلەن رومكىنى كۆتۈرۈۋېتىپ ۋارقىرىدى:

— ئۇيغۇر دېگەننى كۆرسەم، گىتلېر بولۇپ يەھۇدىينى قىرغاندەك قىرغۇم، ياپونلارنىڭ نەنجىڭدىكى قىرغىنچىلىقىنى مۇشۇ ئۈرۈمچىدە پەيدا قىلغۇم كېلىدۇ!

— ھاي، ئەييا... جىق ئىچىپ قويدىڭىز جياڭجۈن! — دېدى ۋۇجۇڭشىن ئوڭايسىزلىنىپ، — گېنېرالنىڭ يېقىنلىرىدىن بىر نەچچىسى شىخو، جىڭ سوقۇشلىرىدا ئۆلۈپ كەتتى، ئۇلارغا چىدىمايۋاتىدۇ.

— جۇ جياڭجۈن ئوبدانراق دەم ئالسا بولىدىكەن! — دېدى جاڭ جىجۇڭ نارازىلىقىنى يوشۇرمايلا، — 8 - ئۇرۇش رايونى گېنېرالنى چارچىتىپ قويۇپتۇ.

— باشقا گېنېرال ئورنۇمغا كەلسۇن، مەن ئۇرۇش رايونىدا ئۇرۇش قىلماي گەپ سېتىشنى يامان كۆرىمەن، جاق تويدۇم!

— ئىستېپا يازسىڭىز بولىدۇ!

— يازىمەن، ھازىرلا يازىمەن!

— مەنمۇ ئىچكىرىگە كىرىپ ئايلىنىپ كېلەيمىكىن دەيمەن، جاڭ بوجاڭ.

— پىكىرلىرىڭلارنى مەركەزگە ئىنكاس قىلىمەن، — دېدى جاڭ جىجۇڭ ئاخىرىدا، — شىنجاڭدىكى ئون ئۈچ مىللەت قېرىنداش. ئۇلار ئاكا - ئۇكىلاردەك ئىناق، تىنچ، بەختىيار ياشىشى كېرەك. بىر مىللەت باشقا مىللەتلەردىن ئۈستۈن بولۇۋالىدىغان، خەنزۇلارلا ئەمەل تۇتۇپ، باشقا مىللەتلەرنى چەتكە قاقىدىغان، ھەتتا كەمسىتىپ، خورلايدىغان ئىشلارنىڭ تەكرارلىنىشىغا يول قويۇلمايدۇ. ھەممە مىللەت ھوقۇقتا باراۋەر،

شــنجاڭ ھەممە مىللەتلەرگە خاس . ھەممە مىللەتنىڭ ئورتاق ، بەختىيار ، گۈللەنگەن ئائىلىسىنى بەرپا قىلىش بىزنىڭ بۇرچىمىز . مانا بۇ شىنجاڭنى سەنمىنجۇيى يولى بىلەن باشقۇرۇشنىڭ مەزمۇنى . بىز سەنمىنجۇيىنىڭ يارانقۇچىسى دۆلەت ئاتىسىنىڭ ۋەسىيەتلىرىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلالمايمىز !

— ئەلۋەتتە ، ئەلۋەتتە ! — دېدى ۋۇ جۇڭشىن قايتا - قايتا بېشىنى لىڭشىتىپ ، — مىللەت دېگەن ياخشى - يامانلىقنىڭ بەلگىسى ئەمەس ، جۇڭخۇا مىللىتى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىن پەيدا بولغان . خۇاشيا ئەۋلادلىرى ئۇچۇن قېرىنداشلىقتىن ئېسىل پەزىلەت بولمىسا كېرەك !

كۆڭۈللۈك زىياپەت كۆڭۈلسىز ئاخىرلاشتى .

13 - نويابىر كەچقۇرۇن ئىلى ۋەكىللىرى ئۇرۇمچىگە يېتىپ كەلدى . ئەتىسىلا ئۇلار جاڭ جىجۇڭغا غۇلجا ھۆكۈمىتىنىڭ يازما جاۋابىنى تاپشۇردى . جاۋابنىڭ بېشىدىلا «مۇسۇلمانلار جۇڭگوغا تەۋە بولغاندىن تارتىپلا جەبىر - زۇلۇمغا گىرىپتار بولۇپ كەلدى . خەنزۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ دىن ، ئۆرپ - ئادەت ۋە مىللىي مەدەنىيىتىنى كەمسىتتى . ئۇلارنى ئەزدى ، ھاقارەتلىدى . لېكىن بۇ ئىش زادىلا چەكلەنمىدى» دېيىلگەنىدى . ئۇلار جياڭ ۋېييۈەنجاڭنىڭ 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېت دائىمىي ھەيئىتىنىڭ ۋاقىتلىق يىغلىشىدا سۆزلىگەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە توغرىسىدىكى سۆزىنى يەنە تىلغا ئالغان ، «بىز ئاپتونومىيە شەرتىگە ئىگە خەلق ، بىز ئالىي مۇختارىيەت تەلەپ قىلىمىز» دېگەن . ئۇن بىر ماددىلىق تەلەپنىڭ تۆت ئۇقتىسىلا «لايىھە»گە ئوخشمايدىكەن ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ۋەقە ھەل بولغاندىن كېيىنكى ئىككى ئاي ئىچىدە يەرلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى سايلاپ چىقىش ، ھۆكۈمەت ئالاقىلىرى ۋە مەكتەپلەردە پۈتۈنلەي مۇسۇلمانلار يېزىقىنى قوللىنىش ، سودىگەرلەر دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئەركىن سودا قىلىش ، ھەرقايسى ۋىلايەتلەردە «مىللىي قوشۇن» تەشكىل قىلىش

دېگەن تۆت ماددىسى «لايىھە»گە ئوخشىمايدىكەن. جاڭ بوجاڭ يازما جاۋابىنىڭ خەنزۇچىسىنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقتى ۋە «جاۋاب»قا يازما جاۋاب تەييارلىدى. 17 - ، 18 - نويابىر كۈنلىرىدىكى سۆھبەتتە تۆت ماددا ئۈستىدە تالاش - تارتىش بولدى. ھەر قېتىمقى يىغىن بەش سائەتتىن ئارتۇق داۋاملاشتى. ئىلى ۋەكىللىرى، بولۇپمۇ ئەخمەتجان بۇ قېتىم تولىمۇ پۇختا تەييارلىق بىلەن كەلگەنىدى. ئۇنىڭ شىڭ شىسەينىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرنى قىرغانلىقىغا دائىر توپلىغان پاكىتلىرى مول، قايىل قىلارلىق ئىدى. جاڭ جىجوڭ:

— خەنزۇلار مۇسۇلمانلارنى قىردى، دېگەن سۆز دۇرۇس ئەمەس، بۇ سۆز ئىتتىپاقلىققا زىيانلىق. ئەمەلىيەتتە شىڭ شىسەي خەنزۇلارنىمۇ قىردى. بەلكى ئۇ قىرغان خەنزۇلارنىڭ سانى قىرىلغان مۇسۇلمانلار سانىدىن كۆپ. ئۇ خەنزۇ، لېكىن بىگۇناھ خەنزۇلارنىمۇ كۆپ ئۆلتۈردى! — دېۋىدى، ئەخمەتجان بۇ پاكىتنى ئېتىراپ قىلدى.

— خەنزۇ ھۆكۈمرانلار ھەر مىللەت خەلقىنى ئەزدى، بۇ راستلا پاكىت. لېكىن، «خەنزۇلار ئەزدى» دېگەن سۆزدە نۇقسان بار. بۇ سۆز مەيلى غەرەزلىك، غەرەزسىز ئېيتىلسۇن، خەنزۇلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىياتقا تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئارىغا ئاداۋەت تۇغدۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. دۆلەتكىمۇ، خەلققىمۇ پايدىسى يوق گەپ! — دېدى جاڭ جىجوڭ ئىزاھات سۆزىدە.

جاڭ جىجوڭ ئورۇنلۇق سۆزلىدى. شىڭ شىسەينى نۇقتىلىق سۆكتى، تارىخقا مۇراجىئەت قىلدى. ئۆلكىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى خاتىرجەم ياشاش، ئۆزئارا ياردەملىشىپ، ئۆزئارا ئىشىنىدىغان قىلىش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىنلەش بىزنىڭ ئورتاق بۇرچىمىز، دېگەن سۆزنى قايتا - قايتا تەكىتلىدى.

لېكىن، سۆزمەنلىك بىلەن قارشى تەرەپنى قايىل قىلىش تەس بولىدى. ئىلى ۋەكىللىرى تۆت ماددىلىق تەلىپىدىن زادىلا ۋاز كەچمىدى. سايلام، تىل، سودا، قوشۇن ئېيتىلماققا ئاددىي،

لېكىن ئۇ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە تاقىلاتتى. سايلام مەركەزنىڭ لايىھىسىدە كۆرۈنمەيتتى. بۇ دېموكراتىيىنىڭ كونكرېت شەكلى گومىنداڭ ھاكىمىيىتىدە يوق ئىدى. ھەممە ئەمەلدارلار تەيىنلىنەتتى، تەيىنلەش ئەنئەنىگە ئايلانغان ئۇسۇل تۇرسا، ياۋروپا دېموكراتىيىسىنى ئاساس قىلغان «سايلام»نى قانداقمۇ قوبۇل قىلغىلى بولسۇن. بۇ ھوقۇق جاڭ بۇجاڭغا بېرىلگەن ئەمەس - دە!

تىل پۈتۈن دۇنياغا بىر مىللەتنىڭ ئۇستۇنلۇكىنى بىلدۇرىدىغان مۇھىم ئامىل. دۆلەت تىلى خەنزۇ تىلى تۇرسا، قانداقمۇ ئۇنى چۆرۈۋېتىپ مۇسۇلمان تىلىنى قانۇنىي دۆلەت تىلى قىلغىلى بولسۇن. دۆلەت غۇرۇرى، مىللەت غۇرۇرى كۈچلۈك بولغان جۇڭگو خەلقى، بولۇپمۇ خەنزۇ خەلقى بۇنداق قىلىشقا زادى يول قويمايدۇ - دە! بۇنداق قارارنىڭ قوبۇل قىلىنىشى جۇڭگودەك دۇنيادىكى ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە، فرانسىيىلەر بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان بەشىنچى چوڭ دۆلەتنىڭ ئىناۋىتىنى يەرگە ئۇرغانلىق بولىدۇ - دە! سودا ئۇ دۆلەتنىڭ تاشقى سىياسىتىنىڭ بەلگىسى، دۆلەت ئىچى - سىرتىدا ئەركىن يۈرەلەيدىغان مۇسۇلمان سودىگەرلەر نېمىلەرنى قىلمايدۇ؟ سودىگەرلەر قىياپىتىگە كىرىۋالغان سىياسەتچىلەر، ئاخباراتچىلار دۇنياكەزدىلىك قىلىپ يۈرۈپ ئاغدۇرمىچىلىق قىلمامدىكەن؟ سۈن جۇڭشەنمۇ دۇنياكەزدىلىك قىلىپ يۈرۈپ، خەلقئارا سودا بىلەن شۇغۇللانغان ئادەملەرگە تايىنىپ، شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ يولىنى تاپقان. ئۇنىڭسىزمۇ دۇنيا كېزىپ يۈرگەن مۇسۇلمانلار ئازمۇ؟ ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ قايسىبىرى چەتكە چىقمىغان؟ چەتتىن ئىدىيە، قورال، ئادەم ئەكىرمىگەن بولسا بۈگۈنكى ئاۋارىچىلىك پەيدا بولمىغان بولاتتى. دۆلەت ئىچى - سىرتىدا ئەركىن سودىغا يول قويۇش قانۇنغا ئايلانسا، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا بىر كۈنمۇ خاتىرجەملىكى بولمايدۇ - دە. تېخى «مىللىي قوشۇن» تەشكىللىشكە يول قويۇش دېگەن تەلىپىچۇ؟ بۇ تەلەپ ھەممىدىن

قورقۇنچلۇق، بۇ تەلەپكە ماقۇل بولۇش بېشىمنى چاپ دەپ دۈشمەننىڭ قولىغا پالتا تۇتقۇزغاندەك بىر ئىش. ياق، بۇ تەلەپكە ھەرگىز ماقۇل دېيىشكە بولمايدۇ...

ھەر كۈنى سۆھبەت، جىددىي تالاش ـ تارتىش، ۋارقىرىشىش، ھەتتا تىللىشىش... گومىنداڭ ۋەكىللىرى يېڭى بىناغا ھارغىن، چۈشكۈن ۋە خاپا ھالدا قايتىپ كېلەتتى.

— تۆت ماددىدا زادىلا يول قويىدىغاندەك ئەمەس، ئۇلار «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دېگەن نامدىن ۋاز كەچكىنىمىزمۇ يېتەر، قالغانلىرىغا زادىلا يول قويالمايمىز، دەيدۇ. ھېلىقى ئەخمەتجان دېگىنى تولىمۇ سۆزمەن يىگىتكەن. ئەڭ جىق سۆزلەيدىغىنى شۇ يىگىت. ئەمەلىيەتتە ۋەكىللىرىنىڭ كاتتىۋېشى شۇكەن. ئۇ تارىخنىمۇ، دۇنيادا بولغان بارلىق كېلىشىملەرنىمۇ پۇختا بىلىدىكەن. «جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇق ـ ئىتتىپاقلىق كېلىشىمى» دەمسىز، «10 ـ ئۆكتەبىر تىنچلىق كېلىشىمى» دەمسىز، «يالتا، قاھىرە، دۇنبادون كاۋچوكزار كېلىشىمى» دەمسىز، ھەممىسىنى يادقا بىلىدىكەن، بەك يامان نېمىكەن! — دېدى سەنمىنجۈيى مۇتەخەسسىسى لياڭ خەنساۋ.

— مەن ئۇنى موسكۋادا كۆرگەندەك قىلىمەن، — دېدى جياڭ جيېشىنىڭ ئوغلى جياڭ جىڭگو بىلەن بىللە موسكۋادا ئوقۇغان چۈي ۋۇمۇ قوشۇمچىلاپ، — مەخسۇس تەربىيىلەنگەن سوۋېت ئادىمىدەك قىلىدۇ!

— بۇ ئۇيغۇرلار رۇسىيىدە بۇرۇن ئويغانغان مىللەتلەرنىڭ بىرى، ئۇلارنىڭ يېتىلگەن زىيالىيلىرى نۇرغۇن! — دېدى ۋاڭ زېڭشەن. تاشقى ئىشلاردا پىشقان خادىم ليۇ زېرۇڭ:

— ئەخمەتجان رۇس تىلىنى خۇددى رۇسلاردەكلا سۆزلەيدىكەن. ئۇنىڭ دىپلوماتىيە بىلىمىمۇ يۇقىرىكەن. مەن ئۇنى چېكىپ بېقىش ئۈچۈن: «ئەنگلىيىلىكلەر ماختىنىپ بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە قۇياش ئولتۇرمايدۇ دەيدىكەن، بىزمۇ شۇنداق دەپ ماختانساق بۇنىڭ نېمىسى يامان؟» دېۋىدىم، ئۇ كۈلۈپ قويۇپ

رۇس تىلىدا : «مەن خەلقىمىز قۇياش نۇرىدىن رازى دەپ ماختىنىشنى ياخشى كۆرىمەن» دەپ جاۋاب بەردى . قاراڭلار ، ئۇنىڭ سىياسىي كاللىسىنى ! — دېدى . جاڭ جىجۇڭ :

— ئۇلار يول قويمىسا بىز ئازراق يول قويايلى ، سودا بىلەن قوشۇن مەسىلىسىدە ئۇيلىنىپ كۆرۈڭلار ، يول قويۇشىمىز قىسمەن بولىدۇ ، پۈتۈنلەي ئەمەس ! — دېيىشىدى . قالغان ئەمەلدارلار بىر - بىرىگە قارىشىپ جىم بولۇپ قېلىشتى .

ئەتىسى جاڭ جىجۇڭ ئىلى ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلدى . ئۇ يەنە ئۇزاق سۆزلىدى : بۇ قېتىمقى سۆزىدە ھەيۋە - پوپوزا پۈرىقى ئېغىر ئىدى . «ئۇ پايدا - زىيان مەسىلىسى» دېگەن تېمىدا ئۇزاق سۆزلەپ تارىخنى ۋاراقلىدى ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت كۈچىنى پەش قىلدى :

— تارىختا نۇرغۇن ۋەقەلەر بولدى ، ۋاقتى ئۇزۇن ياكى قىسقا بولسۇن ، ئاخىر ھامان تىنچلاندۇرۇلدى . جۇڭغار توپىلىڭى ، چوڭ - كىچىك غوجىلار توپىلىڭى ، ياقۇپبەگ ، ئىلى سۇلتانلىقى... قاتارلىقلار ئاخىرقى ھېسابتا خەلققە زىيان كەلتۈرۈش بىلەن جىمىقتۇرۇلدى . ئۇرۇش بولسا ئادەم ئۆلىدۇ ، خانىۋەيرانچىلىق بولىدۇ ، ئالۋان - سېلىق ئېغىرلىشىدۇ ، زىيان تارتىدىغىنى شىنجاڭ خەلقى بولىدۇ . بۇ ئاچچىق ساۋاقنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك . نامى - ئەمەلدىن ئېيتقاندا ، شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى ، نامى شۇنداق بېكىتىلگەنىكەن ، ھېچكىم بۇنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ . «جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق - ئىتتىپاقلىق كېلىشىمى»دا سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ مەسىلىسىدە جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىش نىيىتى يوق ، دەپ يېزىلدى ، كۆرۈۋاتىسىلەر ، سوۋېت كونسۇلى بىزگە ياردەم قىلىۋاتىدۇ... ھەربىي كۈچ جەھەتتە بەزىلەر ئىلى تەرەپ يېڭىدۇ دېيىشىدۇ ، ئۇلارنىڭ غەلىبە قىلغىنى راست ، لېكىن ئۇزاق كەلگۈسىنى نەزەردە تۇتقاندا ، بۇ بىر ۋاقىتلىق غەلىبە ، ئۈرۈمچىنى ئىشغال قىلالغان تەقدىردىمۇ ، ھەتتا پۈتۈن شىنجاڭنى ئىشغال قىلغان

تەقدىردىمۇ ، بۇ ئاخىرقى غەلىبە ھېسابلانمايدۇ… پۈتۈن مەملىكەت خەلقىمىز ئۆز ئەجدادلىرى قان ـ تەر تۆكۈپ ئاچقان بۇ زېمىننىڭ قولدىن كېتىشىنى خالىمايدۇ . مەركەز شۇڭا شىنجاڭنى ھەرگىز تاشلاپ بەرمەيدۇ . نەزەر دائىرەڭلەرنى يىراققا تاشلاپ ، ھازىرقى ئاز ـ تولا ئالغان پايدىنى دەپ ، كەلگۈسىدىكى چوڭ بالايىئاپەتنى ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن !… شىنجاڭ خەلقى ئازاب ـ ئوقۇبەتنى يەتكۈدەك تارتقان ، بىز خەلققە مەسئۇل بولۇشىمىز كېرەك ! ۋەقەنى تىنچ ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىش يولىدا ئىزدەنگىنىمىزدىلا ، ئاندىن شىنجاڭ خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلغان بولىمىز…

— جاڭ بۇجاڭنىڭ سۆزىنىڭ سالمىقى زور بولدى ، — دېدى لياڭ خەنساۋ رازىلىق بىلەن خۇشال بولۇپ ، — ھەق گەپ شۇ ، شىنجاڭنى ھەرگىز تاشلاپ بەرمەيمىز . جاڭ چيەن ، بەنچاۋلاردىن تارتىپ زو زۇڭتاڭغىچە بولغان ئارىلىقتا خەلقىمىز بۇ يەر ئۈچۈن قانچىلىك قۇربان بەردى ، تەر تۆكتى ؟ لىن زېشۇ باسقان ئىزلار تېخى ئۆچمىدى . شىنجاڭ بىزنىڭ ، بىزدىن تارتىۋالىمەن دېگۈچىلەر ئۇخلىماي چۈش كۆرگۈچىلەر !

— مەن ھاياتىمنى شىنجاڭنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلىغان ئادەممەن ، — دېدى شىنجاڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدىغان پېڭ جاۋشيەن بىردىنلا روھلىنىپ ، — ئۇيغۇرلار ئورخۇن بويىدا يۈرگەندە ، بۇ يەردە بىزنىڭ كۈچلۈك دۆلىتىمىز بولغان ، ئۇ چاغلاردا غەربىي يۇرت دېگەن نام بىلەن ئاتىلغاندۇق . كېيىن شىنجاڭ دېگەن نامنى قويۇۋالغىنىمىز تازا ئەپلەشمىدى . شىنجاڭ ئەمەس ، شىجاڭ (غەربىي چېگرا ) دېيىش كېرەك ئىدى . بەزىلەر نامدىن مەسىلە ئىزدەشمەكتە . بۇ بىر تېتىقسىزلىق !

— سىپىلدىن گەپ تاپىدىغانلارمۇ بار تېخى !

— شەرقىي شىمالدىكى ئۆلكىلەرمۇ سىپىل سىرتىدىغۇ ، جۇڭگو شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغ دۆلەت !

ئۆلكە رەئىسى جاڭ بۇجاڭنىڭ تەسىرلىك سۆزى شەرىپىگە

زىياپەت بەردى. گېنېرال جو شياۋلياڭ جاڭ بوجاڭنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن كەينى ـ كەينىدىن ئۈچ رومكا كۆتۈرۈۋەتتى ۋە باشمالتاق بارمىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ:

— دانا، ھەقىقىي دانا دىپلومات! — دەپ ماختىدى.

25 ـ نويابىر قار ياغقان كۈنى جاڭ جىجۇڭ تەيىنلىگەن خادىم مۇھاپىزەت قىلىپ، ئىلى ۋەكىللىرىنى ئىككىنچى قېتىم ماناس دەرياسى بويىغا ئېلىپ ماڭدى. ئىلى ۋەكىللىرى مەركەز ۋەكىللىرى يول قويغاندىن كېيىن تۈزىتىلگەن لايىھە نۇسخىسىنى ئېلىپ غۇلجا شەھىرىگە ئاتلانغانىدى.

— قانداق بولدى؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدى زۇنۇن تېيىپوف ئەخمەتجاندىن.

— ئون ئىككى كۈن ئېتىشىپ ئارانلا تىرناقتەك نەتىجىگە ئىگە بولدۇق! — دېدى رەخىمجان جاۋاب بېرىپ، — ئۇيغۇر تىلىنى قوللىنىش بىلەن باشلىنىق سايلاش ئىشىغا يول قويىدىغاندەك ئەمەس!

— ياخشىلىقچە يول قويمىسا يامىنىغا بىز تەييار!

— ھەرھالدا ئون بىر ماددىنىڭ توققۇزىغا رازى بولدى، — دېدى ئەخمەتجان كۈلۈپ تۇرۇپ، — سودىگەرلەرنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئەركىن سودا قىلىشىغا پرىنسىپ جەھەتتىن قوشۇلدى. لېكىن، مەركەزنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا بويسۇنۇشنى شەرت قىلىۋالدى. ۋىلايەتلەردە «مىللىي ئارمىيە قۇرۇش» ئىشىنى مۇسۇلمانلاردىن ئامانلىق ساقلاش ساقچىلىرى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ دەپ ئۆزگەرتتى. يەنە نۇرغۇن ئېلىشىدىغان ئۇخشايمىز تېخى!

— ئارمىيە قۇرۇشقا قوشۇلمىسا ئۇلار دۆلەت ئارمىيىسىنى ئاچىقىپ كەتسۇن. بىزنىڭ قوشۇن ئۇلارنىڭكىدىن ئاز بولۇپ قالسا زادى بولمايدۇ!

— ئارمىيە مەسىلىسى ئايرىم مۇزاكىرە قىلىنىدۇ، — دېدى ئەخمەتجان، — بۇ بىر چوڭ مەسىلە، بۇ توغرىدا مەخسۇس قوشۇمچە ھۆججەت ئىشلىنىدىغان بولدى!

شىنجاڭ خەلقىنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ چوڭ ئىشقا ئارمىيە رەھبەرلىرى تولىمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى. ۋەكىللەرنى ماناس ئالدىنقى سېپىدىكى ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەر ئارىغا ئېلىۋېلىپ سوئال سوراشقا باشلىدى. بىر دەمدىلا تەرەپ ـ تەرەپتىن كەلگەن ئەسكەرلەر ۋەكىللەرنى قورشاۋ ئىچىگە ئېلىۋالدى. ئەسكەرلەرنى قايتۇرۇش مۇمكىن بولمىدى. ئاخىر ئەخمەتجان قاسىمى ۋەكىللەر نامىدىن سۆز قىلىشقا مەجبۇر بولدى:

... بىزنىڭ قولىمىزغا قورال ئېلىشىمىز ھەققانىي ئىش، ئىنسانىي ھوقۇقىمىزنى قوغداش ئۈچۈن بىزگە باشقا يول قالمىغانىدى. بىزنىڭ ئىشىمىز ھەققانىي بولغاچقا، بىز غەلىبە بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ دۈشمەنلىرىمىزنىڭ يۈرىكىگە تىغ بولۇپ قادالدۇق. مىللىي ھەرىكەت، مىللىي ئىنقىلاب دېسەك بەزىلەر بىزنى تار مىللەتچىلەر دەيدۇ. ھەقىقەت ئۇنداق ئەمەس، مەھكۇم مىللەت پەرزەنتلىرىنىڭ ئەڭ زور خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى، ئۇ دۇنيانىڭ قايسى بۇرجىكىدە بولسۇن، قانداقلىكىن مىللەت بولسۇن، ئەگەر ئۇ ئېزىلگەن مىللەت بولىدىكەن، ئۇنى سۆيمەكتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، 1860 ـ يىللاردىكى بېيىپىڭنى ئىشغال قىلىپ، خان سارىيىنى بۇلىغانلار خەنزۇ خەلقى ئالدىدا قانچىلىك جىنايەتچى بولسا، بىزنى ئەزگەنلەر بىزنىڭ ئالدىمىزدىمۇ شۇنچىلىك جىنايەتچىدۇر... بىزنىڭ بۇ قېتىمقى ھەرىكىتىمىز، يالغۇزلا ئازادلىق ھەرىكىتى بولماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلقچىللىق سىياسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە ئورنىتىش ئۈچۈن بولغان ھەرىكەت. دېمەك، بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىز پۈتۈنلەي بىر مىللەتكە قارشى ھەرىكەت ئەمەس، بەلكى ئۇ، مىللەت ئىچىدىكى مۇستەبىت ئۇنسۇرلار ۋە ئىستىبداد زالىم ھاكىمىيەت تەرەپدارلىرىغا قارشى ھەرىكەت!

... ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆز خەلقىنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرىشى تۇرغان گەپ. شۇڭا بىزنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن يۈرگۈزۈۋاتقان سۆھبىتىمىز ئۇستىدە قولىقىنى دىڭ تۇتۇپ،



www.uyghurkitap.com

دىققەت قىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزغا خوش خەۋەر يەتكۈزىمىز: بىزنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقان مۇزاكىرىمىز مۇۋەپپەقىيەتلىك كېتىپ بارىدۇ. چۈنكى بىز سۆھبەتكە بىرىنچى قېتىم بارغىنىمىزدا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىزنىڭ خەلقىمىزگە مۇئاۋىن ھاكىملىق ھوقۇقىنى بەرمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئىككىنچى قېتىم بارغىنىمىزدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىزنىڭ تەلەپ - پىكىرلىرىمىزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلغاندا، ھۆكۈمەتنىڭ يىگىرمە بەش ئەزاسىنىڭ ئون بەشىنى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەردىن قىلىشقا ماقۇل بولدى... خەلقىمىز ئۆزىنىڭ يېزىقىنى دۆلەت ئىشلىرىدا قوللىنىدىغان بولىدۇ. مەتبۇئاتتا، سۆزدە، سايلاشتا، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇشتا تولۇق ھوقۇق، ھۆرلۈككە ئىگە بولالايدۇ، سودىگەرلەر ئۆز ئىقتىسادى بىلەن ئىچكى ۋە تاشقى سودىلارنى قىلالايدۇ، مىللىي ئەسكىرىي قىسىملىرىمىز ساقلاپ قېلىنىدۇ ۋە زورىيىدۇ!...

... خەلقىمىزنىڭ ئىنسانىي ھوقۇق - مەنپەئەتلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش يولىدا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى بىلەن بىر يۈز يىگىرمە سائەت مۇزاكىرە ئېلىپ باردۇق، بۇ جەرياندا گومىنداڭ تەرەپ ۋەكىللىرى بىزنى ئاتمىش سائەت بومباردىمان قىلغان بولسا، بىزمۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرىنى ئاتمىش سائەت بومباردىمان قىلدۇق!...

ماناس دەرياسى بويلىرىدا ئۇزاق، ھەيۋەتلىك ھۆررا سادالىرى ياڭرىدى.

نەقمۇنەق بىر ئايدىن كېيىن ئۈچ ۋەكىل غۇلجىدىن يەنە ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. ئۈرۈمچى كوچىلىرى كۆل رەڭ قار بىلەن تولغان، قىش تۇرمۇشنى ئۆزگەرتىۋەتكەن، شاۋقۇن بىلەن ئاقىدىغان ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ ئۈنى ئۆچكەن، قىزىلتاغ ئۈستىدە ئاچ قاغىلار قاقىلدىشىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى.

— مەن چىدىيالمىدىم! — دېدى ئوبۇلخەيرى تۆرە لىڭشىپ

تۆرىدىغان كۆۋرۈكتىن ماشىنا بىلەن ئۆتۈۋېتىپ، — تۆمرۈمدە بۇنداق ئۇزاق ئولتۇرۇپ باقمىغانمەن، سۆزمۇسۆز تالىشىش، بىر - بىرىگە يول قويماستىن ۋارقىرىشىش بىلەن باشلىنىدىغان بولدى. بۇ قېتىم قانچە كۈن تالىشارمىز؟
— يېڭى قوشقان ئۈچ ماددىنى ئاڭلىسا ئۇلار تېخىمۇ چېچاڭشىيدىغان بولدى. سىياسىي ساقچىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، شىنجاڭغا يۆتكەپ كەلگەن دۆلەت ئارمىيىسىنى قايتۇرۇپ كېتىش، يەرلىك ساقچىلارنى مۇسۇلمانلاردىن قىلىش دېگەن تەلەپلەر ئۇلارنىڭ تازا يېغىرىغا تېگىدۇ. مېنىڭچە، ئۇلار ھەرگىز قوشۇلمايدۇ، قوشۇلمىسا بىزمۇ قاتتىق تۇرۇۋالىمىز!
— سوۋېت كونسۇلى ئاشۇ يېۋىسىيىق يەنە ئارىغا چۈشۈۋالارمىكىن؟
— ئارىغا چۈشۈۋالسىمۇ بىز چىڭ تۇرىمىز، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى قەتئىي قىلىپ، — بۇ قوشۇمچە ئۈچ ماددا بىزنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىمىزنىڭ ئاساسى بولىدۇ!
— باشقا تەرەپتە يول قويساقمۇ، ئەسكەر مەسىلىسىدە يول قويالمايمىز!
26 - دېكابىر كۈنى گېنېرال جاڭ جىجۇڭ ۋەكىللەر بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ خۇشال، قىزغىن ئىدى، قوشۇمچە ئۈچ ماددىنى ئوقۇپ چىقىپ قوشۇمىسىنى تۇردى - دە:
— ئوشۇقچە، بۇ ئۈچ ماددا تولىمۇ ئوشۇقچە، مۇزاكىرە قىلغۇدەكمۇ يېرى يوق. قايتۇرۇۋېلىڭلار دەپ تەكلىپ بېرىشتىن باشقا ئامال يوق!
يېڭى بىنانىڭ يىغىن زالى ئىس بىلەن تولغان، ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى توختىماي تاماكا چېكەتتى. رەخمىجان بىلەن ئەخمەتجان ھەربىيچە كىيىنگەن، بىرلا ئوبۇلخەيرى تۆرە تىك ياقىلىق قارا سوكنىدىن تۈجۈركا، بېشىغا جىيەك تۇتۇلغان تەقىيە كىيىپ ئولتۇراتتى. جاڭ جىجۇڭمۇ ھەربىيچە فورما بىلەن كۆكرىكىگە مېداللارنى تاقىۋالغانىدى. قالغان ئەمەلدارلار كاستۇم - بۇرۇلكا،

بەزىلىرى جۇڭسەنفۇ كىيگەن، ھەممىسىنىڭلا ئاغزىدا پاپىرۇس چىشلەكلىك ئىدى.

— قايتۇرۇۋېلىش ھوقۇقى بىزدە يوق. قايتىپ بېرىپ ھۆكۈمىتىمىزگە دوكلات قىلىشتىن باشقا ئىلاجىمىز يوق! — دېدى رەخىمجان ئاي - يۇلتۇزلۇق بەلگىسى بار شەپكىسىنى كۆزىگە چۈشۈرۈپ قويۇپ، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ.

— ئۇنداقتا! — دېدى جاڭ بۇجاڭ خاپىلىقىنى يوشۇرالماي، — قانداق ئىلگىرىلەيمىز؟ بۇ ئۈچ ماددىنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرۇپ، ئۇن بىر ماددىنىڭ مەزمۇنلىرىنى كونكرېتلاشتۇرايلى. ماددىمۇماددا كونكرېتلاشتۇرايلى. بۈگۈن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەشكىلى توغرىسىدا قوشۇمچە 1 - ھۆججەت لايىھىسىنى مۇزاكىرە قىلايلى ئەمىسە، ئارمىيە مەسىلىسى قوشۇمچە 2 - ھۆججەت قىلىندى. ئۇنى كېيىن مۇزاكىرە قىلايلى.

ماددىمۇماددا ئوقۇش، پىكىر بېرىش، تالاش - تارتىش باشلىنىپ كەتتى. تەرجىمانلارنىڭ ھالىغا ۋاي، ئۇلارنىڭ ئاغزى توختىمىدى:

... ۋەقە ھەل بولغاندىن كېيىن، ئۈچ ئاي ئىچىدە ھەرقايسى ناھىيە خەلقلىرى ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاپ، ناھىيىلىك مەسلىھەت كېڭىشى تەشكىل قىلىنىدۇ. ناھىيىلىك مەسلىھەت كېڭىشى ناھىيىنىڭ ھاكىمىنى سايلاپ چىقىدۇ، مۇئاۋىن ھاكىم، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بۆلۈم باشلىقى ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى خادىملىرىنى ناھىيە ھاكىمى ئېلىپ ئىشلىتىش ھاۋالە قىلىنىدۇ. سايلام يولغا قويۇلغۇچە ھازىرقى مەمۇرىي ئەمەلدارلار ساقلاپ قېلىنىدۇ.

لايىھە ئوقۇلۇپ شۇ يەرگە كەلگەندە، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ دىققەت بىلەن تىڭشاپ ئولتۇرغان ئوبۇلخەيرى تۆرە ئىنچىكە بۇرۇتلىرىنى سىلاپ قويۇپ ھىجايدى:

— ھەممە يەردە سايلام بولار - ھە؟

— شۇنداق بولمايزە! — رەخىمجان مەغرۇر جاۋاب بەردى.

… ۋالىي ۋە مۇئاۋىن ۋالىيلارنى شۇ يەرلىك كىشىلەر كۆرسىتىدۇ. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىپ بېرىشىگە سۇنىدۇ. ۋالىي مەھكىمە خادىملىرىنى ۋالىي تەيىنلەپ ئىشلىتىدۇ!

— بۇ شىنجاڭ تارىخىدىلا ئەمەس، جۇڭگو تارىخىدا پەيدا بولغان ناھايىتى چوڭ ئىسلاھات! — دېدى ئەخمەتجان.

— شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنۇ كاتتىۋاشلارنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى - دە!

… دۆلەت ئاساسىي قانۇنى ئېلان قىلىنغۇچە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلىنى مەركەز كېڭەيتىپ تولۇقلايدۇ.

— ئۆلكىدە سايلام بولامدۇ؟ — رەخىمجاننىڭ سوئالى جاۋابسىز قالدى.

— يەنى بۇرۇنقى ئون ئۈچ ھۆكۈمەت ئەزاسى يىگىرمە بەشكە كۆپەيتىلىدۇ. بۇنىڭدىن ئون نەپىرىنى مەركەز بىۋاستە بېكىتىپ ئەۋەتىدۇ. قالغان ئون بەش نەپىرىنى ھەرقايسى ۋىلايەتلەر كۆرسىتىپ يوللايدۇ. مەركەز تەيىنلەيدۇ!

— ھەي، بۇ يېرى بولماپتۇ. ئامېرىكىدا پرېزدېنتنى خەلق سايلاۋاتسا؟ — رەخىمجاننىڭ بۇ سوئالىمۇ جاۋابسىز قالدى.

… ئون بەش نەپەر كىشى ئىچىدە، ئىلى، ئالتاي، تارباغاتايدىن ئالتە كىشى بولۇپ، مۇئاۋىن رەئىس، مۇئاۋىن باش كاتىپ، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ۋە مەخسۇس ئەزا بولۇپ بىردىن كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

— بىز ئارانلا ئالتە كىشىما؟ يىگىرمە بەشنىڭ ئىچىدە ئارانلا ئالتە، ياق، ئۇندىن كەم بولسا بولمايدۇ! — رەخىمجان يەنە نارازى بولدى.

… دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى كاپالەتلەندۈرۈلۈپ، دىننى كەمسىتىش مەنئى قىلىنىدۇ.

ھۆكۈمەت ھۆججەت - ئالاقىلىرىدە دۆلەت يېزىقى بىلەن

مۇسۇلمانچە يېزىق تەڭ قوللىنىلىدۇ. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئۆز مىللىي يېزىقى قوللىنىلىدۇ. لېكىن، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە دۆلەت يېزىقى رەسمىي دەرس قاتارىدا ئۆتۈلىدۇ. ئالىي مەكتەپلەردە دۆلەت يېزىقى بىلەن مۇسۇلمانچە يېزىق تەڭ قوللىنىلىدۇ.

ھۆكۈمەت سودىگەرلەرگە ئىچكى ۋە تاشقى سودا ئەركىنلىكىنى بېرىدۇ. لېكىن، تاشقى سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سودىگەرلەر مەركىزىي ھۆكۈمەت چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرى بىلەن تۈزگەن سودا كېلىشىملىرىگە رىئايە قىلىشلىرى كېرەك.

— يەنە تىزگىن بار ئىكەن - دە!

— بىزگە جىق يول قويۇلۇپتۇ، — دېدى ئەخمەتجان، — جاڭ بۇجاڭغا رەھمەت!

— تۆۋەندە ھەربىي ئىشلارغا ئائىت تۈزۈلگەن يەتتە ماددىنى ئوقۇپ ئۆتەيلى، — دېدى جاڭ جىجوڭ ئەخمەتجاننىڭ رەھمىتى بىلەن خۇشال بولۇپ.

... (1) مىللىي ھەربىي قوشۇن تەشكىللەشكە يول قويۇلىدۇ. بۇ قوشۇن مۇسۇلمان خەلقلەردىن تولۇقلىنىدۇ.

— پاھھۇي، قالتىس بوپتۇ!

... (2) بۇ قوشۇن ۋە بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭغا قاتناشقان قوشۇنلار دۆلەت ھەربىي شتاتى بويىچە ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىدۇ.

— بىزنىڭ قوشۇننى قانداقسىگە ئۆزگەرتمەكچى؟

... (3) بۇ ھەربىي قوشۇننىڭ سانى ۋە تۇرغۇزۇلىدىغان ئورنى ئايرىم مۇزاكىرە قىلىنىدۇ. بۇ قوشۇمچە 2 - ھۆججەت قىلىنىپ ئىمزا قويۇلغاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

(4) بۇ قوشۇننىڭ تەلىم - تەربىيە مەشىقلىرى ۋە بۇيرۇقلىرى ئۇيغۇر، قازاق تىل - يېزىقىدا يۈرگۈزۈلۈش پرىنسىپ قىلىنىدۇ.

(5) بۇ قوشۇندىكى ھەر دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار ئەسلىدىكى دەرىجە - ۋەزىپىلىرىنى ساقلىغان ھالدا، تۈركۈمگە بۆلۈپ، ھەربىي

مەكتەپلەرگە ئەۋەتىلىپ، تېگىشلىك ئوقۇتقۇچىلىق تەلىم - تەربىيىگە ئىگە قىلىنىدۇ.

— گومىنداڭ بىز خەقنى تەربىيىلەمدا، ياق، موسكۋادا ئەۋەتسۇن - دە!

(6) بۇ قوشۇننىڭ تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت تەربىيىچى خادىملارنى ئەۋەتىدۇ.

— بىزنىڭكىلەر گومىنداڭ تەربىيىچىلىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلامدا!

(7) مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرى بۇ قوشۇن بىلەن بىر ئورۇندا تۇرغۇزۇلمايدۇ. ئۇلار ئۆزئارا دۈشمەنلىك قاراشتا بولماسلىقى، ئۆزئارا دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇشلىرى لازىم.

— بۇنداق دېگەنىبىلەن دوست بولماق تەس - دە. بىر - بىرىنى يېۋەتكۈدەك قىلىپ تۇرۇۋاتسا ئەسكەر دېگەن!

... ۋەقە ھەل بولۇپ ئون كۈن ئىچىدە ھەر ئىككى تەرەپ تۇتۇلغان، قولغا ئېلىنغان كىشىلەرنى بوشىتىدۇ ھەمدە ئۇلار بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق باھانە - سەۋەبلەر بىلەن كەمسىتىلمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ!...

— ئىلى ۋەكىللىرىنىڭ پىكىرلىرىگە ئىمكانقەدەر ھۆرمەت قىلدۇق، ئەڭ زور دەرىجىدە يول قويدۇق! — دېدى جاڭ جىجۇڭ، — رەسمىي ھۆججەت بىلەن قوشۇمچە 1 - ھۆججەتكە مەن قوشۇلىمەن. سۆھبەت 1946 - يىلىغا ئۆتۈپ كەتمىسۇن. سىلەرنىڭمۇ ئىمزا قويۇشقا قوشۇلۇشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

— مەنمۇ ئاساسەن قوشۇلىمەن، - دېدى رەخىمجان ئەخمەتجانغا قاراپ قويۇپ، — بىرلا يېرىگە تۈزىتىش كىرگۈزسەك بولارمىكىن.

— خوش، سۆزلەڭ. — دېدى جاڭ جىجۇڭ. - ئىمكان بولسىلا تۈزىتىمىز.

— ھۆكۈمەت تەركىبىدە بىزنىڭ ۋەكىللىرىمىز ئالتە بولسا

تولىمۇ ئاز بولۇپ قالىدۇ . ھېچبولمىسا ئون بولۇشى كېرەك .
— مەنمۇ كۆپەيتىشنى تەكلىپ قىلىمەن . بىز خەلقىمىزگە جاۋاب بېرەلمەي قالمايلى يەنە .
گومىنداڭ ۋەكىللىرى بىر - بىرىگە قاراشتى .
— ھېلىمۇ ئاز ئەمەس ، — دېدى لياڭ خەنساۋ ، — خەلقچىل سايلامدا سىلەرگە مايىل ئادەملەر سايلىنىشى مۇمكىن .
— يەتتە ۋىلايەت ، ئۆلكە ئىدارىلىرىگە بېرىلگەن سان ئارانلا توققۇز . بىر ۋىلايەتكە بىردىن بولسا يەتتە ۋىلايەتكە يەتتە سان ، ئۆلكىلىك ئىدارىلەرگە ئىككى سان .
— سىلەرگە بىر ۋىلايەتكە ئىككىدىن توغرا كەلدى . بىر ھەسسە جىق ، يەنە ئازما ؟
— بىز دېگەن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دېگەن نامدىن ۋاز كەچتۇق ، بىز سىلەر بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرۇشىمىز كېرەك ئىدى ؟ — رەخىمجان خاپا بولدى .
— ماقۇل ، — دېدى جاڭ جىجوڭ كۈلۈپ قويۇپ ، — يەنە يول قويايلى ، مەركەزنىڭ ئون ساندىن ئىككىنى قىسقارتىپ سىلەرگە بېرەيلى ، سەككىز بولسۇن !
بوجاڭنىڭ سۆزىنى ھېچكىم يىرالمىدى . يەنە تالىشىش ئوڭايسىز ئىدى . ئەخمەتجان قاسىمى رەخىمجانغا قاراپ قويۇپ بېشىنى لىڭشىتتى .
— مەن ئىمزا قويۇشقا قوشۇلىمەن ، جاڭ بوجاڭغا رەھمەت !
ۋەكىللەر چاۋاك چېلىشتى . ئاۋۋال جاڭ جىجوڭ ، ئارقىدىن رەخىمجان سابىر ھاجىيوف ، ئوبۇلخەيرى تۆرە ، ئەخمەتجان قاسىملار ئىمزا قويۇشتى . «بىتىم»نىڭ ئاخىرىغا خەنزۇ يېزىقىدا جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35 - يىلى 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ، ئۈرۈمچى ، يېگى بىنا دەپ يېزىلغانىدى .
يېڭى يىلنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى . ۋۇ جوڭشىن ئاخىرقى قېتىم مەركەز ۋەكىللىرىگە زىياپەت بەردى . ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن

ۋالىيسى بۇرھان شەھىدى ئۇرۇمچىنىڭ نەنلياڭ رايونىدىكى، ئۆز ۋاقتىدا 8 ـ ئارمىيىنىڭ ئىش باشقۇرۇش ئورنى بولغان ئىككى قەۋەتلىك قورۇنىڭ يېنىدىكى چوڭ دەرۋازىلىق ئۆيىدە ئېلى ۋەكىللىرىگە زىياپەت بەردى. زىياپەتكە ئىچكىرىدىن يېڭىلا قايتىپ كەلگەن گومىنداڭنىڭ مۇھىم ئادەملىرىدىن مەسئۇد سەبرى، ئەيسا ئالىپتېكىن، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرالارمۇ قاتناشتى. بۇ يەرگە يىغىلغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى دەۋرىنىڭ ھەر خىل ساھەلىرىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان، ئۆزلىرىنى خەلقىگە، مىللىتىگە ھۆرلۇك، بەخت ـ سائادەت يارىتىشقا بېغىشلىغان پىداكارلار ھېسابلىنىتتى. خەلقىمۇ ئۇلارغا شۇنداق باھا بېرىشەتتى. ئۇلار دۇنيا، جۇڭگو، شىنجاڭ، ئۆتمۈش، ھازىر، كېلەچەك توغرىسىدا مول بىلىم، يېڭىچە قاراش ۋە ئارزۇ ـ ئۈمىدلەرگە ئىگە ئادەملەر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى قىزىقارلىق، سۆھبەتلىرى مەنىلىك ئىدى. رەخىمجان سابىر ھاجىيوف ئۆزۈندىن بېرى كۆرۈشمىگەن كىچىك دادىسى مەسئۇد سەبرىنى كۆرۈپ خۇشال بولدى. ئۇلار شېڭ شىسەينىڭ قولىدا ئۆلگەن قېرىنداشلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى سۆزلەپ كۆز يېشى قىلىشتى. ئەخمەتجان قاسىمى ئەيسا ئالىپتېكىن ۋە مۇھەممەت ئىمىن بۇغرالار بىلەن تارىخ، ھازىرقى دەۋر ۋە كەلگۈسى توغرىسىدا قىزغىن سۆزلەشتى. ئاق سېرىق، سېمىز، گەۋدىلىك ئادەم بۇرھان شەھىدى ئۆزۈن يىل ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن شۇغۇللانغان، گەرچە قازان شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى ئاقسۇ دېگەن يەردە تۇغۇلغان بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنى سېپى ئۆزىدىن شىنجاڭلىق ئۇيغۇر ھېسابلايدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ سىياسەتكە، ئىلىمگە، تىلغا ۋە تارىخقا كۆڭۈل بۆلىدىغان زىيالىي، شېڭ شىسەي ئۇنى ئەتىۋارلىغان، كېيىن «سوۋېتپەرەس» دەپ تۈرمىگە سالغان. بىر يىلنىڭ ئالدىدا ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭغا رەئىس بولۇپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ تۈرمىدىن چىققان. ئۇ تۈرمىدە «خەنزۇچە ـ رۇسچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت» تۈزگەن. يېقىندا گېنېرال جاڭ جىجوڭ: بۇرھان ئەپەندى ئوقۇمۇشلۇق، مەشھۇر ئادەم، زوراۋان ھاكىمىيەت

مەزگىلدە ئۇ گۇناھكار ھېسابلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى. ھازىر ئۇرۇمچىنىڭ ۋالىيسى، رولى ناھايىتى چوڭ، دەپ ماختىغان. يېشى ئەللىك ئۆپچۆرىسىگە بارغان بۇ ئادەم ئەخمەتجاندىن رازى بولغانلىقىنى تەكىتلەپ قولىغا رومكا ئالدى:

— تىنچلىق، دېموكراتىيىنىڭ ئىشقا ئېشىشىدا چوڭ رول ئويناۋاتىسىز، ئۇكام، بۇنىڭدىن كېيىن رولىڭىزنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، خەلقىمىزنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ كۈچ چىقىرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن!

— جياڭ ۋېيپۇەنجاڭنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن! — دەپ قەدەھ كۆتۈردى مەسئۇد سەبرى، ئەخمەتجان رومكىسىنى كۆتۈرمىدى. باشقىلار تۇگەل كۆتۈردى. ئەخمەتجاننىڭ كۆتۈرمىگىنىنى كۆرۈپ رەخمجانمۇ رومكىسىنى قويۇپ قويدى:

— بىز بۇ ۋېيپۇەنجاڭغا ئۆلۈم تىلەيدىغان يەرنىڭ ۋەكىلى، كىچىك دادا، سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز ئۈچۈنلا كۆتۈرەي!

كۆپچىلىك رومكىلىرىنى قويۇپ قويدى، ئوڭايسىزلىق پەيدا بولدى.

— بۇ يەردە ئەڭ ياخشىسى، سىياسىي خاھىشلارغا بېرىلمەيلى، — دېدى ساھىبخانا بۇرھان شەھىدى، — دوستلۇق ئۈچۈن كۆتۈرەيلى!

ھەممىسى رومكىلىرىنى يەنە قولىغا ئېلىشتى.

— لېكىن بىلەيلىكى، بىزگە ياخشىلىق جياڭ جۇشىدىنلا كېلىدۇ. ئالىي مۇختارىيەتنى تارىختا ئۆتكەن قايسى ھۆكۈمران تىلىغا ئالالىغان؟ قېنى، تارىخچىمىز مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ئەپەندىم دەپ باقسۇن، بۇنى گومىنداڭنىڭ يارانقۇچىسى سۇن جۇڭشەن ئەپەندىم ئوتتۇرىغا قويغان، جياڭ جۇشى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتقان بۇ كاتتا سىياسىي غەمخورلۇق تارىختا كۆرۈلگەنمۇ؟

— تارىختا ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن كاتتىلىرىمۇ ئۆتكەن، — دېدى مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا — پاكار، دوغىلاق، كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان ئادەم، — يىراقنى دېمەيلا يېقىندىلا ئورخۇن ئۇيغۇر

www.uyghurkitap.com

دۆلىتى ، قاراخانىيلار ئۇيغۇر دۆلىتى ، ئىدىقۇت ـ قۇچۇ ئۇيغۇر دۆلىتى ، سەئىدىيە ئۇيغۇر خانلىقى ئۆتتى . بۇ ئۇيغۇر دۆلەتلىرى ئالىي مۇختارىيەتتىن ئەلۋەتتە يۇز ھەسسە ، مىڭ ھەسسە يۇكسەك ئىدى .

— ياق ، مەن مانجۇلار يۇرت سورىغاندىن كېيىن ئۆتتىمۇ يوق دېمەكچى ؟

— يېقىنقى زاماندا ئىلى سۇلتانلىقى…

— ياق ، ياق… ماقۇل ، بۇ ئېمىنى قويايلى ، تالاشمايلى ، مەقسىتىمىز بىرغۇ ، خەلقىمىزنى زۇلۇم ـ غۇربەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ، خەلقىمىزگە بەخت ـ سائادەت يارىتىش !…

— ماقۇل ئەمىسە ، — دېدى ئەخمەتجان ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ ، — خەلقىمىزنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۇچۇن قەدەھ كۆتۈرەيلى !

قەدەھلەر ئۇرۇلدى ، كۆپچىلىك تەنتەنە قىلىشتى . مەسئۇد سەبرى ئاغزى بېسىلماي سۆزلەيتتى ، ئۇ بىرلىرىنى ماختايتتى ، بىرلىرىنى تىللايتتى . ئۇنىڭ سۆزلىرىنى زەن قويۇپ تىڭشاۋاتقان ئەخمەتجان قاسىمى ئىدى . ئۇ مەسئۇد سەبرىنىڭ سۆزلىرىدىن بۇ ياشنىپ قالغان ، كۆزلىرى يوغان ، ئىككى مەڭزى قىزىل ئادەمنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ، ئىلى ئىنقىلابچىلىرىغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى سېزىپ قالدى .

— ئاڭلىسام ، سىزنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تەپتىش مەھكىمە باشلىقى قىلغۇدەك ، تەپتىش باشلىقى بولغىنىڭىزدا ، خەلقىمىزگە خەلقچىللىق ، ئادىللىق يەتكۈزۈشتە رول ئوينىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن . بىز تىنچلىق سۆھبىتىگە كەلدۇق ، نەتىجىلەرگىمۇ ئېرىشتۇق . بۇلار تېخى قەغەز يۈزىدە . خەلقىمىز ئەمەلگە ئاشقان خەلقچىللىققا تولىمۇ موھتاج . زۇلۇم ـ خورلۇقنى ھارغۇچە تارتتى ، خەلق خاتىرجەم ، باياشات تۇرمۇشقا تەشنا . بۇنىڭ ئۈچۈن تىنچلىق كېرەك . لېكىن بىز تىنچلىقنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭلاردا يوگۇرۇشۇپ

يۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ سەزدۇق . بەزىلەر يەڭ ئىچىگە تىغ يوشۇرغان ، دوستۇم دەپ قۇچاقلاشقان بولۇپ كەينىدىن تىغ ئۇرۇش كويىدا . تىنچلىق تۇتەك پەردىسىنىڭ ئارقىسىدا بىزنى قىرىپ تۈگىتىشنىڭ كويىدا يۈرگەن قارا كۆلەڭگە بىزگە ئېنىق كۆرۈندى !...

— شۇنىمۇ كۆرۈشىڭىز كېرەككى ، سىزگە ئۆز ۋاقتىدا قورال تۇتقۇزغان ئاشۇ ئادەم ھازىر قوراللىرىڭىزنى تارتىۋېلىپ ، پۇت - قولىڭىزنى چۈشەپ دۈشمىنىڭىزنىڭ ئالدىغا ئىتتىرمەكتە . بۇنداق چاغدا ھوشيار بولۇپ جاڭ ۋېيۇەنجاڭغا سادىق بولۇش سىزگىمۇ ، خەلقىمۇ پايدىلىق ! — دەپ قوشۇمچە قىلدى ئەيسا بەگمۇ .

ئىككى قۇتۇپنىڭ كەسكىن مۇنازىرىسىنى يەنە بۇرھان شەھىدى توختاتتى .

— نىيەت - مەقسىتىمىز ئوخشاش ، مۇھەببەت - نەپرىتىمىزمۇ ئاساسەن ئوخشاش . تاللىغان ئۇسۇللىرىمىزدا پەرق بار ! — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ، — ھەق - ناھەقنى تارىخقا تاپشۇرايلى ، قېنى ، تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالانغانلىقىنى تەبرىكلەيلى !

— بۇنىڭغا ھېچكىم قارشى ئەمەس ! — دېدى مەسئۇد سەبرى رومكىسىنى ئەخمەتجاننىڭ رومكىسىغا تەگكۈزۈپ ، — ئېتىراپ قىلايلىكى ، جاڭ جىجۇڭ تولا كەڭ قورساق ئادەم .

— بىز بۇنىڭغا ئىقرار ، مەن نەچچە قېتىم رەھمەت ئېيتتىم ! — دېدى ئەخمەتجان .

— جاڭ بۇجاڭ ۋېيۇەنجاڭنىڭ مېھىر - شەپقىتىنى يەتكۈزدى ، — دېدى مەسئۇد سەبرى ، — شۇنىڭ ئۈچۈن !...

— گۈزەل كەلگۈسى ئۈچۈن ! — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى ئەخمەتجان ئۇستىلىق بىلەن ، — ئەتىكى غەلىبىلىرىمىز ، 1946 - يىلىدىكى ئۇلۇغ ئىشلىرىمىزنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن قەدەھ كۆتۈرەيلى !

ئىچىملىك مېھمانلارنى يېقىنلاشتۇردى ، ئۆزلەشكەن سىياسەتچىلەر ماۋتەينىڭ كۈچى بىلەن كۆڭۈلدىكىلىرىنى تۆكۈشكە

www.uyghurkitap.com

باشلىدى . ئۇلار ستالىن ، ترومىن ، جياڭ جيېشى ، ماۋ زېدۇڭلارنى تىلغا ئالدى ، تارىخنى ۋاراقلىدى ، ۋەقەلەرنى يالىڭاچ سۆزلەر بىلەن تەھلىل قىلدى . سىياسەتچىلەرنى گېپىدىن توسۇۋالغىلى بولىسۇنمۇ؟ بۇرهان شەھىدىمۇ ئاخىر ئۇلارغا ئارىلىشىپ كەتتى . ئەيسابەگ مەست بولۇپ :

— بىزگە ھېچكىمدىن ياخشىلىق كەلمەيدۇ ! — دەپ ئۇمچەيدى .

— تۈركىينىڭ ئامېرىكىدەك كۈچىيىشىنى تىلەيمەن ! — دېدى مەسئۇد سەبرى كرېسلودا يېنىچە يېتىۋېلىپ تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن .

— ھەممىنى قىلغان ئورۇسلار . گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنى ئۇرۇشقا سالدى ، بىزنىمۇ شۇنداق قىلماقچى !

— گومىنداڭغا قورال بېرىپ ، ئەسكەرلىرىنى جەنۇبتىن شىمالغا توشۇپ ياپونىيىنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئامېرىكا تۇرسا ، يەنە سوۋېتنى تىللايسىزغۇ !

— ئامېرىكا خەلقپەرۋەر ، ئورۇس دېگەن شوۋىنىست !

— نەق شوۋىنىست ئامېرىكا ، ئۇنىڭغا ئاسىيادا نېمە بار ؟

— ئۇ ئاسىيادا جەڭ قىلدى - دە ، ئۇنىڭ قانۇنىنى ئوقۇغانمۇسىز ؟ نەدە ئادالەتسىزلىك بولسا ئۇ شۇ يەردە ئۇندۇ !

— ئادالەتسىزلىك دېگىنىڭىز ، ئۇنداقتا ، سوتسىيالىزم - كوممۇنىزمما ؟

— مەن ئۇنداق دېمىدىم !

— ھاي ، ھاي ··· ئاغزىمىزغا بېقىپ گەپ قىلايلى جۇمۇڭلار ، بىكار ئەتىلا ك گ ب نىڭ دەپتىرىگە چۈشۈپ قالمايلى !

— جۇڭتۇڭ ، جۇنتۇڭلارنىڭ دەپتىرىگە چۈشمىسەڭلا بولدى !

بۇلار راسا يېتىلىپ ئاغزىغا كەلگەننى چاينىماي سۆزلەۋاتقاندا ، ئوخشاشلا يېڭى بىنانىڭ زىياپەت زالىدىمۇ بىر تۈركۈم كاتتىۋاشلار سىياسىي سەھنىگە چىقىۋېلىپ ، ئۆز سۆزمەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى :

— جاڭ بوجاڭ ، بۇ باندىتلارنىڭ ھەيۋىسىنى ئۆستۈرۈپ قويدىڭىز !

— چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەردە ئۇلار مەقسىتىگە يەتتى !

— كۆلكىلىك گەپ . جاڭ بوجاڭنىڭ دانالىقى نەق مۇشۇ يەردە ، يولۋاسنى سىلاپ ـ سىيپاپ قەپىسىگە ئەكىردى . ئەمدى ئۇ سىننىڭ ئويۇنچۇقۇڭ بولىدۇ ـ دە !

— ياق بىز تاش سانىساق ، ئۇلار قوم سانايدۇ ، ھېلىقى ئەخمەتجان دېگىنى ھېيلىگەر نېمىكەن ، قوي تېرىسىگە ئورىلىۋالغان بۆرىكەن !

— بۇ خەققە زادى چىراي ئاچمايدىغان گەپ ئىدى . دۇنيا ئۆزگىرىشى بولمىغان بولسا ، ستالىن بىلەن شىڭ شىسەي بۇ خەقنى بۇ چاغقىچە قىرىپ تۈگىتەتتى !

— ئۇنداق قىلىش ۋەھشىيلىك ، ئۇلار ئاق كۆڭۈل ، ساددا ، كەڭ قورساق ، مېھماندوست خەلق ، ئۇلار بولمىسا بىزنى كىم باقىدۇ . كۆلىدىن ئەمگەكچى چىقمايدۇ بۇ يەرگە ، ئەمەل تۇتۇپ يانچۇق چىڭدايدىغانلار چىقىدۇ ، ئۇيغۇر ، قازاق بولمىسا ئۇلار كىمنى تالاپ باي بولىدۇ ؟...

— جاڭ بوجاڭ ، سىزگە ۋېيىۋەنجاڭدىن جىددىي تېلېگرامما !

جاڭ جىجوڭ چۆچۈپ چاقىرتىلغانىدى . تېلېگراممىدا : «بۇ يەردە بېجىرىشكە تېگىشلىك جىددىي ئىش بار . ۋاقتىنچە چۆچەككە قايتىپ كەلسىڭىز» دېيىلگەنىدى .

يېڭى يىلنىڭ 3 ـ كۈنى جاڭ جىجوڭ چۆچەككە ماڭماقچى بولۇپ ، شىمالىي بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە تۇرۇشلۇق ئىلى ۋەكىللىرىنىڭ يېنىغا كىردى . ئۇ ئۇزۇن ، ماش رەڭ ھەربىيچە پەلتو ، ئالدى ئېگىز ، چوڭ قاسقانلىق شەپكە كىيگەن ، گومىنداڭ دۆلەت گېربى بەلگە قىلىنغان كاكار ، مۇرىسىگە پاگون تاقالغان كۆرۈنۈشتە خۇددى ئالدىنقى سەپكە قوماندانلىق قىلىشقا ماڭغاندەك كۆرۈنەتتى . ئۇ ۋەكىللەرنىڭ يېڭى يىلىنى تەبرىكلىدى . 1946 ـ يىلىنىڭ تىنچلىق ، دېموكراتىيە ، دوستلۇق ۋە گۈللىنىش يىلى

بولۇشنى تىلىدى .

— ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى جۇڭگونىڭ دۇنياۋى ئورنىنى كۆتۈردى . جۇڭگو ، ئامېرىكا ، ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى ، فرانسىيە دۇنيادىكى بەش چوڭ دۆلەت دۇنيا تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم دۆلەتلەر . بىز دۆلىتىمىز بىلەن پەخىرلىنىمىز . مەن سىلەرنىڭ ۋەتەننى سۆيۈپ ، دۆلەتنى ھىمايە قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن . جۇڭگو ئەمدى دۆلەت قۇرۇش ئىشىنى باشلايدۇ . ۋەتەننى سۆيۈش ، گۈللەندۈرۈش دەۋر بىزگە ئاتا قىلغان زور مەسئۇلىيەت . بۇ مەسئۇلىيەت سىلەرگىمۇ تېگىل ، ۋەتەن ئۈچۈن تۆھپە يارىتىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن !

جاڭ جىجۇڭنىڭ سۆزى ۋەكىللەرنى تەسىرلەندۈردى . بۇ ئادەم ئۇلارغا يېقىپ قالغانىدى . «گومىنداڭ» دېسە قۇيقا چىچى تىك تۇرىدىغان رەخمجانمۇ بۇ ئۇچۇق چىراي ، كۆزەينەكلىك گېنېرالغا ئامراق بولۇپ قالدى .

— بىز جۇڭگو پۇقراسى ، ۋەتەننى جەزمەن ھىمايە قىلىمىز ، بىزنىڭ پىكىرلىرىمىزنى مەركەزگە يەتكۈزۈپ قويسىڭىز ، بىزگە پاتراق ئالىي مۇختارىيەت ھوقۇقى بېرىلسەكەن ! — دېدى ئۇ بۇجاڭنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ .

— ئاتلىق 5 - كورپۇس چېكىنىپ كەتمىسە شىنجاڭدا تىنچلىق ئىشقا ئاشمايدىغان ئوخشايدۇ . ما جىڭشياڭ ماناس بويىدا ھەدەپ بىزنىڭ قىسىملىرىمىزغا ھەيۋە قىلماقتا !

— ھەربىي قوشۇن مەسىلىسى قوشۇمچە 2 - ھۆججەتتە ئايرىم مۇزاكىرە قىلىنىدۇ ، — دېدى جاڭ جىجۇڭ ئەخمەتجاننىڭ ئۇچۇق - يورۇق سۆزىگە مەۋھۇم جاۋاب بېرىپ ، — بىز بىتىم قىلىۋاتىمىز . تاشقورغاندا سوقۇش بولۇۋاتىدۇ . بۇنى نېمىدەپ چۈشەندۈرىمىز ئۇنداقتا ؟

— پارتىزانلار بىتىم روھىغا رىئايە قىلىۋاتىدۇ . گېنېرال جاۋ شىگۇاڭنىڭ ئەسكەرلىرى پارتىزانلارنى ھەدەپ باستۇرۇۋاتىدۇ . ئاقسۇدىمۇ شۇنداق قىلدى . ئاتلىق 5 - كورپۇسنىڭ شىنجاڭغا

كىرىشى گومىنداڭ يەرلىك قوشۇنلىرى ئۇچۇن مەدەت بولدى ! بىزنىڭكىلەر سەۋر - تاقەتنىڭ چېكى بولىدۇ دەۋاتىدۇ . قوراللىق توقۇنۇش يۈز بەرسە ، بىزنىڭ نەچچە ئاي تىرىشىپ تۈزگەن بىتىملىرىمىز بىكار بولىدۇ . خۇددى چۇڭچىڭ كېلىشىمىدەك !

— مەن تېز قايتىپ كېلىمەن ، قالغان گەپلەرنى شۇ چاغدا دېيىشەيلى !

ئاتلىق 5 - كورپۇس كېلىش بىلەن ، گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ خورىكى ئۆسۈپ ، ھەيۋىسى كۆچەيدى . ئۇرۇمچىدىن قېچىۋاتقان خەنزۇ پۇقرالار قاچماس بولدى . مەكتەپلەردە ئوقۇش ئەسلىگە كېلىپ «سەنمىنجۇيى» ناخشىسى ياڭراپ ، گومىنداڭ بايرىقى تەنتەنە بىلەن ھەر كۈنى ئەتىگەندە چىقىرىلىدىغان بولدى . ئىلى ۋەكىللىرى ھەممىنى كۆرۈپ تۇردى . كۆل رەڭ كىيىم كىيگەن ئاتلىق ئەسكەرلەر ۋارقىرىشىپ ئۇرۇمچى كوچىلىرىدا ئۇياقتىن - بۇياققا يۈرەتتى . تانكا ، برونېۋىك قىسىملىرى توختىماي غەربكە ماڭاتتى . پات - پات ئۇرۇمچى ئاسمىنىدا ھەربىي ئايروپىلانلار پەيدا بولاتتى - دە ، ئوخشاشلا غەربكە قاراپ ئۇچاتتى . بۇلارنىڭ ھەممىسى كۈچ كۆرسىتىش ، ئۇرۇش قىلىش تەقەززالىقى ئىدى .

1946 - يىلى ئەنسىزچىلىك بىلەن باشلاندى ، گېزىتلەردە «يەنئەن باندىتلىرى» شەرقىي شىمالدا ئۇرۇش قوزغىدى دېگەن خەۋەرلەر بېسىلماقتا ، كوچىلاردا پۇقراچە كىيىنگەن ئەسكەرلەر نامايىش قىلىشىپ «باندىتلارنى تازىلايلى !» دەپ شوئار ۋارقىرىشاتتى ، مەكتەپلەردە يىغىن ، دوكلاتلار بولۇپ ، ھەددەپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى تىللايدىغان ناتىقلار پەيدا بولۇشتى . ئەخمەتجان قاسىمى بۇ ئىشلارنى سەگەكلىك بىلەن كۆزەتمەكتە ، ھەمراھلىرى بىلەن پاراڭلاشماقتا ئىدى . ئۇلار بىلەن بىللە ئۇرۇمچىگە كەلگەن ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئۇلارنى ھەر كۈنى يېڭى خەۋەرلەر بىلەن تەمىنلەپ تۇراتتى . ئۇنىڭ دېيىشىچە ، ئۇرۇمچىدە گومىنداڭغا قارشى يەر ئاستى تەشكىلاتلارمۇ پەيدا بوپتۇ . بۇ تەشكىلاتقا قاتناشقانلار خەنزۇ زىيالىيلار ئىكەن ، ئۇنىڭغا

ئۇيغۇر ، قازاق زىيالىيلارمۇ قاتنىشىپتۇ . باج باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جانىمقان ھەدەپ ئالتايغا ئادەم ئەۋەتىپ ئوسماننى قۇترىتىۋېتىپتۇ ، ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى مۇئاۋىن كونسۇلى ماكىنانمۇ تىنچ تۇرماپتەك ...

ئەخمەتجان كۆل رەڭ قورغانلىق ھويلىدىكى ياتقىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە تۇرۇپ ، يېنىدىكى قىزلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتەتتى . ئوقۇغۇچىلار دۆلەت بايرىقىنى چىقىرىپ بولۇپلا شوئار توۋلايتتى . ئۇ تەرجىماندىن بۇ شوئارلارنىڭ : «كوممۇنىستىك پارتىيىنى يوقىتايلى !» دېگەن شوئار ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى .

ئادەملەر نېمىلەرنى ئازۇ قىلمايدۇ ، لېكىن ھايات ئۆز يولى بىلەن مېڭىۋېرىدۇ . ئارزۇ ۋە شوئارلار رېئاللىقنى ئۆزگەرتىدىغان كۈچ ئەمەس . ئامېرىكا ترومىن ھۆكۈمىتى 1945 - يىلى نويابىر ئېيىدىلا شۇنچە چوڭ ئەسكىرىي قوشۇن ، ئامېرىكىنىڭ زامانىۋى قوراللىرى بىلەن قوراللانغان جياڭ جېيشى ئارمىيىسىنىڭ جۇڭگونىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغان كۈچ ئەمەسلىكىنى چۈشەنگەن ، ھەقىقىي سوقۇش بولۇپ قالسا مەغلۇپ بولىدىغىنى گومىنداڭ ئارمىيىسىدىن سانى نەچچە ھەسسە ئاز ، قوراللىرىمۇ ناچار بولغان كوممۇنىستلار ئارمىيىسى ئەمەس ، ھەيۋىسى چوڭ جياڭ جېيشى ئارمىيىسى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىپ بولغانىدى . ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو ئىشلىرى مۇتەخەسسىسلىرى ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان سىياسىتىدە چاتاق بار دەپ قارىغان . سىياسەت ئىجرا قىلغۇچى باش ئەلچى خېرلى ئۆزىنىڭ ئۈمىدسىزلىكىنى يوشۇرماي ئىستېپا سوراپ ، بولتۇرلا ترومىنغا ئىلتىماس يازغان . ترومىن ئامېرىكا جامائەتچىلىكىنىڭ پىكرى بىلەن ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى تەستىقلىغان ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا ئاتاقلىق گېنېرال مارشاللنى ئەۋەتىشنى ئويلاشقان . مارشالل نويابىردا ۋاشىنگتوندىكى ئاقسارايدا تەنتەنىلىك خوشلىشىش رەسمىيىتى ئۆتەپ پېنسىيىگە چىققان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ياۋروپا

جەڭ مەيدانلىرى ۋە تىنچ ئوكيان ئۇرۇشلىرىدا ياراتقان مۆجىزىسىمان تۆھپىلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭ مەشھۇر نامى، پەۋقۇلئاددە ئەقىل ـ پاراسىتىگە ئىشىنىپ، جۇڭگو ئىشلىرىدىمۇ مۆجىزە يارىتالايدۇ دەپ قاراپ جۇڭگوغا ئەۋەتىشنى قارار قىلغان. يىل بېشىدا مارشالل جياڭ جېيىشىغا ياردەملىشىپ، كوممۇنىستلار بىلەن بولغان ئېلىشىشتا غەلىبە قازىنىش ئۈچۈن جۇڭگوغا كەلگەنىدى.

بۇ ئىشلارنىمۇ ئەخمەتجان، رەخىمجان، ئۇبۇلخەيرى تۆرىلەر ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىدى.

«بۇ يىل نېمىلەر بولاركىن» دېگەن سوئال ھەممىگە ئورتاق. سىياسەتچىلەرلا ئەمەس، پۇقرالارمۇ ھاياتىن يېڭىلىق كۈتەتتى. گەرچە كۈتكەن يېڭىلىق ھەممىگە ئورتاق بولمىسىمۇ. ھەممىلا ئادەم ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ئانا تۇپراقتا بىرەر ئۆزگىرىش بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى، گەرچە بۇ خىل ئۆزگىرىش ئۇلارنىڭ ھاياتىدا چوڭ ياخشىلىق پەيدا قىلالمىسىمۇ.

قانداقلا سىياسىي ئۆزگىرىش بولسا، قانداق بىر ھاكىمىيەت كەلسىمۇ دېھقانلار ھامان يەر تېرىيدۇ. ئەمما، سىياسەتچىلەر ئۇنداق ئەمەس، يا ئامەتلىك، يا ئاپەتلىك بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار يەر شارىدىكى تەبىئەت ئۆزگىرىشلىرىگە پەرۋا قىلمايدۇ، ئەمما سىياسىي ئاتموسفېرا ئۇلارغا بىردە جەننەتنى، بىردە قىزىل قىيامەتنى كۆرسىتىدۇ. مانا جاڭ جىجۇڭ كېتىۋىدى، ئۇرۇمچىنى ۋەھىمە باستى. گومىنداڭ ۋەكىللىرىنىڭ چىرايلىرىمۇ ئۇرۇمچىنىڭ تۇمانلىق قىش پەسلىگە ئوخشاپ قالدى. سالام ـ سەھەت ئورنىنى خىرىس بەلگىلىرى ئىگىلىدى.

شىمالىي بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە تۇرۇۋاتقان ئىلى ۋەكىللىرى قالغان گومىنداڭ ۋەكىللىرى بىلەن زادىلا سۆزلەشمەيدى. ئاببا سوف ئىلى تەرەپنىڭ ماناس دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى ئاتلىق 5 ـ كورپۇسنى يۆتكەپ كېتىش توغرىسىدىكى تەلىپىگە قارىتا جاڭ جىجۇڭنىڭ يازغان جاۋاب

خىتىنى ۋەكىللەرگە ئوقۇپ بەردى : «دۆلەت ئارمىيىسىنى يۆتكەپ كېلىش يالغۇز ئۈچ ۋىلايەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈنلا ئەمەس، ئۇ ماناس ئالدىنقى سېپىگە تۇرغۇزۇلغىنى يوق ، بۇ پاكىت شۇنىمۇ ئويلاپ كۆرۈشۈڭلار كېرەككى ، شىڭ شىسەي خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشتىن ئىلگىرى ئۆزى تۇتۇپ قاماپ قويغان بىگۇناھ كىشىلەرنى قويۇپ بەرمىدى . ئەكسىچە يەنە نۇرغۇن بىگۇناھ كىشىلەرنى تۇتتى ، ئەگەر دۆلەت ئارمىيىسى يۆتكەپ كېلىنمىگەن بولسا ، ئاشۇ بىگۇناھ كىشىلەرنى قۇتۇلدۇرۇۋالغىلى بولاتتىمۇ ؟ بۇرھان ئەپەندىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغىلىمۇ بولماس ئىدى ...»

— بۇ تەلەپتىن ۋاز كەچسەك بولارمىكىن ، — دېدى خەتنى ئاڭلاپ بولۇپ ئەخمەتجان قاسىمى ، — بۇ تەلىپىمىزنى قوبۇل قىلمايدىغان ئوخشايدۇ !

— قاتتىق تۇرۇۋالساق قوبۇل قىلىدۇ ! — دېدى رەخىمجان .

— ئۇنىڭسىزمۇ جاڭ جىجوڭنى تىللاۋاتقانلار كۆپ ! ئۇنىمۇ ئايىغىنىمىز تۈزۈك ! ئۇ بىزگە جىق يول قويدى .

— ياق ، ئاتلىق 5 ـ كورپۇس چوقۇم چېكىنىشى كېرەك !

— بۇ كورپۇس جاڭ جىجوڭنىڭ گېپىگە كىرمەيدىكەن ، ئۇ خۇ زوڭنەنگە تەۋە ما بۇفاڭنىڭ قوشۇنىكەن . گومىنداڭ گېنېراللىرىنىڭ ئىچىدىمۇ زىددىيەت كۆپ ! — دېدى ئاباسوف .

— جاڭ جىجوڭدىن قىلالمايدىغان ئىشلارنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالمايلى ! — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى ئاخىر ، — بۇ تەلىپىمىزنى قايتۇرۇۋالايلى .

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن جاڭ جىجوڭ چۆچەكتىن يەنە خەت ئەۋەتتى .

ئىمزا قويۇلغان «تىنچلىق بىتىمى»نىڭ رەسمىي نۇسخىسى بىلەن «قوشۇمچە ھۆججەت 1 ـ»نى جياڭ جيېشى كۆزدىن كەچۈرۈپ بولىدۇ ، دەپتۇ . ئىككىنچى كۈنى جياڭ جيېشى ئۇنىڭغا رۇياپەت بېرىپتۇ . ئاندىن كېيىن گېنېرال جاڭ جىجوڭ تەكلىپىگە بىنائەن گومىنداڭ 6 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ

ئومۇمىي يىغىنىدا «شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدا» دېگەن مەخسۇس تېمىدا دوكلات بېرىپتۇ. شىنجاڭ خەلقىگە ئەمەلىي مەنپەئەت بېرىپ، شىنجاڭنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى تەكىتلەپ ياخشى باھاغا ئېرىشىپتۇ. ئۇ ھازىر بۈيرۇققا بىنائەن ئاتاقلىق دىپلومات جاڭ چۈننىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ جۇ ئېنلەي، مارشاللار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ. ئۇلار جايلارنى بىللە كۆزدىن كەچۈرگىلى بارغۇدەك...

— بىز ئۇ كىشى كەلمىسە ھېچ ئىش قىلالمىغۇدەكمىز، غۇلجىغا كېتەيلى، — دېدى ئوبۇلخەيرى تۆرە.

— مېنىڭمۇ ئۆتنەك كەتكۈم بار! — دېدى رەخىمجان، — باش - ئاخىرى يوق سۆھبەتلەر جېنىمغا تەگدى.

— ۋەزىيەت يامانلىشىۋاتىدۇ، — دېدى ئەخمەتجان، — ھاۋانى پوروخ ھىدى قاپلىدى. مانا فېۋرالمۇ يېقىنلىشىپ قالدى. ماناس بويىي خەتەرلىك. شەرقىي شىمالدىكى ئۇرۇش ماناس بويىدىكى گومىنداڭ قىسىملىرىنى قوزىراتماقتا. ئۇلارنىڭ تەۋەككۈلچىلىك قىلىش خەۋپى يوق ئەمەس!

— بىز غۇلجىغا قايتايلى، مەسلىھەتلىشەيلى! — دېدى رەخىمجان.

جىددىيلىك، ئىلى - ئۈرۈمچى يولىدىكى كىچىك ئېلىشىشلار، ئۈرۈمچىدىكى قاتتىق سىياسىي تەشۋىقات، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى باستۇرۇش، تۇتقۇن كۆچەيگىلى تۇردى. ۋاقىت ئۆتمەكتە، ۋەزىيەت يامانلاشماقتا.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، جاڭ جىجۇڭ بېيپىڭدا تۇرۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى 28 - فېۋرال كۈنى تاپشۇرغان جىددىي خەۋەردىن ۋاقىپلاندى. خەۋەر قىلىنىشىچە، غۇلجىدىكى كونسۇلخانا مۇنداق ئەسنى دوكلات قىپتۇ: غۇلجا خەلق ۋەكىللىرى جاڭ جىجۇڭ ئۈرۈمچىگە كەلمىسە سۆھبەت بۇزۇلدى دەپ ھېسابلايمىز، ئىمزالانغان بارلىق كېلىشىملەر پۈتۈنلەي ئىناۋەتسىز بولىدۇ،

www.uyghurkitap.com

دەپتۇ .

جاڭ جىجۇڭ جىددىيلەشتى ۋە ئالمان ـ تالمان چۇڭچىڭغا قايتتى . جياڭ جيېشى ئۇنى شەرقىي شىمالغا ئەۋەتىش پىلانىنى ئۆزگەرتتى . كېلىشىم بۇزۇلسىلا شىنجاڭدا ئۇرۇش باشلىناتتى . شىنجاڭ قولدىن كېتىپ قالاتتى . جياڭ جيېشى بۇيرۇق چىقىرىپ جاڭ جىجۇڭنى غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرى ، قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى قىلىپ تەيىنلىدى . جاڭ جىجۇڭ :

— مەن بۇ قوشۇمچە ۋەزىپىنى ئۈستۈمگە ئالالمايمەن . شاۋلىزى بىلەن جياڭ جىڭگو ئىككىسىنىڭ بىرىنى تەيىنلىسىڭىز ! — دەپ ئىلتىماس قىلدى . جياڭ جيېشى زادى ئۇنىمىدى .

4 ـ ئاپرېل جاڭ جىجۇڭ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى . ئۇ ۋۇ جۇڭشىن بىلەن جۇ شاۋلياڭ پەيدا قىلغان جىددىي ۋەزىيەتنى تۈزەش ئۈچۈن دەرھال تەدبىر قوللاندى . ئۇنى گومىنداڭچىلار «تەرەققىيپەرۋەر گېنېرال» دەيتتى . ئۇ ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىدا خارابلاشقان دېھقانلارغا ئىچ ئاغرىتىپ ، كۆپ قېتىم ئۇرۇشنى ئەيىبلەپ نۇتۇق سۆزلىگەنىدى . ئۇ كېلىپلا جۇ شاۋلياڭ ، ۋۇ جۇڭشىنلەرنى ئۇزاتتى ۋە گومىنداڭ گېنېراللىرى ئىچىدە ئۆزىگە مايىل ھېسابلانغان گېنېرال تاۋ سىيۆنى شىنجاڭ گارنىزون باش قوماندانلىقىغا ، گېنېرال جاۋ شىگۇاڭنى مۇئاۋىن باش قوماندانلىققا تەيىنلىدى .

5 ـ ئاپرېل ئۇ خۇشال ـ خۇرام ھالدا ئىلى تەرەپ ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى . ئىلى ۋەكىللىرىنىڭ سىياسىي ساقچىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ، دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ بىر قىسمىنى يۆتكەپ كېتىش ، يەرلىك ساقچىلىققا مۇسۇلمانلاردىن قويۇش دەيدىغان ئۈچ تەلىپىنى سىلىق ، يالۋۇرغان قىياپەتتە رەت قىلدى .

7 ـ ئاپرېل كۈنى قوشۇمچە 2 ـ ھۆججەت ، يەنى ھەربىي قوشۇننى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش مەسىلىسى

ئۈستىدە رەسمىي سۆھبەت باشلاندى .
— بىزنىڭ پىلانىمىز ئىبنىق : ئاتلىق ئون پولك ، پىيادە ئۈچ پولك جەمئىي ئون ئۈچ پولك بولىدۇ . ئۈچ ۋىلايەتتىن باشقا قەشقەر ، ئاقسۇ ، كۇچا ، قاراشەھەر ، ئۈرۈمچى قاتارلىق سەككىز ۋىلايەتتە مىللىي ئارمىيە تۇرغۇزۇلىدۇ ، — دېدى رەخىمجان سابىر ھاجىيوف .
— قوشۇمچە 2 ـ ھۆججەتنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىدا ئىككى ئاتلىق پولك ، ئۈچ ئاماتلىق ساقلاش ئەترىتى ، — ليۇ زېرۇڭ خاپا بولدى ، — ئۇلارنى بەش ۋىلايەتتە تۇرغۇزۇش دېيىلگەن . ئارىلىق بەك چوڭ بولۇپ كەتتى ، بۇنداق قىلساڭلار سۆھبەتكە ئورۇن قالمايدىغۇ !
— ناۋادا شىنجاڭدىكى دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ سانى بىلەن تەڭ بولمىسا ، بىزمۇ ھۆكۈمىتىمىزگە جاۋاب بېرەلمەيمىز !
— دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا زىيانلىق تەلەپ بۇ ! — دېدى لياڭ خەنساۋ خاپا بولۇپ . جاڭ جىجۇڭ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى .
سۆھبەت توختاپ قالدى .
20 ـ ئاپرېل كۈنى جاڭ جىجۇڭ ئىلى ۋەكىللىرى بىلەن يەنە سۆھبەتلەشتى ، ئۇ بۇنىڭ ئالدىدىلا ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇۋەققەت باش كونسۇلى يېۋسىيېۋ ، يېڭىدىن تەيىنلەنگەن كونسۇل ساۋېلىيېفلار بىلەن بۇ ھەقتە سۆزلەشكەنىدى ، لېكىن جاڭ جىجۇڭ ھەرقانچە سۆزلەپمۇ ئىلى ۋەكىللىرىنى قايىل قىلالمىدى . رەخىمجان غۇلجىغا قايتماقچى ، بۇ ئىشنى ۋە ئىلى تەرەپنىڭ ھۆكۈمەت ئەزالىقىغا كىرىدىغان نامزاتلارنىڭ ئىسىملىكىنى دوكلات قىلىپ ، تېز ئارىدا قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى .
26 ـ ئاپرېلدا يەنە سۆھبەت بولدى .
— ئون پولكتىن قەتئىي ئاز بولمايدۇ ! — دېدى رەخىمجان . كېلىشىم يەنە ئۈزۈلۈپ قالدى .
1 ـ ماي كۈنى جاڭ جىجۇڭ ساۋېلىيېف بىلەن يەنە كۆرۈشتى :
— ئىلى تەرەپنى يەتتە پولك قۇرۇشقا ۋە ئۈرۈمچى ، قەشقەردە

بىردىن پولك تۇرغۇزۇشقا ماقۇل كەلتۈرۈشكە تىرىشىپ كۆرەي ، — جاڭ جىجۇڭ ساۋلىيىفىنىڭ پۈتۈنسىيىدە كۆتۈلمىگەن ئۆزگىرىش بولغىنىنى سەزدى . بۇ ھال ھەرگىزى ھۆكۈمەتنىڭ ئامېرىكىغا ئەگىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ، كومپارتىيىگە قارشى تۇرغانلىقىنىڭ تەسىرىدىن كېلىپ چىققان دەپ قاراپ ، جياڭ جېيشىغا جىددىي تېلېگرامما يوللىدى : «ستالىن شىنجاڭدا ھەل قىلىش تەس ھېچقانداق ئىش يوق دېگەندى ، بىزنىڭ ئىشىمىز تەسلەشتى» دەپ مەلۇم قىلدى ئۇ . جياڭ جېيشى ئۇنىڭ ياردەم تەلەپ قىلىپ يوللىغان تېلېگراممىسىغا جاۋاب بەرمىدى .

3 - ماي كۈنى يەنە بىر قېتىم سۆھبەت بولدى . ئىلى ۋەكىللىرى ھەربىي قوشۇنى يەتتە پولك قىلىشقا قوشۇلدىيۇ ، لېكىن ئۆز ئارمىيىسىگە قوماندان تەيىنلەش ، ئۆلكىلىك ئالىي ھەربىي ئاپپاراتىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتەش ، دۆلەت ئارمىيىسىنى ئۈچ ۋىلايەتكە كىرگۈزمەسلىك دېگەن تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تۇرۇۋالدى . ئىلگىرىكى ئۈچ تەلەپ ھەققىدىكى گەپنى ئۆزگەرتىپ يەنە تىركەشتى . ئىچكىرىدىن ئۇرۇش خەۋەرلىرى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى ، شىنجاڭمۇ تىنچ ئەمەس ئىدى . جاڭ جىجۇڭ تەرەپ - تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ ساۋلىيىفنى ئارىغا ئەلچى قىلىپ يۈرۈپ قاتمال ۋەزىيەتنى يۇمشىتىشقا تىرىشتى . سۆھبەت ھەر كۈنى جۇملىمۇجۇملە ، ھەتتا ئاتالمىلار ئۈستىدىكى تالاش - تارتىش بىلەن داۋاملاشتى . سۆھبەتتە ئەڭ قاتتىق ۋە ئەڭ تولا پىكىر بايان قىلغۇچى ئوتتۇز ئىككى ياشلىق يىگىت ئەخمەتجان قاسىمى ئىدى . «ئۆزگەرتىلگەن ئارمىيە» دېيىلسە ، ئۇ «ياق ، مىللىي ئارمىيە» دەيتتى . ھەتتا ئىلى تەرەپنىڭ ئارمىيىسى دۆلەتنىڭ يۆتكەش بۇيرۇقىغا بويسۇنىدۇ دېگەن سۆزلەرگىمۇ قوشۇلمىدى . جۇملىمۇجۇملە ، ھەربىر ئاتالما ئۈستىدە تالاش - تارتىش بولۇپ ، بۇ سۆھبەت ئاتمىش ئۈچ كۈنگە سوزۇلدى . ھەتتا «دەرھال» دېگەن سۆزنى «كەلگۈسىدە» دېگەن سۆزگە ئۆزگەرتىش مۇنازىرىسى بەزىدە

تۆت - بەش سائەت داۋاملاشتى . جاڭ جىجۇڭ تىرىكىپ قىلىپ بىر قېتىم :

— ئەخمەتجان ، سىز ئوتتۇز ئىككى ياشلىق يىگىت ، مەن بولسام ئاتمىشقا تاقاپ قالغان ئادەممەن . بەرداشلىق بېرەلمىدىم . مەن ياشراق شاۋ لىزىنى ياكى جياڭ جىڭگونى ئورنۇمغا ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم ، — دېدى . ئاخىر ئىككى ئاي داۋاملاشقان تىركىشىش ئاخىرلاشتى . 22 - ماي كۈنى «قوشۇمچە ھۆججەت 2 - » سۆزمۇسۆز ، جۈملىمۇجۈملە مۇزاكىرە قىلىنىش نەتىجىسىدە ، يېرىم كېچىدە ئاخىر تەييارلاندى . ئىككى تەرەپ ئىمزا قويۇشتى :

① ئۈچ ۋىلايەت قوشۇنلىرى ئۈچ پىيادىلەر پولكى ، ئۈچ ئاتلىق پولك جەمئىي ئالتە پولك قىلىپ ئۆزگەرتىلىدۇ . ئۇلارنىڭ يېرىمى دۆلەت ئارمىيىسى ، يېرىمى ئامانلىق ساقلاش پولكى بولىدۇ .

② تۇرغۇزۇلىدىغان ئورنى ئىلى ، تارباغاتاي ، ئالتاي ۋىلايەتلىرى بىلەن چەكلىنىدۇ .

③ ھۆكۈمەت ئىلى ، تارباغاتاي ، ئالتاي قوشۇنلىرى قوماندانلىقىغا بىر كىشىنى ساقلاپ قېلىشقا رۇخسەت قىلىدۇ . بۇ قوماندان شىنجاڭ گارنىزون باش قوماندانىنىڭ ۋە ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىشى لازىم . ھۆكۈمەت بۇ قوماندانىنى ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش مۇئاۋىن قوماندانلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەشكە تەيىنلەيدۇ .

④ بۇ قوماندان تەيىنلەنگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئالاقىدار تارماقلار بىلەن كېڭىشىپ ، ئاقسۇ ، قەشقەر ئىككى ۋىلايەتتىكى ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ چىقىشىغا يول قويىدۇ . بۇ قىسىملارنى تولۇقلاشتا پۈتۈنلەي يەرلىك مۇسۇلمان خەلقلەردىن ئەسكەر ئېلىنىدۇ .

⑤ مەزكۇر ئالتە پولكنىڭ تەمىناتى ۋە ئۇنىڭ «كەلگۈسى» دىكى قورال - ياراغلىرى پۈتۈنلەي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق دۆلەت

ئارمىيىسى ۋە ئۆلكىمىزدىكى ئامانلىق ساقلاش قوشۇنلىرىنىڭ قائىدە - ئۆلچەملىرى بويىچە بېجىرىلىدۇ.

⑥ دۆلەت چېگراسىنى قوغداشقا مەركەزنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى ئۈستىگە ئالغان قوشۇنلار مەسئۇل بولىدۇ...

— ئاتمىش ئۈچ كۈنلۈك تالاش - تارتىشنىڭ مەھسۇلى مانا مۇشۇ ئالتە ماددا، — دېدى ئەخمەتجان تېلېفوندا ئېلىخان تۆرەمگە دوكلات قىلىپ بولۇپ، — تەپسىلىي مەزمۇنى يېقىندا تولۇق يېتىپ بارىدۇ.

ئۈرۈمچى شەھىرىدە باھار ئالاھىدىلىكى ئۇلانباي قارىياغاچلىقىدا ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. قەدىمكى قارىياغاچلار ياپيېشىل شاخلىرى بىلەن كۆك ئاسمانغا غولاچ يايغان، تاغ سۈيى تاشلارغا ئۇرۇلۇپ، چۇقان سېلىپ ئويناپ ئاققان، ياپيېشىل چىمەنلىك ئىنسانلارغا تەبىئىي پاياندار، سالقىن ھاۋا جانغا راھەت! گىلەملەر سېلىنغان چىمەنلىكتە مېھمانلار كۈتۈلمەكتە. بۇ كۈتۈش ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باج ئىشلىرى ئەمەلدارى جانىمقانغا مەنسۇپ.

— جياڭ جۇشىغا كۆپ رەھمەت! — دېدى ئۇ قەدەھ سۆزى سۆزلەپ، — سەنمىنجۈينىڭ كۈچى ئارقىلىق شىنجاڭنى كاپالەتلەندۈرۈش، سىياسىينى ئايدىڭلاشتۇرۇش كۈچى ئارقىلىق شىنجاڭنى تىنچلاندۇرۇش، تولۇق ئىقتىسادىي كۈچ ئارقىلىق شىنجاڭنى قۇرۇش دېگەن ئۈچ چوڭ پرىنسىپ نەقەدەر قالتىس، ياشىسۇن جياڭ ۋېيىيۈەنجاڭ!

جاڭ جىجۇڭ ئەخمەتجان قاسىمىنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇۋالدى، ئۇ قولىغا قەدەھ ئېلىپ:

— گۈزەل تەبىئەت قوينىدا ئولتۇرۇپتىمىز، كەلگۈسىمىزمۇ گۈزەل بولغۇسى! — دېدى ۋە ئەخمەتجانغا قاراپ قويۇپ، — جاپالىق سەپەر تېخى تۈگىمىدى. مەن ھەممىنى جياڭ ۋېيىيۈەنجاڭغا يوللىدىم. ئەمما شۇنى بىر قېتىم دەپ ئۆتەي: تىنچلىق ئىزدەش يولىدا ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم. ئەڭ زور دەرىجىدە

جاۋابكارلىقنى ئادا قىلدىم ، دەپ ئىشىنىمەن . ئەگەر تىنچلىق قولغا كەلمەيدىغان بولسا ، مەن خىزمەتتىن ئىستىپا بېرىپ ئۆرۈمچىدىن كېتىمەن . بۇنىڭدىن باشقا ئىلاجىم يوق !

ئەخمەتجان قاسىمى كۈلۈپ قويدى .

— ئەگەردە خەلقنىڭ تەلىپى ئېيتقاندەك دەرىجىدە قانائەتلەندۈرۈلمىسە ، مەسىلىمۇ ئاسان ھەل بولمايدۇ ! — دېدى ئۇ ۋە ، — بىز جاڭ بۇجاڭنىڭ ئاخىرىغىچە قاتنىشىپ بېرىشىگە ئىشىنىمىز ! — دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويدى .

1946 - يىلى ئىيۇن ئايلىرىدا نەنجىڭ شەھىرىنىڭ كاشتان دەرەخلىرى بىلەن تولغان كوچىلىرى جەنۇب ئىسسىقى باشلانغانلىقى ئۈچۈن جىمجىت ئىدى . پرېزدېنت سارىيىنىڭ گىلەملەر سېلىنغان يوغان خانىسى شامالدۇرغۇچ بىلەن سالقىن ، كۆڭۈللۈك تۇسكە كىرگەن . جياڭ جيېشى بۇ كۈنلەردە تولىمۇ خۇشال ، مەغرۇر ئىدى . ئۇ ھېلىلا سۇڭ مېيلىڭنى ئۇزىتىپ :

— گېنېرال مارشالل بىلەن سۆزلىششكە سىز تولۇق ھوقۇقلۇق ھۆكۈمەت ۋەكىلى ! — دېدى . مانا ھازىر ئۇنىڭ ئالدىدا شىنجاڭ مەسىلىسىگە تولۇق ھوقۇقلۇق يەنە بىر ئادەم — جاڭ جىجۇڭنىڭ دوكلاتى تۇراتتى . ئۇ ئاق رەڭلىك فرانسىيە كرېسلوسىغا تاشلىنىپ ئولتۇرۇپ بۇ دوكلاتنى ئوقۇشقا باشلىدى : «… سەنمىنجۇيىدىكى مىللەتلەر باراۋەرلىكى پرىنسىپىنى ئىلى تەرەپ ‹قۇرۇق سۆز › دەپ مەسخىرە قىلدى ، بۇ سەۋەبسىز ئەمەس ، بىز ئۇنى رېئال سىياسىي تۇرمۇشتا راستىقا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك . شۇڭا ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يىگىرمە بەش نەپەر ئەزاسى ئىچىدە ئون ئالتە نامزات يەرلىك مىللەت زاتلىرىدىن بولدى… »

— سەنمىنجۇيىنىڭ ھەقىقىي سادىق مۇرىتى ! — دېدى جياڭ جيېشى تاقىر بېشىنى سىلاپ كۈلۈپ قويۇپ ، — ماقۇل دوستۇم ، پىكرىڭگە قوشۇلىمەن ! — ئۇ يەنە ئوقۇشقا باشلىدى : «… كۆپ يىللار مابەينىدە ، شىنجاڭ خەلقى قاراڭغۇ زۇلمەتلىك قاتتىق زۇلۇم

www.uyghurkitap.com

هۆكۇمرانلىقى ئاستىدا چىدىغۇسىز ئېغىر ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى تارتىپ ، مەركەزگە قارىتا ناھايىتى زور ئارزۇ ـ ئۈمىدتە بولۇپ كەلگەن . ھالبۇكى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جەمئىيەت تىنچ ئەمەس ، خەلق ئەنسىزچىلىكتە قالغان ، مەنسەپدارلارنىڭ تولىسى پۇرسەت قولدىن كەتكۈچە ئۆزىنى غەملەش كويىدا بولۇپ ، خىيانەتچىلىك ئەۋج ئېلىپ كەتكەن ، خەلقنىڭ ئۈمىدى ئۈزۈلگەن . شۇ سەۋەبتىن دەرھال تەدبىر قوللىنىپ ، ھۆكۈمەت تەرتىپ ـ تۈزۈمىنى چىڭىتىپ ، خىيانەتچىلەرنى جازالاپ ، بېسىلىپ قالغان ئەنزىلەرنى بىر تەرەپ قىلىپ ، خەلقنىڭ مۈشكۈللىرىنى ھەل قىلىش كېرەك !... »

— ۋۇي ئاناڭنى ... شېڭ شىسەي دېگەن ھايۋان . شۇنچە ئالتۇننى نەدىن بۇلاپ كەلدىڭ ، ماڭا تەقدىم قىلغىنىڭلا ئەللىك مىڭ سەر ... ھەي جاڭ جىجۇڭ ، جاڭ جىجۇڭ... دوك ۋەزىر ليۇيۇڭ !...

ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ كۆلۈپ قويۇپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى : «... سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت قىلىش كېرەك . بۇ ھال تارىخىي ، جۇغراپىيىلىك ، مىللىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى كۆپ خىل ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ... شىنجاڭنى ئادەتتىكى ئۆلكىلەر قاتارىغا قويماسلىقىمىز كېرەك . يۈز بەرگەن ئىشلارنى تاشلاپ قويماسلىقىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن . خەلق رايىنى ئۆزىمىزگە تارتىش شىنجاڭنى ساقلاپ قېلىشنىڭ كاپالىتى ، ئالاھىدە سىياسەت بولمىسا شىنجاڭنى تىنچىتىش قىيىن ... ھۆكۈمەت نامزاتلىرىنى يوللىدىم ، تەكشۈرۈپ يوليورۇق بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن ... »

— ئەخمەتجان قاسىمى ، ئوتتۇز ئىككى ياش ، موسكۋا ئەمگەكچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنى تۈگەتكەن ، بۇرھان شەھىدى ئەللىك ئىككى ياش ... ئۇمۇ رۇسىيىدىن كەلگەن . بىرىنچىدىن ، بۇلار ئالىي مەلۇماتلىق ، ئىككىنچىدىن ، رۇسىيىدىن كەلگەن ... شىنجاڭنى ئەمدى فېئودال بەگلەر ، دىندارلارغا تايىنىپ ئىدارە

قىلىش ئاخىرلىشىدۇ دىمەكچىمۇ؟ يەرلىك ئەمەلدارلار قانچە نادان، يۇمشاق بولسا شۇنچە ياخشىدى، لېكىن سەن جاڭ جىجۇڭ رېكورت ياراتتىڭ، بىرىنچىدىن، كۆپ، ئىككىنچىدىن، ئىلغار! ماقۇل، ياق دەپ قۇتۇلغىلى بولامدۇ سەندىن!...

ئۇ ئۇستەلگە باردى. موي قەلەمنى قولىغا ئالدى: «چوڭقۇر مەمنۇن بولدۇم. ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تېزلىكتە بېجىرىپ بېرىشىنى تاپىلىدىم!» بۇ خەت تېلېگراممىا بولۇپ ئەتىسىلا ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ، جاڭ جىجۇڭ بۇجاڭنىڭ قولىغا تەگدى.

ياز كىردى. 1946 - يىلى 1 - ئىيۇل كۈنى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ مىللەتلەر بىرلەشمە ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. نەنجىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بۇ ئىشنى چوڭ يېڭىلىق ھېسابلاپ، نەنجىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى يۇ يۇرېننى قەسەم بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىشنى بىۋاسىتە نازارەت قىلىشقا ئالاھىدە ئەۋەتتى.

پۈتۈن شىنجاڭ تارىخىدىكى زور ئىش، چوڭ يېڭىلىققا ھەممە ئادەم دىققەت قىلدى. ھەتتا كۆكتوقاينىڭ يىراق بىر يايلىقىدا كىگىز ئۆيدە قىمىز ئىچىپ ياتقان ئوسمان باتۇرمۇ بۇ ھۆكۈمەتكە ئەزا بولغىنىدىن خۇشال بولۇپ يوغان كۆزلىرىنى چىمىلداتتى. ئەمما، غۇلجىدىكى يەنە بىر ئەزا ئېلىخان تۆرەم رەئىس بولالمىغىنىغا خاپا بولۇپ ھەممىنى قارغىدى.

شۇ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئون مىڭدىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان تىنچلىقنى تەبرىكلەش زور يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. ئەخمەتجان قاسىمى، بۇرھان شەھىدىلەر جاڭ جىجۇڭ بىلەن بىر قاتاردا رەئىس بولۇپ ئالدىنقى قاتاردا ئولتۇردى. بۇ ئۈچ كىشى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى ئىدى. ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرىدىن جاڭ جىجۇڭ، ليۇ مېڭچۇن، چوي ۋۇ، ۋاڭ زېڭشەن، لو يۇۋېندىن باشقىلارنىڭ ھەممىسىلا يەرلىك كىشىلەردىن بولدى. بۇنداق مەنزىرە شىنجاڭ تارىخىدا ھازىرغىچە زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى.

www.uyghurkitap.com

— پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ چاكىرى ئورنىدا تۇرۇپ، پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىمەن! — دېدى رەئىس جاڭ جىجۇڭ چوڭ يىغىندا سۆز قىلىپ.

— مۇنداق مەنزىرە، بۇنداق سۆز شىنجاڭ تارىخىدا بولۇپ باقمىغان! — دېدى ئابدۇكېرىم ئابباسوف يېڭىدىن بېكىتىلگەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىق سالاھىيىتى بىلەن يېنىدا ئولتۇرغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى سەيپىدىن ئەزىزىگە پىچىرلاپ، — ئەمدى خەلقىمىز ھۆرلۈككە ئېرىشىشى مۇمكىن. ھۆرلۈكلا يەتمەيدۇ، ئۇنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن كومپارتىيىگە يېقىنلىشىش كېرەك، بىز ئەمدى شىنجاڭدا كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ كۆرۈۋۈكىنى قۇرالايمىز!

## 57

كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرى — بۇ يايلاقلىرى بىلەن مەشھۇر جايلار ياز باشلىنىش بىلەنلا يايپېشىل ئوت ئارىسىدا ئېچىلغان قىزىل، سېرىق، كۆك، بىنەپشە رەڭ، ئاق گۈللەر بىلەن تولىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىدۇ. كۆكتوقاي يايلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قۇۋئۆي يايلىقى بۇنداق ياز پەسلىدە ئۇ يەرگە بارغان ئادەملەرنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلماس خاتىرىلەرنى قالدۇرىدۇ.

قۇۋئۆي ئوسمان باتۇرنىڭ يازلىق داچىسى ھەم كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيە خەلقىنى باشقۇرىدىغان باش شتاب. بۇ ئىككى ناھىيە ئۇنىڭ ئۈچۈن «ۋەتەن». ئۇ سۆزلىرىدە «ئېلىم»، «يېرىم» دېگەن سۆزلەرنى كۆپ ئىشلىتىدۇ. ئۇنىڭ ئېلى بىلەن يېرى مۇشۇ كۆكتوقاي بىلەن چىڭگىل.

قۇۋئۆي يايلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چوڭ كىگىز ئۆي، ئۇنىڭ ئەتراپىغا باشقا ھەر خىل ئۆيلەر جايلاشتۇرۇلغان، خادىلار ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلغان ئۇزۇن ئارقانلارغا ئېگەرلەنگەن ئالتاي ئاتلىرى

باغلانغان ، نېرىدا قارىغايلىققا يېقىن كۆكۈچ ، سۇس تۇمان ئاستىدا توپ ـ توپ ئاتلار چەكسىز تىنچ دېڭىزدا لەيلەپ يۈرگەن بېلىقچى كېمىلىرىدەك ، چۆپ ئىچىدە ئۈزۈپ هايات بىلەن تەبىئەت بىرىكمىسىدىن گۈزەل خاتىرە سۈرەت پەيدا قىلغان . قورالىق يىگىتلەر نەلەردىندۇر ئات چاپتۇرۇپ كېلىشەتتى ، باشلىرىغا كىمشەك كىيىپ چىلاۋىش سېلىشقان ، ئۇزۇن كىيىم كىيىشكەن خوتۇن ـ قىزلار كالىلار ، قويلار ئارىسىدا يېشىل چۆپ ئارىسىدىن باشلىرىنى چىقىرىپ ۋارقىرىشاتتى . كەرەگە ئۈۋۈقلىرى چوڭ ، چاڭغىرىقىدىكى تۈڭلۈك قايرىۋېتىلگەن ، ئاق كىگىزلەردىن يېپىلغان ئۆيىنىڭ ئىچىدە قات ـ قات كىگىز ، كۆرپىلەر ئۈستىدە كەشتىلەنگەن تۆت ياستۇققا جەينىكى بىلەن تايىنىپ ، چىمبەرقۇتنى تاشلانغان ، مەرىيە تېرىدىن تىكىلگەن كەمزۇل كىيگەن ، ئۆرە ياقىلىرىغا كەشتە تىكىلگەن ، ئاق كۆڭلىكىنىڭ يەڭلىرىنى تۈرۈۋەتكەن ، پاكىز چۈشۈرۈلگەن بېشىغا زەر كەشتە تىكىلگەن تەقىيە (دوپپا) كىيگەن بەستلىك ئادەم يانپاشلاپ ياتاتتى . خام قايماق ، سېرىق ماي ، بوغۇرساق ۋە توغرالغان كومبەنالار بىلەن داستىخان ئەتراپىدا هېلىدىن ـ هېلىغا قۇيۇلۇۋاتقان قىزىق تەملىك چاينى ئىچىشىپ ، يازنى خالىمىغاندەك قېلىن كىيىملىرىنى يەڭگۈشلىمىگەن بىرنەچچە ئادەم يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇۋېلىپ ، ئات ئېيىقەك ، ئۇزۇن تۇمشۇق ، يۈزلىرى قىپقىزىل ، يوغان كۆز ، تاقىرباش ، بومبا ساقال ئادەم — ئوسمان باتۇرنىڭ ئاغزىغا كۆز ئۈزمەي قارىشىپ تۇرۇشاتتى .

— سوۋېت كانچىلىرى خۇدامىدى ، ماڭا ئۇندىمەي يېرىمگە كىرىپ كان ئاچىدىغان هوقۇقنى كىم بېرىپتۇ ئۇلارغا . بىكار ياتقان بايلىق نەدە باركەن ! — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن .

— دەلىلىقان توسۇمىغان بولسا بۇ چاغقىچە قوغلاپ چىقىرىۋېتەتتۇق ، — دېدى سېرىق ساقال ، پاكار ، سېمىز ئادەم پېشانە تەرىنى ئالىقىنى بىلەن سۈرتۈپ قويۇپ ، — ئاچچىق ئازدۇرىدۇ ، ئەقىل ئالغا يېتەكلەيدۇ دەيدۇ تېخى ، هېلىقى مۇئاۋىن

ۋالىي شەمسىمۇ دەللىلقاننى قوللاپ ، دەللىلقان دېگەن ھېلىقى جىندى تېخى بىرىنچىدىن ، تارىخىي تومۇرى بارچوڭ مەسىلە ، ئىككىنچىدىن ، سوۋېت ئىتتىپاقى موڭغۇلىيە ئارقىلىق نۇرغۇن ياردەم بەردى ، دەيدۇ !

— ئىستىكەن ئۇ ، — دېدى ئوسمان باتۇر خاپا بولۇپ ، — قاجىنابى ، لاتىپ ، ئەدەلقان سوۋېت قىدىرغۇچىلىرىغا بېرىپ ئېيتسۇن ، ئۇلار ياخشىلىقچە كان قېزىشنى توختىتىپ چىقىپ كەتسۇن !

— باردى ، — دېدى مەسئۇل كاتىپ باغدات زەيتۇنقازى ئاستا سۆزلەپ ، — ئالتايدىكى كونسۇلىمىز بىلەن سۆزلىشىڭلار . ماقۇل ، قېزىشنى بىرنەچچە كۈن توختىتايلى دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇلارنىڭ باشلىقى .

— ئەدەلقان بىلەن ئەسەن ئېرىسقان سارسۇمبىگە بېرىپ ھېلىقى سوۋېت كونسۇلى زارىپ دېگەن تاتار بىلەن سۆزلەشسۇن ، مەن دەللىلقانغا ئېيتىپ قويىمەن !

— قۇللۇق ، قۇللۇق ، ئېيتقىنىڭىزدەك بولىدۇ ھەممە ئىش ! — دېيىشتى توپلانغانلار .

— قاناتباي بىلەن جاناتلار كەلدى ! — دېدى قاراۋۇللۇق قىلىدىغان يىگىت ئالدىراپ كىرىپ . ئوسمان مېھمانلىرىغا قاراپ قويدى ، مېھمانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى .

قاناتباي بىلەن جانات ئۈرۈمچىدىكى جانىمقان ئارقىلىق گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن ئالاقىلەشكەندە ، رەئىس جاڭ جىجوڭ ئۆزىگە ۋاكالىتەن ھۆكۈمەت باش كاتىپى ليۇ مېڭچۈننى ئەۋەتىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشتۈرىدۇ . قاناتباي بىلەن جانات ئۇنىڭغا ئوسماننىڭ يازغان بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرىدۇ ھەم جاڭ جىجوڭنىڭ ئۆزلىرىنى قوبۇل قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ . ئۈچ كۈندىن كېيىن جاۋاب ئالىدۇ . جاۋابتا : رەئىس جاڭ جىجوڭ سىلەرنى ئەخمەتجان قاسىمى ، بۇرھان شەھىدىلەر بىلەن بىرلىكتە قوبۇل قىلماقچى دېيىلىدۇ ھەم «خەتنى تاپشۇردۇم ، ئوسمان

ياتۇرنىڭ خېتىنى ئەينەن پېتى ئەخمەتجانلارغا كۆرسىتىشكە بولمايدىكەن، ئۇنى ئۆزگەرتتۇق» دېگەن خەۋەرمۇ قوشۇپ قويۇلىدۇ. ئۇلارغا ئۆزگەرتىلگەن، ئوسماننىڭ تامغىسى بېسىلغان، ئەمما ئۇلار ئەكەلگەن خەتكە ئوخشاشمايدىغان خەتنى تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.

— بۇ خەتنىڭ مەزمۇنىنى يادىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلار! — دەيدۇ لىيۇ مېڭچۇن. بۇ گەپلەرنى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ئالتايغا مەخپىي ئەۋەتىپ ئوسمانلار بىلەن ئالاقە باغلىغان ۋە قاناتباي بىلەن جاناتنى ئۇرۇمچىگە باشلاپ كەلگەن داشىر ئىسىملىك ئالاقىچى تەرجىمە قىلىپ بېرىدۇ. ئوسماننىڭ خېتى ئۇلارنىڭ يادىدا، خەت مۇنداق ئىدى: «ئالتاي پۈتۈنلەي قىزىللىشىدىغان بولدى. مەن قىزىلغا جان ـ جەھلىم بىلەن قارشى. چۈنكى، قىزىللار دىنىنى يوقىتىدۇ. مال ـ مۈلۈكنى تارقالاشتۇرىدۇ، موللا، قەبىلە باشلىقلىرىنى چەت ـ يىراق يەرلەرگە پالايدۇ، قامايدۇ، ئاتىدۇ. شۇڭا مەن ئىلى تەرەپتىن قول ئۈزۈشكە بەل باغلىدىم. ئۇلار بىلەن ئۇرۇشىمەن. ھازىر كۆكتوقايغا سوۋېتنىڭ تاش قازىدىغان كانچىلىرى كېلىپ چۈشتى. ھەرىكىتىمنى شۇلار بىلەن تۇتۇشۇشتىن باشلىماقچىمەن. ماڭا كۆپ ساندا قورال ـ ياراغ، ئەسكەر ئەۋەتىپ ياردەم قىلىڭلار، يەنە ئاشلىق، گەزمال، چايغا ئوخشاش لازىمەتلىكلەرنىمۇ كۆپرەك ئەۋەتىڭلار.» ھازىرقىسى مۇنداق ئۆزگەرتىلگەنىدى: «تىنچلىق بىتىمى تولا ياخشى بولدى، ئەپسۇس مەن بارالمىدىم. ۋەكىللىرىم سالامغا كەتتى... تىنچلىق بىتىمنىڭ مەزمۇنىنى تولۇق بىلگۈم بار... قازاقلار ئىچىدە نام ـ شۆھرىتى بار، نوپۇزلۇق كىشىلەردىن بولغان ئەلەنۋاڭ، جانىمقان ۋە سۇلايمان بەكتۇرلارنى ئالتايغا قايتۇرساڭلار... ئالتايغا قۇتقۇزۇش بەرسەڭلار، ئالتايغا دۆلەت ئارمىيىسى كىرسە دېگەن تەلىپىمىز بار...»

مانا مۇشۇنداق ئۆزگەرتىلگەن خەتنى قاناتباي بىلەن كاكاشالار ئەخمەتجان قاسىمى، بۇرھان شەھىدىلەرنىڭ ئالدىدا جاڭ جىجوڭغا

تاپشۇرۇپ بەردى . ئىككى ۋەكىل فۇكاڭ ناھىيىسى ئارقىلىق ئۈرۈمچىدىكى جانىمقاننىڭ ئۆيىگە كەلگەن كۈنىلا ، جاڭ جىجۇڭ ھەممىنى بىلگەن ۋە ئۇلارغا قىزىققانىدى .

بۇ قىزىقىشنىڭ پەيدا بولۇشى تۇيۇقسىزلا پەيدا بولغان ئۆتكۈنچى ھېسسىيات ئەمەس ، جانىمقان ئارقىلىق ئوسماندا پەيدا بولغان ئۆزگىرىشنى ئۇزۇندىن بېرى كۆزىتىپ كېلىۋاتقان گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ئۇنى شىنجاڭدىكى يەن شىسەن قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقىرىشنى ئاللىقاچان قارارلاشتۇرغانىدى . ئۇلار ئوسماندىن چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتمەكتە ئىدى . چۈنكى ، ئوسمان 1945 - يىلى 10 - ئايلاردىن باشلاپلا بېشارەت بەرگەن ۋە قارشى تەرەپ بىلەن يىرىكلىشىپ بۇگۈنكى ھالغا كەلگەنىدى . بۇ ھالغا كەلگۈچە ئوسمان باتۇر نۇرغۇن ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتتى .

1945 - يىلى 20 - سېنتەبىر ئەتراپىدا ئېلىخان تۆرەم ، ئەخمەتجان قاسىمىلار ئالتايغا كېلىپ ئوسمان ئازاد قىلغان بۇ ۋىلايەتنى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر ۋىلايىتى دەپ ئېلان قىلىپ ، ئوسماننى ۋالىي ، دەلىلقانىنى مۇئاۋىن ۋالىي» دەپ ئېلان قىلغاندىلا ، ئۇنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلىگەنىدى . «ئاتىنىڭ ئالدىغا ئۇلار ، كەينىگە مەن مىنەمدىكەنمەن !» دېگەنىدى ئۇ . ئۇ سۈركىلىش پەيدا قىلىش ئۈچۈن دەلىلقانغا «سوغۇق مۇئامىلە قىلىش»نى ئىشنىڭ بېشى قىلدى : بورىبجاپ بىلەن مانات دېگەن ئىككى كىشى 1941 - يىلىدىكى قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئوسمانغا قاتتىق دۈشمەنلىك قىلغان ئادەملەر ئىدى . بورىبجاپ چۆل قۇملۇقلىرىنى ماكان تۇتۇپ قېچىپ يۈرگەن ئوسماننىڭ پېيىگە چۈشكەن ، ئۇنىڭ خوتۇن - بالىلىرىنى سارسۈمبىگە ھەيدەپ كەلگەن ۋەھشىي ساقچى باشلىقى . مانات بولسا 1945 - يىلى فېۋرالدا ئىنقىلابقا ۋاپاسىزلىق قىلىپ ، قول ئاستىدىكى بىر قىسىم پارتىزانلارنى ئەگەشتۈرۈپ گومىنداڭ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن خائىن ئىدى . ئۇلار



www.uyghurkitap.com

كېيىن قولغا ئېلىنغانىدى. «6 - سېنتەبىرنىڭ ئالدىدىكى سىياسىي ئىشلارغا تامامەن سالاۋات» دېگەن بەلگىلىمىگە ئاساسەن ئۇلارنى قويۇۋەتتى. ئوسمان ئۇلارنى قولغا ئالىمەن دېسە، دەلىلقان: «يۇقىرىنىڭ يولىيورۇقى، قولغا ئېلىشقا بولمايدۇ» دېدى. نېمىشقا ئوسماندەك خەلق باتۇرىنىڭ شەخسىي ئىنتىقام ئېلىشىغا يول قويۇشمايدۇ؟ ئۇنى ئاز دەپ، يېڭى ۋالىي مەھكىمىسىگە، ناھىيىلەرنىڭ رەھبەرلىكلىرىگە ئوسماننىڭ ئادەملىرىنى قويمىدى. ساۋاتسىز دېگۈدەك، ئوسمانمۇ ساۋاتسىزغۇ، مۇھەممەد پەيغەمبەرمۇ ساۋاتسىز ئىدىغۇ؟ ساۋاتى بولمىغىنى بىلەن ئەقىل بار ئىدىغۇ؟ بولۇپمۇ ھەربىي - ساقچى ھوقۇقلىرىنى چوقۇم ئوسماننىڭ ئادەملىرى تۇتۇشى كېرەك ئىدى! قاپاس تىركەش ئاتلىق پولكقا مۇئاۋىن كوماندىر بولسۇن، قاناتباي مۇئاۋىن شتاب باشلىقى بولسۇن، يىلقايدار ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە مۇئاۋىن باشلىق بولسۇن، قىتايباي سىياسىي بۆلۈم باشلىقى، زەيتۇنقازى مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، قايىم بانكا باشلىقى بولسۇن، بۇ ۋالىينىڭ بۇيرۇقى دەپ ئېلان قىلدى ئۇ. لېكىن ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرى ئەمەلىيلەشمىدى. 1945 - يىلى ئۆكتەبىردىن باشلاپ سوۋېت قوراللىرى يىغىۋېلىنىشقا باشلىدى. دېكابىردا يىغىلىپ بولدى، سوۋېت مەسلىھەتچىلىرى بىلەن ئوفىتسېرلىرى قايتۇرۇلدى. بۇ «قورال يىغىش بىلەن شىڭ شىسەينىڭ قورال يىغىشىنىڭ پەرقى نېمە؟ — دېدى ئوسمان ۋارقىراپ، — ياق، يىغدۇرمايمەن!...» لېكىن، ھۆكۈمەت ئۇنىڭ نارازىلىقىغا پىسەنت قىلمىدى. «ئايال دېگەن ئەرنى كۈتىدۇ، ئەرنىڭ كۆڭلىنى ئالىدۇ، بالا تۇغۇپ، بالا باقىدۇ؛ ئۇلارنى جەمئىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرۇش جاھاننىڭ بۇزۇلغىنى، — دېدى ئوسمان يەنە خاپا بولۇپ، — ئالتايدا بىرمۇ خوتۇن خەق ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا، ھەر خىل خىزمەتلەرگە قويۇلمىسۇن!» ئوسمان بۇيرۇق بەردى، لېكىن ئۇنىڭ بۇ بۇيرۇقىمۇ ئاقمىدى. قابباس مۇپتى ئوسمان ئۈچۈن چاھارىيا، ھەرۋاخ نامىزىدا ئۇلار بىللە

قابباس مۇپتى : «سوۋېتتا دىن يوقىتىلدى، مال ـ مۈلۈك، ئايالـلارمۇ ئومۇملاشتۇرۇلدى . شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى سوۋېت سىزغان سىزىقتا ماڭماقتا ، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئىككى يولى سوۋېتنىڭ يولى بولىدۇ» دەيتتى دائىملا . ئوسمان ئۇنىڭغا ئىشەندى . ئۇ يەنە بۇيرۇق چىقاردى : «ھاراق ئىچكەنلەرگە ئوتتۇز قامچا ، ناماز ئوقۇمىغانلارغا ئەللىك قامچا ، روزا تۇتمىغانلارغا يۈز قامچا ئۇرۇلسۇن . ۋالىي مەھكىمە ، دىنىي نازارەت بىرلىكتە بۇيرۇق ئىجرا قىلسۇن ، كىنو كۆرۈش ، تىياتىر ئويناش مەنئى قىلىنسۇن . ئۇلار جىن ـ شەيتان چىللاش ھەرىكىتى ، ئازغانلار بىلەن نومۇسسىزلار ئۇنى كۆرىدۇ...»

لېكىن ، دەلىلقان سۇگۇربايوف ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنىمۇ ئاڭلىماسقا سالدى . ئوسمان ئاخىر بۇ «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»دىن يۈز ئۆرۈش قارارىغا كەلدى . ئۇ ئۈمىدىنى گومىنداڭغا باغلىدى . تىلىڭ تىڭلاپ بېقىش ئۈچۈن ، يوشۇرۇنچە قوبىقۇمدا قىشلاپ ياتقان قاباس تىركەشنى چاقىرتىپ ئەكېلىپ ، ئۇرۇمچى بىلەن ئالاقە قىلىشنىڭ يولىنى ئىزدەشكە باشلىدى . ئاخىر بۇ يولمۇ تېپىلغان بولدى : ئوسماننىڭ بىر ئادىمى مۇقەممەتخان مۇرسەلىمە بىلەن بىرلىكتە كەنەن ئىردىقان ئارقىلىق جانىمقانغا خەت ئەۋەتتى . ئۇ خەتتە : «ئالتاي قىزىللىشىپ كەتتى . بىز قىزىل بولۇشنى خالىمايمىز . كۆكتوقاي ، چىڭگىل خەلقى ئالقىنىمىزدا ، ئوسمانمۇ سىزىقىمىزدىن چىقمايدۇ ، مەسىلە سىزلەرنىڭ ياردىمىڭىزلەردىلا قالدى...» دېيىلدى . جانىمقان ئۇلارنى بىرنەچچە كۈن كۈتۈپ قاباسلار بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۇرغاجاي ئىسىملىك كېرەي قەبىلىسىنىڭ چاقاباي ئۇرۇقىدىن بولغان ، بۇرۇن ئالتاي پارتىزانلىرىغا چوڭ ئەترەت باشلىقى بولغان ، كېيىن 1945 ـ يىلى 6 ـ ئايدا جانىمقاننىڭ تارتىشى بىلەن ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلىپ ، گومىنداڭغا تەسلىم بولۇپ كەتكەن ئادەمنى قوشۇپ كۆكتوقايغا ئەۋەتتى . ئۇلار بايقىلىپ قالدى . قاباسلار گومىنداڭ بىلەن ئالاقىلىشىپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن تۇتۇلدى . كۆكتوقاينىڭ سالىق ،

ۋاھىت دېگەن ھاكىملىرى «يۇرت كۆرگىلى كەپتۇغۇي» دەپ قاباس بىلەن نۇرغاجايىنى قويغۇزۇۋەتمەكچى بولدى. لېكىن، ئوسمان ئۆزىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ ئۇلارنى قويۇپ بەرگىلى قويمىدى ھەمدە پاش بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ جىم بولۇۋالدى. گومىنداڭ تەرەپ بىئارام بولغاچقا، 1946 - يىلى ئەلەنۋاڭ بىلەن جانىمقان فۇكاڭنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى خۇسەيىننى كۆپلىگەن سوۋغاتلار بىلەن چىڭگىلدىكى جانىمقاننىڭ قەبىلىدىشى نازىرغا ئەھۋال ئىگىلەشكە ئەۋەتتى. نازىر سوۋغىلارنىڭ بىر قىسمىنى قاباسقا بېرىپ ئالاقە ئورناتتى. ئالتاي ۋىلايەتلىك ھۆكۈمەت بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، سوت باشلىقى ئەدەلقان، تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى قاجىنابى ۋەلىيوفلارنى ئەھۋال ئىگىلەشكە ئەۋەتتى. قاباسلار: «ئازراق نەپ ئالاي دېگەنىدۇق. گومىنداڭ بىلەن ئالاقە قىلغىنىمىز يوق!» دەپ رەت قىلدى.

قازاق مىللىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى رەڭ كۈرىشى ئۆتكۈرلەشتى. نۇرغوجاينىڭ ئىنىسى نۇر قاسىم جانىمقاننىڭ «بىز سىلەرنىڭ قىزىللىشىشقا قارشى چىققىنىڭلارنى قوللايمىز. ھەرقانداق تەلىپىڭلارنى ئورۇنداشقا تەييار» دېگەن خېتىنى ئېلىپ يەنە كۆكتوقايغا كەلدى. ئۇ جانىمقان ئوسمانغا يازغان «ئىلى تەرەپتىن قول ئۈزۈشكە راستىنلا بەل باغلىغان بولساڭ، بارلىق تەلەپلىرىڭنى ئېنىق ئېيت، ۋەكىل ئەۋەت، ۋەكىللىرىڭ جولۇڭكەي ئەتراپىدىكى قۇمغا يېقىن بىر قىشلاقنىڭ باشلىقى داشىر ئىسىملىك تۇڭگان بىلەن كۆرۈشسۇن. داشىر ۋەكىللىرىڭنى بىز بىلەن كۆرۈشتۈرىدۇ» دېگەن خەتنىمۇ قاباس ئارقىلىق ئوسمانغا تەگكۈزدى. ئوسمان خۇش بولدى، لېكىن «ھوشيار»، «ئېغىر - بېسىق» بولۇش ئادىتىگە ئەمەل قىلىپ، جانىمقانغا دەرھال جاۋاب يازمىدى.

ئوسمان 1946 - يىلى 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى «سالامەتلىكىم ناچار، تاغدا دەم ئالىمەن» دەپ سارسۇمبىدىن كۆكتوقاينىڭ كۈرتى دېگەن يېرىگە كۆچۈپ بېرىۋالدى ھەمدە نۇرغوجاينى تۈرمىدىن

بوشاتتى . بۇ ئۇنىڭ «ئىسيان»يولىدا تاشلىغان بىرىنچى چوڭ قەدىمى بولدى ، ئۇ كۇرتىگە بىرىپلا قايتا «كابىنېت» تەشكىل قىلدى . لاتىپ ، مۆمىنباي ، مۇقامەتخان ، نۇرسۇپىيالارنى مەسلىھەتچى ، قاباس مۇپتىنى قازى قىلىپ بېكىتتى . رەھىم ياقۇپبەگنى مەسئۇل قىلىپ يۈز كىشىلىك مۇھاپىزەتچى ئەترىتى تەشكىللىدى . چىقىملىرىم كۆپ دېگەن باھانە بىلەن چىڭگىل ، كۆكتوقاي ناھىيىلىرىنىڭ چۆپ ئۈي بېجىنى ئۆزى يىغىۋېلىپ خىراجەت قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى . ئاخىر داشىرنى كەلتۈرۈپ ۋەكىللىرىنى ئۇنىڭغا قوشۇپ ئۈرۈمچىگە يولغا سالدى . بۇ چاغدا لاتىپمۇ غۇلجىدا ئېلىخان تۆرىنىڭ يېنىدا ئىدى . ئېلىخان تۆرىنى ئوسمان كۆرمىگەن ، لېكىن تۆرەمنىڭ سۆز - تەشەببۇسلىرى ئۇنىڭغا ياقاتتى . لاتىپ تولىمۇ ئېھتىيات بىلەن غۇلجىدا تۆت ئاي تۇرۇپ ، دۆربىلجىنگە كېلىپ ئۇ يەردىن سوۋېتقا ئۆتتى . ئاندىن زايساننى بېسىپ جىمىنەي ئارقىلىق سارسۇمبىگە كەلدى . پاكار ، ئاق سېرىق ئادەمنىڭ نېمىلەرنى قىلغانلىقى ، نېمىلەر ئەكەلگەنلىكى ئوسمان ئۈچۈن يېڭىلىق ئىدى . ئۇ ئۈرۈمچىگە يولغا سالغان ۋەكىللىرىنىمۇ توختىتىپ ، داشىرنى يوشۇرۇپ قويۇپ لاتىپ بىلەن ئۇزاق سۆزلەشتى . ئۇ ئېلىشىش قارارىغا كەلدى . 1946 - يىلى 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنلىرىدە «قۇۋئۈي يىغىنى» دېگەن يىغىننى ئاچتى . گەرچە يىغىندا چىڭگىلدا نەچچە يىلدىن بېرى بېسىلىپ تۇرۇۋاتقان بىرقانچە ئادەمنىڭ ئۆلۈم مەسىلىسى بار ، شۇ ئىش ھەل قىلىنىدۇ ، دەپ كۆكتوقاي ، چىڭگىل ھاكىملىرى ، يۇرت باشلىقلىرىنى يىغقان بولسىمۇ ، يىغىندا مەخسۇسلا سوۋېت كانچىلىرىنى ھەيدەپ چىقىرىش ، ئۇنىمىسا قورال ئىشلىتىش دېگەن مەسىلە ئۈستىدە دەلىللىقان سۇگۇربايوف بىلەن ئېيتىشتى . بۇ ئىككى ۋالىينىڭ تۇنجى قېتىملىق ئاشكارا ئېلىشىشى ئىدى . ئوسمان كۆكتوقايغا ئالتاي ئاتلىق پولكىنى يۆتكەپ كېلىپ ، كانچىلارنى باستۇرۇشقا بۇيرۇق بېرىشكە دەلىللىقانى قىستىدى . دەلىللىقان قەتئىي رەت قىلدى . ئوسمان قاباس تىركەش بىلەن كامال زەڭگى ،

جامائەت مۇسا دېگەن ئۈچ كىشىگە دەللقاننى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇق بەردى . لېكىن ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرى «كەم دېگەندە بەش ناھىيە خەلقى بىزگە قارشى چىقىدۇ» دەپ قورقۇپ ئوسماننى توستى...

كېرەي قەبىلىسىنىڭ چاقاباي ئۇرۇقىنىڭ كاتتىۋاشلىرى جانىمقان ، ئەلەنۋاڭلار ئاخىر ئوسماننى دەس تۇرغۇزدى . ئوسمان ئۇرۇمچىدىن قايتىپ كەلگەن ۋەكىللىرىنى كۆرۈشكە شۇنىڭ ئۈچۈن تەقەززا !

ئۇ جاڭ جىجۇڭغا يازغان خېتىدە ئۆزىنىڭ ئىلى تەرەپكىلا ئەمەس ، پۈتۈن كوممۇنىزم ھەرىكىتىگە ، كوممۇنىستىك پارتىيىگە ، سوۋېت ئىتتىپاقىغىمۇ قەتئىي قارشى تۇرغۇچى ئادەم ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى . قېنى ، گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭغا قانداق جاۋاب بەرىدىكىن ؟

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ! — دېيىشىپ ئېگىلىپ سالام بېرىپ كاكاشا بىلەن داشىر ئۆيگە كىرىپ ، تىزلىنىپ تۇرۇپ ئوسمان باتۇر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى .

— ھە ، قاناتباي قېنى ؟

— ئۇرۇمچىدە قالدى . قىلىدىغان ئىشى تۈگىمىدى .

— ھىم ، بىلدىم . قېنى ، جاڭ جىجۇڭنىڭ خېتىنى ئوقۇ !

كاكاشا جاڭ جىجۇڭنىڭ تاپشۇرمىسى بىلەن لىۋ مېڭچۇن ئوسمانغا قارىتىپ يازغان خەتنى كېكەچلەپ ئۈيغۇرچە ئوقۇشقا باشلىدى : «... سوۋېت كانچىلىرىنى دىپلوماتىيە يولى بىلەن ھەل قىلىمىز . ئەسكەر ئىشلىتىشكە زادى بولمايدۇ . ئىلى تەرەپكە ئۇرۇش قىلىشقا ئەسكەر چىقىرىشقا تېخى ئەتىگەن . ياردەم مەسىلىسىدە ھازىرچە سوۋغا ـ سالام بىلەنلا چەكلەندۇق ، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا قاراپ باشقا ئىشلارنى قىلىمىز . قاناتباينى مۇناسىۋەتلىك ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا مەسلىھەت قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ قالدۇق . بۇنىڭدىن كېيىن بىز بىۋاسىتە مۇناسىۋەت قىلالايدىغان بولىمىز... »

www.uyghurkitap.com

— ھەم ، بىلدىم . ھازىرچە يايلاقتا گۆش يەپ ، قىمىز ئىچىپ كۈتۈپ تۇرىمىزكەن - دە . قېنى كۆرەيلى...

ۋاقــىــت ئــۆتــتــى ، ئــۇنىڭ بايان ئىسىملىك ئاق يۈزلۈك چىرايلىق ، ياش خوتۇنى بىلەن ئىككىسىنىڭ مېھمان كۈتۈشتىن باشقا ئىشى بولمىدى . ئوسماننىڭ بىرىنچى خوتۇنى نۇرمىزا ئۇنىڭغا شېر دىمان ، شىريازدان قاتارلىق ئالتە ئوغۇل ، ئىككى قىز يادىكار قالدۇرۇپ دۇنيادىن ئۆتكەندە ، ئوسمان بىر پارچە - پۇرات نەرسە ساتىدىغان كىچىك سودىگەر ئىدى . ئىككىنچى خوتۇنى ماماي قاپىيا ، ساپىيا ، زامبىيا دەپ ئۈچ قىز تۇغقان ، ئوسماننىڭ ھەممە دەردى ــامايغە يۈكلەنگەنىدى . ئىلگىرىكى ئايالدىن قالغان سەككىز بالا بىلەن ئۆزى تۇغقان ئۈچ بــالــىــنىڭ كــاكــۇلچــىلــىــقــىــدىن باشقا ، 1944 - يىلى 5 - ئايدىكى پاجىئەدە ئۈچ بالىنى ياۋۇزلۇق بىلەن ئۆلتۈرگەن دۈشمەننىڭ ئەلىمىگە چىدىماي دەرياغا ئۆزىنى ئاتقانمۇ مۇشۇ كىر - ياماق كىيىم ، پۇرلەشكەن كىمشەك ، رەڭگى ئۆچكەن مەسە - كــالاچ كــىــيــىــپ يــۈرىــدىــغان ، قــورۇق باسقان ، كۆزلىرى كىچىك خوتۇن ماماي بولدى . لېكىن ، ماماي ئۇنىڭ مالىيى ، بايان بولسا باتۇرنىڭ جان - تېنى . ماماي بوغۇرساق ، گۆش پىشۇرۇپ داســتــىــخــانــغــا ئــەكېلىدۇ ، بايان ئوسماننىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ھــۇزۇرلــىــنىــدۇ . ماماي قىمىز سورۇپ ، ساماۋاردىن توختىماي قايناق سۇ قۇيۇپ ، خام قايماق بىلەن چاي ئېتىپ تىزلىنىپ - مۈكچىيىپ چاي - قىمىز سۇنىدۇ ، ئوسمان بىلەن بايان بىر ئېغىز رەھمەتنى يوق مامايغە ئالىيىشىپ قويۇشىدۇ .

— دەلـــــلــقان مـــۇشـــۇ چـــوك خـــوتـــۇنـــۇم مـــامـــايــغــىــلا ئــوخــشــايــدۇ ، — دېدى ئوسمان ھازىرلا كىگىز ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن ، بىر ئۆمۈر دەردىنى تارتقان خوتۇنى مامايىنىڭ دۈمچىيىپ ماڭغىنىنى مازاق قىلىپ ، — تىللاپ تۇرسام ، يېپىشىپ تۇرىدۇغۇ مــۇنــۇ دۈمــچــەك مامايدەك . ھېلىقى ئىسھاقبېك دېگەن قىرغىز ئــىــكــكــىسى كەلگۈدەك . ھاي خوتۇنلار ، ئېيتىڭلار يىگىتلەرگە ، پــاقــلان ، تــاي سويسۇن ، قىمىزنىڭ ياخشىسىدىن تەييارلىسۇن .

قارىغاي ئاستىغا يىغى ئۆي تىكىلسۇن !

جىم تۇرۇۋېلىش ئۇنىڭ جىنىغا ئېكەك سالغاندەك ئازابلىق بىلىنگەچكە، ئوسمان كاكاشا بىلەن داشىرنى ئۇرۇمچىگە يەنە ئەۋەتكەنىدى، مانا ئاخىر كاكاشا بىلەن داشىر ئۇرۇمچىدە بىر ئايدەك تۇرۇپ ئاخىر قاناتباينى تاپتى. گەرچە ئۇلار يولدا ئۇچرىشالمىغان بولسىمۇ، ئاخىر قاناتباي گومىنداڭنىڭ بىر دانە راتسىيىسى بىلەن گېنېرال مايور راۋشىچى (جۇنتۇڭ جاسۇسى)، پولكوۋنىك ما شياڭشاڭ (مىللىتى خۇيزۇ، جاسۇس) لارنى ئېلىپ، يىگىرمە نەچچە يان قورال، يۈز ساندۇق چاي، يۈز توپ سوكنا، نەچچە توپ تاۋار ـ دۇردۇن، نەچچە يۈز توپ گەزمال، ئوسمانغا مەخسۇس تارتۇق قىلىنغان بىر دانە بولغۇن تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا قاتارلىق سوۋغىلارنى نەچچە تۆگىگە ئارتىپ بۇ يايلاققا يېتىپ كەلدى. جانىمقان يەنە سۇلايمان بەكتۇرنى ئوسمانغا مەسلىھەتچىلىككە ئەۋەتتى. ئوسمان خۇشال بولۇپ جاڭ جىجۇڭنىڭ سوۋغىلىرىغا رەھمەت ئېيتتى ۋە «رادىستلار» بىلەن «مەسلىھەتچى» نىڭ شەرىپىگە كۆرتى يايلىقىدا ئات بەيگىسى ئۆتكۈزۈپ، مېھمانلىرىنى تۇل بىيە، تاي، پاقلان سويۇپ مېھمان قىلدى.

مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىغا ئۇ خالىمايدىغان ئادەملەر مېھمان بولۇپ كەلمەكچى.

— بەيگە، قىزقوۋار قىلىمىزمۇ؟ — ئۇنىڭ ئالدىغا «باش كاتىپ» كىردى.

— ياق، — دېدى ئوسمان سوغۇقلا، — ئۆزلىرى تەلەپ قىلسا كۆرەرمىز!

كەڭ يايلاققا شالاڭ تىكىلگەن ئاق ئۆيلەر بەكمۇ ياراشقان. ئەتىگەنلىك هاۋا بۇلاق سۈيىدەك سوغۇق ۋە ساپ.

ئوسمان باتۇر كىگىز ئۆيدىن ئاقساقلاپ چىقىپ، قارا كۆك كۆرۈنگەن، قاپتاللىرى ياپپېشىل تاغلارنىڭ نېرىسىدىن كۆتۈرۈلگەن قۇياشقا كۆزلىرىنى قىسىپ قارىدى. ئۇنىڭغا قۇياش

www.uyghurkitap.com

يېقىنلا يەر — ئالتاي تېغىنىڭ بەيتىك چوققىلىرىنىڭ ئېرىسىدىنلا كۆتۈرۈلگەندەك ، كەچتىمۇ ئۇزاققا بارمايلا ئالتاي تېغىنىڭ رۇسلارغا ئېگىشكەن ئاۋۇ قاپتاللىرىنىڭ ئېرىسىدا ئولتۇرىدىغاندەك ، قۇياش مۇشۇ كۆكتوقاي بىلەن چىڭگىل ئاسمىنىدىلا ئايلىنىپ يۈرىدىغاندەك بىلىندى .

«غۇلجا دېگىنى نەدىدۇر ، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە ، — ھېلىقى ئېلىخان تۆرە ئىمانى تۈزۈك ئادەمكەن . دۇنيادا ساۋاب بىلەن گۇناھتىن باشقا ھېچنېمە يوق دېگىنى دۇرۇس گەپ . كوممۇنىستلارنى يەر يۈزىدىن يوق قىلىش ساۋابلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولسا كېرەك» .

— غازات قىلىپ ئىسلام دۇنياسى يارىتىش ساۋابلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولغاندىكىن ! — خۇددى ئۇ تىلىگەندەك قاباس مۇپتى كېرەي تۇمىقىنى كىيىپ ، ئۇزۇن بۆرە جۇۋىغا ئورىلىپ ، قۇرئاننى ئىككى قوللاپ تۇتقان ھالدا ئېرىدىكى ئاپئاق كىگىز ئۆيدىن چىقتى .

— چىڭگىزخان مۇسۇلمانلاردىن چىقىدۇ دېگەن بېشارەتنى بىر كىتابتىن ئوقۇغانىدىم ، — دېدى ئۇ ئوسمان باتۇرغا سالام بەرگەندىن كېيىن ، — باتۇرۇم ، شۇ مۇسۇلمان چىڭگىزخان سىز بولىسىز . ئالتاي تېغىدا بىر چىڭگىز چوققىسى بار . تۈركىيىدە بىر ئوسمان پاشا ئۆتكەن . ئىككىلىسى بۈيۈك . ئالتايدا — مۇشۇ كۆكتوقاي بىلەن چىڭگىلدا بار . ھەر ئىككىلىسى سىز باتۇرۇم . «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلىللا !»نى مۇھەممەد ئەلايھىسسالام ۋە ئۇنىڭ چاھارىيالىرى دۇنيانىڭ يېرىمىغا يازدى ، قالغان يېرىمىغا سىز يازىسىز ، قېرىندىشىم !

— مەن خەت تونۇمايمەن ، سىز يازىسىز ، قاباس مۇپتى . مەن سىزنىڭ قولىڭىزغا قەلەم تۇتقۇزۇشقا يارايمەن !

— ھېلىقىلار بۈگۈن كېلەمدۇ؟

— ھەئە ، رادىستلىرىم خەۋەر قىلدى .

يىراقتىن خۇددى دۇنيانىڭ ئۇ چېتى يولۇپ كۆرۈنگەن ئۇپۇق سىزىقىدا ئاتلىقلار كۆرۈندى . ئۇيناقلاپ كېلىۋاتقان ئاتلىقلار

بارغانسېرى يېقىنلىشىشقا باشلىدى .
گېنېرال لېيتېنانتلىق پاگونى تاقالغان ماش رەڭ ھەربىي كىيىم تەمبەل گەۋدىسىگە بەكمۇ ياراشقان ، پەۋاز قاپاق ، دۈگىلەك يۈز ، ئىنچىكە بۇرۇت قويغان ئىسھاقبېك ئويناقلاپ تۇرغان جىرەن ئاتتىن چەبدەسلىك بىلەن چۈشتى . ئۇنىڭ ئېتىنى ئېلىشقا بارغان ئىككى يىگىت ئۇنىڭ قولتۇقىغا قول سوزدىيۇ ، قوللىرى قۇرۇق قالدى . ئۇنىڭ يېنىدىكى ھەربىي كىيىم كىيىپ گېنېرال مايور پاگونى تاقىغان دەلىلقان سۇگۇربايوفمۇ ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى . ئۇلار ئوسمان بىلەن ئىككى قولىنى سۇنۇپ كۆرۈشتى . ئوسمان كىگىز ئۆي ئالدىدا جاڭ جىجۇڭ سوۋغا قىلغان بولغۇن تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىسىنى يېپىنچاقلاپ تىك تۇرۇۋېلىپ ، ئۇلارغا بىر قولىنى سۇنۇپ سوغۇقلا كۆرۈشتى .
— تۇرىيالاۋى سوۋۇماقتا ! — دېدى دەلىلقان دۇئادىن كېيىن كىگىز ئۆيدە بولۇنغان بىرىنچى سۆھبەتتىلا ، — سارسۇمبىدە سىز گە ياخشى ئۆيلەرنى تەييارلاپ قويدۇق . يايلاقنىڭ ۋاقتى ئۆتتى ، باتۇر ئاكا !
— ھاۋا ئىللىقلىقۇ ! — دېدى ئوسمان سوغۇقلا كۈلۈپ قويۇپ ، — قار ياغقاندا بىر گەپ بولار .
يايلاقتا كىگىز ـ گىلەم ، كۆرپىلەر سىلىنىپ ئاقىنلار توپلاندى . ئىسھاقبېك كۆك تايغا «پەتە» بەردى . ماللار سويۇلدى ، قىمىزلار سۇنۇلدى . داستىخانلار ھەر خىل گۆشلەر ، سېرىق ماي ، خام قايماق ، بوغۇرساق ، توغرالغان نانلار بىلەن تولدى . ئاقىنلار دومبىرا چېلىشىپ ئۆلەڭ ئېيتىشتى . قىز ـ يىگىتلەر ئېيتىشىشنى باشلىۋەتتى . ئىلى ئارمىيىسىدىن كەلگەن يىگىت ـ جەڭچىلەر يايلاق خوتۇن ـ قىزلىرىنى تۇرغۇن قېتىم يەڭدى . ئولتۇرۇش راسا قىزىغاندا ، گېنېرال ئىسھاقبېك ئوسمان باتۇرغا شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى نامىدىن «بىرىنچى دەرىجىلىك» ئوردېنىنى تەقدىم قىلدى ۋە ئۆز قولى بىلەن مەيدىسىگە تاقاپ قويدى . ئاندىن كېيىن ئۇرۇمچىدە تۈزۈلگەن بىتىمنىڭ

مەزمۇنى ، ئەھمىيىتىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى . ئوسمان باتۇر مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ، مامۇق ياستۇققا تاشلىنىپ ، مەيدىسىدىكى مېدالنى سىلاپ قويۇپ :

— تەڭگە ـ مارجان تاقايدىغان خوتۇن كىشى بولۇپ قالدىمىزۇ ـ ھە ! — دېۋىدى ، يايلاق خەلقى چۇقان سېلىپ قاقاقلىشىپ كۈلۈشتى .

— ئۆلىدىغان بالا قەبرىستانلىققا قاراپ قاچىدۇ ، — دېدى دەلىلقان سارسۇمبىگە قايتار يولىدا ئىسھاقبېككە ، — ئۇنىڭ پەيلى يامان . ئۇنىڭدىن ھوشيار بولمىساق بولمىدى . مېنىڭ سەۋر ـ تاقىتىم چېكىگە يەتتى .

ئوسمان باتۇر ئىككىنچى قېتىم ئۈرۈمچىگە يەنە نۇسىپبايىنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى . نۇسىپ جانىمقان ئارقىلىق جاڭ جىجۇڭ بىلەن كۆرۈشتى . ئۇ ئوسماننىڭ خېتىنى تاپشۇردى : «مەن بۇرۇن سەئىلەر بىلەن نەچچە يىل ئۇرۇش قىلغان . بىراق ، قازاقلاردا ، ئازغاننىڭ ئەيىبى يوق ، يېنىپ يۇرتىنى تاپقاچقا ، دېگەن بىر تەمسىل بار ، ئۆتكەندە قارشى تۇردۇڭ دېسەڭ ئىختىيارىڭ . ئۇنداق ئەمەس دېسەڭ بۇ سۆزۈڭنىڭ راستلىقىغا مېنى ئىشەندۈر . بۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچىدىن ، مىڭ ئەسكەر ئەۋەتىپ ياردەم قىل . ئىككىنچىدىن ، بەش يۈز دانە قورال ـ ياراغ بەر ، ئۈچىنچىدىن ، خەلقىمگە كۆپلەپ گەزمال ، چاي ، ئاشلىق ياردەم قىل… » جاڭ جىجۇڭ ئاغزاكى جاۋاب بەردى : «بىرىنچى ، ئىككىنچى تەلەپنى ئۇرۇنداشنىڭ ۋاقتى ئەمەس ، بىر ئايدىن كېيىن گۇچۇڭدىكى خەن يۇۋىن سىلەرگە سوۋغىلىرىمىزنى تاپشۇرۇپ بېرىدۇ » .

بىر ئايدىن كېيىن جانات قومارقانلار گۇچۇڭغىمۇ كېلىپ نۇرغۇن ئاق ئۇن ، گۈرۈچ ، سۆك ، بۇغداي ، گەزمال ، ھەتتا يىپ ـ تۈگمە قاتارلىق نەرسىلەرنى ئات ـ تۆگىگە ئارتىپ ئېلىپ كەتتى . ئۇزۇن ئۆتمەي ئۈرۈمچىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى تۈركىستان «بىتىم»نىڭ روھىغا ئاساسەن «سەنيىخۇي» ئەزالىرى بىلەن ھاكىملارنى سايلاش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ ، دۆربىلجىن ناھىيە بازىرىدا

«مىللىي ئازادلىق»قا ھۇجۇم قىلىدىغان تەشۋىقات ۋەرەقى تارقاتقانىدى، خەلق ئۇر ـ ئۇر قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇ ئىش تۇتۇرۇق بولدى. ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسىنىڭ ئوغلى ئەسەن ئىرسقان دەلىلقانىنىڭ بىر مۇھىم ئادىمى تۇرۇپ، تۇركىستان ئۈچۈن قانغا قان، جانغا جان ئالىمىز، بۇ پاجىئەنى ئىلى تەرەپ كەلتۈرۈپ چىقارغان دېگەن تەشۋىقاتقا ئىشىنىپ، تۇركىستانىنىڭ دەۋاگەرى بولۇپ ئۈرۈمچىگە بېرىپ يېتىۋالدى. جانىمقان ئۈرۈمچىگە بارغان ئوسمان باتۇرنىڭ ۋەكىللىرى لاتىپلارنى بىر يەرگە يىغىپ، ئاقسار باش قويغا پاتىھە قىلدۇردى. ئۇلار قولىرىنى قانغا مىلەپ قەسەمياد قىلىشتى. ئارقىدىنلا ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ ئەربابلىرى ئوسماندىن ئەڭ ئىشەنچلىك بىر ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. ئوسمان لاتىپ باشچىلىقىدىكى قاناتباي، مۆمىنباي ۋە ئەدەلقان قاتارلىق سەككىز كىشىدىن تۈزۈلگەن ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى. ئۇلارنى گېنېرال مايور «رادىست» راۋ شىچى ئۈرۈمچىگە باشلاپ باردى. جانىمقان ئۆز قورۇسىدىكى مەخسۇس ئۆيدە ئۇلارنى كۈتۈۋالدى...

كېيىن ئوسماننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن گومىنداڭنىڭ يېڭى كەلگەن گېنېرالى سۇڭ شىليەن گۇچۇڭ ئارقىلىق ئوسمانغا تۆت يۈز دانە بەشئاتار مىلتىق، يىگىرمە دانە پىلىموت، قىرىق مىڭ تال ئوق، ئاشلىق، گەزمال، چاي قاتارلىق نەرسىلەرنى يۈزدەك تۆگىگە ئارتىپ يەتكۈزۈپ بەردى ۋە ئارقىدىنلا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئۈرۈمچىدىكى ئاسىلبېك، قابدەشلەر كوماندىرلىق قىلىدىغان ئىككى ئىزۋوت پىلىموتچى بىلەن فۇكاڭدىكى روتا كوماندىرى ما تيەنفۇنى ئىككى يۈز نەپەر ئەسكىرى بىلەن ئوسمانغا ئەۋەتتى.

جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدىن باشلانغان ئىچكى ئۇرۇش ھەممە يەرگە كېڭەيدى. 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايلاردا ھەممىلا يەردە ئۇرۇش بولماقتا ئىدى. تىنچلىق كېلىشىمى، مارشاللنىڭ كېلىشتۈرۈشلىرى زادىلا ئۈنۈم كۆرسىتەلمىدى. ئۇ چاغدا ھەممە

جەھەتتە گومىنداڭ ئۈستۈنلۈكتە ئىدى . تۆت مىليون ئۈچ يۈز مىڭ ئەسكەر ، يەنى ئىككى يۈز قىرىق سەككىز گارنىزون ئەسكەر ئامېرىكا قوراللىرى بىلەن قوراللاندى ، ئازاد رايونلارغىلا بىر يۈز توقسان ئۈچ دىۋىزىيە ، تەخمىنەن بىر مىليون ئالتە يۈز مىڭ ئەسكەر ھۇجۇمغا ئۆتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە بولارمۇ مۇنتىزىم ئەسكەرلەر ئىدى . جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەسكىرى بىر مىليون ئىككى يۈز يەتمىش مىڭ ، مۇنتىزىم ئەسكىرى ئارانلا ئالتە يۈز ئون مىڭ ئىدى . گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ ئەسكەر كۈچىنىڭ سېلىشتۇرمىسى ئۈچتە بىر نىسبەتتە ئىدى .

ئەنجىلىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى زېمىن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تۆتتىن ئۈچى ، ئۈچ يۈز مىليوندىن كۆپ نوپۇس ، مەملىكەتنىڭ چوڭ شەھەرلىرىنىڭ تولىسى ئىدى . كومپارتىيىنىڭ ئازاد رايونلىرى مەملىكەتنىڭ تۆتتىن بىر زېمىنى ، بىر يۈز ئوتتۇز مىليون ئاھالە — كىچىك شەھەر ، يېزىلار ئىدى . گومىنداڭ ھەممە سانائەتنى ئىگىلىگەن ، كومپارتىيىنىڭ قولىدا بولسا دېھقانچىلىق ، قول سانائەتلا بار ئىدى . ئۇنى ئاز دەپ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى گومىنداڭغا ئىككى يۈز يەتمىش بىر پاراخوت ، ھاۋادىن ياردەم ئۈچۈن «چېن نادې ئاۋىئاتسىيە شىركىتى» ، سەككىز يۈز مىليون ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىگە ئىگە ئۇرۇشتىن قېلىپ قالغان ماددىي ئەشيا تەقدىم قىلغانىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، جياڭ جيېشى كومپارتىيىنىڭ تەقدىرىنى ئۈچ ئايدىن بەش ئايغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە ھەل قىلىمەن دەپ ۋارقىرىماقتا ئىدى .

بۇ ئاۋاز ئۇرۇمچىدىكى جاڭ جىجوڭ باشلىق ئەربابلارغا مەدەت بولمايتتىمۇ ؟ 1946 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا جۇڭگو زېمىنىدا كومپارتىيە قالمىسا ، يالغۇز شىنجاڭنىڭ شىمالىدىلا ئۇلارنىڭ قالدۇقلىرى قېلىپ قالسا ، بۇ ئۇلار ئۈچۈن تولىمۇ چوڭ ھاقارەت ئەمەسمۇ ؟...

سىياسىي سەھنىدىكى ھەممە ساختىلىقلار ئاشكارىلاندى .

يېڭىدىن قۇرۇلغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سۈركىلىشمۇ مانا شۇ ئالتاي، كۆكتوقايدىكى ئوسمان ۋەقەسىدىن باشلاندى.

مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بۇرھان شەھىدىلەر «جەنۇبىي باغ»دىكى بىر قەۋەتلىك، چىرايلىق ئۆيلەرگە كۆچۈپ كەلگەندى. ئىككى رەئىسنىڭ تاختايلىق، چىرايلىق خانىلىرىدىن مېھمانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش گارنىزونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى گېنېرال ئىسھاقبېك بىلەن ئۆلكىلىك سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى گېنېرال دەللىقان سۈگۈربايوفلار ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئۆيىگە ئالدىراپ كىرىپ كەلدى. ئىسھاقبېك ئولتۇرمايلا:

— بۇرۇلتوقايغا ھۇجۇم قىلىپ ناھىيە بازىرىنى بېسىۋېلىپ، خەلقنى بۇلاڭ - تالاڭ قىپتۇ! — دېدى ۋە كرېسلودا ئولتۇرغاندىن كېيىن شەپكىسىنى ئېلىپ قويۇپ، — مانات بىلەن بورىبجاپلارنىڭ ئىشى دېيىشىدۇ، بورىبجاپ ئوسماننىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئىدى. ئۇ نېمىشقا كۆكتوقايغا — ئوسمانغا ھۇجۇم قىلماي بۇرۇلتوقايغا ئىككى يۈز ئەسكەر بىلەن ھۇجۇم قىلىدۇ؟

— ئۇ ئاللىقاچان ئوسماننىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان. ئوسمان ئۈچ بالىسىنى بورىبجاپنىڭ قېيناپ ئۆلتۈرگىنىنىمۇ كەچۈرگەن.

— شۇنداق ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان گومىنداڭنى ئۆزىگە يۆلەنچۈك قىلىۋالغان ئادەم بورىبجاپنى كەچۈرمەيتتىمۇ؟

— ھازىر قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى ئەخمەتجان قاسىمى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — باندىتلار باستۇرۇلدىمۇ؟

— ئالتاي ئاتلىق پولكىدىن پاتقۇللا بىلەن ئىستودىنكوف ئىسكادىرونى بۇرۇلتوقايغا ئەۋەتىلدى. باندىتلار بىردەم ئۇرۇشۇپلا قېچىپ كەتتى. بۇ ئىسكادىرونغا بۇرۇلتوقايغا ئورۇنلىشىش بۇيرۇقى بېرىلدى.

— بۇ چوقۇم چاڭ جىجۇڭ، سۇڭ شىلىيەنلەر ئوسمانغا يوليورۇق بېرىپ پىلانلىق قىلغان ئىش! — دېدى باياتىن

ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ۋەزىيەت توغرىسىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ئابدۇكېرىم ئابباسوف خاپا بولۇپ، — جياڭ جېيشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئارمىيىنى ئۈچ ئايدىن بەش ئايغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە يوقىتىپ بولىمەن دەپ جار سالماقتا. ئۇنىڭغا ماسلىشىپ شىنجاڭغا ئورۇشخومار گېنېرال سۇڭ شىلىيەننى ئەۋەتىشى بىكار گەپ ئەمەس، مانا ئۇلار ئورۇشنى باشلىدى. جياڭ جېيشىمۇ ھەرىكەتنى شەرقىي شىمالدىن باشلىغان، بۇلارمۇ مانا شۇنداق قىلىۋاتىدۇ!

— بۇنداق ھۆكۈم چىقىرىشقا پاكىتلىرىمىز يېتەرلىكمۇ؟ — دېدى ئەخمەتجان كۈلۈپ قويۇپ، — مەن باش كاتىپ لىۋ مېڭچۈەن بىلەن سۆزلەشتىم. ئۇ كىشى ئىللا - بىللا خەۋىرىمىز يوق، ئوسمانغا بىزمۇ ئىشەنمەيمىز، ئۇ راست خەتەرلىك ئادەم دەپ بىزدىنمۇ بەتتەر يامانلىدىغۇ ئوسماننى؟

— جەڭ — توققۇزى رەڭ!

— شۇنداق بولغاندىمۇ بىزگە نەق پاكىت كېرەك. تىلىمىز تۇتۇلۇپ قالىدىغان ھۆكۈملىرىمىزنى زادىلا ئاغزىمىزدىن چىقارمايلى.

— ئۇلار ئاستىرتىن ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. ئۇنداق قازانغا شۇنداق چۆمۈچ، بىزمۇ تۇرپان، توقسۇن، پىچانلارغا ئادەم ئەۋەتسەك بولغۇدەك. كۆكتوقاي، گۈچۈڭ، ئورۇمچى ھازىر قوغۇنلۇقنىڭ يولى بولۇپ قالدى! — دېدى دەللىقان سۈگۈر بايوف، — پاكىت يوقمۇ ئەمەس، لېكىن بىۋاستە جاڭ جىجۇڭ، سۇڭ شىلىيەنلەرگە تاقىلىدىغان پاكىتلىرىمىز يېتەرلىك ئەمەس.

— بىز ماۋ جۇشىنىڭ سۆزى بويىچە ئىككى قولدا تەييارلىق قىلىشىمىز كېرەك، — دېدى ئابدۇكېرىم ئابباسوف قوللىرىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ ھاياجان بىلەن، — ئەكسىلئىنقىلاب ھامان پەيدا بولىدۇ، بىز ئىنقىلابىي ھوشيارلىقىمىزنى ھەسسىلەپ ئاشۇرمىساق بولمايدۇ! — جاڭ

جىجۇڭ رەئىس شىنجاڭدا ئىچكى سوقۇش بولۇشقا قارشى ، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى ، — ئۇ ئادەم خېلى سەمىمىي ئادەمدەك قىلىدۇ .

— سىياسەتچىلەرنىڭ سەمىمىيلىكى ئۆزىڭىزگە مەلۇم ، — دېدى ئابدۇكېرىم ئابباسوف دەرھال ، — ھېچقانداق بىر سىياسەتچى ئوچۇقچە ئۆز يۈرىكىنى كۆرسەتمەيدۇ .

— بىراق ، ئاشۇ كۆرسەتمىگەن يۈرەكتىكى يوشۇرۇن سىرلارنىمۇ كۆرۈۋالالايدىغان كۆزلەرمۇ بولىدۇ . بۇ كۆزلەر سىياسەتچىلەردىلا بولىدۇ . سېيىت ھۆججەت ، ئېلىخان تۆرەم ۋەقەلىرى بۇنىڭغا مىسال .

ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ قويۇشتى . ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا مۇشۇ 1946 - يىلى باھار ۋە باش يازدا بولغان ۋەقەلەر ھازىر بولدى : مۇزات ئالدىنقى سەپ قاراۋۇللىرى تاغ ئىچىدىن تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ۋىجىك ، چەبدەس ، بۇرۇتلۇق بىر يىگىتنى تۇتۇۋالدى ، بىرلىرى ئۇنى پاراشوتتىن چۈشتى دېيىشتى ، بىرلىرى پىيادە مۇزداۋاندىن ئېشىپ كەپتۇ دېيىشتى . لېكىن ئۇنى پارقىراپ تۇرىدىغان ئۆتۈكى پىيادە داۋان ئاشقانلىقىنى ئىنكار قىلاتتى . ئۇ سورىغان قاراۋۇل ئەسكەرلەرگە :

— مەن بۇخارا ئەمىرىنىڭ نەۋرىسى ، ئافغانىستاندا ئىدىم . غۇلجىدا شەرقىي تۈركىستان قۇرۇلۇپتۇ دەپ ئاڭلاپ ، پىيادە نەچچە ئاي يول مېڭىپ ، تاغ - داۋان ئېشىپ بۇ يەرگە كەلدىم ، — دېدى . ئۇ غۇلجىغا كەلتۈرۈلدى . ئېلىخان تۆرەم ئۇنىڭ يېنىغا — مەخسۇس بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ كۈتۈۋالدى . ئۇنىڭ قولىدىن ھەممە ئىش كېلەتتى . بۇزۇلۇپ قالغان ماشىنا ، رادىئو - پىرىيومنىكلارنى ياسايتتى ، ھەربىيلەرنى مەشىق قىلدۇراتتى . ئۇ ئېلىخان تۆرىنىڭ قۇرئان تۇتۇپ تۇرغان سۈرىتىنى ئوخشىتىپ سىزىپ ، رامكىغا ئېلىپ تامغا ئېسىپ قويدى . ئۇ جىم تۇرمايدىغان ، قولىدىن ھېچ ئىش قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان ئادەم ئىدى . بىر كۈنى تۇيۇقسىزلا ئۇنى «ئەنگلىيە جاسۇسى» دەپ ماشىنىغا سېلىپ ئېلىپ كەتتى . بۇ ئىش ھازىرغىچە ھەممە ئادەمگە

www.uyghurkitap.com

بىر سىر . بىتىم بولۇۋاتقان غۇلجا شەھىرىدە تۇيۇقسىزلا ئېلىخان تۆرەمنى تىللايدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى . تۆرەم ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى ، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بولۇپ ، يۇرۇتقى رەئىس جۇمھۇرلۇقىدىن تۆۋەنلەپ كەتكەندىن كېيىن ، مەسچىتلەردە ، ئولتۇرۇشلاردا ئوچۇقتىن ـ ئوچۇقلا ھەممىگە نارازى بولۇپ سۆزلەيدىغان بولۇۋالدى . بىر كۈنى غېنى باتۇر سادىروفنى ئۆيىگە چاقىرتىپ ئادەم ئەۋەتتى . سادىروف «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى»نىڭ بىر رەھبىرى ئىدى . سادىروف غېنى باتۇرنىڭ ئۇچەدەرۋازىدىكى ئۆيىگە كىردى . ئۆيدە ئۇن بەش ـ ئون ئالتە ئادەم بار ئىدى . بۇلاردىن تۇرسۇن چاشقان ، ھاشىر ۋاھىدى ، ھوشۇر مامۇتوف ، شائىر ئەلقەم ئەختەم قاتارلىقلار جەمئىيەتتە خېلى تونۇلغان ئادەملەر ئىدى .

— ھە ئەپەندىم ، كەلدىڭمۇ ، — دېدى غېنى باتۇر قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ، — ئېلىخان تۆرە دېگەن ئەنجانلىق كۆتنى كىم بىزگە باشلىق قىلىپ قويىدۇ . مەن ھازىرلا بېرىپ ئۇنى ئالدىمغا سېلىپ ھەيدەپ كېلىمەن ! — دېۋىدى ، شەھەر كومىندانت باشلىقى ھوشۇر مامۇتوف :

— سەن بېرىپ نېمە قىلىسەن ، غېنىكا ، ئىككى يۈز ئەسكىرىم بار ، مەن بېرىپ ھەيدەپ كېلەي ! — دېدى .

— ھە ، ئەپەندىم ، سەن جىم تۇرۇۋالدىڭمۇ ؟ — غېنى باتۇر سادىروفقا قارىدى .

— ئۇسۇللۇقلار بولمايدۇ ، — دېدى سادىروف ، — ئىستىپىا بېرىشكە قىستاپ خەت يازايلى !

— يىگىرمە مىنۇت تەنەپپۇس ! — غېنى باتۇر شۇنداق دېدى ـ دە ، ئالا ئېتىنى مىنىپ چىقىپ كەتتى ۋە يىگىرمە مىنۇتتىن كېيىن قايتىپ كەلدى .

— ئەپەندىم دېگەندەك قىلايلى ! — دېدى ئۇ ، — ئەپەندىم خەتنى ئۆزۈڭ ياز !

سادىروف گىمنازىيىدىكى ئۆيىدە كېچىسى ئۇزاق ئولتۇرۇپ

خەت يازدى : ئاۋۋال ئېلىخان تۆرەمنى ماختىدى ، ئاخىرىدا سىزگە قارشى بىر قارا كۈچ پەيدا بولدى ، ئىستىپا بەرمىسىڭىز ھاياتىڭىز خەتەر ئىچىدە دەپ ئەسكەرتتى . خەتنى كونۋېرتقا سېلىپ سىرتىغا : «ئېلىخان تۆرەم جانابلىرىغا تېز تەگسۇن» دەپ يازدى ۋە خەتنى غېنى باتۇرغا ئاپىرىپ بەردى . ھاشىر ۋاھىدى خەتنى ھەربىيلەرنىڭ خەتلىرىنىڭ ئارىسىغا تىقىپ قويغانىكەن ، خەت ئېلىخان تۆرەمگە دەرھال يېتىپ باردى . شۇ كۈنى كەچتە كوچا ـ كوچىغا ئەسكەر تولۇپ شەھەردە ۋەھىمە پەيدا بولدى . ئېلىخان تۆرەم مۇھاپىزەتچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ سوۋېت كونسۇلخانىسىغا باردى . كونسۇل ئەھۋالنى ئۇقۇپ :

— ۋۇتاروي[1] دومغا بېرىڭ ! — دېدى . ئېلىخان تۆرەم ئۇ يەرگە باردى . ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىنى كىم گۇمدى ، ئۆزىنى شۇ كېچىسىلا ماشىنىغا سېلىپ نەگىدۇر ئېلىپ كەتتى . «رەئىس جۇمھۇر» ، «مارشال» نامى بىلەن دۇنياغا تونۇلۇشقا ھەرىكەت قىلغان بىر كاتتا شەخس مانا مۇشۇنداق ئاددىيلا كۆزدىن غايىب بولدى . بۇ سىرلىق ئىشمۇ ھەممە خەقنى ھەيران قالدۇردى .

نامىلىرى خەلق ئاغزىغا چىققان ئىلى ئىنقىلابىنىڭ بۇ ئاۋانگارتلىرى يېرىم كېچىگىچە كۆرگەن ـ بىلگەن ، ئاڭلىغان ـ ئويلىغانلىرى ئۈستىدە ئۇزاق سۆزلەشتى . كېچىدە ئۇلار بىر ـ بىرىدىن تەستە ئايرىلىپ ئۆيى ۋە ياتاقلىرىغا قايتىشتى . 1946 ـ يىلىنىڭ ئاخىرقى ئايلىرى ئەنسىزچىلىك ، جىددىيلىك ، ئەمما ئالدىراشچىلىقتا ئۆتمەكتە . ئەخمەتجان قاسىمى مېھمانلىرىنى ئۇزىتىپ بولۇپ ئايالى ماھىنۇر بىلەن قارىياغاچلىق باغنى ئايلاندى . باغ جىمجىت ، دەرەخلەر شەرقىي شىمال شامىلىدا ئاستا گۈركىرەيتتى . بۇلۇتلۇق ئاسماندا تولۇن ئاي خۇددى دېڭىزغا چۆككەن كېمىدەك غايىب بولغان ، پەقەت بۇلۇتلارنى يېرىپ چىققان غۇۋا نۇرلىرى ئارقىلىقلا ئۆزىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەكتە ئىدى .

---

[1] ۋۇتاروي ئىككىنچى .

ئەخمەتجان چارچىغان : تۆگىمەس مەجلىسلەر ، قوبۇل قىلىشلار ، سۆھبەتلەر ، كۆڭۈلسىز خەۋەرلەرنىڭ زەربىسى ئۇنى چارچاتقانىدى . ئۇ ھەممىلا ئادەمگە ياخشى كۆن تىلەيتتى ، لېكىن تىلىكى ئىشقا ئاشمايتتى . دۇنيادا بولۇپ ئۆتكەن مىسلىسىز چوڭ بوران — 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىمۇ تۆت ـ بەش يىل داۋاملىشىپ ، ئىنسانىيەتكە ئۇنتۇلغۇسىز چوڭ يوقىتىشلارنى كەلتۈرۈپ ئاخىر ئاياغلاشتى . ياپونىيىنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلىش جىددىيلىكى بۇ ئۇلۇغ دۆلەتنى ئىچكى ئۇرۇشقا ئىلىپ كىردى . ھازىر شەرقىي شىمالدىن تارتىپ شىمالىي جۇڭگو تۈزلەڭلىكىگىچە بولغان زېمىندا ھەر كۈنى نەچچە مىڭ ئادەم ئۆلۈپ تۇرىدىغان قاتتىق سوقۇش داۋاملاشماقتا . گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە — جۇڭگولۇقلار قۇرغان ئىككى چوڭ سىياسىي گۇرۇھ بىر ـ بىرىنى ئۈزۈل ـ كېسىل يوقىتىشقا بەل باغلىغان . ھەرقانچە زور قۇربان بەرسىمۇ ، ئۇلار ئەمدى ئۆز مەقسەتلىرىگە يەتمەي توختىمايدۇ ، ئۇلارنىڭ سىياسىي غەرەزلىرى ئىشقا ئاشقۇچە بىچارە ئەمگەكچىلەر ئۇلارنىڭ ھەممە ئېغىرچىلىقلىرىنى كۆتۈرىدۇ : ئەزىز پەرزەنتلىرىنى ئۇرۇش ئوتىغا ئىتتىرىپ بېرىدۇ ، يەر تاتىلاپ ، تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ تاپقان ـ تەرگىنىنى ئەسكەرلەرگە يىگۈزىدۇ ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىدۇ ، بالايىئاپەت ھايات قالغان ئەمگەكچىلەرنىڭ زېمىنىگە چۈشىدۇ . ياۋروپا ، سوۋېت ، ئاسىيا ئۇرۇش بىلەن نېمىگە ئېرىشتى : يېتىم باللار ، تۇل خوتۇنلار ، مېيىپ ، ئاقساق ـ چولاقلارنىڭ كۆز يېشى نېمىنى ئۆزگەرتتى ؟ تەلۋىلەر دۇنيانى ئۆزگەرتىش كويىدا ئىنسانىيەتكە شۇنچە چوڭ پاجىئە قالدۇرۇپ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى . خۇددى بىر قىمارۋاز ھەممە تاپقان ـ تەرگىنىنى ئۇتتۇرۇپ بولۇپ ، چۈچۈرىدەك باللىرىغا ھايات ئېغىرچىلىقلىرىنى تاشلاپ قويۇپ دۇنيا بىلەن خوشلاشقاندەك ، ياكى بىر تەلۋە مەست خوتۇن ـ باللىرىنى ئۇرۇپ ـ دۇمبالاپ قوپالماس قىلىۋېتىپ ، كېيىن پۇشايمان بىلەن ئۆزىنى دەرياغا

تاشلىۋالغاندەك ، ياكى تەلۋىلىك غالجىرلىقىغا ئەسىر بولۇپ ئۆيىگە ئوت قويۇۋېتىپ ، ئوتتا قالغان بالىلىرىنى قۇتقۇزىمەن دەپ كۆيۈپ ئۆلگەندەكلا ئىشلار بولدى . غۇلجىدىن قوزغالغان ئىنقىلابمۇ نېمىنى ئۆزگەرتەلىدى ؟ دېھقانلار يەنىلا يەر غېرىچلاپ ئورما ئوروپ ، ساپانىنىڭ كەينىدە ئۆكۈز بىلەن تەڭ تىرىشىپ - تىرمىشىپ يەرگە ئىشلىمەكتە . يازدا مەدىكارچىلىق بىلەن ، قىشتا خاڭدا ئىشلەپ نان تېپىپ يەيدىغان يېتىمچىلار يەنىلا شۇ پېتى ياشىماقتا . نامراتلارنىڭ ئەقىللىق بالىلىرى يەنىلا مەكتەپ يۈزىدىن قۇرۇق قالماقتا . قولىدا بارلارنىڭ يارامسىز بالىلىرى مەكتەپتىن زېرىككەن ، يىرتىق كۆڭلەك ، يالاڭ ئاياغ دېھقان خوتۇنى بالا كويىدا ، ئەينەكتىن نېرى كەتمەيدىغان باي خېنىملىرىنىڭ خىيالى ئالتۇن - كۈمۈش ۋە ئېسىل كىيىم - كېچەكتە ! ھايات يەنىلا شۇ تاشلىق سايدا نەچچە يۈز يىللاپ ئاققان تاغ سۈيىدەك بىر ئىزدا ئاقماقتا . ھاياتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئاتلانغان نى - نى ئەزىمەتلەر مەقسىتىگە يېتەلىدىمۇ ؟ چىڭگىزخان موڭغۇل يايلىقىدىن قارا دېڭىز ، ۋولگا بويلىرىغىچە لەشكەر تارتىپ قىرغىن قىلىپ نېمىگە ئېرىشەلىدى ؟ ناپالېئوننىڭ پارىژدىن باشلانغان ئالەمنى بويسۇندۇرۇش يۈرۈشى ئاخىر ئۇنى جەنۇبىي ئاتلانتىك ئوكياندىكى سائىنت ھېلىنا ئارىلىغا تاشلىغاندا ، ئۇ ھاياتىدا پۇشايماندىن باشقا قانداق ساۋاققا ئېرىشەلىدى ؟

ئەخمەتجان ئۆلكە رەئىسى جاڭ جىجۇڭ بىلەن كۆپ ئۇچراشتى ، كۆپ سۆزلەشتى . ئۇ بۇ رەئىسنىڭمۇ ئارمان ، پۇشايمان ۋە غەم - قايغۇلىرى ، جاۋابسىز سوئاللىرى بارلىقىنى بىلدى :

— تۈزۈم نېمە بولسا بولۇۋەرسۇن ، خەلق زۇلۇم تارتمىسىلا ، راھەت ياشىسىلا بولاتتى ! — دېدى ئۇ ئاخىر تۈنۈگۈن ئاخشام ، — جياڭ جيېشى ۋېييۈەنجاڭنىڭ ئۇرۇش قىلىش نىيىتى يوق ئىدى ، ئۇ سەنمىنجۇيىغا سادىق ، خەلقپەرۋەر ئادەم . ئامېرىكا ۋە ئامېرىكاپەرەسلەر ئۇنىڭغا قاتتىق بېسىم ئىشلەتتى . ما ۋۇزېدۇڭمۇ ئۇرۇشنى خالىمايتتى ، ئىنسانىي غۇرۇر ، كوممۇنىزمغا

بولغان ئېتىقاد ئۇنى ئاخىرىغىچە ئېلىششقا مەجبۇر قىلدى . كىم يەڭسىمۇ جۇڭگونىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ : دۆلەت ئاجىز ، خەلق نامرات بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ .

— سوتسىيالىزم يولى ئاجىز ، قالاق رۇسىيىنى دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ، باي دۆلەتكە ئايلاندۇردىغۇ ؟

— بۇ بىز دىپلوماتلارنىڭ سۆزى ، ئۇ ھەرگىز سوۋېت دۆلەت تۈزۈمىگە بېرىلگەن ھەقىقىي باھا ئەمەس ، — دېدى جاڭ جىجۇڭ كۈلۈپ قويۇپ .

— سىز ئۆلكىگە مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ تۇرمۇشىڭىز ئۆزگەردى ، ئۆيلىرىڭىز كاتتا ، چۈشىدىغىنىڭىز ماشىنا ، ھەممە نېمە باياشات ، ئەمما ، ئەمما...

— بىلدىم ، — دېدى ئەخمەتجان ئايالىنىڭ بىلىكىگە سىلىنغان قولىنى بوش سىقىپ قويۇپ ، — خەلق ئەخمەتجان مەنسەپ ، بايلىق ئۈچۈن ئىنقىلاب قىلغانىكەن دېمەمدۇ ، دەپ ئويلاۋاتىسىز - ھە ، ھەي دېھقان قىزى !

— بىز گىمنازىيىدە ئوقۇۋاتقاندا ، ياشاشتىكى مەقسەت خەلقنى بەختلىك قىلىش دېگەن گەپنى ياقتۇراتتۇق .

— ئاخىرقى مەقسىتىمىز شۇ . ھامان بىرى بۇ مەن تۇرۇۋاتقان ئورۇننى ئىگىلىشى لازىمغۇ ؟ مەن ئىگىلىمىگەن بولسام ، بۇ ئورۇنغا مەنىدىنمۇ ناچارراق ، شەخسىيەتچى بىرى چىقاتتى . ئۇ ئۆزىنىلا ئويلايتتى ، شىڭ شىسەيدەك . بىلىسىز ، مەن خەلقىمنىلا ئويلايمەن . ئېسىل تاماق ، ئېسىل كىيىم دېگەنلەرنى ئويلاپمۇ قويمايمەن .

— بۇ دېگىنىڭىز راست . مەن سىزنى ھەممىدىن ياخشى چۈشىنىمەن . سىز تەمەخور ، دۇنياپەرەس ، ئابرۇيپەرەس ئەمەس .

— بىر ئادەمنىڭ قىممىتى نېمىگە ئېرىشكەنلىكىدە ئەمەس ، خەلققە نېمىلەرنى تەقدىم قىلغانلىقىدا .

— ئەجەب دەپتەرگە يېزىۋالغۇدەك ياخشى گەپلەرنى قىلىسىز - ھە !

— نۇرىغا ئۇۋال بولدى !
— ھازىر قانداق ، بايا ئىسھاقبېكتىن سورايمەن دەپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن .
— ئابلا باي ئايروپىلان بىلەن موسكۋاغا ئاپىرىپ داۋالىتىپتۇ .
— ئـاڭـلـىـدىـڭـىـزمۇ ، ئۇنى ئاتقان «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى»نىڭ ئادەملىرىكەن !
— يـاق ، يـاق ، يـاق ! بـۇ يالغان ، بۇ تەشكىلات نۇرىدەك يىگىتلەرگە موھتاج !
— ئېلىخان تۆرەمنىڭ تىلى دەپ ئېتىپتەك !
— ياق ، بۇ كىم تارقاتقان ئىغۋا ؟ ھېلىقى سولايمانوفلارمۇ ؟ شەھەر بايلىرىنىڭ باللىرى ئۇنىڭغا ئۆچلۈك قىلغۇدەك . ھېلىقى تاتار قىزى قانداق بولدى ؟
— پەرىخەنى دەمسىز ؟ ھەممە ئادەم بۇ ئىشنى شـۇ قـىـزدىـن كـۆردى . بـىـچـارە قـىـز ئۆزىـنى ئاقلىيالماي... دەرياغا ئۆزىنى ئـېـتـىـپ ... ئۆلۈپ كەتتى دەپ ئاڭلىدىم... بىلمىدىم ، قانداق بولدىكىن...
— ئىسىت ، ئىسىت !... — دېدى ئەخمەتجان ، — بۇ ئىشلارنى مەن نەچچە ۋاقىتتىن بېرىشقا بىلمىدىم . رەھمىتى مۇختەرباي ماڭا بـۇ ئـاسـىيە ئابىستەي توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەن . ئانا ـ بالا ئۈچىسىلا بەختسىزلىككە يولۇققان . بىچارە تاتارلار !
ھـايـات شـۇنداق ، سەن سېغىنىدىغان ئادەملەر ساڭا قىسقا ئەسلىمە قالدۇرۇپ قويۇپلا غايىب بولىدۇ . سەن ئۇلارنى زۆرۈر بولغاندىلا يادىڭغا ئالىسەن .
ئـەتـىـگەنلىكى ماھىنۇر ئويغانغاندا ، يېنىدا ئەخمەتجان يوق ئىدى .
بۇ كۈنلەردە ئۈرۈمچى تىنچ ، ئاۋات ، باياشات بولۇپ قالغان . بىر يۈز يىگىرمە مىڭ ئاھالىسى بار بۇ شەھەردە يېڭى ھۆكۈمەت ئوتتۇرىغا قويغان «سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» دىـكـى سىياسىي ، مىللەت ، تاشقى ئىشلار ، ئىقتىساد ، مالىيە ،

قاتناش ، مائارىپ ، مەدەنىيەت ۋە سەھىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان توققۇز ساھەنىڭ ھەممە يېڭىلىقلىرى سىناقتىن ئۆتمەكتە ئىدى. جاڭ جىجۇڭ : «سىياسىي پروگراممىنى ئىجرا قىلىشتىكى مەقسەت ، ئۆلكىمىزنى بەختىيار باغچىغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ، ھازىر ئالدىمىزدا ئۇلۇغ ئىنقىلاب تۇرۇپتۇ ، يەنى مەدەنىيەت ئىنقىلابى ، مائارىپ ئىنقىلابى ، پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى تۇرماقتا . لېكىن ، ئۆلكىمىز تېخىچە ئوتتۇرا ئەسىردىن يېڭى باسقۇچقا ئۆتۈش دەۋرىدە . قىيىنچىلىقلار بەك نۇرغۇن ، ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن !» دېگەن سۆزنى تەكرارلايتتى . ئۇنىڭ سۆزى ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ مودا سۆزىگە ئايلىنىپ قالغان . ھەممىلا باشلىق تۆۋەندىكىلەرگە بۇ سۆزنى سۆزلەپ يوليورۇق بېرەتتى . مۇئاۋىن رەئىس بۇرھان شەھىدى :

— خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ، دۆلەتكە سادىق بولۇش بىزنىڭ بۇرچىمىز . رەئىس جاڭ جىجۇڭنىڭ سۆزلىرى ھەقىقەتەنمۇ شىنجاڭنىڭ نەچچە يىللاردىن بۇيانقى كېسىلىگە قارىتا بېرىلگەن بىر دورا ، ھازىردىن باشلاپ بۇ دورا كېسەلدىن خالىي قىلىدۇ . يېڭى تەقدىر ، يېڭى بەخت بىزنىڭ ئالدىمىزدا نامايان بولماقتا ! — دېگەن سۆزلەرنى تەكرارلاپ جاڭ جىجۇڭنى مەدھىيىلەيتتى .

سۆز بىلەن خەلقنى ئۆزىگە ئىشەندۈرۈش سىياسەتچىلەرنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى . ئەخمەتجان يۇقىرى تەلەپپۇزلۇق سۆزلەرگە قىزىقمايتتى ، شەكىلگە بېرىلىپ كەتمەيتتى . ئۇ ئەمەلىيەتكە — ئىشنىڭ ئۈنۈمىگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرەتتى . دوكلات بېرىش قىزغىنلىقى يۇقىرى پەللىگە چىقىپ ، ئىچكىرىدىن شاۋ شىنجى ، لياڭ شۇمىڭ ، يەن ياڭجۇ ، ۋاڭ زاۋشى ، جو كېچى ، تيەن خەن ، شىيڭ يەنبىڭ ... دېيدىغان يىگىرمىدەك مەشھۇر زات ئۈرۈمچىگە كېلىپ ، ھەر خىل تېمىلاردا دوكلاتلارنى بەردى . قۇرۇلۇش ، ئېچىش قىزغىنلىقىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى ، ئۈرۈمچى خۇددى بىر

ۋوگـزالـغـا قاراپ كېتىۋاتقان ، ۋاگونلىرى ئۆمىدلىك يولۇچىلار بىلەن تولغان تېز پويىزغا ئوخشاپ قالغانىدى .
28 ـ ئاۋغۇست جاڭ جىجۇڭ «دوگىلاس » نامىلىق كىچىككىنە ئـايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ، شىنجاڭنىڭ تەپتىش باشلىقى مەسئۇد ، قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى ليۇ رىڭ ، گورۇپپا بـاشلـىـقى گـېـنـېـرال مـايور داڭ بىگاڭ ، يۇقىرى دەرىجىلىك مەسلىھەتچى گو شىڭجىڭ ، خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى ۋاڭ زېڭشەن ، مۇئاۋىن نازىرى رەخىمجان سابىر ھاجىيوف ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى چوي ۋۇ ، تاشقى ئىشلار ئالاھىدە خادىمى ليۇ زىرۇڭ ، مۇئاۋىن باش كاتىپ ئابدۇكېرىم ئاباسوف ، ئىجتىمائىي بـاشـقـارمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئېردەنى . ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئـەزاسـى جوڭ دېخۋا… قاتارلىق يىگىرمىدەك ئادەم بىلەن ھال سوراش ئۈچۈن غۇلجىغا قاراپ ئۇچتى . ئەخمەتجان قاسىمى بۇ چاغدا مـېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن غۇلجىغا ئالدىن كەتكەنىدى . بۇ چاغدا غۇلجا تىنچ ئەمەس ئىدى ، جاڭ جىجۇڭغا دۈشمەنلىك بىلەن قـارايـدىـغـان ئـادەمـلـەرمۇ بار ئىدى . ئەخمەتجان ، يېڭى ۋالىي ھـېـكـىـمـبـەگ غوجاملار غۇلجا ئايرودرومىدا جاڭ جىجۇڭلارنى كۈتۈۋالدى . «ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن كەلگەن مېھمانلارنى قارشى ئـالـىـمـىز » دېـگـەن خەنزۇچە پلاكاتلار يولغا ئېسىلغان ، يولنىڭ قاسنىقىدا ئەسكەر قىزلار تىك تۇرۇپ چاس بەرمەكتە .
مـېھرىبان ، ئۆزىنى تۇتقان ، قائىدە ـ يوسۇنلۇق ئاقساقال ھېكىمبەگ غوجام جاڭ جىجۇڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى . سـېـرىـق چـاچ ، چـىرايلـىق قىزلار مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈشتى . پائالىيەت كۈنتەرتىپى ئىنتايىن زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلدى . مېۋىلىك باغلاردا ھەر كۈنى زىياپەت ، مېۋە ـ چېۋە ، خىلمۇخىل غىزالار تولىمۇ تۆكمە ئىدى . نەغمە ـ ناۋا ، ئۇسسۇل مېھمانلارغا تولىمۇ ياقتى ، سەيلىلەرمۇ بولدى ، لېكىن زىياپەتلەر مېھمانلارنى چارچاتتى . بەزى زىياپەتلەر ئەتىگەن سائەت توققۇزدىن كەچ سائەت

www.uyghurkitap.com

تۆتكىچە داۋاملاشتى .

قورغاس دۆلەت چېگراسى ، ئىلى دەريا بويلىرى ، كەڭساي ، سايرام بويلىرىدىكى زىيارەت - زىياپەتلەر ، توققۇزتارا ، نىلقا ، سۇيدۇڭ ناھىيىلىرىدە ئۇچرىغان ھەر خىل مىللەتلەر ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش - ئادەت ئۆزگىچىلىكلىرى جاڭ بۇجاڭنىڭ دۆلەت ۋە مىللىي غۇرۇرىنى ئويغاتتى . ئۇ نۇرغۇن قېتىم مىللەت ، ئىنسان ۋە دۆلەت توغرىسىدا سۆز سۆزلىدى . ئۇ غۇلجا شەھىرىدىكى خەنزۇ ئۇيۇشمىسىنى زىيارەت قىلغاندا ، خەنزۇ بوۋاي - مومايلار :

— بۇلار خەنزۇلارنى قىرىۋەتتى . قېرى - چۆرىلەر بىلەن باللارلا قالدۇق ! — دەپ يىغلاپ شىكايەت قىلىشتى . جاڭ جىجۇڭ ئۇلارغا تەسەللى بەردى :

— مەنچىلىك خانلىقنىڭ نەن گېڭراۋدىن ھېسابلىغاندا ، مۇسۇلمانلاردىن قىرىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ سانى ھەددى - ھېسابسىز . بولۇپمۇ ، شېڭ شىسەي ئىلى خەلقىنى ئايىماي قىردى . گۇمان قوزغىغانلا ئادەمنى ئۆلتۈردى ، مىللەت ئايرىمىدى . ئۆتمۈشتە ئادەم ئۆلتۈرگەنلەر ساپلا خەنزۇ بولغاچقا ، خەلقتە خەنزۇلارغا ئۆچمەنلىك كۆچىيىپ كەتكەن . ئۇ بىر ئۆتمۈش ، سۈرۈشتۈرمەيلى ، ئەمدى بۇ تارىخنىڭ تەكرارلىنىشىغا يول قويۇلمايدۇ !

ئۇ بارغانلا يېرىدە نۇتۇق سۆزلىدى . ئۇنىڭ سۆزلىرى ئۇيغۇر ، رۇس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ تۇردى . ئاخىرىغىچە سوۋېت كونسۇلى دوباشىن ئايالى بىلەن ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى . ئۇ 1946 - يىلى 4 - سېنتەبىر يەنە شۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىگىرمە ئىككى ئورۇندۇقلۇق ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى .

جاڭ جىجۇڭنىڭ سۆزلىرى ، كۆرسەتكەن مېھرىبانلىقى ساختىلىق دېيىلسە ئەخمەتجان بۇ گەپكە قوشۇلالمايدۇ ، ئابدۇكېرىم ئابباسوف نېمىشقا بۇ خىل چۈشەنچىگە كېلىپ قالدى - ھە ؟

ئەخمەتجان كەچتە ماشىنىدا ئۆيگە كەلگۈچە يۇقىرىقىلارنى ئويلىدى . ئۇنىڭغا جاڭ جىجۇڭ بىر ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن چىن كۆڭلىدىن شىنجاڭ خەلقىگە بەخت يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقاندەك بىلىنىدى . «ئوسماننى قورالاندۇرۇۋاتىدۇ ، مەقسىتى ، ئىلى ئىنقىلابچىلىرىنى يوقىتىش ، ئۇمۇ جۇ شاۋلياڭغا ئوخشاش ، مەقسىتى بىر — بىز خەقنى يوقىتىش . بىرى يالىڭاچ ، بىرى نىقابلىق ، پەرقى شۇ...» دېگەن سۆزلەر باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىدىن — تارىخ شەكىللەندۇرگەن مىللىي ئۆچمەنلىكتىن پەيدا بولغان ھېسسىي خۇلاسە دەپ ئويلايتتى ئۇ . بۇ مەسىلىدە ئۇ ئابباسوف بىلەن كۆپرەك ئوخشىمىغان تونۇشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تالىشىپ قالاتتى .

ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۆيگە كىرىشىگىلا ، زالدا ئۇنى ساقلاپ تۇرغان تۇرپانلىق ئابدۇراخمان مۇھىدى ئىسىملىك ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بەردى . ئەخمەتجان ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى ۋە مۇھاپىزەتچىگە : «ئۆيگە باشقا ئادەم كىرمىسۇن» دەپ قويۇپ ، 30 - يىللار خەلق ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان مەخسۇت مۇھىدى ، مامۇت مۇھىدىلارنىڭ قېرىندىشى بولغان بۇ مېھماننى مېھمانخانىسىغا باشلاپ كىرىپ كەتتى...

1946 - يىلى ئاخىرلىشىشقا ئاز قالدى . جاھاننى قار ئۇچقۇنلىرى قاپلاپ ، پەسىللەر سەپىرالىقىنىڭ بەلگىسى بولغان قىش پەسلى ھاياتنى ئۆزگەرتىۋېتىش ئۈچۈن تەبىئەتكە ھۇجۇم باشلىدى . كىچىك - ئېقىنلار توڭلىدى ، دەريالاردا شۇرمەل ئاقتى ، دەل - دەرەخلەر يالىڭاچلىنىپ ئاچچىق شامالدا ۋىژىلداپ - غىڭشىپ نالە بىلەن سىلىكىنىپ ئىرغاڭلاشتى . يازىچە قوزىلار ، تايلار قىيغىتىشىپ ئوينىغان كەگرى يايلاق قېلىن قار ئاستىدا قالدى . قارىغايلىقلار ئارىسىدا ئاچ بۆرىلەر ھۇۋلاشتى .

ئۇندۇرقارا ناملىق — غول ئىچىگە جايلاشقان كىچىككىنە

مەھەللىدە قوراللىق ، قىلىن جۇۋا ، كىرەي تۇمىقى كىيىشكەن ئادەملەر تەرلىگەن ئاتلىرىنى ھىلىدىن ـ ھىلىغا چاپتۇرۇپ كېلىپ موما ياغاچلارغا باغلىشىپ ، خىل قارىغايلاردىن ياسالغان ئوسماننىڭ «ۋالىي مەھكىمىسى» ھېسابلانغان ياغاچ ئۆيلەرگە ئالدىرىشىپ كىرىپ كېتىشەتتى . يوغان ، تېگىگە كىگىز ـ گىلەم ، تام ياقىلىتىپ ئاشلانغان بۆرە ، ئېيىق ۋە قوزا ـ ئوغلاق تېرىلىرى سېلىنغان ، كەشتىلەنگەن ياستۇقلار ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە تاشلانغان بۇ ئۆيدە ئوسمان باتۇر تىك ياقىلىق ئاق كۆڭلەك ، سىرتىغا سۆسەر تېرىسىدىن تىكىلگەن پىنجەك كىيىپ ، ئىت تېرىسىدىن تىكىلگەن شالۋۇر ئىچىدىكى پۇتلىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ پىنىدا قاببास مۇپتى كىتابىنى ئېچىپ قويۇپ ، تەسۋى سىيرىپ ئولتۇراتتى . پاكار ، ئاق سېرىق ، شالاڭ ساقاللىق لاتىپ زەر جىيەكلىك دوپپىسىنى كۆزىگە چۈشۈرۈپ قويۇپ ئالدىرىماي سۆزلىمەكتە ئىدى :

— ئېلىخان تۆرەم ھەقىقىي غازاتچى ئىدى ، ئۇنى ئورۇسلار يوقاتتى . ھېكىمبەگ غوجا دېگىنى خىتاينىڭ بىنىغا ئۆگىنىۋالغان بىر لالما ئىت ! يەتتە ئەۋلادىدىن بېرى ئۇيغۇرلارنى سېتىپ جان بېقىۋاتىدۇ !

— ئاخمات دېگىنى قانداق ئادەم ؟ — ئوسمان «چىرت» قىلىپ تۇكۇرۇپ قويۇپ سورىدى .

— ئۇمۇ ئورۇسنىڭ ماشكىسى ، — دېدى لاتىپ ، — بۇ ھىلىقى تەربىيە كۆرگىنى ، ئىز قوغلاپ تۇتىدىغىنى !

— دەللىلقانىغا ئوخشاش دېگىنە ! — دېدى ئوسمان پەرۋاسىزلا ، — ئابدۇكېرىم دېگىنىچۇ ؟

— ئۇ يەنئەنىنىڭ ئىتى ! ئاغزىدىن ماۋ زېدۇڭنى چۈشۈرمەيدىغان ئەينى خىتاي !

— بول دېگەنلىرىڭ شۇ ئېلىخان تۆرىنىڭ گەپلىرىمۇ ؟

— شۇنداق باتۇرۇم !

ئـۆيگـە قاباس تىركەش ئالدىراپ كىردى . ئۇ پاكار ، قارا ساقال ، بۇركۇت كۆز ئادەم ئىدى .

— ئىككى يۈز يىگىت ھۇجۇمغا تەييار ! — دېدى ئۇ گۈرۈلدەپ كـۆيـۈۋاتـقان يوغان مەشنىڭ يېنىدا جۇۋىسىنى يېشىۋېتىپ ، — سارسۇمبىنىڭ جوساتى ، شىبەتى دېگەن يەرلىرىگە ھۇجۇم باشلاپ ، تازا بىر بۇلاڭ - تالاڭ قىلايلى ، دەلىلقان چىدىماي بىزگە قارشى ئەسكەر تارتسۇن !

— ئـالدىرىما ! — دېدى ئوسمان ، — مەن سوراپ كۆرەي ! — ئۇ كىمدىن نېمىنى سورايدىغانلىقىنى ئېيتمىدى .

مانا شۇنداق ئۈچ - تۆت يىللىق قوراللىق قوزغىلاڭ ، نەچچە يـۈزلـىگەن ، مىڭلىغان ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولغان جاپالىق كۈرەش — ئۈمىد ، ئىشەنچ ۋە خۇشاللىق ياراتتى . شۇنىڭ بىلەن بىـللە شىنجاڭنىڭ مۇشۇ شىمالىي بۇرجىكىدە بىر قورقۇنچلۇق ئىنقىلاب ئاسمىنىنىمۇ پەيدا قىلدى .

نويابىردىلا باشلانغان سوغۇق ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ كۈندىلىك تـۇرمـۇشـىـنى ئۆزگەرتىۋەتتى . كىشىلەر كوچىلاردا ئالدىرىشىپ ماڭىدىغان ، بىر - بىرىگە چالا - بۇلا سالام بېرىشىدىغان بولۇپ قېلىشتى .

مانا ، ئەخمەتجان قاسىمى كۆك تاملىق ، قارا دەرۋازىلـىق چوڭ قـــورۇدىـــمۇ ئـــالدىـــراش ئـــادەملـەرنـــىڭ ســالامـلـىرىـغا ئـالـدىـراپ جاۋاب بەردى - دە ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىناسىغا كـــىرىــپ ئـــىككىنچى قەۋەتكە كۆتۈرۈلدى . ئۇنىڭغا ئابدۇكېرىم ئاباسوف پەلەمپەيدىلا ئۇچرىدى . يالاڭۋاش ، كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن تېتىك يىگىت خۇشال ئىدى .

— ئەخمەتجان ئاكا ، ئەتىلا يولغا چىقىدىغان بولدۇق !

— بىزدىن قانچە بولدى شۇنداق قىلىپ ؟

— جەمئىي يىگىرمە تۆت ۋەكىل ، بىزدىن سايلانغىنى يەتتە نەپەر !

www.uyghurkitap.com

— شۇنداق قىلىپ نەنجىڭغا بېرىپ «خەلق قۇرۇلتىيى»غا قاتنىشىدىغان بولدۇق ـ دە ـ ھە، ئۇكام ئابدۇكېرىم؟

— مېنىڭچە، بۇ بىر ياخشى پۇرسەت.

— شۇنداق قىلغىلى بولارمۇ؟ — دېدى ئەخمەتجان ئىشخانىسىغا كىرگەندىن كېيىن تۆۋەن ئاۋازدا سۆزلەپ، — نەنجىڭدا جۇ ئېنلەيىنىڭ بارلىقى ئېنىقمۇ؟

— ئىشقىلىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ بارلىقى ئېنىق!

— قانداق يېڭى خەۋەر بار؟

— ئەڭ يېڭى خەۋەر: ئامېرىكىنىڭ ئەڭ داڭلىق گېنېرالى جۇڭگوغا كېلىدىكەن. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنى ياراشتۇرۇشكەن.

— گومىنداڭ مەغلۇپ بولىدىغىنىنى مۆلچەرلىگەن، ئۆزىنى قۇتقۇزۇش كويىغا چۈشكەن دەڭا؟

— شۇنداق. كېلىشىم، سۆھبەت دۈشمەننىڭ مەغلۇبىيەتتىن ساقلىنىدىغان بىر ئۇسۇلى بولۇپ قالدىغۇ ھازىر.

1946 ـ يىلى 11 ـ نويابىر ئەتىگەندە قىرىق نەچچە كىشى چۈشكەن ئايروپىلان ئۈرۈمچى ئايرودرومىدىن شاڭخەيگە قاراپ ئۇچتى. ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوفلار تۇمان ئىچىدە قالغان ئۈرۈمچى شەھىرىگە ئايروپىلان دېرىزىسىدىن قاراپ شەھەر بىلەن خەيرلەشتى.

— خەير ـ خوش، تۇمانلىق سەھەر!

— خەير ـ خوش، بىچارە شەھەر!

— خەير ـ خوش، خەتەرلىك شەھەر!

ئۇلارنىڭ بىرىمۇ ئۆز ئۆلكىسىنىڭ مەركىزىنى «سۆيۈملۈك شەھەر» دېيىشمىدى.

شەھەرنى قاپلىغان تۇمان بارغانسېرى قويۇقلاشتى. شەھەر بارغانسېرى يىراقلىشىپ كۆرۈنمەي قالدى.

مەقسەتسىز ھەرىكەت قىلىدىغان ئادەم ئاز بولغىنىدەك، ياخشىلىق ئىزدىمەيدىغان ئادەممۇ ئاز بولىدۇ. لېكىن بۇ ئىزدىگۈچىلەرنىڭ كۆپلىرى ئۆزلىرى ئۈچۈن، ئازراق بىر قىسىملىرى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، دوستلىرى، يېقىنلىرى ئۈچۈن، ناھايىتى ئاز — بارماق بىلەن سانىغۇدەكلىرىلا باشقىلار ئۈچۈن، يەنى ئۆز خەلقى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ... ئۇچىنچى خىل ئادەملەر كۆپەيسىدى، بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ غېمى تېزرەك ئازايغان، خۇشاللىقلىرى كۆپەيگەن بولاتتى، ئىسىت، ئىسىت... بىزدە بۇ خىل «ئادەملەرنىڭ» ئازلىقى، ھەتتا يوقنىڭ ئورنىدا بولۇپ قالغىنى! مانا بۇ بىزدىكى روھىي تەشنالىق، روھىي گادايلىق ۋە يېگى بىخلىنىشىنىڭ ئەينەن ھالىتى...»

ئۇ خاتىرىسىگە مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ سۆزلەرنى يېزىش بىلەن موسكۋا دەرياسىنىڭ بويىدىكى بوك دەرەخلىك بۇ دوختۇرخانىدا توت ئاينى ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ قىلىن ئىككى خاتىرىسى توشتى، مانا ئۇچىنچىسىنى باشلىدى. ئۇ بۇ يەرگە قانداق، قاچان كېلىپ قالغىنىنى بىلمەيدۇ، ئۇ نەچچە كۈن بىھوش ياتقىنىنىمۇ بىلمەيدۇ، بەدىنىدە ھاياتلىق قايتا دېرەك بەرگىنىدە، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قېلىن پەردە تارتىلغاندەك ھەممە نېمە گىرىمسەن كۆرۈندى. تۇلۇمۇ يىراقتا ئاق كىيىم كىيگەن قىزلار كۆرۈنگەندى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنى يادىدا يوق، بىر كۈنى ھېلىقى قىزلار يېقىن كەلدى. ئۇلار دوختۇر قىزلار — رۇس قىزلىرى ئىكەنلىكىنى ئۇ ئاخىر بىلدى.

— زەي... — ئۇ گەز باغلىغان لەۋلىرىنى قىمىرلىتىشقىمۇ ئىلاجىسىز ئىدى.

— زايىتۇنا! — دېدى شوخ رۇس قىزى قاقاقلاپ كۈلۈپ، — بۇ ئۇنىڭ تۇنجى گېپى!

زەيتۇنە خانىغا يۈگۈرۈپ كىردى ۋە بايىقى رۇس قىزىدەك قاقاقلاپ كۈلۈپ ئۇنىڭ بېشىنى قۇچاقلاپ ، يىرىك ساقال باسقان يۈزلىرىگە سۆيدى ، يۈزىنى ياقتى :

— نۇرى ، ئاخىر مانا گەپ قىلدىڭىز ! ... — قىز بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى .

نۇرى يەنە كۆزلىرىنى يۇمدى ، ئۇنىڭ كۆز ئاچقۇدەكمۇ هالى يوق ئىدى .

مانا ئۇ هازىر ئىككى ئايدىن بېرى خاتىرە يېزىپ ئىككى دەپتەرنى تولدۇرۇپ ئۈچىنچى دەپتەرنى باشلىۋەتتى . ئۇنىڭ ئىشى ئوقۇش ، يېزىشلا ئىدى . بولۇپ ئۆتكەن كۆڭۈلسىز ئىشلارنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىش مەنئى قىلىنغان بولغاچقا ، ئۇ هەرقانچە تەقەززا بولغان بىلەنمۇ ئۆتكەن ئىشلارنى تېخىچە بىلەلمىدى . ئۇنىڭ خاتىرىسىدە قالغىنى دەرەخ ئاستىدا شاخلاردىكى قار توغرىسىدىكى شېئىرىي پىكىرلەر ئىدى ، خالاس .

— زەيتۇنە ، مېنى كىم ئاتتى؟

— هېچكىم ، سىز كېزىك ، قارا كېزىك بولدىڭىز ، ئۆلۈم ، ئەزرائىل بىلەن تۆت ئاي ئېلىشتىڭىز !

— ئەزرائىل كۆكرىكىمگە تىغ ئۇرۇپتۇ - دە . يورەك بىلەن ئۆپكىنىڭ ئوتتۇرىسىغا - هە ؟

— ياق ، ئۇ دېگەن جاراهەت !

— جاراهەتنىڭ چوڭى مانا بۇ يەردە !

ئۇ زەيتۇنەنىڭ قولىنى يۈرىكىنىڭ ئۈستىگە قويدى .

— ئۇمۇ ساقىيىدۇ ، سىزنىڭ هاياتىي كۈچىڭىز بىر مۆجىزىكەن نۇرى . سىزنىڭ ئورنىڭىزدا كىم بولسىمۇ بەرداشلىق بېرەلمىگەن بولاتتى . بىلەمسىز ، سىزدىن ئاققان قان ماڭا ئوخشاشلاردىن ئون ئادەمنىڭ قېنى !

— ئىسىت ، جەڭ مەيدانىدا ئاققان بولسىچۇ !

— جەڭ ، جەڭ ، جەڭلا دەيدىكەنغۇ خۇدايىم ، تۇرمۇشمۇ بىر خىل جەڭ دەيتتىڭىزغۇ ؟ شۇنچە سوقۇشلاردا تەگمىگەن ئوق ، تىنچ

تۇرمۇشتا تېگىدۇ، سىزگە ئوق تەگكىنى راست.
— قاتىل كىم؟
— گۇمان كۆپ، ئېنى ئاكام ساقچى ئىدارىسىگە بىر ئاي ئىچىدە قاتىلنى تاپىساڭلار ھەممىڭنى ئىتتىپ تاشلايمەن دېگىنىمۇ مانا تۆت ئاي بولدى، ھېچكىم ئىتىلمىدى. بىلەمسىز، سىز غۇلجىدا سوۋېت دوختۇرخانىسىدا بەش كۈن بىھوش ياتتىڭىز. دادام بىر ئايروپىلاننى ياللاپ ئاۋۋال ئالمۇتىغا، كېيىن بۇ يەرگە ئەكەلدى سىزنى.
— بۇ موسكۋا، — دېدى نۇرى كۈلۈپ، — ناپالېئون ئاچ قالغان شەھەر، گىتلېر بوسۇغىسىغا كېلىپ كىرەلمىگەن شەھەر، باتۇخانلار ئوتقا بېسىۋالغان شەھەر. لېرمونتوفنىڭ شېئىرىنى يادقا بىلىمەن:

موسكۋا، موسكۋا سۆيىمەن سېنى،
سۆيىمەن رۇستەك قاينا، ئەركە ۋە كۆركەم!
سۆيىمەن چاچلىرىڭنىڭ ئىزگۈ ئېقىنى،
چىشلىق تاملىق، مەغرۇر كرېملىنى ھەم.
خام خىيال قىلغاندى ئۇيات ھۆكۈمدار...

— بالام، ياخشى بولۇپ قاپسىز! — ئۆيگە ئابلا باي كىرىپ كەلدى. ئۇ سۆسەر ياقىلىق جۇۋا، قاما قولاقچا كىيگەنىدى. ئۇ قولىدىن خۇرۇم پەلىيىنى ئالدى، زەيتۇنە دادىسىنىڭ جۇۋا، شارپىلىرىنى ئاسقۇغا ئاستى.
— سوغۇقمۇ؟
— زەھەردەك سوغۇق! — دېدى ئابلا باي كۈلۈپ قويۇپ سىلىق ئاۋازدا، — بىزنىڭ ئۆي بىلەن بۇ يەرنىڭ ئارىلىقى ئون بەش كىلومېتىر كېلىدىكەن.
— بۇ يەردىمۇ ئۆيىڭىز بارمۇ تېخى؟
— يېقىندا سېتىۋالدىم. ل. تولستوينىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدا.

— ئــىــكــكى قــەۋەت ، تــۆت تــەرىــپــى بــوٗك بــاغ ، بــەك چىرايلىق ! — دېدى زەيتۇنە كۇلۇپ ـ يايراپ ، — يەنە ئۇچ كۇندىن كېيىن سىزنى ئۆيىمىزگە يۆتكەيمىز نۇرى .

— بۇگــۇنــلا يــۆتكەيمىز قىزىم . مەن دوختۇردىن چىقىش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ بولدۇم . هازىر خىزمەتچىلەر كىرىدۇ !

ئابلا باي مەغرۇر ، خۇشال ئىدى . نۇرىنىڭ خىيالىغا بىردىنلا غــۇلجا يــېزىــســىــدىــكى دادىسى زىياۋۇدۇن كەلدى . قوللىرى قــېتىشقان ، يېرىلغان ، يۇزىنى قويۇق قورۇق باسقان ، ئېگىز ، قاۋۇل گەۋدىسى تۇرمۇش زەربىسىدىن ئېگىلگەن دادىسى شۇ تۇرقىدا چوقۇم يېزىسىدىكى ئۆيدە يالغۇنجاپ ، گۇرۇلدەپ كۆيۇۋاتقان مورا ئوچاق ئالدىدا تىزىغا خەمىتىنى ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ نۇرىنى خىيال قــىــلــىــپ ئــولــتــۇرىــدۇ . ئۇنى يەنە كىم ئويلاۋاتىدۇ ؟ بەرا ماناس بويىدىكى گەمىدە ، يەنە پەرىخەچۇ ؟ ئۇ قىز نېمە قىلىۋاتىدىكىن ؟…

— نېمە بولدى نۇرى ، چىققۇڭىز يوقمۇ نېمە ؟ بىزنىڭ ئۆيىمىز دوختۇرخانىدىن كۆپ ياخشى ، قار بىلەن چۇمكەلگەن دەرەخلەر ، قاقىلدىشىۋاتقان قاغىلار ، بۇقۇلداشقان كەپتەرلەر ، نېرىدا شۇرمەل قاپلىغان موسكۋا دەرياسى… بالكونغا چىقسىڭىز ئاجايىپ گۇزەل مــەنزىرىنى كۆرىسىز ، كرېملغا يىراق بولغىنى بىلەن جەننەتكە يېقىن . ها ـ ها ـ ها…

راست دېــگــەندەكلا ئۇلار بىردەمدىن كېيىن يولغا چىقتى . ماشىنا قار بىلەن قاپلانغان موسكۋا كوچىلىرىدا ئۇزاق ماڭدى : ئــانــچــە ئــېــگــىــز بولمىسىمۇ نەقىشلىنىپ ياسالغان ئىمارەتلەر ، كرېملنىڭ «چىشلىق تاملىق» قورغىنى ، قىزىل مەيدان ، شۇرمەل تــوشــۇپ ئــېــقــىــۋاتقان موسكۋا دەرياسى ، خىلمۇخىل كىيىنگەن مــوســكــۋالىقلار نۇرىغا يېڭىلىق ئىدى . ئۇ هاياتىدا تۇنجى قېتىم بۇنداق چوڭ شەھەرنى كۆرمەكتە . ماشىنا ئۇزاق مېڭىپ ئاخىر بىر تۆمۇر دەرۋازا ئالدىدا توختىتىدى .

— مانا مۇشۇ بىزنىڭ ئۆي ! — دېدى باياتىن نۇرىنىڭ يېنىدا جىمجىت ، خۇددى بىهوشتەك ئۇن ـ تىنسىز ، بېشىنى يىگىتنىڭ

مورىسىگە قويۇپ ئۆلتۈرغان قىز ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ، — قاراڭلا ، ئارچىلارنىڭ شاخلىرىدا قارلار بىلەن يوپۇرماقلار مۆلدۈرلىشىۋاتىدۇ !

قىز دەرۋازىنىڭ بىر كۆنۈپكىسىنى باستى ، دەرھال بىر تۆشۈكتىن ئاۋاز چىقتى :

— سالام ، ياخشىمۇسىز ، خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن !

— بىز قايتىپ كەلدۇق ! — دېدى قىز كۈلۈپ ، ئىشىك دەرھال ئېچىلدى ، زەيتۇنە نۇرىنى قولتۇقلىۋالدى .

— بېيىبىگى بىر دۇنيا ، — دېدى نۇرى ئاياغلىرىنى تەستە قىمىرلىتىپ . ئۇ تولىمۇ ماغدۇرسىز ئىدى . كۆكرىكىدىن تەگكەن ئوق دۇمبىسىنى بۆسۈپ چىقىپ كەتكەن . قىل يۇقىرىغا ماڭغان بولسا يۈرىكى زەخىملىنەتتى ـ دە ، ئۇ بۇ دۇنيادا يوق بولغان بولاتتى . تەقدىر ئۇنىڭغا يان باستى ، قانداقتۇر بىر يوشۇرۇن كۈچ ئۇنى قوغداپ قالدى . هايات يەنە ئۇنى ئۆز قويىنىغا ئالدى . ئۇ مانا تەستە ماڭسىمۇ ، ماڭغاندا كۆكرىكى ئاغرىپ تۇرسىمۇ ، بۇرۇنقى چەبدەسلىكى ئۇنىڭدىن يىراقلاشقان بولسىمۇ يەنە هايات . ئۇ سۆزلىيەلەيدۇ ، ئويلىيالايدۇ ، ئارزۇ قىلالايدۇ . ئۇ قىزنىڭ قولىنى قىسىپ قويدى ـ دە :

— دادىڭىزغا كۆپ رەھمەت ، ئۆز دادام ماڭا قىلىشنى تەقدىر قىلىپمۇ ئاسراپ قالالمىغان بولاتتى ! — دېۋىدى ، قىز ئۇنى بوش چىمدىپ قويدى .

— ئۆز دادام دەۋەرمەڭە ، مېنىڭ دادام سىزگە تېخىلا ياتمۇ ؟ دادام سىزنى ئۆز ئوغلى ھېسابلىۋالغىلى خېلى بولدى ، ئاپامنى شۇ . كۈلدە تام بولماس ، كويئوغۇل بالا ، دېگەن سۆز بار ـ ھە ، بىز ئۇيغۇرلار قاچانغىچە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىزلىرىنىلا دەسسەپ ماڭىمىز . سىز مانا دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار مەدەنىيەتكە ئىنتىلىۋاتقان بىر ياش تۇرۇپ يەنە شۇ ئىزغا دەسسەۋاتىسىز !

— مۇنازىرە قىلىشقۇدەك ھالىم يوق ، زەيتۇنە ، ماقۇل ئەمسە دادىڭىزنى ئاكا دەي ، ئىسمىنى قوشمايلا ئاكام دېسەمغۇ رازى

www.uyghurkitap.com

بولارسىز ؟

— ياق ، دادا دەڭ !

— ياۋروپالىقلار ئىسمىنى ئاتايدىكەنغۇ ، ئاكا دېسەممۇ ، دادا دېسەممۇ يەنە كونا ئىزغا دەسسىگەن بولىمەن !

— ھى - ھى… ماقۇل ، ئاكا دەڭ ، ھە ئاپامنىچۇ ؟

— ھەدە دەي .

— مېنىچۇ ؟ — قىز تولىمۇ چىرايلىق كۆزلىرى بىلەن نۇرغا تۆۋەندىن يۇقىرىغا قايرىلىپ قادالدى .

— سىز … جېنىم !…

— ياق ! — قىز ئەركىلەپ دومسايدى .

— زەيتۇنە ئابلايېۋنا زىياۋۇدۇنوۋا !

— ھا - ھا - ھا !… — قىز ئىككىنچى قەۋەتنىڭ پەلەمپىيىدىن چىقىۋېتىپ شۇنداق قاقاقلاپ كۈلدىكى ، خۇددى چېركاۋ قوڭغۇرىقى تۇيۇقسىز ، رىتىمسىز چېلىنغاندەك بىنانىڭ ئۇستىدىكى چېدىرنىڭ دېرىزىلىرىدىن كەپتەرلەر چۈچۈپ ئۇچۇپ چىقىشتى . زىلۋاغىنا كەلگەن ، چىرايلىق پولەك خىزمەتچى ئايال قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ قىزغا ماسلىشىپ كۈلدى :

— ئاھاي ، زىياۋۇدۇنوف تى پرشول ، گولۇبى پوۋسېي موسكۋى ئوبياۋىيات : ئۇيگۇرسكىي گېروي بېز سىمېرتنىي[1] !

رۇس - ياۋروپا كىتابلىرىدىلا تەسۋىرلەنگەن گراف ، كىنەز ، بارىنلار ھاياتى نۇرىنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى . تاملارغا ئەڭ داڭلىق رەسساملار سىزغان رەسىملەر ئېسىلغان . چوڭ پىئانىنو ، نەقىشلىك ، ئېگىز يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقلار ، قېلىن ، رومانتىكا سىڭدۈرۈلگەن گىلەم ، كرېسلولار ، ياتاق ئۆيدىكى كەڭ ، ئىككى بېشى ئېگىز ، ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن ، بالداق - توپچىلىرىغا گۈل چېكىلگەن ئېسىل كارىۋات ، ئۆينىڭ دېرىزە گىرۋەكلىرىگە گەجدىن چىقىرىلغان گۈل نەقىشلەر نۇرىنىڭ خىيالىدىلا بار ئىدى ، مانا

---

[1] ئوھۇي زىياۋۇدۇنوف ، سەن كەلدىڭ ، كەپتەرلەر پۈتكۈل موسكۋاغا ئۇيغۇر باتۇرى ئۆلمەيدۇ دەپ جاكارلىماقتا !

هازىر كۆز ئالدىدا ، ئۇ شۇنداق ئۆيدە ئولتۇرماقتا . چاي ئورنىغا قەھۋە ، چوكا ئورنىغا ئارا - پىچاق ، تېخى تاماق يېگەندە تارتىلىدىغان شالدامىلىرچۇ ؟ كەچتە پولەك ئايال نورنى چوڭ ۋانىغا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ خۇددى بوۋاقنى يۇغاندەك ئەركىلىتىپ ، سىلاپ - سىيپاپ يۇيۇپ قويدى . بىرلا ئاشقازان ھەزىم قىلىش بەزلىرىدىن باشقا ئورگانلىرىنىڭ ھەممە ئىشىنى باشقىلار قىلىپ بېرىدىغان بۇ خىل ھايات نورىغا غەلىتە ، كېيىن يات ۋە ھەتتا يىرگىنچلىك تۇيۇلۇشقا باشلىدى . ئۇ يۇمشاق لۆم - لۆم كارىۋاتتا يېتىپ كىيىملىرى بىلەنلا مۇز ئاستىدا ، بورانلىق قوم دۆۋىلىرى يېنىدا ، ھەتتا پاتقاقلىق سازلىقتا كىيىم - كېچەك بىلەن يېتىپ دىر - دىر تىترىگەن چاغلىرىنى ، مەھەللىسىدىكى گۈللىرى ئۆچكەن ، يىرتىق كىگىزنىڭ يېرىمىنى ئاستىغا سېلىپ ، يېرىمىنى يېپىنىپ ، قەغەزلىرى يىرتىلغان شالالىق پەنجىرىگە يەڭلىكنى نوغۇچ بىلەن تىرەپ قويۇپ ئاچچىق قىش شاماللىرىدىن دالداقايدىغان دېھقانلارنى ، خىتاي بازىرى ، تەختىيۇن مەھەللىلىرىدىكى ئاشخانىلارنىڭ ئالدىدا ئۆچكەن قوقاسقا مەيدىسىنى قاقلاپ ، جۇل - جۇل كىيىملىرى ئىچىدە بەدىنىنى قاساپ ئارام بەرمەيۋاتقان بەدەن پاسكىنچىلىقىنىڭ مەھسۇلى بولغان پىتلىشىشنىڭ دەستىدىن ھېلىدىن - ھېلىغا تولغىنىپ ، قىمىرلاپ ئولتۇرۇشقان پېتىمچىلەرنى ، قەھرىتان قىشتا يىرتىق - يالاڭ ئىشتىنى بىلەن يوغان ، ئەسكى پىيما - چورۇقلارنى سۆرىشىپ ئىككى تال دەپتىرى بىلەن ئىككى تال ئوتۇننى قولتۇقىغا قىسىپ ئالدىراپ مەكتەپكە كېتىۋاتقان نامرات دېھقان باللىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى . شۇ مۇشەققەت بىلەن ئېلىشىۋاتقان بىچارىلەرنىڭ ھەممىسىلا راھەت ، غەمسىز باياشات ھاياتقا ئىنتىزار . قولىغا قورال ئېلىپ جانلىرىنى ئاتاپ ئىنقىلاب قىلغانلار شۇ ئىنتىزارلىققا تەلپۈنگەنلەرنىڭ ۋەكىللىرى ئىدىغۇ ، تەلپۈنگەنلەر نېمىگە ئېرىشەلىدى ، ۋەكىللىرىنىڭ ھالى قانچىلىك ؟ بىر تال ئوق ئاتماي ، بىر قېتىممۇ زەي يەردە ياتماي مەنسەپ ، بايلىق ۋە ھوقۇققا

ئېرىشىۋالغانلار ھېلىقى ئىنتىزار تەبىقىنى بەلكى ئاللىقاچان ئۇنتۇغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداقلارنى كۆرسە بەلكى يىرگىنىپ تەتۈر قاراپ «شورىڭ قۇرىسۇن!» دەپ تىللاپ قويۇشى مۇمكىن. ھەتتا ئۆز پېشانىسىنىڭ ئوڭ كەلگەنلىكىدە ئاشۇنداقلارنىڭ تۆككەن قانلىرى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانلىقىنى ئىنكار قىلىپ، ھەممىنى ئۆزۈم ياراتقان دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇشى مۇمكىن.

ئەخمەتجان مۇئاۋىن رەئىس، ئابدۇكېرىم ئابباسوف مۇئاۋىن باش كاتىپ، سەيپىدىن نازىر، رەخىمجان سابىر ھاجىيوفمۇ مۇئاۋىن نازىر. ئەخمەتجان جاپا - مۇشەققەتنىڭ قوچىقىدا پىشقان، ئۆزىنى خەلققە بېغىشلىغان قەيسەر ئادەم، ئابباسوفچۇ؟ ئۇ نۇرىغا ئىمىشقا ئۆچمەنلىك بىلەن قارىدى ياكى ئۇ نۇرنىڭ رەقىبلىرىنىڭ ئىغۋا - ئۆسەكلىرىگە ئىشىنىپ قالدىمۇ! غېنى باتۇر بىلەن پاتىخ ھايات پەلسەپىسىنىڭ نۇرغۇن سىرلىرىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار غالىبلار غەلىبە مېۋىسىنىڭ خوجىسى بولۇشى كېرەك، دەيدىغان چۈشەنچىنىڭ قوللىغۇچىلىرى. ئۇلار ئۈچۈن ۋەتەن، خەلق، مىللەت، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، دېموكراتىيە دېگەنلەر بىرلا مەنىدىكى سۆز، يەنى يېڭىش - يېڭىلىش دېگەن سۆزلەرنىڭ تارماقلىرى. يەڭگەنلەر ھەممىگە ئىگە، يېڭىلگەنلەر ھەممىدىن مەھرۇم...

نۇرى يېرىم كېچىدە قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈپ ئويغىنىپ كەتتى. چۈشىدە ئۇ دېڭىزدا پاراخوت پالۇبىسىدا كېتىۋاتقاندا، تاغدەك بىر دولقۇن تۇيۇقسىزلا دېڭىزدىن كۆتۈرۈلۈپ ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشۈۋاتقۇدەك... ئۇ چۆچۈپ ئويغاندى.

— چۈشكەن بولسا مەن يوق بولاتتىم! — دېدى ئۇ دۈپۈلدەپ ئۇرۇۋاتقان يۈرىكىگە يوغان ئالىقانلىرىنى قويۇپ، — بۇ نېمە كارامەت!

ئەتىسى ئائىلە باي ئاكىسى قىزى بىلەن «ئوغلى»نى مۇسكۇۋىچ ماشىنىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ موسكۋانى ئايلاندۇردى. ئۇلار سۆسەر ياقىلىق جۇۋا، قۇندۇز تېرىسىدىن تىكىلگەن قولاقچا كىيىشكەن،

موسكۋا — بۇ غالىب شەھەرنىڭ مودا قوغلىشىدىغان يۇقرالىرى بىلەن ئوخشاش بولۇۋالغانىدى .

— نېمىنى خالىسىڭىز شۇنى كۆرسىتىمەن ، نەدە توختايمەن دېسىڭىز شۇ يەردە توختايمەن ! — دېدى ئابلا باي شوپۇرنىڭ يېنىدا ئالدىدا ئولتۇرۇپ ، — سىلەرنىڭ خۇشاللىقىڭلار مېنىڭ خۇشاللىقىم . بالام نورمۇھەممەت ، مەن بىر سودىگەر . دۆلەت ، مىللەت ئىشلىرىنى سودامدىن ئۇستۇن بىلمەيمەن . يۇڭ - تېرە ، پاختا ، يەل - يېمىشلىرىمىز تولىمۇ ئەرزان ، ياۋروپا بازارلىرىغا يۆتكەلسىلا بىرگە ئون قوشۇلىدۇ ، بۇ ياقتىن رەخت ، سانائەت بۇيۇملىرى ۋە پولات ماتېرىياللىرى ئاپىرىمىز ، ئاپارسىلا بىرگە تۆت - بەش قونىدۇ . بىر قېتىملىق ئوبوروتتا بىر سوم پۇل يىگىرمە بىر - يىگىرمە ئىككى سوم بولىدۇ . پۇل - دۇنيا كۆپىيىۋېرىدۇ . توختاملاشقان ئىش . غۇلجا ، چۆچەك ، قەشقەر ، ئاقسۇلاردا كانتورلىرىم بار . قولۇمدا ئىككى يۈزدىن جىق خىزمەتچىم بار . مۇشۇ تىجارەت بىلەن ئىككى يۈز نەچچە ئۆينى قامداۋاتىمەن ، قالغىنىنى ئۆزىڭىز بىلىسىز ، قىسقىسى ، مەنمۇ ئۆز ئالدىغا بىر جەمئىيەت ، بىر دۇنيا . ئالمۇتا ، بىشكەك ، تاشكەنت ، سەمەرقەنت ، موسكۋا ، ئىستانبول ، قاھىرە ، پارىژ ، لوندونلاردا كانتورلىرىم ، سەككىز شەھەردە جايىم بار . ئوغلۇم ، مەن سىزدەك بىر ئەقىللىق يىگىتنى ئۆزۈمگە ئورۇنباسار قىلىپ يېتىشتۈرۈشنى ئارزۇ قىلاتتىم . سىزنى ماڭا خۇدايىم يەتكۈزدى .

— دادام ئەمدى ئامېرىكا ، كانادالارغا كىرىشكە ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ .

— شۇنداق . پىلانلىرىم چوڭ . ياۋروپادىن غۇلجىغا تۆمۈريول ئاپارماقچىمەن . شىنجاڭدا كۆمۈر ، نېفىت ، ئالتۇن زاپىسى ئىنتايىن مولكەن . بۇنداق بايلىق باشقا ھېچقانداق يەردە يوق دېيىشىدۇ . مەن مۇشۇ كۆمۈلۈپ ياتقان بايلىقنى ياۋروپا بازىرىغا ئەكىرمەكچىمەن !

www.uyghurkitap.com

— نىيەت ، پىلانلىرىڭىز تولىمۇ ياخشىكەن ، سىز دېگەندەك بولسىلا خەلقىمىز سىزدىن كۆپ رازى بولىدۇ . ئاكا !

— خەلق دېدىڭىزما ؟ مەن كەمبەغەللەرگە ھەر يىلى بىرنەچچە يۈز مىڭ دوللارلىق خەير ـ ئېھسان ، ئۆشرە ـ زاكات تارقىتىمەن . ئەمما ، چوڭراق ئىش قىلىش پىلانىممۇ بار . بىر پەن ـ تېخنىكا مەكتىپى قۇرساق دېگەن پىلانىم بار . بۇ ئىشقا سىزنى تەكلىپ قىلماقچىمەن . ئېلېكتر سانائىتى ، كانچىلىق سانائىتى ، ماشىنىسازلىق سانائىتى مۇشۇ كەسىپ بويىچە تېخنىكلاردىن ئىككى ـ ئۈچ يۈز ئادەم تەربىيىلەپ چىقىشنى ئويلاۋاتىمەن . مۇئەللىملەرنى رۇسىيىدىن ، ياق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تەكلىپ قىلساق ، قاراڭا ، لومونوسوفنىڭ ھەيكىلى ، موسكۋادا تۇنجى ئۇنىۋېرسىتېتنى مۇشۇ لومونوسوف گېرمانىيىدىن ئوقۇپ كېلىپ قۇرغاندى . چوڭ ئىشلار شەخسنىڭ قولىدىن باشلىنىدۇ زادى . قاراڭا ، لومونوسوف قانداق مەغرۇر تۇرىدۇ ـ ھە ؟ ئۇ قالاق رۇسىيىنى ئىلىم ـ پەن دۇنياسىغا يېتەكلىگەن ئۇلۇغ ئادەم !

— شۇنداق ، — دېدى نۇرى خىيال سۈرۈپ ، — ئىلىم ـ پەن تەرەققىي قىلمىسا خەلق تۇرمۇشى ئۆزگەرمەيدۇ ، خەلق ھەقىقىي بەخت ، ئەڭ گۈزەل تۇرمۇش بىلەن مەڭگۈ ئۇچرىشالمايدۇ ! قوراللىق ئىنقىلاب بىر ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇش رولىنىلا ئوينايدۇ . بىر ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇشتىكى مەقسەت بىر نەچچە كىشىنىڭ ياكى بىر گۇرۇھنىڭ مەنپەئەت ـ پايدىسى ئۈچۈنلا بولۇپ قالسا بۇنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ . خەلق تۇرمۇشىدا ئۆزگىرىش بولۇشى كېرەك . بىزنىڭ خەلقىمىزمۇ مۇنۇ سوۋېت خەلقلىرىدەك ماشىنىدا ئولتۇرۇشى ، پويىزغا چۈشۈشى ، ئايروپىلاندا يول مېڭىشى ، يەر تېرىش ، ئورۇش ، سۇغىرىشتا ئادەم كۈچى ئەمەس ، ماشىنا ئىشلىتىشى ، ياخشى يېيىشى ، ياخشى كىيىشى ، خاتىرجەم ياشىشى كېرەك . قاراڭ ، مەن موسكۋادا ھېچنەدە دىۋانە ، يېتىمچىلارنى كۆرمىدىم .

ھەممىلا ئادەم ياخشى كىيگەن، روھلۇق ـ تېتىك! جۇل ـ جۇل كىيىملىك ئادەم ئۇچراتمىدىم. لومونوسوف نامىدىكى موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتى، پەنلەر ئاكادېمىيىسى، بولشوي تىياترى، ئىنستىتۇت، تېخنىكوم، تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ كۆپلۈكى، مەكتەپلەردىن چىقىۋاتقان خۇشال، مەغرۇر رۇس باللىرى!... ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرىدۇ. بىز قاچان بۇنداق كۈنگە ئېرىشىمىز؟ قالاق ـ قەدىمي تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنىڭ جاپالىقلىقى، قالاقلىقى، پىكىر قىلىشنىڭ ئاددىيلىقى، تۇرمۇش شەكلىنىڭ قاتمال، چەكلەنگەن، ياۋايىسىمان بولۇشى ئادەمنى ئېچىندۇرىدۇ. بىز ئويغانغان ھەربىر ۋىجدان ئىگىلىرى شۇ رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشكە بەل باغلىمىساق، ھاياتىمىزنى مۇشۇ قالاقلىقنى ئۆزگەرتىش كۈرىشىگە بېغىشلىمىساق بىزنىڭ ياشىغىنىمىزنىڭ قىممەت ـ ئەھمىيىتى نېمە بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئاۋازى تىترىدى، ئابلا باي ئۇنىڭغا قايرىلىپ قارىدى، زەينۇنە ئۇنىڭ بىلىكىنى ئاستا قىسىپ قويدى.

— قاراڭا ئاۋۇ ئاياللارنىڭ ئەركىن، كۈلۈپ يۈرۈشلىرىنى! — دېدى ئابلا باي بىر ماگىزىندىن قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ چىقىۋاتقان، كەشمىر ياغلىق، دوخاۋا پەلتو كىيىشكەن قارا كۆز، قارا چاچ چىرايلىق، ياش ئاياللارنى كۆرسىتىپ، — تۈركمەن ئاياللار، ئاۋۇ بەللىرىنى باغلاپ، باشلىرىغا تۆپە كىيىۋالغانلار ئۆزبېكلار، ئۇلار بۇ يەرگە ساياھەت قىلىپ كېلىدۇ. دۇنيانىڭ نەرگە بارسىڭىز «شۇنەقە، ئۇنەقە» دېيىشىپ ئۆزبېك ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇرلارمۇ بار. تولىسى ئاتۇشلۇقلار، لېكىن سانى ئاز!...

ئۇلار كۈلۈشتى. ئابلا باي ئۆز پىلانلىرىنى قايتا ـ سۆزلىدى. ئۇلار موسكۋانى چارچىغۇچە كۆردى. كۆرگەنسېرى نۇرىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى. چۈنكى، ھەربىر يەر، ھەربىر خۇشال ـ خۇرام پۇقرا ۋە ھەربىر زامانىۋى ئىلىم ـ پەننىڭ نەمۇنىسىنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ يادىغا ئاشۇ يىراقتا — ئىلى دەرياسى بويىدىكى جىمجىت، شاۋقۇن ـ سۈرەنسىز يېزىلاردا سامان ـ

مەڭگەن ، ئوت ـ چۆپ بىلەن ھەپىلىشىپ كۆرەك جۇۋا ، ياماق چەكمەن ، پۇرۇم چورۇق بىلەن تامغا يۆلىنىپ ، تەپتى ئاجىزلاشقان قۇياشتىن لەززەت ئېلىش كويىدا ئولتۇرۇشقان دېھقانلار كېلەتتى . ئۇلارنىڭ ھاياتتىن قىلىدىغان تەمەسىمۇ ئۇچىسىدىكى كىيىملىرىدەك ئاددىي : ئاچ قالمىسىلا ، توڭلاپ قالمىسىلا ، تاياق ۋە ھاقارەتكە يولۇقۇپ قالمىسىلا ئۇلار ئۆزلىرىنى بەختلىك ھېسابلايدۇ . «كەمبەغەلنىڭ بىر تويغىنى باي بولغىنى» ، «دۇمبىسى ئاپتاپ كۆردى» دېگەن سۆزلەرنى شۇلار ئىجاد قىلغان . ھايات ئۆزگەرتكىلى بولىدىغان ئېتىزغا ئوخشاش بوز يەر دېسە ئۇلار ئىشەنمەيدۇ ، يارىلىش ـ يارالمىش ئۇلارنىڭ ئىشى ئەمەس ، ئىلاھىي كۈچلا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ، تەقدىرىگە كېپىللىك قىلالايدۇ ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى بىرلا — ھاياتنىڭ مۇشۇ تۇرقىنى ، ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ ئورنىنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىش ، مەيلى نامراتلىق ، ئاچارچىلىق بولسىمۇ ، ھەتتا ئاسماندىن تاش ـ توپا ياغسىمۇ دەسسەپ تۇرۇۋاتقان ئانا تۇپراقنى مەھكەم باغرىغا بېسىپ ، ياراتقان ئىگىسىگە رەھمەت ئېيتىش ، ھاياتقا شۈكۈر قىلىش ، چەكسىز چىداملىق ، قانائەت ۋە شۈكۈرچانلىق ئۇلارنىڭ پەزىلەت ـ گۈزەللىكى ، روھىي بايلىقى . مەيلى ئۇلار بىرىگە قۇل بولۇپ قالسىمۇ ئاشۇ بايلىقى بىلەن ئۆزىنى مەغرۇر تۇتىدۇ ، غالىب ۋە خوجايىن ھېسابلايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا دۇنيا گۈزەللىكى ئۆز ئانا يۇرتى — تۇغۇلغان يېرى ، دۇنيادا ئۇنىڭ مەھەللىسىدەك گۈزەل ماكان يوق . مەھەللىسىلا كەم ـ كۈتىسىز ، تەلتۆكۈس ئورۇن ، باشقا يەرلەرنىڭ بىر يېرى كەلسە بىر يېرى كەمتۈك ، ھامان بىر يېرى شۇ مەھەللىسىگە يېتەلمەيدۇ . ھايات شۇ مەھەللە ، گۈزەللىك ئاشۇ ماكان ، غايە — شۇ ماكانىنى قۇچاقلاپ يېتىش !...»

موسكۋا تەسىراتلىرى نۇرنى خۇشال قىلىشنىڭ ئورنىغا مەيۇسلەندۈرۈپ قويدى . ئۇ تېخىمۇ كەم سۆز ، خىيالچان ، غەمكىن بولۇپ قالدى .

— كىمنى ئويلاۋاتىسىز، نۇرى؟ — دېدى باياتىن بالكوندا قار باسقان قويۇق ھەيۋەتلىك قەدىمىي دەرەخلەرنى كۆرسىتىپ، پۇتىغا پىيىما، بېشىغا قاما قولاقچا ۋە ئۇچىسىغا بۇلغۇن تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا كىيىپ يېنىدا — يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا جىمجىت ئولتۇرغان زەيتۇنە نۇرىنىڭ مۇرىسىگە بېشىنى ئاستا قويۇپ، — سىزگە بۇ يەردىن ماناس دەرياسى بويى كۆڭۈللۈكقۇ دەيمەن؟ — قىزنىڭ زىل، نازۇك ئاۋازىدا يوشۇرۇن نارازىلىق بار ئىدى.

— ھەممە ئىش نىسپىي بولىدۇ، زەيتۇنە. راھەت - پاراغەت ئىزدىگۈچىلەرگە بۇ يەر كۆڭۈللۈك. مېنىڭ ئىزدىگىنىم نېمە، سىز ئۇنى بىلىسىز.

— سىز ئاكوپتا يېتىشنى، قارغا مىلىنىپ ئۆمىلەپ مېڭىشنى ئارزۇ قىلىسىز. سىز پاۋېل كورچاگىن، سىز مۇشەققەتتىن ھۇزۇرلىنىسىز. مەن سىزگە مەڭگۈ ماسلىشالمايمەن. لېكىن، نەخلىيۇدوف ماسلوۋاغا ئەگىشىپ سىبىرىيىگە ماڭغاندەك، سىزگە ئەگىشىپ ماناس بويىغا قايتىشقا تەييارمەن. سىزگە روھىي ھەمراھ بولالمايمەن، لېكىن سايىڭىز بولالايمەن، نۇرى، مەن پەقەت سىزنىڭ ئالدىڭىزدىلا ئاجىز، بىچارىمەن. باشقا ھەممە يەردە، مەن ھەممە ئادەمدىن ئۆزۈمنى ئۈستۈن تۇتالايمەن! مېنى پەسلەشتۈرگەنمۇ، ماڭا قوشۇپ ئابلا بايدەك مەغرۇر ئادەم — مېنىڭ دادامنىمۇ باشقىلارغا يېلىنىدىغان، بىچارە قىلىپ قويغانمۇ، ئاشۇ تەلۋە مۇھەببەت! مۇھەببەتكە قۇل بولغان ئادەم ئەڭ بىچارە، ئاجىز بولىدىكەن... سىزنى كۆرمىگەن ھەرقانداق كۈنۈم مەن ئۈچۈن بىر قارا كۈن. مېنى بىچارە داداملا چۈشىنىدۇ. راست گەپنى ئېيتسام، ئاپام سىزنى ياقتۇرمايدۇ، قىزىمنىڭ خىلى ئەمەس دەپ قارايدۇ. لېكىن ئۇنىڭمۇ ئەس - يادى يالغۇز قىزىنى بەختلىك قىلىش، شۇنىڭ ئۈچۈن سىز ئاپام ئۈچۈنمۇ قىممەتلىك! ماقۇل. ماناس بويىغا قايتايلى، لېكىن سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن — يەنە ئىككى - ئۈچ ئايدىن كېيىن!

www.uyghurkitap.com

— قىز ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىدى . ئۇ ئۇنىڭ بېشىنى كۆكرىكىگە قويدى ، ياخشى كۆرىدىغان ئۇسۇلى بىلەن قىزنىڭ يۈزىنى ئۆزىگە قاراتتى . قىزنىڭ لەۋلىرى ئۇمچەيگەندە تولىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىدىكەن ، ياشلىق كۆزلىرى — ئۇزۇن ، قاپقارا كىرپىكلىرىدە مۆلدۈردەك يالتىراپ تۇرغان ياش تامچىلىرى ئۇنىڭغا تىل بىلەن ئىپادە قىلغىلى بولمايدىغان يۈرەك ئارزۇسىنى ئۈن ـ تىنسىز چۈشەندۈرۈپ بەرمەكتە ئىدى : «قىز بەختى يىگىت !» دېگەن ھەقىقەت ھەممە يەرگە يېزىلغاندەك ، ھەممىلا ئادەم ، ھەتتا قاردىن كىمخاب كىيگەن موسكۋا ۋە ئۇنىڭ گۈزەل ، قەدىمىي دەرەخلىرىمۇ «قىزنى قىينىماقتا !» دەپ ۋاقىراۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى . ئۇ قىزغا شادلىق ئىنئام قىلدى : لەۋلىرىنى قىزنىڭ تىترەپ تۇرغان نازۇك ، ئالۇچىدەك قىزىل لەۋلىرىگە تەگكۈزدى...

ئۇنىڭ دەرمانسىز بەدىنىدە ھايات لەززىتىنىڭ ئالىي ئىنكاسى جىنسىي ئويغىنىش پەيدا بولدى . بۇ خىل ئويغىنىش يىگىتلەرنى مەست قىلىدۇ ، ئەسەبىيلەشتۈرىدۇ ، ئەقىل تورمۇزىنى باشقۇرالماس قىلىدۇ ، ھەتتا تەلۋە ـ قارام قىلىۋېتىدۇ...

سۆيۈش ئۇزاققا داۋاملاشتى . ئۇنىڭ يۈرىكىدىن تارقالغان شېرىن ئېقىم بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىگە تارقىلىپ روھىي ئىستەك جىسمانىي ئويغىنىشقا ئايلانماقتا ئىدى... ئۇ قىزنىڭ بويۇن ، قۇلاقلىرىغا سۆيۈپ تۇرۇپ :

— بۈگۈن مېنىڭ ياتىقىمدا قونۇپ... — دېۋىدى ، قىز ئۇنىڭ ئاغزىنى ئالىقىنى بىلەن تۇتۇۋېلىپ :

— ياق ! — دېدى .

— نېمىشقا ؟

— بولمايدۇ ! — قىز چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇتلۇك ۋارقىرىدى :

— بۈگۈن موسكۋانىڭ تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن يىگىرمە تۆت گرادۇس ، يۈرۈك كىرىپ كېتەيلى !

— مۇشۇ تۇرقىدا شىخو ، ماناسلارنىڭ ئىمپېراتورىسى نۆلدىن تۆۋەن ئوتتۇز بەش گرادۇس ! — دېدى نۇرى كۈلۈپ قويۇپ ، — مەن سوغۇقتىن قورقمايدىغان بولدۇم . ئالتاي ، كۆكتوقاينىڭ سوغۇقى قانچىلىككىن ؟
— قورقماڭ ، پەرىخە توڭلاپ قالمايدۇ !
— كۈنچى قىز !
— شۇنداق بولمايچۇ ؟ ھاۋا ئانىمىزدىن باشقا ھەممە ئايال كۈنچى . بۇۋى مەريەم ئانىمىز چىغىدا ئۆزى بىلمەيدىغان ، كۆرمىگەن ئېرىنى شەيتاندىن كۈنلىگەن ، ھى - ھى - ھى !...
1947 - يىلىنىڭ يانۋار ئېيىدا ئۇرۇمچى ، غۇلجا ھەتتا نەنجىڭ ، يەنئەنلەردە بولۇۋاتقان ئىشلارنى ئۇلار ئوتتۇرلۇق بىلىپ تۇراتتى : غۇلجىدا ھېكىمبەگ غوجا — مېھرىبان ، تۇز كۆڭۈل بوۋاي ۋالىي بولۇپ ھوقۇق تۇتقان : قىش پەسلى مەشرەپ ، ئولتۇرۇش پەسلى ، يۇقىرى - تۆۋەن ، باي - گاداي ئۆز خىللىرى بىلەن «قاراڭغۇ قىش»نى مەشرەپ بىلەن ئۆتكۈزمەكتە . ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىرى ھازىر نەنجىڭدا . ئۇرۇمچىدە گومىنداڭچىلار قۇترىغان . ئىشەنچلىك خەۋەرلەردىن قارىغاندا ، داڭ بېگاڭ ئىسىملىك ئامانلىق ساقلاش گارنىزونىنىڭ قوماندانى يېڭىدىن كەلگەن گېنېرال سۇڭ شىلىيەنگە ماسلىشىپ ئۇرۇمچىدە ئىلى ئىنقىلابىغا قارشى پائالىيەت ئېلىپ بارماقتا .
«ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىدە ئالتايدىكى ئوسماننىڭ ئاشكارا ئاسىيلىق قىلىپ ، باندىتلىق قىلىۋاتقانلىقى خەۋەر قىلىنغان . گەرچە جاڭ جىجۇڭ قۇرۇلۇش ، گۈللىنىش ، يەر ئېچىش ، كىتابخانا ، دوختۇرخانا قۇرۇشقا ئوخشاش ئىشلارغا كىرىشكەن بولسىمۇ ، ئالتايدىكى ئوسماننى ئىشقا سېلىشنى توختاتمىغان . مۇشۇ 1947 - يىلى يانۋاردىلا قاباس تىركەش ئىككى يۈزدىن ئارتۇق قوراللىق ئادىمىنى باشلاپ سارسۇمبە ناھىيىسىنىڭ جوساتى ، شىبەتى دېگەن يەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ بىگۇناھ خەلقنى بۇلاپ - تالىغان . قوماندانلىق شتاب تۆت روتا

ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۇلارغا زەربە بېرىشكە ئاتلانغان . ئىككى سائەتتەك ئۇرۇش بولۇپ ئىزۋوت كوماندىرى توختىيوف بەش جەڭچى بىلەن قۇربان بولغان . قاباسلار چېكىنگەن ، لېكىن ئارمىيىگە زىيان خېلى چوڭ بولغان . توختىيوفنى نۇرى تونۇيدۇ ، خۇش چاقچاق ، قاۋۇل يىگىت ئىدى ، ھەي ئىست !... نەنجىڭدا ئېچىلغان سىياسىي كېڭەش يىغىنىدا جياڭ جيېشى پۈتۈن دۇنياغا ئۆزىنىڭ تىنچلىق ، دېموكراتىيە ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكى ، ھېلىھەم تىرىشىۋاتقانلىقىنى ئېلان قىلدى ، ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق شىنجاڭ قوزغىلاڭچىلار ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلدى . ئەخمەتجان قاسىمى «ئالىي مۇختارىيەت»نى ئىشقا ئاشۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى . جياڭ جيېشى ماقۇل كۆردى ، لېكىن ئارقىدىنلا جياڭ جىڭگو شاۋ لىزى ، جاڭ جىجۇڭ ، چېن چېڭ قاتارلىق دىپلوماتلارنى ئەۋەتىپ دۆلەت ئارمىيىسىنى چېكىندۈرۈپ ئاچىقىپ كېتىش ، بانكا قۇرۇش ، شەرق بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە قىلىشقا ئوخشاش تەكلىپلىرىنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلدى . ئابدۇكېرىم ئابباسوفمۇ نەنجىڭدا ئاكتىپ رول ئويناۋېتىپتەك !

ئەخمەتجان قاسىمى ھازىر ئۇيغۇرلاردىن چىققان بىرىنچى نومۇرلۇق سىياسەتچى بولۇپ قالدى . نۇرى بۇ ئىشقا خۇشال بولدى . ئۇ ئەخمەتجان توغرىسىدا موسكۋادا تېخىمۇ جىق بىلىملەرگە ئىگە بولدى . شەرق سوتسىيالىستىك ئەمگەكچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ ئەخمەتجان ياتقان ياتاق ، ئوقۇغان سىنىپلارنى كۆردى . ئەخمەتجاننىڭ ئىزىنى بېسىپ پۈتۈن ۋاقتىنى ئۆگىنىشكە سەرپ قىلدى : ئۇ ھازىر كۈنىگە قىرىق سۆز يادلاپ رۇس تىلى ئۆگەنمەكتە . ماركس ئۈچ ئاي ئۆگىنىپ رۇس تىلىدىن ساۋات چىقارغانىكەن ، نۇرى نېمىشقا شۇنداق قىلالمايدىكەن ؟

ئۇنىڭ كۈنلىرى رۇس تىلى ئۆگىنىش بىلەن بىلىنمەي ، كۆڭۈللۈك ئۆتۈشكە باشلىدى . ئۇ ئۆگەنگەنلىرىنى ئىشلىتىش ئۈچۈن ھەر كۈنى پولەك ئايال ۋە قورۇ خىزمەتچىلىرى بىلەن سۆزلىشەتتى . يېگىرمە كۈن ئۆتەر - ئۆتمەي ئۇنىڭ بەدىنىدە كۈچ



www.uyghurkitap.com

پەيدا بولۇپ، يۈرىكىدە ياشلىق ھەۋەسلىرى ئويغىنىشقا باشلىدى. ئۇ بەزىدە شېئىر يازاتتى، بەزىدە ناخشا ئېيتاتتى، بەزىدە زەيتۇنەنى چىڭ قۇچاقلىۋېلىپ كارۋىتىغا سۆرەپمۇ باقاتتى. لېكىن، قىز ئۇنىڭ رايىغا باقمايتتى. قىز ھاۋا ئىللىغان، موسكۋا ئاسمىنىدا ئاق بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرگەن كۈنى ئۇنىڭ بوينىغا ئىككى قولىنى سېلىپ تۇرۇپ:

— توي قىلايلى، نۇرى! — دېدى. نۇرى ئۇنىڭ بېلىدىن چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

— ماقۇل، لېكىن غۇلجىغا بارايلى! — دېدى.

قىز خۇشال بولۇپ نۇرىنىڭ پاكىز قىرىلغان يۈزىگە ئەسەبىيلىك بىلەن سۆيدى.

ئۇلار ئىككى كۈندىن كېيىن ئالمۇتىغا كەلدى. ئالمۇتىدا ئابلا باينىڭ يەنە بىر بۆك - باراقسانلىق باغ ئىچىگە جايلاشقان قورۇسى بار ئىدى. بۇ قورۇدا نۇرىنى ئابلا باي ئالمۇتىدىكى ئۇيغۇر شائىرلىرى ۋە مۇزىكانتلىرى بىلەن ئۇچراشتۇردى. ئالمۇتىدا سۆيۈملۈك شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنى خاتىرىلەپ كاتتا يىغىن ئۆتكۈزۈلدى. ئابلا باي ئۇنى خۇش قىلىش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەنلىكى ئىشنى قىلدى. ئۇ قىزىنىڭ دومسىيىپ يۈرۈشنى خالىمايتتى. ئۇنىڭ خۇشاللىقى يالغۇز قىزىنىڭ خۇشاللىقى ئىدى. پەرزەنت ئۈچۈن ھەممىنى قۇربان قىلىشقا تەييار ئاتىنىڭ پىداكارلىقى نۇرىغا تەسىر قىلدى. ئۇ باشقىلارنىڭ «مانا نۇرىمۇ دۆلەتكە ئېرىشتى. ئۇمۇ ئەمدى چەتكە چىقىدۇ» دەيدىغان تەنلىرىگە پىسەنت قىلماستىن، دادىسىنىڭ: «بىچارە پەرىخەگە يۈزسىزلىك قىلدىڭ!» دەپ ئەيىبلىشىگە، پەرىخەنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ھايات يولىنىڭ پاجىئەلىك بولۇشىغا پەرۋا قىلماستىن، رېئاللىق ئالدىدىكى ۋىجدان بۇيرۇقىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشنى قارار قىلدى: ئۇ زەيتۇنە بىلەن توي قىلىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇلار غۇلجىغا ماشىنا بىلەن كەلدى. دادا ئۆزى ئالدىدا ئولتۇرۇپ باللىرىنى ماشىنىنىڭ كەينىگە ئولتۇرغۇزۇپ ياۋروپادىن ئەڭ چوڭ تىجارەت

پايدىسى بىلەن يانغاندەك ، خۇشال ، مەغرۇر ھالدا غۇلجا شەھىرىنىڭ غەربىدىكى كاتتا قورۇ ـ جايىغا قايتىپ كەلدى . شۇ كۈنىلا زىياۋۇدۇنغا ئادەم چىقاردى ، زىياۋۇدۇن ئىشنى باتۇرنى باشلاپ كەلدى . ئابلا باينىڭ ئۆيىدە كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈلدى ، غۇلجىنىڭ ۋالىي باشلىق ئەمەلدارلىرى ، مۇتائالى خەلپىتىم باشلىق دىنىي كاتتىلار كېلىپ باينى تەبرىكلىدى ، نۇرىنىڭ سالامەت قايتىپ كەلگىنىگە خۇشال بولۇشتى . موسابايوفلار زاۋۇتىدا ئىشلىگەن چاغلىرىدىن تارتىپ غەمخورلۇق قىلىپ كەلگەن زۇنۇن تېيىپوف ، ئەنۋەر مۇسابايوفلار ئۇنىڭ ساقىيىپ قايتىپ كەلگىنىنى بىر «مۆجىزە» دېيىشتى .

مېھمانلار ئۇزاپ بولغاندىن كېيىن زىياۋۇدۇن :

— بالام ، داداڭ بىر ئۆلۈپ تىرىلدى . پەرىخەنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەنسەن ؟ بىچارە قىز ئەقلىدىن ئازدى . بىلەمسەن ، سەن ئۇچۇن ، — دېدى يەرگە قاراپ پەس ئاۋازدا .

— ئۇ ھازىر نەدە ؟

— ھەربىي دوختۇرخانىدا .

نۇرى نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا سىرتقا ماڭدى ، دەرۋازا يېنىدىكى كۆتۈرمە ئۆيدە دوستلىرى بىلەن قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ ئولتۇرغان زەيتۇنە نۇرىنىڭ پىيادە ئالدىراپ ماڭغىنىنى كۆردى - دە ، پېشايۋانغا چىقىپ :

— داۋۇتجان ، نۇرمۇھەممەتنى كالاسكا بىلەن ئاپىرىپ كېلىڭا ! — دەپ ۋارقىرىدى . داۋۇتجان ئىسمىلىك زىلۋا يىگىت يان قورۇغا يۈگۈردى ۋە كالاسكا ئورنىغا چانا بىلەن كوچىغا چىقتى . خارتىلداپ تۇرىدىغان كۆك ئات چانىنى سۆرەپ ، ئەڭ كاتتا ئامەت ئىگىسى — پودپولكوۋنىك نۇرى زىياۋۇدۇنوفقا ناھايىتى تېزلا يېتىپ باردى .

نۇرى يېنىدا توختىغان چانىغا ئۈن - تىنسىز چىقتى - دە :

— ھەربىي دوختۇرخانىغا ! — دەپ بۇيرۇق بەردى . قىشلىق ھەربىي كىيىم تولىمۇ ياراشقان يىگىت ھەربىي دوختۇرخانا ئالدىدا

چانىدىن سەكرەپ چۈشكەندە، پەلەمپەيدىن ئوخشاشلا قىشلىق ھەربىي كىيىم كىيگەن، كېلىشكەن، لېكىن نۇرىدىن سەل پاكارراق ئوفىتسېر ئالدىراپ چۈشمەكتە ئىدى. ئۇ نۇرىنى كۆردى-دە، ئورنىدا ئىختىيارسىز توختىدى:

— سالام، نۇرى زىياۋۇدۇنوف!

— ھە، بۇ سەنمۇ سۇلايمانوف ئەيساجان؟ — نۇرى ئىككى قولى بىلەن بېلىگە تايىنىپ ئۇنىڭغا تىكىلدى، ئۇنىڭ كۆرۈشۈش ئۈچۈن سوزغان ئوڭ قولىنى قۇرۇق قالدۇرۇپ، كۆزلىرىگە قادالدى، — خۇشالمۇ سەن؟ ئىسىم-فامىلەڭ ئىككى پەيغەمبەرنىڭ نامىدىن تۈزۈلگەن، ئەيسا سۇلايمانوف! ئەڭ كاتتا ئىككى پەيغەمبەر! بىرى يەتمىش ئىككى ئالەمنىڭ پادىشاھى، بىرى ئىيسۇس-خرىستوس، تەڭرى ئۇنى دادىسىز ياراتقان، دۇنيا خرىستىئانلىرىنىڭ ئىلاھى، تامغا مىخلانغان يېرىدىن ئاسمانغا چىقىپ كېتىپ ئۆلمەس مۆجىزە ياراتقان ئۇلۇغ زات!

— سەن ... سەن نېمە دېمەكچى زىياۋۇدۇنوف، ھەممىگە ئېرىشتىڭ، تەڭدىشى يوق بايلىقنىڭ ئىگىسى، دۇنيا گۈزەللىرىدىن بىرى سېنىڭ ئايىغىڭدا ... يەنە نېمەڭ يېتىشمەيدۇ؟

— سەندەك ئىنسانىيەت بېشىغا چۈشكەن شۇمبۇيلارنىڭ قېنىنى ئىچسەم دەيمەن، مانا شۇ يېتىشمەيدۇ!

— مەن ساڭا بەختىڭ باشقا ھېچنېمە تىلىگەن ئەمەسمەن نۇرى، گەپ بولسا ئوچۇق-يورۇق دېيىشەيلى، ساڭا تەگكەن مېنىڭ ئوقۇم ئەمەس، «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى»!...

— تەشكىلاتنى تىلىڭغا ئالما!

— سېنى ئىبلىخان تۆرىنىڭ جاسۇسى دەپ!...

— كاپشىما ھايۋان. سەن گەپ يورغىلىتىپ مەندىن قۇتۇلالمايسەن، باشقىنى قوي، پەرىخە نەدە؟

— نېرۋا بۆلۈمىدە دەپ ئاڭلىدىم!...

سۇلايمانوف — جۇمھۇرىيەت ساقلىقنى ساقلاش نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىدىن بىراقلا ۋىلايەتلىك ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن

باشلىنىشقا چۈشۈپ قالغان . پودپولكوۋنىڭ دېگەن نامدىنمۇ قورۇق قىلىش ئالدىدا تۇرغان بۇ چوڭ تەمەلەرنىڭ ئىگىسى شۇ تاپتا ئۇرنىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ ، ھەربىي ئۆتۈكىگە يۈزىنى يېقىپ يالۋۇرۇشقا تەييار ئىدى . ئۇرنىنىڭ ئابلا بايغا كۆيئوغۇل بولماقچى بولغانلىقى ، ئەخمەتجان ، ئىسھاقبېكلەرنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ، ھەربىي گارنىزونلارغا رەھبەر بولۇپ ئۆسۈپ كەتكەنلىكى ، بۇ كاتتا ئادەملەرنىڭ ئۇرنىنى قوللاپ - ئەتىۋارلاۋاتقانلىقى ، ھەتتا غېنى باتۇردەك ھەربىي سوت باشلىقىنىڭ «ئۇرى ئۈچۈن ھەممىگە تەييارمەن !» دەپ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىشى... كوچىلارغا رىۋايەت بولۇپ چىققاندى . مەخسۇسلا كوچا پاراڭلىرىنى يىغىپ سەمرىتىش بىلەن جەمئىيەتتە تونۇلغان ئادەملەرنىڭ بىرگە ئۇنى قېتىشلىرىدىن ئۇرى ھازىر بۇ ۋىلايەتنىڭ ئەڭ كاتتا ئاخبارات ئوبيېكتى ، ئامەت - بەخت ئىگىسى ، كەلگۈسىنىڭ كاتتا ئادىمىگە ئايلىنىپ بولغانىدى . نامدارغا قارشى گەپ قىلىش باشنى جادۇغا تۇتقاندەك ئىش ، نامدارلارنىڭ تىلىنى ئاڭلاشنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل بەخت - تەلەينىڭ بېشارىتى . مانا بۇ خىل نەزەرىيىلەرنىڭ ئاپتورلىرىدىن بىرى مۇشۇ سولايمانوف ئىكەنلىكى ھازىر ھەممىگە مەلۇم بىر ئىش بولۇپ قالدى .

— ئەرزىمەيدۇ ، ئۇرى كاپىتان ! — دېدى سولايمانوف بىردىنلا پاختىسى ئېلىۋېتىلگەن چاپاندەك كىچىكلەپ ، — پەرىخە 1945 - يىلى 4 - ، 5 - ئايلاردا ئېرۋىسىدىن كەتكەن !

— ئەۋلىيا چوققا ۋەقەسىنىڭ زەربىسى بىلەنمۇ ؟

— ياق ، ياق ... ئۇ ... ئاقسۇغا چۈشكىچە ... تەلەمەت داۋىنىدىن ... مۇزات چوققىلىرىدىن !... سولايمانوفنىڭ ئېمىلەرنى دېگەنلىكى ئۇرنىنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى . ئۇنىڭ مۇشتۇملىرى ئۆزلۈكىدىن تۈگۈلدى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا كونترول قىلغىلى بولمايدىغان نەپرەت ئەسەبىيلىكى پەيدا بولدى .

— سەن ھايۋان ! — دېدى ئۇرى سولايمانوفنىڭ ياقىسىنى سول قولى بىلەن قورۇپ تۇتۇپ .

— نىرى تۇر ! — نەق شۇ چاغدا غېنى باتۇرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى ، — قويۇۋەت ، ئۆزۈم ئوقۇتۇپ قويىمەن بۇ ھەزىلەكنى !
غېنى باتۇر تاپانچىسىنى يالىڭاچلاپ ماشىنىدىن چۈشمەكتە ئىدى .
— ياق ، غېنىكا ، ئاتما ! — نۇرى ئۆرماقچى بولغان دۈشمىنىنى ئىختىيارسىز چىڭ قۇچاقلىۋالدى . غېنى باتۇر تېرەكنىڭ ئۇچىغا قارىتىپ بىر پاي ئاتتى . بىر قاغا لەيلەپ يەرگە چۈشتى . ئىككىنچى پايىنى سۇلايمانوفقا تەڭلىدى :
— قويۇۋەت دەيمەن ، نۇرى !
— ئاتما غېنىكا ! — نۇرى سۇلايمانوفنى قويۇۋېتىپ ئۆزىنى غېنى باتۇرغا ئاتتى ـ دە ، غېنى باتۇرنىڭ تاپانچا تۇتقان قولىنى ئاسمانغا تىك قىلىپ ئىتتەردى . تاپانچىدىن پاڭ ـ پاڭ قىلىپ كەينى ـ كەينىدىن بەش پاي ئوق ئېتىلدى . ئادەملەر ئۇپۇر ـ توپۇر بولۇشۇپ تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىشتى . غېنى باتۇرنىڭ قاراملىقى ھەممىگە مەلۇم ، ئۇنىڭغا سوت يوق ، قىلغىنى قىلغان ، دېگىنى دېگەن ، ئۇ دېگەن «خەلق باتۇرى» . سۇلايمانوف ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى .
— قېنى ئۇ ھەزىلەك ! — دېدى غېنى باتۇر ۋارقىراپ ، — سېنىڭ نەرىڭ قەھرىمان ، دۈشمىنىڭنى قۇچاقلاپ يۈرسەنا !
— ئۇنىڭ دۈشمەنلىكى تېخى مەلۇم ئەمەس ، غېنىكا !
— شۇنىڭ ئۈچۈن نەچچە مىڭ ئەسكەر ماناس دەرياسى بويىدا يەرنى دىكىلەپ ياتىدۇ ، دۈشمەننى كۆز تونۇمىغان بىلەن مىلتىق تونۇيدۇ . مېنىڭ ئوقلىرىم دۈشمەندىن باشقىغا تەگمەيدۇ . نۇرى ، بايىنىڭ قىزى ئەقلىڭنى بۇلغاپ قويدىمۇنېمە ؟ پاھ ، نېمانچە چىرايلىق ئۇ ؟ ئۇنىڭغا ئوخشاشتىن يەنە بىرى بولسىدى ، پاھ ، پاھ ··· قالتىس بولاتتى ـ ھە ! ھا ـ ھا ··· ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئەتراپتىكىلەر قاقاقلىشىپ كۈلۈشتى .
خەلق باتۇرى بىلەن بىللە كۈلۈشمۇ چوڭ ئامەت ، بۇ ئامەت ھەممىلا ئادەمگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ ـ دە !

www.uyghurkitap.com

— ئېيتقىنا نۇرى ، شۇ تۇرقىدا دۇنيادا نېمىلەر بولۇۋاتىدۇ ؟
— جۇڭگو تۇپرىقىدا قاتتىق سوقۇش بولۇۋاتىدۇ غېنىكا !
— قايسىسى يامانراقكەن ؟ ئاقلارمۇ ، قىزىللارمۇ ؟
— ئاقلارنىڭ تۆت ئادىمىگە بىر قىزىل تەڭ كېلىۋاتىدۇ . ئاقلارنىڭ قولىدا ئامېرىكىنىڭ يېڭى قوراللىرى . قىزىللارنىڭ قولىدا ئوۋ مىلتىقى تېخى ! شۇنىڭغا قارىغاندا ، قىزىللار يامانراق ئوخشايدۇ .
— ئۇنداق بولسا ئەخمەتجان ئەپەندىلەرگە ئاقلارنىڭ مەجلىسلىرىدە نېمە بار ؟
— جەڭ — توققۇزى رەڭ دېگەن گەپ بار ، غېنىكا !
— قايسىسىنىڭ ئادىمى جىق نۇرى ؟
— ئاقلارنىڭ ئىگىلىگەن يېرى پۈتۈن جۇڭگو يېرىنىڭ تۆتتىن ئۈچى . بىزدەكلا ، قىزىللارنىڭ ئاز . ئاھالىسىمۇ ، ئەسكىرىمۇ ئاقلارنىڭ جىق ! ئەمما ، ئاقلار ئىگىلىگەن يەرلەردىكى خەلقلەر قىزىللارنى خالايدۇ ـ دە !
— قىزىللارنى دۇنيادىكى ئەڭ نوچى ھۆكۈمەت ئامېرىكا ، ئەنگلىيە ، فرانسىيە دېگەنلەر قوللىمايدىكەن ـ دە !
— سوۋېت ئىتتىپاقى قوللايدۇغۇ !
— قوللىسا نېمىشقا بىزنى سوقۇش قىلىشقا قويۇپ بەرمەيدۇ ؟
— گەپ تولا ، ئىش مۇرەككەپ غېنىكا ، مەنمۇ نۇرغۇن ئىشلارنى بىلەلمىدىم .
— سەن بىلمەيدىغانمۇ ئىش بارمۇ بۇ جاھاندا ؟ موسكۋادا تۇرغاندا ستالىندىن سوراپ باقساڭ بولمامدۇ ، سوقۇشۇپ يېرىمىزدىن زالىم ھۆكۈمرانلارنى ھەيدەپ چىقىرايلى دېسەك بىزنى نېمىشقا توسۇۋالىسىز دەپ ؟
— ھا ـ ھا ـ ھا … غېنىكا ، ستالىن ماڭا ئوخشاشلارنى قوبۇل قىلسا ستالىن بولمايدۇ ـ دە !
— ئەخمەتجان بارسا بولمامدۇ ، ئورۇس تىللىق بولغاندىكىن ؟ مېنىڭ ئىچىم پۇشۇپ كېتىۋاتىدۇ ئۇكا ، خەق مېنى خوتۇنپەرەس

دېگۈدەك ، ئىچ پۇشۇقۇمنى نېمە بىلەن چىقىرىمەن ئەمىسە ؟ ھۆررا دېگەن ئاۋاز ئاڭلانسۇنچۇ ؟ بىرىنچى بولۇپ ئورۇمچىگە ئۆزۈم كىرىمەن ئۇكا ! پاھ ، سوقۇشنى بىز سەھرالىقلار قىلىمىز كەنۇ ، شەھەرلىك ئاق نانچىلار بىزنى باش بولۇپ سورايدىكەن . ما ۋىزىدۇڭ دېگىنى دېھقان دەيدىغۇ ، شۇنىڭ بىلەن بىر سۆزلىشىپ باقساق بولىدىكەن جۇمۇ ؟

غېنى باتۇرنىڭ چاپارمەن ، باتۇر ۋە سازەندىلىرى كەينىدىن ئەگىشىپلا يۇرۇشەتتى ، غېنى باتۇر كۇلۇمسىرىسە ئۇلار قاقاقلىشىپ كۇلۇشەتتى ، غېنى باتۇر قاقاقلاپ كۇلسە ئۇلار شەھەرنى بېشىغا كىيىشەتتى . دوختۇرخانا ھويلىسى ، كوچىلاردا كۇلكە - چاقچاق كۆتۇرۇلدى . ھەرقانداق ئىشقا چاقچاق ئارىلاشتۇرۇشقا ئادەتلەنگەن غۇلجا ئادەملىرى ئۇچۇن كۇلكىگە چەكلەنگەن جاي يوق ئىدى . دوختۇرخانا ھويلىسى كۇلكە - چاقچاققا تولدى . كېسەللەرمۇ بۇ خۇشخۇي ئادەملەرگە ئەگىشىپ ئۆزىچىلا كۇلۇشتى .

نېرۋا كېسەللەر بۆلۇمىنىڭ ئاغرىق كارىۋىتىدا بىر كىتابنى يىرتىپ ، سۆزلەپ ئولتۇرغان پەرىخەمۇ ئۆزىچە كۇلدى :

— دۇم ، دۇم ، دۇم ، دۇم ! بىر پاي ئوقتا ئونى ئۆلدى ، ھا - ھا - ھا ! ... — چاچلىرى چۇۋۇلغان ، كېسەللەر كىيىمىنىڭ ئالدىنى ئېچىپ قويغان ، سارغۇچ چاچ ، كۆزلىرى يوغان ، ئاق يۇزلۇك قىز كارىۋاتتا ، كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ ئىككى كۇن جىم ئولتۇردى . ئۇ تۇرۇپلا قاقاقلاپ كۇلەتتى ، تۇرۇپلا يىغلايتتى . ئۇ نۇرىغا ئوق تېگىپ يىقىلغان كۇنىلا قويغان - تۇتقىنىنى بىلمەي قالغانىدى . ئۇنىڭ بېشىدا ئىككى كۇن ئولتۇردى ، نۇرىنىڭ قويۇق چاچلىرىنى سىلىدى ، ھېچكىم يوق چاغدا كۆكرىكىگە بېشىنى قويۇپ يۇرەك سوقۇشىنى تىڭشىدى ، تومۇرلىرىنى تۇتۇپ قوللىرىغا سۆيدى ، ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالغان ، تورمۇزلىغىلى بولمايدىغان ھېسسىيات يالقۇنىدا ئۆرتەندى ، لېكىن ئادەملەر بار يەردە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ، نۇرىغا خۇددى ناتونۇش بىرىگە مۇئامىلە قىلىۋاتقاندەك سوغۇق قارىدى ، قەلبىنى

ئۆرتەۋاتقان مۇھەببەت يالقۇنىنى ھەتتا تىنىقلىرىدا بىلىندۇرۇپ قويماسلىققا تىرىشتى . ئۇ ئىككى سوتكا كۆز يۇممىدى . نۇرى ئاستا ئىنجىقلاپ ئوپېراتسىيىدىن كېيىن تۇنجى قېتىم ھايات ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەندىن كېيىنلا قاتتىق بىر ئۇخلىۋالدى . بىراق بۇ شېرىن ئۇيقۇ ئۇنىڭغا ئەڭ قاتتىق زەربە بولدى : ئۇ ئويغانسا كېسەل كارىۋىتىدا نۇرى كۆرۈنمىدى .

— ئۇ قېنى ؟

— جوق بولدى ! — دېدى رۇس سانىتاركا پەرۋاسىزلا . پەرىخە ھېچنېمىنى چۈشەنمىدى . ئۇ تۇيۇقسىزلا بىرىنىڭ : «نۇرى ئۆلۈپتۇ !» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ قالدى . ئۇ ئىختىيارسىز چالا - بۇلا كىيىنىپ سىرتقا قاراپ يۈگۈردى .

سىرتتا ئاق ياغلىق تېڭىشقان ئاياللار ئۇچرىشىدى ، ئۇ :

— كىم ؟ — دەپ سورىدى باش - ئاخىرى يوقلا .

— بىر يىگىت !...

— ھە ... راستىما ... — ئۇ نەگىدۇر يەنە مەقسەتسىزلا يۈگۈردى . ئۇ ياتىقىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ بىرنېمىنى ئۇزاق ئاختۇردى ، تاپالمىدى .

— تاپانچا ؟ — دېدى ئۇ سانىتاركىلار باشلىقىغا .

— ساراڭ ! — دېدى رۇس ئايال ھېچنېمىنى چۈشەنمەي .

ئۇ ئۆزۈندىن بىرى سولايمانوفنى ئېتىش مەقسىتى بىلەن تاپانچا ساقلاپ يۈرەتتى . تاپانچىسى قويغان يېرىدە يوق ئىدى . ئۇ دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا ئىشىكنى بۇزۇپ كىردى ۋە تارتمىسىدىن تاپانچىسىنى ئالدى . ئۇ تاپانچىغا ئوق سېلىپ سىرتقا مېڭىشىغىلا ئۇنى بىرنەچچە ئەسكەر قورشاپ تۇتۇۋالدى . ئۇ ۋارقىرىدى ، سىلكىندى ، قالغىنىنى بىلمەيدۇ ...

مانا ھازىر ئۇ باش - ئاخىرى يوق خاتىرىلەر ، قورقۇنچلۇق خىياللار قاينىمىدا ... باشقا بىر دۇنيادا .

تۇرۇپلا ئاسىيە ئابىستەي ، بەزىدە ھەدىسى ، بەزىدە قېرى قىز ، كۆپىنچە نۇرى ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدا پەيدا بولاتتى . ئۇلار

پەرىخەنى ئېمگىدۇر زاڭلىق قىلىپ كولۇشۇۋاتقاندەك ، «كىمدىن ، قـانـداق قـىـسـاس ئـالالـىـدىـڭ ، ها ـ ها ـ ها··· سەن بىر يارامسىز !» دەۋاتقاندەك بىلىنەتتى . ئۇ رېئال ھاياتتا چەكسىز تەنھا بولغىنى بىلەن خىيال دۇنياسىدا بىر توپ يېقىنلىرى بىلەن بىللە ئـىـدى . ئـۇ قـاقـاقلاپ كۈلەتتى ، بىرىگە ئەركىلەيتتى ، بىرىگە دومسىياتتى . بۇ ئۇنىڭ خىيال ئالىمى ، ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭۈللۈك ھايات ئىدى . ئۇ تورۇپلا ئېسىگە رېئال دۇنيانى ئالاتتى ، شۇئان خـۇددى بـىـر چـۆلـدە يـالـغۇز كېتىۋاتقاندەك ، مۇزاتتىن ، بىر ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىغا يامىشىپ ، تەگسىز مۇزلۇق ھاڭلار ئۈستىدە كېتىۋاتقاندەك بولاتتى ـ دە ، قوللىرىنى سوزۇپ ئۆزىچىلا ۋارقىراپ يىغلاپ ئۆينىڭ بۇلۇڭلىرىغا كەينىچە قاچاتتى . كۆڭۈللۈك خىيال دۇنياسى بىلەن قورقۇنچلۇق رېئال دۇنيا ئارىسىدا چېپىپ يۈرۈپ قاتتىق چارچايتتى ، بۇنداق چاغلاردا پۇتلىرىنى ئۆزۈن سۇنۇپ ئۇڭدا يـېـتـىـپ ئـۇخلايتتى . ئۇ چۈش كۆرەتتى ، چۈش بىلەن خىيال ئارىلىشىپ كېتەتتى ، ئۇ جۆيلۈدىمۇ ياكى راستتىنلا سۆزلىدىمۇ ، سېستىرالار كۆپ ھاللاردا پەرق ئېتەلمەيتتى .

— پەرىخە ! — دېدى نۇرى ئۆيگە كىرىپ ، — بۇ مەن نۇرى ، قارا ، مەن نۇرى ، بىر چاشقا چۈشۈپ يېزىغا چىقىمىز !

لـېكىن ، پەرىخە قولىدىكى كىتابنى يىغىپ يەردىن بېشىنى كـۆتـۈرمـەي جىم تۇراتتى . نۇرىنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى .

— پـەرىخە ، سۆيۈملۈك سىڭلىم ، مەن ئاكاڭ نۇرى ، بىر قاراپ باققىنا !

ئـۇ پـەرىـخەنىڭ مۈرىسىدىن ئاستا قۇچاقلىدى . قىز يەنىلا يـەردىـن بـېـشـىنى كۆتۈرمىدى . نۇرى كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ بۇقۇلداپ يىغلىدى .

— نـېـمـە گۇناھ قىلدىڭلار ، بۇنچە جازالانغۇدەك ؟ ئاسىيە ئـابـىستەي ، سەبىخەلەر گومىنداڭنىڭ ئوقىغا تۇتۇلغۇدەك گۇناھ قىلمىغانىدىغۇ ، پەرىخە جېنىم سىڭلىم ، مېنى كەچۈرگىن ، سېنىڭ

www.uyghurkitap.com

ھالىڭغا يېتەلمىدىم ، سېنى خورلۇققا قويدۇم، مەن ئالدىڭدا گۇناھكار !

ئۇ قىزنى چىڭ قۇچاقلاپ ، بۇقۇلداپ ، ئۇن سېلىپ يىغلىدى . ئۇ ھېچقاچان بۇنداق قاتتىق يىغلىمىغانىدى . بىر ئاجىزنىڭ بىچارە كۆرۈنۈشى ئۇنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئېزىپ چىدىغۇسىز ئازاب قوقاسلىرىنى بېشىغا تۆكمەكتە ئىدى . ئۇ پەرىخەنى ساقايتمىغۇچە بۇ دۇنيا راھەتلىرىگە ھەرگىز كۆز قىرىنى سالماسلىققا قەسەم ئىچتى .

ئۇ شۇ كۈنىلا زەيتۇنەگە دەپمۇ قويماستىن دادىسى بىلەن يېزىغا قاراپ يولغا چىقتى . دادا - بالا ئىككىسى يول بويى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشمىدى . قارىگىر ئات قار توزۇتۇپ ، كۆلتۈك قارلىق يوللاردا ئۆكىرەك تاشلاپ ماڭماقتا . ئاتقا ئىككى تال ئوق ياغاچ بىلەن چېتىلغان دېھقان چانىسى رۇستىمى داستاندەك كەچۈرمىشكە ئىگە ئىككى ئەزىمەتنى بىردە سىلىق قاڭقىتىپ ، بىردە سىلىق پەپلەپ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يېزىسىغا ئېلىپ ماڭماقتا . نۇرى مەھەللىسىگە تەقەززا . ئۇ يەردە ئۇنىڭ باللىق خاتىرىلىرى ، ئۆچمەس ئىزلىرى ، ئۇتلۇق ھېسسىيات پەيدا قىلىدىغان قىش مەنزىرىسىنىڭ ئانا بۆشۈكلىرى بار . ئۇ شۇ يېزىغا چىقىپ بۇنىڭدىن كېيىن ماڭىدىغان ئۇزاق ھايات سەپىرىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىشى، خەلقىگە يۈرەك - باغرىنى ئېچىپ كۆرسىتىدىغان ئالدىدىكى پۈرسەتلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كىم ئۇچۇن ياشىغانلىقى ، كىملەرنى سۆيۈپ ، كىملەرگە نەپرەتلەنگەنلىكىنى بىلدۈرۈشى ، مۇشۇ ئانا تۇپراق بېتىدە ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان جەڭگىۋار ئەزىمەتلەرنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ ، ئۇزۇن ، ئەگرى - توقاي ھايات يولىنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىرىگە تەييارلىنىشى كېرەك .

ئۇنى نېمىلەر كۈتۈۋاتىدۇ ، بۇ ئۇنىڭغا قاراڭغۇ . ئۇ بىرلا نەرسىنى بىلىدۇ : ئۇ خەلقىگە ، يېقىنلىرىغا قەرزدار . ئۇنىڭغا باغلىنىشلىق بولغان سۆيۈملۈك ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىلا خۇشال قىلىش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ . ناۋادا ، زەيتۇنە ئۇنىڭغا

ھېسداشلىق قىلىشقا تەييار بولسا پەرىخە بىلەن دوست بولسۇن . ئۇ پەرىخەنىڭ قايتىدىن ھايات يولىغا قەدەم قويۇپ ، بەخت ئىزدىيەلەيدىغان بولۇپ ساقىيىشىغا ياردەم قىلسۇن . نۇرنى ھايات يولىغا قايتۇرۇپ ئەكىلىش ئۈچۈن قىلغان ئاتىدارچىلىقىنى ئابلا باي ئاكىسى ئاشۇ بىچارە قىزدىن ئايىمىسۇن !

زەيتۇنەگە لازىم بولغان بەخت ـ خۇشاللىق پەرىخەگىمۇ لازىم . ھەممىلا ئادەم بەخت ئىزدەيدىغان بۇ دۇنيادا ئۇ پەرىخەنىڭ بەختلىكلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشىنى تىلەيدۇ . ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلەشكە تەييار — مەيلى ئۇ بەدەل قانچىلىك چوڭ بولسۇن ، ھەتتا ئۇنىڭ شېرىن جېنىغا كەلسىمۇ ئۇ بۇ بەدەلنى تۆلەشكە تەييار !

قاراڭغۇ چۈشكەندە چانا قار ئۈستىدە غىچىلدىغان ئاۋاز چىقىرىپ ئاپئاق قىرو بىلەن قاپلانغان دەرەخلىك تار كوچىغا كىردى . بۇ مەھەللىنىڭ چېتىدىكى ئىككى چوڭ باغ ئوتتۇرىسىدىكى كوچا . كوچا ئۇنىڭغا ئانا قۇچىقىدەك ئىللىق بىلىندى . گەرچە فېۋرال سوغۇقلىرى زەھەرلىك ھەرىدەك چېقىپ تۇرسىمۇ...

زەيتۇنە ھارۋىكەش داۋۇتجاندىن ھەممىنى ئۇقتى : نۇرى پەرىخەنى يوقلىغان ، كېيىن گەپمۇ قىلماي يېزىسىغا چىقىپ كەتكەن . قىز قەلبى نازۇك بولىدۇ . ئۇ دەسلەپ خاپا بولۇپ يىغلىدى ۋە دادىسىغا :

— ئىككىنچىلەپ غۇلجا تەرەپكە قارىمايلى ، ياۋروپاغا كېتەيلى ، دادا ، — دېدى ئېسەدەپ يىغلاپ تۇرۇپ .

— سەۋر قىلىڭ ، قىزىم ، — دېدى باي قىزىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ ، — ياۋروپادا سىزگە كۆڭۈللۈك كۈنلەر بارمۇ قىزىم ، يەنە ھەر كۈنى مۇشۇ ياققا قاراپ يىغلارسىزمىكىن !

— دادا ، مەن چىدىيالمىدىم . پەرىخەنى كۆرۈپلا يەنە ئۆزگىرىپتۇ !

— ياق قىزىم ، ئۇ بىر ئىنسانىي ھېسداشلىق ، مەن ئادەم ئەۋەتىپ ئۇ قىزنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقتۇم . ئۇ قىز رەسمىي ئايىنىپ قالغان . روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسى غۇلجىدا يوق . مەن

ئالمۇتىغا يۆتكەشكە ئادەم ئەۋەتتىم . بىزنىڭ ئۇ قىزنى داۋالىتىپ ساقايتىش مەجبۇرىيىتىمىز بار . نېمىشقا دەمسىز؟ شۇنداق قىلىش ئۇرمۇھەممەتنىڭ ئارزۇسىكەن !

سەۋرچان ، ئېغىر ـ بېسىق دادىسى قىزنىڭ ئىشەنگەن تېغى . ئۇ ھەرقانداق مۇشكۇلچىلىككە ئامال تاپالايدۇ . قىز دادىسىنىڭ كۆكرىكىگە بېشىنى قويدى .

بوران چىقماقچى بولسا قۇشلارغا ئۇۋۇلىغا ئىگە بول دەپ سىگنال بېرەمدۇ . ۋەزىيەتمۇ شۇنداق ، شەخسلەرگە سىگنال بەرمەيدۇ .

1947 ـ يىلى سىياسىي ھاۋادا ئۆزگىرىش چوڭ بولدى . گومىنداڭ ئەنجىلىك ھۆكۈمىتى كومپارتىيىنى يوقىتىش ، ئازاد رايونلارنى يوقىتىش ئۈچۈن «10 ـ ئۆكتەبىر تىنچلىق كېلىشىمى»نى يىرتىپ تاشلاپ ئازاد رايونلارغا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم باشلىدى ، يېقىندا يەنئەننى بېسىۋالدى . شىنجاڭدىكى گومىنداڭچىلار كۆرەڭلەپ ، قوراللىرىنى شاراقلىتىشقا ، ھەممە يەردە ئەتەي ماجىرا چىقىرىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى . تۇرپانغا ئىشپىيونلارنى ئەۋەتىپ يالغاندىن «ئىنقىلاب قىلىمىز ، قوزغىلايلى» دېگۈزۈپ مىدىرلىغانلا ئادەملەرنى تۇتقۇن قىلىش ، ئۆلتۈرۈشنى باشلىۋەتتى . ھەممىلا جايدا «ئون بىر بىتىم»نى ئىجرا قىلىشقا ئاشكارا تىغ كۆتۈردى . ئوسماننىڭ ئادەملىرىنى ھەدەپ كۈشكۈرتۈپ شىمالدا قوراللىق توپىلاڭ ۋەھىمىسى ، جەنۇب بىلەن شەرقتە سايلام قىلغۇچىلارنى ئېتىش ، قولغا ئېلىش ، ئىلى تەرەپنى تىللاش دولقۇنى پەيدا قىلدى .

ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ۋەكىللەر ئەنجىگىدىن يانۋارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قايتىپ كېلىپلا شىنجاڭدا يېڭىدىن قوزغالغان بۇ بورانغا دۇچ كەلگەنىدى .

ئاخىر ئابلا باي قىزىنى ئېلىپ يېزىغا — زىياۋۇدۇننىڭ ئۆيىگە ماشىنا بىلەن چىقتى . چوڭ يول ماشىنىسىنىڭ بۇ يېزىغا تۇنجى كېلىشى ئىدى . پۈتۈن مەھەللە خەلقى ماشىنا ئەتراپىغا ئولاشتى :

— نۇرنىڭ قىيناتىسى كەپتۇ !
— ھېلىقى چاغدا چىققان قىز !
— پاھ ، مەھەللىدە قۇياش چىقتىغۇ !
— بۇگۈن نىكاھكەن ، ئاخشاملىققا دېرىزە مارايمىز !

يېزا بالىلىرى بىلەن ياشلار ئاغزىغا كەلگەننى دېيىشتى. ئەمما ، يېزا قىرىلىرى ئەدەپ بىلەن زىياۋۇدۇننىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئاجايىپ كىيىنگەن ، قوللىرى تىۋىتتەك يۇمشاق شەھەر بېيى بىلەن كۆرۈشتى . زىياۋۇدۇن قوي سويدى .

ئابلا باي يېزىغا بالا ۋاقتىدا بىر قېتىملا چىققان ، ئۇنىڭ نەزىرىدە دېھقان دېگەن ئۇقۇم ساپانغا قېتىلىدىغان ئۆكۈز بىلەن ئوخشاش ئىدى . يەر تېرىش ، ئاشلىق يىغىش ، قىشتا بىكار يېتىش ، ئەتىيازدا يەنە شۇ ئىشنى تەكرارلاش ھاشاراتلارنىڭ ھايات كەچۈرۈش يولى بىلەن ئوخشاش ئىدى . ئۇ يەنە نۇرغۇن سۆزلىرىدە : «قايسى ئەلدە دېھقان كۆپ بولسا ئۇ ئەل شۇنچە قالاق بولىدۇ . قايسى ئەلدە سودىگەر كۆپ بولسا ئۇ ئەل ئىلغار» دېگەن سۆزنى قىلغان . بۇ سۆزىگە مىسال قىلىپ يەھۇدىيلارنى ئالغان . يەھۇدىيلاردا دېھقان دېگەن يوقنىڭ ئورنىدا ، شۇڭا ئۇلار ئىلغار . ئۇلاردىن چىققان داڭلىق كىشىلەر باشقا ھېچقانداق مىللەتتىن چىققىنى يوق...

ئۇ مۇنۇ يېزىنىڭ دېھقانلىرىغا ھەيران قالدى . ئۇلارنىڭ يىرىك قوللىرىنى ئەيمەنمەي تۇتتى . ھەتتا ئۇنىڭ تېنى جۇغۇلدىدى . ئۇ زىياۋۇدۇننىڭ كىگىز ، تام ياقىلىتىپ كۆرپە سېلىنغان ، ئوتتۇرىسىدىكى داستىخانغا نېپىز ، چوڭ - چوڭ ئاق نانلار ، يالتىراپ تۇرىدىغان توقاچلار تىزىلغان ، ئاپقۇر چىنىلەردە سۇنۇلغان ئەتكەنچاينىڭ بېتىدە قېلىن قايماق لەيلەپ تۇرغان بۇنداق ئۆيىنىمۇ ، تۇرمۇش ئۇسۇلىنىمۇ خۇددى ئۇنتۇلغان چۈش خاتىرىسىدەكلا ، تولىمۇ ئۇزاقتا قالغان بىر يىلى كۆرگەنىدى . ئۇ مۇنۇ دېھقانلاردەك يۇكۇنۇپ ئولتۇرالمايتتى ، دېھقان چوڭلىرى ئۇنىڭغا :

— بەھوزۇر پۇتلىرىنى سۇنۇپ ئولتۇرۇۋەرسىلە ! — دەپ

يانلىرىدىن ئۇرۇن بوشىتىپ بېرىشتى .

— ئەخمەتجان ئەپەندىم مۇشۇ كىشىگە ئوخشايدۇغۇ دەيمەن . گېزىتتىكى سۈرەتتە قارا بۇرۇت ، قاراقاش ، قاڭشارلىق ... ھە ؟

— بىزنىڭ مۇختەربايىنىڭ ئاغىنىسى ـ دە ، ئۇ ئەخمەتجان دېگەن . رەھمىتى مۇختەرباي ئۇنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى !

— مۇختەربايىنى ئاڭلىغان ، بىر ـ ئىككى قېتىم كۆرگەن ، مۇشۇ مەھەللىلىك ـ ھە !

— مۇشۇ زىيەك باخشىنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى ، بۇلارمۇ سىزدەك كاتتا بايلارنىڭ تۇخۇمىدىن . غازى ھاجىنىڭ ئىككى مىڭ مودەك يېرى ، ئون قورۇ قويى ، بەش ـ ئالتە يۈز كالا ، ئالتە يۈز يىلقىسى بولىدىغان . كالا دېگەن قوتاندىن كۆن بىلەن چىققىلى تۇرسا ئاشۋاقتى بىلەن قۇيرۇقى ئۈزۈلەتتى . ئۆيدىكى خوتۇن خەق باغلارنىڭ تاملىرىغا كالا تېزىكى چاپلاپ ئۆلگۈرەلمەيدىغان ... ھى ـ ھى ـ ھى ...

— تېزەك دېگەننى غارام قىلىۋېتىدىغان ـ ھە ؟ ھا ـ ھا ـ ھا ...

مانا بۇلار دېھقان پارىڭى . ئابلا باي ئەسنەپ مەيدە يانچۇقىدىن زەنجىرى ساڭگىلاپ تۇرغان ئالتۇن سائىتىگە پات ـ پات قاراپ قوياتتى . بۇ مەھەللە خەلقىنىڭ بۇنداق سائەتنى كۆرۈشىمۇ شۇ .

— باي ئەپەندىم ، بۇ سائەتلىرى ئالتۇنغۇ دەيمەن !

باينىڭ يېنىدىكى دېھقان سائەتكە قول سوزدى . باي سائىتىنى بەردى .

— سىلەر سائەتكە قارىمايسىلەر ـ دە ، ھە ؟

— خۇدانىڭ كۈنى بار ، ھاۋا تۇتۇق كۈنلىرى خورازلار چىللايدۇ ، قاشقالىقلارنىڭ ئېشەكلىرى ھاڭگىرايدۇ ... ھا ـ ھا ـ ھا ... سائەت دېگەن شۇ !

— باي ئەپەندىم ، سىزدىن سوراپ باقاي : «ئون بىر ماددىلىق بېتىم» دېگەنگە بۇ ئەخمەتجان ئەپەندىملەر نېمىشقا قول قويىدى زادى ـ ھە ؟

— قول قويمىسا تىنچلىق بولمايتتى ـ دە ، — دېدى ئابلا باي جۇل ـ جۇل كىيىملىك دېھقانىنىڭ چوڭ ئىشلاردىن سوئال سورىغىنىغا قىزىقىپ ، — قويمىغان ياخشىمىدى سىزچە؟

— شۇنداق بولمايزە ! — دېدى دېھقان قويۇق قاشلىرىنى ئۈينىتىپ كۈلۈپ ، — تىنچلىقنىڭ بىزگە پايدىسى نېمە بولدى؟ گومىنداڭ كۆرەڭلىگىلى تۇردى . بىزنىڭكىلەر «ئۇن بىر ماددىلىق بىتىمنى ئىجرا قىلىمىز » دەپ ۋارقىرىغىنى بىلەن گومىنداڭ ئۇنى بۇزۇۋشىنىڭ كويىدا . ئاڭلىغانسىز ، ئالتايدا ئوسمان ئىسلامنى قوزغاتقىلى تۇردى ، ئوسمان ۋالىيلىق مەنسىپىدىن قالغاندىن كېيىن گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى . ئۇ گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي ، مەمۇرىي دائىرىلىرىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ كۆكتوقاي ، چىڭگىل ، بۇرۇلتوقاي ئەتراپىدا ئىغۋاگەرچىلىك تۇغدۇرۇشقا باشلىدى ، ئاتلىق 3 ـ پولكقا ھۇجۇم قىلدى ، شىبە كېچىكى ئەتراپىدا پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلدى .

— بۇ بىزنىڭ ھاشىم پوچى ! — دەپ تونۇشتۇردى زىياۋۇدۇن سۆزلىگۈچىنى ، — ئۆيمۇئۆي كىرىپ كۈندىلىك گېزىتنى ئوقۇپ بېرىدۇ ، ھى ـ ھى…

— ساۋاتلىقلار خېلى بار ئىكەن ـ دە ئەمىسە؟ — ئابلا باي بۇ تېمىغا قىزىقتى .

— ۋاھ ، بولمايزە ! — دېدى ھاشىم پوچى كۆزلىرىنى ئۈينىتىپ ، — مەن ئەسكەر بولغان ، ماناس بويىدىكى بىكارچىلىقتا ساۋاتلىق بولۇۋالغان . بەرامۇ ، مۇخپۇلمۇ ، رىيىم تازمۇ ساۋاتلىق بولۇۋاپتۇ . نۇرىمۇ بىزنىڭ مەھەللىنىڭ يىگىتى . ئۇنى قوشقاندا مەھەللىدىكى ئىككى ـ ئۈچ سىنىپنىڭ بالىلىرىنى قوشقاندا يىگىرمە توققۇز ئۆيلۈك ، ئىككى يۈز قىرىق ئىككى جاننىڭ يىگىرمە بىرى ساۋاتلىق . دىنىي مەكتەپ ھازىر پەننىي مەكتەپ بولدى ، دىن دەرسىمۇ بار ، ئەپەندىم .

— دېمەك ، ساۋاتلىقلار ئۇن پىرسەنتكە يېتىدىكەن ـ دە ! كاتتا گەپ ، كاتتا گەپ !

— بەش ـ ئالتە يىلنىڭ ئالدىدا ئۇچلا ئادەم ساۋاتلىق ئىدۇق .
مەھەللىنىڭ ئەرز ـ شىكايەتلىرىنى بىزنىڭ ئۇرى يېزىپ بېرەتتى .

— گومىنداڭ ئالتەشەھەر تەرەپتە ھەدەپ بىزنى «قىزىل پاچاق» دەپ تىللىغۇدەك تېخى ! — دېدى ھاشىم پوچى ئالدىغا شىپقاپ قىزىپ سۆزلەپ . — خوتەننىڭ ۋالىيسى ئۇربەگ يەكەننىڭ ۋالىيسى جۇ فاڭگاڭ ، قۇمۇلنىڭ ۋالىيسى يولۋاس ، مالىيە نازىرى جانىمقان دېگەنلەر گومىنداڭنىڭ غالچىلىرى ئوخشايدۇ . تۇنۇگۇن ئۇلارغا قارشى سۆزلەپ سايلام قىلىمىز دەپ ئوتتۇرىغا چىققانلارنى تۆت ـ تۆت قىلىپتۇ ، ئۆلتۈرۈپتۇ . خوتەننىڭ چىرىيە دېگەن يېرىدە سايلام قىلىمىز دەپ يىغىلغان خەلقنى ئوققا تۇتۇپ تۆت ئادەمنى ئۆلتۈرۈپتۇ ، يەتتە ئادەمنى ياردار قىپتۇ . كۇچانىڭ قۇمباغ دېگەن يېزىسىدا تۆت مىڭدىن ئارتۇق ئادەم سايلام قىلىمىز دەپ يىغىلغانىكەن ، ئۇ بىچارىلەرنى ئوققا تۇتۇپ ئۈچ ئادەمنى ئۆلتۈرۈپتۇ . ئون يەتتە ئادەمنى قولغا ئاپتۇ . قەشقەردىكى سوپىبەگ ، خوتەندىكى ئۇربەگ ، كۇچادىكى سىيىت ئەخمەت ، قۇمۇلدىكى يولۋاس ، ئۈرۈمچىدىكى جانىمقان ، خادىۋاڭ دېگەنلەر سايلامدىن قورقىدۇ . سايلام ئۇلارنى غۇلىتىدۇ . ئۇلار خەلقنى خالىغىنىچە بۇلاپ ـ تالاپ ، ئېزىپ ـ يانجىپ بايلىق يىغالمايدىغان بولىدۇ ـ دە !

— ھە ، ۋاھ ! — دېدى مېرا «قازى» ئەستىقلاپ ، — قازارەن شۇنداقلار ھۆكۈم سۈرسە !...

— ئابدۇمەر مىڭبېگى رەھمىتىدەك ! — دېدى مەھەللە ئىمامى ۋە بايغا ئېڭىشىپ ، — ئابلا باي جانابلىرىنى بىزنىڭ يېڭىساردىن دەپ ئاڭلىدىما ، راستما ؟

— ياق ، ياق ، — دېدى ئابلا باي دەرھال گەپنىڭ تېمىسىنى بۇراپ ، — بىز ھەممىمىز مۇشۇ غۇلجىنىڭ پۇقرالىرى . ھاشىمجان مەدەنىيەتلىك ئادەمكەن ، گېزىتكە يېزىلامسىلەر ؟

— نەدىكىنى ، مۇشۇ زىياۋۇدۇنغا شەھەردىن رابىخان دېگەن ئايال چىقارتىپ بېرىدۇ !

— بۇگۈندىن باشلاپ مەن سىلەرگە «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىدىن چىقارتىپ بېرەي . بىر يىللىق مۇشتەرى قىلىپ قوياي . مەن سىزگە ھاشىمجان ، خەلققە قىلغان بۇ ياخشىلىقىڭىز ئۈچۈن بىر ئات ، بىر سىيىر ، ئون قوي تەقدىم قىلاي ، سىز نەچچە جان ؟

ھاشىم يوچىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى .

— مەن ئالتە جان ، — دېدى ئۇ ، — تۆت بالام بار ، ئىككىسى ئوغۇل ، ئىككىسى قىز . لېكىن مەن سەدىقە ـ خەيرىيە ئالالمايمەن . تۆت ئەزايىم ساق ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ سىلىقلىرى ئاز ، يوقنىڭ ئورنىدا ، بىز خېلى بېيىپ قالدۇق . 1947 ـ يىلى ياخشى باشلاندى ، ئىلاھىم نۇسرەت بەرسە ...

— ھاي ، ھاي ھاشىم ، باينىڭ ئىلتىپاتىغا رەھمەت دە ، قولىنى قايتۇرما ! — دېدى مىرا «قازى» بۇيرۇق بېرىپ ، — قېنى ئىمامئاخۇنۇم ، دۇئا قىلسىلا ئەمىسە .

— ئامىن !

— ئاجايىپ كاتتا زېمىنكەن ، ئوغلۇم نۇرمۇھەممەت ! — دېدى ئەتىسى ئابلا باي ئەتراپىنى كۆرگەندىن كېيىن ، — ئاشۇ ئۈستەڭ بويىغا ئىككى قەۋەتلىك ، قاتالتىر ئۆگزىلىك قىلىپ ، ئاشۇ موسكۋادىكى ئۆيدەك بىر داچا سالساق بولغۇدەك . خەمىتنى ئەكىرىپ كېتەيلى ، ئۇ بىزنىڭ ئۆينىڭ ئەتىۋارلىق ئوغلى بولۇپ قالسۇن .

نۇرى بىلەن زەيتۇنە جاۋاب ئورنىغا بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويۇشتى .

— مۇھىمى پەرىخەنى داۋالىتىش ، — دېدى زەيتۇنە كۆلۈمسىرەپ ، — ئۇ قىزنى چەت ئەللەردە داۋالىتايلى ، دادا .

— بۇ چاغقىچە ئالمۇتىغا يۆتكەلگەن بولۇشى مۇمكىن .

سۈزۈك ئاسمان ، جىمجىت يېزا ، قۇياش نۇرى ئۆگزىگە يېسىلغان ئوت ـ چۆپ ، قەدىمىي قارىياغاچلار شاخلىرىدىكى ئاپئاق

قارلارنى كۈمۈش رەڭ يالقۇنغا چۆمدۈردى. گۈزەل يېزا قەلبلەردە گۈزەل ئارزۇلارنى ئويغاتتى...

## 59

1947 - يىلى فېۋرالدا سوغۇق ئەۋجىگە چىقتى. بولۇپمۇ، ئۈرۈمچى شەھىرىدە كوچىلار قېلىن قار بىلەن چۆمكەلگەن، يوللار توسۇلغان، شەھەر ئۈستى قويۇق ئىس - تۈتەك بىلەن قاپلانغان، ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىدىكى، يوللارنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى قېلىن قارلارمۇ كۆل رەڭ تۈس ئالغان، گويا ئاسماندىن كۆل ياغقاندەك، گويا يەر بىلەن ئاسمان سۇرلەنگەندەك، گويا شەھەرمۇ گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كۆل رەڭ كىيىمىنى كىيىۋالغاندەك ...

20 - فېۋرال كۈنى ئۈرۈمچىدىكى جەنۇبىي دەرۋازىنىڭ سىرتىدىن ئورۇن ئالغان ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ يىغىن زالىدا «ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش» نامى بىلەن چوڭ يىغىن ئېچىلدى. ھەر مىللەت كىشىلىرى مەكتەپلەردىن، ئىدارىلەردىن، كوچا ۋە ئۆيلەردىن چىقىشىپ بۇ يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن يۈگۈرۈشتى. يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان كىشى بۇ ئۇيۇشمىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلەت مەخسۇم ئىسىملىك كىشى. ئۇ يىغىندا ۋارقىراپ سۆزلەپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ دېموكراتىك سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقى «ئون بىر ماددىلىق بىتىم»نى ئىجرا قىلىشقا قارشى تۈرۈۋاتقانلىقىنى پاكىت بىلەن بىرمۇبىر ئوتتۇرىغا قويۇپ سۆكتى ۋە بۈگۈندىن باشلاپ كوچىدا نامايىش قىلىپ، خەلقنى قوزغاش ئۈچۈن تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى تارقىتىپ، زوراۋان كۈچلەر بىلەن قانۇنىي كۈرەش قىلىشقا چاقىرىق قىلدى. 21 - ، 22 - فېۋرال كۈنلىرى قاتتىق سوغۇقتا نامايىش بولدى. نامايىشچىلار شوئار ۋارقىراپ، دېموكراتىيە، ئەركىنلىك تەلەپ قىلىشتى. ئاخىرىدا ئۆلكىلىك

هۆكۈمەتكە مۇراجىئەتنامە تاپشۇردى. مۇراجىئەتنامىنى ئۆلكىلىك هۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى ليۇ مېڭچۇن تاپشۇرۇۋالدى. مۇراجىئەتنامىدە مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى جانىمقاننى، قۇمۇلنىڭ ۋالىيسى يولۋاسنى، خوتەننىڭ ۋالىيسى نۇربەگنى، يەكەننىڭ ۋالىيسى جۇ فاڭگاڭنى دەرهال ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش تەلەپ قىلىنغانىدى.

گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى شىنجاڭدىكى ئۆزلىرىگە قارشى كۈچلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن ئاستىرتىن كۆپ خىل ئۇسۇللار بىلەن خېلىدىن بېرى هەرىكەت قىلماقتا ئىدى. قوراللىق توقۇنۇش توختىغان بىلەن، يوشۇرۇن كۈرەش ئەۋج ئالماقتا ئىدى. بولۇپمۇ بۇ يىل يەنئەننى گومىنداڭ قوشۇنلىرى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ هەيۋىسى ئېشىپ، هەممىلا جايدا ئىلى ئىنقىلابچىلىرىنى «قىزىل پاچاقلار»، «كومپارتىيىنىڭ قۇيرۇقلىرى» دەپ تىللاشقا ئۆتكەنىدى.

23 - فېۋرال كۈنى ئۆلكىلىك خەلق هۆكۈمىتى جىددىي يىغىن ئاچتى. جاڭ جىجوڭ نەنجىڭغا كېتىپ قالغاچقا، يىغىننى يېڭىلا تۇرپاندىن قايتىپ كەلگەن ئەخمەتجان قاسىمى باشقۇردى. بۇرهان شەهىدى بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوف خەلقنىڭ تەلىپىنى قوللاپ سۆزلىدى. سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، خەلقنى بوزەك قىلىپ ئۇققا تۇتۇشلار تىلغا ئېلىندى.

— ئۇلار سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى ئۆتكۈزدى، — دېدى ئابباسوف غەزەپ بىلەن، — جۇ فاڭگاڭ، يولۋاس، خادىۋاڭ، نۇربەگلەرنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش كېرەك ياكى يۆتكىۋېتىش كېرەك! — مەن ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ پىكرىنى قوللايمەن. خەلقنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىش كېرەك، هەققانىيەتنى قوللاش كېرەك، خەلق تىنچلىق، دېموكراتىيە تەلەپ قىلماقتا. بۇ هەققانىي تەلەپ! — دېدى بۇرهان شەهىدى. لېكىن، ليۇ مېڭچۇن، ۋاڭ زېڭشەن، جانىمقانلار قارشى چىقتى.

— مۇراجىئەت قىلغۇچىلارنىڭ ۋەكىلىنى يىغىنغا قاتنىشىپ

پىكىر بايان قىلىشنى تەكلىپ قىلىمەن! — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى.

ئابلەت مەخسۇم يىغىن زالىغا كىردى. ئۇ خەلق رايى، خەلق هوقۇقى دېگەن تېمىدا قىسقا، لېكىن جانلىق سۆزلىدى.

— ئۆلكىلىك هۆكۈمەت بىلەن ئارمىيە تەرەپ تىنچلىق بىتىمىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن زادى قانچىلىك كونكرېت خىزمەت ئىشلىدى؟ — دەپ سورىدى ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، — خەلق ئوققا تۇتۇلغۇدەك، قامالغۇدەك نېمە گۇناھ ئۆتكۈزدى؟

جىددىيلىك، كەسكىن تالىشىش باشلاندى. ئەخمەتجان قاسىمى:

— مەن ئورىبېگ بىلەن جۇ فاڭگاڭنى ۋالىيلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشنى تەكلىپ قىلىمەن. قوللايدىغانلار قول كۆتۈرەيلى! — دېدى.

قول كۆتۈرگەنلەر كۆپ سانلىق بولدى. قارار ماقۇللاندى. ئىككى ۋالىي ئەملىدىن قالدۇرۇلدى.

بۇ زەربىگە بەرداشلىق بېرەمەك ئۈرۈمچىنىڭ كەچكى زەھەردەك سوغۇقلىرىغا بەرداشلىق بېرەمەكتىنمۇ قاتتىق تۇيۇلدى گومىنداڭ جاھىل كونسېرۋاتىپلىرىغا.

— ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ! — دېدى گارنىزون قوماندانى سۇڭ شىلىيەن مەمۇرىي، ھەربىي كاتتىۋاشلارنىڭ غەربىي بىنادا ئېچىلغان مەخپىي يىغىنىدا ئۇستەلدە كېرىلىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، — قورقىدىغان نېمە بار. مانا مەن ئارقا تىرەك، ئىشلەڭلار، نامايىشقا نامايىش، مۇراجىئەتكە مۇراجىئەت بىلەن جاۋاب بېرەيلى. بۇ ياخشى تەكلىپ، مەن ئون مىڭ ئەسكەرنى يۇقىراچە كىيىنىپ نامايىش قىلىشقا بۇيرۇيمەن. ئۈرۈمچىنىڭ مەكتەپ، ئىدارىلىرىدىن تېرىشتۇرۇپ بولسىمۇ ئىككى مىڭ ئادەم چىقىرىڭلار، قانچە جىق بولسا شۇنچە ياخشى!

24 -، 25 - فېۋرال كۈنلىرى ئۇلار نامايىش قىلىشتى، ئۈرۈمچى كوچىلىرى خەنزۇچە: «باندىتلارنى يوقىتايلى!»،

«ياشىسۇن سەنمىنجۇيى !» دېگەندەك شوئارلارنى ۋارقىراشقان ، قوللىرىغا ئاياق ـ توقماق ، تاش ـ كېسەك ئېلىشقان نامايىشچىلار بىلەن تولدى . 25 ـ فېۋرال كۈنى بۇ پۇقراچە كىيىنگەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تورۇشلۇق جايغا كېلىپ توپلىنىشتى . ھۆكۈمەت قورۇسىنىڭ ئىچى ۋە تېشى ئادەم بىلەن لىق تولدى .

— ئەخمەتجان چىقسۇن ! — دەپ ۋارقىرايتتى ھويلىغا كىرىۋالغان نامايىشچىلار .

بۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ يىغىنى ئېچىلىدىغان كۈن ئىدى . ئەخمەتجان قاسىمى ، رەخىمجان ، لىيۇ مېڭچۈندىن باشقىلار كېلىپ بولغانىدى . چۆي ۋۇ ، بۇرھان شەھىدىلەر نەسىھەت قىلىپ چۈشەنچە بەرسە ، ئۇ تەلۋىلەر قىلچە ئىلىك ئالمىدى . ئۇلار ئىشخانىغا بېسىپ كىرىپ ئابدۇكېرىم ئاباسوف ، بۇرھان شەھىدىلەرگە ھەيۋە قىلىپ ، ئېرى ـ بېرى ئىتتىرىپ كېيىملىرىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇۋالغان قوراللىرىنى قەستەن تەڭكۈزۈپ :

— ئەخمەتجان دېگىنىڭلارغا تېلېفون بېرىڭلار ! — دەپ ۋارقىراشتى .

بىردەمدىن كېيىنلا :

— ئەخمەتجان كەلدى ! — دەپ ۋارقىراشتى كۆپچىلىك تەرەپ ـ تەرەپتىن . جاڭ جىجۇڭ كېتىپ قالغاندىن كېيىن ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ چوڭ رەھبىرى ئەخمەتجان بولۇپ قالغانىدى . ئۇنىڭ خەتەرگە پىسەنت قىلماي بۇ يەرگە كېلىشى ئادەملەرگە بىتىمگە كىم قارشى ، كىم ھىمايىچى ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلايدىغان قورقۇمسىز ھەرىكەت ئىدى . ئەخمەتجان كېلىش بىلەن ، نامايىش ، مۇراجىئەت داغدۇغىسى ئەۋجىگە چىقتى :

— يوقالسۇن ئەخمەتجان !

— ئۇزرايلى ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى ! — دەپ ۋارقىراشتى ئەسەبىيلەر .

ئـۇلار ئون ئالته تۇرلۇك تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى . بەزى تەلەپلەر ئورۇنسىز ۋە ئەتەي ماجىرا چىقىرىش ئۇچۇن قويۇلماقتا ئىدى . ئەخمەتجان بۇ يولسىز تەلەپلەرنى رەت قىلدى .

— ئۇرايىلى ، ئۆلتۇرەيلى ! — دەپ ۋارقىراشتى تەلۋىلەر قىستاپ كېلىپ ۋە ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بۇرهان شەهىدىنىڭ ماشىنىسىنى ئوروپ پاچاقلاشقا باشلىدى . بۇرهان شەهىدىنىڭ شوپۇرى مونۇپ ئاخۇن ماشىنىسىغا چىدىماي يۇگۇرۇپ چىقىۋىدى ، بىردەمدىلا ئۇر ـ ئۇر قىلىپ ئۆلتۇرۇۋېتىشتى . ئۇنىڭغا ئارىلاشقان يەنە ئىككى ئادەمنىمۇ ئوروپ چالا ئۆلۇك قىلىۋېتىشتى .

— ئەخمەتجان ، ئابدۇكېرىم ، ئۆزۈڭلارنى دالدىغا ئالمىساڭلار بولمىدى ! — دېدى ئۆلكىلىك هۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى ليۇ مېڭچۇن .

— ئۇلار باستۇرۇپ كىرىپ مېنى ئۆلتۇرۇۋەتسۇن ! — دېدى ئەخمەتجان غەزەپلىنىپ ، — مەن قورقمايمەن ، بىز ئۆلۇمدىن قورقمايمىز . بىز ئاللىبۇرۇنلا جېنىمىزنى تىكىپ قويغان . هازىر بىزنىڭ هايات تۇرۇشىمىز خەلققە پايدىلىق ، چۇنكى بىز تىنچلىق بىتىم بويىچە خەلقنىڭ ئەركىنلىكىنى قوغدايمىز . ئەگەر بىز قۇربان بولساق خەلققە تېخىمۇ پايدىلىق ، چۇنكى خەلق قوزغىلىپ ئىسيان كۆتۇرۇپ ، تېخىمۇ چوڭ ئەركىنلىككە ئېرىشىدۇ . بۇ بىز ئۇچۇن ئىنتايىن شەرەپلىك !

— سىلەر خەلقپەرۋەر ئەمەسمىدىڭلار ، — دېدى ۋاڭ زېڭشەن مازاق قىلغان ، تەنە تەلەپپۇزىدا ، — خەلق سىلەر بىلەن كۆرۇشۇشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ . سىلەر چىقىپ ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىڭلار !

— بىز مەجلىسنى تاشلاپ چىقمايمىز ! — دېدى ئەخمەتجان ئورنۇدۇقتا چىراي ئۆزگەرتمەي ئولتۇرۇپ ، — ئەگەر قوراللىق نامايىشچىلار بېسىپ كىرىپ سۇيىقەست قىلىدىكەن ، سىلەر مۇشۇ هوقۇقلۇق مەجلىس زالىدىكى ئەزالار جاۋاب قىلىسىلەر . ئەگەر بىز خەلق ۋەكىللىرىدىن بىرىمىز يوقىتىلىدىكەنمىز ، شۇ مىنۇتتىن

باشلاپ ئۇرۇش باشلىنىدۇ !

— بىز ئۆلۈمنى ، خەلقىمىزنىڭ ئازادلىقى يولىدىكى ئۆلۈمنى ئاللىقاچان ئۇستىمىزگە ئېلىپ قويغانمىز ، — دېدى ئاباسوف ئۆز رەھبىرىگە ئۇلاشتۇرۇپلا ، — ئۆلسەك شەرەپ بىلەن ئۆلىمىز ، قالساق شەرەپ بىلەن قالىمىز ، ئەمما ئۆلۈم مەنىسىز بولماسلىقى كېرەك . شۇنىڭ ئۈچۈن ، كىچىككىنە مۇشۇ جايدىمۇ خەلق دۈشمەنلىرى بىلەن ئاخىرقى جەڭنى قىلىشقا تەييارمىز . ئۆلسەك ئۆلۈمگە مەردلەرچە بارىمىز ، قالساق ئۆلۈمدىن مەرلەرچە قالىمىز . ھەر ئىككى سەپتە ئاجىزلىق بىزگە خاس ئەمەس !

— نەنگۈەن دەرۋازىسىغا بەش ـ ئالتە مىڭ مۇسۇلمان توپلىنىشۋاپتۇ ! — دېدى خەۋەرچى ئالدىراپ كىرىپ .

— ئۇلارغا تارقىلىپ كېتىشكە بۇيرۇق بەرسىڭىز ! — دېدى گومىنداڭ مۇئاۋىن گارنىزون قوماندانى داڭ بىگاڭ .

— بولىدۇ ! — دېدى ئەخمەتجان دەرھال قولىغا قەلەم ـ قەغەز ئېلىپ . ئۇ قەغەزگە : «بىز سالامەت ، ئەندىشە قىلماڭلار ، تارقاپ كېتىڭلار !» دەپ يازدى . ئەسكەر ئۇنى ئېلىپ يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى . بىردەمدىن كېيىن گېنېرال داڭ بىگاڭ يەنە ئالدىراپ كىردى :

— ئۇلار خېتىڭىزنى بىزنىڭ ھىيلىمىز دەپ تارقىمايۋاتىدۇ . بىر چارە تاپمىسىڭىز بولمىدى !

ئەخمەتجان ئورنىدىن تۇرۇپ گېنېرالغا تىك قارىدى .

— سىزگە ئىككى يول بار ، — دېدى ئۇ پەرۋاسىزلىق بىلەن ، — بىرى ، ھازىر چىقىپ ئەسكەرلىرىڭىزگە «ئارقىغا بۇرۇلۇپ قەدەملەپ مارش !» دېسىڭىز ، ئۇلار چىقىپ كېتىدۇ . بىز چىقىپ نەنگۈەندىكى خەلقنى تارقىتىمىز . يەنە بىرى ، ئىشىكنى ئېچىپ : «ئالغا قەدەملەپ مارش !» دەپ ئەسكەرلىرىڭىزنى قويۇپ بېرىسىز . ئۇلار بىزنى ئۆلتۈرىدۇ . بۈگۈن ئۇرۇمچىدە ، ئەتىدىن تارتىپ پۈتۈن شىنجاڭ ئۆلكىسىدە قان تۆكۈلىدۇ . مۇشۇ ئىككى يولنىڭ قايسىسىنى

www.uyghurkitap.com

تاللىسىڭىز مەيلى . بىز ئۆلۈمدىن قورقمايمىز . بىز ئۆلۈمنى ئاللىقاچان ئۈستىمىزگە ئالغان ئادەملەرمىز . ھازىر بىز ھايات قالساق خەلققە پايدا ، چۈنكى بىتىم بويىچە خەلقنىڭ ئەركىنلىكىنى تەمىن قىلىمىز . ئۆلسەك ئۇنىڭدىن ئارتۇق پايدا . چۈنكى بۇ مۇناسىۋەت بىلەن خەلق قوزغىلىپ ، بۇ قېتىمقى بىتىمدىن ئارتۇقراق بولغان تولۇق ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرىدۇ . بىزنىڭ قېنىمىز خەلققە ھەقىقىي ئازادلىق كەلتۈرۈپ بېرىدۇ . بۇ ئەلۋەتتە بىز ئۈچۈن شەرەپلىك ئۆلۈم بولىدۇ .

ئۇنىڭ سۆزلىرى ، ئىرادىسى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى چۈي ۋۇغا تەسىر قىلدى . ئۇ گارنىزون قوماندانى سۇڭ شىلىيەنگە تېلېفون بەردى . ئۇ تېلېفوندا :

— رەئىس جاڭ جىجۇڭ بولغان بولسا بۇ ئىش سادىر بولمىغان بولاتتى . ئۇ كىشىگە قانداق جاۋاب بېرەلەيمىز . ماناس بويىدىكى ئوتتۇز مىڭدەك ئەسكەرنىڭ كۆز - قۇلىقى ئۈرۈمچىدە ، ئۇنى ئۇنتۇپ قالمايلى ، — دېدى رەنجىپ .

سۇڭ شىلىيەن نامايىشنى تارقىتىشقا ماقۇل بولدى .

ئەخمەتجان قاسىمى ۋەھىمە ئىچىدە قالغان گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ :

— مۇنداق بىر ھېكايە ئېسىمگە كېلىپ قالدى ، — دېدى ئادىتى بويىچە ھېكايە بىلەن سۆز باشلاپ ، — بىر گېنېرال ئۆزىنىڭ ئوفىتسېرلىرىنى سىناماق بولۇپ ، بىر كۈنى ئۇلارنى ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرىپتۇ . ئۈستەلدىكى تائاملار قاتارىغا بىر قاچا سوغۇق سەي تەييارلاتقۇزۇپ قويۇپتۇ . ئۇنىڭ ئىچىگە چوڭراق پوجاڭزىدەك كۈچى بار بىر گراناتنى يوشۇرۇن بېكىتىپتۇ . ئوفىتسېرلار تاماققا ئولتۇرغاندا ، ئۇلاردىن بىرى ۋىلكىنى ھېلىقى سوغۇق سەيگە سانجىغانىكەن ، بىردىنلا گرانات پارتلاپ كېتىپتۇ . ئۇلارنىڭ بىرلىرى ئۈستەل ئاستىغا كىرىپ ، بىرلىرى كارىۋات ئاستىغا ، يەنە بىرلىرى سىرتقا قېچىپ پاناھلىنىپتۇ . يالغۇز بىر ئوفىتسېرلا ئورنىدىن قوزغالماي ئولتۇرۇپتۇ .

گېنېرال ھەممىسىنى يىغنۇپلىپ :

— مەن سىلەرنى سىناپ باقتىم ، ھەممىڭلار يارىمىدىڭلار . مانا بۇ ئىچكەن . مەن بۇنى مۇكاپاتلايمەن . خوش ، ئوفىتسېرىم ، سىزگە نېمە لازىم ، دېگىنىڭىزنى بېرەي ، — دەپتۇ .

ھېلىقى ئوفىتسېر ئورنىدىن قوزغالماي ئولتۇرغىنىچە چاس بېرىپ :

— ھۆرمەتلىك گېنېرال ، ھازىر ماڭا ئەڭ قىممەتلىك مۇكاپات بىر دانە كۆسار بولۇپ قالدى ، شۇنى بەرسىڭىز ئىشتان يەڭگۇشلىۋالسام ... — دەپتۇ .

— بۇگۈن شۇ ئىش تەكرارلاندى ! — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى . ئابدۇكېرىم ئابباسوف بۇ ھېكايىنى ئالدىرىماي ، ئۇقۇشلۇق قىلىپ خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ بەردى . كۆپچىلىك راستتىن ، يالغاندىن زورىغا كۈلۈشتى . تەنگە چىدىمىغانلار ئۇۋايسىزلىنىپ مۇرىلىرىنى قىسىشىپ بىر - بىرىگە قاراشتى ۋە مەجبۇرىي كۈلۈشتى . مەجبۇرىي كۈلكە ئىنسان ئۈچۈن ئازاب ، ئۇ ئىچكى دۇنيانىڭ مەجبۇرىي پاش قىلىنىشى ، ئىنسان روھىنىڭ نەيزىلىنىشى ھېسابلىنىدۇ . بۇ يەردە باشتا كېرىلىپ سۆزلىگەنلەرگە شۇنىڭدىن باشقا مۇراجىئەت قورالى قالمىغانىدى .

بىر ئىشنىڭ ئەكس نەتىجە بىلەن تاماملىنىشى كىشىگە ئۇنتۇلغۇسىز زەربە بولىدۇ . ئاخىر كەچ سائەت بەش بولۇپ ، ئۇرۇمچى ئاسمىنىدا قىش قۇياشى ئۇزىغاندا «نامايىشچى»لار تارقاشتى .

دۇشمەن كۈچلىرىنىڭ ھەيۋىسى ئارقىلىق ئۆز ئوبرازىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن ئەخمەتجان قاسىمى ، ئابدۇكېرىم ئابباسوف ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى ئاخىر ماشىنا بىلەن ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ قورۇسىدىن چىقتى . كوچىلار مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر بىلەن تولغان ، جەنۇبىي دەرۋازا تاقىلىپ ، سىپىل ئىچى سۈرلۈك بولۇپ قالغان . ئەخمەتجان ئابدۇكېرىم ئابباسوفقا :

— بۇ ئىشمۇ بىزنىڭ پايدىمىز بىلەن ئاخىرلاشتى ! — دېدى . — ھەممىسىنىڭ كۆزى غەربتە . ماناس دەرياسىنىڭ ئۇ قىرغىقىدا ! — دەپ كۈلدى ئابباسوفمۇ .

قار بىلەن تولغان كوچىلاردا ئادەممۇ يوق ، سېپىل دەرۋازىسى غاچىرلاپ سۇرلۇك ئېچىلدى .

— ئۇلارنىڭ قەستى مىللىي ماجىرا پەيدا قىلماقچى ئىدى ، — دېدى ئابباسوف ، — خەلقنىڭ بىتىمنى ئىجرا قىلىش تەلىپىنى بۆلگۈنچىلىك دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىمەكچى . بىزنىڭ خەلقىمىز بۆلۈنۈشكە قارشى !

— ئاز ساندىكىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا !

— شۇنداق ، شۇ ئاز ساندىكىلەر نەق مىللىي ماجىرا مەستانىلىرى !

— مەن دائىم بىزگە لازىمى ھۆرلۇك ، خەلقچىللىق ، تىنچلىق دەيمەن . تىنچلىقنى ئارقىغا قويىمەن . بۇنىڭ سەۋەبى ، خەلقچىللىق بولمىسا ، ھۆرىيەت بولمىسا تىنچلىق مەڭگۈ مەۋجۇت بولالمايدۇ . مانا ھازىر بۇ ھەقىقەت ئىسپاتلانماقتا ! — ئەخمەتجان قاسىمى قىسقا ھەربىي جۇۋىسىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ قويدى . سىرتتا قاتتىق سوغۇق شامال ھۇۋۇلدىماقتا ئىدى .

قاتار تىزىلغان ماشىنىلار ئاخىر سېپىل سىرتىدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى . خەلق ئۇ يەرگە سانجاق ـ سانجاق بولۇپ توپلانغان ، غۇۋا ئاسمان ھور بىلەن تولغان . ئاشۇ ھور بىلەن تولغان ئاسمان ئاستىدىن : «ھۇررا !» دېگەن سادا كۆتۈرۈلدى . ئەخمەتجان ماشىنىنىڭ ئۈستىگە چىقتى . ئۇ خەلققە قارىدى . ياش بىلەن يۇيۇلغان ، خۇشاللىقتىن پۇرۇشكەن ، سوغۇقتا كۆكىرىپ ، قارايغان چىرايلار ئۇنىڭغا تىكىلگەن . بۇلار ئۇنىڭ خەلقى . دۇنيادا خەلق ئوغلى بولۇشتىنمۇ پەخىرلىك ، شەرەپلىك ئىش بولامدۇ ؟ ئەخمەتجاننىڭ كۆزلىرىدىن ھاياجان ياشلىرى سىرغىدى ، ئۇنىڭ قىرو باسقان قارا بۇرۇتى ئاستىدىكى لەۋلىرى تىترىدى .

— مۆھتەرەم قېرىنداشلىرىم ! — دېدى ئۇ قوللىرىنى ھاۋاغا



www.uyghurkitap.com

كۆتۈروپ ، — ئەندىشە قىلماڭلار ، قورقماڭلار ، ئىنشائاللا بىزنىڭ يولىمىز ئاق ، ئىستىقبالىمىز پارلاق ! شۇنىڭ ئۈچۈن قورقماسلىق كېرەك ، ھەقىقەتنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقىمىز ياشىسۇن !

— ھۇررا !

— ياشىسۇن ئەخمەتجان !

ئادەملەر ماشىنىلارنى ئورىۋالغان ، تارقايدىغاندەك ئەمەس . خەلق ئۆز رەھبىرىگە قانمايۋاتاتتى . كۆپلىرى ئۇنىڭ قەيسەرلىكى ، مېھرىبانلىقى ، ئاددىيلىقى توغرىسىدا توقۇلغان رىۋايەتلەرنىلا ئاڭلىغان ، ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرمىگەن ، ئاۋازىنى ئاڭلىمىغانىدى . مانا كۆردى : قارىقۇمچاق ، قاراقاش ، قاڭشارلىق ، ئوتتۇرا بوي ، ئوتتۇز ئۈچ ياشلىق قىران يىگىت سوغۇققا پىسەنت قىلماي ، كۆزلىرىدىن مېھىر - شەپقەت ياغدۇرۇپ تۇرۇپتۇ . ئۇنىڭ ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىدى ، زىل ، جاراڭلىق ئاۋاز ، خۇددى بوۋاقنىڭ روھىغا تەسەللى ئانا ئەللىيىدەك ، پەيغەمبەرلەر ھەققىدىكى داستانلارنى ئوقۇغۇچى موللا قەسىدىسىدەك ، ھەربىر قۇلاققا يېقىملىق ، سىلىق ۋە تەسىرلىك ئاڭلىناتتى . خەلق بۇ ئاۋازنى مەڭگۈ ئاڭلاشقا تەقەززادەك جىمجىت ، زېھنى بىلەن بېرىلگەنىدى ، خۇددى بۇ سۆزلەرنى يادلىۋالماقچى بولۇشقاندەك .

سائەت سەككىزدە ئورۇمچى شەھىرىدە ھەربىي ھالەت بولماقچى . مانا ھازىر سائەت سەككىز ، خەلق تېخى تارقىمىدى . بۇ يەردە تېخىمۇ كۆپەيمەكتە . ئۇيغۇر ، قازاق ، تاتار ، ئۆزبېك ، قىرغىز ، خۇيزۇ ، رۇس ، ھەتتا خەنزۇلارمۇ بار . خەلق دولقۇنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ كۇلۇبىغا قاراپ ئاقتى . ئادەم بىلەن لىق تولغان كۇلۇبنىڭ سەھنىسىدە ئۆرە تۇرۇپ ئەخمەتجان قاسىمى ئۆز خەلقىگە سۆزلىمەكتە :

— مۆھتەرەم قېرىنداشلىرىم ! بىز ھەققانىيەت ئۈچۈن قوزغالغان . ھەققانىيەت ئۈچۈن جان بېرىمىز . بىز ئۆلكە خەلقىنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈن قان تۆكۈشنى ئايىمىغان . ھازىرمۇ ئۆلكە خەلقىنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقىنى ۋە ئەركىنلىك

ھاياتىنى ساقلاش ، ئۇنى مۇستەھكەملەپ ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن جان ئايىمايمىز . بىزنىڭ ئىشىمىز ھەق بولغىنى ئۈچۈن ، بىزنىڭ يولىمىز ئاق ، ئىستىقبالىمىز پارلاق !

«ھۇررا !» ۋە چاۋاك ئاۋازى كۆلۈبتىن دولقۇنلىنىپ چىقىپ ئۆرۈمچى ئاسمىنىغا كۆتۈرۈلدى . ئۇ شەھەرنى قاپلىغان كۆكۈچ تۈتەكنى سۈرۈپ چىقارماقچى بولغاندەك ، بارغانسېرى يۇقىرى ئۆرلىمەكتە ئىدى .

خەلققە ۋەكىللىك قىلماق تولىمۇ تەس . بۇنىڭ ئۈچۈن شەخسىي غەرەزدىن ۋاز كېچىشكە ، ئۆزىنىڭ پايدا - زىيانلىرىنى ھېسابلاپ تۇرۇشتىن ۋاز كېچىشكە ، ئۆزىنىڭ ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ۋاز كېچىشكە ، ھەتتا ئىسسىق قان ، شېرىن جېنىدىنمۇ ۋاز كېچىشكە توغرا كېلىدۇ . بولۇپمۇ ، خەلق بىلەن ھۆكۈمران گۇرۇھ - ھاكىمىيەت ئىگىلىرى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن مەنپەئەت توقۇنۇشى يۈز بەرگەندە . زوراۋان قارا كۈچلەرگە ، ھەيۋىلىك ، چىش - تىرنىقى بىلەن قوراللانغان ۋەھشىي ئۇنسۇرلار توپىغا قارشى ھەرىكەت ۋە گەپ قىلىشتا بۇ خىل قۇربان بېرىش روھى بولمىسا خەلق ۋەكىلى ، خەلق ئوغلى بولغىلى بولمايدۇ . خەلق ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆزلىرى ئۈچۈن پىداكارلىق بىلەن سۆزلىيەلەيدىغان ، بايراق كۆتۈرۈپ ماڭالايدىغان ئوغلانلارنىلا «ياشىسۇن !» ، «داھىيىمىز !» دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ… «مەن بۇ خىل باھاغا لايىقمۇ ؟» دەپ ئويلىدى ئەخمەتجان جەنۇبىي گۈلزارلىق ھويلىدىكى ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ .

— غۇلجىغا كېتەيلى ، بولدى ، رەئىسلىكىنىمۇ تاشلاپ بېرىڭ ! — ئۇ ئۆيدە ماھىنۇرنىڭ ئەندىشە بىلەن يالۋۇرۇشلىرىغا تەسەللى بەردى ۋە خەلق تەقەززالىقىنى سىمۋول قىلىپ «ئادالەت» دەپ ئىسىم قويۇۋالغان قىزىنىڭ ئۇماق يۈزىگە ئاستا ئېڭىشىپ سۆيۈپ قويۇپ ، يۇمشاق چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ ئېيتتى : «ياق ، مەن تېخى خەلقىمگە تەشنالىقى قاندىغان ئۇسسۇلۇق بېرەلمىدىم . خەلقىمگە ئادالەت ، خەلقچىللىق ، ئەركىنلىك كېرەك . خەلقىم

بۇنىڭغا تېخى ئېرىشەلمىدى . خەلقىم ھۆرلۈككە تەشنا ، ئۆز ئىنسانىي ھوقۇقىنى ، مىللەت سۈپىتى بىلەن ساقلىنىدىغان غۇرۇرىنى قوغدىشى كېرەك . خەلقىم ئۆزىنى قوغدايدىغان قۇدرەتلىك كۈچكە تەقەززا ، تېخى بىز بۇ خىل كۈچكە ئېرىشەلمىدۇق . بىز تېخىچىلا باشقىلارنىڭ ئاغزىغا قاراقلىق ، باشقىلارنىڭ ئىشارىتى بىلەن ئىش قىلىمىز . ياق ، بۇ خىل ھاقارەتلىك ھايات ئاخىرلىشىشى ، خەلق ئۆز ئارزۇسىنىڭ ئىشقا ئاشقانلىقىنى كۆرۈپ تەنتەنىلىك بايرام قىلىشى كېرەك . مەن شۇ چاغدا ئۆزۈمنى مۇناسىپ ھالدا خەلق ئوغلى ، خەلق ۋەكىلى دېيەلەيمەن !... »

ئۇنىڭ زادىلا ئۇيقۇسى كەلمىدى . كىم بىلەندۇر سۆزلەشكۈسى كەلدى . ئۇ ئابدۇكېرىم ئاباسوفنى يادىغا ئالدى . ئۇ بۇ يىگىرمە ئالتە ياشلىق ، چىرايلىق كېيىنىپ يۈرىدىغان كېلىشكەن يىگىتنى بارغانسېرى چوڭقۇر چۈشەنمەكتە ئىدى . ئادەم شۇنداق مۆرەككەپ نەرسە : ئىككى ئادەم دوست بولۇشىدۇ ، خۇددى يۈرىكى بىردەك بىر خىل سۆزلەيدۇ ، بىر خىل قەدەم باسىدۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ يەنە بىر - بىرىدىن يوشۇرىدىغان سىرلىرى بولىدۇ . يۈرەك خەزىنىسىنىڭ بەزى سىرلىق ساندۇقلىرى مەڭگۈ ئېچىلمايدىغان ئەھۋالمۇ بولىدۇ . بۇ بىر نورمال ئىش . جاڭ جىجۇڭ ئابدۇكېرىم ئاباسوفنىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنى 1 - ئىيۇل كۈنى ئېلان قىلايلى دېگەن تەكلىپىنى قوللىغانىدى .

— قاراڭا ، ئۇنىڭ ئۇستىلىقىنى ، — دېگەنىدى ئۇ كۈلۈپ ئەخمەتجان قاسىمىغا ، — بەك ئالدىراپ كەتسەك بولماس ، بەك كېچىكىپ كەتسەكمۇ بولماس ، 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بىر قەدەر ياخشى ، بۇرۇنمۇ ئەمەس ، كېيىنمۇ ئەمەس ، دەل ۋاقتى ، دەيدۇ تېخى . ئۇنىڭ جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە مۇھەببىتى بارىكەن . قاراڭا ، پارتىيە قۇرۇلغان كۈنىنى تاللىۋالغىنىنى ، يەنە ئۇنىڭدا خواشيانى ۋەتىنىم دەيدىغان قاراش بارىكەن ، ئۇنىڭ خەنزۇ قىز بىلەن توي قىلىشىنىڭ ئۆزى مىللىي قىرغىنچىلىقنى

تەشەببۇس قىلغۇچىلارغا قارشى ئىش... ئۇنىڭ كۆڭلىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بارىكەن، ئۇ «جۇڭگو» دېگەن سۆزنى «ۋەتەن» دەپ چۈشىنىدىكەن، مەن ئۇنىڭ پىكرىنى مۇۋاپىق تاپتىم، سىزچۇ، ئەخمەتجان؟ ئەخمەتجان قاسىمى بۇ گەپلەردىن ھەممىنى چۈشەنگەنىدى. جاڭ جىجۇڭ كۆڭلىدە كوممۇنىستىك پارتىيىنى ھەقىقەتنىڭ ۋەكىلى دەپ ھېسابلايتتى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئىنتىلەتتى. بىتىم ئىمزالىنىش ئالدىدا 1946 ـ يىلى 5 ـ، 6 ـ ئايلاردا غۇلجا شەھىرىنىڭ يېنىدىكى نادىم ھاجىنىڭ بېغىدا يەتتە يىگىت نىزامنامە ماقۇللاپ، «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» ناملىق ماركسىزملىق تەشكىلات قۇرغانىدى، ئابباسوف بۇ پارتىيىنىڭ رەھبىرى ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلماسلىق، تەشكىلات قۇرماسلىق كېرەك دېگەن يوليورۇقىغا خىلاپ ھالدا قۇرۇلغان بۇ تەشكىلاتنى بىلسىمۇ بىلمەسكە سالغان ۋە ھېچكىمگە تىنمىغانىدى.

ئۇلار ئاخىر 1946 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرى نەنجىڭغا يېتىپ باردى. ئۇ يەردىكى ئىشلار ئەخمەتجانغا بەش قولدەك ئايان، لېكىن بۇ ئىشلارنىمۇ ئۇ كۆڭۈل خاتىرىسىدىلا ساقلىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف نېمىدەپ چۈشەندۈرسە «ھە شۇنداق» دەپلا قويدى. لېكىن ئۇ نەنجىڭدىكى ئىشلارنى خۇددى كىنو ئېكرانىدا كۆرگەندەك بىرمۇبىر كۆرۈپ تۇردى. يەنىلا ھېچكىمگە ھېچنېمە دېمىدى.

ئۇلار مىللىي قۇرۇلتايغا قاتنىشىش ئۈچۈن 1946 ـ يىلى 15 ـ نويابىردا شاڭخەي ئارقىلىق نەنجىڭغا يېتىپ كەلدى. ئابباسوفنىڭ ئەس ـ خىيالى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نەنجىڭدىكى ئىش باشقۇرۇش ئورنىنى تېپىپ، ئۇ يەردىكى جۇ ئېنلەي، دۇڭ بىۋۇلار بىلەن كۆرۈشۈش ئىدى.

ئورۇمچىدە قۇرۇلغان يەر ئاستى تەشكىلات «كوممۇنىزمچىلار

ئىتتىپاقى» بىلەن غۇلجىدىكى يەر ئاستى تەشكىلات «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە موھتاج ئىدى. شۇڭا، ئابدۇكېرىم ئابباسوف نەنجىڭدا «گەيشىباۋ» گېزىتى، ئامېرىكىنىڭ «يونايدىندپىرىس» ۋە «ئاسسوشىئەيدىن پىرىس» ئاگېنتلىقلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئۇ نەنجىڭدا شىنجاڭ ۋەكىللىرى ئىچىدىكى ئەڭ پائالىيەتچان شەخس بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ مۇخبىرلار بىلەن قىلغان سۆھبەتلىرى گېزىتلەردە بېسىلىپ ناھايىتى تېزلا جامائەتنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇنىڭ:

... سىلەرنىڭ قوشۇنىڭلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىغانلىقى بىر پاكىت. سىز بۇنى ئىنكار قىلمايدىغانسىز، بولمىسا زەمبىرەك، پىلىموتلىرىڭلار نەدىن كەلدى! — دېگەن سوئالغا:

— بىزنىڭ قوراللىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسىنى جياڭ جيېشى ئەپەندى ئۆز گېنېراللىرى ئارقىلىق بىزگە سوۋغا قىلغان، لېكىن خەلقئارادىكى دوستلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكىمىزنى ھەرگىز ئىنكار قىلمايمەن، بۇ قىلچە ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. بىزنىڭ جۇڭگودىكى سۈن جۇڭشەن ئەپەندى ئاللىقاچان: «رۇسىيە بىلەن بىرلىشىش، كوممۇنىستلار بىلەن بىرلىشىش، ئىشچى - دېھقانلارنى يۆلەش»، «دۇنيادا بىز بىلەن تەڭ - باراۋەر مۇئامىلە قىلغان مىللەتلەر بىلەن بىرلىشىش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن. بۇنىڭدا بىرەر خاتالىق بارمۇ؟ — دەپ بەرگەن جاۋابى ئەخمەتجان قاسىمىنى تولىمۇ خۇشال قىلغانىدى. ئۇنىڭ يەنە، ھەرىكەتتىكى سەزگۈرلۈكى، چېۋەرلىكى ئەخمەتجانغا ياقىقانىدى. بۇلار بىر كەسپىي ئىنقىلابچىدا بولۇشقا تېگىشلىك خىسلەتلەر ئىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوفلار جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنىڭ سارىيىغا چۈشكەنىدى. گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتىدىكى چوڭ ئەمەلدارلار ئۇلارنى ئايرىم - ئايرىم زىيارەت

قىلغىلى كېلىپ تۇردى . لېكىن ئۇلار بۇ چوڭ ئەمەلدارلارنى زىيارەت قىلمىدى . جاڭ جيېشىنىڭ باش مۇلكىي ئەمەلدارى چېن بۇلېي ئۆزى كېلىپ ئاباسوف بىلەن كۆرۈشۈپ ، ئۇنى جياڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشتۈرمەكچى بولدى . ئاباسوف رەت قىلدى . قۇرۇلتاي جەريانىدا ئۇلار جياڭ ۋېيىۇەنجاڭنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى ، بىللە مۇزاكىرىگە قاتناشتى ، مۇزاكىرىدە دادىل پىكىرلەرنى بايان قىلالىغان . شىنجاڭدا گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ نەنجىڭدىكى ئەمەلدارلارغا ئوخشاشلا «تىنچلىق بىتىمى»نى ئاياغ ئاستى قىلغانلىقىنى پاش قىلالىغانمۇ شۇ ئاباسوف بولدى . قۇرۇلتاي تۈگىگەندىن كېيىن ئۇ چىڭداۋغا تۇغقان يوقلاپ بارماقچى بولدى . جياڭ جيېشىنىڭ ئوغلى جياڭ جىڭگو ئۇنى مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن ئېلىپ باردى . ئۇلار ئاباسوفنى ئۆزىگە تارتىپ بىرەر سىياسىي مەقسەتكە يېتىش كويىغا چۈشكەنىدى . بۇنى ئاباسوف ئەخمەتجانغا ئۆزى ئالدىن ئېيتتى . ئۇ يەنە جۇ ئېنلەي ، دۇڭ بىۋۇلار بىلەن كۆرۈشۈش ئىشىنىمۇ ئەخمەتجانغا ئۆزى ئېيتتى .

— بىزگە ئەسقاتىدىغىنى يەنئەن ! — دېگەنىدى ئۇ .

نەنجىڭ تولىمۇ چوڭ شەھەر ئىدى . فرانسىيىدىن كەلتۈرۈلگەن كاشتان دەرەخلىرى بىلەن قاپلانغان چىرايلىق كوچىلىرىدا پايلاقچى ، ئىشپىيونلار ئۇلارنى نازارەت قىلىپ ، ھەممىلا جايدا قاترىشىپ يۈرمەكتە ئىدى . ئۇلارنى ئاشكارا ئىزدەش قىيىن ئىدى . ئابدۇكېرىم ئاباسوف يول ئىزدەپ رەللە بولاتتى ، ئەخمەتجان بۇنىمۇ كۆرگەن ، ئۇلار بىللە رەللە بولۇشقانىدى . بىر كۈنى يۇ يۇرېن ئەپەندى شىنجاڭ ۋەكىللىرىنى چايغا چاقىردى . ئۇ كىشى 1946 - يىلى 6 - ئايدا ئۈرۈمچىگە بېرىپ جاڭ جىجۇڭنىڭ قەسەم بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا «نازارەتچى» بولغان ، شىنجاڭدا ئىككى ئايدىن كۆپرەك تۇرۇپ نۇرغۇن مېھمان بولغانىدى . گومىنداڭ رېۋزىيە پالاتاسىنىڭ بۇ باشلىقىغا شىنجاڭ ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مىللىتى ياخشى تەسىر قالدۇرغانىدى . ئۇ

مېھمانلارنى كەڭ، ئازادە ئۆيلىرىدە قىزغىن مېھمان قىلدى. تاماقتىن كېيىن ئابدۇكېرىم مېھمانخانىدىن ئاستا چىقىپ، يەنە شۇ مۇھىم ئىشى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ يالغۇز مېڭىپ يۈرەتتى.

— تونۇشلىمىدىڭىزمۇ؟ — يۇ يۈرىن ئەپەندى تۇيۇقسىزلا سورىدى. ئاباسوف يۇ يۈرىن ئەپەندىنىڭ بىرنېمە دېمەكچى بولۇۋاتقىنىنى دەرھال سەزدى. ئۇ يۇ يۈرىننىڭ يېنىغا كەلدى:

— يېقىندا دۇڭ بىۋۇ بىلەن ئۇچراشتىم، — دېدى ئۇ كومپارتىيەپەرەسلىكىنى ئاشكارىلاپ، — مەن سىز توغرۇلۇق ئېيتىۋىدىم، دۇڭ بىۋۇ مەن ئاباسوفنى بىلىمەن دەيدۇ!

ئاباسوف چۆچۈپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— مەن كومپارتىيىنىڭ داھىيلىرى بىلەن پات - پات ئۇچرىشىپ تۇرىمەن. مەن ئۇلار بىلەن دوست، — دېدى يۇ يۈرىن پىچىرلاپ، ئاندىن كېيىن كۈلۈپ، ئۇنلۇك ئېيتتى، ئاڭلىشىمچە، رەپىقىڭىزنىڭ نەنجىڭدا تۇغقانلىرى بار ئوخشايدۇ، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق! — دېدى ئاباسوف بىر ئىشنى سېزىپ.

12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى بىر خانىم ئابدۇكېرىم ئاباسوفنىڭ ياتىقىغا كەلدى.

— پالاتا باشلىقى يۇ يۈەنجاڭ سىزنى ئېلىپ كېلىشكە مېنى ئەۋەتتى. رەپىقىڭىزنىڭ بىر نەۋرە ئاچىسى سىز بىلەن كۆرۈشمەكچىكەن.

ئۇلار بىر قارا پىكاپقا چۈشتى. ماشىنىنى خانىم ئۆزى ھەيدىدى. ماشىنا ئورنىدىن قوزغىلىپ ئاۋۋال خۇەيخەيلۇ كوچىسىغا قاراپ ماڭدى، يۇ يۈرىننىڭ ئۆيىگە يېقىن كەلگەندە يەنە كۆڭزى ئىبادەتخانىسى تەرەپكە بۇرۇلدى. ئاندىن شىجىېكۇغا بۇرۇلۇپ، ئاخىر چىڭلياڭشەن تېغىغا قاراپ ماڭدى. ماشىنا ئايلىنىپ يۈرۈپ خېلى ئۇزاق ماڭدى. ماشىنىدىكى ئىككى ئادەم لام - جىم دېيىشمىدى. ئابدۇكېرىم ئەندىشىگە چۈشتى. ئاخىر خىلۋەت بىر يەرگە كەلگەندە خانىم گەپ قىلدى:

— ئىسمىم چېن ليەن ! — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ، قورقۇتۇپ قويدۇم ، ئەپۇ قىلىڭ ، يولداش دۇڭ بىۋۇ مېنى سىزنى ئەكېلىشكە ئەۋەتتى . يولداش ئاباسوف !

ئابدۇكېرىم ئاباسوف «يولداش» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ بىر خىل تىل بىلەن تەسۋىرلىگىلى بولمايدىغان هارارەت هېس قىلدى . بۇ بىر ئاتالغۇ ئۇنىڭغا غايە ئىستىقبالدىن دېرەك بەردى . قىز ئۆزىنى تولۇق تونۇشتۇردى : ئۇ جياڭ جېيشىنىڭ باش مۇلكىي ئەمەلدارى چېن بۇلېينىڭ قىزى ئىكەن ، ئۇ ئۆز سىنىپىغا ئاسىيلىق قىپتۇ ، ئىنقىلاب يولىنى تاللاپتۇ .

— گومىنداڭ چىرىپ كەتتى . بىرمۇ ئەمەلدارى خەلقنى ئويلىمايدۇ ! — دېدى قىز يوغان كۆزلۈك چىرايلىق يۈزىنى پۇرۇشتۇرۇپ قويۇپ ، — بىكارلا كۆرەڭلەيدۇ ، غۇلاشقا ئاز قالدى !

قىز ئۇستا شوپۇر ئىكەن . پىكاپ چىڭلىياڭشەن تېغىدىن چۈشۈپ ، يەنە ئايلىنىپ ئۇچقاندەك ماڭدى . ئۇ ئاخىر مېۋىۋەن يېڭى مەهەللىسىگە يېتىپ كەلدى . ئۇ قىزنىڭ كەينىدىن پىكاپتىن چۈشتى . كۆكۈچ خىش تاملىق بىر قەۋەتلىك ئۆينىڭ دەرۋازىسىغا ياندىش ئىككى قەۋەت بىنا بار ئىدى . ئۇنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە ئىشپىيونلار بۇ ئىش بېجىرىش ئورنىنى مەخسۇس كۆزىتىدىكەن . ئۇلار تېز مېڭىپ قارا دەرۋازىدىن كىردى . دەرۋازا ئىچىدە ئاددىيلا كىيىنگەن ، ئوتتۇرا بويلۇق ، ئوتتۇز ياش ئۆپچۆرىسىدىكى بىر كىشى تۇراتتى . ئۇ ئاباسوفنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى :

— ئىسمىم تۇڭ شياۋپىڭ ، ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ كاتىپىمەن ، — دېدى ئۇ ، — يولداش ئاباسوف ، يولداش دۇڭ بىۋۇ سىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ .

ئۇلار ئۆيگە كىردى . ئىچكىرى - تاشقىرى ئىككى ئېغىز ئاددىيلا ئۆي ئىكەن . تاشقىرىقى ئۆيگە چوڭ بىر ئۈستەل ، بىرنەچچە ئورۇندۇق ، بىر جۈپ كونا كىرېسلو قويۇلغانىكەن ، بۇ ئۆي مېھمان كۈتۈش ئۆيى ، ئىچكىرىدىكى ئۆيگە ئىككى كىشىلىك ياغاچ كارىۋات

قـويـۇلۇپ پاختا رەختتىن تىكىلگەن ئورۇن ـ كۆرپىلەر رەتلىك تىزىقلىق تۇراتتى . ئۇ ياتاق ئۆي ئىكەن . تاشقىرىقى ئۆيدە شالاڭ ساقاللىق ، پېشانىسى كەڭ ، پارقىراق ، كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇرىدىغان بىر كىشى تۇراتتى ، ئاتمىش ياشلارغا بېرىپ قالغان ئۇ كىـشى ئورنىدىن تۇرۇپ ، كۈلۈپ تۇرۇپ ئابباسوفنىڭ ئالدىغا كېلىپ قوللىرىنى سوزدى .

— خۇش كەپسىز ، قارشى ئالىمىز ! — دېدى ئۇ ئابباسوفنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ .

— بۇ كىشى يولداش دۇڭ بىۋۇ بولىدۇ . جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەنجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مەسئۇلى .

ئۇلار ئولتۇرۇشتى . دۇڭ بىۋۇ بۆلەكچىلا قىزغىن ئىدى .

— مەن ئاخىر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنى تاپتىم ! — دېدى ئابباسوف هاياجان بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ ۋە ئىزدەش جەريانى ، تەقەززالىقلىرىنى سۆزلەپ كەتتى .

— شۇنداق ، تەس ، تولىمۇ تەس ! — دېدى دۇڭ بىۋۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ، — سىز ئاقلار رايونىدا ئىشلەپ باقمىغان ـ دە . بۇنداق مۇھىتتا بەزى چاغلاردا دۈشمەن لاگېرىدىكى تەرەققىيپەرۋەر ئالىي ئەمەلدارلارنىڭ ياردىمىدىن پايدىلانساق ، ناھايىتى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ . بۇ جەھەتتە يولداش جۇ ئېنلەي بىزنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈلگىمىز .

قىزغىن سۆھبەت باشلاندى : دۇڭ بىۋۇ ئىلى ئىنقىلابىنىڭ كۆلىمى ، سىياسىي ، ھەربىي كۈرەش ھالىتىنى ، رەھبەرلىك ئەھۋالىنى ، جاڭ جىجۇڭ بىلەن بولغان سۆھبەت ئەھۋالىنى بىر ـ بىرلەپ سورىدى . ئابباسوف ھەممىگە تولۇق جاۋاب بەردى . ئۇ ئۆزلىرىنىڭ خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى ناملىق تەشكىلاتى ، ئۆزىنىڭ لىن جىلۇ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ، ماركسىزم ـ لېنىنىزم ، سوتسىيالىزم ـ كوممۇنىزمغا بولغان ئېتىقاد ـ ئىشەنچى ۋە پىلان ـ تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى : خەلق ئىنقىلابىي

www.uyghurkitap.com

پارتىيىسىنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولۇشى، تەشكىلات رەھبەرلىرىنى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە قوبۇل قىلىش، شىنجاڭ ئىنقىلابىغا خادىم ئەۋەتىپ رەھبەرلىك قىلىش، دائىملىق ئالاقە ئورنىتىش مەسىلىلىرىنى شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلىرىنىڭ تەلىپى قىلىپ ئوتتۇرىغا قويدى.

دۇڭ بىۋۇ بۇ تەلەپلەرنى مەركىزىي كومىتېتقا مەلۇم قىلىپ ئاندىن جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— مەن 1938 - يىلى لىن جىلۇ مۇئەللىم بىلەن تونۇشقان، بۇ ئىشقا مانا ھازىر ئون يىلغا يېقىنلاشتى. مەن جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەسمىي ئورگىنىنى شۇنچە يىل ئىزدىدىم، مانا ئاخىر مۇرادىمغا يەتتىم! — دېدى ئابباسوف كېتەر چېغىدا.

— پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭغا بەكمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ! — دېدى دۇڭ بىۋۇ ئۇنى ئۇزىتىپ.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف بۇ ئەھۋاللارنى ئەخمەتجان قاسىمغا تولۇق تەسۋىرلىرى بىلەن بايان قىلغانىدى.

1946 - يىلى 11 - دېكابىر كۈنى دۇڭ بىۋۇ ئابباسوفنى ئىككىنچى قېتىم قوبۇل قىلدى. دۇڭ بىۋۇ مەلۇم قىلغان ئەھۋالغا ئاساسەن، مەركىزىي كومىتېتتىن جۇ ئېنلەي يۇقىرىقى مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىپ تېلېگرامما ئەۋەتىپتۇ. تېلېگراممىغا ليۇ شاۋچى ئىمزا قويۇپتۇ. جاۋابتا: شىنجاڭدا ئەھۋال مۇرەككەپ، ئۇششاق تەشكىلاتلارنى بىرلەشتۈرۈڭلار، سوتسىيالىزم، كوممۇنىزم بايرىقى ۋە شوئارىنى ئالدىراپ ئوتتۇرىغا قويمىغان ياخشى، ئاممىنىڭ ئاڭ - سەۋىيىسى، قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى شۇنداق قىلىشنى بەلگىلىگەن، دېيىلگەن. بۇ گەپلەرگە ئابباسوف سەل مەيۈسلەنگەن، لېكىن ئەخمەتجان تولىمۇ رازى بولغانىدى. ۋەكىل ئەمەس، ئالاقىچى ئەۋەتىشكە مەركىزىي كومىتېت قوشۇلغان. دۇڭ بىۋۇ ئادەمنى تەييارلاپمۇ قويغان، ھەتتا:

— تىرىشىپ جەڭ قىلىڭلار، گومىنداڭنىڭ غەربىي شىمال

ئۇرۇش مەيدانىدىكى ھەربىي كۆچىنى تىزگىنلەپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاساسلىق جەڭ مەيدانلىرىدىكى قايتۇرما ھۇجۇمىغا ياخشى ماسلىشىڭلار، — دېگەن ۋە ئۆز سۆزىدە، — بىز چوقۇم ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرىمىز، چوقۇم پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرىمىز، دېموكراتىك يېڭى جۇڭگونىڭ دۇنياغا كېلىشىگە ئۇزاق ۋاقىت قالمىدى، — دېگەنلەرنى تىلغا ئالغان.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم ھۆججەتلىرى، ماۋ زېدۇڭنىڭ كىتابلىرىنى ئاباسوف ئەخمەتجانغا كۆرسىتىپ:

— بۇ كىتابلارنى ئۇيغۇرچە - قازاقچە نەشر قىلدۇرۇپ تارقىتىمىز، «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» ئەزالىرى ئۆگىنىدۇ. بۇ مەركىزىي كومىتېتنىڭ يوليورۇقى! — دېدى، لېكىن مەخپىي تەشكىلاتنى تىلغا ئالمىدى.

ئايروپىلانغا چىقىش ئالدىدا ئابدۇكېرىم ئاباسوف ياش بىر يىگىتنى كۆپچىلىككە تونۇشتۇردى:

— بۇ يىگىت ۋاڭ نەندى، ئايالىمنىڭ تۇغقىنى! — دېدى ۋە ئۇنى ئايروپىلانغا ئاچىقىپ كەتتى.

ئەخمەتجان قاسىمى بۇ يىگىتنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئەۋەتكەن ئالاقىچى، رادىست پېڭ گوئەن ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولدى. بۇ ئىشنىمۇ ئاباسوف ئەخمەتجاندىن مەخپىي تۇتمىغانىدى. ئەخمەتجان بۇ ئىشنى قايتا تىلغا ئالمىدى. ئۇ يىگىت ھازىر ئاباسوفنىڭ ئۇرۇمچى جەنۇبىي گۈلزارلىق ھويلىسىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى قېرى قارىياغاچلار ئارىسىدىكى ئۆيىدە. بۇ ئۆيدە ئۇنىڭ ئايالى لۇ سۇشىن بىلەن بىللە تۇرماقتا. ئاباسوف ياڭ فېڭيى: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، ئاسىيا زېمىنىدا بىر قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىڭلار!» دېگەن ۋەسىيەتنامە قالدۇرۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۇۋالغاندىن كېيىن، ياڭ فېڭيىنىڭ دوستى لۇ سۇشىن ئىسىملىك خەنزۇ قىز بىلەن توي

قىلدى . ئۇ بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى فېئوداللىق ئىدىيە ، دىنىي قاراش ۋە كونا ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە قارشى دادىللىق بىلەن جەڭ ئېلان قىلغۇچى قىلىپ كۆرسەتكەنىدى .

ئۇ ھەممىلا ئىشتا قىزغىن ، دادىل ئىدى . ئەخمەتجان بۇ ياش يىگىتنىڭ يېتىلىش جەريانىدىكى ئەۋزەللىكلىرى بىلەن بىللە شارائىت ، ۋەزىيەت بىلەن تولۇق ھېسابلىشىدىغان پىشقان سىياسەتچى بولۇپ چىقىشىنى كۈتمەكتە ئىدى .

ئۇ ئابباسوفنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى . ئۇ كىرگەندە ، ئابباسوف چىراغ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەسىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىۋاتاتتى .

ئۇلار ناھايىتى تېزلا ئاساسىي تېما — گومىنداڭنىڭ زورلۇق ـ زومبۇلۇقلىرى ئۈستىدە سۆزلىشىشكە كىرىشىپ كەتتى .

— ئەمدى ئېھتىيات ، سۈكۈتكە ئورۇن قالمىدى ، — دېدى ئابباسوف قايناپ سۆزلەپ ، — پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىگە مۇراجىئەتنامە ئېلان قىلايلى . «25 ـ فېۋرال قانلىق ۋەقەسى» توغرىسىدىكى ئەھۋالنى ئەينى پېتى خەلققە ئېيتايلى !

— شۇنداق قىلايلى . جاڭ جىجۇڭمۇ قايتىپ كەلگۈدەك . چوي ۋۇنىڭ دېيىشىچە ، ئۇ كىشى قاتتىق خاپا بوپتەك !

— جياڭ جيېشىنىڭ شىنجاڭدىكى ۋەكىلى تۇرۇپ ئۆزى بىلەن قارشىلاشقانلارنى باستۇرالمايتتىمۇ ، — دېدى ئابدۇكېرىم ئابباسوف قايناپ ، — ھېلىگەر ئادەم ئۇ . مەن ئۇلارنىڭ مىجەزىنى خېلى ياخشى چۈشىنىمەن . بولۇپمۇ ، ئەمەلدارلارنىڭ تىلىنىڭ ئاستىدا تىلى بولىدۇ . ھەرگىز ئۆز ماھىيىتىنى ئاشكارىلىمايدۇ . قارىماققا ئىلغار ، ئىنقىلابقا ھېسداشلىق قىلغۇچىدەك بىلىنگىنى بىلەن ، ئۇنىڭ ئەس ـ يادى بىزنى تېزرەك يوقىتىشتا !

— مەنمۇ شۇنداق قارايمەن ، — دېدى ئۇلارغا ئەگىشىپلا كىرىپ كەلگەن سەيپىدىن ئەزىزىمۇ ، — «25 ـ فېۋرال» ۋەقەسىنى پىلانلىغۇچىلار ئۇنىڭغا دېمەي قويماس !

— مەن ئېنىق بىلدىم : شىنجاڭدا ئۇنىڭ گېپىگە كىرمەيدىغان ئىنتايىن جاھىل بىر گۇرۇھ باركەن . بولۇپمۇ ، ھەربىيلەر ، مەسىلەن ، ما چىڭشياڭنىڭ 5 ـ ئاتلىق گارنىزونى ، سۇڭ شىلىيەن دېگەن گېنېرالمۇ ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ھەربىيلەرمۇ شۇنداقكەن !

— بۇمۇ توغرا ، — دېدى ئاباسوف دەرھال قوللاپ ، — جياڭ جيېشىنىڭ چوڭ ـ چوڭ گېنېراللىرى ئىچىدىمۇ ئۇنىڭ گېپىگە كىرمەيدىغانلىرى بار . خۇ زۇڭنەن ، يەن شىسەن ، دۇ يۈمىڭ دېگەنلىرى ئۆز ئالدىغا بىر پادىشاھ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، جياڭ جيېشى ئەسكىرى تۆت ھەسسە كۆپ ، قورallىرى ئەڭ زامانىۋى تۇرۇپ ، ئازادلىق ئارمىيىگە تەڭ كېلەلمەي ھەممىلا جايدا مەغلۇپ بولماقتا ، گومىنداڭ غۇلاشقا ئاز قالدى .

— ئۇ غۇلىسا بىزگە پايدىلىقمۇ ؟ — دەپ سورىدى بايىلا كىرگەن رەخىمجان سابىر ھاجىيوف ، — بىزگە ئالىي مۇختارىيەت ھوقۇقىنى بېرەمدۇ ؟

— جياڭ جيېشىمۇ ياق دېمىدى ، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى كۈلۈپ قويۇپ ، — لېكىن چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەردە يول قويمىدى . بىز بىلەن كۆرۈشكەندە بەرگەن ۋەدىلىرىنى شاۋلىزى ، جياڭ جىڭگو ، چېن چېڭ دېگەن ئەلچىلىرىنى ئىشقا سېلىپ رەت قىلدى .

— جاڭ جىجۇڭمۇ ئوخشاش ! — دېدى ئابباسوف دەرھال ، — ئۆزى بىتىمگە قول قويغان تۇرۇقلۇق ، دېموكراتىك سايلام ئۆتكۈزۈشتە شۇنچە مەسىلىلەر چىقسا جىم تۇرۇۋېلىۋاتامدۇ ، ئۇ جياڭ جيېشىنىڭ سادىق مۇرتى .

... ئۇلار دۇنيا ، جۇڭگو ، شىنجاڭ ، ئۇرۇمچى توغرىسىدا ئۇزاق پاراڭلاشتى .

27 ـ فېۋرال كۈنى «پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىگە مۇراجىئەتنامە» ئېلان قىلىندى ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئۇرۇش كرىزىسى پەيدا قىلىپ ، ئارىغا سوغۇقچىلىق سېلىش ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە

بۇزغۇنچىلىق قىلىش سۇيىقەستى ، ھىيلە ـ مىكىرلىرى مۇراجىئەتنامىدە ئوچۇق كۆرسىتىلدى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، خەنزۇ مىللىتىدىن بولغان يەنئەنپەرەسلەردىن لى تەيىۋى ، لو جى ، چېن شىخۇاغا ئوخشاش بىرنەچچە ئىلغارلار بىرلىشىپ «خەلققە مۇراجىئەتنامە» ئېلان قىلدى : «··· ئۇرۇشخۇمار ئەكسىيەتچىلەر پىلانلىق ، تەشكىللىك ، سىياسىي مەقسەتلىك ھالدا 25 ـ فېۋرال قانلىق ۋەقەسىنى پەيدا قىلدى . بۇ ھەرگىزمۇ خەنزۇ خەلقىنىڭ ئارزۇسى ئەمەس . خەلق ئاممىسىنىڭ قېنى بىلەن شەخسىي نەپسىنى قاندۇرىدىغان ئاز ساندىكى ئەكسىيەتچىلەر قوزغىغان ئاتالمىش 24 ـ ۋە 25 ـ فېۋرال نامايىشى مەجبۇرەن قىلىنغان نامايىش . نامايىشقا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەكلا يۇقىراچە كىيىنىۋالغان ھەربىيلەر بولۇپ ، ئۇلار خەلقنى ئەخمەتجان قاسىمىنى ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇرلىدى . لېكىن ، خەلق بۇ «ئۆلتۈرۈش»نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى . شىنجاڭ خەلقىنىڭ بېشىغا كۆپ قىسمەت ، بالا ـ قازا كەلگەن ، بۇنى كىم كەلتۈرگەن؟ ئەلۋەتتە ئۇيغۇرلار ئەمەس ، شۇنداقلا باشقا مىللەتتىن بولغانلارمۇ ئەمەس ، بەلكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ ، مىللىي قىرغىنچىلىق پەيدا قىلىپ ، شەخسىي مەنپەئىتىنى قاندۇرىدىغان ئۇرۇشخۇمارلار كەلتۈرگەن ··· قەدىرلىك خەنزۇ قېرىنداشلار ، بىز سىلەرنىڭ ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ قېلىپ ، ئۇلارنىڭ زەمبىرەك يېمى بولۇپ قالماسلىقىڭلارنى ، سىلەرنىڭ قوزغىلىپ بۇنداق مىللىي قىرغىنلىقنى توسۇشۇڭلارنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز . بىز ھەر مىللەت خەلقى زىچ ئىتتىپاقلىشىپ ، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل قىلمىشلىرىغا قارشى تۇرۇپ ، تىنچلىق بىتىمى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسىنى ھىمايە قىلايلى !»

بۇ قۇرلارنى ئوقۇپ بولۇپ ئەخمەتجان قاسىمى ماھىنۇرغا تەسەللى بەردى .

— قورقماڭ ! — دېدى ئۇ ئايالىنىڭ بېشىنى سىلاپ ، — مېنى

ئۆلتۈرمەك ئاسان ئەمەس! خەلققە ۋەكىللىك قىلىمەن دەيدىكەنمەن، ئۆلۈمدىن قورقماسلىقىم كېرەك. لېكىن مېنى ئوڭايلىقچە ئۆلتۈرەلمەيدۇ!

ئۇلار ئەمدىلا چىراغنى ئۆچۈرۈشكە ئىشىك قاتتىق ئۇرۇلۇپ، سىرتتا ۋاڭ ـ چۇڭ كۆتۈرۈلدى، ئەخمەتجان قاسىمى تاپانچىسىنى قولىغا ئالدى. مۇھاپىزەتچىسى يۈگۈرۈپ كىرىپ دوكلات قىلدى:

— نوپۇس تەكشۈرىمىز دەپ بۇ يەرگىمۇ باستۇرۇپ كىرىشتى، بىز ئاگاھلاندۇرۇش بەرسەك ئاڭلىمىدى، تەدبىر قوللىنىمىزمۇ؟

— توختاڭلار! — دېدى ئەخمەتجان. ئاندىن تېلېفوننى قولىغا ئېلىپ:

— جاڭ بۇجاڭ! — دېدى ئۇ تېلېفوندا، — مەن ئەخمەتجان، — قارشى تەرەپتىن «ئەخمەتجان، ياخشىمۇسىز!...» دېگەن ئاۋازدىن كېيىن ئەخمەتجان ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىدى. قارشى تەرەپكە تەرجىمان كەلگەندەك ئىدى.

— بىزنىڭ قورۇغا باستۇرۇپ كىرىپ «نوپۇس تەكشۈرۈش» قايسى نىزامغا ئۇيغۇن ـ ھە؟ ئۇرۇمچى شەھىرىدە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزدى. ئۆيمۇئۆي ئاختۇرۇپ، خەلقنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى خالىغىنىچە ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىش بۇلاڭچىلىق، باندىتلىق قىلمىشى بولماي نېمە؟ ئەللىك نەچچە ئادەمنى قولغا ئاپتۇ، بۇ ئادەملەرنىڭ گۇناھى نېمە؟ بۇ خىل قاراقچىلىق ئاخىرلىشامدۇ، يوق؟ ...

— ئەتىگەنلىككە سۆزلىشەيلى دەيدۇ، جاڭ جۇشى، — دېدى تەرجىمان تېلېفوندا، — ئۆي ئاختۇرۇش ھازىرلا توختىتىلىدۇ!

ئەتىگەنلىكى ھۆكۈمەت رەئىسلىرى مۇزاكىرىلەشتى. ۋەزىيەتنى تۈزەش ئۈچۈن جاڭ جىجۇڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ جايلارنى كۆزدىن كەچۈرۈشنى قارار قىلدى.

16 ـ ئاپرېل ئەتىگەندە جاڭ جىجۇڭ، ئەخمەتجان قاسىملار چۈشكەن ئايروپىلان ئۈرۈمچىدىن جەنۇبقا — تەڭرىتېغىنىڭ قارلىق چوققىلىرىنىڭ ئېرىسىغا قاراپ ئۇچتى.

— خەير ـ خوش، تۇمانلىق شەھەر! — دېدى ئەخمەتجان قويۇق تۇمانلار ئارىسىدا بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولغان ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن خوشلىشىپ.

ئۇنىڭ قەلبىدە ھاياجان، ئانا يۇرت غۇرۇرى، ھېسسى خۇددى چېچەك سۈيى بىلەن تولغان ئىلى دەرياسىدەك دولقۇنلىدى. بولۇپمۇ، ئايروپىلان تەڭرىتاغدىن ئاشقاندا، قارلىق چوققىلار قۇياش نۇرىدا كۆزنى چاقنىتىدىغان ئاپئاق، نۇرلۇق ھەيۋەتلىك كۈمۈش دۆۋىسى بولۇپ كۆرۈنگەندە، ئۇ ئىختىيارسىز: «سەندەك گۈزەل، سەندەك ھەيۋەتلىك تاغ دۇنيانىڭ خېلى ـ خېلى جايلىرىدا يوق، ۋاھ، نېمانچە ھەيۋەتلىك — كۈمۈش نۇرلۇق يالقۇن چاچىدىغان تاغ بۇ ـ ھە؟!...» دېدى. چەكسىز قۇملۇق ـ چۆللەر قوينىدا خۇددى كۈمۈش ئارقاندەك ئەگرى ـ بۈگرى سوزۇلىنىپ ياتقان تارىم دەرياسىچۇ تېخى! ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىدىلا ئىنسان ياشىيالايدىغان يېشىللىقلار كۆرۈنىدىغان پايانسىز، سىرلىق چوڭ تەكلىماكان جىمجىت ئۇخلىماقتا. ئۇنىڭ سىرلىق قوينىدا نېمىلەر بار، ئۇ نېمىلەرنى قۇچاقلاپ ياتىدۇ، بايلىقمۇ، سىر ـ ھېكمەتمۇ ياكى ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ يادىكارلىقلىرىمۇ؟ ئەجداد ئىزلىرى ئۆچمەيدۇ، مەيلى قۇملار كۆچسۇن، چۆل توغراقلىرى زېرىكىپ ھاياتلىقتىن ۋاز كەچسۇن، قۇم بارخانلىرى ئۈستىدە ياشىرىپ تۇرغان توغراقلار مەيلى نەچچە يىلدا ئۆزگىرىپ ـ يېڭىلىنىپ تۇرسۇن، ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ ئىزلىرى كۆمۈلمەيدۇ، ئۆچمەيدۇ. دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ چۆللۈك، ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ قەبرىگاھى، بۇ مۇبارەك جاي ھازىر جىمجىت ئۇخلىماقتا، لېكىن تارىخ بەتلىرىگە ئۇنىڭ ئىنسانىيەت ئويغىنىشى، گۈللىنىشىنىڭ ئىسپاتلىرى ئۆچمەس سىياھلار بىلەن يېزىلغان. ئۇنىڭ ئىسمى «تەركىي ماكان»، يەنى تاشلانغان زېمىن. ئېنىقكى، ئۇنىڭ تېگى شەھەر، پەن ـ مەدەنىيەتنىڭ بۆشۈكلىرى ساقلىنىۋاتقان، قەدىمكى ئاۋات شەھەرلىرى، گۈزەل باغلىرى، ئەمگەكچان، ئىجادچان، ئاق كۆڭۈل، مەرد ـ قەيسەر خەلقى بىلەن پۈتۈن

ئىنسانىيەتكە كەڭ تونۇلغان، ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكىدەك ياكى قەدىمىي ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى دۆلەتلىرى بولغان تاڭ سۇلالىسى، ھىندىستان، مىسىرلاردەك مەشھۇر بىر ئۇلۇغ يۇرت. ئۇ ئۇلۇغ ئۇيغۇر يۇرتى مانا مۇشۇ چۆلنىڭ ئاستىدا. ئەنە قەدىمىي كۇچا، ئەنە كىروورەن ئۆز ئوغلىغا ئۇمىدلىك كۆزلىرى بىلەن قارىماقتا، قاراخانىيلارنىڭ بۈيۈك ئوغۇللىرى — سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى، ئۆلمەس «قۇتادغۇبىلىك» نى ئۆز قولىدا يېزىپ قالدۇرغان يۇسۇپ خاس ھاجىپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەقىل - پاراسەت جەۋھىرىنى ئەۋلادلىرىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ مىللىي غۇرۇر ئابىدىسىنى مەڭگۈلۈككە تىكلەپ بەرگەن مەھمۇت قەشقەرى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكا خەزىنىسى ئون ئىككى مۇقام، نەۋائىي، بابۇرلاردىن تارتىپ ھازىرقى ھايات شائىر نىمشېھىت ئارمىيە داموللىغىچە بولغان نەچچە يۈزلىگەن داڭلىق شائىرلار قالدۇرغان ئۆلمەس داستانلار، قول سانائەت، رەسساملىق - نەققاشلىق، ھەيكەلتىراشلىق، چېۋەر قوللار يارىتقان تۇرمۇش شەكلى، ئىنساپ - دىيانەت بىلەن پەيدا بولغان ھايات پەلسەپىسى ۋە گۈزەل ئۆرپ - ئادەتلەر، ئاجايىپ باغلار، شېرىن مېۋىلەر، تائام، شارابلار، ئابىكەۋسەرلەر … شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرمۇ مۇشۇ خەلققە مەنسۇپ. ئەنە شۇنداق بىر ئۇلۇغ خەلق ھازىر خورلۇقتا. دېھقانلار قورساق غېمىدە، ئۇلارغا ھەتتا ئۆز يېرىنىڭ سۈيى بىلەن قۇياش نۇرىمۇ يېتىشمەيدۇ. ئۇلار ھازىر ئىنسان ھاياتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئەڭ تۆۋەن ماددىي تەلەپكىمۇ جاۋاب تاپالمايۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھالال ئەمگىكى بىلەن پەيدا بولغان بايلىق ئۇلارنى ئۆلگۈدەك يامان كۆرىدىغان زالىم ھۆكۈمدارلارنىڭ. بۇ زالىم ھۆكۈمدارلار خەلقنىڭ قولىدىن ئاخىرقى يېرىم پارچە زاغرىنىمۇ تارتىۋالماقچى. گۇناھسىز نارەسىدىنىڭ ئاغزىدىن شېرىن ئانا سۈتىنى يۇلۇۋالماقچى! بۇ يەردە ياشاۋاتقان خەلق ھاياتلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ خەلق ياشىماسلىقى كېرەك،

مۇنۇ گۈزەل ئانا تۇپراقتىكى ھەممە نېمىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ مۇنۇ گۈزەل ئانا تۇپرىقىنى باشقىلارغا بېرىۋېتىشى كېرەك . گىتلېر يەھۇدىيلارنى مىللەت سۈپىتىدە يوقىتىۋېتىشنى ئاشكارا شوئارغا ئايلاندۇرغاندى . مۇنۇ قارا كۈچلەر بولسا ئاشكارا دېمىگىنى بىلەن ، كۆڭلىدە شۇ شوئارنى تۇۋلىماقتا ... ئەركىنلىككە ، ئىنسانىي ياشاش ھوقۇقىغا تەشنا خەلقىنىڭ ۋەكىلى بولۇش تولىمۇ شەرەپلىك ، بۇنىڭ ئۈچۈن قانچە بەدەل تۆلىسە ئەرزىيدۇ ، ھەتتا ھاياتىنى تەقدىم قىلسىمۇ ئۆكۈنمىگۈلۈك ، بەلكى «توغرا ياشىدىم» دەپ خۇشال بولغۇلۇق ...

ئايروپىلان پەسلەشكە باشلىدى !

— تۆت سائەت ئۈچتۇق ! — دېدى باياتىن جىمجىت ئولتۇرغان گېنېرال جاڭ جېجۇڭ ئەخمەتجانغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ ، — قەشقەر ئايرودرومىغا قونىدىغان بولدۇق !

ئايرودرومدا قەشقەرنىڭ ۋالىيسى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ ، گالستۇك تاقاپ ، سىرتىغا بەقەسەم تون ، بېشىغا چىمەن دوپپا كىيگەن گەۋدىلىك ، ساقاللىق ئادەم قەشقەرنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى بىلەن ، ئورۇق ، ئېگىز ، گېنېرال جاۋ شىڭۋاڭ — جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ قوماندانى باشلىق ھەربىي ئەمەلدارلار ئۇلارنى كۈتۈۋالدى . ئۇلار قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىگە قاراپ نۇرغۇن ماشىنىلار بىلەن ئايرودرومدىن يولغا چىقتى .

ناخشا - ئۇسسۇل ماھارىتىنى جاڭ جېجۇڭ مانا مۇشۇ قەشقەردە ھەيران قېلىپ كۆرگەن بولدى . تونۇر كاۋىپى ، بەرە كاۋاپ ۋە سامسا - گۆش گىردىنىڭ لەززىتىنى مۇشۇ قەشقەر داستىخىنىدا تېتىغان بولدى . ئۇ كىتابلاردىن كۆرگەن ، باشقىلاردىن ئاڭلىغان رىۋايەتسىمان ئىشلارنىڭ ئەينەن ئۆزىنى مۇشۇ ھېيتگاھ ئالدىدىكى كەڭ كەچكى مەنزىرىدە تاماشا قىلدى . كىچىككىنە بالىلارنىڭ ئالدىدىكى بىر سېۋەت مېۋىسىنى سېتىش ئۈچۈن چۇڭقۇلداپ تۇرۇپ ئېيتقان سۆزلىرىنى تەرجىمە قىلدۇرۇپ

ئاڭلىدى . دوغچى يىگىتنىڭ مۇز چاناپ تۇرۇپ ئۆز مەھسۇلاتىنى ماختاپ دېگەن قاپىيىلىك ، مەنىلىك گەپلىرىنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلدى . ھەتتا بىرنەچچە ئون ئادەمنى يىغىۋېلىپ «رۇستەمى داستان» سۆزلەۋاتقان قارىغۇ مەدداھنىڭ جەڭنامىسىنى تەرجىمە قىلدۇرۇپ ئاڭلاپ باقتى . ئۇ چاسىنچە كىيىنىپ ، ئۇيغۇر دوپپىسىنى كىيىپ ، مۇھاپىزەتچىلىرى ، ئەخمەتجاننىڭ يول باشلىشى بىلەن ھېيتگاھ ئالدىدا ئىككى - ئۈچ سائەت ئايلاندى . زەرگەرلەر ، تۆمۈرچىلەر ، كىتابپۇرۇشلار ، دوپپىچى ئاياللار بىلەن سۆزلەشتى . بۇ تولا سۆزلەپ چارچىمايدىغان ئوقەتچىلەر كۈنىگە ئون نەچچە سائەتلەپ ئاشۇنداق تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئارانلا قورساق باقىدىكەن ، ئۇلارنىڭ نە باي بولۇش ، نە باشقىلار بىلەن ئۇستۇنلۇك تالىشىش غەرىزىمۇ يوق ئىكەن . ئۇلار ھاياتنىڭ ئاشۇ ئەڭ تۆۋەن لەززىتىدىن رازى ئىكەن .

— مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىن باشقا تىلىكى يوق ! — دېدى ئەخمەتجان چۈشەندۈرۈپ ، — مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ، نەسىل قالدۇرۇش ھايۋانات دۇنياسىنىڭ ھاياتلىق يولى . بۇ ئاددىي خەلق مۇشۇ خىل ياشاش ھوقۇقىغىمۇ ئېرىشەلمىسە ، بۇ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئادالەتسىزلىك ، ۋەھشىيانە قىلمىش بولىدۇ - دە !

— بىز چوقۇم خەلققە بەخت يارىتىپ بېرىمىز ، — دېدى جاڭ جىجۇڭ توپ - توپ بولۇپ ساپايى سوقۇۋاتقان ، جۇل - جۇل كىيىملىك ئورۇق ، قاسماق دېۋانىلەرنى كۆرگەندىن كېيىن ، — بۇلارغا بەخت ھەممىدىن مۇھىم . سىز شاڭخەينى كۆردىڭىز . پۇدۇڭدا سۇ ئۈستىدە ياشايدىغان نەچچە مىڭ پۇقرا بار . ئۆمۈر بويى قۇرۇقلۇقنى دەسسەپ كۆرمىگەن ، ئاشۇ كىچىككىنە قولۋاقنى دۇنيا دەپ چۈشىنىدىغان ئەمگەكچىلەر بار . لەنجۇدىمۇ بولدىڭىز ، سانسىزلىغان يالىڭاچ بالىلار ، دېۋانىلەرنى كۆردىڭىز . مانا مۇشۇ دېۋانە ئاياللار ، بالىلار ، بوۋايلارمۇ بەختكە موھتاج . بۇ بەختنى بىز ئۇلارغا يارىتىپ بېرىشىمىز كېرەك . سۇن جۇڭشەن — دۆلەت ئاتىمىز مۇشۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلدى . بىزگە

www.uyghurkitap.com

سەنمىنجۈيىنى قالدۇرۇپ ، مەقسىتىگە يېتەلمەي دۇنيادىن ئۆتتى !

— ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى ، ھەقىقىي بەختنى كوممۇنىزمچىلارلا يارىتالايدىكەن !

— ئۇمۇ بىر خىل ئەقىدە ، بىر خىل ئىزدىنىش يولى . خۇددى بۇددا ، كاتولىك ، خرىستىئان ، ئىسلام دىنلىرىنىڭ تەلىماتلىرىدەك !

— ياق ، ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى خىيالىي پەلسەپە ئەمەس ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەمەلىيىتى ياراتقان ، ئۇ ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتتى !

— دۇنيادا سىياسىي كرىزىس بولمىغان بولسا ، ئۇ نەزەرىيە بۈنچىلىك ئابرۇي تاپالمىغان بولاتتى . ھايات ئۆزگىرىدۇ ، دۇنيا نۇرغۇن ئەقىدە ، تەلىماتلارنىڭ كۈرەشلىرى بىلەن راۋاج تاپىدۇ . ھەرقانداق ئەقىدە ، نەزەرىيە يېڭى ۋاقىتتا قالتىس بىلىنىدۇ . كونىرىغانسېرى كۈچىيىپ بارالايدىغان ئەقىدە ، تەلىماتلار قىممەتلىك . ماركسىزم پەيدا بولغىلى تېخى بىر ئەسىر بولمىدى ، لېنىنىزم تېخىمۇ ياش . جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەمدىلا يىگىرمە ئالتىگە كىردى ، سىلەرنىڭ ئاباسوفتەك . شۇڭا ئۇنىڭ ھەممە تەرىپى يېقىملىق بىلىنىدۇ ، شۇڭا ئۇ غالىب . ئامېرىكا ۋە غەرب ئەللىرىدىكى تەتقىقاتچىلار جۇڭگونىڭ تەقدىرىدىن خۇلاسە چىقىرىپ بولدى . مەن ئۇمىدسىزلەر ۋەكىلى ، سىز بەلكى غالىبلار ۋەكىلى بولۇپ قالىسىز .

— جاڭ جۇشى ، ماركسىزمنىمۇ تەتقىق قىپسىز ، بىلىملىرىڭىز ئەتراپلىق ، چوڭقۇركەن .

— «تەتقىق»تىن گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ . ساۋاتىم بار دېسەم بولىدۇ . مەن جۇ ئېنلەي ئەپەندىم بىلەن ياخشى دوست ، مەن كومپارتىيىگە قايىل ، ھېچبولمىغاندا كوممۇنىستىك پارتىيە ھازىر جۇڭگو خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ !

— نېمىشقا «ھېچبولمىغاندا» دېگەن سۆزنى ئىشلەتتىڭىز كىن ؟

— كەلگۈسى توغرىسىدا ھۆكۈم قىلماق تەس . ھەرقانداق بىر سىياسىي پارتىيە ئۆز نىزامنامىسىگە خەلققە ياقىدىغان گەپلەرنى تاللاپ يازىدۇ . نەتىجە سۆزدە ئەمەس ، ئەمەلىيەتتە كۆرۈلسە ھېساب . جۇڭگودەك خەلقى كۆپ ، تۇلىمۇ نامرات ، ئاساسى ئاجىز ، ئىشلەپچىقىرىشى ناتوۋال ، خەلقىنىڭ ئاڭ - سەۋىيىسى قالاق ، فېئودالچە بولغان بىر دۆلەتنى ھەممە جەھەتتىن راۋاج تاپتۇرماق تولىمۇ قىيىن ، مەن شۇنىڭغا ئاساسەن دەۋاتىمەن .

— مەن ئۆگىنىشكە ، دادىل پىكىر قىلىشقا بېرىلگەن ئادەملەرنى ياخشى كۆرىمەن . جاڭ جۇشى ، سىز جىق ئۆگىنىدىكەنسىز .

— سىزگە يەتمەيمەن ئەخمەتجان ، راست گەپنى قىلسام ، مېنىڭ بۇ ئورنۇم خەلققە خىزمەت قىلىپ ياراتقان تۆھپىلىرىم ھېسابىغا ئەمەس ، ئىمتىياز بىلەن ھوقۇقتىن ، بولۇپمۇ جياڭ ۋېيىۋەنجاڭ بىلەن بولغان ئۇزۇن يىللىق دوستلۇقتىن كەلگەن . مەن سىزدەك نامراتلىق دەردىنى تارتمىدىم ، تۈرمىلەردە ياتمىدىم . خىيمخەتەرلەرگە تەۋەككۇل قىلمىدىم ، بوران - چاپقۇن ، ھۆل - يېغىن ماڭا ئۇنچىلىك چوڭقۇر زىيانلارنى سالمىدى !

— سىز مەن توغرۇلۇقمۇ خېلى جىق گەپ - سۆز ئاڭلىغان ئوخشايسىز ؟

— تولۇق بولمىسىمۇ بىلىمەن . سىز تىرىشىپ ئۆگىنىسىز ، خەنزۇ تىل - يېزىقىنى بىزنىڭ تۈرمىمىزدە ئۆگەندىڭىز ، رۇسچىغا بولسا ئانا تىلىڭىزدەك ئۇستا . مەن تېخى سىزنىڭ ئايالىڭىز ماھىنۇرغا كىتابلارنىڭ مۇھىم يەرلىرىنى سىزىپ قويۇپ ، كۆچۈرگۈزگەن بولۇپ ، ئۇنىڭ بىلىم ئىگىلىشىگە قىلىۋاتقان غەمخورلۇقىڭىزنىمۇ بىلىمەن !

— ھا - ھا - ھا ... ئەپسۇس ، مەن سىزنى ئۇنچىلىك ئەتراپلىق بىلىپ بولالمىدىم . بىرلا ئىش ئېنىق : سىز بار چاغدا بىزگە ئەنسىزچىلىك يوق ، سىز بولمىسىڭىزلا باش ئاغرىقى كۆپىيىپ كېتىدۇ . ھەتتا قان تۆكۈلۈپ پاجىئە يۈز بېرىدۇ .

— «25 - فېۋرال» ۋەقەسىدە سىلەرنىڭ مۇھاپىزەتچى خادىملاردىن تۆت كىشى ئۆلگەن. مەن قاتىللارنى چوقۇم تېپىپ، قاتتىق جازالاشقا بۇيرۇق بەردىم.

ئۇلارنىڭ سۆھبىتى مېھمانخانىدا يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشتى.

ئەتىسى 7 - ماي كۈنى بەش مىڭدىن ئارتۇق كىشى قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىنى قورشىۋالدى. جاڭ جىجۇڭ خەلققە نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ سەنمىنجۇيى مەسىلىسى، ئون بىر ماددىلىق بىتىم توغرىسىدا يادلىۋالغان چىرايلىق سۆزلىرىنى تەكرارلىدى. تارىختىن سۆز ئېچىپ، مەنچىڭ ھۆكۈمدارلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ ھەققانىي كۈرەشلىرىنى قانلىق باستۇرغانلىقى، ھۆكۈمدارلار جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىگە، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارغا قان قەرزگە بوغۇلغانلىقىنى، زو زۇڭتاڭ، ما خۇسەنىڭ قىرغىنلىرىنى تىلغا ئالدى. تارىخ ئۈچۈن ئەپۇ سورىدى، بۇ خىل قىرغىن، ئادالەتسىزلىكنىڭ تەكرارلانماسلىقىغا كېپىللىك قىلىش ئۈچۈن ۋەدىلەر بەردى. لېكىن، خەلق ۋەكىللىرى نۇرغۇن كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، تۇتۇلغان بىگۇناھ يۇقرىلارنى قويۇپ بېرىش، ئومۇمىي خەلقنى سايلام ھوقۇقى بىلەن تەمىنلەش، تىنچلىق بىتىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقان گېنېرال سۇڭ شىلىيەنگە ئوخشاشلارنى، ئۇلارنىڭ قولچوماقلىرىنى جازالاش، ئوسمان باندىتنى قوراللاندۇرۇش ئىشىنى ئېقرار قىلىشقا ئوخشاش ئىشلارغا جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئامما غەزەپلەندى، سوئال ياغدۇردى. ئەخمەتجاننى «ياشىسۇن!» دەپ، جاڭ جىجۇڭنى «يوقالسۇن!» دەپ شوئار توۋلاشتى. ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنى ھارغۇزۇپ دەم ئالغىلى قويمىدى. تالاش - تارتىش كېچە سائەت بىرگىچە داۋاملاشتى. جاڭ جىجۇڭ ھالىدىن كەتتى. ئاخىر گېنېرال جاۋ شىگۇاڭ قىسىملىرى مۇھاپىزەت قىلىشقا كەلدى. جاڭ جىجۇڭ ئارقا ئىشىكتىن قېچىپ چىقىپ ئەتىسىلا ئۈرۈمچىگە قايتتى. جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلغان سەپىرىدىن كېيىن ئۇنىڭ روھى تېخىمۇ چۈشكۈنلەشتى. ئۇ ياكى نەنجىڭغا، ياكى شىنجاڭدىكى

گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىغا ۋە ياكى شىنجاڭ خەلقىگە ياخشى بولالمىدى. ئاخىر ئىستىپا بېرىش قارارىغا كېلىپ نەنجىڭغا ئىلتىماس يازدى. ئۇ ئەخمەتجان بىلەنمۇ مەسلىھەتلەشمىدى. ئۇ سىياسەتچىلەرگە خاس گۇمانخورلۇق بىلەن قەشقەر خەلقىنىڭ بۇ ئىشلىرىنى ئەخمەتجانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېگەن خۇلاسىگە كەلدى. ئۇ ئىستىپا خېتىگە قوشۇمچە قىلىپ، گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭنىڭ سابىق مۇپەتتىشى مەسئۇد سەبرىنى ئۆلكە رەئىسىنىڭ نامزاتلىقىغا كۆرسەتتى. ئۇ «ئۇيغۇرلار ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى باشقۇرۇش» ئۇسۇلىنى قوللىنىش تەكلىپىنى بەردى. ھەربىي ھوقۇقنىڭ بۇنىڭ بىلەن ئۈستۈنلۈككە چىقىشى تەبىئىي ئىدى. 19 - ماي كۈنى، يەنى ئۇ قەشقەرگە قىلغان سەپىرىگە ئون ئىككى كۈن بولغاندا مەركىزىي ھۆكۈمەت بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، جاڭ جىجۇڭنىڭ قوشۇمچە ئۆتەۋاتقان شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىدىن ئىستىپا بېرىش ئىلتىماسىنى تەستىقلىدى ھەمدە مەسئۇد سەبرىنى ئۆلكىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى. ئەيىبلەشلەر، نامايىش، يىغىنلار تېخىمۇ كۆپەيدى. ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا تەشۋىق ۋەرەقىلەر، شوئارلار پەيدا بولدى. ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئۇلانما ئىمزالارنى قويۇپ مەسئۇد سەبرىنىڭ رەئىس بولغانلىقىغا قارشىلىق بىلدۈردى. ماي ئېيىنىڭ ئاخىرىدا، غۇلجا شەھىرىدە ئون مىڭ كىشى قاتناشقان چوڭ نارازىلىق يىغىنى ۋە نامايىش ئۆتكۈزۈلدى. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرىدىمۇ يىغىن، نامايىشلار ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ ۋەزىيىتى يەنە يامانلىشىپ، ئۈرۈمچى ئاسمىنى ماي ئېيىنىڭ ئاخىرىدىمۇ تۇمانلىق، بۇلۇتلۇق كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى.

ئەخمەتجان قاسىمى غەربىي بىنادا جاڭ جىجۇڭنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. ئۇلار غەربچە بېزەلگەن ئىشخانىدا خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتى.

— مەسئۇدنى رەئىس قىلىپ تەيىنلەش ئىنتايىن خاتا بولدى.

پۈتۈن خەلق نارازى . ئۇ بىر پانتۇركىست ! — دېدى ئەخمەتجان گەپنى ئۇچۇق قىلىپ .

— مەن ئىقرار . بۇ بىر خاتا قارار بولدى . لېكىن مەن سىزدىن ئامىنىڭ غەزىپىنى بېسىش ئۈچۈن ياخشى گەپ قىلىپ قويۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن ! — جاڭ جىجوڭ يەرگە قارىدى . ئۇنىڭ روھى چۈشكۈن ، كەيپى ناچار ئىدى ، — مەن ئۆز مەيلىمچە بولغاندا رەئىسلىككە سىزنى كۆرسەتمەكچىدىم . لېكىن ، مەركەزنىڭ نەزىرىدە سىز كوممۇنىزمچى . بىلىسىز ، ھۆكۈمىتىمىز ئامېرىكىنىڭ مۇددىئاسى بىلەن كوممۇنىزمغا قارشى دۇنياۋى كۈرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە ، سىزنى ھەرگىز تەستىقلىمايدۇ .

— چۈشىنىمەن ! — دېدى ئەخمەتجان خىيال سۈرۈپ ، — شىنجاڭ مەسىلىسى يامانلاشتى . بىتىم - كېلىشىم بىتچىت بولدى !

— ئۇنداق دېمەڭ . مەن يەنىلا غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ رەھبىرى . شىنجاڭدا تىنچلىقنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرالايمىز . مەن سىزنىڭ مۇھىم سورۇنلاردا خەلق نارازىلىقىنى پەسەيتىدىغان سۆزلەرنى قىلىپ قويۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن .

— خەلققە ۋەكىللىك قىلالمايدىغان سۆزنى خەلق ئاڭلىمايدۇ !

ئۇلار خوشلاشتى .

ئابدۇكېرىم ئابباسوف ، سەيپىدىن ئەزىزىلەر بىر تۈركۈم ئادەملەر بىلەن غۇلجىغا قايتتى . جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىنقىلابىي ياشلار ، ئۈرۈمچىدىكى ئىلغار زاتلارمۇ ، زىيالىيلارمۇ غۇلجىغا تۈركۈم - تۈركۈم بولۇپ مېڭىشتى . لى تەيىۋ ، چېن شىخۋا ، خې رۈي ، فەن يىنجۇڭغا ئوخشاش خەنزۇ زىيالىيلارمۇ غۇلجىغا كېتىشتى ، گېزىت - ژۇرنال مۇھەررىرلىرى ، مۇخبىرلارمۇ غۇلجىغا يول ئېلىشتى . غۇلجا قەھرىمانلار ئۇچرىشىدىغان «سۇ بويىدا» دېگەن روماندىكى لياڭشەنىدەك مۇبارەك جايغا ئايلىنىپ قالدى .

گېنېرال سۇڭ شىلىيەن ئاشكارىلا ئوسماننى قوراللاندۇرماقتا ،

قوشۇن ئەۋەتىپ ھۇجۇم قىلىشقا قۇتراتماقتا . شىنجاڭدا يەنە قورال بىلەن تىركىشىش ۋەزىيىتى شەكىللەنمەكتە ئىدى .

ئەخمەتجان قاسىمى ماھنۇر بىلەن يېشىغا توشمىغان قىزى ئادالەتنى ئېلىپ ئايرودرومغا چىقتى .

— ئاپلا ! — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى ئايروپىلان ئالدىغا كەلگەندە ، — ئۇ يانچۇقىدىن بىر پارچە خاتىرە دەپتەر ۋارىقىنى چىقىرىپ بىرنېمىلەرنى يازدى ، — بۇ خەتنى جاڭ بوجاڭغا بېرىپ قويۇڭلار !

ئۇ شۇنداق دېدى - دە ، مېڭىشقا ئازلا قالغان ئايروپىلانغا ئالدىراپ چىقتى . ئۇزىتىپ چىققان گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ قاراپ قېلىشتى .

بىر يىل ئۆمۈر كۆرگەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت مانا مۇشۇنىڭ بىلەن مەڭگۈلۈككە كۆز يۇمدى .

ئايروپىلان ئۈرۈمچىدىن غەربكە قاراپ ئۇچتى .

«خەير - خوش بىچارە شەھەر !» دېدى ئەخمەتجان تۇمان ئىچىدە قالغان شەھەر بىلەن ئاخىرقى قېتىم خوشلىشىپ .

## 60

ھەممىلا كوچىلارنىڭ ئىككى قاسنىقى قويۇق تېرەك . تېرەكلەر شادلىنىپ بېتى قارامتۇل يېشىل ، كەينى كۈمۈش رەڭ يوپۇرماقلىرىنى پىلدىرلىتىپ كۆككە ئۆرلىگەن شاخلىرى شوخ ئويناقلاپ شىۋىرلىسا ، تېرەك تۈۋىدىكى ئېرىقلاردا ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇلار پىچىرلىشىدۇ . تېرەكلەر ئازادلىق لەززىتىدىن ھۇزۇرلىنىۋاتقان غۇلجا خەلقىنىڭ كۈيچىسى ، تىنچ ، باياشات تۇرمۇشىنىڭ ئېلانچىسى .

سۇ چېچىلغان پاكىز كوچىلاردا بالىلار ئەسكەر بولۇپ سوقۇشۇپ ئوينىشىدۇ ، بۇ ئەلۋەتتە قورال كۆتۈرگۈچىلەر غەلىبىسىنىڭ تەنتەنىسى . «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان»

www.uyghurkitap.com

گېزىتى بىلەن «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى»نىڭ «كۈرەش» ژۇرنىلى شائىرلارنىڭ ھېسسىياتلىرى بىلەن بايان قىلىنغان خەلق خۇشاللىقىنى ھەرقانچە كۆپ ئېلان قىلىپمۇ ھەقدادىغا يەتكۈزەلمىدى. «ئىلى بەخت بۆشۈكى»، «ئېھ، غۇلجا سەن ھېراتتىن ياخشىسەن»، «سېنىڭدەك ياخشى جاي قايدا»... دېگەندەك سۆزلەرنىڭ خەلق تىلىغا ئايلىنىپ كېتىشى غۇلجا تىنىقلىرىنىڭ ئىنكاسى.

ئاخشاملىرى كوچا ـ كوچىدا ناخشا بىلەن قىيقاس ـ كۈلكە، ئۆيلەر ۋە باغلاردا مەشرەپ. ئىلى دەريا بويلىرىدىكى مەنزىرىلىك جايلار، چۇلۇقاي، تۇرپانيۈزى، جېلىيۈزىگە ئوخشاش تاغ باغرىدىكى ھاۋالىق، سالقىن شاماللىق جايلار شەھەر تاماشىچىلىرىنىڭ مۇشۇنداق ياز ئايلىرىدا قونۇپ ـ تونەپ كۆڭۈل ئاچىدىغان سەيلىگاھى. بۇنداق «تاڭ ئاتار» ئويۇنلار شەھەر بايلىرى، زىيالىيلىرى ۋە ھۆكۈمەت خادىملىرى ئۈچۈن ماختىنىدىغان، قىزىق پاراڭلارغا مەزمۇن بولالايدىغان مودىغا ئايلانغان ئىما — غۇلجا كۆڭۈل ئاچقۇچىلار ئۈچۈن كۆڭۈللۈك يايلاق، گويا خەلقى بۇ يايلاقتا قىيغىتىپ يۈرگەن تاي...

دېھقانلار باشاقلىرى يېتىلگەن، قارامتۇل ياپراقلىرى بىلەن سالقىن ئاۋرال شامىلىدا يەلپۈنۈپ ـ تەۋرىنىپ تۇرغان بۇغدايلىقلىرىنىڭ قىرلىرىدا تۇرۇپ، خۇشلۇقتىن ئورما ناخشىسىغا ئىڭشىيدۇ. زوق بىلەن قازان بېشىدا سۈت سورۇۋاتقان دېھقان خوتۇن ئېتىزدىكى ئېرىگە قاپاق بىلەن چاي توشۇشقا ئالدىرايدۇ. ئەتكەنچاي بىلەن ئاق نانغا شۇنىڭ ئۈچۈن دېھقان خۇمارى كۈچلۈك، ئۇنىڭسىز ھەرقانداق كاتتا زىياپەتمۇ بىر تىيىن.

ئادەملەر مەردلەشكەن، دېۋانىلەرگە قوللىرى تولىمۇ ئوچۇق، شەھەر خوتۇن ـ قىزلىرى مودا قوغلىشىپ كىيىم كىيىدۇ، ئۆي ياسايدۇ. بەسلىشىپ ئۆيلىرىنى ھاكلىشىپ، دېرىزە پەردىلىرىنى «زەڭگەر» قىلىشىپ، ھويلىلىرىغا گۈل تېرىپ، ئىشىك ئالدىلىرىدىكى بەندىگىلىرىنى سۇرتۇشۇپ كىشىلەرنىڭ دىققىتىگە

تەقەززا بولۇشىدۇ.

بۇلار تۇقلۇق، باياشاتچىلىق، ئاۋاتلىق، خاتىرجەملىكنىڭ بەلگىلىرى. خەلق مانا مۇشۇ تۇرمۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلدى. مۇشۇ تۇرمۇشقا ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار خۇدادىن، تەقدىردىن، بۇ كۈننى يارىتىش ئۈچۈن جانلىرىنى دوغا تىككەن پىداكارلاردىن تولىمۇ رازى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، شەھەر ياشلىرى بۇ شەھەرنىڭ نوۋگورد، ئۈچدەرۋازا كوچىلىرىدىن ئۆي تۇتۇشقان ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ چىرايلىق دەرۋازىلىرى ئالدىدىن ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈشكە ئامراق.

— پاھ، ئەخمەتجان ئەپەندىم قىزىنى ئېيىققا مىندۈرۈپ ئوينىتىۋېتىپتۇ!

— ئەخمەتجان ئەپەندىم ماشىنىسىنى ئۆزى ھەيدەپ دەرۋازىسى ئالدىدا توختىدى.

— ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ خوتۇنى ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئوخشايدۇ، بېشىغا قەلىقەي ياغلىق تېڭىۋاپتۇ.

— سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ خوتۇنى ياسىنىشقا ئۇستىكەنا، ئۆزىمۇ قاملاشقان زىلۋا بالىكەن!...

بۇنداق تېمىدا پاراڭلىشىشمۇ مودىغا ئايلانغان، ھەممىلا ئادەمنىڭ ئاغزىدا ئۇلارنىڭ نامى، گېزىتلەردىمۇ شۇ...

ھەتتا مەدرىسىدە خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن بولىدىغان سۆھبەتلەردىمۇ شەھەر چوڭلىرى بىر - بىرلىرىدىن ھەر خىل ئىشلارنى سورىشاتتى.

— مۇتائالى خەلپەم ھەزرەت جانابلىرى، سورىۋالساق بولارمىكىن، ئەخمەتجان قاسىمى قۇرئان كەرىمنى راستلا يادقا بىلەمدىكەنا؟

— لەيلۇنىنىڭ[1] شاگىرتى دەيدىغۇ، راست ئوخشىمامدۇ؟

— دارىلئېيتام، دارىلئاجىزىنلارنى يوقلاپ تۇرغىنىغا

[1] لېنىن دېمەكچى.

قارىغاندا ، ئىمانى بار يىگىت جوموڭلار !
— گومىنداڭنىڭ ھەر ـ ھەر باشلىقلىرىنى گەپ بىلەن زوڭ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ ، قالتىس زۇۋانداركەن بۇ ئەخمەت ئەپەندىم !
— دادىسى نادىر تەمبۇر بىلەن تونۇلۇۋىدى ، مانا بالىسى ئىلىم ـ بىلىم ، ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن تونۇلدى ! ...
ئۇلار مۇشۇ خىل سۆزلەر بىلەن كۆڭۈللىرىنى ئاۋۇندۇرىدىغان بولۇشتى .
«ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى»نىڭ باشلىقى ، «كۈرەش» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى سادىروف گىمنازىيىنىڭ كەينىدىكى ئۆيىدە هازىرلا «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىنىڭ باشلىقى ئەسئەت ئىسھاقوفنى ئۇزىتىپ تۇرۇۋىدى ، چاقچان رۇس ئايالى :
— نۇرى زىياۋۇدۇنوف كەپتۇ ! — دەپ خەۋەر قىلدى .
— ھە ، ھە ياخشى ، ياخشى ، چاي تەييارلاڭ ! — دەپ ھويلىغا ماڭدى سادىروف . گۈللەر ئەتىر ـ ئىپار پۇرىقى چېچىپ تۇرىدىغان ھويلىسىدا ئۇ ئوقۇغۇچىسى نۇرىنى كۆردى . ئېگىز ، گەۋدىلىك ، چىرايلىق يىگىت ، چىرايلىق كىيىنگەن ، يالاڭۋاش ھالدا بوسۇغىدا تىك تۇراتتى .
— كىرىڭ ئۇكام ، ياخشى كەلدىڭىز ، مەن ھازىرلا سىزنى ئويلاۋاتاتتىم .
— رەھمەت ئەپەندىم ، ۋاقتىڭىزنى ئېلىپ قويارمەنمۇ ؟
ئۇلار مېھمانخانىغا كىرىشتى ، ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن :
— بىزنىڭ ژۇرنالدا ئىشلەشنى خالامسىز ، نۇرى زىياۋۇدۇنوف ؟ — دەپ سورىدى سادىروف .
— مەن ھەربىي تۇرمۇشقا ئۆگىنىپ قاپتىمەن . سالامەتلىكىم ئەسلىگە كېلىپ بولدى . ئالتايغا بارايمىكىن دېگەن تەلىپىم بار ، ئەپەندىم .
— ئابلا باي سىزنى ياۋروپاغا تارتىدۇ ، سىز بولسىڭىز راھەتتىن قېچىپ جاپاغا ئىنتىلىسىز . بۇ ئەلۋەتتە ئېسىل خىسلەت .

www.uyghurkitap.com

لېكىن، ئوسمان باندىت بىلەن ئېلىشىپ بىرەر پېشكەلچىلىككە يولۇقسىڭىز، تولىمۇ ئەرزىمەس ئىش بولىدۇ ـ دە!

— ئۇنىڭ زىيانلىرى كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ، ئەپەندىم. سۇڭ شىلىيەن دېگەن جاللات ئامېرىكا كونسۇلى ماكنماننى بەيتىككە ئەۋەتىپتۇ. سارتوقاي دەرياسى بويىدىكى جەڭدە پودپولكوۋنىك يۇسۇپجاننىڭ يىگىرمىدەك ئەسكەر بىلەن باندىتلارغا ئەسىر چۈشۈپ قالغانلىقى، يۇسۇپجاننى ۋەھشىيلىك بىلەن ئېتىۋەتكەنلىكى! ...

نۇرى يەرگە قارىدى، ئاۋازى تىترىدى.

— يۇسۇپجاننىڭ ئۆلۈمىگە مەنمۇ ئېچىندىم. سىز ئۇنىڭ بىلەن تونۇشمىدىڭىز؟

— ناھايىتى ياخشى ئاغىنە ئىدۇق. ئۇ قوماندانلىق باش شتاب رازۋېدكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقاندا بىز تونۇشۇپ قالغان.

— ئۇ بىز بىلەن دۆلەتلىك ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىللە ئوقۇغان، ئۇ مەندىن بىر ياش كىچىك، بىلىملىك، ناتىق يىگىت ئىدى.

— ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە زادىلا چىدىيالمىدىم. ئوسمان باندىتنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈرسەم دەپ ئويلايمەن، مەن ئالدىنقى سەپكە مېڭىش قارارىغا كەلدىم. ھازىر ئوسمان سۇڭ شىلىيەننىڭ ياردىمى بىلەن تولىمۇ كۆرەڭلەپ كېتىۋاتىدۇ. ھازىر ئۇنىڭ بەيتىككە كۆچۈرۈپ ئاپىرىۋالغان چارۋىچىلىرى تۆت مىڭغا يېتىپتۇ. لاتىپ، مۆمىنباي، قاباس تىركەش، ئەسەنلەر بىر يۈز ئەللىكتەك قوراللىق گورۇھنى چىڭگىل خەلقىنى ھەيدەپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار كۆمۈشنىڭ قويغۇنىدىكى دۆڭتى دېگەن يەردە بىزنىڭكىلەر بىلەن قاتتىق سوقۇشقان، قىرىق مىڭ تۇياق قوينى تاشلاپ چېكىنگەن بولسىمۇ، ئاھالىنى كۆچۈرۈپ ـ ھەيدەپ كېتەلىگەن.

— ئاڭلىغانسىز، بۇرچىن ناھىيىسىدىكى ھېلىقى قالقاتون قىشلىقىدا تۇرىدىغان يوسۇف دېگەن ئاق ئورۇس ئون نەچچە ئادىمى بىلەن ئوسمان تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپتۇ!

— جاڭ جىجۇڭ ، سۇڭ شىليەنلەرنىڭ قورال ، ئەسكەر ، ماددىي نەرسىلەر بىلەن قىلغان ياردىمى بارغانسېرى كۆچىيىۋاتىدۇ . «بەيتىڭ ۋەقەسى»نى ئوسمان پەيدا قىلدى . لېكىن ئۇنى ئىشقا سالغان گومىنداڭ . ھازىر سۇڭ شىليەن خۇاڭ سەنمۇ بىلەن ئاسىلبېك قابدەشنى بەيتىككە ئەۋەتتى . ئۇلار ئوسماننىڭ مىللىق كۆتۈرەلەيدىغانلىكى ئادەملىرىنى تىزىملاپ ، گومىنداڭ مۇنتىزىم ئارمىيىسى قاتارىدا تەمىنات بىلەن تەمىنلەۋاتىدۇ . ئوسمان ھازىر گومىنداڭنىڭ بىزگە قارشى ئالدىنقى سەپ فرونتى بولۇپ قالدى . ئۇنى ئامېرىكا ، ئەنگلىيە ، فرانسىيىلەر باتۇر دەپ ئېتىراپ قىلدى دەپ ماختىماقتا !

— ھازىر ئوسماننىڭ سەككىز يۈز كىشىلىك قوشۇننى ئىككى چوڭ ئەترەت قىلىپ تەشكىللىدى . بىر ئەترەتكە قاباس تىركەشنى ، يەنە بىرىگە قۇرمان قاپىشنى باشلىق قىلىپ بەلگىلىدى . ئۇلار ھازىر ھە دەپ ھەربىي مەشىق قىلىپ ، بىزگە ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلانماقتا ! ئۇ سارسۇمبىگە ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن !

— سىز ئوسمان توغرىسىدا جىق بىلىدىكەنسىز ، — دېدى سادىروۋ كۈلۈپ ، — نۇرى ، ئەخمەتجان ئەپەندىم : «دۈشمەن بىلەن ئىككى سەپتە تۇتۇشىمىز . بىرى جەڭ مەيدانى بولۇپ ، ئۇ يەردە قان تۆكۈپ ئېلىشىمىز . يەنە بىرى گېزىت - ژۇرنال ، رادىئو ئارقىلىق دۈشمەننىڭ ساختا قىياپىتىنى ئېچىپ تاشلاپ خەلق ئالدىدا مات قىلىمىز . بۇمۇ قورال تۇتۇپ جەڭ قىلغان بىلەن ئوخشاش . شۇڭا ، مەتبۇئات ساھەسىدە ئىشلەۋاتقان ئىشچىلار — ئىنقىلابنىڭ مۇھىم سېپىدە ئىشلەۋاتقان جەڭچىلەر» دېگەنىدى . سىزنى مۇشۇ جەڭچىلەرگە كوماندىر قىلىپ قويساق رازى بولارسىزمۇ ؟

— ياق ئەپەندىم ، مەن قەلەمگە قارىغاندا قورالغا تولاراق ئامراق . مەن ئالدىنقى سەپكە بېرىشنى تەلەپ قىلىمەن !

— گېنېرال ئىسھاقبېككە دېگەنمىدىڭىز ؟

— ھەئە . مەرھۇم يۇسۇپجاننىڭ ئورنىغا بارسام دېگەن ئۈمىدىم بار . ئۇنىڭ قىساسىنى ئالمىسام زادى بولمايدۇ !

— بىزدە سىزدەك يىگىتلەر ئاز ! — دېدى سادىروف بېشىنى ئىرغىتىپ ، — بۇرۇن سىزنى ئېلىخان تۆرەمگە چېتىپ بەزىلەر خاتا تونۇشتا بولغان . ئاباسوفنىڭ سىزگە بولغان كۆزقارىشىمۇ ئۆزگەردى . ئۇ كىشىمۇ سىزگە قايىل !

— «ھـەمـمـە ئـادەم ئۆزىگە تۇشلۇق ئورۇن - مەرتىۋىگە ئېرىشتى ، بىر سەنلا قالدىڭ !» دەپ ئەيىبلەيدۇ بىچارە دادام . مەن بـىـكـار يـۇرۇۋاتـقـىـلـى خـېـلـى بـولـدى . ئـىـچـىـم تىتىلداپ ئازابلىنىۋاتىمەن . ھېچنېمىگە ئېرىشمىگىنىمگە ئەمەس ، ھېچنېمە قـىـلـىـپ بېرەلمىگىنىمگە تىتىلدايمەن . بىر ئادەمنىڭ قەدىر - قىممىتى ئېرىشكەنلىكى بىلەن ئەمەس ، تەقدىم قىلغانلىرى بىلەن ئۆلچىنىشى كېرەك . ئىنساننىڭ روھىي تەلپۈنۈشى بىلەن جىسمانىي تەلپۈنۈشى مەڭگۈ چىقىشالمايدىكەن ، بولۇپمۇ ۋىجدان ئىگىسىنىڭ . باي ئاكام ، زەيتۇنە مېنى ياۋروپاغا تارتىدۇ . ئۇ يول ماڭا راھەت ، داغدام يول ، بەدىنىم خالايدۇ . لېكىن ، روھىم ئۇنىمايدۇ . روھىم مېنى ئالدىنقى سەپكە توختىماي ئىتتەرمەكتە !

غۇلجا زىيالىيلار ماكانى ، شائىرلار ، ئاخبارات - نەشرىيات ، ھەر خىل كەسىپ ئەھلى — قابىلىيەت ئىگىلىرى بۇ كىچىككىنە شەھەردە ئورۇن تېپىپ ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسەتمەكتە .

شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىدىكى زۇلمەتكە نەپرەتلىنىپ ، يېڭى ھايات ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلانغان ئەزىمەتلەر مۇشۇ ئۈستى قار ، باغرى ياپيېشىل تاغلار ئارىسىدىكى شوخ ئىلى دەرياسىنىڭ ئىككى قـىـرغىقىغا يېيىلىپ ياتقان مۇنبەت ۋادىغا نىجات يولى ئىزدەپ كەلمەكتە .

بـۈك تـېـرەكلىك كوچىلار ، ئالمىلىق باغلار ، قىزىلگۈل - ئەتىرگۈللەر بىلەن تولغان ھويلىلاردا بۇنداق ياز كۈنلىرى قىسقا يەڭ كۆڭلەك كىيگەن قارا چاچ ، سېرىق چاچ ، قارا كۆز ، كۆك كۆز قىزلار خۇددى تەمبۇر چېكىلگەندەكلا چىقىدىغان جاراڭلىق ، يېقىملىق ئاۋازلىرى بىلەن كۈلىدۇ ، ئۇيناقلاپ تۇرىدىغان ئاتلىرى بىلەن يايلاقتا ئاۋۇل قىدىرىپ ، قىمىز ئىچىپ ، پاقلان يەپ ، ئىككى

مەڭزى ئاپورت ئالمىسىدەك قىزارغان ھاللىق ئائىلىلەرنىڭ باللىرى بىر - بىرىگە رۇسچە سالام بېرىشكە ئادەتلىنىشكەن. بۇ كىچىككىنە شەھەردىن غەرب بىلەن شەرقنىڭ ھەممە مىللەتلىرى تېپىلىدۇ. ئۇي ئاقلاشنى كەسىپ قىلغان سېرىق چاچلىق ئاياللار چوتكىلىرى بىلەن چېلەكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ مەدىكار بازارلىرىغا كەلگەندە، ھەممىسىلا ئۇيغۇرچە سۆزلىشىدۇ. لېكىن ئۇلار: رۇسلار، ئۇكرائىنلار، بېلورۇسلار. دوختۇرخانىلارنىڭ سېسترالىرى، كوچىلاردىكى مەستلەر ئىچىدە ياۋروپالىقلار كۆپ. بۇ شەھەر ياۋروپالاشقان شەھەر! تاماقلىرى ئىچىدىمۇ ياۋروپا يېمەكلىكلىرى خېلى كۆپ. كاتلېت يېيىش شەھەر بايلىرىنىڭ مودىغا ئايلىنىۋاتقان ئادىتى بولماقتا. كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىش، گالستۇك تاقاش ... چاچلىرىنى تورمەللىۋېلىش ...

سادىروف غۇلجا ئۆزگىچىلىكلىرىنى بوگۇنكىدەك بۇنداق ئىنچىكىلەپ ساناپ باققان ئەمەس. ئۇ بايا تۇرپاندا بولۇۋاتقان ئىشلارنى ئۇرۇمچىدىن يېڭىلا قېچىپ كەلگەن بىر دوستىدىن ئاڭلاپ تولىمۇ بىئارام بولدى. ئۇ يەردە مۇنۇ غۇلجا شەھىرىنىڭ ئەكسىچە قاباھەت ئەۋجىگە ئۆرلىمەكتە ئىدى.

دېڭىز يۈزىدىن بىر يۈز ئەللىك تۆت مېتىر تۆۋەن بولغان تۇرپان ئويمانلىقى بۇ كۈنلەردە تونۇرغا ئايلانغان. قىزغۇچ تۇپراقلىق ئېتىزلىرىدا يالاڭ ئاياغ مېڭىش مۇمكىن ئەمەس. تەكلەر ئاستىدىن ھوپۇلدەپ يالقۇن چىقىدۇ. ئادەملەر بۇ كۈنلەردە كۆپ ۋاقىتلىرىنى يەر ئاستى ئۆيلىرىدە ئۆتكۈزىدۇ، كارىز سۇلىرى سۈزۈك، تەملىك بولغاچقا ئادەملەر ئىچىپ قانمايدۇ.

مانا مۇشۇنداق تومۇز ئەۋجىگە چىققان كۈنلەردە تۇرپان توقسۇن، پىچان ئەزىمەتلىرى زۇلۇم دەستىدىن ئۆيلىرىنى تاشلاپ چىقىشقان.

مۇشۇ يىل 9 - ئىيۇن كۈنى قوراللىق بىر روتا ئەسكەر بۇيرۇق بىلەن كېلىپ، ئاستانىلىك ئىسمائىل مىرابنىڭ ئۆز يېرىگە تېرىغان بۇغدىيىنى يىغىۋالدى. بۇ زورلۇق دېھقانلارنىڭ ئۇغىسىنى

قايىناتتى . ھەربىي شتاب خەلقنىڭ پەيلىدىن قورقۇپ سىڭگىم ئېغىزىغا بىر باتالىيون ئەسكەر ئەكەلدى . يالقۇنى ۋىلىلداپ تۇرىدىغان ، قىپقىزىل چوققىلار ھازىرلا پارتلايدىغاندەك كۆرۈنىدىغان بۇ قاقاس يەردە ھېچقاچان ئەسكەر تۇرغان ئەمەس . بىتىمنىڭ ئىجراسىغا جان - جەھلى بىلەن قارشى تۇرۇپ ، ئۈرۈمچىدە «25 - فېۋرال ۋەقەسى» پەيدا قىلىپ ، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا قوراللىق باستۇرۇپ كىرىپ ، خىزمەتچىلەرنى ئۇرۇپ - دۇمبالاپ ، قاماپ ، ئۇيۇشمىنى ۋەيران قىلىشقان بۇ ۋەھشىي كۈچنىڭ تۇرپاندا زورمۇزور ۋەقە تۇغدۇرماقچى بولۇۋاتقىنىنى ھەممە ئادەم بىلىپ بولدى . شىنجاڭ زىندانغا ئايلىنىشقا باشلىدى : ئەنۋەر يۇسۇپ مائارىپ نازارىتىنىڭ ئىشى بىلەن يەكەنگە بارسا ، ئۇنى يەكەن ۋالىيسى مەخپىي قولغا ئېلىپ ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى ، مىرزا يۇسۇپ تۇغقان يوقلاپ بوگۇرگە بارسا ، كورلا باشئەگىمدە ھەربىيلەر تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى . ئابدۇقادىر ھەسەننى خوتەن خەلقى ھاكىملىققا سايلىۋىدى ، ھەربىيلەر ئۇنى قولغا ئالدى... بۇنداق ئىشلارنىڭ ئېپخىمۇ ئەسكىلىرى تۇرپاندا كۆرۈلدى : كېچىلىرى تۇيۇقسىزلا ئادەم يوقاپ كېتىدىغان ، ئۆي ئاختۇرىدىغان ئىشلار كۆپىيىپ كەتتى . كىشىلەر ئۆيلىرىدە خاتىرجەم ياتالمايدىغان بولدى . پىچان ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ دوساسى يۇسۇپ باقىنى ، شۇنگەن زىيەرنى ، ئوقۇتقۇچى ياسىن رىقىپنى ، سودىگەر يۇسۇپ تۇردىنى ، خاندو يېزىسىنىڭ ساقچى باشلىقى مەمەت قاسىمنى ، لەمجىن يېزىسىنىڭ ساقچى باشلىقى ئابلىمىت يۇسۇپنى ، غوجا ئابدۇللانى قولغا ئالدى !

— گۇناھى نېمە ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى سادىروف يۇرتداشلىرىغا چىدىيالماي .

پىچان ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابلىمىت ھوشۇر قېچىپ كېتىپ قولغا ئېلىنىشتىن ساق قالدى . لۇكچۈن رايونىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئەخمەتنىياز داۋۇت قېچىپ قۇتۇلدى ...

تۇرپان يېڭىشەھەر غەربىي دەرۋازا تېشىدىكى ئاۋاينىڭ بالىسىدىن تۆت ئەسكەر نان ئېلىپ پۇلىنى بەرمەي ماڭغاندا ، بالا پۇلۇمنى بېرىڭلار دېسە بالىنى ئېتىۋەتكەن . بازاردىكى ساقچىلار ئارىلاشسا ساقچىلارنىمۇ يېقىن كەلتۈرمىگەن . خەلق توپلىنىپ نارازىلىق بىلدۈرگەندە ، ھەربىيلەر باشلىقى دەرھال ۋالىي ئابدۇراخمان مۇھىتى بىلەن ساقچى باشلىقى ئەبەيدۇللا روبەيدۇللايوفنى چاقىرتىپ : بىز ھازىر شەھەردە ھەربىي ھالەت قىلىمىز ! دېگەن . لېكىن ، ۋالىي ئۇنىمىغان . خەلقنى نەسىھەت بىلەن تارقىتىۋەتكەن . خەلق دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ تارقالغان . تۆمۈرچى ئىمىن ئاخۇننى ئىلىدا چىقىدىغان گېزىتنى ئوقۇدۇڭ دەپ قاماپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ! ...

— ۋەھشىيلىك ، ئۇچىغا چىققان ۋەھشىيلىك !

— ... ۋەھشىيلىكنىڭ چوڭى 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى بولدى تېخى . ھەربىيلەر مەجلىس ئېچىپ ئەتىسى نامايىش قىلىپ ، ئابدۇراخمان مۇھىتىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇشتى . بۇ ئىشنى بىر خۇيزۇ دەپ قويىدى . ئابدۇراخمان مۇھىتى دالدا قىلماق بولۇپ شەھەر سىرتىغا ماڭغاندا ، ئەسكەرلەر توسۇپ شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقارمىدى . ئۇ كېچىدە شەھەر سېپىلىدىن ئارغامچا بىلەن سىيرىلىپ چۈشۈپ يەمشى يېزىسىغا بېرىۋالدى . ئۇنى ئەسكەرلەرنىڭ تورىۋالغىنىنى كۆرگەن خەلق دەرھال قوزغالدى !

— پىچاق سۆڭەككە يەتتى ـ دە !

— شۇنداق بولدى . شۇنىڭ بىلەن تۇرپان ، توقسۇن ، پىچان بىراقلا قوزغالدى .

— ياشاپ كېتىڭلار !

ھايات قىلىش ئۈچۈن ئىنقىلاب قىلىش كېرەك دېيىشتى خەلق . زۇلۇم ، ھاقارەت خەلقنى قوزغىدى ، جىم ياتقان خەلقنىڭ بېشىغا دەسسىگەندىكىن خەلق قوزغىلىدۇ .

لۇكچۇندە ئەخمەتنىياز داۋۇت باشچىلىقىدا قوزغالغان خەلق ، ساقچىخانىغا بېسىپ كىرىپ ساقچىلارنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋالدى .

خەلقنىڭ قولىدىكى قورال ئاتمىش تال مىلتىق بولۇپ قالدى، ئىككى يۈز ئون ئادەم بۇ قورال بىلەن ئاتلىنىپ ئوتتۇرىغا چىقتى. ياڭخى يېزىسىدىن ئىمىنئاخۇن خەلقنى قوزغاپ، تۆت سوقما كارىزدىكى گومىنداڭ ئەسكەر ـ ساقچىلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئون بىر تال مىلتىقنى قولغا چۈشۈردى. ئاستانىلىك مۇئەللىم رەجەپ توختى قوزغىلىپ ئاستانە، قاراغوجا خەلقىگە باشچىلىق قىلىپ، ئەخمەتنىياز داۋۇت، ئىمىنئاخۇنلارغا خەۋەر قىلىپ، 1947 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت بەشتە يېتىپ ئۆلگۈچە ئېتىپ ئۆل دەپ، سىڭگىم ئېغىزىدىكى زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان گومىنداڭنىڭ بىر باتالىيون ئەسكىرىگە ھۇجۇم قىلدى. ھۇجۇم قىلغۇچىلارنىڭ سانى مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇرۇشقا رەسمىي قاتناشقان ئەرلەردىن باشقا، ئاماق ـ غىزا توشۇۋاتقان ئاياللارمۇ بار ئىدى.

گومىنداڭ ئەسكەرلىرى سۇنىڭ بېشىدا ئىدى. ئۇلار سۇنى توسۇپ قۇملۇققا قويۇۋەتكەچكە، خەلق سۇدىن قىينالدى. ئاياللار، باللار قۇدۇق، كارىزلاردىن قاپاق بىلەن سۇ توشۇپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، ئادەم سانى كۆپىيىپ كەتتى. ئېغىر ـ يېنىك پىلىموت ناھايىتى ئاز. بىر دانە يېنىك پىلىموت، بەش ئاپتومات، بىر يۈز ئاتمىش تال مىلتىق، ئوقمۇ ناھايىتى ئاز، گراناتمۇ يوق، بار ـ يوق قورال شۇ. بىر دىكتار پىلىموتنى ياڭخىلىق ئىمىنئاخۇن گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن سېتىۋالغان. بەش تال ئاپتوماتنىڭ ئىككىسىنى ئاستانىلىك مەھمۇت ئۇستا ياسىغان. قالغانلىرىنىمۇ گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن سېتىۋالغان. خەلق بار ـ يوقى ئاشۇ ئازراق، ناچار قورال بىلەن گومىنداڭنىڭ مۇستەھكەم ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلدى. ئىسسىق جاندىن ئۆتىدۇ، قۇم، توپىلار چوغ. چوغ ئۇستىدە يېتىپ تۆپىلىكتىكى دۈشمەن پوتەيلىرىگە ھۇجۇم قىلغان گەپ. دۈشمەن ئوت كۈچى تولىمۇ زور: ئېتىلىۋاتقان پىلىموت، ئاپتومات، چۈشۈۋاتقان مىناميوت ئوقلىرى، گراناتلار ھەممە ياقنى چاڭ ـ توزان، ئىس ـ تۈتەككە

www.uyghurkitap.com

ئـايـلانـدۇرۇۋېتـكەن . ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ . خەلق ئـوغـلانلىرى جانلىرىنى ئالقىنىغا ئېلىشقان . «ئۆلمەك شان - شەرەپ ، ئۆلتۈرمەك غەلىبە» دېگەن سۆز ئۇلارنىڭ ئېغىز قەسىمىگە ئايلاندى . بۇ قەسەم خەلقنىڭ غەزىپى ، ئىرادىسى بولۇپ قالدى . ئـۇ قـەسـەمـنـىـڭ كـۈچـى بىلەن ئوق شۇۋرغانلىرى ، گرانات ۋولقانلىرىغا پىسەنت قىلماي ، ياشلار بىرى يىقىلسا بىرى سەكرەپ تۇرۇپ ، دۈشمەن پوتەيلىرىنى پالتا - كەتمەنلەر بىلەن ئۇرۇپ - چـېـقـىـپ ، پاچاقلاپ ، دۈشمەننى غال - غال تىترەتتى . گۈلى ئىسمىلىك يىگىت پوتەيگە ھۇجۇم قىلىپ كىتىۋاتقاندا ، ئۇنىڭغا ئوق تەگدى .

— بولالمىدىم ، قورالىمنى ئېلىۋېلىڭلار ! — دەپ ۋارقىرىدى ئـۇ ، مىنى قۇتقۇزۇڭلار دېيىشنىڭ ئورنىغا قورالىنىڭ دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كەتمەسلىكىنى تاپىلاپ . ھەسەن تۆمۈر كەينىدىنلا يۈگۈردى ، ئۇمۇ ئوق تېگىپ يىقىلدى . ئابدۇرازاق ئۇنىڭ ئىزى بىلەن يۈگۈردى . بىر پوتەيگە ھۇجۇم قىلىپ ئون بىر ئادەم قۇربان بولدى .

سىڭگىملەردە جەڭ قىلغان
ھاكىم بىلەن ئىمىنجان .
قوللىرىدا تاياق - توقماق ،
قۇربان بولغان ئون بىر جان .

دۈشـمـەنـلـەرـگـە غـەزىپى كۈچلۈك ئادەملەرلا مۇشۇنداق قىلالايدۇ . ئۇلارنىڭ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ ...

— ئـىـسـسىت تۇرپان ، توقسۇن ، پىچانلىق قېرىنداشلىرىم ، بەكمۇ جىق قىرىلىپ كەتتىغۇ !

— خەلـقـنىڭ بۇ ئىنسانىي ياشاش ھوقۇقى ئۈچۈن قىلغان كـۈرەشـنـى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى «ئىلى ئىنقىلابىنى قوللاپ ، خـەنزۇلارغا قارشى تۇرىدىغان قوزغىلاڭ !» دەپ قارىلاپ يالغان

تەشۋىق قىلدى . ھەتتا سۆڭ شىلىيەندەك كاتتىۋاش چىقىدا : «ئەخمەتجاننىڭ قۇترىتىشى بىلەن بولغان پىلانلىق ، مەقسەتلىك ، بۆلگۈنچىلىك توپىلاڭ !» دېدى . بۇ ئىشنى ئەتەي يوغىنىتىپ ، زور كۆلەمدە ھەربىي سەپەرۋەرلىك يۈرگۈزۈپ ، تيەن زېمىنىنىڭ تۆت باتالىيون ئەسكىرىنى ، ئاتلىق 5 ـ دىۋىزىيىدىن يې چاڭشۇنىڭ ئاتلىق پولكىنى ، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق 178 ـ دىۋىزىيىنىڭ ئىككى باتالىيون ئەسكىرىنى ، قاراشەھەردە تۇرۇشلۇق 128 ـ دىۋىزىيىنىڭ بىر پولك ئەسكىرىنى ، ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق 46 ـ دىۋىزىيىنىڭ بىر باتالىيون ئەسكىرىنى يۆتكەپ ئەكېلىپ ، ئارانلا بىر يۈز ئاتلىق تال مىلتىقى بار تۇرپان پۇقرالىرىنى دەھشەتلىك باستۇردى . ئىككى پولك ، يەتتە باتالىيون ئەسكەر دېگەن جەمئىي ئون بەش باتالىيون ھېسابلانسا ھازىرقى زامان قوراللىرى بىلەن قوراللانغان تۆت مىڭ بەش يۈز ئەسكەر دېگەن سۆز . بىزنىڭ خەلقىمىز ئۇنىڭغا قانداقمۇ تاقابىل تۇرالىسۇن ، نەق جەڭ مەيدانىدىلا بەش يۈزدىن جىق ئادەم ئۆلدى ، قوزغىلاڭ باستۇرۇلدى . بىز ئازراقلا ئادەم غۇلجىغا مىڭ مۇشەققەتتە قېچىپ كېلەلىدۇق . ئاڭلىسام ، گومىنداڭ ئۆيمۇئۆي كىرىپ ئاختۇرۇپ ـ بۇلاپ ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ ، تۇرپان ئويمانلىقىنى ئادەم قېنى بىلەن بوياپ بولغان . مەخپىي ئۆلتۈرۈلگەنلەر قانچە؟ ئابلىز مۇھىتى ، ئابدۇللا مۇھىتى ، سابىت قارىيلارنى مەخپىي ئۆلتۈرگەن . بۇنداقلار سانسىز ! ئاستانە ، قاراغوجا يېزىلىرىدىن باشلاپ قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ ئادەم بولسىلا ئۆلتۈردى . خەلق ئۆي ـ ماكانلىرىنى تاشلاپ ، بالا ـ چاقىلىرى بىلەن جاڭگاللارغا ، دەشت ـ چۆللەرگە قاچتى . كارىزلارنىڭ ئىچكىرىلىرىگە مۆكۈندى . گومىنداڭ خەلقنى شۇنداق بۇلىدىكى ، توخۇ ـ چۈجىلەرنىمۇ قويمىدى . ئۇچرىغانلىكى ئادەمنى بوغۇزلاپ بېشىنى كېسىپ ، تېنىنى قۇدۇققا تاشلىدى . ئىگىلىرى تونۇۋالسۇن دەپ گومىنداڭ ھەربىي شتابى ئالدىغا ئېسىلغان باشلار سانسىز . بىچارە خەلق ئەرلىرى ۋە ئوغۇللىرىنىڭ باشلىرىنى شۇ يەردىن تونۇۋېلىپ نامىزىنى چۈشۈرۈپ ، تېنى يوق باشنى دەپنە قىلىشتى .

ھازىر تۇرپاننىڭ ھەممە يېرى جەسەت، چۆللەرنى كولىسىمۇ ئۆلتۈرۈپ يۈزلىرىنى تىلىپ - تىلىپ تونۇغىلى بولماس قىلىۋەتكەن جەسەتلەر چىقىدۇ. بىر گومىنداڭ ئەسكىرى ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ ۋەھشىيلىكىگە چىدىماي بىز تەرەپكە قېچىپ كەلگەن. ئۇ ئۇيغۇرلار بىلەن ئويناپ چوڭ بولغان بالا ئىدى. ئۇ: پىچاندىكى باتالىيون شتابىنىڭ توغرا تېمىنىڭ ئاستى چوڭ گوداڭ، ئۇ يەردە قىرىقتەك جەسەت كۆمۈكلۈك، بوۋاي - مومايلار، بالىلارنىڭ كۆزى ئويۇلغان، قارنى يېرىلغان جەسەتلىرى بار. مۇھىم قوزغىلاڭ قاتناشچىلىرىنى بىرمۇبىر چاناپ ئۆلتۈردى. بىر چىن يىڭجاڭ ئۆزىلا ئەسىر چۈشكەنلەردىن يىگىرمە تۆتنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈردۈم، دەپ ماختاندى. لى خۇيىۋەن دېگەن ئىشپىيونمۇ بىر دانە رادىئو پىرىيومنىك ئېلىپ، بىرقانچە جاللات بىلەن تۇرپانغا كەلگەنىدى. ئۇمۇ نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۆلتۈرگۈزۈپ، يۈزلىرىنى چانىتىپ، تونۇغىلى بولماس قىلىۋېتىپ چۆللەرگە كۆمدۈرۈۋەتكەن. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى قاتىل سۇ جۇڭيىلا يىگىرمە تۆت ئادەمنى ئۆلتۈردۈم دەپ كۆرەڭلىدى. ئۆلگەنلەر كەمبەغەل دېھقانلار، ئوقۇغۇچىلار، بالىلار، بىچارىلەردە نېمە گۇناھ! ... تاغ يوللىرىدا قېچىپ يۈرگەن دېھقانلارنى تۇتۇۋېلىپ شۇنداق قىيناشتىكى، كۆزلىرىنى ئويدى، جان يەرلىرىنى كەستى، تىرىك تۇرغۇزۇپ يۈرەكلىرىنى ئويۇۋالدى. ئىنسان بۇنچە ۋەھشىي بولالارنى بىلمەيتىكەنمەن. ئىنسان — بولۇپمۇ بىزنىڭ گومىنداڭ ئەسكەرلىرىمىز ۋەھشىيلىكتە ھەرقانداق يىرتقۇچنى بېسىپ چۈشىدىكەن! ...

سادىروف ئۆپكىدەپ يىغلاپ تۇرۇپ:

— بىچارە خەلقىم، قانلىرىڭلار بىكار تۆكۈلمەيدۇ، قانغا قان، جانغا جان ئالىمىز! جاللاتلارنىڭ ئەجىلى توشتى! — دەپ ۋارقىرىدى.

— بۇ قىساسنى مەن ئالىمەن! — دېدى نۇرى غەزەپلىنىپ، — مۇئەللىم، سىز ئالدىنقى سەپكە بارماڭ! مەن

ئەتىلا ئالتايغا قاراپ يولغا چىقىمەن . گومىنداڭ ئوسماننىڭ قولى بىلەن بىزنىمۇ تۇرپان خەلقىنى قىرغاندەك قىرماقچى . بىز قاتىللارنى جازالىشىمىز كېرەك !

ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇش ئۇسۇلى بولىدۇ . بىرلىرى راھەت غېمىدە ، بىرلىرى مۇشەققەت ئىزدەيدۇ . يىغىنچاقلىغاندا ، مۇشۇ ئىككى ئىنتىلىش ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەت نىشانى . ئىلگىرىكىلىرى كۆپ ، مۇتلەق كۆپ ، كېيىنكىلىرى ئاز ، يوقنىڭ ئورنىدا ...

ئابلا باينىڭ قىزى ئۇچۇن ياساتقان باغلىرى چىرايلىق ، ئۆيلىرى ئازادە ، ياۋروپاچە ياساتقان قورۇ ـ جايىمۇ ، زىياۋۇدۇننىڭ چوڭ بېغىنىڭ قويۇق قارىياغاچلىقىغا ياساتقان بىر قەۋەتلىك ، ئاستى ـ ئۇستى تاختايلىق داچىسىمۇ تېزلا پۈتتى . باي پۇلنى ئايىماي خەجلىدى . بۇ باي توغرىسىدا خەلق : «پۇلنى ساناپ ئەمەس ، كىلولاپ خەجلەيدۇ» دەپ سۆزلەشتى . بۇ گەپ بىكار ئەمەس . ئۇنىڭ باش بوغالتىرى ياسىنىپ يۈرىدىغان تاتار ئادەم : «بۇ كىشى قىزى ئۇچۇنلا يۈز يىگىرمە ماشىنا تېرىنىڭ پۇلىنى خەجلەپ بولدى» دېدى باشقىلارغا . لېكىن ، باي يەنە خەجلەشكە ، قىزى خوش بولىدىغانلا ئىش بولسا ھەممە دۇنياسىنى خەجلەپ بولۇشقىمۇ تەييار .

— نۇرمۇھەممەت يەنە ئالدىنقى سەپكە ماڭىمەن ، دەپ غەلۋە قىلىۋاتقۇدەك . قىزىمنى يەنە غەم باستى ، قانداق قىلارمىز ؟ — دېدى ياسانچۇق ، ئالتۇن بىلەن بويۇن ، قۇلاق ، بىلەك ، بارماقلىرى بېزەلگەن ئايالى چىرايلىق كۆزلىرى بىلەن بايغا تىكىلىپ ، — نەسىھەت كار قىلمايدىكەن ئۇ بالىغا . ئۇ ماڭسا قىزىمىزمۇ ماڭارمۇ ؟

— ياق ، زەيتۇنەنى ماڭغۇزمايمەن . نۇرمۇھەممەتنىڭ بۇ خاھىشى ماڭا چۈشىنىشلىك ! مەن ئۇنىڭ مۇشۇنداق زەنجىر ئۈزەرلىكىگە ئامراق . ئۇ ئوسمان باندىتنىڭ كۆرەڭلەپ كېتىۋاتقىنىغا چىدىمىدى . ھېلىقى پودپولكوۋنىك يۇسۇپجان ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

دوستىكەن ! ئۇ يۇسۇپجان ئۇچۇن قىساس ئالماقچى !

— ئوق تېگىپ كەتسىچۇ ؟

— ئاغزىڭغا تاش ، قىزىمىز ئۇنداق زەربىگە چىدىيالمايدۇ !

— نېمىشقىمۇ بۇ سەھرالىققا يېپىشىۋالىدىغاندۇر ، نى - نى باي باللىرى ، نى - نى ئوقۇغان يىگىتلەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە ئۇ بولسا ئاشۇ قەدرى بىلمەس يىگىتكە ئوت - كاۋاپ ! ...

— هاي - هاي ، قەدرى بىلمەس دېگىنىڭ بولمىدى . ئۇ ھەممىدىن مېھرىبان ، كۆيۈمچان يىگىت . بىراق ئۇنىڭ خەلقىگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتى زەيتۇنەگە بولغان مۇھەببىتىدىن ئېشىپ كەتكەن . بۇ تەرىپىمۇ ماڭا ياقىدۇ ، قىزىمىزغىمۇ شۇ تەرىپى ياقىدىغان ئوخشايدۇ . بىچارە قىزىم ئورۇس كىتابلىرىدىن ئۆزىگە پايدىسىز نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆزلەشتۇرۇۋاپتۇ .

— ئۇنداق بولسا توينى قىلىۋېتەيلى ، بۇنىڭغىمۇ ماقۇل دەر ، ئۇ ئەتىۋارلىقىڭىز ؟

— ماقۇل دېگۈزىمىز !

ئۇلار ئاخىر ئارىغا ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئىسھاقبېكنى قويدى .

— ئاۋۋال تائام ، ئاندىن كالام ! — دەپ چاقچاق قىلدى ئەخمەتجان قاسىمى ، — ئاۋۋال توي ، كېيىن سەپەر !

— بىز سېنىڭ ئالتايغا بارىمەن دېگەن تەلىپىڭگە قوشۇلدۇق ، سەنمۇ بىزنىڭ تەلىپىمىزگە قوشۇلىسەن ، — دېدى ئىسھاقبېك بۇيرۇق ئاھاڭدا ، — ئالتاي ئاتلىق پولكىنىڭ مەسلىھەتچىسى دېگەن نام بىلەن ماڭىسەن . ئەمەلىيەتتە كومىسسار سەن ! كومىسسار زىياۋۇدونوف ، بويۇن تولغىساڭ بۇيرۇق بېرىمەن : زەيتۇنە ئابلايېۋا بىلەن مۇشۇ ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا توي قىلىسەن !

نۇرى ئاخىر توي قىلىشقا رازى بولدى .

جۇمە كۈنى رەسمىي - قائىدە بويىچە زىياۋۇدۇن توينىڭ مېلىنى — بىر غونان ئۆكۈز ، بەش پاقلان ، ئىككى يۈز كىلو گۈرۈچ ، ئەللىك كىلو ياغ ، نان - توقاچ ، يېتەرلىك سەۋزىلەرنى

نەچچە هارۋىغا بىسىپ ، شەھەرلىك چوڭ باينىڭ كاتتا قورۇسىغا ئەكىردى .

ئابلا باي قاقاقلاپ كۇلۇپ :

— قوتان ، ئىسكىلاتلىرىڭىز قورۇپ قالغاندۇر ـ ھە قۇدا ، قېنى ، بۇ نەرسىلەرنى ئاۋۇ قورۇغا چۈشۈرۈڭلار ! — دەپ ئات ـ هارۋا ، ماشىنا ، خىزمەتچىلىرى تۇرىدىغان يان قورۇنى كۆرسەتتى .

يازنىڭ ئاخىرى ، كۈزنىڭ بېشىدا غۇلجا شەھىرىدە تولىمۇ ھەشەمەتلىك بىر توي ئۆتتى . توي رىۋايەتلەردىكى خانلارنىڭ تويلىرىدەك قىرىق كېچە ـ كۈندۈز ئۆتمىگىنى بىلەن ، ھەشەمىتى توغرىسىدا يېڭى رىۋايەتلەر توقۇلۇپ ، خەلق چۆچەكلىرىگە ئايلاندى . ئۇيغۇر ئەنئەنىسى بىلەن ياۋروپا ئادىتى ئارىلاشقان بۇ تويىنىڭ رەسمىيەت ، ئادەتلىرى تولىمۇ كۆپ بولدى . ناغرا تۆت كۈن چېلىندى ، ئۆيلەر ، باغلاردا نەغمە ـ ساز ، ناخشا ـ ئۇسسۇلمۇ تۆت كۈن بولدى . چېيى بىلەن باشلانغان بەزمە ـ ئويۇن تويدىن كېيىنكى هاردۇق چايلىرىدىمۇ قىزىۋەردى ، نەچچە يۈزلىگەن مەست ئۆز ماھارىتىنى كۆرسەتتى ؛ ئېرىقلاردا ، دەرەخ تۈۋلىرىدە ، سۇپىلاردا ئۇخلاشتى ، ھەتتا خالىي جايلارغا بېرىپ مۇشتلاشقانلارمۇ بولدى . سويۇلغان قوي ، يېيىلگەن گۆش ، ئىچىلگەن هاراقنىڭ سانى يوق ، ئۇسسۇلچىلارنىڭ باشلىرىدىن ئۆرۈپ لېگەنگە سېلىنىپ ، سازچىلارنىڭ يانچۇقلىرىغا كىرگەن پۇللا بىر ئوتتۇراھال تىجارەتچىنىڭ بىر يىللىق كىرىمىدىن كۆپ بولدى . پولۇ ، نېرىن ، قورداق ، ھەر خىل قورۇما ، ھەر خىل كاۋاپ ، كاتلىتلار ئۈچۈن مەخسۇس ئۇستا ئاشپەزلەر تەكلىپ قىلىندى ، مېۋە ـ چېۋە ، قوغۇن ـ تاۋۇز ئۈچۈن بەش هارۋا توختىماي ماڭدى . ئابلا باي بىلەن زىياۋۇدۇن مېھمان كۈتۈپ قول قوۋۇشتۇرۇپ ، دەرۋازا ئالدىدا تولا ئۆرە تۇرۇپ هالىدىن كەتتى ، ئاياللارنىڭ ۋالڭ ـ چۇڭلىرى توغرىسىدا گەپ قىلىشنىڭ ئورنى يوق . ساندۇق ئاچقاندا ، قىز تەرەپنىڭ قىز بىلەن

www.uyghurkitap.com

يىگىتكە ، ھەتتا قودىلىرىنىڭ چوڭ - كىچىك ھەممىسىگە قىلىغانلىرىلا ئەنگلىيە ، سوۋېت ماللىرىدىن تارتىپ ، خوتەن ئەتلەسلىرىگىچە بولغان رەختلەر ، ئالتۇن سائەت ، زەنجىر مېداليون ، ئۈزۈك ، تاج ، ھەر خىل ئۈزۈكلەرلا ئوتتۇزدىن ئاشتى . قىز - يىگىتنىڭ سەيلىسى ئۈچۈن تەقدىم قىلىنغان پىكاپ موسكۋادىن كەلتۈرۈلگەنىدى . ئېيتىلغان ناخشىلار قانچىلىك كۆپ بولسا ، بۇ تويىنىڭ تەرىپى توغرىسىدىكى مەدھىيە ، ھەيرانۇھەۋەسلەرمۇ شۇنچىلىك كۆپ بولدى .

— مېنىڭ قىرىق نەچچە تويۇمنى يىغسىمۇ بۇ تويغا بوسۇغا بولالمايدىكەن ، — دېدى غېنى باتۇر قاقاقلاپ كۈلۈپ .

— كۆپۈرلۈق ! — دېدى مۇتائالى خەلپىتىم نارازى بولۇپ ، — بۇ تويغا كەتكەن پۇل بىلەن دارىلئاجىزىندىن ئوننى ، دارىلئېتامدىن ئوننى قۇرغىلى بولاردى .

— ھە ، بەلكى ئەللىك - ئاتمىش ئۇيغۇر بالىسىنى چەت ئەلدە ئوقۇتقىلى بولاردى ، — دېدى داموللا رازىيوفمۇ خەلپەم ھەززەتنى قوللاپ .

گىلەم ئۈستىگە تام ياقىلىتىپ ئەتلەس كۆرپىلەر سېلىنغان ئۆيلەردە ، يۆكۈنۈپ ئولتۇرۇشۇپ پاقالان گۆشلىرىدىن ھوزۇرلىنىۋاتقان قېرىلار ھەممىنى ئىنساپ - دىيانەت بىلەن ئۆلچەشكە ئادەتلىنىشكەن ، ھەشەمەت ئۇلار ئۈچۈن يات . ئۈزۈن ئۈستەل - ئورۇندۇقلار بىلەن بېزەلگەن ، «مەدەنىي» ئادەملەر ئۈچۈن تەييارلانغان يەنە بىر ئۆيدە ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە نازىرى ئەنۋەر مۇسابايوف — چەت ئەل گۈزەل ئەخلاقى بىلەن ھەممىنى ئۆلچەشكە ئادەتلىنىۋاتقان سۆزى سىلىق ، چىرايى ئىللىق ئادەم :

— ياۋروپادا ئورۇشتىن كېيىنكى قىيىنچىلىقلار يەنىلا مەۋجۇت ، ئەرەبلەر تېخىچە قالاق ، كۆچمەن تۇرمۇشتا ياشىماقتا . ئابلا باي بۇنچە قىلىپ نېمىنى بىلدۈرمەكچىكىنە؟ بىر پولك ئەسكەرنىڭ بىر يىللىق خىراجىتى يېيىلىپ بولسا كېرەك ... — دېدى .

— نېمىنى بىلدۈرمەكچىدى، بايلىقنى كۆز - كۆز قىلماقچى - دە!

— نىيىتى ياخشى! — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى كۈلۈپ قويۇپ، — قىزنى خۇش قىلماقچى، بالا خۇشلۇقى بىلەن خۇشاللىق ئىزدەيدىغان ئاتىلار ياخشى ئاتىلار!

باغدىكى سورۇندا ناخشا ئەۋجىگە چىققان، ئۇسسۇلچىلار ھەممە ھۈنىرىنى كۆرسەتمەكتە. بېشىغا چىنە قويۇپ ئويناۋاتقانلار، تىزلىرى بىلەن گىلەمنى گۈرس - گۈرس ئۇرۇپ، تولغىنىپ، كۆكرەكلىرىگە ئۇرۇپ ئويناۋاتقانلار قىيقاس، چاۋاك ئىچىدە سازچىلارنى تەرلىتىپ ھالىدىن كەتكۈزمەكتە. خۇشاللىقى قىن - قىنىغا پاتمىغان يىگىتلەر سازچىلارنىڭ تەرلىرىنى يېڭى لۆڭگىلەر بىلەن سۈرتمەكتە. يېزىدىن كىرگەنلەر پەتنۇسنى داپ قىلىپ ئىشىك ئالدىدا ئۆلەڭ ئېيتىپ خېلى ئۇزاق تۇرۇشتى، دەرۋازا ئالدىدا ئۇسسۇلمۇ ئويناشتى، تورىغۇچىلار بولمىغاچقا چاچقۇ چاچالمىدى، بىراق توي ساندۇقلىرىنى كۆتۈرۈپ ماڭغانلارغا ئۇن چېچىلدى.

ياشلار يېڭىدىن پۈتكەن ئۆيدە. يىگىت باش چۈشۈرگىنىچە، قىز ئولتۇرۇشى ئايرىم - ئايرىم ئۆيدە قىلىنمىدى، چوڭ ئۈچ ئېغىز تاختايلىق ئۆي ئۈستەل - ئورۇندۇق بىلەن بېزەلدى، يىگىت - قىزلار ئارىلاش ئولتۇرۇشتى. زەيتۈنەمۇ يۈزىنى پۈركەنجىگە ئالمىدى، دوستلىرى بىلەن قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ ئادەتتىكىدەكلا يۈرۈۋەردى. پەقەت كەچتە توي كىيىمى بىلەن مەيدىلىرىگە گۈللەرنى تاقاپ، نۇرى بىلەن قولتۇقلىشىپ ماڭغاندىلا، ئۇنىڭ يۈرىكى باشقىچىلا ئويناپ، قەلبى ھايات شادلىقىدا يېقىملىق تىترىدى: «بۈگۈندىن باشلاپ مەن ئەمدى ئايال — خانىم. مەن كېچە - كۈندۈز ئارزۇسىنى قىلىدىغان يىگىت — نۇرى بىلەن بىر ئۆيدە بولىمەن... قورقىمەن، خۇشالمەن، قايسىسى راست؟ ...»

نۇرىنىڭ بولسا تاقىتى تاق، مۇنۇ توختىماي تانسا ئويناپ،

ئۆزلىرىنى ماختىنىشىپ، ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرگەن قىز - يىگىتلەر قاچان تارقايدۇ - ھە! ئۇ ئەنە شۇنداق بىشافەتلىك ھېسسىياتى بىلەن ئارامسىزلىناتتىيۇ، كۆزلىرىدە ھەسەت، ئۆچمەنلىكتىن ئەسەرمۇ قالمىغان دوستلىرىنى كۆرگەندىلا قايتا ھوشىغا كېلىپ، ھايات شادلىقىنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان بۇ توي كۈنىنىڭ غۇرۇرى بىلەن قايتا رۇسلىنىۋالاتتى.

... ئاخىر جاھان جىمىدى، ئۇلار باغقا بىللە چىقتى. باغ غەربكە قىيسايغان تولۇن ئاينىڭ ئالا كۆلەڭگىسى بىلەن تولغان، باغلاقتىكى ئاپشاركا ھەدەپ غىڭشىماقتا، دەرەخلەر بالىلاردەك چۇرۇقلاشماقتا، كېچىنىڭ سالقىن ھاۋاسى ئادەمگە بۆلەكچە ھۇزۇر بېغىشلىماقتا ... ئۇ زەيتۇنەنىڭ بېلىدىن تۇتتى. ئۇلار باراقسان بولۇپ ئۆسكەن سېرىنگۈل تۇۋىدە ئۇزاق سۆيۈشتى ...

ئاخىر نۇرى ئۇنى كۈچلۈك بىلەكلىرىگە ئۇزۇنىسىغا ياتقۇزۇپ ھۇجىرىغا كۆتۈرۈپ ئەكىردى ۋە شادلىرىغا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن، ياقۇت ۋە قاشتېشىدىن كۆزلەر ئورنىتىلغان، باش تەرىپى چوڭ ئەينەك، پۇتلىرى نەقىشلىك ئىككى كىشىلىك كارىۋاتقا ئەكېلىپ ياتقۇزدى، قىز بىھوشتەك ئارانلا پىچىرلىدى:

— چىراغنى ئۆچۈرۈڭ، سەت بولىدۇ...

— ياق... ياق... ئۇنداق قىلماڭ ... — دېدى قىز چىراغ ئۆچكەندىن كېيىن تىپىرلاپ.

— قاچانغىچە ياق دەيسەن! — دېدى نۇرى قىزنىڭ يىپەك رۇباشكا بىلەنلا قالغان، سىلىق، پۇراقلىق، نازۇك بەدىنىنى چىڭ قۇچاقلاپ، پۇتلىرىنى ئاستا قارىشتۇرۇپ، — ئەمدى سەن «ياق» نى تاشلا!

— ... ياق، ياق !... — دېدى قىز ئەندىكىپ، تولغىنىپ، — قورقىمەن ... ياق ...

— قورقساڭ، قانداق ئانا بولالايسەن، جېنىم گۈزىلىم ...

قىز خۇددى ئېگىز يار بويىغا ئىتتىرىۋەتكىلى ئاپارغاندەك ۋەھىمە بىلەن نالە قىلدى. گەۋدىلىك، قاۋۇل، تاقىتى قالمىغان

يىگىت ئۇنىڭ ۋەھىمىسىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىنسان ھاياتىنىڭ ئۆزگەرمەس تامغىسىنى ئۇنىڭ نازۇك بەدىنىگە ئاخىر باستى ...

— قىپلىن ! — دېدى قىز ئەتىگەنلىكى ياۋروپاچە ناشتا قىلىۋېتىپ يېنىدا ئولتۇرغان تولىمۇ چىرايلىق، روھلۇق، خۇشال يىگىتنىڭ مۇرىسىگە بېشىنى قويۇپ ئەركىلەپ، — بۇگۈن بۇ ئۆيدە ياتمايمەن ...

— ماقۇل ئەمىسە، مەن ھازىرلا سەھراغا ماڭاي ! ...

— مەنمۇ بىللە بارىمەن ... نەگە بارسىڭىز بىللە بارىمەن . سىزنى بىر كۈنمۇ يالغۇز قويمايمەن . ئەمدى مەن سىزگە كونا ... يېڭىلىرى سىزنى كۈتۈپ تۇرغاندۇر تېخى ! ...

— مېنى ئېمىلەر كۈتۈپ تۇرغىنىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن ! ... لېكىن ...

— بولدى، دېمەڭ ! ...

قىز ئۇرنىنىڭ ئاغزىنى ئالىقىنى بىلەن تورىدى :

— بېشىڭنى يەيدىغان باندىت، نەدىن پەيدا بولدىڭىز ؟ ...

قىزنىڭ ئۆزۈن كىرپىكلىرىدە دەرھال ياش تامچىلىرى پەيدا بولدى .

ئۇلار بىر ھەپتە خۇشال - خۇرام بىللە بولدى - دە، ئاخىر خوشلاشتى .

نۇرى قوللىرىنى كۆتۈرۈپ، ئورنىدا قېتىپلا قالغان ئايالنىڭ تەمرىنگىنىدە ئۇچۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ماشىنىنىڭ كابىنكىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ، تاكى ساي كۆۋرۈكىدىن ئۆتكۈچە قايرىلىپ قارىدى . قىز گۈزەللىك ئىلاھى — ۋېناستەك مىدىرلىماي تۇراتتى ...

پودپولكوۋنىك نۇرى زىياۋۇدۇنوف ئالدىنقى سەپكە — قىران، ئېرتىش دەريالىرى بويلىرىدا، ئالتاي تاغلىرى ئارىسىدا جەڭ قىلىۋاتقان سەپداشلىرى ئارىسىغا قاراپ ماشىنا بىلەن كېتىۋاتماقتا . ئۇنىڭ خىيالىدىن زەيتۈنە كۆتۈرۈلدى . ئالتاي ۋەقەلىرى خىيال ئېكرانىدا پەيدا بولدى .

1947 ـ يىلى 4 ـ ئايدا شىمالىي يۆنىلىش قوماندانلىق شتابى ئوسماندىن ئەنسىرەپ، كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرىنىڭ سارتوقاي، شاڭقان، سەكبىلتاي، شالغىر، قاراشۇرا، تۇرغىن دېگەن يەرلىرىگە ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرۇپ ئالتايغا قايتىپ كەتتى. دەل مۇشۇ مەزگىلدە سالدەزالىڭ، سالى قاتارلىقلار كۆكتوقايدىن ئىككى يۈزدىن كۆپ ئائىلىنى باشلاپ، يوشۇرۇن قېچىپ ئالتايغا يېقىنراق ئورانبۇلاق دېگەن يەردە تۇرغان ئوسمانغا بېرىپ قوشۇلدى. ئەسەن ئىرىسقان يۈزدەك ئائىلىنى باشلاپ بەيتىككە كۆچتى. ئۇ بۇغداباي دېگەن ئادەمنى ئوسمانغا ئەۋەتىپ پاناھ بولۇشنى تىلىدى. ئۇنىڭ قاچقانلىقىدىن قىسىملار خەۋەر تېپىپ قوغلاپ ماڭدى. قوغلىغۇچى ئاتلىق ئەسكەرلەرگە مۇئاۋىن پولك كوماندىرى يۈسۈپجانمۇ بىر ئىزۋوت ئەسكەرنى ئېلىپ ماشىنا بىلەن ئىز بېسىپ ماڭدى. ئەسەن ئادەملىرى سال بىلەن سارتوقاي دەرياسىنىڭ نېرىقى قېشىغا ئۆتكۈزۈۋالدى. ئاياللار، بالىلار، قېرى ـ چۈرىلەر، بىر قىسىم مال ـ ۋاران قىسىمنىڭ قولىدا قالدى. يۈسۈپجان ئەلنى خاتىرجەم قىلىشقا بېرىلىپ كېتىپ، ئوسماننىڭ زەينەل، رەخىم ۋە كاشاپات باشلىغان يەتمىش ـ سەكسەن قوراللىق ئادىمىنىڭ كېلىۋاتقىنىنى سەزمەي قالدى. باندىتلار بۇ قاتقا ئۆتۈپ، ئورمانلىقنى دالدا قىلىپ قىسىمغا ھۇجۇم قىلدى، ئەسەنلەرمۇ ماسلاشتى. قىسىم ئوتتۇرىدا پايدىسىز جايدا مۇداپىئەگە چۈشۈپ قالدى. تاڭ ئاتقۇچە جەڭ بولدى، ئۆلگەن، يارىدار بولغانلار بارغانسېرى كۆپەيدى. ئەسكەر سانى، ئوق ـ دورا ئازايدى. يۈسۈپجان يارىدارلارنى ماشىنىغا بېسىپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىشقا بۇيرۇق بەردى. ماشىنا قوزغىلىپلا شوپۇر سۇلتانغا ئوق تەگدى. ماشىنا توختىدى. ساق، يارىدارلار ئاخىرىغىچە ئېلىشىش قارارىغا كەلدى. ئوقلىرى تۈگىگۈچە ئېتىشتى. ئوقلىرى تۈگىدى، ئىسكادىرون كوماندىرى ئابدۇكېرىم ۋە يىگىرمە نەچچە جەڭچى قۇربان بولدى، پودپولكوۋنىك يۈسۈپجان باشلىق يىگىرمىدەك جەڭچى تىرىك قولغا چۈشۈپ قالدى.

سانستاركا رەيھانگۈلگە بىر يوغان باندىت ئورمانغا تارتىپ باسقۇنچىلىق قىلماقچى بولۇۋىدى، رەيھان تاش بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا ئۇردى. باندىت قىزنى ئېتىۋەتتى. يارىدارلار قانسىراپ ئۆلدى، ئامان قالغانلىرى بىرنەچچىلا ئادەم بولۇپ قالدى. يۇسۇپجاننى باندىتلار باغلاپ ئوسماننىڭ يېنىغا ئېلىپ كەتتى. ئۇ ھازىر ھاياتمىكىن؟ ...

... ئوسماننىڭ يېنىدىكى ئاھالە ھازىر تۆت مىڭدىن ئېشىپ كەتتى ... لاتىپ باشلىق ئەلچىلىرى ئۈرۈمچىگە بېرىپ گېنېرال سۇڭ شىلىيەن بىلەن نەچچە قېتىم ئۇچراشتى. گومىنداڭ ئوسماننى قورالLANDۇرماقتا، باقماقتا. جانىمقان، خادىۋاڭ، خەن يۇۋېن، ئابدۇقادىر ھاكىم (گۆچۆڭنىڭ ھاكىمى) قاتارلىقلار ئوسمانغا تارتۇق قىلىش ئۈچۈن ئۈچ تۇياق ئارغىماق، ئىككى تۇياق پاكار گەنسۇ يورۇشلۇق ئېتىنى ئېلىپ ھال سوراشقا بەيتىككە باردى ...

ئوسمان تاشقى موڭغۇلىيىگە ھۇجۇم قىلىپ، 1947 - يىلى 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىكى «باتۇرلۇقى» بىلەن «دۇنياۋى باتۇر» بولۇپ قالدى. ئۇ سۇڭ شىلىيەن ئارقىلىق ئامېرىكا بىلەن دوست بولۇۋالدى. ھازىر ئۇنىڭ كۈچلۈك ئەجنەبىي ئارقا تىرىكى بار. ئوسمان بەيتىك ۋەقەسىدە تاشقى موڭغۇلىيىدىن ئولجا ئالغان ئەرسىلىرىنى قاناتباي، قۇرمانلاردىن ئۈرۈمچىگە — گومىنداڭ خوجايىنلىرىغا ئەۋەتتى، سۇڭ شىلىيەن كاتتا زىياپەت بەردى، زىياپەتكە جانىمقان، خادىۋاڭ، سالىس زاكارىيا، ئەيسا ئالىپتېكىن، مەتىمىن ھەزرەتلەر قاتناشتى. سۇڭ شىلىيەن ئوسماننى دۇنياۋى ئادەم دەپ ماختىدى ...

— ياپونىيىنى يەڭگەن ئامېرىكىنىڭ ئاتوم بومبىسى. ئامېرىكا ھەممىدىن كۈچلۈك، سوۋېت بىلەن موڭغۇلىيىدىن زادى قورقماڭلار! — دېدى سۇڭ گېنېرال ئوسماننى كۆشكۈرتۈپ دەيدەيگە سېلىپ.

ئوسمان ھازىر ئالتاينى قايتىدىن ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئۈچۈن بەيتىككە بىرىۋېلىپ

www.uyghurkitap.com

تەييارلىق قىلماقتا . ئۇنىڭ تەييارلىق قىلىۋاتقىنىغا ئىككى ئايدىن ئاشتى . هازىر نىمىلەر بولۇۋاتىدىكىن ئالتاي ۋىلايىتىدە؟...

نۇرىلار ئالتايغا ئەمەس ، چۆچەككە قاراپ ماڭدى . نۇرى چۆچەكتىكى سەككىز يۈز كىشىلىك كۆچەيتىلگەن باتالىيونغا ۋاقىتلىق كوماندىر قىلىپ بەلگىلەنگەنىدى .

1947 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا قاباس تىركەش باشلىق ، قۇرمان قاپتىش مۇئاۋىن باشلىق بولغان سەككىز يۈز كىشىلىك چوڭ ئەترەت ، ئىككى يۈز كىشىلىك ياردەمچى ئەترەت بىلەن ئالتاينى تەلتۆكۈس ئېلىش ئۈچۈن «چاقاباي !» دەپ ۋارقىرىشىپ ، ئات چاپتۇرۇپ هۇجۇمغا ئۆتتى .

يولغا چىقىش ئالدىدا ئوسمان ئادەملىرىگە سۆز قىلدى :

— بىرىنچىدىن ، قانچىلىك قۇربان بەرسەڭلارمۇ مەيلى ، ئالتاينى ئىگىلەڭلار ! ئىككىنچىدىن ، ئىمكانىقەدەر قىزىل پاچاقلارنىڭ چوڭلىرىدىن جىقراق تۇتۇپ كېلىڭلار ! ئۈچىنچىدىن ، ئەزىمەتلىرىم قانچىلىك ئولجا ئالسا ئېلىۋەرسۇن ، توسماڭلار !

سۆڭ شىلىيەنىڭ ۋەكىلى ، گومىنداڭ 5 - ئاتلىق دىۋىزىيىسى 2 - پولكىنىڭ كوماندىرى خەن فەن :

— سىلەر بىر قەدەم ئىلگىرى باسساڭلار ، بىز بىر قەدەم ئىز بېسىپ ئىلگىرىلەيمىز ، ئارقا تەرىپىڭلاردىن خاتىرجەم بولۇپ ئىلگىرىلەۋېرىڭلار ! — دەپ مەدەت بەردى .

قاباس بىرىنچى هۇجۇمنى چىڭگىل ناهىيىسىنىڭ سارتوقاي دېگەن يېرىدىكى دونەي مولداقان ئىسكادرونىدىن باشلىدى . دونەي ئۆزىدىن بەش - ئالتە هەسسە كۆپ دۈشمەننىڭ تۇيۇقسىز هۇجۇمىغا باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق قىلدى ، ئامالسىز بۇرۇلتوقاي دەرياسىنى بويلاپ چېكىندى ۋە سارسۇمبىگە بېرىۋالدى . چالغىرتىدا قاتتىق سوقۇش بولدى . يولدا پاتقۇللا ئىسكادرونى زاكىرخان ئىسكادرونىغا ياردەمگە كېلىۋېتىپ ، تۇيۇقسىز دۈشمەنگە يولۇقۇپ قالدى - دە ، قاتتىق ئۇرۇشتى . بىر سوتكا ئۇرۇش بولۇپ يىگىرمىدەك جەڭچى قۇربان بولدى . يىگىرمىدەك جەڭچى بىلەن

ئوتتۇزدەك تۆگىگە ئارتىلغان نەرسە ـ كېرەك دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى . پاتقۇللا بىر يۈز ئەللىكتەك ئەسكىرى بىلەن مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقالىدى . تۇرغىنىدىكى ئۇرۇشمۇ قاتتىق بولدى . تۇرغۇن جەڭچى قۇربان بولدى ، ئەللىكتەك جەڭچى ئەسىرگە چۈشتى . چاڭغاندا بولغان ئۇرۇشتا قۇربان بولغانلار ، يارىدارلار كۆپ بولدى . ئون بەش نەپەر جەڭچى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقالىدى . قاباسنىڭ ئادەملىرى بارغانسېرى كۆچەيدى ، بىر مىڭ بەش يۈزدىن ئارتۇق كۆچ بىلەن كۆكتوقاي بازىرى ئەتراپىدا مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان ۋاقىتلىق پولكنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ھۇجۇم قىلدى . ئۈچ سوتكا جەڭ بولدى . قىسىمنىڭ ئوق - دورىسى تۈگىدى ، ئامالسىز كۆكتوقاي بازىرى ۋە ئەتراپىدىكى يەرلەردىن چېكىندى . سارسۈمبە يوللىرىنى دۈشمەن ئىگىلەپ بولدى . ئامالسىز قالغان ئىبراھىمباي ، ئالمابېك قىسىملىرى قوغلاپ كېلىۋاتقان دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلغاچ چېكىنىپ ، 9 - ئاينىڭ 10 ـ كۈنى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىگە ئۆتۈپ كەتتى . ئوسماننىڭ «ۋەتىنى» — چىڭگىل ـ كۆكتوقاي ئۇنىڭ قولىغا چۈشتى . قاباس بارغانسېرى كۈچىيىپ سارسۈمبىگە ھۇجۇم باشلىدى . سارسۈمبىدىكى ئالتە ئىسكادىروندىن بىر ئىسكادىرونىلا سارسۈمبىدە قالدۇرۇپ قالغانلىرىنى ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتكەنىدى . سارسۈمبە ، بۇرچىن ، قابا ، جىمىنەيلەردە ئىككى يۈز كىشىلىك ئەترەت تەشكىللەنگەن بولسىمۇ ، قاباسنىڭ كۈچى زورايماقتا ئىدى . ئۇ مىڭدىن ئوشۇق ئەسكىري كۈچ بىلەن ساربۇلاق مۇداپىئەسىدىكى قىسىملارغا ھۇجۇم قىلدى . كۆكتوقايدىكى قۇرمان قابىش بەش يۈز ئادىمىنى سەككىز يۈزگە يەتكۈزۈپ ، چاڭغىراقتى قىزىلدىكى مۇداپىئە ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلدى . بۇرچىن پارتىزانلىرىنىڭ باشلىقى ئېرىمقان بۇرچىن جىمىنەي پارتىزانلىرىدىن بىر يۈز ئەللىكتىن كۆپ ئادەمنى باشلاپ دۈشمەن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى . ئالتاي ئاتلىق پولكىدىن بىر ئىسكادىرون رۇس ئەسكەرلىرىمۇ باندىتلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى . ئالتايغا ياردەمگە كېلىۋاتقان قوبۇق

www.uyghurkitap.com

پولكى كوماندىرى پولكوۋنىك نۇسۇپقان كۈنبايوۋ ئەسكەرلىرى دەم ئېلىۋاتقان ئوبالى دېگەن يەردە تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچراپ، ئىككى يۈزدەك ئەسكىرى پىتىراپ كەتتى. نۇسۇپقان ئون نەچچە جەڭچى بىلەن مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ سارسۇمبىگە قېچىپ كەلدى. قىسىملار كەينى ـ كەينىدىن مەغلۇپ بولۇۋەردى. دۈشمەن سارسۇمبە بوسۇغىسىغا كەلدى. دەلىلقان سۇگۇربايوف ئامالسىز سارسۇمبىنى تاشلاپ چېكىنىشكە بۇيرۇق بەردى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە گېنېرال مايور مازاروف (باش شتاب باشلىقى)، پولكوۋنىك بايچۇرىن قاتارلىق ئون نەچچە كۈندىن بۇرۇن غۇلجىدىن كەلگەن رەھبەرلەر ھۆكۈمەت مەمۇرىي كادىرلىرى ۋە بەدەلقان سۇگۇربايوف، ئايتكەن ئامانجوفقا ئوخشاش ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەر ۋە يۈزگە يېقىن مەمۇرىي كادىرلارنى باشلاپ شەرققە مېڭىپ، ئورمىگەيتى داۋىنى ئارقىلىق موڭغۇلىيىگە ئۆتۈپ، ئۇ يەردە ئىبراھىمبايلار بىلەن ئۇچراشتى.

بۇ خۇددى ئازادلىق ئارمىيە يەنئەننى ۋاقىتلىق تاشلاپ چىققانغا ئوخشاشلا بىر ئىش بولدى.

دەلىلقان سۇگۇربايوف سابىر تېغىدىن ئۆتۈپ ئۈچ سوتكا يول مېڭىپ جىمىنەي ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنىغا ئۆتۈپ كەتتى. مايور نىكولايوف، كاپىتان ئىستودىنكوفلار باشلىغان ئالتاي ئاتلىق پولكى باشقىلار بىلەن جىمىنەي بازىرى ئەتراپىدا مۇداپىئە قۇرۇپ پارتىزانلىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا تۇرۇپ قالدى.

قاباسلار سارسۇمبىگە كىرىپ ئەتىسىلا «غەلىبە خەۋىرى» يەتكۈزۈشكە ئوسمانغا ئادەم ئەۋەتتى ھەمدە بۇرچىن، قابا، جىمىنەي ناھىيىلىرىگە يۈرۈش قىلدى. قابانى تىنچلا ئىگىلىدى. بۇرچىنغا كەلگەندە ئىستودىنكوف، ماۋلىقانلاردىن قاتتىق زەربە يەپ چېكىندى. سوقۇشتا چوقاي ۋە بىرقانچە باندىت ئوق تېگىپ ئۆلدى... ئوسمان خۇشال بولۇپ لاتىپ، مۆمىنباي، قۇسايىن ۋە «رادىست» ماشاڭشانلارنى سارسۇمبىگە ئەۋەتىپ

هۆكۈمەت تەشكىللىندى . لاتىپ ۋالىي ، قاباس تىركەش قوماندان ، قۇرماش قاپىش مۇئاۋىن قوماندان بولدى . ھەممە ئىدارىلەرنىڭ باشلىقلىرىنى تەيىنلىدى . 17 - سېنتەبىردە ئۇلار بانكىنىڭ نەچچە مىڭ سەر ئالتۇنىنى ، سودا دۇكانلىرىنى ، ئامبارلىرىنى ، ئىدارىلەرنىڭ مال - مۈلكى ، ئارخىپلىرىنى بۇلاپ - تالاپ ، كۆيدۈرۈپ ھېچ نەرسىسىنى قويمىدى . پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ ، گىلەم ، ئورۇن - كۆرپە ، كىيىم - كېچەك ، زىبۇزىنەت بۇيۇملىرىنى پاك - پاكىز بۇلاپ كەتتى . يېزىلاردا خامانلاردىكى ئاشلىقلارغا ئوت قويۇپ كۆيدۈردى . قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن مايور ھاكىم ئۆمەربايوفنى بويىنىغا سىرتماق سېلىپ ، ئاتقا سۆرىتىپ قىينىدى . سادىق دولاتوفنىڭ بالىسى دەللىقانلارغا ئەگىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ پۇت - قولىنى باغلاپ قىران دەرياسىغا تاشلىۋەتتى...

دەللىقان سۇگۇربايوف سوۋېت چېگراسى ئىچىدە چېگرا ياقىلاپ مېڭىپ ، 22 - سېنتەبىردە تارباغاتاينىڭ جاغانئوبا چېگراسى ئارقىلىق چۆچەك شەھىرىگە كىردى . ئۇ غۇلجىدىكى ئەخمەتجان قاسىمى ، ئىسھاقبېكلەرگە تېلېگرامما يوللاپ ، پۈتۈن ئەھۋالنى ئەتراپلىق دوكلات قىلدى . مانا شۇ دوكلاتتىن يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى نۇرى زىياۋۇدونوفمۇ ئاڭلىۋالدى .

يۇقىرىنىڭ يولىيورۇقى بويىچە چۆچەكتە ئالتاينى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ تەييارلىقى ئىشلەندى ، چۆچەكتە تۇرۇۋاتقان تارباغاتاي پىيادە 3 - پولكى 3 - ئاتلىق پولكىغا ئۆزگەرتىلدى . نۇرىنىڭ سەككىز يۈز كىشىلىك كۆچەيتىلگەن باتالىيونى پولك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى . ئالتايدىن چېكىنىپ چىققان ئۈچ يۈز كىشىلىك قوشۇن تولۇقلىنىپ ، ئالتاي ئاتلىق پولكى قىلىپ تۈزۈلدى . تارباغاتاي ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ۋە باسباي ۋالىي باشلىق ھەر مىللەت خەلقلىرى ئىككى ئاتلىق پولكقا ئېھتىياجلىق بولغان ئىككى مىڭدەك ئات ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى تەييارلىدى .

1947 - يىلى 5 - ئۆكتەبىردە خەمىت ئەلىيوف

كوماندىرلىقىدىكى تارباغاتاي ئاتلىق 3 ـ پولك ، دەلىلقان سۈگۈربايوف قوماندانلىقىدىكى ئالتاي ئاتلىق پولك ۋە لېسكىن ، نۇرى زىياۋۇدونوفلار كوماندىرلىق قىلغان كۆچەيتىلگەن باتالىيوندىن ئۆزگەرگەن پولك ئاتلىق ۋە ماشىنا بىلەن يولغا چىقىپ ، 12 ـ ئۆكتەبىردە قوبۇقا يېتىپ كەلدى ۋە ئۈچ يۆنىلىشكە بۆلۈنۈپ ئالتايغا قاراپ يۈرۈش قىلدى .

بىرىنچى يۆنىلىشتىكىلەر ئەلىيوف پولكى — ئۆلۆڭكۆر كۆلىنىڭ قىيلى دېگەن يېرىدىن چۈشۈپ ، بۇرۇلتوقاي ناھىيە مەركىزىنى ئىگىلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى . ئۇ يەرنى ئىگىلىگەندىن كېيىن ، دەريانى بويلاپ سارتوقايغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ ، ئوسمانغا ئۈرۈمچى تەرەپتىن كېلىدىغان ياردەم يولىنى كېسىپ تاشلاش ۋە باندىتلارنىڭ يۇقىرىقى ناھىيىلەردىن خەلقنى زورلاپ ئېلىپ ماڭىدىغان يولىنى ئېتىۋېتىش كېرەك ئىدى .

ئىككىنچى يۆنىلىشتە بەدەلقان پولكى تۇردى . ئۇ ئۆلۆڭكۆر كۆلىنىڭ غەربىدىن ئېرتىش دەرياسىنىڭ سارقارنى دېگەن يېرى ئارقىلىق ئېشىپ چۈشۈپ ، سارسۈمبە شەھىرىگە غەربىي جەنۇبتىن يۈرۈش قىلىش ھەم ئېرتىش ، قىران دەريالىرى بويىدىكى خەلقنى تىنچلاندۇرۇشنى ئۈستىگە ئالدى .

ئۈچىنچى يۆنىلىشتىكىلەر لېسكىن ، نۇرى پولكى ئىدى . ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ماشىنا بىلەن ئۇدۇل بېرىپ بۇرچىن بازىرىنى ئىگىلەش ، ئاندىن غەرب تەرەپتىن سارسۈمبە شەھىرىگە يۈرۈش قىلىش ئىدى . دەلىلقان سۈگۈربايوف قوماندانلىق ئاپپاراتىدىكىلەر مۇشۇ پولك بىلەن بىللە ماڭدى .

1947 ـ يىلى 17 ـ سېنتەبىر سارسۈمبىدىن چېكىنىپ چىققاندىن بېرى ، دەلىلقان سۈگۈربايوف قايتىدىن قوشۇن تەشكىللەپ ، ئانا يۇرتىغا بىر ئاي بولمىغان ۋاقىت ئىچىدە ھۇجۇم بىلەن قايتىپ كەلدى . ئۈچ يۆنىلىشتىلا ئىشلار غەلىبىلىك ماڭدى . ئەلىيوفلار جانلىق تاكتىكا قوللىنىپ ، دۈشمەننى سۈر ـ توقاي قىلدى ، بىر جەڭدە باندىتنى يوقىتىمىز دەپ ئۇقۇشماي باندىتلار

زورلاپ ئېلىپ ماڭغان خەلققە ئوق ئېتىپ قويدى. بۇ بىر ئۇقۇشماسلىق بولدى. شۇنداقتىمۇ تۇرسىبېك، چوقاي، ئابلاجان موللىغا ئوخشاش يەرلىك باندىت كاتتىلىرى قولغا چۈشتى.

بەدەلقان پولكى تېزلا ئىلگىرىلەپ ئىككىنچى يۆنىلىشتە خەلقنى ئۆزىگە قارىتالىدى. ئۈچىنچى يۆنىلىشتىكى لېكىن، نۇرىلار 14 - ئۆكتەبىر كېچىسى بۇرچىنىنىڭ غەربىدىكى ئېرتىش دەرياسىنىڭ بويىدا توختىدى. كېمىنى باندىتلار ئەكەتكەنىدى. نۇرى باشلىق ئاتمىش نەچچە يىگىت سوۋېت ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى سىياقىدا كىيىندى - دە، ماشىنا بىلەن دەريا بويىغا باردى ۋە كېمىچىنى چاقىرىپ دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈۋېلىپ بىغەم ياتقان بىر گۇرۇپپا باندىتنى ئوققا تۇتۇپ، دەرھاللا باندىتلار توپلانغان ساقچى ئىدارىسىگە ھۇجۇم قىلدى. باندىتلار ئاز - پاز قارشىلىق قىلدى - دە، سارتوقايغا قاراپ تىكىۋەتتى. بۇرچىن، بۇرۇلتوقايلارنىڭ قولدىن كەتكىنىنى ئاڭلىغان سارسۇمبىدىكى باندىتلار 16 - ئۆكتەبىر كۈنى شەھەرنى تاشلاپ، ئاقدالا ئارقىلىق سارتوقايغا قاراپ قاچتى.

سارسۇمبە خۇددى دەللىقان سۇگۇربايوف ئېيتقاندەك بىر ئايغا قالمايلا يەنە قولغا قايتىپ كەلدى. لېكىن، شەھەر تولىمۇ ۋەيران بولغانىدى. بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بىگۇناھ ئادەمدىن يەتتىسى ئۆلگەن، ئون ئادەم جاراھەتلەندۈرۈلگەن. يىگىرمە نەچچە ئايالغا باسقۇنچىلىق قىلىنغان، ئۈچ مىڭ ئۈچ يۈز ئالتە تۇياق ئات، ئىككى يۈز يىگىرمە ئىككى تۇياق تۆگە، سەككىز يۈز يىگىرمە تۆت كالا، ئون بىر مىڭ سەككىز يۈز ئۈچ تۇياق قوي، ئالتە يۈز توقسان ئىككى تۇياق ئۆچكە، بىر مىڭ ئۈچ يۈز يىگىرمە ئالتە توننا ئاشلىق، ئۈچ مىڭ ئالتە يۈز يەتمىش يەتتە سەر ئالتۇن، ئون يەتتە مىڭ تۆت يۈز ئوتتۇز بەش سەر كۈمۈش، ئۈچ يۈز ئوتتۇز سەككىز مىليون سەككىز يۈز ئەللىك بىر مىڭ دوللار[1] قىممىتىدىكى كىيىم - كېچەك، ئۆي جاھازلىرى، ھەممىنى پۇلغا سۇندۇرغاندا،

[1] ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ قەغەز پۇلى.

جەمئىي ئون مىليارد ئالتە يۈز يەتمىش بەش مىليون ئۈچ يۈز ئاتمىش بىر مىڭ دوللارلىق مال ـ مۈلۈك بۇلانغانىدى. بۇنىڭغا ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىن بۇلانغان، كۆيدۈرۈلگەن ئىككى مىليارد توققۇز يۈز قىرىق ئىككى مىليون ئۈچ يۈز ئون يەتتە مىڭ دوللارنى قوشقاندا، جەمئىي زىيان ئون ئۈچ مىليارد ئالتە يۈز ئون يەتتە مىليون ئالتە يۈز يەتمىش سەككىز مىڭ دوللار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالتۇننىڭ ئۆزىلا بەش مىڭ بەش يۈز سەردىن كۆپ، كۈمۈش يىگىرمە بەش مىڭ سەردىن كۆپ ئىدى. نۇرى بۇ زىياننى ئاڭلاپ لېسكىنغا:

— بۇ پۇللار ئەمگەكچىلەرنىڭ قان ـ تەرى ئاكا! — دېدى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ.

— ئالتايدا ئاپەت، تۇرپاندا قىرغىن، غۇلجىدا توي، ئۈرۈمچىدە نەيرەڭ! — دېدى لېسكىن ئۆيغۇر تىلىدا دانىمۇدانە سۆزلەپ، — ئاجايىپ دۇنيا بۇ!

قوماندانلىق شتابتىن كىچىكى نۇرى غۇلجىغا تېلېفون بەردى.

— سالامەتمۇسىز؟ — دېدى تېلېفوندا زەيتۇنە يىغلامسىراپ، — مەن بارىمەن جۇمۇك!

— ياق، ياق! — دېدى نۇرى ئالدىراپ سۆزلەپ، — بىزنىڭ كۈچەيتىلگەن باتاليون تارقىتىۋېتىلدى، بىر قىسمى ئالتاي ئاتلىق پولكىغا، بىر قىسمى تارباغاتاي ئاتلىق 3 ـ پولكىغا قوشۇۋېتىلدى!

— بۇلار بىلەن مېنىڭ نېمە كارىم، ماڭا سىزنىڭ... ئامانلىقىڭىز كېرەك!

— ھە، شۇ، مەن تارباغاتاي ئاتلىق 3 ـ پولكتا كوماندىر بولۇپ قالدىم. تۇرىدىغان جايىم سارتوقاي!

— نە ئۇ؟

— چىڭگىل بىلەن بەيتىك چېگراسى!

— شەھەرمۇ، تاغ ـ ئېدىرمۇ دەپ سورىۋاتىمەن!

— تاغلاشقان شەھەر، شەھەرلەشكەن تاغ!

— ھا ـ ھا ـ ھا!...

ئېھ مۇھەببەت ، سېنى تەسۋىرلەشكە تىلنىڭ ئاجىزلىق قىلىدىغىنى ـ ھە ! ئۇلارنىڭ تېلېفوننى قويغۇسى يوق ئىدى ، زەيتۇنە چاڭىلداپ كەتتى :

— دادام خەمىتنى موسكۋادىكى بالىلار باغچىسىغا بېرىمەن دەيدۇ . ھە راست ، پەرىخە ساقىيىپتۇ . دادام ئۇ قىزنى ئالمۇتىدا ئوقۇتماقچى !

— ھە ، يەنە قانداق يېڭىلىقلار بار ؟

— غۇلجىغا كۈز كەلدى . سېنتەبىر ئاخىرلاشتى . ئۆكتەبىرنىڭ سوغۇق شامىلى پەيدا بولدى . ئۇ يەردىچۇ ؟

— ئەتىگەنلىكى ئەتراپ ئاپئاق قىرو !...

تېلېفون ئۈزۈلۈپ قالدى . لېسكىن كىرىپ كەلدى :

— خەير ـ خوش ، زىياۋۇدونوف ، مەن غۇلجىغا بارىدىغان بولدۇم !

ئۇلار قول بېرىشىپ خوشلاشتى :

— بىزمۇ چۈشتىن كېيىن سارسۇمبىگە كۆچىمىز !

ئالتاي جىمجىت ، 23 ـ ئۆكتەبىر ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسى قايتىدىن قۇرۇلدى . مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى دەلىلقان سۇگۇربايوف قوشۇمچە ۋالىي ، شەمسى مەمىيوف بىلەن ئابدۇراخمان توقۇلوف مۇئاۋىن ۋالىي بولدى . ئىدارە رەھبەرلىرى بېكىتىلىپ ، ۋالىي نامىدىن «خەلققە مۇراجىئەت» ئېلان قىلىندى . مەخسۇس كومىتېت قۇرۇلۇپ ، ئوسماننىڭ سالغان زىيانلىرىنى ئېنىقلاش ئىشى باشلاندى . بولۇپمۇ ئۇنىڭ خەلقنى زورلاپ ئۇرۇمچى تەرەپكە ئېلىپ ماڭغان قىلمىشى ئېغىر ئىدى . ئۈچ مىڭ يەتتە يۈزدىن ئارتۇق ئائىلە ، ئون يەتتە مىڭ سەككىز يۈزدەك ئادەم ، ئاتمىش ئىككى مىڭ تۇياق چوڭ چارۋا ، بىر يۈز ئەللىك ئىككى مىڭ تۇياق ئۇششاق مال ھەيدەپ كېتىلگەن . ئۇ بىچارە خەلق سىگانچە كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرۈپ دەككە ـ دۈككە ، پاراكەندىچىلىك ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزۈپ ، ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرىدا ئۆز ئانا يۇرتى ئالتايدىن ئۈزۈل ـ كېسىل ئاجراپ

چىقىپ، شەرقتىكى ئۆزلىرىگە يات بولغان نۇرى، گۈچۈك، جىمسار، فۇكاڭ ناھىيىلىرىگە كۆچۈپ بېرىشقانىدى.

— بىچارە خەلق! — دېدى نۇرى يۇقىرىقى سان ـ سىپىرلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بولۇپ، — خەلققە بەخت يارىتىمىز دەپ باشلىغان ئىنقىلاب تەتۈرىچە ئاپەت كەلتۈرۈش بىلەن ئاخىرلىشارمۇ ـ ھە؟ مانا، قازاق قېرىنداشلار شۇنداق كۈندىغۇ؟ تۇرپان، توقسۇن، قەشقەر، ئاقسۇ، يەكەن، خوتەنلەردىمۇ زۇلۇم ئېغىر! خەلققە يېڭىچە كۈن يارىتىپ بېرەلمىسەك، ئۆزىمىزلا ياخشى كۈن كۆرۈپ، باشقىلارنىڭ زۇلۇم، كۈلپەتلىرى بىلەن ھېسابلاشمىساق، بىزنى قانداقمۇ ئىنقىلابچى دېگىلى بولىدۇ؟

ئۇ كۆڭلىدە يەنە كونا ئويلىرىنى تەكرارلىدى: مۇشەققەت ئىچىدىن راھەت ئىزدىمەكچى ئىدىمغۇ؟ قېنى ئۇ مۇشەققەت؟ بىرنەچچە قېتىم جەڭ بولدى. «چاقاباي!» دېگەن ئاۋاز بىلەن مىلتىق ئاۋازىدىن باشقا ھېچنېمە ئاڭلىمىدىم. يەر بېغىرلاپ ئۆمىلىمىدىم، ئاچ قالمىدىم، يارىلانمىدىم، تاياق يېمىدىم. بۇيرۇق بېرىش، دوكلات ئاڭلاش دېگەنلەرنىڭ نېمىسى جاپا؟ مەنمۇ ئەمدى ئۆزۈم يامان كۆرىدىغان «تەييارغا ھەييار» قاتلىمىغا كىرىپ قالدىمغۇ؟ مەن ئەمدى كۈنلىرىمنى قانداق ئۆتكۈزەي؟ زەيتۇنەنى ئەسلەيمۇ ياكى ھەشەمەتلىك توي، كەلگۈسىدىكى تېخىمۇ راھەت ـ پاراغەتلىك كۈنلەرنى خىيال قىلىش بىلەنمۇ؟ ياق، ئىشنى بەدەننى تاۋلاشتىن باشلىشىم كېرەك، جەڭچى ۋاقتىمدىكى مەشغۇلاتىمدىن باشلاي. سوۋۇروف گېنېراللىسىمۇس بولغىنىدىمۇ ئەتىگەنلىكى بېشىغا سوغۇق سۇ قۇيۇپ يۇيۇنۇشنى تاشلىمىغان!

— خەتەر نەدە؟

— كارىۋاتتا. مۇتلەق كۆپچىلىك ئادەملەر جەڭ مەيدانلىرىدا ئەمەس، تىنچ كارىۋاتلىرىدا جان بېرىدۇ! ھا ـ ھا... قىزىق گەپ ـ ھە، مەن نەدە جان بېرىمەنكىن؟...

شەرقتە يۇلغۇن دەرياسىنىڭ بويىدىن ئارتىپ، غەربتە



www.uyghurkitap.com

يۇرۇلتوقاي بازىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى سەپنىڭ ئامانلىقىغا مەسئۇل بولغان پولكوۋنىك نۇرى زىياۋۇدونوف كۈنلىرىنى جەدۋەل بويىچە ھەربىي مەشىق، چارلاش، ئۆگىنىش ۋە تەنتەربىيە ئويناش بىلەن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى.

ئۇ گېزىتتىن ھەر كۈنكى خەۋەرلەرنى بىلىشكە ئالدىرايتتى. بولۇپمۇ، ئۇ ئوسماننىڭ ھەرىكىتىگە بۆلەكچىلا كۆڭۈل بۆلەتتى. ئوسماننىڭ ئادەملىرى ئۇ يەر ـ بۇ يەردە بۇلاڭچىلىق قىلاتتى، تۈيۈقسىزلا تاغلار ئارىسىدىن، ئورمانلار ئىچىدىن «چاقاباي!» دېيىشىپ ۋارقىرىشىپ، مىلتىقلىرىنى ۋاڭىلدىتىپ ئېتىشىپ چىقىشاتتى ـ دە، چۆل قۇيۇنلىرىدەك بىردەمدىلا غايىب بولۇشاتتى. نۇرى ھەربىي مەشىقنى چىڭ تۇتتى. بەش يۈز مېتىردىكى قارىغا يۈز پىرسەنت تەگكۈزۈش، مىڭ مېتىرغا ئاتمىش پىرسەنت تەگكۈزۈشنى ئەسكەرلىرىگە ئىككى ئايلىق مەشغۇلات ۋەزىپىسى قىلىپ تاپشۇردى. ئۆزى بولسا قاراڭغۇ چۈشكەندە يىراقنى كۆرۈش، يىراقتىكى نىشانغا تەگكۈزۈش مەشىقى ئېلىپ باردى.

مانا قىش باشلاندى، قېلىن قار، بوران ـ شىۋىرغان ئەسكەر ئۈچۈن چوڭ سىناق. ئۇ ئەسكەرلەرگە قاتتىق شىۋىرغاندا مانېۋىر ئورۇنلاشتۇراتتى:

— دۈشمەن مانا مۇشۇنداق كۈننى تاللاپ ھۇجۇم قىلىدۇ، ئېيزىنخوۋېر ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ ياۋروپا قۇرۇقلۇقىغا چىقىدىغان ۋاقتىنى نەق نورماندىيىدىكى قاتتىق بوران ـ دولقۇن كۆتۈرۈلگەن كۈنگە توغرىلىغان!

ئالتاي تاغلىرىدا قىش پەسلىدىكى تۇرمۇش تولىمۇ قىيىن. قېلىن قار، جۇدۇن ـ چاپقۇن ئىنسانلارغا تەبىئەتتىن كېلىدىغان ھەممە كارامەتنى كۆرسىتىدۇ. يوللار ئېتىلىپ، ئۆيلەر كۆمۈلۈپ، ئوتۇن ـ ياغاچ، ئوزۇق ـ تۈلۈك ئۈزۈلۈپ قالىدىغان ئىشلار دائىم بولۇپ تۇرىدۇ.

نۇرى ئۆيى بىلەن سۆزلەشمىگىلى بىر ئايدىن ئاشتى. ئۇ ئاتلىنىپ ھەر كۈنى ئۆزى باش بولۇپ چارلاشقا چىقاتتى. ئەڭ

قىيىن ، خىلۋەت يەرلەرگە — ئۆڭكۈرلەر ، تاغ چوققىلىرى ، قېلىن ئورمانلارغا ئىز قوغلاپ باراتتى . دۈربۈن بىلەن شەرقىي توختىماي كۆزىتەتتى . ئۇياقتا ئوسماننىڭ ئادەملىرى ئۈرۈمچى بىلەن قويۇق باردى ـ كەلدى قىلىشىپ ، بولغۇسى چوڭ ھۇجۇمغا تەييارلانماقتا ئىدى .

غۇلجىدىمۇ ھەر كۈنى بىر يېڭىلىق بولۇپ تۇرماقتا : ئەخمەتجان قاسىمى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سالاھىيىتى بىلەن ئىلى ، ئالتاي ، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ، ئورمانچىلىق ، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى ، ھەربىي كۈچنى كۈچەيتىش ، مالىيە كىرىمىنى ئاشۇرۇش ساھەلىرىدە تىنماي تىرىشىپ ئىشلەپ ، ھەر كۈنى دېگۈدەك كۆڭۈلنى خۇش قىلىدىغان ئىشلارنى قىلماقتا ئىدى . «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى»نىڭ پائالىيەتلىرى گېزىت ـ ژۇرناللاردا خەۋەر قىلىنماقتا ، ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ مەخپىي پارتىيىسى «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى»نىڭ ئادەملىرى ھەممىلا يەردە — ئارمىيە ئىچىدىمۇ ھەرىكەت قىلماقتا ئىدى .

يەتتە ۋىلايەتتىكى زۇلمەتنىڭ ئەكسىچە ئۈچ ۋىلايەتتە ئاجايىپ ـ غارايىپ ياخشى ئىشلار بولماقتا ئىدى . نۇرىنىڭ ئەس ـ يادى يەتتە ۋىلايەتتە — شۇ قاراڭغۇ تۈن ئىچىدە ياشاۋاتقان قېرىنداشلاردا ئىدى . ئۇ شۇ خەلقلەرگە بەخت يارىتىش ئۈچۈن ، ئۈرۈمچىدىكى زۇلمەت مەنبەسى بولغان گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن ، قوراللىق ئىنقىلابنىڭ بۇرۇنىراق پارتلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتمەكتە ئىدى .

مانا 1948 ـ يىلمۇ كىرىپ كەلدى . ئىچكىرىدىكى سوقۇشتا گومىنداڭ ھەدەپ چېكىنمەكتە ، كومپارتىيە ئىلگىرىلىمەكتە ، كۈچەيمەكتە ئىدى . 1948 ـ يىلى ئىيۇن ئېيىمۇ كەلدى ، ئالتاي يايلاقلىرى يەنە كۆكىرىپ ، قوي ـ قوزىلار ، تاي ـ غونانلار قىيغىتىشتى ، ئاۋۇللاردىن قويۇق ئىسلار كۆتۈرۈلۈپ ، تەرەپ ـ تەرەپتىن ئۈلەڭ ئاۋازلىرى كەلمەكتە ئىدى .

— بىلەمسىز نۇرى، يەنە بىر ئايدىن كېيىن ئانا بولىمەن! — دېدى زەيتۇنە تېلېفوندا ئاچچىق بىلەن، — بالىڭىز موسكۋادا تۇغۇلىدۇ. بىر ئايلىق رۇخسەت بىلەن قايتىپ كېلىڭ، مېنى موسكۋاغا ئاپىرىپ قويۇڭ!

— چوقۇم بارىمەن، زەيتۇنە، جېنىم زەيتۇنە، مېنى كەچۈرگىن، بارالمىدىم، بۇ قېتىم چوقۇم بارىمەن!

ئۇلار تېلېفوندا يەنە نېمىلەرنى دېيىشەر ئىدىكىن، تېلېفون ئۈزۈلۈپ قالدى.

— جىددىي خەۋەر! — دېدى شتاب باشلىقى ئالدىراپ كىرىپ، — بەيتىكتىن بۇياقتا بىر توپ باندىت يوشۇرۇن كېلىۋاتقۇدەك!

— 2 - روتا دەرھال ئاتلانسۇن، ئۆزۈم باشلاپ ماڭىمەن! — دېدى نۇرى بۇيرۇق بېرىپ.

بىر توپ ئاتلىق دەريانى ياقىلاپ شەرققە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

1948 - يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۆلكىلىك گومىنداڭ كاتتىۋاشلىرى ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى زاكارىيانى (زاكىشىننى) ئەۋەتىپ، ئوسماننى ئۈرۈمچىگە كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. ئوسمان ماقۇل بولدى. ئەمما، شەھەر ئىچىگە كىرمەي سىرتتا تۇرىمەن، دېدى. 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئوسمان لاتىپ، مۆمىنباي، ئەسەن، بۇتاللارنى يۈزدەك ئاتامان - چاپارمەنلەر بىلەن باشلاپ ئۈرۈمچىگە كەلدى. شىمىنگوغا كىگىز ئۆيلەر تىكىلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ئەيسا، جانىمقان، ئەلەنۋاڭلار ئوسماننى ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. سۇڭ شىلىيەن، خادىۋاڭ، ليۇ مىڭچۈنلەر كىگىز ئۆي، چېدىرلار تىكىلگەن، سۇ ئېقىۋاتقان ياپيېشىل غولغا بېرىپ ئوسماندىن ھال سورىدى... كۈندىلا زىياپەت، تەنتەنىلىك نۇتۇق سۆزلەش سەككىز كۈن داۋاملاشتى. سۇڭ شىلىيەن ھەربىي تەرەپكە، ئەلەنۋاڭ، جانىمقان، سالىس، زاكارىيالار قازاق مۆتىۋەرلىرىگە، خادىۋاڭ ئۈرۈمچى ۋالىي

مەھكىمىسىگە ۋاكالىتەن زىياپەت بەردى . مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ، ئەيسالارمۇ ئۇيغۇر كاتتىلىرى نامىدىن زىياپەت بەردى . «تەڭدىشى يوق قەھرىمان» ، «قازاق خەلقىنىڭ ھەقىقىي ۋەكىلى ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سەمىمىي پۇقراسى ، جياڭ ۋېيىۋەنجاڭ ھۇزۇرىدىكى ھۆرمەتلىك ئادەم ... » دېگەندەك مەدھىيە سۆزلىرى كۆپ قېتىم تەكرارلاندى . ئامېرىكا بىلەن گومىنداڭنىڭ ھەربىي كۈچىنى كۆز - كۆز قىلىپ : «ئاتوم بومبا بىلەن ئىلى ئوغرىلىرىنى بىتچىت قىلىمىز !» دەپ ئۇنى روھلاندۇردى . سۇڭ شىليەن مىڭ كىشىلىك رەسمىي قوراللىق قوشۇن تەشكىللەپ بېرىش توغرىسىدا ئوسمان بىلەن كېلىشىم تۈزدى . ئوسماننى دۆلەت قۇرۇلتىيىغا تەكلىپ قىلدى ، ئوسمان ئوغلى شېردىماننى ئۆز ئورنىغا ئەۋەتتى . ئوسمان ئامېرىكىنىڭ باش كونسۇلى باكستون ۋە مۇئاۋىن كونسۇلى ماكنان بىلەن كۆرۈشتى . ئۇلار «بىز ئايرىلماس دوست» دېيىشتى . ئوسمان ھاياجانلىنىپ :

— ئامېرىكىنىڭ ھۈنىرى قالتىسكەن ، سانائىتى كارامەتكەن ، بىزگە يېڭى - يېڭى قوراللاردىن كۆپرەك بەرسەڭلار ! — دېدى .

— قورال بار ، بېرىمىز ، ئىشلىتىدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك ، ياشلاردىن ئامېرىكىغا ئەۋەتىڭ ، تەربىيىلەپ بېرىمىز ! — دېدى باكستون . ئوسمان زالە باي قاتارلىق تۆت يىگىتنى ئامېرىكىغا ئەۋەتىدىغان بولدى .

ئوسمان قايتتى . گومىنداڭ دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ ، قازاق ، رۇس ، خەنزۇ ، خۇيزۇلاردىن كۈچلۈك قوشۇن قۇرۇشقا ئادەم ماڭدۇردى ! ...

ئوسمان ھۇجۇمغا تەييارلانماقتا . كېلىۋاتقانلار ئۇنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسىملىرى بولۇشى مۇمكىن !

نۇرى تىك چوققىغا يامىشىپ چىقىپ دۇربۇن بىلەن شەرققە قارىدى : چەكسىز ئورمانلىق . دولقۇنلۇق دەريا ئۇنىڭغا ئانا يۇرتى ئىلى دەريا بويلىرىنى ، قاش دەرياسى بويىدىكى قويۇق ئورمانلىقلارنى ئەسلەتتى . ئۇنىڭ خىيالى ئىلى ۋادىسىغا كۆچتى :

قورسقى پومپايغان زەيتۇنەنىڭ چىرايلىق كۆلكىسى ، خەمتىنىڭ كۆزلىرى ، زىياۋۇدۇن — بىر ئۆمۈر بالا ئوتىدا پۇچۇلانغان دادىسىنىڭ قورۇق باسقان مەزمۇت چىرايى كۆز ئالدىغا كەلدى .

«گۇم !» قىلغان دەھشەتلىك ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۇ سەنتۈرۈلۈپ يېنىدىكى قارىغايغا يۆلەندى . تاغلار پىرقىرىدى ، يەر بىلەن ئاسمان ئورۇن ئالماشتۇردى ، ئۇنىڭ ھەربىي كىيىمى قان بىلەن بويالدى ، ئورمانلار چۆرگىلىدى ، يەر - زېمىن قاندەك قىزاردى . ئۇ ئىڭراشقىمۇ ئاجىزلىق قىلدى .

ئۇنىڭ كۆزىگە بۇك دەرەخلىك قاپتاللار كۆرۈنۈۋىدى ، ئۇ دەرھال ئىلى دەرياسى بويىدىكى يېزىسى — دادىسى ۋە يۇرتداشلىرىنى ، ماناس دەرياسى بويىدىكى ئورمانباغدا كۆنلىرىنى مەشىق ، ئۆگىنىش ۋە ئارتىس بولۇپ دراما ئويناش بىلەن خۇشال ئۆتكۈزۈۋاتقان ئىنىسى بەرانى ، سۆيۈملۈك ئايالى ، غۇلجا گۈزىلى زەيتۇنەنىڭ يېشىل ئورمانلاردىن ھاياجانلىنىپ ئېيتقان لىرىكىلىق سۆزلىرىنى ئەسلىدى .

بۇ ئەسلىمىلەر ئۇنىڭ ھاياتى بىلەن چىڭ باغلانغان ، بۇنىڭدىن كېيىن دائىم تەكرارلىنىدىغان گۈزەل خاتىرە بەتلىرى ، ھايات مانا شۇنداق بەتلەرنىڭ جۇغلانمىسى .

ئۇ پات يېقىندا بۇ خاتىرىلەرنىڭ ئىگىلىرى بىلەن بىللە بولىدۇ ، ئۇلار بىرلىكتە قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ ھاياتنىڭ لەززىتىنى سۈرۈشىدۇ ، گويا مەڭگۈلۈك غەمسىز غالىبلاردەك ، مەقسەتلىرىگە يېتىشكەن پىدائىيلاردەك ، ئاشىق - مەشۇقلار مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتىشكەندەك ! ...

ئۇ «گۇم !» قىلغان ئىككىنچى ئوق بىلەن يەردىن قاڭقىپ كۆتۈرۈلدى - دە ، تۈۋەنگە ، بۇژغۇپ ئېقىۋاتقان قىران دەرياسىغا قاراپ ئۇچتى !

ئىلى ئاسمىنىدىكى بىر يورۇق يۇلتۇز ۋاقىتسىز كۆچتى . قەلبى ئارزۇ - ئارمان بىلەن تولغان بىر يىگىت — نۇرى زىياۋۇدۇن نامەلۇم تەرەپتىن كەلگەن ئىككى پاي ئوق بىلەن

يىگىرمە بەش يېشىدا ئەل - يۇرت ، ئانا تۇپرىقى بىلەن مەڭگۈلۈككە ۋىدالاشتى .

ئۇنىڭدىن رىۋايەتكە ئايلانغان ئاجايىپ ھېكايىلەر قالغۇسى
ئۇنىڭ ئىزىنى باسىدىغان پەرزەنتى دۇنياغا كۆز ئاچقۇسى .
دەرۋەقە ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ ھېكايىلىرى ھەممە ياققا تارالدى ،
ئومان بىر پەرزەنتى خەلقىگە يادىكار بولۇپ قالدى !

## خاتىمە

1949 - يىلى 22 - ئاۋغۇست ئەخمەتجان قاسىمى سەھەر تۇرۇپ ھويلىسىنى سۈپۈرۈپ ، كوچىغا سۇ چاچتى ۋە قايتىپ كىرىپ يۇيۇندى - دە ، كۈلرەڭ كاستيۇم - بۇرۇلكا ، گۈللۈك مانچىستىر دوپپىسىنى كىيدى . قىبلىگە قارىغان دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا يېپيېڭى سوۋېت ماشىنىسى توختىتىلدى .

— ئاخمات ، تەييارمۇ سەن ؟ — دېدى ئىسھاقبېك ماشىنىدىن كۈلۈپ چۈشۈپ ، ئاباسوفمۇ بىللە چۈشتى . ئۇ بىر ئاز خاپا ئىدى . سەۋەبى ، ئۇنىڭ مىلىك بىر جاپادا قۇرۇپ چىققان «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» تارقىتىۋېتىلگەن ، 1948 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «شىنجاڭدا تىنچلىق ، خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلغاندا ، ئۇ رەھبەرلىك ئىچىگە كىرگۈزۈلمىگەنىدى . بۇ ئىشلارغا ئۇنىڭ نارازىلىقى بار ئىدى .

ئىتتىپاق بىر يىل ئىچىدە راۋاجلاندى . ئۇ نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى . ھازىر ئۇنىڭ ناھىيە دەرىجىلىك ئىككى يۈز سەكسەن ئالتە شۆبىسى ، ئەللىك مىڭدىن كۆپ ئەزاسى بار . ئۇيغۇر ، قازاق ، موڭغۇل ، قىرغىز ، شىبە ، ئۆزبېك ، تاتار ، رۇس ، خۇيزۇ ، تاجىك ، داغۇر مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان بۇ تەشكىلاتنىڭ رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمى ، مۇئاۋىن رەئىسى مۇشۇ ئىسھاقبېك ئىدى . ئاباسوف موسكۋا ئارقىلىق غۇلجىغا كەلگەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىلى دېڭ لىچۈنگە بۇ ئىشلارنى تولۇق ئېيتتى . دېڭ لىچۈن :

— 1 - نۇۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە ۋەكىل بولۇپ كېتىۋاتىسىز . ھەممە ئىش ھەل بولىدۇ ، ھەممىمىز ئالغا قارايلى ، يولداش ئاباسوف ! — دەپ جاۋاب بەردى .

ئەخمەتجان قاسىمى قىزى ئادالەتنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى . ئۇ قەپەستە بېقىلىۋاتقان ئېيىقنى چىقاردى - دە ، قىزىنى مىندۇرۇپ ئويناتتى ، ماھىنۇر خانىم — چاچلىرىنى ئىككى تال ئۆرۈپ ، كۆل رەڭ كاستۇم ، قارا يوپكا كىيگەن چىرايلىق ئايال ئوماق ئوغلى ئادىلجاننى كۆتۈرۈپ ، قىزى بىلەن دادىسىنىڭ خۇشاللىقىدىن لەززەتلەنمەكتە ئىدى .

ھايات توقۇنۇشلىرى بىلەن لەززەتلىك . تېخى تۈنۈگۈنلا بۇ كىشىنىڭ زوقى كېلىدىغان ئائىلە تارىخىدا كىچىككىنە قارا بۇلۇت پەيدا بولغانىدى .

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز ؟ — دېگەنىدى ئەخمەتجان قاسىمى ئايالىنىڭ يىپەك رەختتىن بىرلا ۋاقىتتا بىرنەچچە كۆڭلەك تىكتۈرۈۋالغىنىغا خاپا بولۇپ ، — ئۆزىڭىزنى خانىش ھېسابلامسىزيا ؟ خەلق نېمە كويدا ، سىز نېمە كويدا ؟ بىز ئاشۇ تېخىچە قەد كۆتۈرەلمەيۋاتقان ئەمگەكچىلەرنىڭ بىرى . ھەرقانداق ۋاقىتتا بۇنى ئۇنتۇماڭ !

— باشقىلارمۇ كىيىدىكەنغۇ ! — ماھىنۇر كۆزىگە ياش ئالدى .

— باشقىلار دېگىنىڭىز كىم ؟ بىچارە دېھقان ئايالىمۇ ، نامرات ئىشچى ئايالىمۇ ؟ ياق . سىز دېگەن باشقىلار شەھەر بايلىرىنىڭ خېنىملىرى . ئۇلار بىلەن تەڭ بولماقچىمۇسىز ؟

ماھىنۇرنىڭ كۆزلىرىدە غىلىلدىغان ياش ئەخمەتجاننىڭ قەلبىنى يۇمشاتتى .

— ئەپۇ قىلىڭ ، ماھىنۇر ، قاتتىق تېگىپ قويدۇم ! — دېدى ئۇ مېھرىبانلىق بىلەن ئانىنىڭ قولىدىن ئوغلىنى ئېلىپ سۆيۈپ تۇرۇپ ، — بالىنى قورقۇتۇپ قويدۇم .

كىچىككىنە تۇرۇپ خەت يېزىش ، ھېساب چىقىرىشقا كىرىشكەن قىزى ئادالەت دادىسىنىڭ پۇتلىرىغا يۆلىنىپ ئەركىلىدى :

www.uyghurkitap.com

— دادا ، ئەمدى ئۆيۈنچۈق دەپ يىغلىمايمەن !

«ئۆيۈنچۈق» ۋەقەسىمۇ بۇ ئائىلە تارىخىدىكى قىزىق بىر خاتىرە . ئەخمەتجان ئەپەندىم قىزىغا تۆت دانە ئۆيۈنچۈق ئەكېلىپ بەردى . ماھىنۇر ئۆيۈنچۈقنىڭ ئىككىسىنى ئېلىپ قويۇپ ، ئىككىسىنى قىزىغا بېرىۋىدى ، قىزى ھەممىنى ئوينايمەن دەپ خەقىشلىك قىلىپ يىغلىدى . ئەخمەتجان ئەپەندىم :

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز ؟ — دەپ ۋارقىرىدى خاپا بولۇپ ، — بالىنى يىغلىتىش ئۈچۈن ئەكەلگەنمىدىم بۇ ئۆيۈنچۈقلارنى ـ ھە ؟ ھەممىنى بەرسىڭىز بولامدۇ ؟

مانا ھازىر قىزى قاقاقلاپ كۈلمەكتە ، ئېيىق ئاستا ماڭماقتا ، ئادىلجان قوللىرىنى سوزۇپ مېڭىشقا تەمشەلمەكتە . ئائىلە خۇشاللىقى ئانا ئۈچۈن چەكسىز بەخت — ماھىنۇر ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ قاقاقلاپ كۈلمەكتە !

بايىلا رەپىقىسى لۇ سۈشىن ۋە كىچىككىنە ئوغۇللىرى بىلەن مۇشۇنداق كۈلۈپ تۇرۇپ خوشلاشقان ئابدۇكېرىم ئابباسوف بۇ كۆرۈنۈشتىن زوقلىنىپ :

— سۈرەتكە تارتىۋالايلى ! — دېدى .

— خۇشاللىقلار تېخى ئالدىمىزدا ! — دېدى ئىسھاقبېك كۈلۈپ .

ئىلى ، ئالتاي ، تارباغاتاينىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز جان كۆيدۈرۈپ ، ئۆز خەلقىگە بەخت يارىتىش ، ئانا يۇرتىنى باي ، ئاۋات ، مەڭگۈلۈك بەخت بۈشۈكى قىلىش ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلەپ ، خەلقى ئارىسىدا ئاجايىپ قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى پەيدا قىلغان بۇ ئەل رەھبەرلىرى ئائىلە خۇشاللىقىنىڭ ھاياتتىكى ئورنىنى ياخشى چۈشىنەتتى .

ئەخمەتجان بالىلىرى بىلەن سۆيۈشۈپ خوشلاشقاندا ئىسھاقبېك چاقچاق قىلدى :

— ماھىنۇر قالدى ، ئاخمات ، ئۇنىمۇ سۆيۈپ قوي !

— ھا ـ ھا ـ ھا ! ...

ئۇلار ماشىنىغا چىقىشتى . پاكىز سۈپۈرۈلۈپ ، سۇ چېچىلغان

ئۇچەرۋازا، نوۋنگورد كوچىلىرى ئۇلارغا پاياندار بولدى.

— مىللەتنىڭ تەقدىرىمۇ بىر ئادەمنىڭ تەقدىرىگە ئوخشايدىكەن، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى بىللە ماڭغان ھەمراھلىرىغا، — ئازادلىق ئۈچۈن نەچچە يىل قانلىق كۆرەش قىلدۇق. ئازادلىق، باراۋەرلىك، ئەركىنلىك دەپ نەچچە يۈز مىڭ قىز - يىگىتلىرىمىزنىڭ ئىسسىق قانلىرى تۆكۈلدى. بىزنىڭ دۈشمىنىمىز باشقا بىر مىللەت ئەمەس، ھەممىمىزنى ئېزىۋاتقان، خورلاۋاتقان ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيەت. بۇ ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيەت جۇڭگو زېمىنىدا تەلتۆكۈس يوقىلىشقا ئازلا كۈن قالدى. بېيجىڭدا يېڭى بىر ھاكىمىيەت — خەلقچىل ھاكىمىيەت، كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ھاكىمىيەت قۇرۇلۇۋاتىدۇ. بىز ئاشۇ ئۇلۇغ ھاكىمىيەتنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىغا قاتنىشىمىز. خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بۇيانقى ئازادلىق، باراۋەرلىك، ئەركىنلىك ئارزۇلىرى ئەمدى ھەل بولىدىغان بولدى ...

راست، جۇڭگو زېمىنىدا تاڭ يورۇماقتا، يەنئەن غالىبلار سۈپىتىدە بېيجىڭغا يۆتكەلدى. جياڭ جيېشى تەيۋەنگە قېچىش ئالدىدا. شەرقتىكى بۇ بۈيۈك تۇپراقتا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش پەيدا بولدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ ئورنىنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىگىلىمەكچى! بۇ زور خۇشاللىق تەنتەنىسىگە ماڭغۇچىلارنى قائىدە بويىچە غۇلجىدىكى بارلىق ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى، خەلق ۋەكىللىرى، ئوقۇغۇچىلار داغدۇغا بىلەن ئۇزىتىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇلار ئالتاينى كۆزدىن كەچۈرۈش نامى بىلەن مەخپىي يولغا چىقتى. ماشىنىلار غۇلجىدىن ئالمۇتىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى ...

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجا شەھىرىدىكى كونسۇلخانىسىدىن سەيپىدىن ئەزىزىنى جىددىي چاقىرتتى ۋە ھال - ئەھۋال سورىمايلا موسكۋادىن كەلگەن جىددىي تېلېگراممىنى ئوقۇپ بەردى: «ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئولتۇرغان ئايروپىلان ئىركۇتىسكى شەھىرىدىن ئۆتۈپ، بايقال تاغ تىزمىلىرىغا يېقىنلاشقاندا، ھاۋا كىلىماتى

www.uyghurkitap.com

ناچارلىشىپ ، بەختكە قارشى تاغقا سوقۇلۇپ كەتتى ، ئايروپىلاندىكى ئون يەتتە ئادەمنىڭ ھەممىسى قازا تاپتى ! »

— يالغان ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى سەيپىدىن ئەزىزى ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ۋە تېلېگراممىنى مىجىقلاپ تۇتقىنىچە ماشىنا بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇشۇ ۋەكىللەر ئىشى بىلەن غۇلجىغا كەلگەن مەخسۇس ۋەكىلى دېڭ لىچۈننىڭ ياتىقىغا باردى .

— شۇم خەۋەر ! — دېدى دېڭ لىچۈن چۆچۈپ ، — مەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا دوكلات قىلىمەن !

غۇلجا ئاسمىنى ئەخمەتجان ، ئىسھاقبېك ، ئابدۇكېرىم ئابباسوف ، دەلىلقان سۇگۇرباييوف ، لو جىدەك چاقناپ تۇرىدىغان يۇلتۇزلىرىدىن ئايرىلدى . غۇلجا ماتەم قايغۇسىدا ھۆڭگىرەپ يىغلىدى ، ئىلى دەرياسى قەھرى بىلەن ئۆركەشلىدى .

— ئەخمەتجان سۇلتىنىم ! ئەخمەتجان سۇلتىنىم ! ... — دەپ ۋارقىرىدى غېنى باتۇر كوچىمۇكوچا ئات چاپتۇرۇپ ، ئۇ مائۇزېرىنى سۇغۇرۇۋالدى ۋە ئاسمانغا قارىتىپ شىددەت بىلەن ئوق ئۈزدى . غەزەپلىك ئوق ئاۋازى كۆكنى يېرىپ يىراق - يىراقلارغا ئاڭلاندى ...

گويا تۆكۈلگەن قانلار پاجىئەنى مەقسەت قىلغاندەك ، ئەزىز قۇربانلار تىرىكلەرنى يانلىرىغا چىللاۋاتقاندەك ، ھەممىلا ئادەمنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقۇسى كەلگەندى . لېكىن ، قويۇق ئورمانلار كەينىدىن — كۈنچىقىشتىن ئاستا باش كۆتۈرۈۋاتقان قۇياش ئىنسانلارنى ھاياتقا ، ياشاشقا — بەختكە چىللىماقتا ئىدى !

1998 - يىلى 26 - ئىيۇن

غۇلجا قەدىمىي ماكان — پەرىشتە باللار باغچىسى

شاۋكەت مېھمانخانىسى 4 - قەۋەت 5 - ئۆيدە تاماملاندى .

«ئانا يۇرت» رومانىنى تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر:
ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئىمىن ئەخمىدى، ئابلەت نۇردۇن، ئابدۇكېرىم راخمان، مەمتىمىن ھوشۇر، سۇلتان ھاشىم، ئازات سۇلتان، نىجات مۇخلىس

《故乡—母亲》历史长篇小说定稿人员：阿布都许库尔·吐尔地，伊明·艾合买提，阿布来提·努尔东，阿布都克力木·热合曼，买买提伊明·吾守尔，阿扎提·苏里坦，苏里坦·阿西木，尼加提·穆合力斯

# ئانا يۇرت (3)


ئاپتورى: زوردۇن سابىر
مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: ئابدۇراخمان ئەبەي، مەسئۇت خالىت، ئابدۇقەييۇم سايىم
مەسئۇل كوررېكتورى: رەناگۇل ئابلىمىت
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
ئاپتور سۈرىتىنى تارتقۇچى: ئادىل ئىسمائىل
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991 - 2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: بېيجىڭ شۈنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 18.5
نەشرى: 2009 - يىلى 8 - ئاي 1 - نەشرى
باسمىسى: 2016 - يىلى 1 - ئاي 8 - بېسىلىشى
تىراژى: 36001 - 46000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 12820 - 4
باھاسى: 46.00 يۈەن